«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىخىمىزدىكى سىرلار



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىختىكى ئىزلار

(تۆتىنچى توم)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **نۇرمۇھەممەد دۆلەتى**



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ھۆرمەتلىك كىتابخان:

1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن شىنجاڭدا تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ رەھ-بەرلىكى ۋە يېقىندىن قوللىشى، تەزكىرە خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن «شىنجاڭ ئومۇ-مىي تەزكىرىسى» دائىرىسىدىكى 86 توملۇق كەسپىي تەزكىرە، 100 نەچچە توم ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر) تەزكىرىسى، يىلدا بىر توم نەشر قىلىنىدىغان «شىنجاڭ يىلنامىسى» ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

كەسپىي تەزكىرىلەر ۋە جايلار تەزكىرىلىرىنى تۈزۈشكە يې-تەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، 1985 ـ يىلىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا ئۆز ئال-دىغا يەسلىلىك «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنى نەشر قى-لىپ ئاشكارا تارقىتىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ژۇرنالدا تەزكىرىچىلىككە دائىر مۇھىم ھۆججەتلەر ئېلان قىلىنىپلا قال-ماستىن، يەنە تەزكىرە تۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان شىنجاڭنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن زور ـ زور ئىش ھەم ۋەقەلەر، بۇ ئىش ھەم ۋەقەلەرگە باغلىنىشلىق ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەر توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق، ئەمەلىي ما-تېرىيال ئاساسىدا يېزىلغان، كۆزقاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلىرى ئوخشاش بولمىغان ماقالىلەرمۇ ئەينەن، كەڭ تۈردە ئېلان قىلىن-نىپ، تارىخ ـ تەزكىرە ساھەسىدىكى خادىملارغا ھەم كەڭ ئوقۇر-

مەنلەرگە ئوبدان ئەينەك، ئىلھام ۋە روھىي ئوزۇق بولدى. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتقان مىللەتلەر نەشرىياتى رەھبەرلىكىنىڭ ھاۋالە قىلىشى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ قوشۇلۇشى ھەم قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى سانلىرىنىڭ «تارىخىي شەخسلەر»، «تارىخ سەھىپىسىدە»، «تارىخىي ئەسلىمە»، «ئىلمىي مۇھاكىمە»، «يەر ـ جاي ناملىرى تەتقىقاتى» قاتارلىق سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم ماقالىلەر ئىچىدىكى ئەتىۋارلاپ ساقلاش، تەتقىق قىلىش ھەم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسەرلەرنى تاللاپ سۇندۇق. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى ئەسلىدە شىنجاڭدىكى تارىخ ـ تەزكىرىچىلەر قوشۇنىنى تەربىيەلەش، ئۇلارنى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەر، ۋىلايەت، ئوبلاست ھەمدە ھەرقايسى كەسپىي تەزكىرىلەرنى تۈزۈشتە زۆرۈر بولغان خام ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەش مەقسىتىدە تەسىس قىلىنغاچقا، تارىختا سەلبىي ـ ئىجابىي رول ئويىنىغان ھەر خىل شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىمۇ تەزكىرىچىلىك ئىلمىنىڭ جىنى ھېسابلانغان «بايان قىلىش، مۇھاكىمە يۈرگۈزمەسلىك» پرىنسىپى ئاساسىدا ماتېرىيال سۈپىتىدە بېرىلگەن.

شۇڭا كىتابخانلارنىڭ بۇ خىلدىكى ماتېرىياللارغا مۇشۇ زامان تۇرغۇسىدىن ئەمەس بەلكى ئەينى دەۋر نۇقتىسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشى ۋە تەنقىدىي پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشىغا ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يەردە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

نۇرمۇھەممەد دۆلەتى
2010 ـ يىلى نويابىر

NIEDERSÄCHS.
STAATS. U. UNI.-
BIBLIOTHEK
GÖTTINGEN

# مۇندەرىجە

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋەتلىك -
مۇ؟.......................... خورۋات ئىسابىللا 1
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىككى مەسىلە ........................
........................ سەيدۇللا سەيپۇللايېف 15
«ئەمەلىيەت»مۇ ياكى «توقۇلما»مۇ؟ ....... سەيدۇللا سەيپۇللايېف 30
چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسى زادى نەدە؟ .......................... 51
«شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»نىڭ پارىژ، بېيجىڭ ۋە سانكىت پېتېر -
بۇرگ پارچىلىرى توغرىسىدىكى ئىزاھلار ............................
........................ مەھمەت ئۆلمەز، كلاۋس رۆھربورن 56
تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ........................... يامادا نوبۇئو 75
تۈرك رۇنىك يېزىقىنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە .......
........................................ ئا. رونا تاس 84
قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىدىكى Türk yoçul bodun
ھەققىدە ............................ ل. يۇ. توگۇشېۋا 98
10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركلەر بىلەن ۋېنگىرلارنىڭ مۇنا -
سىۋىتى ................................ گۆك فاڭجېن 106
ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەبلىرى ئۈستىدە يېڭى
ئىزدىنىش ............................ دىڭ زەيشۈن 128
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى .......
........................................ ئابلىز ئورخۇن 148
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى توغرىسىدا
قىسقىچە مۇلاھىزە ........................ ئەخمەت سۇلايمان 174

تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادلىرىدىكى «تەڭرى»
توغرىسىدا ........................ ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان 184
قەشقەردىكى خان جەمەتى ۋە بەگلەر .......... ساۋادا مىنورۇ 203
قەدىمكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى «匈奴» قاتارلىق ئاتالغۇلار-
نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى ........................
.................................................. ياسىن ھوشۇر 224
ئۇدۇن خانى ۋىيسا سامباۋا (لى شېڭتيەن)نىڭ مىللەت تەۋەلىكى
توغرىسىدا ......................... بۇئايشەمگۇل ھاجى 256
يۇرتىمىز قىياتاش رەسىملىرىدىكى سىۋاستى (卐) ۋە ئۇنىڭ
ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە ............................................
.................... ساۋۇت ئابدۇخالىق، مەمەتيۇسۇپ تاھىر 265
قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «شىنە ـ ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى» ............
.................................. ئابلەھەت كامالوف 272
ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر تەتقىقاتلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ
شەكىللىنىشى توغرىسىدا .................. گ. م. ئىسھاقوف 285
خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ
تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى .......................................
......................... ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت 304
كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھا-
كىمىيەت تەشكىلى ...................... ئەركىن مۇھەممەت 356
قاراخانىيلارنىڭ «ئۇلۇش يەر تۈزۈمى» توغرىسىدا ...............
................................................ نۇرۇللا مۆمىن 360
شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ئۈچ پارچە تارىخىي ئەسىرى ھەققىدە ...
................................................ ئابلىز ئورخۇن 369
يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقان يىل دەۋرى توغرىسىدا ئېنىقلى-
ما .............................................. يۇنۇسجان ئېلى 379
ھۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىگە
نەزەر ......................................... مەخمۇت نىزامى 388

قەدىمكى خوتەن بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر -
لىشىشى ........................................ داۋۇت سايىم 419
قەشقەردىكى يېڭىلىقچىلىق كۆچۈش ھەرىكىتى ..........................
........................................ ئو ئىشى شىنئىچىرو 429
«ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن
........................................ سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ 456
ئۇسۇنلارنىڭ تارىخىغا ئائىت بىرقانچە مەسىلە ......................
........................................ يۇنۇسجان ئېلى 468
1864 ـ يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا دائىر ئىككى مۇ -
ھىم ۋەقە ........................................ يۇنۇسجان ئېلى 480
لوپنورلۇقلارنىڭ ئەجدادى كىملەر؟ ..................................
........................................ مىرسۇلتان ئوسمانوف 489
خوتەن دىئالېكتىنىڭ ئاق ھۇن قاتلىمى توغرىسىدا ....................
........................................ مىرسۇلتان ئوسمانوف 499

# شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

—— بىر ئىلمىي ئىقىمغا باھا

خورۋات ئىساباللا (ئامېرىكا)

ئىلگىرىكى تۆت يىلدا، بىرمۇنچە غەرب ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى جەسەتلەرگە بولغان قىزىقىشى ھەسسىلەپ ئاشتى. بۇ خىل قىزغىنلىقنى ۋىكتور مايىر (Mair Victor) نىڭ ئامېرىكىدا چىقىدىغان «بايقاش»، «ئارخېئولوگىيە» قاتارلىق ئاممىباب ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بىر يۈرۈش ماقالىلىرى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنىڭ ھەر بىر ماقالىسى ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا، غەرب ئەللىرى «زىلزىلە»گە كېلىپ تۇردى. ئامېرىكا، كانادا، ئاۋستىرالىيە، گېرمانىيە ۋە باشقا بىرمۇنچە دۆلەتلەردىكى گېزىت - ژۇرناللار بەس - بەستە بۇ ھەقتە خەۋەر بېرىپ ھەم ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى كۆچۈرۈپ بېسىپ، «پان ھىند - ياۋروپائىزم» (Pan Indo –Europaenism) پىكىر ئېقىمىغا ماسلاشتى. شۇ ئارقىلىق مەلۇم ئىرقنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئەۋزەل ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان «ئاساس»لارنى كۆپەيتىشكە تىرىشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان غەرب ئىلىم ساھەسىدە «جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» (Nev–Socialevolutionism) دەپ ئاتاشقا بولىدىغان بىر خىل نەزەرىيە غەمكىنلىك ئىچىدە باش كۆتۈردى. «يېڭى» لىق ماركىسىنى ئىسىۋالغان بۇ نەزەرىيە ئەمەلىيەتتە پەقەت ۋاقتى ئۆتكەن «سوتسىيال دارۋىنىزم» (Sosial Darwinism) نىڭ كۆچۈرۈلمى-

سى ھەم قايتا تىرىلدۈرۈلگەن شەكلى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە مۇشۇ ئەسىر باشلىرىدا بىر مەھەل بازار تاپقان «مەدەنىيەت تارقىلىش نەزەرىيىسى» نىڭ بىر مۇنچە نۇقتىئىينەزەرلىرىنى قوبۇل قىلغانىدى، «سوتسىيال دارۋىنىزم»نىڭ نەزەرىيىۋى تايازچى ئالدى بىلەن ياۋروپا ـ ئامېرىكا مەدەنىيىتىنى ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈۋېلىپ، ئاندىن باشقا مىللەت ۋە باشقا ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنى تەرتىپ بويىچە ئۇنىڭ ئارقىسىغا تىزىشتىن ئىبارەت ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مەدەنىيەتلەرنى غەرب مەدەنىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئالاھىدىلىك جەھەتتە غەرب مەدەنىيىتىگە يىراق ـ يېقىنلىقىغا ئاساسلىنىپ ئۇنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە باھا بېرىشنى ئاساس قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ خىل قاراشنى قۇۋۋەتلىگۈچى ئالىملار يەنە: ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانى مۇساپىسى پەقەت بىرلا، مەلۇم مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ غەرب مەدەنىيىتىگە يېقىن كېلىشى شۇ مىللەت تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرىلىقىنىڭ ئالامىتى، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن پەرقى چوڭ مىللەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىمۇ تۆۋەن بولىدۇ، دەپ قاراشتى. ئۇلار ئەزەلىيەت خاھىشى بىلەن تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ھەرقايسى باسقۇچلارنى رەتكە تۇرغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىكى تەرەققىيات جەريانىنى نەزەرىيە جەھەتتىن قايتىدىن شەرھىيلەشكە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە غەرب مەدەنىيىتى بىلەن بولغان پەرقى چوڭ مىللەتلەر «ياۋايىلار»، «مەدەنىيەتسىزلەر» ۋە «تەرەققىي قىلمىغان مىللەت» لەر دەپ ئاتالغان، ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىمۇ «ئىپتىدائىي» ۋە «ئادىمىيلىك كەمچىل مەدەنىيەت» دەپ قارالغان. 19 ـ ئەسىردە بۇ خىل نەزەرىيە ۋە تەتقىقات مېتودى ئىنسانشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، مۇزىكشۇناسلىق ۋە سىياسەت ئىلمى قاتارلىق ھەر قايسى تەتقىقات ساھەلى-

ـرىدە كەڭ تۇردە قوللىنىلىپ، نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىلى، دى-
نى، مۇزىكىسى ۋە باشقا مەدەنىيەت ساھەلىرىگە، ھەتتا ئۇلارنىڭ
ئىرقىي ئالاھىدىلىكلىرىگە «ياۋايى»لىق، «مەدەنىيەتسىز»لىك
تامغىسى بېسىلغان.

«سوتسىيال دارۋىنىزم»نىڭ ئىنسانشۇناسلىقتا بولغان تەسى-
رى يالغۇز مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى دائىرىسىدىلا چەكلەن-
مەي، يەنە تەن ئىنسانشۇناسلىقى دائىرىسىگە قەدەر كېڭەيگەن.
دەسلەپكى بىرمۇنچە تەن ئىنسانشۇناسلىرى مەلۇم ياۋروپا ئادىمى-
نىڭ باش سۆڭىكى ئارقىلىق ياۋروپا ئىرقىنىڭ مېڭە سىغىمچان-
لىقى ۋە ئەقىل بۆلۈنمىسىنىڭ باشقا ئىرقلارنىڭكىدىن يۇقىرى
ئىكەنلىكىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىسپاتلىماقچى بولۇشقان. ئۇلار
ئوخشىمىغان ئىرقلارنى «قالدۇق»، «ئىلغار» دەپ ئايرىۋېلىپ،
ياۋروپا ئىرقىنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويغان، ئاندىن قالسا
موڭغۇل ئىرقىنى، ئەڭ ئاخىرىغا «تەرەققىي قىلمىغان» نېگىر
ئىرقىنى قويغان. ئۇلار يەنە ياۋروپا ئىرقىدىكى ئوخشىمىغان
تىپلارنىمۇ رەتكە تۇرغۇزغان. مەسىلەن: شىمالىي ياۋروپادىكى
«نوردىك» (Nordik) لار بىر مۇنچە ئالىملار تەرىپىدىن جەنۇبىي
ياۋروپا ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى «ئوتتۇرا دېڭىز كىشىلىرى» دىن
«تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان»، «تېخىمۇ مەدەنىيەتلىك» دەپ قارال-
غان. ياۋروپا ئىرقى بىلەن موڭغۇل ئىرقىنىڭ قوشۇلۇشىدىن
شەكىللەنگەن ئارىلاشما تىپلىق ئىرق بولسا، ئاتالمىش «ساپ
ياۋروپالىقلار» دىن «قالاق» دەپ قارالغان. شۇنداق قىلىپ، «تۈرك
ئىرقى»مۇ «ئىپتىدائىي»، «مەدەنىيەتسىز» ۋە «تەرەققىياتى يې-
تەرسىز» تىپ قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىلگەن.

«مەدەنىيەت تارقىلىش نەزەرىيىسى» نىڭ ئاساسلىق مەزمۇ-
نى: ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى پەقەت ئىنتايىن ئاز سانلىق ئالاھى-
دە رايوندىكى ئالاھىدە مىللەت تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغاندىن
كېيىنلا، ئاندىن دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا تارقالغان، دېگەندىن
ئىبارەت. مەدەنىيەت تارقىلىش نەزەرىيىچىلىرى يەنە: ھەر قايسى

مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىدىكى پەرقنى مەدەنىيەت ئامىللىرىنى مىخانىك ئىخچاملاش شەكلى ۋە ساندىكى ئوخشىماسلىق كەلتۈ-رۈپ چىقارغان. شۇڭا مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ ۋەزىپىسى مەدەنىيەت ئىجاد قىلىنغان يەرنى بېكىتىش ھەم تارقىلىش لىنىيىسى، مۇساپىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ئىبارەت، دەپ ھې-سابلىغان. گېرمانىيىلىكلەر دۇنيانى بىر قانچە «مەدەنىيەت چەم-بىرىكى»گە بۆلۈپ، «مەدەنىيەت چەمبىرىكى»نىڭ بوشلۇقتىكى تارقىلىشى نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ھەر قايسى مىللەت ۋە ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەرىكەت ئىزنالىرىدىن ئىبارەت، دەپ قارىغان. ئەنگلىيىلىكلەر گېرمانىيىلىكلەردىن تېخىمۇ يىراقلاپ كەتكەن. ئۇلار، قەدىمكى مىسىر دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ «ئوچىقى»، باشقا ھەرقايسى جايلاردىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مىسىردىن تارقالغان، دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇ خىل نەزەرىيىسى «پان مىسىر نەزەرىيىسى» دەپ، ئۇلارنىڭ ئېقىممۇ «پان مىسىر ئېقىمى» دەپ ئاتالغان.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىككى خىل نەزەرىيىنىڭ تەسىرى سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ھىندى - ياۋروپا تىللىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ياۋروپادا «پان ھىند - ياۋروپائىزم» ئىلمىي ئېقىمىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ ئېقىم ناھا-يىتى قەدىمكى چاغلاردا ھىندى - ياۋروپا تىلىدا سۆزلىشىدىغان، ئاق تەنلىك ئىرقتىكى بىر ئىپتىدائىي ئىنسانلار گۇرۇھى بول-غان، كېيىنچە، مۇشۇ گۇرۇھ ئىچىدىكى ياۋروپالىقلارغا ئوخشاي-دىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر تەرەپ - تەرەپكە تاراپ كەتكەن. نە-تىجىدە، ئۇلار ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدى-غان نۇرغۇن مىللەتكە بۆلۈنۈپ كەتكەن، دېگەن قاراشنى تەكىت-لەيدۇ. بۇ قاراشنى قوللىغۇچى ئالىملار ھەممىشە دۇنيا مەدەنىيىتى ئەڭ دەسلەپ مۇشۇ «ئىپتىدائىي ھىندى - ياۋروپا كىشىلىرى» تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، كېيىن باشقا مىللەتلەرگە تارقالغان، دېگەن قاراشنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشىدۇ.

يۇقىرىدا شەرھلەنگەن ۋاقتى ئۆتكەن ئىككى خىل نەزەرىيە مۇشۇ ئەسىردىن بۇيان مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى ساھەسىدە «ئىقتىدارچىلار ئېقىمى»، «ئىجتىمائىيەتچىلەر ئېقىمى» ۋە «مەدەنىيەت قىممەت نىسبىيلىكى» بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان «تارىخ ئېقىمى»نىڭ ئۆزۈل ـ كېسىل تەنقىد قىلىشىغا ئۇچرىدى. «سوتسىيال دارۋىنىزم» يولۇققان ئەڭ قىيىن مەسىلە ـ مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ تەرەققىي قىلغاندىكى شەكلى قانداق بولىدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر يۈرۈش سىلىشتۇرۇش ئۆلچىمىنى تۇرغۇزۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ شۇ خىلدىكى ئۆلچىمىگە بىنائەن، كىشىلەر يىمىرىلمەس فورمۇلا ـ ئىنسانلار بارلىق جانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي تۈر، دېگەن قاراشنى شەكىللەندۈرگەن. جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ فورمۇلاسىدىن پايدىلىنىپ يەكۈن چىقارغاندا، تەتقىقاتچىلار تۇرۇۋاتقان غەربىي ياۋروپانىڭ مەدەنىيىتى ئەلۋەتتە ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەت سانىلاتتى. بۇ فورمۇلا پۈت تىرەپ تۇرالمىغاچقا، كىشىلەرنى قايىل قىلالمايتتى. ئۇندىن باشقا، ئادەمنىڭ ئەقىل ـ پاراستى تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا قانداق رول ئوينايدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە: جانلىقلار تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى جانلىقلار تۈرىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىنى قىلچە نەزەرگە ئالمايتتى. تەبىئىي تاللىنىشنىڭ ئىنتايىن ئادىل ھالدا ئەللارنى تاللىشى جانلىقلار تۈرلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە ماسلىشىشچانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. لېكىن، ئادەملەر ئوخشىمايدۇ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىدىيىسى، ئىستىدارى ۋە سۇبيېكتىپ ئىرادىسى بولىدۇ. بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى ھەر خىل ئوخشىمىغان ئانالىزلار «سوتسىيال دارۋىنىزم»نى نەزەرىيە جەھەتتىن قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن. «مەدەنىيەت تارقىلىش نەزەرىيىسى» مەدەنىيەتنىڭ ئىجاد قىلىنىشى تەدرىجىي راۋاجلانغان بولماستىن، ئەقىل ئىشلەتكەنلىكنىڭ نەتىجىسى،

مەدەنىيەت ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇزلۇكسىز تارقى-لىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ قايتا ئىجاد قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل نەزەرىيە تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئە-مەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئادەمنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى ئىنكار قىلاتتى. ئۇنى كىشىلەرگە قوبۇل قىلدۇرۇش ئەسلا مۇم-كىن ئەمەس ئىدى. تەن ئىنسانشۇناسلىقى تەتقىقاتى نېگىر ئىر-قىدىكى بىر قانچە قوۋمنىڭ مېڭە سىغىمچانلىقىنىڭ ئىنسانلار-نىڭ ئەڭ چوڭ مېڭە سىغىمچانلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى-نى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلغانلىرىنىڭ باشقا قوۋملارنىڭكى-دىن كۆپ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغاچقا، باش سۆڭىكىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئىرقلارنى ئالىي، ناچار دەپ ئايرىشنى ئاساس قىلىدىغان تەتقىقات مېتودى ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىدە سۇپۇرۇپ تاشلاندى. لېكىن غەرب ئەللىرىدە «ئاق تەن-لىكلەر» = ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرىدا سۆزلىشىدىغانلار= «مە-دەنىيەت». بۇنداق قىلچە ئىلمىيلىكى بولمىغان فورمۇلا يەنىلا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ساقلانماقتا. ئىلىم ساھەسىدىمۇ ئۇنى قانات ئاستىغا ئالىدىغان بازارلار بار، نۆۋەتتە، غەرب ئەللى-رىدە «جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تەدرىجىي تەرەققىيات نە-زەرىيىسى»نى ھەدەپ بازارغا سېلىشۋاتقان ئالىملارنىڭ بىر ئە-سىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت ئىن-سانشۇناسلىقىدىكى بىر قانچە ئېقىمنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆرمەسكە سېلىشىدا، «مەدەنىيەت نىسبىيلىك نەزەرىيىسى»گە پەرۋا قىلماسلىقىدا چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش بار. بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، بەزىلەر شىنجاڭدىن تېپىلغان قۇرۇق جەسەتلەرنى «ئاسىيانىڭ ئەڭ شەرقىگىچە يېتىپ بارغان ياۋروپالىقلار»، ئۇلار جۇڭگولۇقلارغا «مەدەنىيەت» يەتكۈزۈپ بەر-گەن، دېگەننى بازارغا سېلىپ، غەرب ئەللىرىدە «زىلزىلە» قوز-غىغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۇ-

شىنىۋالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ۋىكتور مايىر (Victor Mair)، پۇل-
لىيبىلانك (pulleyblank)، كاۋاللى سفورزا (Cavalli sforza) ۋە
كىمبال داۋىد (Kimball David) قاتارلىقلارنىڭ غەرب مەتبۇئات-
لىرىدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىنىڭ جەمئىيەتتە نېمە ئۈچۈن
شۇنچىلىك زور تەسىر قوزغىغانلىقىنى ھېس قىلىشىمىز قىيىنغا
توختىمايدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە
نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

شىنجاڭدىن تېپىلغان بىر مۇنچە قۇرۇق جەسەتلەر قىياپەت
جەھەتتىن ياۋروپالىقلارغا ئوخشايدۇ، بۇ خىل ئوخشاشلىق ياۋرو-
پادىكى ئالىملارنى بەكلا ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇلار جۇڭگو ۋە سا-
بىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە
ئېرەن قىلماي، ئىنتايىن بىمەنىلەرچە بۇ جەسەتلەرنى «ياۋروپادىن
كەلگەن كىشىلەر» دەپ قاراشتى، كانادانىڭ مونتىرىيال شەھى-
رىدە چىقىدىغان «گېزىت» گېزىتىنىڭ 1994 - يىل 3 - ئاينىڭ
12 - كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىدە: «شىنجاڭدىن
تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ تېرىسى ئاق، چېچى سېرىق، كۆزى كۆك
ھەم چوڭقۇر، قاڭشارلىق بولۇپ، سوقىباش كاپكاز ئىرقىغا تەۋە،
ئۇلار شىمالىي ياۋروپادىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن»، دەپ ئېنىق
ئوتتۇرىغا قويغان. ۋىكتور مايىرمۇ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھا-
لىسى ياۋروپادىن كەلگەن، دېگەن پىكىرنى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا
قويدى. ئۇ 1998 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئامېرىكا نوۋا
تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ پروگراممىسىدا: «ئېنىق بولمىغان
ئالاھىدە بىر تارىخىي دەۋردە ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ غەربتىن
شەرققە كۆچۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەن»، دېگەن پىكىرنى بايان
قىلدى. ئۇ يەنە بۇ قەدىمكى كۆچمەنلەرنىڭ ھىندى - ياۋروپا
تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە «توخرى تىلى» دا سۆزلىشىدىغانلى-
قىنى كۆچەپ تەرغىپ قىلىش ئارقىلىق، ئۇ كىشىلەرنىڭ «ھىندى -
ياۋروپالىق» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. قۇرۇق جەسەت-
لەر بايقالغان قىزىل چوققا خارابىلىكىدىن مىلادىيىدىن ئىلگى-

ـرىكى 1200 ـ يىللارغا مەنسۇپ مىتالـدىن ئىشلـەنگەن قـازان ـ قومۇچ، هارۋا چاقى قالدۇقلىرى ۋە ئات جابدۇقلىرى تېپىلغان. بۇ بايقاش غەرب ئالىملىرىنىڭ «بۇ ياۋروپالىقلار» مېتال تـاۋلاش تېخنىكىسى، ئات مىنىش ماھارىتى ۋە هارۋا ياساش تېخنىكىسىـنى جۇڭگوغا تارقاتقان، دېگەن قاراشىنى كـۆز ـ كۆز قىلىشىغا دەستەك بولۇپ قالدى. «ئىلىم ـ پەن ئاخباراتى» نىڭ 1995 ـ يىل 2 ـ ئايدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان بىروكې بـوۋېر (Brucebower) نىڭ ماقالىسىدە: «بىرونزا تـاۋلاش تېخنىكىسى ۋە ئات مىنىش ماھارىتىنى ئېھتىمال ياۋروپالىقلار جۇڭگوغا تارـقاتقان بولۇشى مۇمكىن»، دېگەن قاراش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلـدى. ۋىكتور مايىرمۇ: بۇ خىل قاراش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك، چۈنكى، جۇڭگو ئىلىم ساھەسى ئىزچىل هالدا جۇڭگو مەدەنىيىـتى غەربتىن تارقالغان ئەمەس، دەپ قاراپ كەلدى دەپ، بۇ قاراشـنى قۇۋۋەتلىدى. ئامېرىكا كالىفورنىيە شتاتى ستانفورد ئۇنىـۋېرسىتېتىدىكى گېنشۇناس كاۋاللى سىفورزا 1994 ـ يىلى «گېزىت» گېزىتىدە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە: «ئۇ جەسەتلەرنىڭ قىياپەت ئالاھىدىلىكى ياۋروپالىقلارغا قەۋەتلا ئوخشايدۇ، مېنىڭـچە، ئۇلار شىمالىي ياۋروپادىن كەلگەن. مەن ئۇلارنى شەرق تامان سەپەر قىلىپ، شۇ يەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان 〈رازۋېدكا ئەسكەرلىرى〉 دەپ پەرەز قىلىمەن» دەپ يازسا، ۋىكتور مايىر «بۇ جەسەتلەر جۇڭگو ئالىملىرىنى 〈قايمۇقتۇرۇۋەتتى〉 دەپ قارىدى هەم «گېزىت» گېزىتىنىڭ شۇ كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە: «مېنىڭچە جۇڭگولۇقلار كاپكاز ئىرقىغا تەۋە بۇ جەسەتلەرنى بايقىغاندىن كېيىن ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشـتى، چۈنكى ئۇلار بۇ جەسەتلەر ۋەكىللىك قىلىدىغان مەدەنىيەتنى جۇڭگو تارىخ سىستېمىسىغا قانداق كىرگۈزۈشنى بىلەلمىدى»، دەپ يازدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بارلىق نۇقتىئىنەزەر ۋە قاراشلارـنىڭ ھەممىسى قىلچە ئىلمىيلىكى بولمىغان بىمەنە قاراشلاردۇر.

پېقىرنىڭ بىلىشىچە، ياڭ لىنىنىڭ شىياڭگاڭدا چىقىدىغان «يەك-
شەنبىلىك پوچتا گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى ۋىلىيام لوۋېنخارنىڭ
زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا بۇ ھەقتىكى قاراشلارنى تەنقىد قىلى-
غانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھەرقانداق بىر جۇڭگو ئالى-
مى يۇقىرىقى قاراشنى تەنقىد قىلىپ باققان ئەمەس. لوۋېنخارنىڭ
ماقالىسى 1994 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىياڭگاڭدىكى
«كۆزنەك» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان. بۇ ئانچە تەسىرى يوق كى-
چىك بىر گېزىت بولغاچقا، لوۋېنخارنىڭ ماقالىسىنى جىق ئا-
دەملەر كۆرمىگەن. بۇ مەسىلە يالغۇز ئىلمىيلىكنىڭ كەسكىنلى-
كىگىلا تاقىلىپ قالماستىن، بەلكى يەنە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر،
قازاق، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە دەس-
لەپكى مەزگىلدىكى تارىخىنى تەتقىق قىلىشقىمۇ بېرىپ تاقىلى-
دۇ. پېقىر، نۆۋەتتە غەرب ئالىملىرىنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان
قاراشلىرىغا كەسكىن تەنقىد يۈرگۈزۈش زۆرۈر، دەپ قارايمەن.

قەدىمدە «غەربىي يۇرت» دەپ ئاتالغان شىنجاڭدا ئوخشىمىغان
ئىرقتىكى كىشىلەر ياشىغان. بۇ خېلىدىن بېرى كىشىلەر تەرى-
پىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ كېلىۋاتقان ھەقىقەت. جۇڭگو تارىخنا-
مىلىرىدىن «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 97 ـ جىلد (ئۇدۇن
ماددىسى) دا: «ئىدىقۇتنىڭ غەربىدىكى ئەللەردە ئورا كوز، قاڭ-
شارلىق كىشىلەر ياشايدۇ»، دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. تاڭ دەۋر-
دىكى يەن شىگو ئۇيسۇنلارنىڭ قىياپىتى ئۈستىدە توختالغاندا:
«غەربىي ئەلدىكى رۇڭلار ئىچىدە، ئۇيسۇنلارنىڭ قىياپىتى ئەڭ
ئۆزگىچە، ... كۆك كۆز، ساقاللىق» دەپ كۆرسەتكەن①. تاڭ دەۋ-
رىدىكى ئەنشى تۇتۇق بېگى گەي خېشىن يازغان «غەربىي ئەل خا-
تىرىلىرى» دە: «قىزىلسۇ ئېلىنىڭ ئادەملىرى قىزىل چاچ، كۆك
كۆز كېلىدۇ؟»، دېيىلگەن، پەقەت جۇڭگو تارىخ ماتېرىياللىرىدىن
خەۋىرى يوق كىشىلەرلا شىنجاڭدىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ ئاق
تەنلىكلەرگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ يېڭى بايقاش سۈپىتىدە

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» «ئۇيسۇن» ماددىسى.

تەشۋىق قىلىدۇ، خالاس.

جۇڭگولۇق ئىنسانشۇناس خەن كاڭشىن رۇس ئىنسانشۇناسى گىپنزىبورگىنىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىسىنىڭ ئانتروپولوگىيىسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىپ، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىسى بىلەن جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسى ئوتتۇرىسىدا، مەسىلەن: ئافاناسىيېف (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3000 ـ يىللاردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1500 ـ يىللار) ۋە ئاندىروفون (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1500 ـ يىللار-دىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 ـ يىللارغىچە) ئاھالىلىرى ئوتتۇرىسىدا زىچ ئورتاقلىق مەۋجۇت، ئۇلار ھازىرقى غەربىي ياۋ-روپالىقلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا، مايىر قاتارلىقلارنىڭ «شىنجاڭدىن تېپىلغان قۇرۇق جەسەتلەرنىڭ مەن-بەسى غەربىي جەنۇبىي ياۋروپادا» دېگەن قارىشىنىڭ قىلچە ئىل-مىي ئاساسىي يوق.

ئۇندىن باشقا، جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان ۋە ۋېنگرىيە ئىنسانشۇناسلىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە، شىن-جاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا شەرقىي ياۋروپادا ياشاۋاتقان تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئىرقىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە قەدىمكى شىن-جاڭ ئاھالىسى بىلەن روشەن ئورتاقلىققا ئىگىدۇر[1]. بۇ قەدىمكى شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھىندى ـ ياۋروپا سىستې-مىسىدىكى تىللاردا سۆزلىشىدىغان خەلق بولۇشىنىڭ ناتايىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. خەنزۇشۇناس رېن يىفېي ۋە ئۇيغۇر ئالىمى ياسىن ھوشۇرلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇيغۇرلار ئىرقىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. 1. يە-كەن دەرياسى بويىدىكى مارالبېشى، خوتەن ۋە تەكلىماكان قۇم-

---

① خەن كاڭشىن: «يىپەك يولىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ئۈستىدە ئىرقىي ئىنسان-شۇناسلىق تەتقىقاتى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 367 ـ 368، 407 ـ بەتلەر.

لىۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلاردا ياۋروپا ئىرقىنىڭ پامىر ـ پەرغانە تىپى (ئوتتۇرا ئاسىيا ئىككى دەريا تىپى) گەۋدىلىك. 2. دولانلاردا، كەلپىن، ئاقسۇ ۋە پەيزاۋاتلاردىكى ئۇيغۇرلاردا جەنۇبىي سىبىرىيە ئىرقىنىڭ ئالامەتلىرى گەۋدىلىك. شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى قومۇل، تۇرپان، كورلا قاتارلىق جايلاردىمۇ جەنۇبىي سىبىرىيە تىپىنىڭ ئالامەتلىرى تېپىلىدۇ. 3. ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئۇزۇن ـ ئوتتۇرا باشلىقلار تىپىنى تەشكىل قىلىدىغان ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقى گۇرۇھىغا مەنسۇپ يەنە بىر قىسىم ھىندى ـ ئافغان ئىرقىي تىپىمۇ بار ①. يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئىرقىي تىپ، ئومۇمەن، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئىرقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ياۋروپا بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىزدۇر. ئۇندىن باشقا، ئىنسانشۇناسلارنىڭ شىنجاڭنىڭ لوپ ناھىيىسى سامپۇل قەبرىستانلىقىدىكى 2000 يىل ئىلگىرىكى شام گۆردىن تېپىلغان ئىككى دانە باش سۆڭەكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىدىن مەلۇمكى، باش ھەيكىلىنىڭ يۈزى سوزۇنچاق، كۆزى چوڭقۇر، قاڭشارلىق بولۇپ، ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋە بۈگۈنكى جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىرقىي ئالاھىدىلىكلىرىگە بەكلا ئوخشايدىكەن②. بۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى يالغۇز تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا زىچ مۇناسىۋەت بارلىقىنىلا ئەمەس، يەنە شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ ئىسپاتلايدۇ.

ئىنسانشۇناسلىق ئىلمى دائىم يەر نامىنى ۋە مەلۇم مىللەت-

---

① رىن يىفېي، ياسىن ھوشۇر: «ئۇيغۇرلار»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1997 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى 10 ـ بەت.

② خەن كاڭشىن، زوچۇڭشىن: «سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان باش سۆڭىكى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش»، «ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1987 ـ يىل 5 ـ سان.

نىڭ نامىنى ئىرقىي نام سۈپىتىدە قوللىنىدۇ. لېكىن، كۆپ ھاللاردا ئىرق نامى شۇ نامغا مۇناسىۋەتلىك نامغا ئىگە مىللەت ياكى يەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولۇپ چىقىدۇ. ئاق تەنلىكلەر ياۋروپا ئىرقىمۇ دېيىلىدۇ. سېرىق تەنلىكلەر يەنە موڭغۇل ئىر-قىمۇ دېيىلىدۇ، لېكىن ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ مىللەتلەرنىڭ پەقەت ياۋروپادىلا ئولتۇراقلىششى ۋە ياۋروپادىلا پەيدا بولغان بو-لۇشى مۇقەررەر ئەمەس. بۇ خۇددى خەنزۇلار گەرچە موڭغۇل ئىر-قىغا تەۋە بولسىمۇ، موڭغۇل مىللىتى بولمىغانلىقىغا ئوخشاش ئىش. ياۋروپالىقلار بىلەن ياۋروپا ئىرقىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىككىسىنى بىر نەرسە دەپ قاراش بىلىمسىزلىكنىڭ نەتىجىسى. بۇ يەردە ئالاھىدە كۆرسىتىشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ ھەقتە ما-قالە يازغان غەرب ئالىملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئانتروپو-لوگ ئەمەس، ھەتتا ئىنسانشۇناسمۇ ئەمەس، مەسىلەن: مايېرنى ئالساق، ئۇ بىر خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ ئىنسانشۇناسلىق بىلىملىرىگە چولتا بولغاچقا ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان شىنجاڭ قەدىمكى جەسەتلىرى بىلەن غەربىي ياۋروپادىن ئىبارەت جۇغراپىيىلىك ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن.

مەلۇمكى، ئىرق ـ ئېرسىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، تىل بولسا كېيىنكى چاغلاردىكى ئۆگىنىش ئارقىلىق يېتىلىدۇ. شۇ-ڭا، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر باغلىنىش يوق. خەن-زۇلار، موڭغۇللار، كورېيىلىكلەر ۋە ۋېيتنامدىكى جىڭزۇلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە، لېكىن ئۇلارنىڭ تىلى ئوخشى-مىغان تىل سىستېمىلىرىغا مەنسۇپ. ئوخشاشلا، ياۋروپا ئىرقى بىلەن ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار ئوتتۇرى-سىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: فىنلار بىلەن ۋېنگىرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاق تەنلىك بولسىمۇ، لېكىن فىن تىلى بىلەن ۋېنگىر تىلىنىڭ ھەر ئىككىلىسى ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولماستىن، بەلكى ئۇرال ـ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە. گەرچە، ئاق تەنلىكلەرنىڭ كۆپ

قىسمى ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىللاردا سۆزلەشسىمۇ، لېكىن ئىرق بىلەن تىل ئوتتۇرىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇشقا بولمايدۇ. ئومۇمەن، تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن خەۋىرى بار كىشى بۇ قائىدىنى چۈشىنىدۇ. پېقىرنىڭ قارىشىچە، ھەممىلا يەردە شىنجاڭدىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ «ياۋروپالىق» ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىپ يۈرگەن ئالىملارنىڭ ھەممىسى بۇ ئاددىي قائىدىنى چۈشىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان ئۇقۇملارنى قەستەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشى «پان ھىندى ـ ياۋروپائىزم»نى تەشۋىق قىلىشنى مەنبە قىلغان.

قىزىل چوققىدىن هارۋا چاقى قالدۇقلىرىنىڭ تېپىلىشىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرنىڭ هارۋا ياساش تېخنىكىسىنى شىنجاڭدىن ئۆگەنگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. شاڭ سۇلالىسى خارابىلىرىدىن هارۋا قالدۇقلىرى تېپىلغان، چىغناق ـ تاغاق يېزىقىدىكى «هارۋا» خېتىدىمۇ ئىككى دانە هارۋا چاقى رەسىمى سىزىلغان[1].

خۇلاسە شۇكى، بىز ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىن تېپىلغان ئاق تەنلىكلەر ئىرقىغا مەنسۇپ قۇرۇق جەسەتلەر ياۋروپا بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز، بەلكى ئاسىيا، بولۇپمۇ شىنجاڭغا يېقىن ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار ياۋروپا بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغانىكەن، ئەلۋەتتە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىمۇ غەربىي ياۋروپادىن تارقالغان بولمايدۇ. شىنجاڭدىكى جەسەتلەر «ھىندى ـ ياۋروپا ئىرقى»نىڭ ئىلغارلىقىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ؛ «جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ غەربتىن تارقالغانلىقى»نى تېخىمۇ ئىسپاتلىيالمايدۇ. شىنجاڭدىن تېپىلغان قۇرۇق جەسەتلەر ـ

---

① ۋاڭ خۇگيۈەن: «خەنزۇچە خەتلەرنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە دەسلەپكى ساۋات»، جۇڭگو تىلى ئوقۇتۇش نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 412 ـ بەت.

نى مۇشۇ مۇددىئا بىلەن تەتقىق قىلىشنىڭ قىلچە ئىستىقبالى يوق. ئۇنى پەقەت شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھازىرقى تەن قۇرۇلما ئالاھىدىلىكلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ ھەم توغرا خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ.

خەنزۇچە «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1998 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىككى مەسىلە

## سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا قارانىيەت شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆز ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىر مەزگىل «ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئۆگەنگەن»، «كوممۇنىزمنى خالايدىغان» قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسىمۇ، كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، شىنجاڭدا ئۆزى گۇمانلىق دەپ قارىغان يۇرت مۆتىۋەرلىرى، بايلار، دىنىي زاتلار، دېموكراتىك زاتلارنى ھەدەپ قامىدى، بولۇپمۇ گىتلېرگېرمانىيىسى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، كوممۇنىستلار، زىيالىيلار، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارغا كەڭ كۆلەمدە زىيانكەشلىك قىلدى. بەزى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئەينى ۋاقىتتا 4 مىليون نوپۇسى بار شىنجاڭدا شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە قامالغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم 100 مىڭغا يەتكەن. شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭنىڭ چېكىدىن ئاشقان سىياسىي زۇلۇمى، خەلق ئۈستىدىكى ھەرخىل چىدىغۇسىز ئالۋان ـ سېلىق، پۇل پاخاللىقى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى خەلقنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيەتكە نارازىلىق ئوتىنى تۇتاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدا كەينى ـ كەينىدىن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر پارتلاپ چىقتى. جۈملىدىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدىن باشلىنىپ، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىگىچە كېڭەيگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ئىچىدە پىلانلىق ۋە تەشكىللىك قوزغالغان، داۋام قىلغان ۋاقتى ئۇزۇن، تارىخىي ئەھمىيىتى چوڭ بولغان ئىنقىلاب

ھېسابلىنىدۇ.

تۆۋەندە مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئىككى مەسىلە، يەنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى ۋە تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىدىكى سەۋەبلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

**1. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ باشلىنىشى**

شېڭ شىسەي سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، گومىنداڭنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقاندىن كېيىن، خەلقنىڭ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە بولغان نارازىلىقى، قارشىلىقى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى، شىنجاڭنىڭ جاي ـ جايلىرىدىكى بىر قىسىم ياشلار ھەر خىل يوللار بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ پاناھلانماقتا ئىدى. بۇ ياشلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىن، بىر نەچچە يەردە گۇرۇپپا تەشكىللەپ، شىنجاڭغا قايتىپ گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش كويىدا بولدى. ئەنە شۇ گۇرۇپپىلاردىن بىرى قازاقىستاندا تەشكىللىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ياردىمى بىلەن 1944 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئالمۇتىدىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ جۇغراپىيە، ستراتېگىيە ۋە باشقا جەھەتلەردە مۇۋاپىق بولغان نىلقا ناھىيىسىگە قاراپ ئاتلاندى.

شىنجاڭدا شېڭ شىسەي ـ گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئەسلىدە 1943 ـ يىلى يازنىڭ بېشىدا قەشقەر، ئىلى، تارباغاتاي تەرەپلەردە باشلىنىشى پىلانلانغانىدى. ئەمما ئىچكى جەھەتتە جاسۇسلارنىڭ چېقىشى ئارقىسىدا ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمىغان. شۇنىڭ بىلەن 1943 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىش باشلاش توغرىسىدا ئويلىشىلغان بولسىمۇ، يەنە ئىمكانىيەت بولماي رەسمىي ئىنقىلابىي ھەرىكەت 1944 ـ يىلى 8 ـ ئايغا سۇرۇلگەن. ئالتاي تەرەپتە بولسا، 1940 ـ يىلى 2 ـ ئايدا شېڭ شىسەيگە قارشى ئىرىسقان، ئېشىمقانلار باشلىغان بىر قورااللىق گۇرۇھ بولۇپ، بۇ گۇرۇھ بىر توزۇپ، بىر يىغىلىپ كەلگەنىدى، 1943 ـ

يىلغا كەلگەندە شۇ گۇرۇھنىڭ داۋامى ھېسابىدا ئوسمان ئىسلام باشچىلىقىدىكى بىر قوراللىق گۇرۇھ پائالىيەت ئېلىپ باردى. 1943 ـ يىلى كۈزدىن باشلاپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كې- لىشىم بويىچە (موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئارقىلىق) بەرگەن ياردىمى بىلەن ئالتايدا ئوسمان ئىسلامنىڭ قوراللىق ھەرىكىتى كۆرۈلۈپ تۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا، تاشقورغاندا ئارىلاپ ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شۇنىڭ بىلەن دىققىتىنى ئالتاي، تاشقورغان تەرەپلەرگە قارىتىشقا مەج- بۇر بولدى. ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتە شىنجاڭدا شىڭ شىسەي ـ گومىنداڭغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قوراللىق ئىنقىلابىي ھەرىكەت ئىلى ۋىلايىتىدىن باشلاندى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان قازاقىستاندا تەشكىللىنىپ نىلقىغا ئاتلانغان گۇرۇپپىدا پاتىخ مۇسلىموف باشلىق يەتتە كىشى بار ئىدى. بۇلار: پاتىخ مۇسلىموف (گۇرۇپپا باشلىقى)، خەمىت مۇس- لىموف، رەپىق بايچۇرىن، قۇربان بۇرھانىدىنوف، ئوسمان ئىبرا- ھىموف، نۇرئوبۇلوف، ھوشۇر مامىتوف. بۇلارنىڭ ئىچىدە پاتىخ مۇسلىموفتىن باشقىلىرى 20 نەچچە ياشلىق ياشلار بولۇپ، پا- تىخ ئۇلاردىن ئون نەچچە ياش چوڭ ئىدى. پاتىخ مۇسلىموف ئەس- لىدە نىلقا ناھىيىلىك يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدە مۇئاۋىن جىڭلى ئىدى. قۇربان بۇرھانىدىنوف ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي مەك- تەپتە ئوقۇغان. خەمىت مۇسلىموف پاتىخنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغ- لى، رەپىق بايچۇرىن پاتىخنىڭ ھەدىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئوسمان ئىبراھىموف، نۇرئوبۇلوف، ھوشۇر مامىتوفلار بولسا غۇلجا ئاي- رودرومىدىكى گومىنداڭنىڭ ئۇچقۇچى تەييارلاش مەكتىپىدە ئىشلەۋاتقان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھويلا ئىشچىلىرى ئىدى. بۇلاردىن خەمىت مۇسلىموف نىلقا ساقچى ئىدارىسىنى ئېلىش جېڭىدە قەھرىمانلارچە قۇربان بول- دى، ئوسمان ئىبراھىموف كېيىن ۋاپات بولدى، باشقىلىرى 50 ـ، 60 ـ يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى.

پاتىخ مۇسلىموفنىڭ قوراللىق گۇرۇپپىسى نىلقا تەرەپكە كېتىۋاتقاندا يولدا ئاۋارىچىلىققا يولۇقۇپ، چېچىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئالتە كىشى ئۆز ۋاقتىدا نىشانغا يېتىۋالدى، بىر كىشى ئېزىپ كېتىپ، ئون نەچچە كۈندىن كېيىن نىلقىغا يېتىپ باردى. بۇ قوراللىق گۇرۇپپا نىلقا ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان كۆك قامىر تېغىنىڭ كۈنگەي تەردىپىدىكى تۇزلەڭلىككە جايلاشقان ئۇلاستاي قىشلىقىغا بېرىپ، ئەكبەر، سېيىت، غېنى، ئىۋان شۇتوف، مولداجان، ناۋان قاتارلىق ئەزىمەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، قوراللىق كۈرەشنى باشلىدى. ئۇلار ھەرىكەت باشلاشتىن ئىلگىرى ئۇلاستاي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قىشلاقلاردا ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەشكىللىدى. نىلقا پارتىزانلىرىغا پاتىخ مۇسلىموف، ئەكبەر، غېنىلار باشچىلىق قىلدى. ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلگەن گومىنداڭ تەرەپ ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۇلاستايغا 30 ئەسكەر ئەۋەتتى. 1944 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى (روزى ھېيت كۈنى) پارتىزانلار تۈنجى قېتىم گومىنداڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلدى. بۇ جەڭدىن كېيىن خەلقنىڭ قوراللىق كۈرەش قىلىش قىزغىنلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 2 ـ قېتىملىق ئاساسلىق جەڭ نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭى بولدى. بۇ جەڭگە 500 گە يېقىن ئاتلىق پارتىزان قاتناشتى. پارتىزانلار 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى نىلقا ناھىيە بازىرىنى ئازاد قىلدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى چۆچۈپ كېتىپ، غۇلجىدىكى ھەربىي كۈچلىرىنى كۆپلەپ يۆتكەپ، ئارقا ـ ئارقىدىن نىلقىغا ئەۋەتىپ، نىلقا ناھىيىسىگە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىدى. نىلقا ناھىيە بازىرىغا ھۇجۇم قىلغان دۈشمەن نىلقا ناھىيە بازىرىنى تارتىۋالدى. ئەنە شۇنداق جىددىي جەڭ بولۇۋاتقان كۈنلەردە غۇلجىدىن 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى غۇلجىغا بېرىپ 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۇقتۇرۇلدى. شۇ كۈنى 1000 دىن ئارتۇق



پاتىخ مۇسلىموف



خەمىت مۇسلىموف



قۇربان بۇرھانىدىنوف



غېنى

ئاتلىق پارتىزان (350 چە ھەر خىل قورال ـ ياراغ بار) مازاردى-
كى گومىنداڭ قىسىملىرىنى ئوققا تۇتۇپ يول ئېچىپ، تار يولى
بىلەن غۇلجىغا قاراپ ئاتلاندى. 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى شەرقتىن
نىلقا پارتىزانلىرى، غەربتىن قورغاس پارتىزانلىرى غۇلجا شە-

ھىرىدىكى قوزغىلاڭ تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويغان خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە ئۈچ كۈن جەڭ قىلىپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى گومىنداڭدىن ئازاد قىلدى. غۇلجا شەھىرىدىكى ھەرەمباغ، ئايرودروملارغا قېچىپ كىرىۋالغان گومىنداڭ



نۇر ئوبۇلوف



ھوشۇر مامۇتوف



ئوسمان ئىبراھىموف



رەپىق بايچۇرىن

قوشۇنلىرى 1945 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاخىرى تار ـ مار بولۇپ، غۇلجا شەھىرى تولۇق ئازاد بولدى.

**2. تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىدىكى سەۋەبلەر**

ئىلقا تاغلىرىدىن باشلانغان ئىنقىلاب ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىگە كېڭىيىپ، 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىگە كەلگەندە بۇ ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 27 ناھىيىسىدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەندە، بۇيرۇققا بىنائەن ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا توختاپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىققانىدى.

نېمە ئۈچۈن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى؟ ئەينى ۋاقىتتىمۇ بەزى كىشىلەر بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەرياسى بويىغا كېلىپ، ئۈرۈمچىگە يېقىنلاپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاقسۇ ۋە تاشقورغاندىكى قوراللىق كۈرەشلەر رەسمىي كېڭەيگەن ئەھۋالدا، يەنە نېمە ئۈچۈن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلىدۇ؟» دېيىشكەنىدى. ھەتتا ئارمىيە ئىچىدىكى «ماناس دەرياسى بويىغا كېلىپ قالغان ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىنى ئېلىش كېرەك» دېگەن تەلەپنى قويغان ئايرىم كىشىلەر «ھەربىي ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلدى» دەپ ئەيىبلەنگەنىدى.

«نېمە ئۈچۈن تىنچلىق بىتىمى ئىمزالاندى» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار ئەينى ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، ھازىرمۇ بار، تۆۋەندە مەن بۇ ھەقتە توختىلىپ، قاراشلىرىمنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن.

بىرىنچى، «ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىپ غەلىبە قازىنىشقا كۆزى يەتمىگەنلىكتىن ماناس دەر ـ

ياسى بويىدا توختاپ، تىنچلىق بىتىمى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان» دېگەن قاراش توغرىسىدا. مېنىڭچە، بۇ قاراشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئۈچ ۋىلايەتنى ئازاد قىلىپ ماناس دەرياسى بويىغا كەلگەندە، ماناس ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ قوشۇنى بۇ ناھىيىنى تاشلاپ شەرق تەرەپكە چېكىنىشكە باشلىغان. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەرياسىدىن ئۆتمەگەنلىكتىن، گومىنداڭ قوشۇنى ماناس ناھىيە بازىرىغا قايتىپ كېلىپ ئورۇنلاشقان. بۇ چاغدا گومىنداڭ قوشۇنى نۇرغۇن ئەسكىرىي كۈچىدىن ئايرىلىپ ئاجىزلاپ قالغاچقا، ئۈرۈمچىدىمۇ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. گومىنداڭنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق 8 ـ ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇشاۋلياڭ چۇڭچىڭغا قايتا ـ قايتا تېلېگرامما يوللاپ، «ۋەزىيەت ئېغىر، كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش تەس»، دېگەن. ئۇ يەنە جاڭ جىجۇڭ ئۈرۈمچىگە ئەھۋال ئۇقۇشقىلى كەلگەندە، ئۇنىڭغا شۇ چاغدا ئۈرۈمچىنى ساقلاۋاتقان بارلىق گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ ئاران ئالتە يىڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. جاڭ جىجۇڭ دەرھال جياڭ جيېشىغا تېلېگرامما يوللاپ، «بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن جىددىي، ... غۇلجا قوشۇنلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توختىتىشتىن باشقا ئامال قالمىدى. ئۈرۈمچىنى قوغداپ قېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاساس يوق... ھازىر پەقەت دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىلا بار»[①] دېگەن. دېمەك، بۇ چاغ دەل ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى غەلىبە قىلىۋاتقان، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بېرىۋاتقان ۋاقىت بولۇپ، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئاجىز كېلىپ قېلىپ، بىتىم تۈزۈش يولىغا ماڭغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ماناس دەرياسى بويىغا كېلىش ئالدىدا گومىنداڭنىڭ جىڭدىكى

① جاڭ جىجۇڭ: «ئۈرۈمچى سۆھبىتىدىن شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولغانغا قەدەر» ئۇيغۇرچە نەشرى 3 ـ، 6 ـ بەتلەر.

7000 كىشىلىك، شىخودىكى 4000 كىشىلىك قوشۇننى بىت ـ چىت قىلغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ گو ـ مىنداڭنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئالتە يىلىك ئەسكىرىدىن قورقۇپ، تىنچلىق بىتىمى تۈزۈش يولىغا ماڭغان دېسە، تازىمۇ كۈلكىلىك گەپ ئەمەسمۇ؟

ئىككىنچى، تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىنى يالغۇز شىنجاڭدىكى يەككە ـ يېگانە مەسىلە دەپ قارىماي، ئۇنى شۇ چاغدىكى جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى ۋە دۇنيا ۋەزىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قاراش كېرەك. (1) 1944 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ بىر نەچچە يېرىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئېزىشىگە، زوراۋانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرەش باشلاندى. شۇ چاغدا غەرب ـ تە گىتلېر ئارمىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتى ئېنىق بولۇپ قالغانىـ ـ دى. شەرقتە ياپون جاھانگىرلىكىنىڭ تەقدىرى ھالاكەتكە يۈزلەن ـ گەنىدى. ئەنە شۇنداق تارىخىي شارائىتتا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ، ئامېرىكا جا ـ ھانگىرلىكىنى ئارقا تېرەك قىلغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھا ـ كىمىيىتىگە زەربە بېرىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى ـ نىڭ غەلىبىسىنى بالدۇرراق قولغا كەلتۈرۈش بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىمۇ ئازاد قىلىش مەقسىتىدە قوزغالدى. (2) 1945 ـ يىل 5 ـ ئايدا گىتلېر گېرمانىيىسى تارمار قىلىندى. 1945 ـ يىل 8 ـ ئايدا ياپون جاھانگىرلىكى شەرتسىز تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا بىر ـ قانچە ئون دۆلەت، نەچچە مىليارد خەلق ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىلـ ـ دى. بۇ ئۇرۇشتا 50 نەچچە مىليون ئادەم ئۆلدى. شۇڭا دۇنيا خەلقى تىنچلىقنى، دېموكراتىيىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى ئەللەردە تىنچلىق سۆھبەتلىرى ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىـ ـ دى. شۇ يىللاردا چاۋشيەن بىلەن ۋيېتنام جەنۇب ۋە شىمال دەپ ئىككىگە بۆلۈندى، گېرمانىيىمۇ «شەرقىي گېرمانىيە»، «غەربىي گېرمانىيە» دەپ ئىككىگە ئايرىلدى. (3) جۇڭگودا 1945 ـ يىل

8 ـ ئايدا رەئىس ماۋزېدۇڭ يەنئەندىن چوڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشى بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزدى.

ئوچىنچى، قانداقتۇر «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ يول قويمىغانلىقى شىنجاڭدا تىنچلىق بىتىمىنىڭ ئىمزالىنىشىغا سەۋەب بولغان» دېگەن قاراش توغرىسىدا. بۇ يەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا بىر يىلغا يېقىن مۇستەقىللىق شوئارى قويۇلۇش بىلەن ۋاقىتلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان بولسىمۇ، خەلقئارادا ئامېرىكا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ يالتا يىغىنىدا شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قېلىشى ھەققىدە توختام بولغاندىن كېيىنلا، ئۈچ ۋىلايەت مۇستەقىللىقتىن كېچىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈش يولىغا كىرگەن، دېگەن قاراش ئالغا سۈرۈلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خەلقئارانىڭ موسكۋاغا بولغان بېسىمى نەتىجىسىدە ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ موسكۋانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تىنچلىق بىتىمى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان، دېمەكچى. 1945 ـ يىلى ئۈچ چوڭ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ يالتا يىغىنىدا شىنجاڭ مەسىلىسى، تاشقى موڭغۇلىيە مەسىلىسى قاتارلىق جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ مۇزاكىرە قىلىنغانلىقى، ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالىدىغانلىقى ھەققىدە كېلىشىلگەنلىكى ئەمەلىيەت. لېكىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدىكى ئىنچىكە مەيداندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل دۆلەت (ياكى قارام دۆلەت) قىلىپ تەشكىللەش نىيىتى يوق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. يالتا يىغىنىدا موسكۋانىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ستالىن

تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىل بولۇش ـ بولماسلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك دەپ ئوتتۇرىغا قويـ. غان ۋە جۇڭگو دىپلوماتىيە مىنىستىرىنىڭ ستالىنىنىڭ بۇ پىكرى بىر ئاز ئۆزگەرتىلسە، جۇڭگو سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ موڭغۇلىيىگە كىرىپ تۇرۇشىغا قارشى تۇرمايدۇ... تاشقى موڭغۇـ لىيىگە ئالىي مۇختارىيات بېرىشكىمۇ قوشۇلىدۇ، دېگەن پىكرىـ نىمۇ رەت قىلىپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرغان. تىنچلىق بىتىمىـ نىڭ ئىمزالىنىشىغا خەلقئارانىڭ موسكۋاغا بولغان بېسىمى سەـ ۋەب بولغان ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى باشتىن ئاـ ياغ شىنجاڭنى مۇستەقىل دۆلەت قىلىش نىيىتىدە بولغان ئەـ مەس.

ئۆتىنچى، تارىخىي جەھەتتىن ئالغاندىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقىـ نىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە مۇئەييەن كۆز قارىشى بولغان. (1) 1921 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تۈرـ كىستان بىيۇروسى ئارقىلىق شىنجاڭدا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ھەققىدە موسكۋادىكى سوۋېت خەلق كومىسسارىياتىغا ياردەم سوراپ يازغان مۇراجىئەتنامىگە موسكۋادىن كەلگەن جاۋابـ تا: «شىنجاڭدا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش سەلبىي ئاقىۋەتكە ئېـ لىپ بارىدۇ... جۇڭگوغا نىسبەتەن بىزنىڭ ئومۇمىي دوستلۇق سىياسىتىمىز ۋە جۇڭگو دېموكراتىيىسىگە ئىشەنچىمىز بولغاـ لىقى تۈپەيلىدىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ياخشى مۇناـ سىۋىتىمىزنى ساقلاشقا مەجبۇرمىز»، دېيىلگەن. لېكىن شۇ كۈنلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزى ئۈچۈن ستراتېگىيە جەھەتتە مۇھىم بولغان تاشقى موڭغۇلىيىدىن ئىبارەت قالاق، نوپۇسى ئەڭ ئاز چۆللۈك رايوندا مۇستەقىللىق ئۈچۈن ھەرىكەت ئېلىپ بېـ رىۋاتقان سوخاباتۇرغا ياردەم بېرىپ، ئۇنى قوللىدى. مانا بۇ روـ شەن سېلىشتۇرما سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭغا بولغان قاـ رىشىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. (2) 1935 ـ يىل 1 ـ ئايـ

نىڭ 18 ـ كۈنى (شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن) سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيىدا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوف جاكارلىغان مۇراجىئەتنامىدە: «مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتايغا قاراتقان ھەقىقىي سىياسىتىنى تەكىتلەپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارىشىچە، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورد-يىسىنى تارتىۋېلىش بىزنىڭ تاشقى سىياسىتىمىز بىلەن سىغد-شالمايدۇ. ئۇ شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل جۇڭگو تېر-رىتورىيىسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قەتئىي قوغدايدۇ»، دېيىلگەن. (3) 30 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقى قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنى ۋە ئۇنىڭ باشلىقى خوجانىياز ھاجىنى قوللاپ، ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن ياردەم بەرگە-نىدى، كېيىن شېڭ شىسەينى قوللاپ، خوجانىياز ھاجىنى شېڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ئۈندىدى، شۇنىڭ بىلەن شېڭ شىسەيگە قارشى قوراللىق كۈچلەرنى تارمار قىلىپ (مەسىلەن: 1937 ـ يىل 4 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭدا، 1940 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئالتايدا) شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنى-شىگە ياردەم بەردى. (4) 1938 ـ يىلى شېڭ شىسەي مەخپىي ھالدا موسكۋانى زىيارەت قىلىپ، ستالىن بىلەن سۆھبەتلەشكەن-دە، شىنجاڭنى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قىلىش تەلىپىنى قويۇ-غان. ئۇ شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىگە ئەزا بو-لۇپ، 185911 ـ نومۇرلۇق پارتىيە ئەزالىق كىنىشكىسى ئالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موتورلاشقان بىرىگادىسى قومۇلدا 8 ـ تۈەن نامىدا تۇراتتى، ئۈرۈمچى ـ تۇ-دۇڭخابا رايونىدىمۇ سوۋېت قوراللىق كۈچلىرى تۇرغانلىقى مە-لۇم. شۇ چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى بىر تەرەپ قى-لىۋېتىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى، ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتىمۇ سو-ۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇشقا

قوشۇلمىدى.

بەشىنچى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىكى بەزى ئەھۋاللاردىن قارىغاندىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى رەت قىلىدۇ. (1) ئىلقىدا ئىنقىلاب پارتلاشتىن بۇرۇن، شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىستىقبالى مەسىلىسىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى پۈتۈن جۇڭگو ئازاد بولغاندا شىنجاڭ جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئالدىن مۇقىملاشتۇرغان. شۇڭلاشقا، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى بىلەن نەتىجىسى بىردەك بولدى. (2) ئىپتىشلارغا قارىغاندا، 1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى (ئىچكى جەھەتتە) موسكۋاغا خەت يېزىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى» نى ئېتىراپ قىلىشىنى ئۆتۈنۈرىغا قويغاندا، موسكۋا بۇنىڭغا ئاشكارا جاۋاب بەرمىگەن. (3) 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭغا تۇنجى قېتىم كەلگەندە، مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى يېۋسېيېف بىلەن كۆرۈشكەن. يېۋسېيېف ئۇنىڭغا «بۇ ئىشنى (شىنجاڭ مەسىلىسىنى دېمەكچى) ئامال بار تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەك»، دېگەن. ئۇ يەنە «بۇ مەسىلىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالدىغا قويسا ئاسان ھەم ئۈنۈملۈك بولاتتى»، دېگەن. (4) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگىدىكى باش ئەلچىسى پېدوروف 1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى گومىنداڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە بىر ئەسلەتمە تاپشۇرغان. ئۇنىڭدا «ئەگەر جۇڭگو ھۆكۈمىتى ماقۇل بولسا، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەزىيەتنى توختىتىش، جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە زۆرۈر بولغان ياردەملەردە بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلىنى تەيىنلىمەكچى»[①] دېيىلگەن. (5) گو-

① يۇقىرىقى كىتاب 7 ـ، 8 ـ بەتلەر.

مىنداق ۋەكىلى 1945 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا لوندوندا سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مولوتوف بىلەن ئۇچراش- قاندا، «غۇلجا ۋەقەسى»نىڭ كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆز ئاچقان. مولوتوف «مۇنداق ۋەقەلەرنىڭ بولۇشى ۋاقىتلىق ھادىسە. ئۇزۇن ئۆتمەي بېسىقىدۇ»، دېگەن. يۇقىرىقى ئەھۋاللار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن تارتىپ تىنچلىق بىتى- مى ئىمزالانغانغا قەدەر بولسۇن ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپ 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولسۇن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە ئىزچىل تۇردە ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى ۋە پىلانى بويىچە ئىش كۆرۈپ، مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش يولىدا ئاكتىپ ۋاسىتىچىلىك رول ئوي- ناپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنى سوۋېت ئىتتىپا- قىنىڭ شىنجاڭ مەسىلىسىگە ئالاقىدار بارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى شىنجاڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەپ كېتىشىگە يول قويماسلىق ۋە سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىغا بولىدىغان سەلبىي تەسىرىنى تو- سۇش بىلەن بۇ جايلارنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتىن ئىبارەت بو- لۇپ كەلدى.

ئەمدى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە مۇستەقىللىق شوئارىنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىغا كەلسەك، بۇنى كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشتا ئۇنىڭدىن ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلانغانلىق دەپ قارىغان مۇۋاپىق. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا «شىن- جاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» تەشكىل بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىن- قىلابىنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قى- لىش ئەمەسلىكىنى تەدرىجىي چۈشىنىشكە باشلىدى. ئەمما ئۈچ

ۋىلايەت خەلقى ۋە يەتتە ۋىلايەت خەلقى ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەردە «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىندى» دېگەن قاراش بولغان، مۇنداق قاراش كېيىنكى ۋاقىتلارغىچە داۋاملىشىپ كەلدى.

# «ئەمەلىيەت»مۇ ياكى «توقۇلما»مۇ؟

ـــ بىر كىتاب تونۇشتۇرۇلغان ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

## سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ

جاڭ زىگي ئەپەندىنىڭ گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «قانغا بويالغان قۇملۇق» سەرلەۋھىلىك كىتابى ئۇرۇمچىدە سېتىلغان. بۇ كىتابتا يېزىلغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى توغرا بولمىغان مەسىلىلەر ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا قىلغان. بىراق خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان بۇ كىتاب ئۇزاق ئۆتمەيلا كىتاب بازىرىدا كۆرۈنمەي قالدى.

«قانغا بويالغان قۇملۇق» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلگەن بەزى مەسىلىلەردىن ھەيران بولغان كىشىلەر ئەينەن ئەھۋالنى مېنىڭدىن سورىغانمۇ بولدى. كىتابنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدىم. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى چىقىرىدىغان «شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا چېن شىمىڭ ئەپەندىنىڭ «قانغا بويالغان قۇملۇق» سەرلەۋھىلىك كىتابنى تونۇشتۇرۇپ يازغان ماقالىسىنى كۆردۈم. بۇ ماقالە «جاڭ زىگىنىڭ ئابدۇكېرىم ئابباسوف توغرىسىدا يازغانلىرى» دېگەن ماۋزۇدا بېرىلگەن.

چېن شىمىڭ ئەپەندى: جاڭ زىگي ئەپەندىنىڭ «قانغا بويالغان قۇملۇق» دېگەن كىتابى 19 باب، 99 پاراگراف بولۇپ، خەت سانى 260 مىڭغا يېتىدۇ. ئۇنىڭدا «تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش تارىخىي ماتېرىياللارغا سىڭدۇرۇلۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە تا-

رىخنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى كۆرسىتىپ بېرىلگەن»، «كىتابتىكى تارىخىي ماتېرىياللار چىن، دەلىل - ئىسپاتلىق»، دەيدۇ.

19 بەتلىك بۇ ماقالىنىڭ پەقەت بىر قىسمىدىلا ئابباسوف-نىڭ 1944 -، 1945 - يىلى ئارىلىقىدىكى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان. ئاپتور كىتابنىڭ ئۆزىگە ياققان ئابزاسلىرىنىلا كۆچۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئاجايىپ - غارايىپ باھالارنى بەرگەن. بۇ ماقالە ئەمەلىيەتتە بولمىغان توقۇلمىلاردىن ئىبارەت. ماقالىدە قانداقتۇر بىر ك گ ب نىڭ ئارخىپخانىسى پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇش پىلانىنىڭ بارلىقى، شۇنداقلا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ پروگراممىسى بارلىقى سۆزلىنىدۇ. مانا بۇ تۈپ مەسىلە خاتا بولغاچقا، مەسىلىنى راستقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن توقۇلغان ھېكايىلەرمۇ توقۇلمىدىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. ماقالىدە كۆرسىتىلگەن بىر نەچچە نۇقتا ئۈستىدە قارىشىمنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمەن.

بىرىنچى، ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى (1944 - يىلى كۈزدە) ئۈستىدە توختالغاندا، مۇنداق دېيىلگەن: «ئاننا ئاندرىيېفنا كوتوزوۋا (گېنېرالنىڭ قىزى) نىڭ ئالاقىلىشىشى بىلەن ئابدۇكېرىم ئاب-باسوفنىڭ ئارخىپخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشىغا رۇخسەت قىلىندى... ئارخىپخانا ئىچىدىكى تۆت ئېغىز ئۆيدە پۈتۈنلەي شىن-جاڭغا ئالاقىدار ماتېرىياللار بار ئىدى... تامغا ئىككى خەرىتە ئې-سىلغان بولۇپ، بىرى قولدا سىزىلغانىدى... شىنجاڭمۇ بىر دۆ-لەت قاتارىدا سىزىلغان... ئۇنىڭغا ئىككى قۇر خەت يېزىلغان، بىر قۇرى 〈شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى - ئاپتور)... ئارخىپنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە بېتى 〈شەرقىي تۈر-كىستان ئىنقىلابىي پارتىيىسى〉 توغرىسىدىكى بەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭغا: 〈ئۇ، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ، پارتىيىنىڭ مەسئۇلى ئۇيغۇر ئابدۇكېرىم ئاببا-

سوف» دەپ يېزىلغان. يەنە «ئاننا ئاندرىيېفنا ئابباسوفقا ماتېرد-يالدىكى ئىسمىنى كۆرسىتىپ، سىز تېخى مەندىن يوشۇرۇپ يۈ-رۈپتىكەنسىز ـ دە! مەن سىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ چوڭ-بالسانى ئىكەنلىكىڭىزنى ئاللىبۇرۇن بىلەتتىم»، دەيدۇ.

بۇ بايان ئەمەلىيەت ئەمەس، بەلكى توقۇلما. بۇ باياندا تۈپ مەسىلە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى «مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلدى» دېگەننى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. سوۋېت ھۆ-كۈمىتىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن شىنجاڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. لېكىن سوۋېت ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش يولىدا ھەرىكەت قىلدى دېيىشكە ئاساس يوق. شۇنىڭدەك 1944 ـ يىلىدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىش نىيىتىدە ئېلىپ بېرىل-غان ئىنقىلاب دېيىشكىمۇ ئاساس يوق. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قوزغاشتىكى مەقسەت خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىغا ماسلىشىپ گو-مىنداڭغا ۋە ئۇنىڭ ئارقا تىرىكى بولغان جاھانگىرلىككە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت، دەپ قاراش لازىم. ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتى بىلەن ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنىڭ بىر بولغانلىقى مەسىلىسى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ توغرىدا باشقا ماقالەمدە توختالغانلى-قىم ئۈچۈن بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. شۇنداقلا تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىنى ئېيتماقچىمەن. بىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ئۇيغۇر تىلىدا مەخسۇس «شەرق ھە-قىقىتى» (تاشكەنتتە)، «يېڭى ھايات» (ئالمۇتادا) ژۇرناللىرىنى ئېلان قىلىپ، «شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغان» دېگەن قاراش. مەن بۇ ژۇرناللار شىن-جاڭ خەلقىنى ئويغىتىشنى، ئازادلىق، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا دەۋەت قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان، دەپ قاراي-مەن. ئۇ ژۇرناللاردا «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن نام ئىشلىتىل-گەن بولسىمۇ، سوۋېت تەرەپ ئۇنى پەقەت «جۇغراپىيىلىك ئاتال-غۇ» دەپ قارىغان. ھىندىستان، پاكىستانلار 200 يىللىق مۇس-

تەملىكە دەۋرىدىمۇ «ھىندىستان»، «پاكىستان» دەپ ئاتىلىپ، 1947 ـ يىلىدىن كېيىن مۇستەقىل بولغاندىمۇ يەنىلا شۇ نامنى ئىشلەتكەن؛ سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا چوڭ ھەربىي رايونى «تۈركىستان ھەربىي ئوكرۇگى» دەپ ئاتالغان؛ يەنە باشقا بىر قانچە يەر ناملىرى «ستان» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ئاتالغان، بۇنىڭغا قاراپ شىنجاڭدىكى ياشلارمۇ سوۋېت تەرەپنىڭ «شەرقىي تۈركىستان»نىڭ، «جۇغراپىيىلىك نام» دەپ قارىشىغا ئىشەنگەن. شۇڭا ئۇ ژۇرناللاردىكى «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىغا قاراپلا «سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلماقچى ئىدى» دېيىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايمەن.

ئىككىنچى، 1945 ـ يىلى ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى (ستالىن، چېرچىل، روزۋېلت) نىڭ يالتا يىغىنىدا شىنجاڭنىڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولىدىغانلىقى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ستالىن ئامالسىزلىقتىن ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنى گومىنداڭ بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى، دەپ قاراش. بۇنى خېلى كەڭ تارقالغان قاراش دېيىشكە بولىدۇ. يالتا يىغىنىدا ستالىننىڭ جۇڭگوغا مۇناسىۋەتلىك بەش مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئېنىق. ئۇنىڭدا تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇستەقىللىقىدىن باشقا شەرقىي شىمال تۆمۈر يولى، دالىيەن، لۈشۈن پورتلىرى ھەققىدە گەپ بولغان. ستالىننىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتا قىلىدىغانلىقى چۈشىنىشلىك. ستالىن تاشقى موڭغۇلىيە مۇستەقىللىقى قاتارىدا شىنجاڭنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتا تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

ستالىننىڭ ئوتتۇرىغا قويغان بەش پىكرىنىڭ تۆتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا بىۋاسىتە مەنپەئەتلىك ئىدى، بولۇپمۇ ستالىن موڭغۇلىيىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇھىم مۇداپىئە قالقىنى دەپ ھېسابلايتتى. شىنجاڭ مۇستەقىللىقى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا-

سىنىڭ مۇقىمسىزلىقىنى پەيدا قىلاتتى. ئۈچ ۋىلايەتتە قوزغىلاڭ باشلانغاندىمۇ «مۇستەقىللىق» شوئارى بولمىغان. پەقەت «گو-مىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى قوغلاپ چىقىرايلى» دېگەن مەزمۇن-دىكى شوئارلار بولغان. 1944 ـ يىلى 12 ـ نويابىردا «شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» تەشكىل بولدى. بۇ ھۆكۈمەت-نى تەشكىللىگۈچىلەر سوۋېت مەسلىھەتچىلىرى، قوللىغان دۆلەت سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدى. بۇ ھۆكۈمەت بىر يىل «مۇستەقىللىق» شوئارى بىلەن ئىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، تىنچلىق بېتىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ شوئار ئەمەلدىن قالدى. سوۋېت تەرەپ شەرقىي تۈركىستاننى يەر نامى دەپ قاراپ، «ۋاقىتلىق ھۆكۈ-مەت» قۇرۇش ئالدىدا «ئالتاي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» تەشكىللە-گەن، ئىلىدا «شەرقىي تۈركىستان ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇل-غاندىن كېيىن ئالتاي ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئەمەلدىن قالدۇر-غان. سوۋېت تەرەپ 1944 ـ يىلى شىنجاڭنى مۇستەقىل قىل-ماقچى ئەمەس، بۇنىڭدا ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسىگە قاراش كېرەك. شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولۇشتىن بىر ئاي بۇرۇن بېيجىڭ بىلەن ئالاقە باغلىغان. ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرگەندە، ئەڭ ئالدى بىلەن «ياشىسۇن جۇڭگو كومپارتىيىسى!»، «ياشىسۇن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى!» دەپ شوئار توۋلاپ، ئۇلار-نى قارشى ئالغان.

ئاپتور يەنە سوۋېت تەرەپ «شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرماقچى» دېگەننى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئارخىپخانىدا قانداقتۇر «شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىي پارتىيىسى ئارخىپى»نى پەيدا قىلغان. ئابدۇكېرىم ئابباسوف سوۋېت ئىتتىپاقىغا 1944 ـ يىلى كۈزدە بارغان. ئەمما ئۇ پارتىيە 1946 ـ يىلى 5 ـ ئايدا غۇلجىدا تەشكىللەنگەن. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئايدا پائالىيىتى-نى توختاتقان. 1946 ـ يىلى تەشكىل بولغان خەلق ئىنقىلابى پارتىيىسىنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ پروگراممىسى ئىككى يىل بۇرۇن، يەنى 1944 ـ يىلى قانداقلارچە سوۋېت ئىتتىپاقى ك گ ب سىد-

نىڭ ئارخىپخانىسىدا پەيدا بولۇپ قالدۇ؟ بۇ پارتىيە ئەسلىدە سوۋېت تەرەپ پىلانلاپ، 1946 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاباسوفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققانمۇ؟ ياق، قەتئىي ئۇنداق ئەمەس. چۈنكى، 1946 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەتتە گومىنداڭغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش يۈزىسىدىن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى تەشكىل قىلىنغان. بۇ پارتىيە تەشكىل قىلىنغاندا، ئىلىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئاباسوفنى «ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى تەشكىل قىلدى» دەپ، ئۇنىڭ «ئەدىپىنى» بەرمەكچى بولغانلىقى ھەممىگە ئايان. («مەن شاھىت بولغان بەزى ئىشلار» دېگەن ماقالەمدە خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى ھەققىدە توختالغانىدىم). «ك گ ب ئارخىپخانىسىدا خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنىڭ ئارخىپى دېگەن گەپلەر قۇرۇق گەپتىنلا ئىبارەت. ئانىنىڭ ئاباسوفقا «سىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ چوڭبالسانى ئىكەنلىكىڭىزنى ئاللىبۇرۇنلا بىلەتتىم، دېگەنلىكى قۇرۇق گەپنى راسقا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاپتور قانداقتۇر ك گ ب نىڭ بىر ئارخىپخانىسىنى ياساپ، قانداقتۇر بىر گېنېرالنىڭ قىزى ئارقىلىق ئاباسوفقا ئارخىپخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرىدۇ. شىنجاڭلىقلار ك گ ب نىڭ خىزمەت ئۇسۇلىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار. ئانىنا ئاندرىيېفنا قانداق گېنېرالنىڭ قىزى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر ئۇنىڭ ئارخىپخانىنىڭ خىزمەتچىسى بولمىسا ھەرگىزمۇ ئارخىپخانىغا كىرەلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، چەت ئەللىك ئابدۇكېرىم ئاباسوفقا «ك گ ب نىڭ ئارخىپخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى» دېسە، تولىمۇ كۈلكىلىك بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلماقچى دەپ، خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسىنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇش پۈتۈنلەي بىمەنىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئىككىنچى نۇقتا. ئاپتور ئاباسوف موسكۋاغا بارغاندا مولوتوف، مالىنكوفلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ستالىن قوبۇل قىلغان، دەپ

يازغان. بۇ يەردىمۇ بىرمۇنچە توقۇلمىلار بايان قىلىنغان. مەسىلەن، ئۇ رەھبەرلەر (ستالىننى دېمەكچى) ئابباسوفقا: «بىز قايتا ئويلانغاندىن كېيىن، سىلەرنى قەتئىي قوللاشنى قارار قىلدۇق. بىز قوشۇنىڭلارنى يېتەرلىك قورال - ياراغ بىلەن قوراللاندۇردىمىز... قوراللىق خادىملارنى تاللاپ سىزنىڭ قوماندانلىقىڭىزغا تاپشۇرىمىز...»، دەيدۇ. يەنە ئۇ رەھبەرلەر ئابباسوفتىن: «نېمە تەلىپىڭىز بار؟» دەپ سورايدۇ. ئابباسوف: «ستالىننى كۆرسەم دەيمەن»، دېگەندە، (زال قاراڭغۇراق بولغاچقا، ئابباسوف ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ستالىننى تونۇيالماي قالدى دېمەكچى.) ئابباسوفنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ تۇرغان بىر نەچچە كىشى پىخىلداشىپ كۈلۈشتى»، دەپ يازغان.

1935 - 1942 - يىللاردا كۆپلىگەن سوۋېتلىك خادىملارنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بىللە شىنجاڭدا ئىشلەپ كەڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئۇ يىللاردا ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن «خەلقئارا كىتابخانا» لار ئېچىلىپ، ماركسىزمغا دائىر نۇرغۇن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە كىتابلار ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر سېتىلغان. شۇنداقلا ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ۋە مولوتوف، ۋوروشىلوف، كوسىگىن، مىكويان قاتارلىق سوۋېت رەھبەرلىرىنىڭ رەسىملىرى سېتىلغان. شىنجاڭ زىيالىيلىرىغا ئۇلار بەكمۇ تونۇش ئىدى. ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ زال ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ ستالىننى تونۇيالماي قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇ يەردە ستالىننىڭ: «بىز قايتا ئويلىشىپ سىلەرنى قەتئىي قوللاشنى قارار قىلدۇق» دېگەندەك گەپلەرنى ئېيتىشىنىڭ ھېچقانداق ئورنى يوق. چۈنكى، سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا ئىنقىلابنى قوللاشنى ئاللىقاچان قارار قىلىپ بولغان. ئابباسوف سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان كۈنلەردە، شىنجاڭنىڭ بىرقانچە جايىدا گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەت باشلانغان. ماقالىدە يېزىلىشىچە: ستالىن ئابباسوفنى قوبۇل قىلغاندىن

كېيىن، قايتىپ چىققاندا، مولوتوف ئابباسوفقا مۇنداق دەيدۇ: «هازىر بېجىرىدىغان كىچىك بىر ئىش بار. سىز بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ئەمەس. هازىر بۇ رەسمىيەتنى تاماملىشىڭىز كېرەك. سىز ئانكېت تولدۇرۇڭ. بىز ئىككىمىز (مالىنكوفنى كۆرسىتىپ) سىزگە تونۇشتۇرغۇچى بولىمىز»، دەيدۇ. ئابباسوف بولسا «مەن مۇنداق ئويلايمەن، بولشېۋىكلار پارتىيىسى ئىنتايىن ئالىيجاناپ پارتىيە، ئۇنىڭ ئەزالىرى خۇددى ستالىن ئېيتقاندەك ئالاھىدە ماتېرىيالدىن ياسالغان، مەن ئۆزۈمنى دەڭسەپ باقسام، 〈ئالاھىدە ماتېرىيال〉 ئۆلچىمىگە تېخى توشمايدىكەنمەن...»، دەيدۇ. ئاببا‌سوفنىڭ بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرمىگەنلىكىدىن سوۋېت تەرەپ رەنجىيدۇ ـ دە، ئاببا‌سوف ئۆلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. شۇ هامان سېمىيونوف دېگەن ئادەم ئاببا‌سوفقا «سىز ئەمدى شەرقىي تۈركىستاننىڭ چويبالسانى بولالمايدىغان بولدىڭىز»، دەيدۇ (بۇ يەردە گېنېرالنىڭ قىزىنىڭ سۆزى يۇقىرى قاتلامنىڭمۇ سۆزى ئىدى دەپ كۆرسەتمەكچى بولغان). ئاببا‌سوف بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن، «ئاببا‌سوفقا ئاجرىتىپ بېرىلگەن مەخسۇس ئايروپىلانمۇ يوق بولدى... ئۇنىڭ تاشكەنتكە خەلق ئاۋىئاتسىيە ئايروپىلانى بىلەن بېرىشىغا توغرا كەلدى». تونۇشتۇرۇلغان بۇ ئىككىنچى نۇقتىغا ئالاھىدە جاۋاب بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارايمەن. يىغىپ ئېيتقاندا، ئاپتور شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى بىلمىگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەھۋالىنى ئازراقمۇ ئۆگەنمىگەن.

ئۈچىنچى، ماقالىدە ستالىن تەستىقلىغان قانداقتۇر يەتتە ماددىلىق «ئىنقىلابنىڭ پىلانى» ھەققىدە توختىلىپ: «غۇلجا ناھىيىسىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدىغان جاي قىلىپ بېكىتىش. بۇنداق قىلغاندا، يېزىدىن ناھىيە بازىرىغا، ناھىيە بازىرىدىن ئىلىغا ھۇجۇم قىلغىلى بولاتتى»، دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە، ئىنقىلاب غۇلجا ناھىيىسىدىن ئەمەس، نىلقا ناھىيىسىدىن باشلانغان. ئىلىدا «ناھىيە بازىرى»، «ئىلى شەھىرى» دەيدىغان ئىككى شەھەر يوق. يە-

نه «3. قوزغىلاڭ باشلايدىغان ۋاقىت ئەڭ كېچىككەندە، 11 ـ ئاي- نىڭ 4 ـ كۈنىدىن ئۆتۈپ كەتمەسلىك» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە، قوزغىلاڭ نىلقىدا 9 ـ ئايدا باشلانغان. 6 ـ نويابىر شەھەرگە ھۇجۇم باشلانغانلىقى ئىنقىلابنىڭ باشلانغانلىقى بولمىسا كېر- ەك. (باشقا بىر نەچچە ماددىلار شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيە- تى مۇستەقىللىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە توختالمىدىم.)

پىلاننىڭ 6 ـ ماددىسىدا: «جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئىچكى ئىشلار ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئابدۇكېرىم ئاباسوف باشقۇ- رۇش»، دەپ يېزىلغان. ئاپتور ئاباسوفنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە ئىش- لىگەن خىزمىتىنى ئاڭلىغان بولغاچقا، بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتى- كەن. بىراق، ئاپتور ئاباسوفنىڭ ھەربىي قىسىمدا سىياسىي بۆ- لۈم مۇدىرى بولغانلىقىنى بىلمىگەچكە، بۇنى پىلان ماددىلىرى ئىچىگە كىرگۈزمىگەن. ئۈچ ۋىلايەتتە «جامائەت خەۋپسىزلىكى» ئورگىنى بولغان ئەمەس. «ئىچكى ئىشلار نازارىتى» بولغانلىقىـ- نىمۇ ئاپتور بىلمەيدىكەن. بۇ جايدا يەنە يەتتە ماددىلىق پىلاندىن باشقا «موسكۋانىڭ بىر نەچچە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش» ى توغرىسىدا سۆزلىشىپ: «1. قوزغىلاڭچى قوشۇنغا 7000 كىشى- لىك قورال، كىيىم ـ كېچەك ۋە ماددىي ئەشيا بېرىش»، دېگەن گەپ يېزىلغان. سوۋېت تەرەپ كىيىم ـ كېچەك بەرگەن ئەمەس. قانچە تال قورال بەرگەنلىكىمۇ قاتتىق مەخپىي بولۇپ، بۇنى ئېـ- لىخان تۆرە ھۆكۈمىتى ئەزالىرىمۇ بىلمىسە كېرەك. جاڭ زىگې ئەپەندى ئۇنى قانداق بىلگەندۇ؟ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتا يەنە «قىزىل ئارمىيىنىڭ پولكوۋنىكى ئىسھاقبېكنى قوزغىلاڭنىڭ باش قو- ماندانى قىلىپ ئەۋەتىش»، دېيىلگەن. قوزغىلاڭ باشلانغاندا، ئا- لىكساندىروف (يەرلىك ئاق ئورۇس) باش قوماندان بولغان، بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن پالىنوف (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەل- گەن) باش قوماندان بولغان، تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىنىش ئالـ- دىدا، سوۋېتلىكلەر ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن، ئىسھاقبېك باش

قوماندان بولغان. ئىسواقىبېك شىنجاڭنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسى-
دىن بولۇپ، 30 ـ يىللاردا قەشقەردە ھەربىي خىزمەت ئىشلە-
گەن. ئۇنىڭ قىزىل ئارمىيىدە پولكوۋنىك بولغانلىقىنى جاڭ زد-
گېنىڭ يازغىنىدىن ئاڭلاۋاتىمىز. ستالىن تەستىقلىغان «يەتتە
ماددىلىق پىلان» ياكى «موسكۋا ئورۇنلاشتۇرغان ئىش» راست
بولغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئىجرا قىلىناتتى. بىراق ئۇنداق
«پىلان» نى ھېچكىم ئاڭلىمىغان ۋە ھېچكىممۇ ئىجرا قىلمىغان.
شۇڭا ئۇ «پىلان» ۋە «ئورۇنلاشتۇرۇش» مەۋجۇت ئەمەس. «پىلان»
ۋە «ئورۇنلاشتۇرۇش» لار كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، «ژۇر-
نالنىڭ 10 ـ بېتىدە، ماقالە ئاپتورى «بۇ قوزغىلاڭ پىلانى يېكا-
تېرىنا دەۋرىدىكى روسىيىنىڭ دۇنياغا زومىگەر بولۇشى... بىلەن
تومۇرداش ئەمەسمۇ؟ شۇڭا «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»
نى كىشىلەرنىڭ چار پادىشاھنىڭ پۇشتى دەپ ئاتىغانلىقىنىمۇ
يامان غەرەزلىك ئەيىبلەش دېگىلى بولمايدۇ»، دەپ يازغان. ئې-
زىلگەن خەلقلەرنىڭ ئۆز ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەل-
تۈرۈشتە باشقا بىر دۆلەتنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىشى ئادەتتى-
كى بىر ئىش. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا
ياردەم بېرىشى، تۇپتىن ئالغاندا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇ-
رۇشىغا ياردەم بېرىش ئىدى.
سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 1945 ـ يىلى شەرقىي شى-
مالغا كىرىپ ياپونىيە ئارمىيىسىنى تارمار قىلىشى «جۇڭگو خەلق
ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم ئا-
مىل» بولغان. شۇ مەزگىلدە يەنە سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابىغا ياردەم بېرىش پىلانى بولغان تەقدىردە، ئۇنى
قانداقلارچە «چارروسىيىنىڭ دۇنياغا زومىگەر بولۇشى بىلەن تو-
مۇرداش پىلان» دېيىشكە بولسۇن؟ شىنجاڭ خەلقى سوۋېت ئىت-
تىپاقىنى ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ ئازادلىقى ۋە باراۋەرلىكى ئۈچۈن
ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە ياردەم بەرگۈچى بىردىنبىر سوتسى-
يالىستىك دۆلەت دەپ قارىغان ھەم ئىشەنگەن. لېكىن سوۋېت

ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ دۆلەتچىلىك قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتتە «سىيا-سەت بەلگىلىگۈچى» بولۇۋېلىشى خاتا. ئۈچ ۋىلايەت سوۋېت ئىت-تىپاقىنىڭ زېمىنى ئەمەس، ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھامىلىقى-دىكى بىر دۆلەت ئەمەس، بەلكى مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان جۇڭگونىڭ كىچىك بىر رايونىدىن ئىبارەت. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى ئالغان ئۈچ ۋىلايەت «چار پادىشاھنىڭ پۇشتى»غا ئوخشاپ قالغانىكەن، ئۇنداقتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىنى ئالغان دۆلەت ۋە رايونلاردىكى ئازادلىققا ئېرىشكۈچى-لەرمۇ چار پادىشاھنىڭ پۇشتىمۇ؟ ئاپتورلار ئەينى يىللاردا بىر تەرەپنىڭ تەشۋىقاتىنى كۆپلەپ ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ تەسىرىدىن تېخىچە قۇتۇلالمىغان بولسا كېرەك. شىنجاڭدا ئىبلىس شېڭ شىسەي تەختكە چىققاندىن كېيىن، ھا-كىمىيىتىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلەنمەي ساقلاپ تۇرالمايدى-غانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنى نىقاپلاپ، سوتسىيالىزمچى قىلىپ كۆرسەتتى. شىنجاڭغا گومىنداڭنى كىرگۈزمىدى، گومىنداڭغا قارشى تۇردى. شىنجاڭغا نۇرغۇن كوممۇنىستلار كېلىپ پائالىيەت ئېلىپ باردى. 1942 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شېڭ شىسەي «پۇرسەت كەلدى» دەپ بىلىپ، ئىلغار كۈچلەرنى، كوممۇنىستلارنى قولغا ئالدى ۋە قىردى. ئاخىر ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى. شېڭ شىسەي يەنە ھىيلىگەرلىك قىلىپ، «شىنجاڭنى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىدىن ساقلاپ قالدىم» دېگەندە، جياڭ جېيشى شېڭ شىسەينى «ۋەتەنپەرۋەر»، دېدى. بۇنىڭ بىلەن جياڭ جېيشى ئۆزى-نىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى» نامايان قىلماقچى بولدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى بىلەن بىر سەپتە گومىنداڭغا قارشى جەڭ قىلغان، ئازادلىقنى، سوتسىيالىزمنى مەدھىيىلىگەن، ئۇنىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇش دەيدىغان پىلانى بولغان ئەمەس. شۇنداق بولىسىمۇ چېن ئەپەندى ئۇنى قاراپ تۇرۇپ «چار پادىشاھنىڭ پۇشتى»گە ئوخشاتقان. ماقالىنىڭ يەنە بىر نۇقتىسىدا ئۈچ ۋىلا-يەت رەھبەرلىك بەنزىسى ئۈستىدە سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، دى-

ـنكوف ئاباسوفقا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىسمىلىكىنى كۆرسىتىپ، «ستالىن بۇ ئىسمىلىك-نى پرىنسىپ جەھەتتىن تەستىقلىدى... ئەمدى سىزنىڭ پىكىرد-ڭىزنى ئالماقچىمىز...» دەپ، بەزى سوئاللارنى سورايدۇ. شىند-جاڭنىڭ كىچىك بىر جايىدىكى تېخى قوزغالمىغان قوزغىلاڭغا كىرىمىل ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئۇنىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بەن-زىسىنى تەييارلاپ ئاۋارە بولغانمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ سورىغان سوئال-لىرىغا يەنە نېمە دېيىش كېرەك؟ ئەگەر ئاپتورلار شىنجاڭدا چوڭ بولغان كىشىلەردىن بولسا، بۇ سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويمىغان بولاتتى. بۇ تولىمۇ ئاددىي ساۋات.

تۆتىنچى، ماقالىدە دىنىكوف ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىك بەنزە ئىسمىلىكىگە پىكىر سورىغاندا، ئابدۇكېرىم ئاباسوف ئۇنى كۆ-رۈپ ئويلىنىپ قالدى: «مېنى كۆرۈپ باقسۇن دېگىنى ماڭا ئۆز-لىرى كۆرسەتكەن ئىككى خىل ئادەمنى پاش قىلغۇزۇش ئۈچۈن ئىكەن ـ دە، ئۇنداقتا مېنىڭ ھەرقانداق توغرا پىكرىممۇ بىھۇدە ئاۋارىچىلىق بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن ئاۋۋال مەندىن پىكىر ئالمايدۇ؟ قارىغاندا، پۈتۈن قوزغىلاڭنىڭ تەشكىلاتچىسى مەن ئەمەس، باشقا ئادەم ئىكەن... مەن ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلمايۋېتىپتىمەن، بەلكى ئۇلار مېنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپتۇ... بۇلار ئابدۇكېرىم ئاب-باسوفنىڭ غورۇرىغا بەكمۇ تەگدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى غەزەپ ئوتى قاپلىدى، ئۇ شىرەنى مۇشتلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى...» دەپ يېزىلغان. ئاپتور ئاباسوفنى زادى قانداق ئورۇنغا قويماقچى؟ ئابدۇكېرىم ئاباسوف جاڭ زىگې ئەپەندى ئېيتقاندەك تەكەببۇرلاردىنمۇ، ھوقۇقپەرەسلەردىنمۇ ئەمەس. ئەگەر ئاباسوف ھايات بولغان بولسا، ئۆزى توغرىلىق يېزىلغان بۇنداق كۆلكىلىك گەپلەرگە ھەقىقەتەن «غەزەپلىنىپ شىرەنى ئۇرۇپ»، ئورنىدىن تۇرۇپ، جاڭ زىگې ئەپەندىنى ئەيىبلىگەن بولاتتى.

ماقالىدە يەنە مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان: «ئالدىنقى باسقۇچتا ئەسقاتقان ئادەملەر ئاخىرقى باسقۇچتا ئېھتىياجلىق بولۇۋەر-

مەيتتى؛ شۇنداقلا غەلىبىگە يېقىنلاشقانسېرى، قىيىن ئەھۋالدا
قەھرىمان بولغانلارنىڭ يولى تارىيىپ باراتتى ـ دە، غەلىبىدىن
كېيىن چوڭ ئەمەلدار بولۇشى ناتايىن ئىدى.» «ئاخىردا كىشى ـ
لەرنىڭ ھۆكمى توغرا بولۇپ چىقتى...» ئېلىخان تۆرە، غەنى،
پىلىنوف (توغرىسى پالىنوف ـ ئاپتوردىن) قاتارلىقلار بوران ـ
چاپقۇن تىنچىشقا يۈزلەنگەندە غايىپ بولدى. ئابدۇكېرىم ئاببا ـ
سوفمۇ بىرىنچى قول بولالمىدى». بۇ ئادەملەرنى قانداقمۇ بىر
قاتارغا قويغىلى بولسۇن؟ ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان،
تەقدىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئادەملەر. بۇ يەردىمۇ كىتاب ئاپ ـ
تورى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر ئادەتتىكى ئەھۋاللارنىمۇ
بىلمەيدىكەن، دېگەن سۆزنى تەكرارلاشتىن باشقا ئامال يوق.

ماقالىنىڭ قالغان بىر نەچچە بېتىدە ئابدۇكېرىم ئابباسوف ـ
نىڭ ياڭ فېڭيى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ياڭ فېڭيىنىڭ ئۆ ـ
لۈۋېلىشى ياكى كىتاب ئاپتورىنىڭ ئابباسوف بىلەن بولغان مۇ ـ
ناسىۋىتى يېزىلغان.

ئابدۇكېرىم ئابباسوف 1944 ـ يىلى 24 ياش بولۇپ، قىران
يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ نىكاھ مەسىلىسىدە ھەر خىل كەچۈرمىش ـ
لىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزمەكچى ئەمەس ـ
مەن. مەن بۇ يەردە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك بىر
نەچچە مەسىلىنىڭ توغرا يېزىلمىغانلىقىنىلا كۆرسىتىپ ئۆت ـ
مەكچىمەن. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

ماقالىدە (ژۇرنالنىڭ 13 ـ بېتىدە): «ياڭ فېڭيى ئىلى ئىن ـ
قىلابىي ئارمىيىسىنىڭ خەنزۇ ئاھالىلەرنى قارىغۇلارچە قىرغاز ـ
لىقىدىن خاپا ئىدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئابدۇكېرىم ئابباسوف شەھەر ـ
گە كىرگەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندىلا غەزەپ بىلەن
ئوتتۇرىغا قويغانىدى...»، دېيىلگەن. ئابدۇكېرىم ئابباسوف 1944 ـ
يىلى 6 ـ نويابىر شەھەرگە كىرگەن. ھەرەمباغدىكى جەڭ 1945 ـ
يىلى 12 ـ ئاي، 1946 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قاتتىق بولغان. شەھەر ـ
دە ئۇرۇش بولماي تۇرۇپلا ياڭ فېڭيى قانداقسىگە «قارىغۇلارچە

قىرغىنچىلىقفا» خاپا بولغاندۇ؟ نېمىگە غەزەپلىنىپ كەتكەندۇ؟ بۇنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ.

يەنە شۇ بەتتە ياڭ فېڭيى ئاباسوفقا «ئەسىرلەرگە كەڭچىلىك قىلىمىز دېگەنىدۇق. ئۇلار تەسلىم بولۇۋىدى، قانداق بولدى؟ ھەرەمباغدا تەسلىم بولغانلاردىن كىم تىرىك چىقتى؟» دەيدۇ، دېيىلگەن. «خەنزۇ ئاھالىلىرى قارىغۇلارچە قىرغىن قىلىندۇاتقان» شارائىتتا، ياڭ فېڭيى قانداقلارچە گومىنداڭ ئارمىيىسىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش خىزمىتىنى ئىشلىگەندۇ؟ گومىنداڭ 1944 ـ يىلى 12 ـ نويابىردا شەھەردىن قېچىپ چىقىپ، ھەرەمباغ تەرەپتە مۇداپىئەلەنگەن. 1945 ـ يىلى 29 ـ يانۋار گومىنداڭ قىسىملىرى قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ ئۆز قىسمىغا قوشۇلۇۋېلىش ئۈچۈن قاراياغاچ مازار تەرەپكە يېتىپ بارغاندا، پارتىزانلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ، ئەسىرگە ئېلىنغان. دېمەك، ھەرەمباغدا ھېچكىم تەسلىم بولغان ئەمەس. تەسلىم بولغانلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىرىۋەتكەن ئىشمۇ بولغان ئەمەس. ئەكسىچە، ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ئەسىر ئالغان ئىككى گېنېرال، بىر نەچچە يۈز ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېر بىلەن 5000 دىن ئارتۇق ئەسكەرنى تىنچلىق بېتىمى ئىمزالانغاندا گومىنداڭ تەرەپكە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى ھەممىگە ئايان. بۇ يەردە ياڭ فېڭيىنىڭ يەنە ئاباسوفقا «مەن سىلەردىن بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندىم. بۇنداق ئادەملەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇش مەن ئۈچۈن نومۇس»، دەپ تاپانچا بىلەن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالغانلىقى يېزىلغان.

ياڭ فېڭيى ئاباسوفتىن ئۈمىدسىزلەنگەنمۇ؟ ئاباسوفنىڭ ئادەملىرى بىلەن ھەمنەپەس بولۇشنى نومۇس ھېسابلاپ ئۆلۈۋالغانمۇ؟ ئاباسوف بىلەن ياڭ فېڭيى يېقىن دوستلار، ئىككىلىسى كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە بولغان ياشلار، ئىنقىلابنى قىزغىن قوللىغۇچىلار ئىدى، شۇنداقلا ئابدۇكېرىم ئاباسوف ياڭ فېڭيىنىڭ سۆيگىنى ئىدى. ئاپتور يەنە «ئۇ ھەقىقەتەن قەيسەر خەنزۇ

قىز ئىدى، بۇ يات ئەلدىن كەلگەن ئاتالمىش «ئىلى ئىنقىلابىي ئارمىيىسى» نىڭ شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى ۋە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىنى غالجىرانە زور قىرغىنچىلىق ئارقىلىق تەبرىكلىگەن جىنايى قىلمىشقا ئاخىرقى قېتىم قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدى»، دەپ يازىدۇ. نېمە دېگەن «دەبدەبىلىك» سۆزلەر بۇ!

ئەينى يىللاردا ياڭ فېڭيىدەك ئىلغار ياشلار شىنجاڭدا ئاز ئەمەس ئىدى. ياڭ فېڭيى مىللىي ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇزىنى ئۆلتۈرۇۋالسا، ئاپتور ياڭ فېڭيىنى قانداق ئورۇنغا قويغان بولىدۇ؟ ئېنىقكى، ياڭ فېڭيىغا بېرىلگەن باھا بىلەن ياڭ فېڭيىنىڭ ھەرىكىتى ماس كەلمەيدۇ.

ياڭ فېڭيى نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالدى؟ ئاپتور ئەھۋالنى ئېنىقلاپ كۆرگەنمۇ؟ ژۇرنالنىڭ 15 ـ بېتىدە يېزىلىشىچە، ۋېي جيا ئىسىملىك بىر خەنزۇ قىزنىڭ تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىگە جاڭ زىگې ئەپەندىمۇ قاتناشقانىكەن، ئۇ قىز رومكا كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: «بىز ھەرەمباغقا قامىلىپ قالغاندا، قورالنى تاشلاپ تەسلىم بولغان تۈركۈم ـ تۈركۈم گومىنداڭ ئوفىتسېرلىرى، ئەسكەرلىرىنى غەنى باتۇرنىڭ پىلىموت بىلەن ئېتىشقا بۇيرۇق قىلغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىز پۇقرالارنى بىر يەرگە يىغىپ ئاتماقچى بولدى. شۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئابباسوف كېلىپ قېلىپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان»، لىقىنى سۆزلەيدۇ.

ھەرەمباغدا ھېچكىم تەسلىم بولغان ئەمەس، ھېچكىم قىرىلغانمۇ ئەمەس. ۋېي جيا بىلەن ياڭ فېڭيىلارنىڭ سۆزلىرى بىر ـ بىرىگە زىت. ئاپتور بۇنىمۇ سەزمىگەن. ئىككىسىنىڭ سۆزىدىن قايسىنىڭ راست؟

چېن شىمىڭ ماقالىسىنىڭ بېشىدا (ژۇرنالنىڭ 3 ـ بېتىدە): ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى «زوراۋان ھاكىمىيەتكە، زۇلۇمغا قارشى سىنىپىي كۆرەشتىن باشلىنىپ، پەيدىنپەي كەڭ كۆلەم-

لىك مىللىي قىرغىنچىلىققا يۈزلەنگەن تراگېدىيە»، دەيدۇ. ئۈچ
ۋىلايەت ئىنقىلابى شۇنداق بولسا، قانداقلارچە جۇڭگو دېموكراتىك
ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولالايدۇ؟ بەزى ئىغۋاگەرلەر «ئۈچ ۋىلا-
يەت ئىنقىلابى خەنزۇلارغا قارشى ئىنقىلاب»، دېگەنىدى. بەزىلەر:
«ئۈچ ۋىلايەت خەنزۇلارنى قىرىپ تۈگەتكەن» دېگەنىدى. چېن
شىمىڭ ئەنە شۇ گەپلەرنى يېڭىچە جۈملىلەر بىلەن تەكرارلىغان.
ئاپتونوم رايوننىڭ ستاتىستىكىسىدا ئېنىقلىنىشىچە، 1949 -
يىلى ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە 35 مىڭ خەنزۇ پۇقرا ياشىغان.
ئۇرۇش بولغانىكەن، ئادەم ئۆلۈش بولىدۇ. دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن
ئۇرۇشلاردا ئۆلگەنلەرنىڭ تەخمىنەن يېرىمى پۇقرالار دېيىشكە
بولىدۇ. جەڭدە ئادەم ئۆلگەندىن باشقا ئالدىنقى سەپ ئەتراپىدا،
ئارقا سەپتە پۇقرالار ئۆلىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يامان ئادەملەرنىڭ
بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشى، ئۆچمەنلىك قىلىشى بىلەنمۇ ئادەم ئۆل-
تۈرۈشلەر بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا خاتا بۇيرۇق ياكى خاتا سىياسەت
تەسىرى بىلەنمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيادا
ئىرقىي، دىنىي زىددىيەتلەر بىلەن بىر - بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان،
قىرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە.

ئۈچ ۋىلايەتتە خەنزۇلارنى ئۆلتۈرۈش خاتالىقى ئۆتكەن. خاتا-
لىقنىڭ قانداق دائىرىدە ۋە قانچىلىك دەرىجىدە بولۇشىدىن قەت-
ئىينەزەر خەنزۇ پۇقرالارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى توغرا ئەمەس. ئەينى
يىللاردا ئۈچ ۋىلايەتتە خەنزۇلارنى بۇلىغان، ئۆلتۈرگەن يامان ئا-
دەملەرگە چارە كۆرۈلگەن، بىر قىسمىغا قانۇن بويىچە ئۆلۈم
جازاسى بېرىلگەن. ئۈچ ۋىلايەتتىكى مىللىي مەسىلە ھەققىدە بۇ-
رۇن بەزى ماقالىلىرىمدە پىكىرلىرىمنى ئېيتىپ ئۆتكەنلىكىم
ئۈچۈن، بۇ يەردە ئۇنى تەكرارلىمايمەن. دېمەكچىمەنكى، مەسىلى-
نىڭ بىر تەرەپلىمە قويۇلمىغىنى ياخشى، بىر تەرەپلىمە قويۇلسا،
مەسىلە ھەل بولمايدۇ، ئەكسىچە مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ.

ژۇرنالنىڭ 17 - بېتىدە ئاباسوف بىلەن جاڭ زىگېنىڭ مۇ-
ناسىۋىتى ھەققىدە سۆز بولۇپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «1946 - يىل

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاڭ سەھەر 5 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، جاڭ زىگې گېزىتىنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى كۆرۈپ بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئابدۇكېرىم ئابباسوف جاڭ زىگېنىڭ ياتىقىغا ئۇچقاندەك كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ: ‹ۋېن پېيرەن قولغا ئېلىنىپتۇ›، دېدى... بىرىم سائەت ئۆتمەيلا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ يېڭى بىناغا بېرىپ، جاڭ جىجۇڭ بىلەن جېدەللە-شىپ كېتىشىنى كىم بىلسۇن!». بۇ ئابزاسقا قارىتا پىكرىم:

1) ئابدۇكېرىم ئابباسوف جاڭ زىگې ئەپەندى بىلەن 1946 ـ يىلىدىن بۇرۇن تونۇشامتى؟ جاڭ زىگې ئەپەندى شىنجاڭغا كەلگەن ۋاقىتلاردا ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدا قاتناش يوق ئىدى. ئۇ چاغدا ئابباسوف ئىلىدا ئىدى. دېمەك، 1944 ـ 1946 ـ يىللىرى ئۇرۇش يىللىرى بولۇپ، ئۈرۈمچى ـ ئىلى ئوتتۇرىسىدا قاتناش يوق ئىدى. ئابباسوفنىڭ تونۇمىغان، بىلمىگەن ئادەمنىڭ قېشىغا، بولۇپمۇ گومىنداڭ گېزىتخانىسىنىڭ باش تەھرىر ئىش-خانىسىغا سىياسىي مەسىلىنى خەۋەر قىلىپ كىرىشى مۇمكىن-مۇ؟ ياكى بولمىسا جاڭ زىگې ئالاھىدە ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئاببا-سوف بىلەن مەخپىي ئالاقىسى بولغىيمىدى؟

2) ئۈچ ۋىلايەت بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمى، ئاب-باسوف قاتارلىق ئون نەچچە مەسئۇل خادىم 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئېچىلغان ئام-مىۋى چوڭ يىغىنغا قاتناشقان. ئابباسوفنىڭ ئۈرۈمچىگە كې-لىپ، تېخى ئۈرۈمچى كوچىلىرىغا چىقماي تۇرۇپ، تونۇشمىغان بىر كىشىنى ـــ ئۆلكە گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى جاڭ زىگېنى ئىزدەپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشى مۇمكىنمۇ؟

3) ئابباسوف قاتارلىق ئون نەچچە كىشى ئىلىدىن ئۈرۈم-چىگە ئايروپىلان بىلەن كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن يولنىڭ ئې-چىلىشىغا ئەگىشىپ ماشىنا قاتنىشى باشلانغان. بىرىنچى تۇر-

كۆمدە ئۈرۈمچىگە كەلگەنلەر ئىچىدە ۋېن پېيىرەن يوق ئىدى. ئۇ قانداق قىلىپ 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۈرۈمچىدە گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ؟ ۋېن پېيىرەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۇنداق تېزلا ئۈرۈمچىگە كېلەلمەيتتى.

4) ئاباسوف ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ ئەپەندىنى رەسمىي سورۇنلاردا تېخى بىر ـ ئىككى قېتىملا كۆرگەن، شۇنداق ئەھۋالدا ئۇ: چوڭ بىر مەسىلىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ جېدەللىشىپ كەتسۇن؟ جاڭ زىگې ئەپەندى باشقىلارنى ئۆزىنىڭ توقۇلمىلىرىغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئاباسوفنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاقتىنى سائەت ـ مىنۇتلىرىغىچە كۆرسىتىپ ئاۋارە بولغان. ھەتتا 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يەنى بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەشكىل بولغان چوڭ يىغىن ئېچىلىدىغان كۈنى ئاباسوف قانداق قىلىپ جاڭ زىگېنىڭ ئۆيىگە بارالىسۇن؟

چېن شىمىڭ «قانغا بويالغان قۇملۇق» دېگەن كىتابنى «تارىخىي خاتىرە تېپىدىكى ئەدەبىي ئەسەر»، دەيدۇ. قانداق ئەسەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تارىخنى يازغانىكەن، تارىخىي ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى كېرەك. بولمىسا «ئەپسانە» گە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىر بولىدۇ. لېكىن تەسۋىرمۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشى، ئىلمىي بولۇشى لازىم. بىر تال تېرىقنى قوناقتەك، ئېشىپ كەتسە قاقتەك قىلىپ تەسۋىرلەش مۇمكىن دەپ قارىغاندىمۇ، بىر تال تېرىقنى تاۋۇزدەك قىلىپ كۆرسەتسە، ئۇ ئەپسانە بولۇپ قالىدۇ ـ دە، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. تارىخىي شەخسلەرنى يېزىشتا، بولۇپمۇ قەھرىمانلارنى يېزىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا يەنىمۇ چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئەكس تەسىر بېرىپ قويىدۇ.

چېن شىمىڭ تونۇشتۇرغان «قانغا بويالغان قۇملۇق» ناملىق كىتابنىڭ مۇھىم بىر نەچچە نۇقتىلىرىنىڭ ئەمەلىيەت بولماي،

پۇتۇنلەي توقۇلمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئۆزۈم كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىم ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتتۇم. چېن شىمىڭ ئەپەندى يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، «قانغا بويالغان قولمۇق»نى «ئەمەلىيەتنى يازغان... چىنلىقنى يازغان، ياسالمىلىق يوق...» دېيىش ئارقىلىق جاڭ زىگې ئەپەندىنى «ئۇچ ۋىلايەتنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى ئاچ ـ تى»، دەپ كۆچىگەن. ئۇ ژۇرنالنىڭ 3 ـ بېتىدە: «شىنجاڭدا نۇر ـ غۇن يىل ئىشلىگەن، ‹شىنجاڭ گېزىتى› ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان ۋە شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدىمۇ ۋەزىپە ئۆتىگەن جاڭ زىگې 80 ياشتىن ئاشقان چېغىدا بۇ چەكلەنگەن رايونغا (ئۇچ ۋىلايەتنى دېمەكچى) دادىل بۆسۈپ كىرىپ، ‹قانغا بويالغان قولمۇق› دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىپ، مۇرەككەپ ئىلى بورانلىرىنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسىنى ئېچىۋەتتى»، دەيدۇ. يەنە بىر بېتىدە جاڭ زىگې ئەپەندى «ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ھاياتىغا دائىر بىر قىسىم قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارغا ئېرىشكەن، شۇڭا ئۇ ئۇچ ۋىلا ـ يەت ئىنقىلابىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئىچكى ئەھۋالنى ئېچىپ بەردى... سۆزلەشكە بولمايدىغان سىرلارنى خەلقى ـ ئالەمگە ئاش ـ كارىلىدى»، دەيدۇ. چېن شىمىڭ ئەپەندىنىڭ ئۇچ ۋىلايەت ھەققىـ ـدە يېزىلغان مەسىلىلەرگە باھا بېرىش ئۇچۇن، ئۇچ ۋىلايەتنى كۆرمەي، بىلمەي تۇرۇپ، كىتابتىكى سۆز، بايانلار ئۆزىنىڭ قا ـ رىشىغا ئوخشىغانلىقى ئۇچۇنلا «ھەممىسى راست»، «ھەممىسى ئەمەلىيەت» دەپ ماختىغانلىقى ئېنىق تۇرۇپتۇ. ئاپتور ئابدۇكې ـ رىم ئابباسوفنىڭ ھاياتىغا دائىر قانداق قىممەتلىك ماتېرىياللار ـ غا ئىگە بولغاندۇ؟ بۇ ماتېرىياللار بىلەن كىم تەمىنلىگەندۇ؟ ئاب ـ دۇكېرىم ئابباسوفنىڭ سەپداشلىرى، دوستلىرى بىلمەيدىغان قانداق «سىرلار» باردۇ؟

يەنە ماقالە ئاپتورىنىڭ «... كىتابنى يېزىپ چىقىپ، مۇرەك ـ كەپ ئىلى رايونىنىڭ سىرلىق چۈمپەردىسىنى ئېچىۋەتتى» دې ـ يىشى، مېنىڭچە، ئۇنىڭ «خەنزۇلارنى قىرىۋەتتى. ش ت ھۆكۈمى ـ

تى قوردى... سوۋېت قورالىلىق كۈچلىرىنىڭ ياردەم بېرىشىگە ئېرىشتى»، قاتارلىقلارنى ئۈچ ۋىلايەتتىكى «سىرلار» دەپ تونۇ-غانلىقىدىن بولسا كېرەك. بىراق، بۇ مەسىلىلەرنى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ھېچقانداق سىر ھېسابلىمىغان، ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى-مۇ بۇلارنى يوشۇرغان ئەمەس. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ يالغان، تۆھمەت ياكى مۇبالىغىلەرنى رەت قىلىپ كەلدى.

چېن شىمىڭ ئەپەندىنىڭ جاڭ زىگې ئەپەندىنىڭ بۇ كىتابى-نى شۇنچە كۆككە كۆتۈرۈپ تونۇشتۇرغانلىقىغا ھەيرانمەن. بەل-كىم ئۇلار ئەينى يىللاردىكى سەپداشلار ياكى زامانداشلار بولۇشى مۇمكىن. 1949 ـ يىلى 9 ـ ئايدا رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا «جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى»، دەپ باھا بەرگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. شۇنىڭدىن كې-يىن ۋاڭ ئېنماۋ، ۋاڭ لېچۈەن شۇجىلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ياكى ئۇنىڭ قۇربان بولغان رەھبەرلىرىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆز قىلغاندا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماۋ زېدۇڭ بەرگەن باھا ئاساسىدا يۇقىرى باھا بېرىپ كەلدى. لېكىن، بەزى كىشىلەر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى ئېتىراپ قىلىسمۇ، ھە دېسىلا ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى مۇبالىغە قىلىپ سۆزلەشكە ئامراق. ھەتتا بۇنداق قىلىشنى «ئەمەلىيەتنى سۆزلىگەنلىك» بولىدۇ، دېسە كېرەك. بە-زىلەر بولسا كوچا پاراڭلىرىنى يىغىۋېلىپ، «ھەقىقەتنى سۆزلى-دىم»، «ئىچكى سىرنى بىلدىم»، دەيدۇ. جاڭ زىگې ئەپەندى بىلەن چېن شىمىڭ ئەپەندى ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولسا كېرەك. ئەينى يىللاردىكى ئۈچ ۋىلايەت ۋەزىيىتىنى بىلمە-دىغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقانلار «قانغا بويالغان قوم-لۇق» تىكى مەن كۆرسەتكەن نۇقتىلارنى رەت قىلماي تۇرالمايدۇ. ئەينى يىللاردا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ سەپداشلىرى، خىز-مەتداشلىرىدىن بولغان خەنزۇ زىيالىيلاردىن لى تەييۇ (ئىجتىما-ئىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە)، چېن شىخۇا (ئاپتونوم رايونلۇق

سىياسىي كېڭەشتە)، فېي رۇي (ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىدە) قاتارلىق كىشىلەر ھازىرمۇ ھايات، ئۇلار ئاباسوفنىڭ پائالىيەتلىرىدىن خەۋەردار، ھەتتا بەزىلىرى ئۈچ ۋىلايەتكە بارغان ۋە ئۇ يەردە خىزمەت قىلغان، كېيىنكى يىللاردا مەسئۇل خىزمەت ئۆتەپ، دەم ئېلىشقا چىققان. ئاپتورنىڭ شۇ كىتابى ھەققىدە شۇ كىشىلەردىن پىكىر ئېلىش تەكلىپىنى بېرىمەن. ئۇلار «كىتاب»قا قوشۇلماسلىقى مۇمكىن. ئاڭلىشىمچە، ئۇ زىيالىيلاردىن ھېلىقى كىتابنى ئوقۇغانلار ھەيران بولغان. ئۇلاردىن بىرىنىڭ كىتابتىكى يالغان گەپلەرنى كۆرۈپ قاتتىق رەنجىگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدىم.

# چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسى زادى نەدە؟

«چىڭگىزخان ــــ جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى يايلاق كۆچمەنلىرى
مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسى» يېقىندا بېيجىڭدىكى ئەسىرىستانىدا
ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمە گەرچە «چىڭگىزخان» دېگەن
بايراقنى كۆتۈرۈپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن كۆرگەزمە قىلىنغان
300 يادىكارلىق ئىچىدە ئىككىسىلا چىڭگىزخان بىلەن مۇناسىـ
ۋەتلىك، ئۇنىڭ بىرى، چىڭگىزخاننىڭ يارلىقى، يەنە بىرى،
چىڭگىزخاننىڭ 3 ـ قىزىنىڭ مىس مۆھۈرى، خالاس.

ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇنداق ھا-
لەتنى پەيدا قىلغان سەۋەب ناھايىتى جىق ئىكەن، بىراق ئەڭ
مۇھىمى چىڭگىزخان قەبرىسىنىڭ ئورنىنىڭ تاكى بۈگۈنگىچە
نامەلۇم بولۇپ تۇرۇشى ئىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىمقى
كۆرگەزمە سىرلىق چىڭگىزخان قەبرىسىنى يەنە بىر قېتىم كۆپ-
چىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغان تېمىغا ئايلاندۇردى.

**قەبرە ئورنى توغرىسىدىكى تۆت خىل پىكىر**

ئىچكى موڭغۇل مۇزېيىنىڭ باشلىقى شاۋچىڭلۇڭنىڭ تو-
نۇشتۇرۇشىچە، چىڭگىزخان قەبرىسىنىڭ ئېنىق ئورنى مەسىلى-
سى مەملىكىتىمىزدىكى ئارخېئولوگلارلا كۆڭۈل بۆلىدىغان مە-
سىلە بولۇپ قالماستىن، جۇڭگو پۇقرالىرىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل
بۆلىدىغان مەسىلە ئىكەن. ھازىر تاڭ، سۇڭ، مىڭ، چىڭ سۇلالى-
لىرى پادىشاھلىرىنىڭ قەبرىسى تېپىلدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزى-
لىرى ئېچىلدى، پەقەت يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ قەبرى-
سىلا تېپىلمىدى. چىڭگىزخان قەبرىسىنىڭ تېپىلمىغانلىقى سە-
ۋەبىدىن بۇ كۆرگەزمىدە ھەقىقىي مەنادىكى «چىڭگىزخان مەدەنى-
يەت يادىكارلىقى» تولىمۇ كەم بولۇپ قالغان.

كۆپ يىللاردىن بۇيان چىڭگىزخان قەبرىسىنىڭ كونكرېت

ئورنى توغرىسىدا ئىلىم ساھەسىدىكىلەردە مۇنداق تۆت خىل پە-كىر توغۇلدى: بىرىنچى خىل پىكىردىكىلەر چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسى موڭغۇلىيىدىكى خىنتىيىن تېغىنىڭ جەنۇبىدا دەپ قارايدۇ؛ ئىككىنچى خىل پىكىردىكىلەر ئوردوس يايلىقىدا دەپ قارايدۇ؛ ئۈچىنچى خىل پىكىردىكىلەر چيەنلىشەن تېغىدا دېسە، تۆتىنچى خىل پىكىردىكىلەر ئالتاي تېغىدا دەيدۇ. قەبرە ئورنى-نىڭ تېپىلماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەب يۈەن سۇلالىسى ئور-دىسىكىلەرنىڭ مەخپىي دەپنە قىلىش تۈزۈمىنى قوللانغانلىقىدا، يەنى پادىشاھلار قەبرىسىگە بەلگە قويۇلمايدىغانلىقى، ئېلان قى-لىنمايدىغانلىقى ۋە خاتىرە يېزىپ قالدۇرۇلمايدىغانلىقىدا.

مۇزېي باشلىقى شاۋ چىڭلۇڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ھۆججەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسى ھازىرقى موڭغۇلى-يىنىڭ خىنتىيىن تېغىدىكى مەلۇم يانتۇلۇقنىڭ جەنۇبىي تەرە-پىدە، لېكىن كونكرېت ئورنى توغرىسىدا تېخى ھۆكۈم قىلماق تەس، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: خىنتىيىن تېغىنىڭ دائى-رىسى ناھايىتى كەڭ، كەڭلىكى 200 ـــ 300 كىلومېتىر كېلى-دۇ، 1000 كىلومېتىردىن كۆپرەك ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان. ئالا-قىدار تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە چىڭگىزخان ھايات چېغىدا بىر كۈنى خىنتىيىن تېغىدىكى بىر تۈپ قارىياغاچ تۈۋى-دە ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدۇ، كېيىن بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، قول ئاستىدىكىلەرگە: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن مېنى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىڭلار»، دەيدۇ.

**مەخپىي دەپنە قىلىنغان، كۆرمىڭلىغان ئاتقا چەيلىتىلگەن**

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى زامانىدا ئۆتكەن ئەدىبلەرنىڭ خا-تىرىلىرىدىمۇ: «چىڭگىزخان شۇ يىللىرى نىڭشىيادا كېسەل بىلەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ جەسىتى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى خىنتىيىن تېغىنىڭ تۈۋىنىدىكى بىر يەرگە ئېلىپ كېلىنىپ، چوڭقۇر دەپنە قىلىنغان. جەسىتى بىر پۈتەك تاۋۇتقا سېلىنغان.

پۈتەك تاۋۇت دېگىنى چوڭ ياغاچنىڭ بىر بېشىنى كېسىپ، ئىچى ئويۇلۇپ تەييارلانغان تاۋۇت. پۈتەك تاۋۇت قويۇلغاندىن كېيىن توپا بىلەن تىندۇرۇلىدۇ ۋە ئۈستى ئاتقا چەيلىتىلىدۇ. باشقىلار-نىڭ بۇ يەرنىڭ كولانغانلىقىنى سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، تۇ-مەنلىگەن ئاتقا چەيلىتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ چۆرىسىگە چېدىر تىكىپ قورشىلىدۇ. كېيىن شۇ يەرگە ئوت ـ چۆپ ئۈنۈپ ئەترا-پىدىكى يەرلەر بىلەن پەرقى قالمىغاندىن كېيىنلا چېدىر ئېلىپ كېتىلىدۇ، بۇ ھالەتتىكى قەبرىنىڭ ئورنى ئاشكارىلانمايدۇ.

يېزىلمىلارغا قارىغاندا، بىر يۈرۈش دەپنە ئىشلىرى تۈگە-گەندىن كېيىن، موڭغۇللار دەپنە قىلىنغان جايدا بىر بوتىلاقنى بوغۇزلايدۇ، بۇ ۋاقىتتا بۇ بوتىلاق بىلەن بىللە كەلگەن ئانا تۆگە بۇنى كۆرۈپ ئازابلىق بوزلايدۇ ۋە بۇ يەرنى ئېسىدە چىڭ ساقلاي-دۇ، 2 ـ يىلى نەزىر قىلغاندا ئانا تۆگىنى يېتىلەپ شۇ ئەتراپقا ئېلىپ كەلگەندە ئۇ يىراقتىن قايغۇلۇق بوزلىغىنىچە ھېچنېمىگە قارىماي ئۇچقاندەك چېپىپ بوتىلاق بوغۇزلانغان جايغا كېلىپ توختايدۇ، نەزىر قىلىدىغانلار شۇنداق قىلىپ دەپنە قىلىنغان ئورۇننى تاپالايدۇ.

يۈەن سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەپنە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن تا بۈگۈنگىچە ئۇلاردىن بىرەرسىنىڭ قەب-رىسى تېپىلمىدى. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىدە بىر پۈتەك تاۋۇت كۆرگەزمە قىلىندى، ئۇ جۇڭگو ئارخېئولوگلىرى تۇنجى قېتىم ئاچقان يۈەن سۇلالىسى زامانىدىكى موڭغۇللارنىڭ تاۋۇت مەخپىد-يەتلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئارخېئولوگلارنىڭ قېزىشىدىن ھېچنىمە ھاسىل بولمىدى**

چىڭگىزخان قەبرىسىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خەلقئارا ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى قىزىقتۇرىدىغان تېمىغا ئايلاندى. لېكىن چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسىنى تېپىش ھەرگىزمۇ ئاددىي ئىش ئەمەس، ئۇنى تېپىش ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغ ۋە ئادەم كۈچىنى مۆلچەرلەش تەس.

شاۋ چىڭلۇڭنىڭ ئاشكارىلىشىچە، بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلـ-
گىرى ياپونىيىلىكلەر چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسىنى تېپىش ئۈچۈن
كاتتا ئارخېئولوگىيىلىك پىلاننى يولغا قويغان، نەتىجىدە 1 مىلـ-
يارد 200 مىليون يەن خەجلەپ خىنتىيىن تېغى ئۈپچۆرىسىدە
200 ـــ 300 قەدىمىي قەبرىنى كولاپمۇ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىـ-
گەن. 2002 ـ، 2003 ـ يىللىرى ئامېرىكىلىقلارمۇ چىڭگىزخان
قەبرىسى ئۈستىدە كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ،
سىرتى تاش تام بىلەن قورشالغان بىر قەبرىنى تاپقان، ئەمەلىـ-
يەتتە ئۇ بىر ھۇن قەبرىسى بولۇپ چىققان.

ھەرقايسى دۆلەت ئارخېئولوگلىرىنىڭ چىڭگىزخاننىڭ قەبـ-
رىسىنى ئىزدەش جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئۈستۈنلۈكى بار. موڭغۇ-
لىيىنىڭ ئۈستۈنلۈكى جۇغراپىيىۋى جايلىشىش جەھەتتىكى
ئۈستۈنلۈك، يەنى خىنتىيىن تېغى ئۆزىنىڭ تەۋەسىدە. جۇڭگو-
نىڭ ئۈستۈنلۈكى تارىخىي ماتېرىيال جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك بو-
لۇپ، مەيلى موڭغۇلچە ماتېرىيال بولسۇن، ۋە ياكى خەنزۇچە ما-
تېرىيال بولسۇن، ئۇلار ناھايىتى تەپسىلىي ھەم تولۇق. ياپونىيە
بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئۈستۈنلۈكى مەبلىغىنىڭ كەڭ ـ كۇشادە
بولۇشىدا. شاۋ چىڭلۇڭ يەنە بۇ يىل 7 ـ ئايدا دۆلەت مەدەنىيەت
يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۆمىكى موڭغۇ-
لىيىگە بارغاندا، چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسىنى ئىزدەپ تېپىش
ئىككى تەرەپنىڭ مۇھاكىمە تېمىلىرىنىڭ بىرى بولغانلىقىدىن
ئۇچۇر بەردى.

**ئىمپېرىيە بوۋىسىنىڭ قەبرىسىدە نېمىلەر باردۇ؟**

تارىختىكى ھەممىدىن چوڭ ئىمپېرىيە ـــ يۈەن ئىمپېرد-
يىسىنىڭ بوۋىسى ھېسابلىنىدىغان چىڭگىزخاننىڭ قەبرىسىگە
زادى نېمىلەر كۆمۈلگەندۇ؟

ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، ـــ دەيدۇ شاۋ
چىڭلۇڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، ـــ چىڭگىزخاننىڭ ھاياتى ھەربىي
يۈرۈش ئىچىدە ئۆتكەن ھايات، 500 دىن ئارتۇق خوتۇنى بولغان

تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ھاياتىنى ھەشەمەت ئىچىدە ئۆتكەن دېگىلى بولمايدۇ. موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە ئۆلگەندىن كېيىن بىللە كۆمۈلىدىغىنى ھايات چېغىدا دائىم ئىشلىتىلىدىغان نەر ـ سىلەردىن ئىبارەت، خان ـ پادىشاھلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، چىڭ ـ گىزخان ئۆلگەندىن كېيىن قوشۇپ بىللە كۆمۈلگىنى ھايات ۋاقتىدا جەڭلەردە مىنگەن ئېتىنىڭ ئىگىرى، ئالتۇن جام ۋە نا ـ زىنىنلاردىن ئىبارەت. لېكىن كونكرېت سانى نامەلۇم. چىڭگىز ـ خان ھايات چېغىدا سان ـ ساناقسىز لەشكەر ئىشلەتكەن، يۇەن ئىمپېرىيىسى قىلغان جەڭلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۇدەك غەلىبە قازانغان، شۇڭا ئۇنىڭ قەبرىسىدە ئۇ ئىشلەتكەن شەمشەر ـ قىل ـ لىچ، ئوقيا، ساۋۇت ـ دوبۇلغا قاتارلىق ھەربىي قورال ـ ياراغلار ناھايىتى كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

شاۋ چىڭلۇڭ مۇنداق ھۆكۈم قىلىدۇ: چىڭگىزخان قەبرىسى ـ نىڭ چوڭقۇرلۇقى كەم دېگەندىمۇ 10 نەچچە گەز كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇققا كەم دېگەندىمۇ 100 نەچچە ئادەم پاتىدىغان كىگىز ئۆي ياسىغىلى بولىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق بولۇ ـ شى مۇمكىن، چىڭگىزخانغا ئىشلىتىلگەن پۈتەك تاۋۇتقا كەل ـ سەك، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال مىڭ سۇلالىسى زامانىدى ـ كى ياكى چىڭ سۇلالىسى زامانىدىكى خان ـ پادىشاھلارغا ئىشلى ـ تىلگەندەك ئالتۇن زەنجىر بولماسلىقى، بەلكى چوڭ ھىنگان قا ـ تارلىق جايلاردا بولىدىغان قارىغاي قاتارلىق يىڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخ ياغىچى بولۇشى مۇمكىن.

«چۇڭچىڭ شەھەر گېزىتى» دىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **نۇرمۇھەممەت دۆلەتى**

# «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ پارىژ، بېيجىڭ ۋە سانكىت پېتربۇرگ پارچىلىرى توغرىسىدىكى ئىزاھلار

—— «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى،نىڭ 3 ـ بۆلۈمى» دېگەن كىتابقا يېزىلغان كىرىش سۆز

## مەھمەت ئۆلمەز، كلاۋس رۆھربورن

تەرجىمانلاردىن:

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» تۈركولوگىيە تەتقىقاتىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئەسەر مەزمۇن جەھەتتە دىنىي ۋە دىنىي بولمىغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. بىز بۇ يەردە يەنە كۆپلىگەن يەر ۋە قەبىلە ناملىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە شەكىللىرىنى بۇ ئەسەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆگەنگەنلىكىمىزنى ئەسكەرتمەي تۇرالمايمىز.

بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچە ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ بار بولۇشى بۇرۇن ئۇچرىمىغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە مەنىسىنى ئېنىقلاشقا ئىمكانىيەت بەرمەكتە (ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىنىڭ 6 ـ بېتىگە قاراڭ).

ئەسەرنىڭ يېقىندا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن 3 ـ بۆلۈمىنى نەشرگە تەييارلىغان پرفېسسور، دوكتور مەھمەت ئۆلمەز (تۈركىيە) ۋە پروفېسسور، دوكتور كلاۋس رۆھربورن (گېرمانىيە) ئەسەرنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا يۇقىرىقىلارنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.

قەدىمكى تۈركىي تىل تەتقىقاتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئاپىسى مەريەم خانىم (ئا. ۋ. گابائىن) 1932 ـ يىلى بۇ ئەسەرنى ئېنىقلاپ چىققاندىن تارتىپلا بۇ ئەسەر دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەتقىقات مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇزۇن يىللاردىن بويان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ۋە قايىل قىلارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن باشقا تەتقىقاتچىلارغا ئۈلگە بولۇۋاتقان بۇ ئىككى ئۇستاز بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان بۇ كىتاب (يەنى «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 3 ـ بۆلۈمى) ئىككى تىلدا (گېرمانچە ۋە تۈركچە) ۋە تولۇق ئىزاھاتلىرى بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ يېزىلغانلىقى، شۇنىڭدەك بۇ جەھەتتىكى ئەڭ يېڭى ۋە تولۇق تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى قوللانغانلىقى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئەسەرگە بېرىلگەن كىرىش سۆز ئارقىلىق بۇ ئۆلمەس تەزكىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى تېپىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ ھازىرغىچە بېسىپ ئۆتكەن جەريانلارنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي يورۇتۇپ بەرگەنلىكى بىلەنمۇ ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

شۇ سەۋەبتىن بىز بۇ كىتابنىڭ كىرىش سۆز قىسمىنى (1 ـ بەتتىن 12 ـ بەتكىچە) كەڭ ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىققىتىگە سۇنۇش مەقسىتىدە تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتۇق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خۇش خەۋەرنى ئۆز ئانا تىلىمىزغا تەرجىمە قىلىشىمىزغا رۇخسەت قىلغان ئەسەر ئاپتورلىرى ۋە ئۇستازلىرىمىز پروفېسسور، دوكتور كلاۋس رۆھربورن بىلەن پروفېسسور، دوكتور مەھمەت ئۆلمەزلەرگە سەمىمىي مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرىمىز.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەردىن «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» قوليازمىسىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى بۈگۈنكى كۈندە پارىژ، بېيجىڭ، سانكت پېتىربۇرگلاردا ساقلانماقتا. ئەسەرنىڭ قەيەردىن ۋە كىم تەرىپىدىن

تېپىلغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىر بېيجىڭ دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا [1] ساقلىنىۋاتقان 240 ـ ۋارىقى 1930 ـ يىلى سۋېن. ۋ. ھېدىننىڭ تۇرپانغا [2] قىلغان سەپىرىگە قاتناشقان بېيجىڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى يۈەن فۇلى (袁 复 礼 )غا ئۇرۇمچىلىك بىر سودىگەر تەرىپىدىن تۇرپاندا سېتىپ بېرىلگەن. سودىگەرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا، بۇ قولىيازما تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىن تېپىلغان. بۇ سودىگەر ھۆكۈمەتنىڭ ئەسەرنى تارتىۋېلىشىدىن قورققان بولسا كېرەك، شۇڭا ئەسەرنىڭ ئەسلى تېپىلغان ئورنىنى ئېنىق ئېيتمىغان [3]. ئا. ۋ. گاباﺋىن شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن ھېچقانداق بىر قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرنىڭ تېپىلمىغانلىقىغا ئاساسەن بۇ قولىيازمىنى تۇرپاندىن تېپىلغان، دەپ قارايدۇ [4]. ئەينى ۋاقىتتا بېيجىڭ خەلقئارا كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇدىرى يۈەن تۇڭلى( 袁 同 礼) نىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى بولغان يۈەن فۇلى بۇ قولىيازمىنى كۇتۇپ-خانىغا تەقدىم قىلغان [5]. 1932 ـ يىلىغا كەلگەندە ئا. ۋ. گاباﺋىن بۇ قولىيازمىنىڭ قايسى ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى.

بۇ قولىيازمىنىڭ نۇرغۇن بەتلىرىنىڭ بىر بىرىگە چاپلىشىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن، كۇتۇپخانا ئا. ۋ. گاباﺋىننىڭ مەسلىھەتىگە ئاساسەن قولىيازمىنى شۇ ۋاقىتتا بېرلىندىكى قەدىمكى ئەسەرلەر مۇزېيىدا قەدىمكى ئەسەرلەرنى رەتلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بول-غان، پرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە كۆپ قېتىم ئىشلىگەن دوكتور ھيۇگو ئىبسشېر (Hugo Ibscher)گە ئەۋەتىپ بەرگەن[6]. ئەپسۇسكى، ئۇزۇن ئۆتمەي دوكتور ھيۇگو ئىبسشېر ۋاپات بول-غانلىقى ئۈچۈن قولىيازمىنى رەتلەش خىزمىتى ئاخىرىغىچە ئې-لىپ بېرىلماي قالغان. شۇندىن كېيىن بۇ خىزمەتنى ئاخىرلاش-تۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۇنىڭ ئوغلى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئەمما ئۇنىڭ خىزمىتى ئاستا داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن ئا. ۋ. گاباﺋىن ئۇنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ تېزرەك ئىشلىشىنى تەلەپ قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ ئەسەرنى رەتلەش خىزمىتىنى

غەلىبىلىك ئاياغلاشتۇرغان. ئا. ۋ. گاباﺋىنىنىڭ بىر پارچە خېتى-
گە ئاساسلانغاندا، بۇ قولىيازما 1946 - يىلى بىرئەنگلىيىلىك
ئالاقىلەشكۈچى ئوفىتسېرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بېيجىڭغا ئەۋە-
تىپ بېرىلگەن[7].

فېڭ جياشېڭ ئەپەندىنىڭ ئەسىرىنىڭ[8] كىرىش سۆز قىسى-
مىدا قولىيازمىنىڭ 1932 - يىلى گېرمان ناتسىستلىرىنىڭ ئو-
يۇنى ئارقىسىدا بېرلىنغا ئېلىپ قېچىلغانلىقى ۋە كېيىن 1946 -
يىلى «كۆپ قېتىملىق سۆھبەتلەر نەتىجىسى» دە قايتۇرۇپ كې-
لىنگەنلىكى بايان قىلىنغان. «ئېلىپ قېچىش» ۋە قايتۇرۇپ بې-
رىش خىزمىتىنىڭ ئارقىغا سوزۇلۇپ كەتكەنلىك سەۋەبىنى يۇ-
قىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق. ئەپسۇسكى، گاباﺋىنىنىڭ بۇ خىل
يول بىلەن بۇ قولىيازمىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانلىقى ئەقىل-
لىگە ئۇيغۇن ئەمەس[9]. ئۇنىڭ ئۈستىگە گاباﺋىنىنىڭ بېيجىڭدا
تىلغا ئېلىنغان بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق ئىدى. يۇقىرىدا تىلغا
ئېلىنغان كۆز قاراشلار فېڭ جياشېڭ ئەپەندىنىڭ ئۆز كۆز
قاراشلىرى بولماي، شۇ ۋاقىتتىكى سىياسىي ۋەزىيەت تۈپەيلىدىن
مەيدانغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. فېڭ جياشېڭ ئەپەندى ئالەم-
دىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تالانتلىق رەسساملاردىن بىرى
بولغان ئايالى 1982 - يىلى دوستانە سالاملىرى ئارقىلىق ئۆزى
سىزغان ئىككى پارچە رەسىم بىلەن بىللە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمى-
ھالى»نىڭ بېيجىڭدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىسىنىڭ فاكسىمىل
نۇسخىسىنى شەخسىي نامىدا گاباﺋىنغا ئەۋەتىپ بەرگەنىدى[11].

«شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» بېيجىڭ قولىيازمىسىنىڭ بەزى
كىچىك پارچىلىرى ئەينى ۋاقىتتا دىققەتسىزلىكتىن قايتۇرۇپ
ئەۋەتىلمەي قالغان. بۇ پارچىلارگېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى-
نىڭ تۇرپان توپلام ئىشلەش ئورنىدا بىر ئاياق كېيىم ساندۇقىدا
نەچچە ئون يىللاپ ساقلىنىپ قالغان. 2 - قىسىمغا ئائىت بول-
غان بۇ 13 پارچە ۋاراق 1986 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن
13 - كۈنىگىچە Rauischolzhausen دا Gieben ئۇنىۋېرسىتېتى

بويىچە ئېچىلغان. ئا. ۋ. گاباﺋىن قاتناشقان يىغىندا پېتېر زىمې تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلدى[12].

يوسىپ خاككىن (Joseph Hackin) نىڭ 1932 ـ يىلى سۇرىيىدىن بېيجىڭغىچە ئېلىپ بارغان Citroen ئېكسپېدىتسىيەسى جەريانىدا تۇرپاندىن [13] سېتىۋالغان قولىيازمىلىرى بۈگۈنكى بېيجىڭ قولىيازمىسىنىڭ سەككىز بېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، H1 دىن H8 گىچە نومۇر بېرىلگەن[14]. خاككىن بۇ پارچىلارنى بېيجىڭدا ئا. ۋ. گاباﺋىنغا كۆرسەتكەن، كېيىن پارىژدىكى ۋاقتىدا بۇ پارچىلارنى ئۇنىڭغا بەرگەنىدى[15]. 1941- يىلى (خاككىن ئەنگلىيە هاۋا ئارمىيىسىدىكى ۋاقتىدا) گېرمانىيە هاۋا ئارمىيىسى تەرىپىدىن ئېتىپ چۈشۈرۈلدۇ. «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىهالى»نىڭ خاككىندىن ئېلىنغان قولىيازما پارچىلىرىنى ئا. ۋ. گاباﺋىن ئۇرۇشتىن كېيىن بۇرۇنقى 240 ۋاراق قولىيازما بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. بۇلار بېيجىڭ كۇتۇبخانىسىدا هازىرغىچە ساقلانماقتا.

1931 ـ يىلى كۈزدە، يەنى ئا. ۋ. گاباﺋىن بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا شىنجاڭ چۆچەكلىك، گېرمانىيىدە دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇۋاتقان فەهمى مۇرات بېرلىندىكى پرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە بىر قىسىم قەدىمكى ئۇيغۇرچە قولىيازمىلارنى ساتماقچى بولىدۇ. رەشىت رەهمەتى ئارات بىلەن فەهمى مۇرات سودىلىشىدۇ[16]. ر. ئارات بۇ قولىيازمىلارنى تېخىمۇ تۆۋەن باهادا سېتىۋېلىش ئۈچۈن دەرهال سېتىۋالمايدۇ، هەتتا بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ قايتىپ كېتىشىگىمۇ توسقۇن بولمايدۇ[17].

فەهمى مۇرات ئەكسىچە پارىژغا بېرىپ بۇ 123 ۋاراقتىن ئىبارەت بولغان «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىهالى» قولىيازمىسىنى 16 ۋاراق ئابىتاكى بىلەن قوشۇپ 8000 فرانكقا گۈيمېت مۇزېيىغا ساتىدۇ. بۇ قولىيازمىلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى تىزىملانغان نومۇرى 47476[18]. ر. ئاراتنىڭ «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىهالى» پارىژدىكى پارچىلىرىنىڭ ئۆتمۈشى هەققىدە يازغانلىرى[19] بىر بىرىگە

ماس كەلمەيدۇ[20]، ھەتتا بىرلا نۇقتىدا ئۇنىڭ دىگەنلىرىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ[21]. ئەمما فەھمى مۇرات ئاكادېمىيىدە ر. ئاراتنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىدا بۈگۈن ئىستانبۇلدا ساقلىنىۋاتقان ئابىتاكىنىڭ بەش پارچىسىنى ئۇنىڭغا ساتقان يا- كى ھەدىيە قىلغانلىقىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن[22].

كىرىش سۆز قىسمىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، سانكىت پېتىر بۇرگدا ساقلىنىۋاتقان[23] 94 ۋاراقنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە ئەسەرنىڭ 8 ـ بۆلۈمىنىڭ[24] كىرىش سۆز قىسمىدا ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. ئەمما بۇ پارچىلارنىڭمۇ فەھمى مۇرات ۋە ياكى ئۇ- نىڭ ئائىلىسى تەرىپىدىن سېتىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىـ- دۇ. بۇ قولىيازما ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، مۇنداق قىلىش ئارقىلىق كۆپرەك پايدا ئېلىش مەقسەت قىلىنغان بولسا كېرەك، ھەر بىر بۆلەك بۇ ئەسەرنىڭ باش، ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى قىسىمـ- لىرىدىن ئىبارەت بولغان. بۇ قولىيازمىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا قىـ- سىملىرىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. ئا. ۋ. گابائىن[25] ۋە خامىلتون[26]لارنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك بۇ قولىيازما ئىككى خالتىغا ئەمەس، بەلكى بىر خالتىغا سېلىنىپ يەرگە كۆ- مۈلگەن. ئەسەرنىڭ باش ۋە ئاخىرقى قىسىملىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

قولىيازمىنىڭ كۆرۈنۈشى

بۇ قولىيازمىنى تەتقىق قىلغان گابائىن[27] قولىيازمىنىڭ بەتـ- لىرى رەتلىنىشتىن بۇرۇنقى كۆرۈنۈشىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

«بۇ ئەسەر جىگەر رەڭلىك، يوللۇق قېلىن قەغەزگە يېزىلـ- غان، كەڭلىكى20 س. م، ئۇزۇنلۇقى 46 س. م بولۇپ، بەتلەرنىڭ تۆت ئەتراپى ئۇپراپ كەتكەن؛ پۈتۈن ساقلانغان بىرەر بەتنىمۇ تاپـ- قىلى بولمايدۇ. قولىيازمىنىڭ ھەر بىر قۇرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14 س. م، ھەر بىر بەتكە 27 قۇردىن خەت يېزىلغان. پۈتى تۆشۈكى ئەتراپىدىكى 6 ـ قۇر بىلەن 8 ـ قۇر ئارىسىغا قىزىل رەڭلىك بىر چەمبەر سىزىلغان. ئەسەرنىڭ قۇرلىرى ۋە ھەر بىر بەتنىڭ

تۆت ئەتراپىغا سىزىلغان سىزىقلار قىزىل رەڭدە، بەت نومۇرلىرى ئەينى چاغدىكى ئادەتلەرگە ئاساسەن بەت ئارقىسىغا يېزىلغان. بەتلەرگە بابلارغا ئاساسەن بەت نومۇرى قويۇلغان».

ئەسەرنىڭ 1 ـ بۆلۈمىدىن هازىرغىچە هېچقانداق پارچە تېپىلغىنى يوق[28]. ساقلانغان قەدىمكى مەتىن 2 ـ بۆلۈمنىڭ كېيىنكى چارىكى (يەنى خەنزۇچە مەتىن 3.232a, 50T.T)دىن باشلىنىدۇ. ئەمما بۇ پارچىلار بۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرقى قىسمىلىرىغىچە (خەنزۇچە مەتىن 20.233 b ) ئۇلىشىدۇ. هازىرغىچە 2 ـ بۆلۈمدىن ساقلانغىنى 24 ۋاراق بولۇپ، بۇلارنىڭ هەممىسى ناھايىتى ئۇششاق پارچىلاردىن ئىبارەت. بۇ پارچىلار 2 ـ بۆلۈمنىڭ ئوڭ تەرەپ تۆۋەنكى بۇلۇڭلىرى بولۇپ، هەر بېتىدە بەشتىن سەككىز قۇرغىچە خەت ساقلىنىپ قالغان. بۇلاردىن 14 ۋاراقنى پېتېر زىمې تەتقىق قىلىپ نەشر قىلدى[29]. بىر قىسىم كىچىك پارچىلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى[30]. بۇلار يېقىندا نەشر قىلىنغان قولىيازمىسىنىڭ 184 ـ ۋارىقىدىن 192 ـ گىچە بولغان ۋاراقلىرى بىلەن 194 ـ ۋارىقىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە كەم بولغىنى شۈەنزاڭنىڭ هىندىستان يولىدىكى سەپىرىنىڭ تەسۋىرى ۋە يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرچە شەكىللىرى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ مۇشۇ بۆلۈمنىڭ قىزىقارلىق نۇقتىلىرى ئىدى. شۈەنزاڭنىڭ هىندىستاندىن قايتىشىدا باشقا بىر يولنى تاللىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا بېسىپ ئۆتكەن يەرلىرىنىڭ تېخىمۇ ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن قايتىش سەپىرى تەسۋىرلەنگەن بۆلۈملەر بۇ بوشلۇقنى تولدۇرالمايدۇ.

بىز نەشر قىلغان 3 ـ بۆلۈمنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىن پەقەت ئۈچ ۋاراق كەم، قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەتىن «تاڭنامە»نىڭ 234 ـ بېتىدىكى 5 ـ قۇر (13 خەت)دىن باشلىنىپ، بۇ قىسمىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ پارچىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە پەقەت تۆۋەنكى قىسمىنىڭ ئۈچتىن بىرى، بىر قانچىسىدە (يەنى بۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىغا يېقىنلاشقانسېرى) ئاستىنقى يېرىمى ساقلان-

غان. هازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ 44 ۋاراقنىڭ ئىككى-سى سانكىت پېتىربۇرگدا، 11ى پارىژدا ۋە قالغانلىرى بېيجىڭدىدۇر. تېخىمۇ ئېنىقراق ئۈچۈن ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە قاراڭ:

4 ـ بۆلۈمنىڭ باش قىسمىدىن يەتتە ۋاراق كەم. قالغان 42 ۋاراق هازىر پارىژدا ساقلانماقتا. لېكىن بۇ ۋاراقلارنىڭ ئۈستۈن-كى قىسىملىرى خېلى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان. 50 ۋاراقتىن تەركىب تاپقان 5 ـ بۆلۈمنىڭ ۋاراقلىرى پۈتۈنلەي تو-لۇق ساقلانغان. بۇلارنىڭ ئالتىسى پارىژدا، قالغانلىرى سانكىت پېتربۇرگدا ساقلانماقتا. 6 ـ بۆلۈمدىمۇ ئەھۋال خۇددى مۇشۇ-نىڭغا ئوخشاش. بۇ بۆلۈمنىڭ 34 ۋارىقىنىڭ 23ى سانكىت پې-تىربۇرگدا، قالغان 11 ۋارىقى پارىژدىدۇر.

40 ۋاراقتىن تەشكىل تاپقان 7 ـ بۆلۈم تولۇق ساقلانغان. بۇ بۆلۈمنىڭ 17 ۋارىقى پارىژدا، قالغان 23 ۋارىقى بېيجىڭدا.

8 ـ بۆلۈمگە كەلسەك، خەنزۇچە «تاڭنامە»گە قارىغاندا بۇ بۆلۈمنىڭ باش قىسمىدىن c 12.26 ـ 13گە توغرا كېلىدىغان مەزمۇندىن پەقەت تۆت ۋاراق كەم. بۇ بۆلۈمدىكى ۋاراقلارنىڭ ئاستىنقى قۇرلىرىدا بەزى ئۈپراپ يوقالغان يەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 5 ـ ۋاراقتىن 45 ـ ۋاراققىچە بولغان قىسىملىرى-نىڭ ھەممىسى تولۇق. بۇ بۆلۈمنىڭ 51 ۋارىقى سانكىت پېتىر-بۇرگدا، 26 ۋارىقى پارىژدا ساقلانماقتا.

9 ـ بۆلۈمگە تەۋە بولغان 14 ۋاراقنىڭ ھەممىسى بار بولىد-سىمۇ، لېكىن بۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىغا بارغانسېرى قولىيازما كۆ-رۈنەرلىك دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغان.

10 ـ بۆلۈمدىن «تاڭنامە»گە ئاساسلانغاندا 279 ـ بەت C قىسمىدىكى 13 ـ قۇرغىچە بولغان 31 ۋاراق هازىرغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ ۋاراقلارنىڭ ھېچبىرى تولۇق ئەمەس، كۆپىنچە پارچە ـ پۇرات هالەتتە. ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ۋاراقتىن هازىرغىچە هېچ-قانداق بىر پاچە تېپىلمىدى.

ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خەت شەكىللىرى

ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش توغرىسىدا «شۋەنزاڭنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى» دېگەن يەنە بىر قىسىمدا تەپسىلىي توختىلىمىز.

**ئەسەرنىڭ تەتقىق قىلىنىش تارىخى**

ئالدىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، گابائىن ئەسەرنىڭ بېيجىڭدىكى ۋاراقلىرىنى 1932 ـ يىلىدا ئېنىقلاپ چىقىقان ۋە ترانسكرىپسىيە قىلغانىدى. ئۇ بىرلىنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن فەھمى مۇراتنىڭ قولىيازمىنى ئاكادېمىيىگە ساتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلايدۇ ۋە پ. پېللىئوت بىلەن بولغان خەت ئالاقىسى جەريانىدا بۇ قولىيازما ۋاراقلىرىنىڭ ئاللىقاچان گۇيمېت مۇزېيىغا تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ ۋە بۇرۇن بېيجىڭدا ئىشلىگەن خىزمىتى سەۋەبىدىن پارىژدىكى پارچىلارنىمۇ نەشر قىلىش رۇخسىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. پارىژدا ئالتە ھەپتە تۇرۇپ قولىيازما ۋاراقلىرىنى كۆپەيتىدۇ[31].

قولىيازمىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا گابائىن تەرىپىدىن قىلىنغان ترانسكرىپسىيىسى قولىيازمىنىڭ ھازىرقى ساقلانغان قىسمىغا قارىغاندا تېخىمۇ تولۇق، چۈنكى پارىژدىكى ۋاراقلار كەسىپ ئەھلى بولمىغان بىر قىسىم رەتلىگۈچىلەرنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن كېيىن مەلۇم دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغانىدى[32].

ر. ئاراتنىڭ ئېيتقىنىدەك[33]، بۇ قىيىن قولىيازمىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە جۇڭگو بۇددىزمى ھەققىدە ئالاھىدە بىلىمگە ئىگە بولغان بىرسى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىشى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان ئالاھىدە بىر ئەھۋالدۇر.

بۇ دەسلەپكى ۋاراقلار (5 ـ بۆلۈم) ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات «پرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يىغىن مەلۇماتلىرى»دا نەشر قىلىنغان[34]. گابائىن بۇ تەتقىقاتىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا قولىيازمىنىڭ بارلىقىدىن قانداق خەۋەردار بولغانلىقى، تەرجىمان ۋە تەرجىمىنىڭ تەخمىنىي تارىخى، ئەسەردە ئۇچرىغان خەنزۇچە سۆزلۈكلەر، قولىيازمىنىڭ تىلى ۋە يېزىلىش ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىق تېمىلاردا بىر ـ بىرلەپ توختىلىپ ئۆتكەنىدى.

ىدى. گابائىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە تېكىستىنىڭ ياردىمى بىلەن قولىيازمىدىكى بىر قىسىم كەم يەرلەرنىمۇ تولۇقلىيالىغا. نىدى. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىر ئىندېكس بەرگەنىدى. بۇ تەت. قىقات نەتىجىسى ئېلان قىلىنىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، «تۈركىيات» ژۇرنىلىدا ر. ئارات تەرىپىدىن تونۇشتۇرۇلغانىدى[35].

1938 ـ يىلى گابائىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەتقىقات ئۇسۇ. لى ئارقىلىق 7 ـ بۆلۈمدىكى خەتلەرنى نەشر قىلدى[36]. بۇ نەشرى. دە قولىيازمىنىڭ بىر پارچە رەسىمى تۈنجى قېتىم قوشۇپ ئېلان قىلىنىدۇ. د. سىنور «ئاسىيا ژۇرنىلى (Asiatique Journal)»نىڭ1939 ـ يىلدىكى 10 ـ 11 ـ ئايلىق سانىدا 47 بەتلىك ماقالىسى بىلەن بۇ ئەسەرنى تونۇشتۇرىدۇ[37]. ئۇرۇش باش. لىنىپ قالغانلىقتىن بۇ تونۇشتۇرۇشنىڭ نەشر قىلىنىش ۋاقتى ئارقىغا سوزۇلۇپ كېتىپ، 1942 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بۇ تونۇشتۇرۇش ئەينى ۋاقىتتىكى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ترانسكرىپسىيىلەر ئىچىدە قىم. مەتلىك بولغان بىر سىستېمىلىق تەتقىقات ئىدى. لېكىن بۇ تو. نۇشتۇرۇشتا د. سىنور قەدىمكى ئۇيغۇرچىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئورنىغا خەنزۇچىنىڭ تا. رىخىي فونېتىكىسىنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان.

ۋاڭ جۇڭمىن ۋە جى شيەنلىن ئەپەندىلەر تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بېيجىڭ قولىيازما ۋاراقلىرىنىڭ رەسىمى بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەتىنىنىڭ تەتقىق قىلىنىش تارىخىدا بىر ئىلگىرىلەش باسقۇچىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ل. يۇ. تۇگۇشېۋانىڭ 1991 ـ يى. لى سانكىت پېتربۇرگدىكى ۋاراقلارنى ئوخشاش بىر خىل ئۇ. سۇلدا نەشر قىلدۇرۇشى بۇ قولىيازمىنىڭ بارلىق قىسىملىرىغا ئېرىشكىلى بولىدىغان ھەم بۇ قىسىملىرىنى تەتقىق قىلىشقا مۇمكىن بولىدىغان ياخشى بىر ۋەزىيەتنى مەيدانغا كەلتۈردى.

1930 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئا. ۋ. گابائىن بېيجىڭ ۋە پا. رىژلاردىكى مەتىنلەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى ئەستايىدىللىق

بىلەن پۈتكۈزگەنىدى. ئۇنىڭ نەشر قىلغان ئىككى كىتابى بۇ تېز-
مىنى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىگە سۇنۇش ۋە مەتىنىنىڭ تېخىمۇ
چوڭ بۆلۈملىرىنى نەشر قىلىش ئۈچۈن بولغان بولۇشى مۇم-
كىن. روشەنكى، ئۇ كېيىنچە 3 - ۋە 7 - بۆلۈملەرنى نەشر قى-
لىشنى ئۈمىد قىلغان. مەريەم ئاپىنىڭ بۇ ھەقتە خېلى كۆپ تەت-
قىقات ئېلىپ بارغانلىقى بىزگە مەلۇم بولغان يىپ ئۇچلىرىدىن
ئايدىڭدۇر. لېكىن، بۇ ئىككى كىچىك ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى
ئۇنىڭغا بۇ پىلانىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بەرگەنى-
دى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ ئۇرۇشتىن كېيىن بۇ مەتىن
ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارمايدۇ ۋە 80 - يىللاردا ئۆزى قىلغان
يېزىق تەرجىمىسىنى DGFنىڭ قوللىشى بىلەن سىستېمىلىق
تۈردە بۇ ئەسەرنى تەتقىق قىلىۋاتقان گېيبېن ئۇنىۋېرسىتېتىغا
بېرىدۇ. گېيبېندىكى بۇ يېڭى خىزمەتنىڭ تۇنجى كىتابى (7 -
بۆلۈم) 1991 - يىلى نەشر قىلىندى.

60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ بۇ تەرجىمىھالنىڭ
ھەر قايسى بۆلۈملىرى ھەققىدە پارچە - پارچە ھالەتتىكى خېلى
كۆپ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ قىسىمدا كۆرسىتىپ ئۆتۈش
ھاجەتسىز. بۇ ئەسەرلەر ئۈچۈن «شۆەنزاڭنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەر-
لىرى» ناملىق كۆپ قىسىملىق ئەسەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىم-
لىرىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىغا قارالسا بولىدۇ.

**3 - بۆلۈم ئۈستىدە ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار**

3 - بۆلۈمنىڭ دەسلەپكى ئىككى ۋارىقى (سانكت پېتېربۇرگ
توپلىمىدىن، بىزنىڭ كىتابىمىزدا 1 - قۇردىن 39 - قۇرغىچە)
1991 - يىلى ل. يۇ. تۇگۇشېۋا[38] تەرىپىدىن ئىشلەنگەن بولسىمۇ،
لېكىن بۇ ئىككى ۋاراق 10 - بۆلۈمنىڭ ئىچىدە كۆرسىتىلگەنى-
دى. 1992 - يىلى قاھار بارات 3 - بۆلۈمنىڭ بار بولغان ھەممە
قىسىملىرىنى ئىشلەشنى مەقسەت قىلىدۇ ۋە بۇ ۋاراقلارنى توغرا
بىر شەكىلدە بۇ بۆلۈمنىڭ[39] باش قىسمىغا قويىدۇ. لېكىن ئۇ بۇ
ۋاراقلارنىڭ 3 - بۆلۈمنىڭ قايسى قىسمى (4 -، 5- ۋاراقلار)

ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. قاھار بارات پارىژدىكى 3 ـ قىسمىغا تەۋە بولغان پارچىلارنى تىلغا ئالغان توئالستېر(Toalster)[40]نىڭ ئەسىرىنى پايدىلانغان ماتېرىياللار قىسمىدا تىلغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ۋاراقلار (بىزنىڭ كىتابىمىزدىكى 40 ـ قۇردىن 53 ـ قۇرغىچە، 820 ـ قۇردىن 992 ـ قۇرغىچە بولغان ۋاراقلار)غا ئېتىبار بەرمەستىن، تەتقىقاتىدا سانكت پېتربۇرگ ۋە بېيجىڭدىكى (بىزنىڭ نەشرىمىزدە 54 ـ قۇردىن 819 ـ قۇرغىچە بولغان ۋاراقلار) بىلەن چەكلىنىپ قالغان. قاھار بارات يەنە پېتىر زېمې[41]نىڭ 1990 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەسىرى(بىزنىڭ مەتنىمىزنىڭ 822 ـ ۋە 861 ـ قۇرلىرىنىڭ تەڭ ۋارىئانتى)نى كۆرمىگەن.

گەرچە بۇ ۋاراقلارغا تەرتىپ نومۇرى بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولىسىمۇ، قاھار بارات بۇنى سىناپ كۆرمىگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە قاھار بارات بۇ پارچىلارنىڭ بەت ئىچىدىكى ئورنىنى توغرا كۆرسىتىپ بەرگەن(ۋاراقلارنىڭ تۆۋەنكى ئوڭ بۇرجىكى)، لېكىن ۋاراقلارنىڭ ئالدى يۈزىدە ساقلىنىپ قالغان ھەرپلەرنىڭ مەتىن يۈزىنىڭ قىرغاقلىرى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن[42]. شۇ سەۋەبلىك ئۇ، بۇ ئەسەرنىڭ ھەر بېتى 26 قۇردىن تەشكىل تاپقان دېگەن خاتا ھۆكۈمنى چىقارغان[43]. ئۇ خۇددى گابائىننىڭ 1935 ـ يىلىدىكى ئەسىرىدە قىلىنغىنىغا ئوخشاش قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستنىڭ يېنىدا خەنزۇچە تېكستكە ئورۇن بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بەزىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بۇ سۆزگە ئۇيغۇن دەپ ھېسابلىغان خەنزۇچە خەتلەرنى بېرىدۇ.

بۇنىڭدىن سىرت قاھار باراتنىڭ ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆزلەرنىڭ تاۋۇش ئالاھىدىلىكلىرى خۇددى كلاۋسون(1972)نىڭ لۇغىتىدە سادىر بولغىنىدەك توغرا ترانسكرىپسىيە قىلىنمىغان. مۇنداق سۆزلەرگە كىتابىمىزنىڭ ئىزاھات قىسمىدا ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتمەيمىز. ئەمما بىز قاھار بارات تەييارلىغان تېكىستنىكى خاتا ئوقۇلغان نۇقتىلارنى «ق.

بارات: دېگەن قىسقارتما ئارقىلىق تونۇتىمىز.

قاھار باراتنىڭ ئىككى بەتلىك ئىزاھاتى ئەلۋەتتە تولىمۇ ئاز. لېكىن ئۇنىڭ ئىندېكسى «ئو» بىلەن «ئۆ»نى، «ئۇ» بىلەن «ئۈ»نى ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا خېلىلا پايدىلىق.

بېيجىڭ قوليازمىسىنىڭ نەشرىدە تۆۋەندىكى ۋاراقلارنىڭ «ئا» ۋە «ب» بەتلىرى ئۆز ئارا ئالمىشىپ كەتكەن.

137, (a) 143 (b) 146, 145, 144, 143(a), 124, 135, 130, 129, 128, 127, 134, 142, 141, 140, 139, 138, 29, 28, 27 133, 132, 131, 37, 36, 35, 34, 33, 32, 136, 31,30

**3 ـ بۆلۈمنىڭ مەزمۇنى**

3 ـ بۆلۈم شۈەنزاڭنىڭ ھىندىستاندىكى كەچۈرمىشلىرىنى بۇ ئۇستازنىڭ كانياكۇبجا (Kanyakubja)دىن ئايرىلىپ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ئاتلىنىشى بىلەن Ayadhya ئەتراپىدىكى يەرلەرنى زىيارەت قىلىشقا ئاتلانغاندىن باشلاپ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەردىن كېمە بىلەن گانگ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىغا بارغىلى بولىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكستتە بۇ بۆلۈمنىڭ باش قىسمى كەم. پەقەت «تاڭنامە»گە ئاساسلانغاندا 234 ـ ۋاراق «ئا» بېتىنىڭ 5 ـ قۇردىن كېيىنكى قىسمى بار. بۇلاڭچىلار كېمىنى قولغا چۈشۈرۈپ، يولۇچىلارنى بۇلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شۈەنزاڭنىڭ تەقـقى ـ تۇرقىنىڭ قاملاشقانلىقىغا قاراپ، ئۇنى ئايال تەڭرى دۇرگا (Durga) ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشنى قارار قىلىشىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكستتە بۇ بۆلۈم بار بولسىمۇ، ئەمما كۆپ قىسمى كەم. شۇڭا مەتىننى تولۇقلاپ يېڭىدىن قۇراشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكى يوق. شۇڭا 1 ـ قۇردىن 39 ـ قۇرغىچە بولغان قىسىملارنىڭ تەرجىمىسىنى پەقەتلا خەنزۇچە ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسەن بېرىمىز[44]. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قۇرلار (يەنى Beal 88 ـ بەت، 40 ـ قۇردىن 61 ـ قۇرغىچە) بۇلاڭچىلار بىلەن بولغان تالاش ـ تارتىشلار بىلەن ئاياغلىشىدۇ. بۇ قۇرلاغا شۈەنزاڭنىڭ شىمالىي

ھىندىستاندىكى مۇقەددەس جايلارغا قىلغان زىيارىتى ئۇلىنىدۇ. قولىيازمىدا بۇزۇلغان ئورۇنلارنىڭ كۆپلۈكىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىست بىر - بىرىگە ئۇلاشماي، ئاتلاپ - ئاتلاپ داۋاملىشىدۇ. ئايامۇخا (Ayamukha)غا ساياھەت (Beal 90 - بەت، 62 - قۇردىن 65 - قۇرغىچە)، پرايا گادىكى قۇربانلىق قىلىش ئورنىنىڭ تەسۋىرى (Beal 90 - بەت، 70 - قۇردىن 77 - قۇرغىچە)، كائۇ سامبىدىكى مۇقەددەس جايلارنىڭ تەسۋىرى (Beal 91 - بەت، 78 - قۇردىن 102 - قۇرغىچە)، ۋىساخا (Visakha)دىكى بىر ئىبادەتخانا بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر تۈرلۈك مۇقەددەس ئورۇنلارنىڭ زىيارەت قىلىنىشى (Beal 92 - بەت، 104 - قۇردىن 110 - قۇرغىچە)، سىراۋاستى بىلەن ئۇ ئەتراپتىكى مۇقەددەس جايلارنىڭ زىيارەت قىلىنىشى ( Beal 93 - ، 94 - بەتلەر، 114 - قۇردىن 147 - قۇرغىچە)، بۇددا كاسياپا بىلەن مەشھۇر بولغان قوشنا جايدىكى بىر شەھەر خارابىسىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈلۈشى ( Beal 94 - بەت، 148 - قۇردىن 154 - قۇرغىچە)، كاپىلاۋاستۇ ۋە ساكيامۇنىنىڭ ئانىسى مايانىڭ ياتاق ئۆيىنىڭ خارابىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىبىر بوي ۋاقتىدا تۇرغان ئورنى ۋە ساكيامۇنىنىڭ شاھزادە ۋاقتىدا ياشىغان يەرلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ( Beal 95 - بەت، 157 - قۇردىن 175 - قۇرغىچە)، بىر ئەجدىھا بىلەن پىللار چوقۇنىدىغان بىر ستۇپاسى (Stupa) بىلەن راما (Rama)غا قىلىنغان زىيارەت ( Beal 69 - بەت، 176 - قۇردىن 199 - قۇرغىچە )، كۇسىناگارادا بۇدساتۋا بىراۋاناغا يېتىشكەن مۇقەددەس يەرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى ( Beal 97 - 98 - بەتلەر، 205 - قۇردىن 264 - قۇرغىچە)، ۋاراناسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەر خىل مۇقەددەس ئورۇنلارغا قىلىنغان زىيارەت ( Beal 100 - بەت، 235 - قۇردىن 264 - قۇرغىچە)، ماگادخا ئۆلكىسىدىكى بودى دەرىخى ( Beal 101 - 105 - بەتلەر، 285 - قۇردىن 380 - قۇرغىچە)، نالاندا ئىبادەتخانىسى ( Beal 105 - 113 - بەتلەر، 383 - قۇردىن 569 - قۇرغىچە)، راجاگرخا ( Beal 113 -

ۋە 114 ـ بەتلەر، 570 ـ قۇردىن 593 ـ قۇرغىچە)، Gradharakuta تىغى ( Beal 114 ـ بەت، 594 ـ قۇردىن 604 ـ قۇرغىچە)، ۋىنوۋانا ( Beal 115 ـ بەت، 605 ـ قۇردىن 628 ـ قۇرغىچە)لارغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان مۇقەددەس ئورۇنلارغا قىلىنغان زىيارەت، ھەر ئىككى ئۆلكىدە شۇ ئەتراپتا ئورۇنلاشقان Sthavira لارنىڭ تۇنجى يىغىنى ( Beal 115 ـ بەتتىن 117 ـ بەتكىچە، 629 ـ قۇردىن 692 ـ قۇرغىچە) بىلەن ماخاساڭخىكالارنىڭ يىغىنىنىڭ بايانى ( Beal 117 ـ بەت، 695 ـ قۇردىن 712 ـ قۇرغىچە)، ھەر ئىككى ئۆلكىدە بۇ ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن ۋە پادىشاھ بىمبىسارا دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان راجاگىراخانىنىڭ ھېكايىسى ھەم بۇ شەھەردىكى مۇقەددەس جايلارنىڭ تەسۋىرى ( Beal 118 ـ بەت، 713 ـ قۇردىن 745 ـ قۇرغىچە)، ئۇنىڭدىن باشقا نالاندا بىلەن راجاگىراخا ئەتراپىنىڭ تەسۋىرى (Beal 119 ـ بەت، 746 ـ قۇردىن 766 ـ قۇرغىچە)، «غازلار ستۇپاسى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش ھېكايىسى ( Beal 119 ـ، 120 ـ بەتلەر، 767 ـ قۇردىن 792 ـ قۇرغىچە)، شۇەنزاڭنىڭ نالاندادا تەلىم ئېلىشى ھەققىدىكى تەسۋىر ( Beal 120 ـ، 121 ـ بەتلەر، 794 ـ قۇردىن 830 ـ قۇرىغىچە) قاتارلىقلارغا «شۇەنزاڭ تەرجىمىھالى» نىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىسىدىمۇ، شۇنىڭدەك خەنزۇچە مەتنىدىمۇ ئورۇن بېرىلگەن سانسكرىت تىلىنىڭ تولىمۇ ئۇزۇن چۈشەندۈرۈلگەن قىسمىنىڭ بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشى ( Beal 122 ـ بەتتىن 124 ـ بەتكىچە) ئارقىلىق گراماتىكىنىڭ (سانسكرىتچە ۋياكارانا) ئىلاھىي مەنبەلىك بولۇشى توغرىسىدىكى ھېكايە ( Beal 126 ـ، 127 ـ بەتلەر، 831 ـ قۇردىن 871 ـ قۇرغىچە)، خىرانياپارۋاتا يولى ئۈستىدىكى كاپوتاكا ئىبادەتخانىسىنىڭ تەسۋىرى ( Beal 125 ـ ۋە 126 ـ بەتلەر، 874 ـ قۇردىن 910 ـ قۇرغىچە) ۋە شۇەنزاڭنىڭ ئۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى ( Beal 126 ـ ۋە 127 ـ بەتلەر، 911 ـ قۇردىن 946 ـ قۇرغىچە)، خىرانيا بىلەن ئۇ يەردىكى مۇ-

قەددەس يەرلەرنىڭ تەسۋىرى ( Beal 127 ـ بەت، 947 ـ قۇردىن 980 ـ قۇرغىچە) ۋە ئاخىرىدا تەرجىمانىنىڭ سۆزى بىلەن بۇ بۆ- لۇم ئاياغلاشىدۇ ( Beal 981 ـ قۇردىن 992 ـ قۇرغىچە).

ئىزاھلار:

① فاكسىمىل نەشرىدە (2 ـ بۆلۈم 1 ـ قىسىم Cگە قاراڭ) قول- يازمىنىڭ 194 پارچە رەسىمى بېرىلگەن. بۇنىڭ كىرىش سۆزىگە قارى- غاندا، قوليازما 240 پارچىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. گابائىن (1935 ـ، 152) «ئۇيغۇرچە پارچىدىن تەخمىنەن 240 ۋاراق» دەيدۇ. دېمەك، بۇنىڭ ئىچىدە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ بىرلىنىدىكى قوليازما پارچىلى- رى كۆزدە تۇتۇلمىغان.

② گابائىن: 1935، 152، فېڭ جياشېڭ: 1953، I .

③ فېڭ جياشېڭ: 1935، I گە ئاساسەن.

④ 1986 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى كلاۋس رۆھربورنغا يازغان بىر پارچە خەت.

⑤ گابائىن: 1953، 152.

⑥ گابائىننىڭ 1986 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يازغان خېتى- دە بۇ قوليازمىنىڭ پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلگەنلىكى ياكى ئۇنى ئۆزى ئې- لىپ بارغانلىقى ئېنىق ئېيتىلمىغان. فېڭ جياشېڭ (1953، I )گە ئا- ساسلانغاندا، ئىككىنچى پەرەز ئېھتىماللىقى يېقىن، چۈنكى ئۇ خېتىدە ئا. ۋ. گابائىن بۇ قوليازمىنى ئارىيەتكە ئالغان، دەپ يازىدۇ.

⑦ بۇلارنىڭ ھەممىسى 1986 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يې- زىلغان خەتكە ئاساسەن.

⑧ فېڭ جياشېڭ: 1953، II .

⑨ گابائىننىڭ 1946 ـ يىلى خاككىنغا تەۋە قوليازمىلارنى بېيى- جىڭغا ئەۋەتكەنلىكى بۇنى تەستىقلايدۇ.

⑩ 1986 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى خەتتە شۇنداق يېزىلغان.

⑪ 1986 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى خەت بىلەن سېلىش- تۇرۇڭ.

⑫ پېتېر زىمې: 1990.

⑬ «تۇرپان»، ئا. ۋ. گابائىننىڭ 1986 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى خېتىگە ئاساسەن، خاككىن توپلىغان ماتېرىياللار ئارىسىدىكى

ئابىتاكى پارچىلىرىدىن بىرىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى (ھازىر كلاۋس رۆھربورندا)، «خاككىن بېزەكلىكتىن توپلىغان ماتېرىياللار (ئا. ۋ. گابا- ئىنىڭ قولىدىن)».

⑭ گابائىن:1935، 152.

⑮ گابائىن «شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ پارىژدىكى پارچىلىرى- غا قىلغان ترانسكرىپسىيىسىنىڭ 1 ـ بېتىدە مۇنداق دېگەن:«بۇ كەم قولىيازمىنىڭ باشقا بۆلۈملىرى بېيجىڭ خەلقئارا كۇتۇپخانىسىدىكى يۈەن ئەپەندى قولىيازمىسى ۋە پارىژدىكى خاككىن قولىيازمىسىدۇر». بىز بۇ سەككىز ۋاراقنىڭ مەلۇم بىر ۋاقىت گابائىندا قالغانلىقى توغرا بولغان، دەپ قارايمىز. چۈنكى، ئۇ خاككىندىن بىر نەچچە ئابىتاكى پارچىسىنىمۇ ئالغانىدى، بۇ پارچىلار سېلىنغان كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە «خاككىن ئەپەن- دىدىن ئېلىنغان، ئۇنىڭ شىنجاڭدا قىلغان ساياھىتىدىن كېيىن تۇرغان ئورنى ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئايروپىلانى 1941 ـ يىلى گېرمان ئەسكەر- لىرى تەرىپىدىن ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن»، دېگەن سۆزلەر يېزىلغان.

⑯ 1980 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كلاۋس رۆھربورنغا ياز- غان خېتىدە مۇنداق دېيىلگەن:«بېرلىنغا قايتىپ كەلگىنىمدە تۇرپانلىق بىر ئۇيغۇر ر. ئاراتقا باشقا بىر قولىيازمىنى كۆرسەتكەن...». گابائىن بۇ يەردە ۋاقىتنى توغرا كۆرسەتمىگەن. چۈنكى ئۇ بېيجىڭدىن قايتىپ كەلگىنىدە بۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگىنىگە بىر يىل بولغانىدى. بۇ خاتالىق ئۇنىڭ 1986 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يازغان خېتىدىمۇ يۈز بېرىدۇ.

⑰ گابائىننىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغان ئۇچۇر.

⑱ خامىلتون: 1996 ـ يىل، 492 ـ ئىستونغا ئاساسەن. سېتىلىش ۋاقتى پارىژدىكى پارچىلارغا گابائىن تەرىپىدىن قىلىنغان ترانسكرىپسى- يىسىنىڭ تۇنجى بېتىدىكى ئىزاھقا ئاساسەن توغرىلانغان ھالەتتىدۇر، يە- نى «1931 ـ يىلى يازدا تۇرپانلىق ئۇيغۇر فەھمىدىن سېتىۋېلىنغان».

⑲ ر. ئارات. ، 1964، 8.

⑳ ر. ئاراتنىڭ يازغانلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇ پارچىلار فەھمى مۇرات بىلەن سودىلىشىش جەريانىدا بېرلىندا رەتكە سېلىنغان ۋە «خەز- ىنۇشۇناس دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن» قايسى قىسمىغا تەۋە ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلغان. ئەمما بۇ ئېنىقلاش گابائىننىڭ تۆھپىسى بولۇپ، 1932 ـ يىلى قىلىنغان (گابائىن 1935، 152 ۋە گابائىننىڭ 1980 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈندىكى خېتى بىلەن سېلىشتۇرۇڭ). ئەگەر

بۇ قولىيازما پارچىلىرىنى ھەقىقەتەن بىرلىكلىق خەنزۇشۇناسلار ئىنقىلاپ چىققان بولسا، بۇ پارچىلار بۇگۈن بىرلىكتىكى ماتېرىياللار ئىچىدە بول-غان بولاتتى.

㉑ ر. ئارات فەھمى مۇراتنىڭ قولىيازمىلارنى پارىژ خەلقئارا كۇتۇپ-خانىسىغا ساتقانلىقىنى يازىدۇ.

㉒ خامىلتوننىڭ ئىستانبۇلدىكى بۇ پارچىلارنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە يازغانلىرى توغرا ئەمەس (تېمىر ـ كۇدارا ـ رۆھربورن، 1984، 15 بىلەن سېلىشتۇرۇڭ). بەلكىم ئىستانبۇلدىكى پارچىلار بۇ پارچىلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، فەھمى مۇرات بۇ پارچىلارنى ئۆرنەك سۈپىتىدە بىرلىكتىدا قالدۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

㉓ س. گ. كلياشتورنىينىڭ (1995) ل. يۇ. تۇگۇشېۋانىڭ نەشرى (1991) ھەققىدە يازغان تونۇشتۇرۇشىدىمۇ بۇ توغرىدا يېڭى بىر قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەمەس.

㉔ كلاۋس رۆھربورن، 1996، 1.

㉕ ئا. ۋ. گابائىن 1935، 154.

㉖ خامىلتون 1996. 491 ـ ئىستون. خامىلتوننىڭ ل. يۇ. تۇگۇ-شېۋانىڭ نەشرىدىن بەش يىل كېيىن يازغان تونۇشتۇرۇشىدا گابائىنغا ئاساسلانغانلىقى تەخمىن قىلىنىدۇ.

㉗ ئا. ۋ. گابائىن 1935 ، 154.

㉘ ئابلەت سەمەت ھازىرغىچە ئىنقىلانمىغان بىر قىسىم كىچىك پارچىلارنى 1 ـ بۆلۈمگە تەۋە دەپ قارايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قارىشى ئىس-پاتلانسا، بىز كېيىنكى بىر قىسىمدا بۇ ھەقتە يەنە توختىلىمىز.

㉙ پېتېر زېمې، 1990، 85 ـ 601 ـ بەتلەر.

㉚ بىز بۇ پارچىنى كېيىنكى بىر قىسىمنىڭ قوشۇمچىسى سۈپى-تىدە ئېلان قىلماقچى.

㉛ بۇلارنىڭ ھەممىسى 1980 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىكى ۋە 1986 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى خەتلەرگە ئاساسلانغان. ئا. ۋ. گابائىن ترانسكرىپسىيىسى Htpar نىڭ 198 ـ بېتىدە، بەتنىڭ قىر-غىقىدا 33 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى دەپ ئىزاھ بېرىلگەن.

㉜ قولىيازمىنىڭ بۇ ئەھۋالى ئۈچۈن كلاۋس رۆھربورن 1991. 2، 4كە قاراڭ.

㉝ ر. ئارات: 1936. 333.

㉞ ئا. ۋ. گابائىن: 1935.
㉟ ر. ئارات: 1936.
㊱ ئا. ۋ. گابائىن: 1938.
㊲ د. سىنور: 1939.
㊳ ل. يۈ تۇگۇشېۋا: 1991، 169 ـ 171 ـ بەتلەر.
㊴ ق. بارات: 1992، 6 ـ، 7 ـ بەتلەر.
㊵ Toalster: 1977، Ⅸ Ⅹ L.
㊶ پېتېر زىمې: 1990، 81 ـ 83 ـ بەتلەر.
㊷ قاھار بارات: 1992، 8، يۇقىرىقى تەرەپتىكى قۇرلارغا سىلىشتۇرۇڭ. قاھار بارات تېكستىنىڭ بار بولغان قۇرىنىڭ ئاخىرىغا كۆپ چېكىت قويۇش ئارقىلىق تېكستىنىڭ داۋامى بارلىقىنى ئىپادىلىگەن. ئەمەلىيەتتە 125 ـ ۋە 128 ـ قۇرلارنى ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېتەكۇدەك ئورۇن يوق.
㊸ قاھار بارات: 1992. 5.
㊹ Beal 1911 ۋە لى رۇڭشى 1995 گە ئاساسەن.
ئابلەت سەمەتنىڭ 1 ـ بۆلۈمگە تەۋە دەپ ئېنىقلاپ چىققان پارچىلىرى «شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 1 ـ بۆلۈمىدىن پارچە، دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا پروفېسسور، دوكتور پېتېر زىمېنىڭ 60 ياشلىقىغا ئاتاپ چىقىرىلغان كىتابتا نەشر قىلىنىش ئالدىدا.
[مەھمەت ئۆلمەز ۋە كلاۋس رۆھربورنىنىڭ 2001 ـ يىلى گېرمانىيە ۋېسبادېندا نەشر قىلىنغان « ‹تۈركچە شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى›نىڭ 3 ـ بۆلۈمى» (گېرمان تىلىدا)دىن تەرجىمە قىلىندى.]

تەرجىمە قىلغۇچىلار: **ئايسىما مىرسۇلتان، ئابلەت سەمەت**

# تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى

ياmادا نوبۇئو (ياپونىيە)

ئىلىم ساھەسىدە كۆپ تۈركلەرنىڭ ئەسلىي يۇرتىنىڭ ئالتاي تېغىغا يېقىن بىر جايدا ئىكەنلىكى قوبۇل قىلىنغان. بۇ ماقالىدە مەن بۇ يەرنى تېخىمۇ كەسكىن رەۋىشتە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تىرىشىمەن. نۇرغۇن قەبىلە ئەپسانىلىرى بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى «تۈرك» سۆزى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن خەنزۇچە خەتنىڭ «突厥» ئىكەنلىكىنى ۋە خەنزۇچە مەنبەلەرنىڭ بۇ قەۋمگە مۇناسىۋەتلىك بايانلار بىلەن تولغانلىقىنى بىلىدۇ. مانا مۇشۇ بايانلارنىڭ ئىككىسى «سۈينامە» (84 ـ جىلد) ۋە «جۇنامە» (50 ـ جىلد) لەرگە جۇغلانغان بولۇپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە خاتىرىگە ئېلىنغان.[1]

«سۈينامە»دە ئىككى مۇھىم بايان بار. ئۇنىڭ بىرى تۆۋەندىكىچە:

تۈركلەرنىڭ ئەجدادى پىڭلياڭ (گەنسۇ ئۆلكىسىدە) ياشايدىغان ئاشىنا قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئارىلاشما ياۋايىلار ئىدى. 439 ـ يىلى ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى يات تائىپە قۇتقۇلار[2]نى يوقاتقاندىن كېيىن، ئاشىنا قەبىلىسى 500 چېدىرلىق ئادەمنى باشلاپ، ئالتاي تېغىدىكى روران بارگاھىغا قېچىپ كەتتى. ئۇلار ئۇ يەردە كۆپىيىپ، تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئىجات قىلدى. بۇ تاغ خۇددى تۆمۈر قالپاق (ساۋۇت) قا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، خەنزۇلار ئۇلارنى «تۇجۇ (تۈرك)» دەپ ئاتاشتى.

بۇنىڭدىن باشقا، تۈرك ئەجدادلىرىنىڭ كاسپىي دېڭىزى بويىدا ياشىغانلىقى تىلغا ئېلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: يامان بىر تەلەيسىزلىك تۈپەيلىدىن قوشنا بىر قەبىلە تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلايدۇ، دۈشمەن پەقەت

بىر ئوغۇل بالىنىلا ھايات قالدۇرۇپ، پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ
تاشلاپ، سازلىققا تاشلىۋېتىدۇ. بۇ يەرگە بىر چىشى بۆرە كېلىپ
بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. بالا چىشى بۆرە ئېلىپ كەلگەن
گۆشلەرنى يەپ، ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. كېيىن بالا
بۆرە بىلەن جۈپلىشىپ بوغاز بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ھېلىقى
قوشنا دۆلەت بالىنىڭ تېخىچە ھاياتلىقىنى ئۇقۇپ، ئۇنى ئۆلتۈ-
رۈشكە ئادەم ئەۋەتىدۇ. لېكىن بۆرە بالىنى جان ـ جەھلى بىلەن
قوغدايدۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەنلەر بۆرىنىڭ ئىچىگە جىن كىرىپ-
تۇ، دېيىشىدۇ. بالىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان
بۆرە كاسپىي دېڭىزىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قوچونىڭ غەربىي
شىمالىدىكى بىر تاغ ئېتىكىگە كېلىپتۇ ھەمدە 200 كۋادرات
مېتىردىن ئارتۇق ئوتلىقى بار بىر غار ئىچىگە ئورۇنلىشىپتۇ.
بۆرە بۇ غاردا 10 ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئە-
قىللىقى بولغان ئاشنا ئۇلارغا باش بولۇپتۇ. ئۇلار ئۆز ئانىسىنىڭ
خاتىرىسى ئۈچۈن ئۆزلىرى تۇرغان يەرنىڭ دەرۋازىسىغا ھەر
دائىم بۆرە بېشى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۇغ تىكىشىدىغان بولۇپ-
تۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە ئاشنا ئۆز قەۋمىنى باشلاپ، غاردىن
چىقىپ رورانلارنىڭ قېشىغا كەپتۇ.

«جۇنامە» دە تۈركلەرنىڭ ۋەتىنىگە ئالاقىدار ئىككى ئەپسانە
بار. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى بۆرە ئەپسانىسى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ-
نىڭدا ئاشنا قەبىلىسىنىڭ رورانلارنىڭ كەينىدىن ئالتاي تېغىغا
كەتكەنلىكى يېزىلىدۇ. «جۇنامە» دىكى ئىككىنچى ئەپسانە يۇقىرى-
قىلاردىن پۈتۈنلەي پەرقلىق بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈرك ئەجدادلىرىنىڭ
«شۇ» دۆلىتىدىن كەلگەنلىكى يېزىلىدۇ. تۈركلەرنىڭ ئەسلىي
يۇرتى ھۇنلارنىڭ شىمالىدىكى زېمىنلار ئىدى. ئۇنىڭ 17 قېرىن-
دىشى بار ئىدى. بۇلاردىن بىرىنىڭ ئىسمى ئېركىن نىشىدۇ بو-
لۇپ، بۆرىدىن تۇغۇلغانىدى. ئاپام بىرۇك ۋە ئۇنىڭ قەۋمى تۇغۇ-
لىشىدىنلا پاراسەتسىز بولغاچقا، دۆلىتى مۇنقەرز بوپتۇ. ئېركىن
نىشىدۇنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى تۇغۇلىشىدىنلا ئۆزگىچە ئىد-
كەن. ھەتتا بوران، يامغۇرنىمۇ چاقىرىپ كېلەلەيدىكەن. ئۇ ئىك-

كى خوتۇن ئاپتۇ. بىرى ياز تەڭرىسىنىڭ، يەنە بىرى قىش تەڭ-
رىسىنىڭ قىزى ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى ھامىلىدار بولۇپ، تۆت
ئوغۇل تۇغۇپتۇ، ئوغۇللارنىڭ بىرى چىرايلىق ئاققۇغا ئايلىنىپ
كېتىپتۇ، بىرى ئاپار دەرياسى بىلەن كەم دەرياسى ئارىلىقىدا دۆ-
لەت قۇرۇپ، نامىنى قىرغىز دەپ ئاتاپتۇ. يەنە بىرى كۆك دەريا-
سى بويىدا دۆلەت قۇرۇپتۇ، بىرى كۆك يىش تېغى[3]غا ماكانلى-
شىپتۇ. بۇ تاغنى ماكان قىلغانلار نىشدۇنىڭ چوڭ ئوغلى تۇغ-
لۇق شات ئىكەن. بۇ تاغدا يەنە دائىم قىراۋ ئۇششۇكى پەيدا بولۇپ
تۇرىدىكەن. چوڭ ئوغۇل ئۇلارغا ئوت كەشپ قىلىپ بېرىپ،
ئۇلارنىڭ قىشتىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يا-
رىتىپ بېرىپتۇ. مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن كۆپچىلىك ئۇنى ئۆزلى-
رىگە باشلىق قىلىپ سايلاپ، ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتىشىپتۇ.
تۇغلۇق ئۆلگەندە ئۇنىڭ 10 خوتۇنىدىن بولغان ئوغۇللار ئۆزلىرى
ئىچىدىن بىرسىنى باشلىق سايلىماقچى بولۇپ، ھەممىسى بىر
توپ چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىغا يىغىلىپتۇ. ئاندىن ئۇلار: كىمدە-
كىم مۇشۇ دەرەخنىڭ بويىنى بويلاپ ئەڭ ئېگىز سەكرىيەلىسە
شۇ باش بولسۇن، دەپ كېلىشىپتۇ. ئاشنانىڭ ئوغلى گەرچە كى-
چىك بولسىمۇ، لېكىن ھەممىدىن ئېگىز سەكرەپتۇ، شۇنىڭ
بىلەن ھەرقايسى ئوغۇللار ئۇنى ئۆزلىرىگە باشلىق قىلىپ
سايلاپ، ئۇنى ئاشان شات دەپ ئاتىشىپتۇ.

بۇ ئەپسانىنىڭ كۆپ قىسمى ئالدىنقى ئەپسانىلەردىن پەرق-
لىق بولسىمۇ لېكىن بۆرە ئورتاق مەنبەدۇر. بۇ ئەپسانىلەر تۈرك-
لەرنىڭ سىياسىي مەركىزىنى تەشكىل قىلغان ئاشنا ئۇرۇقى ئا-
رىسىدا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلگەن. لېكىن يەنە ئاشنا
ئۇرۇقى ئارىسىدا تارقالغان يۇقىرىقىلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدى-
غان ئەپسانىلەرمۇ بار. بۇ دۇەن چېڭشىنىڭ «يۇياڭ خاتىرىلىرى»[4]
دە بايان قىلىنغان ئەپسانە بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن:

تۈركلەرنىڭ ئەجدادى شېموشىلى بولۇپ، ئاشىدلار تۇرىدىغان
غارنىڭ غەربىدىكى دېڭىزدا بىر تەڭرى ياشايدىكەن. دېڭىز تەڭ-

رىسىنىڭ بىر قىزى بار بولۇپ، ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى بىر ئاق بۆغىنى شىمونى دېڭىزغا باشلاپ كىرىشكە ئەۋەتىدىكەن، تاڭ يورۇغاندا شىمونى ئۇزىتىپ قويىدىكەن. مۇشۇ تەرىقىدە نەچچە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، شىمونىڭ قەبىلىلىرى چوڭ بىر ئۇۋغا تەييارلىنىپتۇ. دېڭىز تەڭرىسىنىڭ قىزى شىموغا: ئەتە سىز ئۇۋ ئوۋلاۋاتقان چاغدا، ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىز ياشىغان غاردىن ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك ئاق بۆغا چىقىدۇ، ناۋادا بۇ بۆغىنى ئاتالمىسىڭىز مەن بىلەن داۋاملىق كۆرۈشەلمەيسىز، ئاتالمىسىڭىز ئالاقىمىز ئۈزۈلىدۇ، دەپتۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە، دەرۋەقە ئالتۇن مۈڭگۈزلۈك بىر ئاق بۆغا غاردىن سىرتقا چىقىپتۇ. شىمو ئادەملىرىنى بۆغىنى قورشاشقا بۇيرۇپتۇ. ئۈركۈپ كەتكەن بۆغا ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇپتۇ، ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ئادەملەر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ، بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن شىمو ئاجى ئىسىملىك بىر قوماندانىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپتۇ ھەمدە ئادەملىرىگە قاراپ «بۆغىنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، بۇندىن كېيىن تەڭرىگە ئاتاپ ئادەم قۇربانلىق قىلىمەن» دەپ قەسەم ئىچىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىش تۈركلەر ئارىسىدا بىر ئەنئەنىگە ئايلىنىپتۇ. تۈركلەر ئادەم قۇربانلىق قىلىشتا دائىم ئاجىنىڭ قەبىلىسىدىكىلەردىن بىر ئادەمنى تاللايدىغان بولۇپتۇ. شىمو ئاجىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، كەچتە دېڭىزغا قايتىپتۇ. دېڭىز تەڭرىسىنىڭ قىزى ئۇنىڭغا ئۆز قولۇڭ بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىڭ ئۈچۈن، ئۇزايىڭدىن قان ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ، شۇڭا سەندىن مۇناسىۋەتنى ئۈزدۈم، دەپتۇ.

يۇقىرىقى تۆت مەنبە ئەپسانە بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى ئۈچىدە ئورتاقلىق بار. ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى ئەپسانىدە تۈركلەرنىڭ پەيدا بولغان يېرى بىر غارغا مەركەزلەشكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەپسانىلەردە غەربىي دېڭىز دېگەن بىر ئورتاق مەنبە بار. ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى خىل ئەپسانىدە دېڭىز تەڭرىسىنىڭ قىزىغا مۇناسىۋەتلىك ئورتاقلىق بار. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەپسانىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا

توغرا كېلىدۇ. بۇ ئەپسانىلەردىكى ئورتاقلىقلار مۇنداق:

1. قەبىلىلەر بۆرە نەسلىدىن تۆرىلىدۇ.

2. ئەسلىدىكى قەبىلە يوقىتىلىپ، ساق قالغانلارنىڭ ئىچىدىن ئاشىنا باشچىلىقىدىكى 10 ئۇرۇق شەكىللىنىدۇ.

3. ئاشىنا قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى بولىدۇ، باشقا جەھەتتە بۇ ئىككى ئەپسانە ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرقلەرمۇ بار.

تۈرك ئەجدادلىرىنىڭ ۋەتىنى ئىككىنچى ئەپسانىدە غەربتە، ئۈچىنچى ئەپسانىدە شىمالدا (ياكى شەرقتە) دەپ كۆرسىتىلىدۇ.

ئىككىنچى ئەپسانىدە، تۈركلەرنىڭ ئىتتىپاقى قۇرۇلغاندا، بۇ ئىتتىپاقتىكى قەبىلىلەرنىڭ ئورنى كۆرسىتىلمىدۇ، لېكىن ئۈچىنچى ئەپسانىدە بۇ كۆرسىتىلمەيدۇ.

ئىككىنچى ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى ئاددى ھەم ئوچۇق، لېكىن ئۈچىنچى ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى تۇتۇق ۋە مۇرەككەپ.

كېيىنكى ئۈچ ئەپسانە ئالتاي سېلىشتۇرما ئەپسانىشۇناسلىقى ئۈچۈن باھاسىز ماتېرىيال بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەقتىكى ئانالىز تەتقىقاتىنىڭ سىرتىدا تۇرماقتا. بۇ ئەپسانىلەردىكى مۇھىم نۇقتىلار تۈركلەرنىڭ مەنبەسىنىڭ قوچونىڭ شىمالى ۋە شەرقىي تەڭرىتاغلىرىدا بولۇشىدۇر. بۇ ئەپسانىلەر ئىچىدە «سۇينامە» دە خاتىرىلەنگەن بىرىنچى مەنبەلا رېئال تارىختىن دالالەت بېرىدۇ.

«سۇينامە» 629 ـ ۋە 636 ـ يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان. تۈركلەر ئۇزاقتىن بېرى خەنزۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ كەلگەچكە، بۇ خاتىرىلەرنى يازغان تارىخچىنىڭ تۈركلەر ھەققىدە بىلىدىغانلىرى كۆپ ئىدى. 542 ـ يىلىدىن ئىلگىرى تۈركلەر جۇڭگو مەنبەلىرىدە شىمالدىن كەلگەن بىر تاجاۋۇزچى دەپ قارىلاتتى.[5] بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم قەبىلىلەر يەرلىك ئولتۇراق خەلق بىلەن سودا قىلىشنىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. 545 ـ يىلى غەربىي ۋېي سۇلالىسى تۈركلەرگە تۇنجى قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى. تۈركلەر ئىككىنچى يىلى بۇنىڭغا جاۋابەن ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ بېرىش ـ كېلىشلەر ئاساسەن سودا ـ سېتىقنى ئاساسىي مەقسەت

قىلغانىدى. «سۈينامە» دە بايان قىلىنغانلار تۈركلەرنىڭ رورانلار-نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا كۈچىيىۋاتقانلىقىغا بېرىلگەن بىشارەت ئىدى. بۇ تەرەققىيات تەيۇۋدى قۇتقۇ قەبىلىسىنى بويسۇندۇرۇپ، شىمالدىكى سۇلالىلەرگە خاتىمە بېرىشتىن 100 يىل كېيىن بارلىققا كەلگەنىدى، يۇقىرىقى ئەپسانىلەردە تىلغا ئېلىنغان ئىشلار تۈركلەرنىڭ يازما خاتىرىلەردە تىلغا ئېلىنىشتىن بۇرۇنقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئالاقىدار بولسا كېرەك. مانا مۇشۇلاردىن تۈركلەرنىڭ 5 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئاشنا ئۇرۇقى تەرىپىدىن بىر سىياسىي كۈچ بولۇپ ئۇيۇشقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئەمدىكى مەسىلە، تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ نەق ئورنى مەسىلىسى. «سۈينامە»دە تۈركلەرنىڭ ئەلمىساقتىن بېرى ئالتاي تاغلىرىدا ياشىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ، پەقەت «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» نىڭ 99 ـ جىلدىدىلا تۈرك ئەجدادلىرىنىڭ ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر رايوندا ياشىغانلىقى ئالغا سۈرۈلمەكتە. بۇ مەلۇمات باشقا خاتىرىلەر تەرىپىدىنمۇ توغرا تېپىلماقتا. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ياكى غەربىي جەنۇبىدىكى بىر جاي ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

بۇ جاينىڭ كونكرېت ئورنىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن داڭلىق ئالىم پروفېسسور ماتسۇدا خىسائو بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇ تۈركلەرنىڭ ئانا يۇرتى ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبىي ئۇچىدا، يەنە قارا ئېرتىش بىلەن ئۇرۇڭغۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى ھاۋزىدا دەپ مۇقىملاشتۇرغان ھەمدە ئۇلار شىمالىي جۇڭغارىيىدىن شەرققە ۋە غەربكە قاراپ يېيىلغان دەپ كۆرسەتكەنىدى.[6] بىراق، مەن 5 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 6 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىغا قەدەر بۇ رايوندا يۈز بەرگەن زور سىياسىي توقۇنۇشلار تۈپەيلىدىن، بۇ زېمىننىڭ ئۇنچىۋالا يىراقتا (شىمالدا) بولۇشىنى قوبۇل قىلالمايمەن.

ئاشنا قەبىلىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان رورانلار جەنۇبىي

موڭغۇلىيىدىن كەلگەن. تەخمىنەن 450 ـ يىلدىن 500 ـ يىلـ
غىچە بولغان ئارىلىقتا روورانلار غەربكە سۈرۈلۈپ، شەرقىي تەڭـ
رىتاغ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئىشغال قىلغان. بۇ چاغدا قاڭقىل
قەبىلىلىرى بولسا غەربىي جەنۇبىي ئالتاي تاغلىرىدىن تەڭرىتاغـ
قا تۇتاشقان مەركىزىي رايون ئۇچۇن كۈرەش قىلىۋاتاتتى. لېكىن
ئۇلارنىڭ بۇ ئۇرۇشلىرى نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى. 540 ـ يىلى
روورانلار قاڭقىللارنى باستۇردى. نەتىجىدە ئاشىنا قەبىلىسىنىڭ
باشلىقى تۇمەن روران قاغانى بىلەن بىرلىشىپ جەڭدە زور غەلـ
بىگە ئېرىشتى. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، ئاشىنا قەبىلىسىگە مەنسۇپ
تۈركلەر شىمالىي جۇڭغارىيىدە ئەمەس، بەلكى جۇڭغارىيىنىڭ
جەنۇبىدا ياشايتتى.

بۇ ھەقتىكى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق كۆز قاراش س . گ
كلياشتورنىيغا تەئەللۇقتۇر. ئۇ ئالتۇنتاغدىكى بىر قىسىم تۈر ـ
كىي قەبىلىلەر ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىغا قەدەر يېيىلـ
غان،⑦ دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇ روورانلار بىلەن قاڭقىللار ئۇرۇشقان
ئەسلىي جەڭگاھنىڭ قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى باركۆل ئەتراپى بو ـ
لۇش ئېھتىماللىقىنى ئەسكە سالىدۇ. شۇنداق بولغاندا، روورانلار
بىلەن ئۇلارغا تەۋە قەبىلىلەرنىڭ يۇرتلىرى بۇ جەڭگاھنىڭ شەر ـ
قىدە بولغان بولىدۇ. ئەگەر جىنشەن ئالتاي تېغىنى كۆرسەتسە،
ئۇ ھالدا تۈركلەرنىڭ يۇرتى گوبى ئالتاي بىلەن موڭغۇلىيە جۇمـ
ھۇرىيىتىدىكى گاشۇن نورنىڭ شىمالىدىكى بايان خونگور ساھەـ
لىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «ئالـ
تاي تېغى» ئالتاي تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي قىسمىنى كۆرسىـ
تىدۇ، دەپ پەرەز قىلساق، ئۇ ھالدا بۇ، ئىككىنچى تۈرك ئەپساـ
نىسىنىڭ مەزمۇنىغا ناھايىتى ماس كېلىدۇ.

مۇنداق چۈشەندۈرۈش تۈركلەرنىڭ شىمالىي ۋېي خانلىقى
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ يورۇتۇپ بېرىدۇ. پەقەت مۇشۇنداق
جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك بولغاندىلا تۈركلەر بىلەن روورانلار
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن سۆز ئاچقىلى بولىدۇ.

551 ـ يىلى 6 ـ ئايدا تۈركلەرنىڭ قاغانى تۇمەن غەربىي ۋېي پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى چاڭ لې بىلەن توي قىلدى. 552 ـ يىلى يانۋاردا ئەسكەرلىرىنى توپلاپ روران قاغانىغا ھۇجۇم قىلدى. بىر ئاي ئىچىدە تۇمەننىڭ غالىب ئارمىيىسى دۈشمەننى موڭغۇلىيىنىڭ جەنۇبى ۋە سەددىچىنغا يېقىن جايلاردا تارمار قىلدى. تۇمەن ئۆزىنى ئىلىگ قاغان دەپ ئاتاپ تۈرك دۆلىتىنى بەرپا قىلدى. 555 ـ يىلى مۇقان قاغان رورانلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى يوقىتىش ئىشىنى غەلىبىلىك تۈگەتتى. خەنزۇچە مەنبەلەر تۈركلەرنىڭ كېيىنى ـ كېيىندىن قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىنىڭ لىنىيەلىرىنى ئېنىقلاپ بەرمەكتە ۋە ئۇلارنىڭ كۆچمە قارارگاھلىرىنىڭ يەنىلا ئەسلىي يۇرتلىرىدا ئىكەنلىكىنى ئەسلەتمەكتە. يەنە مۇشۇ مەنبەلەرگە قارىغاندا، تۈركلەرنىڭ بىر قىسمى قاڭقىللارغا تەۋە ھەر قايسى قەبىلىلەرنى تىزگىنلەش ئۈچۈن تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە كەتكەن.

خەنزۇ تارىخچىلىرى تۈركلەرنىڭ مۇقان قاغاننىڭ باشچىلىقىدا كەڭ كۆلەملىك كېڭىيىشىدىن ئەندىشە قىلغانىدى. بۇ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىغا مۇقان قاغان بىۋاسىتە ئارىلاشمىغانىدى. مەسىلەن: غەربتىكى ئېفتالىتلارغا قىلىنغان يۈرۈشكە مۇقاننىڭ تاغىسى ئىستەمى قوماندانلىق قىلغانىدى. شەرقىي موڭغۇلىيىدىكى كۈچلەرنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا مۇقان قاغاننىڭ ئىنىسى قوماندانلىق قىلغانىدى. بۇ ۋاقىتتا مۇقان قاغان خېشى كارىدورىدىكى تۇيغۇنلارنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىدا ئىدى.[8] 557 ـ يىلى شىمالىي جۇ خانلىقى غەربىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ئالغاندا، تۈركلەر شىمالىي جۇ خانلىقى بىلەن شەرقتىكى شىمالىي چى خانلىقى ئارىسىدىكى رىقابەتكە ئارىلاشتى. قىسقىسى، تۈركلەر ۋاقىتنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خانلىقلار بىلەن بولغان ھەربىي ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتنى تىزگىنلەش بىلەن ئۆتكۈزدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەسلىي قەبىلە بازىسى يەنىلا ئىلگىرىكى يۇرتلىرىدا قالدى. مۇقان قاغان 572 ـ يىلى ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن

ئوردىسنى موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىدىكى ئۆتۈكەنگە كۆچۈردى. تۈركلەرنىڭ تۈنجى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبى ئۈچىدا بارلىققا كەلدى. بۇ يەر ئۇلارنىڭ ئانا يۇرتى ئىدى. كۆك تۈرك خانلىقى قۇرۇلۇپ زېمىنى كېڭەيگەندىن كېيىنمۇ، نۇرغۇن تۈركلەر يەنىلا ئالتاي تېغىنىڭ غەربىي جەنۇبى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى يۇرتلىرىدا قالدى. كېيىنكى مەزگىللەردە بۇلار غەربىي تۈرك خانلىقىغا تەۋە بولدى. يۇقىرىدا توختالغان ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەپسانىدىكى مۇجمەللىكلەرنىڭ بەلكىم ئۆزىگە تۇشلۇق تارىخى باردۇر. تۈركلەر بىلەن غەربىي تۈركلەر ئارىسىدىكى پەرقلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى كەلگۈسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە باغلىقتۇر.

**ئىزاھاتلار:**

① «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دىكى تۈركلەرگە دائىر مەلۇماتلار «سۈينامە» بىلەن «جۇنامە»دىن كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، بەزى خەتلەرلا پەرقلىنىدۇ. ليۇ ماۋسەي: «شەرقىي تۈرك تارىخىغا دائىر خەنزۇچە مەلۇماتلار»، 1958 ـ يىلى ۋىسبادىن نېمىسچە نەشرى.

② قۇتقۇلار 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى شىمالىي لياڭ دۆلىتىنى قۇرغان ھۇنلارنىڭ بىر تارمىقى.

③ بۇ جاينىڭ ئېنىق ئورنىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەر قانچە تىرىشقان بىلەنمۇ ئېنىق بىر نەتىجىگە ئېرىشىش تەس.

④ دۇەن چېڭشى:«يۇياڭ خاتىرىلىرى» 4 ـ جىلد.

⑤ سېن جۇڭمىيەن:«تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1958 ـ يىل بېيجىڭ نەشرى، 1 ـ توم 15 ـ بەت.

⑥ ماتسۇدا خىسائو (ياپونىيە): «قەدىمكى تەڭرىتاغنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ھەققىدە تەتقىقات»، 1970 ـيىلى توكيو، 2 ـ بېسىلىشى، ياپونچە 250 ـ بەت.

⑦ س. گ. كلياشتورنىي:«قەدىمكى تۈرك رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، 1964 ـ يىلى موسكۋا رۇسچە نەشرى، 110 ـ 111 ـ بەتلەر.

⑧ «جۇنامە» 28 ـ جىلد «شى نېڭنىڭ تەرجىمھالى».

«تۈركىي خەلقلەر تەتقىقاتى» (تۈركچە)نىڭ 1996 ـ يىللىق 105 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇرېشىت جېلىل**

# تۈرك رۇنىك يېزىقىنىڭ مەنبەسى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە

## ئا. رونا تاس

ياۋروپا ئىلىم ساھەسىنىڭ تۈرك رۇنىك يېزىقىدىن خەۋەردار بولغانلىقىغا 300 يىل بولغان ھەمدە تومسوننىڭ بۇ يېزىقنى يەشكەنلىكىگە 100 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يېزىقنىڭ مەنبەسى تېخىچە ئېنىقسىز تۇرماقتا. بۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلارنى تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆپىنچىسى تۈركلەرنىڭ بۇ يېزىقنى سىرتتىن قوبۇل قىلغانلىقىنى ئالغا سۈرمەكتە. ھەتتا كۆپىنچىسى بۇ يېزىقنىڭ مەنبەسىنىڭ سامى تىلى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرماقتا. باشقا تەتقىقاتچىلار بولسا، بۇ يېزىقنىڭ بىر خىل يەرلىك ئىجادىيەت ئىكەنلىكى ۋە ھايۋانلارغا بېسىلغان تامغىلاردىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكى ھەققىدىكى كۆز قاراشلار ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلماقتا. تۈرك رۇنىك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ماقالە كلاۋسون (1970 - يىلى) ۋە لېۋشىك (1978 - يىلى) لارنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ خۇلاسە خاراكتېرلىك ماقالىلەردۇر.

كلاۋسون ھەرپلەرنىڭ قەدىمكى ئىران يېزىقىدىن شەكىللەنگەنلىكى ۋە ئېفتالىت ياكى ۋىزانتىيە يېزىقىنىڭ ئەسلىي يۇنان مەنبەلىك ئېلىپبە ئارقىلىق تولۇقلانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئېھتىمال تۈرك يېزىقى بىرەر سوغدى تەرپىدىن ئىجات قىلىنغان بولسا كېرەك. لېۋشىك بولسا بۇ يېزىقنىڭ ئىجاتچىسى بۇ يېزىقنى ئىجات قىلىشتا سوغدى يېزىقىنى ئاساس قىلغان ۋە ھەرپلەرگە بەزى توغرا ۋە تىك سىزىقلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئۆ-

نى باشقىچە تۇسكە كىرگۈزگەن، دەپ قارايدۇ.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالغا سۈرۈلگەن كۆز قاراشلارنىڭ ھېچ-قايسىسى ئانچە قايىل قىلارلىق ئەمەس ئىدى. بۇ ماقالىلەردىكى ئورتاق كەمچىلىك شۇكى: بۇ كۆز قاراشلارنىڭ ھېچقايسىسىدا بۇ يېزىقنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىزاھلانمىغان، باشقا يېزىقلارغا ئوخشىمايدىغانلىقى ئىزاھلانمىغان. شۇ سەۋەب-لىك بۇ يېزىقنىڭ ئۆز ئىچكى قۇرۇلمىسىدىكى سىزىقلارنىڭ تە-رەققىياتى مەسىلىسى نەزەرگە ئېلىنمىغان. ماقالە ئاپتورلىرى ھەر بىر ھەرپنى پەرقلىق بىر شەكىلگە قاراپ تەتقىق قىلغان ۋە بەزى ھەرپلەرنىڭ كۆپىنچە ھەرپلەرگە قارىغاندا يېڭىلىق ھېساب-لىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغان.

بۇ پەرقلىق كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بىردىنبىر كىشى پرىتساك (1980) تۇر. پرىتساك ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشلارنىڭ بەزىلىرى يېڭىلىق ھېسابلىنىدۇ. بىراق، ئۇلارنىڭ بىر قانچىسىلا قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە. مەن ئۇنىڭ تەتقى-قاتىدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، جەدۋەلدىكى 27 ـ نومۇرلۇق ھەرپ (𐰸𐰶𐰴)نىڭ ئەسلىدە 15 ـ نومۇرلۇق (𐰚) ھەرپنىڭ ئىككىنچى بىر خىل تەرەققىياتى ئىكەنلىكىنى بېكىتكەنىدىم. بۇ يەردە K بەلگىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش سەۋەبىنى بۇ فونېمىنىڭ تىترى-شى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغانىدىم. بىراق ئىككىمىزنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قارىشىمىز ۋە خۇلاسىلىرىمىز پۈتۈنلەي پەرقلىق بولۇپ چىقتى. تېمىدىن چەتنەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، پرىتساكنىڭ تەكلىپلىرى توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى بىر ياققا قويۇپ تۇرۇپ، نەق ھۆكۈملەر ئۈستىدە ئايرىم توختال-ماستىن، ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى — ئوتتۇ-رىغا قويۇلغان كۆز قاراشلارنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ يەردە سەل قارىغىلى بولمايدىغان شەرت — قولدىكى ماتېرىياللار-نىڭ ئەسلىي قەدىمكى مەنبە بولۇشىدىن ئىبارەت. ئەسلىي مەنبە-دىكى ھەرپلەرنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسىنى بەلگىلەپ چىقىش،

سىزىقلار ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى كۆرسىتىش كېرەك. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات جەنۇبىي سىبىرىيە يېزىقلىرىنى قايتىدىن ئېنىقلىغان ۋاسلىيېۋ (1983 ـ يىلى) نىڭ تىرىشچانـ لىقى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار يەنسەي ۋادىسىدىكى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ باشقا رايونلىرىدىكى يېـ ـزىقلارنىڭ ئىلگىرى پەرەز قىلىنغىنىمىزدەك ئەڭ قەدىمكى يېـ ـزىقلار بولماستىن، بەلكى موڭغۇلىيىدىكى بۈيۈك مەڭگۈ تاشلار بىلەن زاماندىش ۋە بەزىلىرىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى يېزىقلار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

تۈرك رۇنىك يېزىقىدىكى 39 ھەرپنى بەش گۇرۇپپىغا ئايرىپ چىقىشقا بولىدۇ.

A سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلىگۈچى بەلگىلەر.

B يېرىم سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر. بۇ سوزۇق تاۋۇشلار ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالدى ياكى كەينىدە كېلىدۇ.

C «ك» تاۋۇشىنىڭ ۋارىيانتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىـ لەر.

D سىرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلارنى بىلدۈرىدىغان بەلگىلەر.

E سوزۇق تاۋۇشلارغا بېقىنماي ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئىپادىـ لەيدىغان بەلگىلەر.

F جۈپ ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر.

5 ـ نومۇرلۇق ھەرپ پەقەت يەنسەي دەريا ۋادىلىرىدىن تېـ ـپىلغان مەڭگۈ تاشلاردىلا ئۇچرايدىغان يېڭى بەلگىدۇر. قالغان تۆت تاۋۇش بىزگە ناتونۇش بىر سىستېمىنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە.

1 ـ نومۇرلۇق (√٨٩ ) ۋە 3 ـ نومۇرلۇق ( ᚨ ) ئىككى بەلگە تىل ئالدى ۋە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار ( a, ä, i, e )نى ئىپادىلەيدىغان ئورتاق بەلگىلەردۇر.

2 ـ ( ᚲ ) ۋە 4 ـ نومۇرلۇق ( ᛗ ) كەڭ قوللىنىلىـ ـدىغان بەلگىلەر، بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئوچۇق ياكى يېپىق بولۇشىغا قاراپ ( O, U, ö, ü ) ئىشلىتىلىپ، بىر خىل ئارىلاشما ھالەتنى

شەكىللەندۈرمەكتە. بۇ سوزۇق تاۋۇش سىستېمىسىدا سىممېت-
رىك سىستېمىدىن پەقەت بىرلا سوزۇق تاۋۇش ئارتۇق. بۇ بول-
سىمۇ تۈرك تاۋۇش سىستېمىسىغا خاس تىل ئالدى جاراڭلىق
سوزۇق تاۋۇش «ئۆ» ۋە «ئۈ» ( ᛗ ) دۇر. بۇ تاۋۇشنىڭ ئىككى-
لەمچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى پەرەز بۇ بەلگىنىڭ قۇرۇلمىسى-
غا قارىغاندا ئېھتىمالدىن يىراق. تومسون بۇ بەلگە 3 ـ نومۇرلۇق
( ᚨ ) بەلگىدىن كېلىپ چىققان دېگەن پەرىزىنى بۇ بەلگىنىڭ
شەكلىگە قاراپ دەلىللىگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ بەلگە بىر تىك
بەلگىدىن مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن: ᛗ > ᛗ شۇڭا بىز سو-
زۇق تاۋۇشلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۈچ باسقۇچقا ئايرىپ يې-
ڭىدىن تىزىپ چىقىمىز.

I. A: W: I ({= ʃ: > : ȷ:} H. A.)
II. A: W: I: Ẇ ({= ʃ : > : ȷ : ᚠ} H. A.)
III. A: ė : W: I: Ẇ ({= ʃ : ᛝ : > : ȷ} H. A.)

بۇ بەلگىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى نورمال تەرەققىيات جەريا-
نى بىلەن ماس كېلىدۇ. بىراق بۇ جەرياننىڭ ئۇزۇك تاۋۇشلار
ئۈچۈنمۇ ئورتاق ياكى ئورتاق ئەمەسلىكىنى تەتقىق قىلىش كې-
رەك.

ئالدى بىلەن تەڭداش ئۇزۇك تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ ھەر قاي-
سىسىنىڭ ئۆزىگە زىت شەكىللەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەسلى-
كى ئېنىقلاپ چىقىلغان. يەنى ( ᛒ ) ( ᚴ ) ( ᛋ ) دىن پۈتۈنلەي
پەرقلىق بولغان ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان. ۋ. تومسون
1896 ـ 1884 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئېلان قىلغان ماقالىلىرىدە
ر²( r )، ل¹ (Y)²، ت¹ ( ᛡ ) ، ن² ( ᛗ )، ᛋ ( ᛦ ) ۋە ش
( ᛅ ) (يەنى 30 ـ نومۇرلۇق بەلگە)لارنىڭ مەلۇم شەيئىلەرنىڭ
تەسۋىري شەكلى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغانىدى. بۇنىڭغا ئوخ-
شىغان بەزى قاراشلار پولىۋانوف ۋە ئەرمىرەلەر تەرىپىدىنمۇ ئوت-

تۇرىغا قويۇلغان. كېيىنكى مەزگىللەردە ب$^2$ ( 𐰋 )، ك( 𐰚 𐰜 )، ۋە ي$^1$ (D) بەلگىلىرىنىڭ تەسۋىرىي مەنبە ئىكەنلىكى ئا. ۋون گابائىن (1948 ـ يىلى) ۋە كلاۋسون (1970 ـ يىلى )لار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىغان. د$^2$ (X) مەلۇم شەيئىنىڭ تەسۋىرىي شەكلى بولسا، ئۇ ھالدا 1 ـ گۇرۇپپىدىكى تەڭداش تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ ھەر بىرى مەلۇم شەيئىنىڭ تەسۋىرىي شەكلىدىن كېلىپ چىققان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مانى يېزىقى بىلەن بىرگە ترانسكىرىپسىيىسى بېرىلگەن رۇنىك ئېلىپبەسى (لېكوك 1990 ـ يىلى، 1050 ـ بەت)دىن مەلۇم بولۇشىچە، بارلىق ئۇزۇك تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ مەلۇم بىر تىل ئەلدى سوزۇق تاۋۇشى بىلەن ئوقۇلىدىغانلىقى ئىزاھلانغان. مەسىلەن :

ب$^1$ ئاب$^1$، ب$^2$ ئەب (چېدىر، ئۆي) 𐰋

د$^1$ ئاد، د$^2$ ئەد (مال ـ مۈلۈك) 𐰑 X

گ$^1$ (غ) ئاغ (تور)، گ$^2$ ئەگ X

ي$^1$ ئاي، ي$^2$ ئەي D 𐰘

ل$^1$ ئال، ل$^2$ ئەل 𐰞

ن$^1$ ئان، ن$^2$ ئەن (مايىللىق)، 𐰤 𐰣

ر$^1$ ئار، ر$^2$ ئەر (ئەر، ئەركەك) 𐰺

ت$^1$ ئات، ت$^2$ ئەت 𐱅 𐱃

بۇلاردىن باشقا:

ᐅ ، ك$^3$ ᐊ ئىك (يىك)

↓ ، ك$^4$ ↑ (ق) ئوق (ئوق)

بۇ يەردە ئازراق چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ: ي نىڭ «ياي» ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ بىر تەسۋىرىي شەكىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئېھتىمالغا يېقىن. بىراق ئۇنى سىستېما چەتكە قاقماقتا. چۈنكى تەسۋىرىي شەكىللەردە ئۇزۇك تاۋۇشلاردىن ئىلگىرى سوزۇق تاۋۇشلار كېلىدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە شۇ. تومسون ن$^2$ بەلگىسىنى «تۆۋەنگە قاراپ قەدەم تاشلاش» ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ گۇرۇپپىدا بىرلا پېئىل كۆزگە چېلىقىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىدىمۇ «ئەن» ئىسمى ئۇچرايدۇ. تومسون 30 ـ نومۇرلۇق بەلگە (∧)گە « äsik » (ئىشىك) دەپ تەبىر بېرىدۇ. بىراق بارلىق ئاچقۇچلۇق سۆزلەر بىر بوغۇملۇقتۇر. قايچىسىمان كېسىشكەن، «مال» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئىككى تاياقچە بەلگە د$^3$ (X) نىڭ تەسۋىرىي شەكىل مەنبەسى قىلىنغان (رونا تاسنىڭ 1956 ـ يىلىدىكى ئەسىرىگە قاراڭ)، «ك» بەلگىسىنىڭ ئىزاھاتى ناھايىتى مۇھىم. ك (ᛒ ᚺ) ۋە ك (↓ ↑) 2 ـ ۋە 4ـ نومۇرلۇق بەلگىلەرگە ئوخشاش بىر خىل سوزۇق تاۋۇشلۇق ئالاھىدىلىكلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن، شۇڭا ئۇلار سوزۇق تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ 2 ـ باسقۇچى بىلەن تەڭ مەيدانغا كەلگەن ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن.

سىرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇشلار مەسىلىسىگە كەلسەك، بەلگىلەرنىڭ تەسۋىرىي شەكىللىرى بىر بىرىگە زىت كۆرۈنىدۇ. بۇ بىزنى ئىختىيارسىز ھالدا بەزى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر قىلماقتا. بۇنى ناھايىتى قەدىمكى مەڭگۈ تاشلار ئارقىلىق ئىسپاتلىشىمىزغا رۇخسەت قىلغايسىزلەر.

«ئونگىن مەڭگۈ تېشى» (720 ـ ياكى 731 ـ سۆز)

كۆلى چور ۋە كۆل تېگىن مەڭگۈ تاشـ لىرىدا
(«بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» 735 ـ، 732 ـ، 724 ـ سۆزلەر)

«تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» (726 ـ سۆز)

«تېرخىن»، «تەس»، «شىنە ئۇسۇ» مەڭگۈ تاشلىرىدا، «سۇجى مەڭگۈ تېشى» (750ـ، 732 ـ ياكى 733 ـ 840 ـ سۆزلەر)

يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا

27 ـ نومۇرلۇق بەلگىنىڭ بارلىق شەكىللىرىنى سېلىشتۇ-

روۇپ چىقساق، تۆۋەندىكى نەتىجىگە ئېرىشىمىز:



(ۋاسىلىيېفنىڭ 1983 ـ يىلى نەشر قىلغان ئەسىرىنىڭ 133 ـ ۋە 134 ـ بەتلىرىگە قاراڭ)

بۇ بىزنىڭ ئاساسىي بەلگە «Y» ۋە ئۇنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىغا سىزىلغان سىزىقلار بىلەن ئارتۇقچە ھەپىلەشكەنلىكىمىزنى كۆرسەتمەكتە. بۇ يەردە ھەل قىلغۇچ تۈپ بەلگە «ل» دۇر. «$ل^2$» قانداقسىگە دىياكرىتىك بەلگە قويۇش بىلەن «ش»نى ئىپادىلەيدىغان بەلگىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ يېزىقنى ئەسلىي تۈرك يېزىقى دەپ پەرەز قىلساق ۋە بۇ تىلدا «ش» تاۋۇشى بولمىغان ھەمدە كېيىنكى مەزگىللەردە «ل» بەلگىسىنىڭ بەزىدە «ل»، بەزىدە «ش» ئورنىدا كەلگەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، بۇ تاۋۇش كېيىنكى ۋاقىتلاردا تۈرك تىلىغا كىرگەن دەپ پەرەز قىلغان بولساق، خېلىلا كۆپ قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىققان بولاتتى. تەتقىقاتچىلار «ئەل» سۆزىنىڭ «خەلق، دۆلەت» دېگەندەك مەنىلىرىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ، «ئەل» سۆزى ھەقىقەتەن ئىككىنچى تۈرك تىلى دەۋرىدىمۇ يەنە شۇ مەنىنى بەرگەن بولسا مەسىلە چىقمىغان بولاتتى. ئەمما بۇ بەلگە «يولداش، ھەمرا» مەنىسىنى بىلدۈرگەندە «ئەش» دەپ ئوقۇلىدۇ. شۇڭا «ش» دەپ ئوقۇلغان «ل» بەلگىسى دىياكرىتىك بەلگە قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلەنگەندى. مەخسۇس «ش» نى ئىپادىلەيدىغان باشقا ئىمكانىيەتلەرمۇ بار، مەسىلەن: «س» ئارقىلىق ئىپادە قىلىشقا بولاتتى. بۇ يېزىقنىڭ بىرىنچى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كېيىنچە بىلگە قاغاننىڭ ئوردىسىدا بۇ بەلگە باشقا بىر بەلگە بىلەن زىت بولۇپ قالغاچقا «ل» نىڭ 2 ـ خىل ۋارىيانتى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى يېزىقلاردىكى تۈپ پەرق «س» بىلەن «ش» ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بولماستىن، بەلكى تىل ئارقا ۋە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن سىرىلاڭغۇ ئۇزۇك تاۋۇشلار ئوتتۇرىسى-

دىكى پەرق بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار بۇ بەلگىلەرنى ئومۇمىي بىر
قېلىپقا سېلىنىشقا تىرىشقان بولسا كېرەك. «ش» نى ئىپادىلەيدى-
غان ئايرىم بەلگە يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققاندى.
35 - نومۇرلۇق بەلگىگىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىشقا مۇم-
كىن بولغان بولىسىدى، ئۇ ھالدا 27 - نومۇرلۇق بەلگىنىڭ 2 -
خىل ۋارىيانتىغىمۇ ئىسپات تېپىلغان بولاتتى.
ئەسلىدە بۇ بىر مەسىلە بولۇپ كۆرۈنگەندەك قىلىدۇ. لېكىن،
35 - نومۇرلۇق « [illegible] » بەلگىلىرىنىڭ يىلتىزى 18 - نومۇرلۇق
« [illegible] »بەلگىسىدۇر، بۇنىڭغا ئىلمەك تارتىش ئارقىلىق 35 -
نومۇرلۇق بەلگە مەيدانغا كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ.



بۇ ئىلمەك بەلگە ئۇيغۇر يېزىقىدىمۇ مەۋجۇت. مەلۇمكى،
كېيىنكى سوغدى يېزىقى بىلەن ئۇيغۇر يېزىقى ئارىسىدىكى ئا-
ساسىي پەرق، «ل» ئۇزۇك تاۋۇشى ئۇچۇن ئايرىم بەلگە بولمىغاندى-
لىقى ئۇچۇن تۈركلەر «ل» بىلەن ئوقۇلىدىغان «ەش» سۆزىگە
ئىلمەك تارتىپ قويغان. تۈرك رۇنىك يېزىقىدىكى «ز» غا ئوخشاش
ئوقۇلىدىغان «ر» ئىلمىكى ئوخشاش رولىنى ئوينىيالايدۇ. ئەمدى
32 - نومۇرلۇق «ڭ» ( [illegible] ) ۋە 36 - نومۇرلۇق «ن ي» بەل-
گىلىرى ( [illegible] ) قالدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىلگىرىكى
«ن» غا ئوخشىشىپ كېتىدۇ (16 - نومۇرلۇق). «ڭ» ھەرپى دى-
ياكرىتىك بەلگىنىڭ ياردىمى بىلەن، «ن ي»بولسا «ن» ھەرپىنىڭ
تەكرارلىنىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن، «ل د، ن د، ن چ»دىن ئى-
بارەت ئۈچ بەلگىمۇ تۈركىي تىل ئۈچۈن ئىجات قىلىنغان يېڭى
بەلگىلەردۇر. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى شۇ تاۋۇشلارنىڭ نەق ئۆزىگە
ۋەكىللىك قىلىدىغان بەلگىلەردىن كەلگەن ئەمەس.



شۇنداق قىلىپ، بىز تۈرك رۇنىك يېزىقىنىڭ تەرەققىيات

جەريانىنى ھازىرچە ئەڭ بولمىغاندا تۆت باسقۇچقا تىزىمىز.

1. ئا، ئى، ۋ، ب، د، گ، ي، ل، ن، ر، ت ك$^{1}$(ق)، س$^{2}$، س$^{1}$، چ، پ، م

2. ۋ، گ$^{1}$، د$^{2}$، ب$^{2}$ (غ)، ت$^{1}$، ر$^{2}$، ن$^{2}$، ل$^{2}$، ي$^{1}$ ڭ، ن ي، ك$^{5}$، ك$^{4}$

3. ش، ز، ل د، ن د، ن چ

4. ئې، ش$^{2}$

بىز ئەمدى بىرىنچى باسقۇچنى ئىككىنچى باسقۇچتىن ئايرىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ شەكلى ۋە ياكى كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىمىز. قەدىمكى سوغدى يېزىقى تومسونىدىن باشلاپ تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقتە بىۋاستە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى. سوغدى يېزىقىنى ئارامى مەنبەلىك باشقا يېزىقلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان تىپىك ئالاھىدىلىك، قەدىمكى سوغدى يېزىقى دەپ ئاتالغان ئېپىتىدائىي پارچىلاردا «ل» تاۋۇشى ھەرپى كۆپىنچە سىرىلاڭغۇ تاۋۇش «δ» ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن (پەقەت بەزى چەت تىللاردىن كىرگەن سۆزلەردىلا «ل» قوللىنىلغان. تۈرك رۇنىك يېزىقىدىكى «√» بەلگىسى «ل» تاۋۇشىنىلا ئىپادىلەيدۇ، ئۇ د$^{2}$ د$^{1}$ نىمۇ ئىپادىلىمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن 2 ـ جەدۋەلدە كۆرگىنىمىزدەك بەزى شەكىللەر قەدىمكى سوغدى يېزىقىنىڭ شەكىللىرىگە ناھايىتى يېقىن. باشقا بىر تۈركۇم ھەرپلەرنىڭ ئوخشاش شەكىللىرىنى قەدىمكى گىرۇزىيىنىڭ ئارمازشەھرىدىن تېپىلغان ئارمازىك يېزىقىدىمۇ ئۇچرىتىمىز.

خۇلاسە قىلىپ شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، تۈرك رۇنىك يېزىقىنىڭ يىلتىزى ئارامى يېزىقىغا قەدەر سۇرۇلسىمۇ، ئارامى يېزىقىنىڭ سوغدى ۋە ئارمازىك يېزىقلىرىغا ئازراق يېقىنچىلىقى بولسىمۇ، لېكىن ئارامى يېزىقى بۇ ئىككىلا يېزىققا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا يۇقىرىقى ئۈچ خىل يېزىقنىڭ ھەممىسى بىر يىلتىزدىن چىققانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

سوغدىلارنىڭ تەسىرى كېيىنكى مەزگىللەردە ئوتتۇرىغا چىقتى. «ن د، ل د، ن چ» ئۇزۇك تاۋۇشلىرى سوغدى تەسىرىنىڭ ئۈستۈنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. سوغدىلاردا «ن» دىن كېيىنكى تاۋۇش سىبىرىلاڭغۇ تاۋۇش بولۇپ، بۇ سوغدى تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. بۇمۇ قەدىمكى شەرق تۈركچىسىدە ياكى ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ بىر شېۋىسىدە تۈرك رۇنىك يېزىقى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بىر خىل ئەھۋال ئىدى. «ل د» بەلگىسىمۇ سوغدى يېزىقىدىكى «ل»غا باغلىنىشى مۇمكىن. يەنە  دىكى 2 ـ بەلگە سوغدى «ل» دۇر. سوغدى يېزىقىدىكى (nunنۇن) دىياكرىتىك بەلگە ـ چېكىت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. «تۇنيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» دا بۇ بەلگە ناھايىتى ئوچۇق ھەم بىر چېكىتلىك. كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۇ تاشلىرىدا بولسا بۇ بەلگە ئۈچ چېكىت بىلەن كۆرسىتىلگەن ۋە يېرىم چەمبەر بىلەن ئورالغان ھالەتتە كەلگەن. «نچ» تاۋۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بەلگە قوش «ن» دەك كۆرۈنىدۇ.



ئىلمەك بەلگىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن «ر» دىن بىر «ز» نىڭ شاخلاپ چىقىشىمۇ سوغدى تەسىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىشكە يارايدۇ.

يۇقىرىدىكى كۆز قاراشلارنى مۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇ:

تۈركلەر سوغدى ياكى ئارمازىك ھەرپلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىغا يېقىن كېلىدىغان، ئەمما ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدىغان ئارامى يېزىقىنىڭ بىر خىل شەكلىنى قوبۇل قىلغان. دەسلەپكى ئۆزگىرىشلەر يېزىق دەرەخكە، تاشقا ياكى قىيالارغا ئويۇلغان مەزگىللەردە بارلىققا كەلگەن. بۇ يېزىق ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىسقا بىر جەريان ئىچىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يېزىق خاس تۈركىي تىللارنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىنى تولۇق ئىپا-

دىلەشكە ئاجىزلىق قىلغان. تىل ئالدى ۋە تىل ئارقا سوزۇق تا-ۋۇشلارنى پەرقلەندۈرۈشكە بولغان كۈچلۈك ئېھتىياج بۇ يېڭى بەلگىلەرنى ياراتقان. يېڭى بەلگىلەرنىڭ يارىتىلىشىدا ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىلغان، ئۇ بولسىمۇ ئەسلىدە بار بەلگىلەرنىڭ مە-لۇم جايلىرىغا دىياكرىتىك بەلگىلەرنى قويۇش ياكى ۋە تەسۋىرىي شەكىللەرنى قوللىنىش.

«ك» بەلگىلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى بۇ فونې-مىنىڭ كۆپ ئىشلىتىلىشىدۇر. بۇ تىلدا «ش» ۋە «ز» تاۋۇشلىرى يوق ئىدى. بۇلار چۇۋاش، قەدىمكى بۇلغار ياكى ھەزەر تىللىرىغا خاس تاۋۇشلار بولسا كېرەك. كېيىنكى كۆك تۈرك خانلىقى بۇ يېزىقنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار «ز» نى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى. ئەمما «ش» نى ئۇزاق مۇددەتكىچە سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتتى. تۈركلەر «ل د، ن د، ن چ» لار ئۈچۈن ئالاھىدە بەلگىلەرنى ياراتتى.

كېيىنكى كۆك تۈرك خانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە بۇ يېزىقنىڭ يۈكسەك ئابرويى يەرلىك ئەمەلدارلار تەرىپىدىن تې-خىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئالىي ھاكىمىيەت تەرتىۋىنىڭ بۇزۇ-لۇشى مانى دىنىنى قوبۇل قىلىش ۋە مانى يېزىقى ھەمدە كېيىن-كى مەزگىللەردە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشى بىلەن مۇنا-سىۋەتلىك.

بۇ بۇزۇلۇش يەرلىك ۋارىيانتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. تۈرك رۇنىك يېزىقىنىڭ قەغەزگە يېزىلىشىنىڭ باشلىنىشى بىلەن بۇ يېزىقنىڭ ئالاھىدە بىر تىپى مەركىزىي ئا-سىيادا بارلىققا كەلدى.

1 ـ جەدۋەل: تۈرك رۇنىك يېزىقىنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى

A. سوزۇق تاۋۇشلار:

1. ئا ئە

2. ئو ئۇ

3. ئى (تىل ئارقا) ئى ئې

4. ئۆ ئۈ

5. ئې (پەقەت يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا)

B. ئۈزۈك تاۋۇشلار:

(جۈپ شەكىللىك ئۈزۈك تاۋۇشلار)

6. ب¹

7. ب²

8. د¹

9. د²

10. گ(غ)

11. گ²

12. ي¹

13. ي²

14. ل¹

15. ل²

16. ن¹

17. ن²

18. ر¹

19. ر²

20. ت¹

21. ت²

22. ك(ق)

23. ك²

24. ك(ق)

25. ك

26. ك(ق)

D. سىرىلانغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلار

27. س¹ ش² ش¹

28. ش² ش¹ ¹(س، س²)

29. س¹

30. ش² ش¹ (پەقەت يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرى)

E. يالغۇز ئۈزۈك تاۋۇشلار

31. م

32. ڭ؟

33. پ

34. چ

35. ز

36. نى

F. قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار

37. لد: M

38. نە

39. نچ

C «ك»نى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەر
2 ـ جەدۋەل: ئىپتىدائىي تۈرك رۇنىك يېزىقىنىڭ مەنبەسى



| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | Ara-maik İmp | İşaretler Part | Pers | Pehlevi Dinî | Kitap | Eski Soğd | Armazik | Runik | |
| Aleph | | | | | | | | | a/ã |
| Beth | | | | | | | | | $b^1$ |
| Gimel | | | | | | | | | $g^2$ |
| Dālet | | | | | | | | | $d^1$ |
| Hē | | | | | | | | | $k^2$ |
| Wāw | | | | | | | | | o/u |
| Zayin | | | | | | | | | s |
| Hēth | | | | | =ʾ | | | | $k^1$ |
| Ṭēth | | | | | | | | — | — |
| Yōdh | | | | | * 9 | | | | $y^2$ |
| | | | | | | | | | i/ı |
| Kaph | | | | 2 | | | | — | — |
| Lāmedh | | | | | | | | | $l^1$ |
| Mēm | | | | | | | | | m |
| Nūn | | | | | =w | | | | $n^1$ |
| Sāmekh | | | | | | | | | $s^1$ |
| Ayin | | | =w | =w | =w | | | — | — |
| Pē | | | | | | | | | p |
| Ṣadhe | | | | | | | | | č |
| Qōph | | | =m | =m | =m | | | - | - |
| Rēsh | | =ʾ | =w | =w | =w | | | | r |
| Šin | | | 22 | 22 | | | | - | - |
| Tāw | | | | | | | | | $t^2$ |

تۈركچە «تۈركىي خەلقلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 114 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرسۇنئاي ساقىم**

# قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىدىكى Türk yoçul bodun ھەققىدە

ل. يۇ. تۇگۇشېۋا (روسىيە)

ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنغان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردا Türk yoçul bodun دېگەن سۆز بىرىكمىسى ـــ بىر قېتىم، يەنە كېلىپ پەقەت بىرلا قېتىم «مايترى سىممت نوم بىتىگ»دە ئۇچرايدۇ. بۇددىزم مەزمۇنىدىكى مەزكۇر ئەسەر مىلادىيە 8 ـ ئەسىردە توخار تىلىدىن تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «مايترى سىممت نوم بىتىگ» خۇددى ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، بۇددا مايترىنىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىدىن ۋە بۇددىزم ئۇسلۇبىدىكى رىۋايەتلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، Türk yoçul bodun بىرىكمىسى بۇ ئەسەردە تۆۋەندىكى شەكىلدە كۆزگە چېلىقىدۇ:

Antan ozup [qurtu]lup burχanlar bälgürmädük ödtä tört türlüg tırın quvrağ yoq ödtä Türk yoçul bodun buqun är alpin ämgäkin kişi ažuninta toğar

(تەرجىمىسى: ئۇ يەردىن ئۆزاپ قۇتۇلۇپ بۇرخانلار تېخى كۆرۈلمىگەن ۋاقىتتا، تۆت تۈرلۈك ئەل ـ جامائەت تېخى يوق ۋاقىتتا، تۈرك يوچۇل بودۇن قەۋمى جاپا ـ مۇشەققەتلىك كىشىلەر دۇنياسىدا قايتا تۇغۇلار)

شىناسى تېكىن بۇلارنى تەرجىمە قىلىش ۋە ئىزاھلاش ئارقىلىق بۇ ئۈچ سۆزنىڭ ئۆزىنىڭ ئومۇمىي تىل مەنىسىنى ساقلاپ قالغان مۇستەقىل سۆز بىرىكمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ش. تېكىننىڭ ئىزاھلاشلىرىغا ئاساسلانغاندا، «Türk» سۆزى مەزكۇر سۆز بىرىكمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەل-

گەندە، «كۈچلۈك، قۇدرەتلىك، قاتتىق» دېگەن مەنىگە ئىگە؛ «yoçul» تۆۋەن (دەرىجە)؛ تار، ئارقىدا قالغان دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنى يېقىن كېلىدىغان پېئىل «oçul» (كەينىدە قېلىپ قالماق) ۋە « oçun » (قورقماق) دېگەنلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئىكەن.

بۇ سۆز بىرىكمىسىدىكى ھەر قايسى سۆزلەر ھەر قانچە قىلىغاندىمۇ ئومۇمىي مەنىگە ئىگە بولالمايدۇ، چۈنكى بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان سۆزنىڭ كونكرېت تارىخىي قەۋم ھەققىدە ئەمەس، بەلكى ئەپسانىلەر دەۋرىدىكى خەلقلەر ھەققىدە كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ياشاۋاتقان تېررىتورىيىسى مەزكۇر سۆز بىرىكمىسىدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇن بويىچە ۋە تېكىستنى تۈزگۈچىنىڭ پىكرىچە بولغاندا، «راھەت ـ پاراغەتلىك» «مەدەنىيەتلىك» ئالەمنىڭ سىرتىدا ئىدى. « مايترى سىمىت نوم بىدىتىگ» تىكى مەزكۇر سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەنا مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاش، ئومۇمەن ھازىرچە بىز ئېرىشكەن ماتېرىياللار سەۋەبىدىن مۇئەييەن چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئىزاھلىنىشىغا قارىتا ماھىيەت جەھەتتە تېخىمۇ تەپسىلىيرەك بەزى بايانلارنى قوشۇمچە قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. 11 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا شىنقۇ شەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن ئىشلەنگەنلىكى مەلۇم بولغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 6 ـ بابىدا ئاشۇ سۆز بىرىكمىسى تۆۋەندىكىدەك شەكىلدە ئىككى قېتىم ئۇچرايدۇ:

Ortun il ulus basinçlığ boltı Türk yoçul bodun ärtirü ayamlığ boltı in çu χandin näng olarni amırtqurğalı köntürgäli bolmadi.

(تەرجىمىسى: ئوتتۇرىدىكى مەملىكەت پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىندى. تۈرك يوچۇل خەلقى پەۋقۇلئاددە قۇدرەتلىك بولۇپ كەتتى، يىن ـ جۇ سۇلالىلىرىدىن بېرى ئۇلارنى بويسۇندۇرغىلى ۋە كۆندۈرگىلى بولمىدى).

Türk yoçul bodun ärtingü kötrülti üstünki il uluslar törüsin içqınti.

(تەرجىمىسى: تۈرك يوچۇل خەلقى بەكلا كۆتۈرۈلدى «قۇدرەت تاپتى»، يۇقىرىقى ئەل ـ مەملىكەتلەرنىڭ بۇيرۇق ـ پەرمانلىرىـ نى رەت قىلدى).

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، «مايترى سىمىت نوم بىتىگ» دىن ئۈچ ئەسىر كېيىن ئىشلەنگەن بۇ تەرجىمىدە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىبى ۋە تەرتىپىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەن. بۇ ئەھۋال شۇنى چۈشەندۈرىدىكى ، مەزكۇر سۆز بىرـ ىكمىسى شەكىل جەھەتتىن مۇقىم بولۇشتەك خاراكتېرگە ئىـ گە، يەنە كېلىپ مەيلى قانچىلىك دەرىجىدىكى مۇقىم سۆز بىرـ ىكمىسى بولسۇن، ئۇ ھامان تىل تەركىبى ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنالىرىدىن ھالقىپ كەتمىگەن، ئەمما تىل ئادىتىدە مۇقىملاشقان ۋە بىر نەچچە قوشۇمچە مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالـ غان بولىدۇ. بۇ سۆز بىرىكمىسىنىڭ مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدىكى روشەن بولمىغان، ئەمما مەۋجۇت بولۇۋاتقان سېمانتىكىلىق تەرـ كىبلىرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بېرىلگەن كونتېكستنى ۋە ئۇيـ غۇرچە تەرجىمىدە ئاساسلانغان خەنزۇچە ئورىگىنالىنى نەقىل كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن جۈملىلەرنىڭ بىرىنچىسى تۆۋەندىكى كونتېكستتا كەلگەن:

...kim bu t(a)vğaç [i]li tumšuqluğ-qa soqturğalï:[ta]rmaqlïğ-qa tartdurğalï ür[ki]ç bolmïš ärdi. biš ilig-lär...ğali umadï : üç χan-lar ...dğali küçi yitmädi : ötrü[lağ]ki balïq qodï saçlïğ-lar-nïŋ ...qsï boltï : qutluğ çuu-nan [t]ägiri oq baš-lïğ-lar-nïŋ [ö]rtgüni boltï : ortun il uluš ...ksiz basïnç-lïğ boltï : türk [y]oçul bodun ärtiŋü ayam-lïğ [bo]ltï : inçü χan-din bärü näŋ [o]lar-nï amïrtqurğalï köntürgäli bolmadï : qaçan χan vudi atliğ χan-qa tägdükdä tolp süü sin täbrätip qamağ küçin [öŋ]türüp qatïğlantï antağ qïltï [ärsär] ymä tk balïq-nïŋ uluš-nuŋ çïbïq-ïn yapïrğaqïn

(تەرجىمىسى: «...دەۋرلەردىن بۇيان تابغاچ ئېلى تۇمشۇقلۇق-قا چوقۇتتى (سوقتۇردى)، تىرناقلىقا تارتتۇردى. بەش ھۆكۈمران (ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا) قادىر بولالمىدى، (ئۇلارنى يېڭىشكە) ئۈچ خانىنىڭ كۈچى يەتمىدى. نەتىجىدە لاغكى شەھىرى ئۆزۈن چاچلىقلارنىڭ (ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ) قالدى. قۇتلۇغ چاڭئەن شەھىرىنىڭ ئەتراپى (يا) ئوقلىرى ۋىژىلدايدىغان (ئەسلى خەنزۇچە مەنىدە ‹ئوقلار ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇرىدىغان› دالاغا ئايلىنىپ قالدى. ئوتتۇرىدىكى مەملىكەت پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىندى.تۈرك يوچۇل خەلقى پەۋقۇلئاددە قۇدرەتلىك بولۇپ كەتتى، يىن ، جۇ سۇلالىلىرىدىن بىرى ئۇلارنى بويسۇندۇرغىلى ۋە كۆندۈرگىلى بولمىدى. قاچان خەن ۋۇدى ئاتلىق خانغا كەلگەندە، ئۇ پۈتۈن قوشۇنى تەۋرىتىپ، پۈتۈن كۈچىنى ئۆگىتۈرۈپ قوشۇن توپلىدى، شۇنداق قىلغان بولسىمۇ شەھەر ۋە ئۇلۇسىنىڭ شاخ - ياپرىقىنىمۇ تەۋرىتەلمىدى».

مەنبەلەردىن مەلۇمكى، تېكىستتە تىلغا ئېلىنغان ۋەقەلەر يۇز بەرگەن دەۋر يىن ۋە جۇ سۇلالىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1600 - يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 256 - يىلغىچە) بىلەن ئوخشاش، توغرىراقى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 12 - ئەسىردىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3 - ئەسىرگىچە بولغان بۇ ئارىلىق جۇڭگونىڭ ئاساسلىق، شۇنداقلا قورقۇنچلۇق رەقىبى بولغان ھۇنلارنىڭ دۆلەت قۇرغان ۋە قۇدرەت تاپقان دەۋرى ئىدى. يەنە شۇ مەلۇمكى، ئىمپېراتور خەن ۋۇدى دەۋرىدە ( مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 140 - يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 80 - يىلغىچە) ھۇنلار بىلەن بولغان كۈرەش بەكمۇ كەسكىن تۈس ئالغانىدى. ۋۇدى كۆپ قېتىم ھۇنلار دۆلىتىگە قارشى ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشقان بولسىمۇ، نۇرغۇن زىيان تارتتى، ئاقىۋەت ھۇنلارنى بويسۇندۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلمەي، ئۇلار بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. بىزگە مەلۇملۇق باشقا مەنبەلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، «شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ئىخچام ۋە ئەمەلىي ھالدا، تابغاچلار-

نىڭ ھۇنلارغا قارشى مەيدانىنىڭ رېئال تارىخنى بايان قىلىپ بەرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. يۇقىرىدا قىسقىغىنە نەقىل كەلتۈ-رۈلگەن ھۇنلارنىڭ تارىخى ھەققىدىكى پاكىتلارغا ئاساسلان-غاندا، ئۇلار خەنزۇچە تېكىستتە «شيۇڭنۇ / خۇننۇ» (匈奴) دەپ ئاتالغان؛ ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دا بولسا ئەمەلىي ھالدا، «خۇننۇ» ئاتالغۇسىنىڭ تەڭداش ئېتنونىمى سۈپىتىدە سۆز بىرىكمىسى «Türk yoçul bodun» ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭدىن بۇ خىل شەكىلنىڭ پەۋقۇلئاددە ھادىسە ئەمەس، بەلكى دائىملىق ھادىسە ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز.

تارىخىي پاكىتلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، تابغاچلار بى-لەن ھۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش توختاۋسىز ئېلىپ بېرىلدى ۋە «قۇتلۇق شەھەر چاڭئەننىڭ ئەتراپى ئوقلار ۋىژىلدايدىغان دالاغا ئايلانغان» دەۋرلەرمۇ بولدى، خۇددى بىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇقيا ھۇنلارنىڭ ھەربىي قوراللىرىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىناتتى. بۇ پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئۇيغۇرچە «شۈ-ەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىكى «Türk yoçul bodun» سۆزى رىۋايەتلەردىكى خەلقنى ئەمەس، بەلكى تارىختا ھەقىقىي مەۋجۇت بولغان خەلق — ھۇنلارنى كۆرسىتىدۇ، شۇڭا ئۇ بۇ جەھەتتىن «مايترى سىممىت نوم بىتىگ» دىكىدىن پەرقلىنىدۇ.

بۇ سۆز بىرىكمىسىدىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى ھەممىدىن بەك تارتىدىغان تەركىب — «تۈرك» سۆزىدۇر. 8 — 11 - ئەسىر-لەردىكى تۈركچە يازما يادىكارلىقلاردا «تۈرك» سۆزى كۆپلىگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) كۈچلۈك، قۇدرەتلىك. 2) ئېگىز نۇقتا، چوققا. 3) خەلق-نىڭ نامى. 4) ئۆلچەملىك، دىئالېكتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تىلنىڭ نامى ( مەسىلەن: سۆز بىرىكمىسى «تۈرك تىلى».) بۇ سۆز «بودۇن» بىلەن بىرىككەندە يۇقىرىقى ئۈچىنچى مەنىدىكى سۆزگە ئايلىنىدۇ ۋە قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە كەڭ قوللىنىلغان ھەمدە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىتتىپاقىنىڭ

نامى سوۋېتىدە ئىشلىتىلگەن «تۈرك» ئېتنونىمى بىلەن تەڭداش سىپىلىشتۇرما بولالايدۇ.

«شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى ئەسلى تېكستىنىكى ئاتالغۇ ۋە يەر ناملىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە توغرا تەرجىمە قىلىنغانلىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. شىنقۇ شەلى تۇتۇڭ تەرجىمىدە ئەسلى تېكستتە بېرىلگەن يەر ناملىرىنىلا ئەمەس، شەكىللىك بەلگىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئىشلەنگەن ناملارنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى، شۇنداقلا ئەسلىدىنىلا تەرجىمىسى بار ۋە كۆپ كۆرۈلىدىغان ناملارنىمۇ ناھايىتى جايىدا ۋە توغرا ئەسلىگە كەلتۈرگەن. مەسىلەن: tämirqapiğ ۋە Isiğköl قاتارلىقلار. ئالاھىدە سېمانتىكىلىق مەنىلەرنى ۋە ئۇقۇملارنى توغرا ئىپادىلەش مەقسىتىدە شىنقۇ شەلى تۇتۇڭ يەنە نۇرغۇن جايلاردا ئىزاھلىق تەرجىمە ئۇسۇلىنى قوللانغان. مەسىلەن : « ئوقلار توختاۋسىز رەۋىشتە كېلىپ تۇرىدىغان»نى «ئوقلار ۋىژىلدايدىغان» دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇمۇ تەرجىمانىنىڭ ھۈنلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدىن ھەقىقەتەن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلار ئىسپاتلىغاندەك، ھۈن ھۆكۈمرانى باتۇر ئىجاد قىلغان «دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكىگە قورقۇنچ» سالغۇچى ئوقيا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىلغاندا قاتتىق ۋىژىلداپ ئۇچىدىغان ئوقلىرى ھەقىقەتەنمۇ سۆڭەكنى تېشىپ ئۆتەلەيتتى.

ئومۇمەن، ئۇيغۇرچە « شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىكى نۇرغۇنلىغان مىساللار تەرجىمانىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىغا چېتىلىدىغان كۆپلىگەن پاكىتلار بىلەن بەكمۇ تونۇشلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپات قىلماقتا. مەسىلەن: تېكستتىكى مەلۇم بىر بۆلەكتە شۈەنزاڭنىڭ زامانىدىشى بولغان تاڭ ئىمپېراتورىنىڭ «شىمالدىكى تاغلىق رايونلاردا ياشىغۇچى» كۆچمەن خەلقلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى ۋە ئاخىرقى جەڭ ئارقىلىق سان ـ ساناقسىز ئەسىرلەرنى قولغا چۈشۈرگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلار ئەسلى خەنزۇچە

تېكستتە «شەنيۇ ( تەڭرىقۇت ــــ ت)نىڭ قەۋمى ۋە ئاتلىق مەر-گەنلەر» دەپ بېرىلگەن، ئەمما شىنقۇ شەلى تۇتۇكى بۇنى ئەسلىگە قايتۇرۇپ، «قىرغىزلار ۋە ئاتلىق مەرگەنلەر» دەپ تەرجىمە قىلىغان، بۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئاتالغۇلارغا مۇناسىۋەتلىك خەلقنىڭ نا-مى كونكرېت ئىپادىلەپ بېرىلگەن. يەنە ئاشۇ قۇرلاردىكى ئەسىر-لەر ھەققىدىكى بايانلارغا «خۇددى ياقۇتتەك پاك ـ پاكىز» سۆزى قوشۇمچە قىلىنغان ۋە «تىنچ ئاھالىنى ھەيدەپ چىقاردى» دېگەن-نى ئەسكەرتىشنى زۆرۈر، دەپ قارىغان. ئەسلىي تېكستكە قىلىن-غان بۇ قوشۇمچە بايانلار ئاپتورنىڭ ئاشۇ ۋەقەلەر ھەققىدىكى پا-كىتلار بىلەنلا ئەمەس، يەنە ئاشۇ تەڭسىز مۇناسىۋەتلەردىنمۇ ياخشى خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلماقتا.

دېمەك، شىنقۇ شەلى تۇتۇكنىڭ ئومۇمىي تەرجىمە ئۇسلۇبى-دىن قارىغاندا، تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا تەۋە ئى-كەنلىكى ئېنىق بولغان. Türk yoçul bodun بىرىكمىسى ئارقى-لىق «شيۇڭنۇ» (ھۇن) ئىبارىسىنى ئىپادىلىگەنلىكىنىڭ يېتەر-لىك ئاساسى بارلىقىغا گۇمان قىلغۇدەك ھېچقانداق ئورۇن قال-مايدۇ.

مەزكۇر سۆز بىرىكمىسىدىكى سۆز مەنىسىنى كونكرېتلاش-تۇرۇپ تۇرغۇچى «yoçul» دېگەن سۆز «تۈرك» دەپ ئاتىلىۋاتقان خەلقنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىر ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ نامى ئىكەن-لىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. كونكرېتلاشتۇرغۇچى ئىبارە « yoçul » نى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئاشۇ بىر بۆلەك ئېتنىك گۇرۇپپا بىلەن سېلىشتۇرغىنىمىزدا، بۇ سۆزنىڭ «كۆچمەنلەر» چوڭ ئائىلىسى-دىكى بىر ۋەكىلىنىڭ نامى سۈپىتىدە كەلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

« yoçul » سۆزىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى بۇ خىل يەكۈن بۇ سۆزنىڭ مەنبەسى ھەققىدە باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرىدۇ. شەكلىدىن قارىغاندا، « yoçul» سۆزى تۆر جەھەتتىن ئارقا قوشۇمچە « L » نىڭ ياردىمى بىلەن ياسالغان ئىسىم بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى تۈركىي تىللاردا ئېنىقلىغۇچى

yoçul دىن ھاسىل بولغان پېئىل يىلتىزى yoç(u) نىڭ مەۋجۇتلۇقى ھازىرقى زامان قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىدا پېئىل يىلتىزى jos «چوڭ كۆلەملىك يۆتكىلىش»؛ josu يەنى «چوڭ كۆلەملىك كۆچۈش» — «قازاقچە - رۇسچە لۇغەت»، 1954 - يىل، 178 - بەت) بىلەن پېئىل يىلتىزى još («ئاقماق، يۆتكەلمەك» ك . ك. يۇداخىن «قىرغىزچە - رۇسچە لۇغەت»، موسكۋا، 1965 - يىل، 263 - بەت) قاتارلىقلارنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «چوڭ كۆلەملىك يۆتكىلىش، چوڭ كۆچۈش، كۆچمەنلىك» قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان يىلتىزدىن ياسالغان بۇ ئېنىقلىغۇچى ھەقىقەتەنمۇ «يۆتكىلىدىغان، كۆچىدىغان، كۆچمەن ھايات كەچۈرىدىغان» دېگەندەك مەنىگە ئىگە ئىدى. تۈركىي تىللارنىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، jos - još - yoç تەك ئۆزگىرىش جەريانى قانۇنىيەتكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ ئەھۋال ئىككى باسقۇچلۇق ئۆزگىرىش جەريانىغا ئىگە بولغان. يەنى 1) Ç (ئوغۇزچە) 2) š (قىپچاقچە) ← s (قازاقچە).

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇرچە «شۇنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىن بىزگە مەلۇم بولغان يۇقىرىقى ئاشۇ نامنىڭ ھۇنلار نامىنىڭ قەدىمكى تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىدىكى ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ھۇنلارنىڭ بىۋاسىتە ھالدا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولالىدۇق.

رۇسچە «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى» ناملىق توپلامدىن
تەرجىمە قىلغۇچى : **قۇربان تۇران**

# 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركلەر بىلەن ۋېنگىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى

گوڭ فاڭجېن

ۋېنگىرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇلارنىڭ تۈركىي خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ مەسىلە. 1882 ـ يىلى ۋېنگىرىيىلىك ئارمىن ۋامبېرى[①] ئېلان قىلغان «ماجارلار (ۋېنگىرلار) نىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرىدە ۋېنگىرلار تۈركلەردىن كېلىپ چىققان دېگەننى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋېنگىرىيە ئالىملىرى ئارىسىدا كەسكىن مۇنازىرە، يەنى ئاتالمىش «تۈرك ـ ئوغۇر ئۇرۇشى» مەيدانغا كەلدى. ج. بۇدېنز بىلەن پ. هۇنفالۋى ۋېنگىرلارنى ئوغۇرلاردىن كېلىپ چىققان، ۋېنگىر تىلى فىن ـ ئوغۇر تىلىغا تەۋە دەپ قارىدى. هازىر ئوغۇرلاردىن كېلىپ چىققان دېگەن كۆز قاراشنىڭ توغرىلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، لېكىن ۋېنگىرلاردا ھەقىقەتەنمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ قېنى بارلىقى ، ۋېنگىر تىلىدا خېلى كۆپ تۈركىيچە سۆزلۈكلەرنىڭ بارلىقى ھەمدە قەدىمدە ۋېنگىرلارنىڭ تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ماقالىدە 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن ۋېنگىرلارنىڭ مۇناسىۋىتى سۆزلىنىدۇ.

## 1. ۋېنگىر تىلىدىكى تۈركىيچە سۆزلۈكلەر

ۋېنگىرلارنىڭ تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئەڭ ئاۋۋال تىلدا ئەكس ئېتىدۇ. هازىرقى ۋېنگىر تىلىدا 9% ئەتراپىدا تۈركىيچە سۆزلۈك بار. چۈشەندۈرۈشكە تېخىمۇ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ، هازىرقى زامان ۋېنگىر تىلى بىلەن تۈركىي تىللار سېلىشتۇرما قىلىنىدى، بۇ تۈركىي تىللارنىڭ ھەممىسى

قەدىمكى تۈرك تىلىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، بۇنى سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ.

«دېڭىز» دېگەن سۆز ۋېنگىر تىلىدا (tenger)، قازاق تىلىدا «تېڭىس»، قاراقالپاق تىلىدا «تېڭىس»، ئۆزبېك، ئۇيغۇر تىللىرىدا «دېڭىز» دېيىلىدۇ.

«بۇقا» دېگەن سۆز ۋېنگىر تىلىدا «bika»، تۈركمەن، ئۆزبېك، ئۇيغۇر تىللىرىدا «بۇقا»، قاراقالپاق تىلىدا «buga» دېيىلىدۇ.

«موزاي» ۋېنگىر تىلىدا «tino»، باشقىرت، ئۆزبېك، تۈركمەن، قاراقالپاق تىللىرىدا «تانا»، ئەزەربەيجان تىلىدا «دانا» دېيىلىدۇ.

«قوي» ۋېنگىر تىلىدا « kos»، قازاق، قاراقالپاق، قىرغىز، ئۇيغۇر تىللىرىدا «قوي» دېيىلىدۇ.

«ئۆچكە» ۋېنگىر تىلىدا «kecske»، قىرغىز، ئۆزبېك تىللىرىدا «ئەچكى»، قازاق تىلىدا «ئەشكى»، ئەزەربەيجان تىلىدا « keci» دېيىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا قازاق، ئۆزبېك، ئۇيغۇر تىللىرىدا ياۋا ئۆچكە «كېيىك» دېيىلىدۇ، بۇ سۆزنىڭ ئەلۋەتتە «kecske» دېگەن سۆز بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار.

يەنە «ئالما»، «باتۇر» دېگەن سۆزلەردىمۇ شۇنداق ئەھۋال بار، ئۇلارنى مىسال كەلتۈرمىدۇق.

ۋېنگىرىيىنىڭ بىر قەدەر ئىشەنچلىك تارىخى ئارپاد خانلىقىدىن باشلانغان، ئارپاد مىلادىيە 907 ـ يىلى ئۆلگەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرنى تارىخشۇناسلار ۋېنگىرىيىنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى تارىخى دەپ ئادەتلەنگەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ۋېنگىر تىلىدا يېزىلغان ئەسەر يوق ئىدى. پەقەت 11 ـ ئەسىردىكى بىر لاتىنچە ئەسەردە قەدىمكى ۋېنگىرچە پارچە ـ پۇرات سۆزلۈكلەر ئۇچرايدۇ. ئەڭ دەسلەپكى « ۋېنگىرىيە تارىخى» لاتىن يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، قايسى تىلدا يېزىلغانلىقى نامەلۇم. هازىر ئەڭ دەسلەپكى ۋېنگىرلار بىلەن تۈركلەرنىڭ مۇناسىۋەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئاساسلىقى تىلشۇناسلىققا،

ئاندىن شەرقىي رىم تارىخچىلىرى بىلەن مۇسۇلمان ئاپتورلارنىڭ خاتىرىلىرىگە تايانماي بولمايدۇ. بىراق بۇ ماتېرىياللار ئىچىدىكى مىللەت نامى، ئادەم ئىسمى، يەر ناملىرىنى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى يېزىلىشىغا بىرمۇ بىر تەدبىقلاپ چىقىش بىر قەدەر قىيىن. ماقالىدە نەقىل ئېلىنغان ئىسىملار ئەسلىدىكىسى بويىچە ئېلىندى.

2. «ۋېنگىر» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

ۋېنگىرلار ئۆزىنى ماجار (Magyar) دەپ ئاتايدۇ. ئىنگلىزچە Hungarian، فرانسۇزچە Hongrois، نېمىسچە ungar دېيىلىدۇ. بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى لاتىنچىدىكى ungri دىن كەلگەن. بىراق بۇ لاتىنچە نام 5 ـ ئەسىردىكى ئونئوغۇر (Onogur) دېگەن قەبىلە نامىدىن كەلگەن. بۇ نام ئەڭ ئاۋۋال شەرقىي رىم تارىخچىسى پرىسكۇسنىڭ خاتىرىسىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ساراغۇر (Saragur)، ئوغۇر (Ogur) ۋە ئونئوغۇرلار سابىر (Sabir) لارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ماكانىدىن قوغلىۋېتىلگەن. سابىرلار شۇ دەۋردە ئاۋار (Avar) لارنىڭ قىسىتىشى بىلەن كۆچكەن، لېكىن ئاۋارلارمۇ ئوكيانغا يېقىن ئولتۇراقلاشقان باشقا مىللەتلەرنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. مۇشۇ ۋاقىتتا (تەخمىنەن مىلادىيە 465 ـ، 461 ـ يىللار ئارىلىقىدا) ساراغۇرلار، ئوغۇرلار، ئونئوغۇرلار شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە ئەلچى ئەۋەتكەن.[②]

ساراغۇر دېگىنى سارائوغۇر (Saragur) نىڭ ئۆزى بولۇپ، ساپ ئوغۇر ياكى ئاق ئوغۇر دېگەن مەنىدە. ئونئوغۇر، يەنى ئون ئوغۇر دېگەن مەنىدە. ئونئوغۇر، يەنى ئون ئوغۇر دېگەن سۆزدىكى «ئون» تۈركچە «ئون» دېگەن ساننى كۆرسىتىدۇ. ئوغۇرلار ئېلىمىز تارىخىي ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدىغان (乌护, 乌纥, 回纥 ئۇيغۇر) لارنى كۆرسىتىدۇ. ساراغۇرلار مىلادىيە 466 ـ يىلى پارسلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئەرمىنىيىنى خارابىلىككە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. شۇڭا 5 ـ ئەسىرلەردە ساراغۇرلارنىڭ تەسىر دائىرىسى كاۋكازغىچە يېتىپ بارغانىدى. ئوغۇرلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى

توغرىسىدا مېناندرې (Menandre) «يۇنان تارىخىنىڭ پارچىلىرى» دە: « مىلادىيە 569 ـ يىلى رىم ئەلچىسى ۋولگا دەرياسىنىڭ غەربىدە تۈرك قاغانىغا قاراشلىق ئوغۇر ( ئۇيغۇر) لارنىڭ رەھبىرىنى ئۇچراتقان»، دەپ خاتىرىلەنگەن. 7 ـ ئەسىردە ئۆتكەن شەرقىي رىم تارىخچىسى سىموكاتتامۇ ئوغۇرلار شەرقتىكى تىل (Til) دەرياسى بويىدا ئولتۇراقلاشقان، دەيدۇ.[3] مارگۇئارت بۇ دەريانى «سۇينامە» دە تىلغا ئېلىنغان (独洛河 تۇغلا دەرياسى) نىڭ ئۆزى دەپ قارايدۇ. بىراق «تىل» (Til) دېگىنى «ئاتىل» (Atil) دېگەنلىك، ۋولگا دەرياسىمۇ «ئاتىل» دېيىلەتتى. مېناندرىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندىمۇ بۇ ۋولگا دەرياسى ئىدى. ئوندىئوغۇرلار قەدىمكى ئۇيغۇرچە « تەڭرىدە بولمىش ئەل ئېتمىش بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى ئون ئۇيغۇرلارنىڭ نەق ئۆزىمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ بىر نېمە دېيىش تەس. ئونئوغۇرلارنىڭ 5 ـ ئەسىردىن كېيىنكى ئەھۋالى شەرقىي رىم تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرىمايدۇ. بىراق 10 ـ ئەسىردە پارس تىلىدا يېزىلغان مەشھۇر ئەسەر ـــ «ھۇدۇدۇل ئالەم» بىلەن 11 ـ ئەسىردىكى پارس تارىخچىسى گەردىزىنىڭ ئەسىرىدە v.n.d.r ياكى n.d.r.n.n دېيىلگەن مىللەتنىڭ ماجارلار بىلەن قوشنا ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان.[4]

مارگۇئارت v.n.d.r ياكى ( Onoghundur ئونئوغۇندۇر) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىدۇ ھەمدە «ئونئوغۇن» بولسا «ئونئوغۇر»دېگەنلىك ، «دۇر» تۈرك تىلىدىكى سۆز ئارقا قوشۇمچىسى دەيدۇ. ئىكىنومىدىس ئۇلارنى ماجارلار دەپ خاتىرىلىگەن. مىنورىسكىي ئونئوغۇندۇرلارنى بۇلغارلارنىڭ بىر قەبىلىسى دەپ تەھقىقلەيدۇ. بۇلار 5 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە شىمالىي كافكاز ۋە ئاسۇر دېڭىزىنىڭ شىمالىدىكى كۇبان رايونىدا ئولتۇراقلاشقان. بۇ رايوندىكى بۇلغارلار يەنە ئىپتىدائىي بۇلغارلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلار تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە بولۇپ، 2 ـ ئەسىردە باشقا بىر قىسىم قەبىلىلەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن كاسپىي

دېڭىزى ۋە قارا دېڭىز ئەتراپىغا كەلگەن، بۇ قەبىلىلەر ئىچىدە ئونئوغۇندۇرلار بار ئىدى. يۇقىرىقى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ماجارلارنىڭ باشقا تىللاردىكى ئاتىلىشى ئونئوغۇردىن كەلگەن، بىراق ئونئوغۇرلارمۇ تۈركىي خەلق بولۇپ ، فونېتىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تۈرك بىلەن ۋېنگىر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھازىرقى ۋېنگىر مىللىتى ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن ئونئوغۇرلار بار.

ئېلىمىز تارىخچىسى ياڭ شيەنيى ئەپەندى «سۈينامە. تېلېلار ھەققىدە قىسسە» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ، ساراغۇرلارنى خەنزۇچە مەنبەلەردىكى 苏路羯 (سۇلۇجيې)، ئوغۇرلارنى ئاق تاغ ئەتراپىدىكى乌护 (ئوغۇز)، ئونئوغۇرلارنى 恩屈 (ئېنچۈ) لەرنىڭ ئۆزى دەپ قارىدى.[5]

سېن جۇڭمىيەن ئەپەندىمۇ ئوغۇرلارنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردىكى乌护 ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى.[6] باسكاكوفنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تۈركىي تىللار ھۇنلار دەۋرىدىن باشلاپلا پارچىلىنىشقا باشلىغان، يەنى ھۇنلارنىڭ « r »لىق تارمىقى بىلەن « z » لىق تارمىقى ئۆز ئارا قارىمۇ قارشى بولۇشتەك ھالەت شەكىللەنگەن. غەربىي ھۇن تىلى تارمىقىدىكى ساراغۇر ، ئوغۇر، ئونئوغۇر، Savir (ساۋىر)، ئاۋارلار ھەمدە كېيىنكى بۇلغار قەبىلىلىرى « r »لىق تارماققا تەۋە ئىدى. بىراق ئوغۇز، قىرغىز قاتارلىق شەرقتە ياشىغۇچى قەبىلىلەر « z » لىق تارماققا تەۋە ئىدى.[7] شۇنداق بولغاچقا، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ نامى كۆپ ھاللاردا «r» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلاشقان.

ۋېنگىرلار ئۆزىنى ماجار دەپ ئاتايدۇ، بۇ نام تۈركىي خەلقلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. «ماجار» ھازىرقى زامان ۋېنگىر تىلىدىكى نام بولۇپ، قەدىمكى ۋېنگىر تىلىدىكى تەلەپپۇزى بىلەن ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ھازىرغىچە 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋېنگىر تىلىدا يېزىلغان ھۆججەتلەر تېپىلمىدى. قەدىمكى ۋېن-

گىر تىلى دېيىلگىنى 11 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرگىچە بولغان تىل بولۇپ، ئۇنى 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى ۋېنگىر تىلىنى ئەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ. 12 ـ ئەسىرگە ئائىت قەدىمكى ۋېنگىر تىلىدىكى يازما يادىكارلىق «ند-جاتنامە» («Haloott Geszed»[8])قا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ۋېنـ-گىر تىلىدا قىسقا سوزۇق تاۋۇش « a » يوق ئىكەن. قەدىمكى ۋېنگىر تىلىدىكى « u» تاۋۇشى هازىرقى « o» تاۋۇشىغا، « o» تاۋۇشى هازىرقى « a » تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن: بۇ ئە-سەردىكى « oz» (ئىنگلىز تىلىدىكى « the»، « it» دېگەن سۆز-گە توغرا كېلىدۇ) هازىرقى تىلدا « az» دېيىلىدۇ. « pur» (چاڭ ـ توزان) هازىرقى زامان ۋېنگىر تىلىدىكى « por»غا توغرا كېلىـ-دۇ. شۇڭلاشقا Magyar دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى تەلەپپۇزىدا پەرق بار. ئې.پارتىرىدگې بۇ سۆز قەدىمدە Mogyari دەپ ئوقۇلاتتى، دەيدۇ.[9] مىنورىسكىي ۋېنگىر ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساس-لىنىپ، ئۇنى Mojgher دەپ ئەسلىگە كەلتۈردى. Mojgher دې-گەن بۇ سۆز Moj ← gher دىن تۈزۈلگەن. Gher باشقىرت (Bashqir, Bashghir, Bashghird) دېگەن تۈركىي خەلق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نېمەت Bashghir تۈركىي تىلدىكى( Bash بەش) بىلەن ( ghur قەبىلە) نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن دەپ قاراي-دۇ.[10] باشقىرتلار بىلەن كاسپىي دېڭىزى ئەتراپىدىكى ۋېنگىرلار يۇغۇرۇلۇپ Mojgher لار شەكىللەنگەن، gher بولسا Bashghir دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرىقى بوغۇمى. شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىردىكىلەر ماجارلارنى باشقىرتلار دەپمۇ ئاتىغان. پارتىرىدگې Mogyeri دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى بولغان «eri » تۈركىيچە سۆز بولۇپ، «ئادەم» «er»، «ئادەم» ، «ئەر» دېگەن مەنىدە دەيدۇ، سۆز ئاخىرىغا « i» تاۋۇشىنىڭ قوشۇلىشى قەدىمكى ۋېنگىر تىلىنىڭ ئالاھىدى-لىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، سۆز ئاخىرىدا ھەمىشە قىسقا سوزۇق تاۋۇش « u»، « i»، «u»لار قوشۇلۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: هازىرقى ۋېنگىر تىلىدىكى «faher » (ئاق) قەدىمكى ۋېنگىر تىلىدا

«faheru» دېيىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، Magyar دېگەن نام تۈر-كىي تىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

3. sabar لار

ۋېنگىرلار بىلەن تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ 10 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ماتې-رىيال — شەرقىي رىم ئىمپېراتورى كونستانتىن Ⅶ نىڭ ئە-سىرىدۇر. كونستانتىن Ⅶ 905 - يىلى تۇغۇلۇپ، 959 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ بۇ ئەسىرىنى ھەرخىل يازما ماتېرىيال، ۋەزىر-لەرنىڭ دوكلاتلىرى ۋە چەت ئەل ئەلچىلىرىنىڭ پاراڭلىرىغا ئا-ساسەن يېزىپ چىققان، ئۇنىڭدا شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ يات مىللەتلەرگە قوللىنىدىغان تاشقى سىياسىتى ئىپادىلەنگەن. كىتاب ئەسلى گرېكچە بولۇپ، ئىسىم قويۇلمىغان. 1611 - يىلى مېئۇرسىئۇس ئەسەرنى لاتىنچىگە تەرجىمە قىلغاندا ئۇنىڭغا «ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى» دەپ ئىسىم قويغان. بۇ ئەسەردە ماجارلار تۈرك (Tourokhoi) دەپ ئاتالغان[11] بۇنىڭدىن شۇ ۋاقىتلاردا ماجارلارنى شۇنداق ئاتاشنىڭ ئومۇملىشىپ قالغانلىـ-قىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تۆۋەندە چۈشەندۈرۈشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ۋېنگىر دىگەن نامنىڭ ئورنىغا ماجار دېگەن نام ئالماش-تۇرۇلدى.

كىتابتا ماجارلار ( ئەسلىي تېكستتە تۈرك دەپ خاتىرىلەن-گەن، ئوقۇشلۇقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىردەك ما-جارلار دەپ تەرجىمە قىلىندى) ئەسلىدە خازارىيە ئەتراپىدا يا-شايتتى. (خازارىيىنىڭ مەنىسى خازارلار ئولتۇراقلاشقان جاي دې-گەنلىك بولىدۇ، خازار « يېڭى تاڭنامە. ئەرەبلەر ھەققىدە قىسسە» دە تۈرك خازارلىرى (突厥可萨) دەپ ئاتالغان خەلقنى كۆرسى-تىدۇ)، ئۇلار تۇرىدىغان يەر لېبېدىيە (Lebedia) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ سۆز باش ئاتامان (Lebedias)نىڭ ئىسمىدىن كەلگەن. ئۇ بۇ چاغلاردا ئۇلار تۈرك دەپ ئاتالماي Sabartoi asphaloi دەپ ئا-تىلاتتى[12] شۇ چاغلاردا ماجارلاردا يەتتە ئۇرۇق بار بولۇپ، ھەمـ-مىسىنىڭ ئاتامانى بار ئىدى. 1 - ئۇرۇقنىڭ ئاتامى Lebedias

Voivode ئىدى، ئۇ خازارلار بىلەن ئۈچ يىل بىللە تۇرغان ھەم ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىپ كۆپ قېتىم جەڭ قىلغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ماجارلار بىلەن پەچەنەكلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولدى، ماجارلار مەغلۇپ بولۇپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى، بىر تارمىقى شەرققە كۆچۈپ پېرسىيىدە ئولتۇراقلاشتى؛ يەنە بىر تارمىقى لىپ-بېدىئاسىنىڭ باشچىلىقىدا غەربكە كۆچۈپ ئاتېلكوزو (Atelkouzou) غا باردى[13]. بۇ يەردە يەنە پەچەنەكلەرمۇ بار ئىدى. (كونىستانتىن كىتابىنى يېزىۋاتقان مەزگىلدە پەچەنەكلەر ماجارلارنى ئاتېلكوزودىن قوغلاپ چىقارغان)، ماجارلار يەنە غەربكە كۆچۈپ مالاۋىيىدە ئولتۇراقلاشتى، دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىقى بىر بۆلەك خاتىرىدىكى نۇرغۇن نۇقتىغا دىققەت قىلىشقا بولىدۇ. ئالدى بىلەن ماجارلار ئەسلىدە Sabartoi asphaloi دەپ ئاتالغان دېگەن نۇقتا. بۇ گرېكچە يېزىلىشى بولۇپ، asphaloi گىرېك تىلىدىكى سۈپەت سۆزى (asphaloa ئىدىشەنچلىك) نىڭ كۆپلۈك شەكلى. Sabartoi دېگىنى سابىر ياكى سابىرلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا asphaloi Sabartoi دېگىنى ئىشەنچلىك سابىرلار دېگەنلىك بولىدۇ. سابىر دېگەن بۇ نام پرىسكۇسنىڭ خاتىرىسىدە ئۇچرايدۇ، بۇ نام ھېچ بولمىغاندا 5 ـ ئەسىردىلا بولغان. 10 ـ ئەسىردە ياشىغان مۇسۇلمان سەيياھ ئىبىن فەزلان باغداد خەلىپىسىنىڭ ئەلچىسى سۈپىتىدە ۋولگا دەرياسى بويىدىكى بۇلغار خانى بىلەن كۆرۈشكەندە سۇۋاز (Suvaz) دەيدىغان خەلقنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ سۇۋار (Suvar) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغان[14]. ئەل خارەزمىنىڭ ئەسىرىدە: «فەراغنە پەرغانە ئاھالىسىدۇر، ئەلئىخشىد پەرغانىنىڭ ھۆكۈمرانى، سۇۋارتىگىن (al — Suwartigin) «ئۇنىڭغا بېقىنىدۇ»[15] دېيىلگەن. بۇ يەردىكى «سۇۋار» دېيىلگىنى «سابىر» ياكى «ساۋىر»لار ئىدى. «سابىر» قەدىمكى بۇلغار تىلىدىكى ئاتىلىشى، «سۇۋار» چۇۋاش تىلىدىكى ئاتىلىشى ئىدى. بۇلغار تىلى تۈركىي تىللارنىڭ ئوتتۇرا غەربىي ھۇن تىلى تارمىقىغا تەۋە، قەدىمكى بۇلغار تىلى

بىلەن چۇۋاش تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ھادىسىسى مەۋجۇت. بۇلغار تىلىدىكى «a» تاۋۇشى چۇۋاش تىلىدا «u» تاۋۇشقا ئۆزگىرىدۇ، بىراق بۇلغار تىلىدىكى «i» تاۋۇشى چۇۋاش تىلىدا «a» بولىدۇ. مەسىلەن: بۇلغارچە «jal» (يىل) = چۇۋاشچە «Sul»؛ بۇلغارچە «bilik» (ۋەسىقە) = چۇۋاشچە «palak»[16]. شۇڭا «سابىر» ياكى «ساۋىر» دېگەن سۆز بۇلغارچە، «سۇۋار» دېگەن سۆز چۇۋاشچە. ھازىرقى چۇۋاش تىلىدا سۆزلىشىدىغان چۇۋاش مىللىتىنىڭ نامى «سۇۋار» ياكى «سۇۋاز» دىن كېلىپ چىققان.

كونىستانتىنىنىڭ « ماجارلار ئەسلىدە Sabărtoi asphaloi دەپ ئاتىلاتتى» دېگىنى ئىلگىرى ماجارلارنىڭ ھەممىسى سابىرلار ئىدى دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بىر قىسىم سابىرلار ماجار بولۇپ كەتكەن، دېگەنلىك.

كلاۋسون «سابىر» دېگەننى سيانپى دەپ تەھقىقلەيدۇ[17]. دۆلىتىمىزدىن بۇرھان، فېڭ جياشېڭ ئەپەندىلەر «سىبىرىيە» دېگەن نامنى «سابىر» يەنى « سىبىر» دىن كېلىپ چىققان دەيدۇ. «سىبىر» ئەسلىدە «سىربىر» دېيىلەتتى، ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئارىسىدا ۋە سۆز ئاخىرىدا «r» تاۋۇشى بولغاچقا، ئوتتۇردىكى «r» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان[18]. بۇنداق دېيىشنىڭ ئاساسى بار. باشتا تىلغا ئېلىنغان پرىسكۇسنىڭ خاتىرىسىدە ساراغۇر، ئوغۇر، ئونئوغۇر قاتارلىق ئۇيغۇر، ئوغۇز قەبىلىلىرىنى سابىرلار قوغلاپ چىقارغان، دېگەنلەر تىلغا ئېلىنغان، ئەگەر سابىرلار سىيانپىلار بولسا، بۇ ئېلىمىز تارىخنامىلىرىدىكى خاتىرىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. «ۋېينامە» نىڭ 103 ـ جىلدىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، سيانپىلاردىن بولغان تابغاچلار قۇرغان ۋېي دۆلىتى ئۇيغۇرلارنى ۋەيران قىلغان ، ئاۋارلارنىڭ قەھرىمانى شېلۇنمۇ ۋېي سۇلالىسىنىڭ شىمالدىكى چېگرىلىرىغا پات ـ پات پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇرغان. شۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا بولىدۇكى، سيانپىلارنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇپ، تابغاچلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ھۇنلارمۇ بار.

«كىيىنكى خەننامە» دە «خىيدى خاننىڭ يۈگىيۈەن يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چوڭ سانغۇن دۇ شيەن ئەۋەتكەن سول قانات چىپ - رىكچىبەگ گىيڭ گۈي هۇنلارغا زەربە بەردى، هۇنلارنىڭ شىمال - دىكى تەڭرىقۇتى قېچىپ كەتتى، سيانپىلار ئۇلارنىڭ زېمىنىغا كۆچۈپ كەلدى. هۇنلارنىڭ ئۆز جايىدا قالغان 10 تۈمەندىن ئار - تۇق ئائىلىسى ئۆزلىرىنى سيانپى دەپ ئاتىدى، شۇ سەۋەبتىن سيانپىلارمۇ پەيدىنپەي قۇدرەت تاپتى»، دېيىلگەن.

هۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ بىر قىسىم سيانپىلار كې - يىنچە غەربكە كۆچتى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى پەرغانىدە تۇرۇپ قالدى (ئەل خارەزمىنىڭ كىتابىدا شۇنداق دېيىلگەن)، يەنە بىر قىسمى داۋاملىق غەربكە كۆچۈپ ۋولگا دەرياسى بىلەن كافكاز ئەتراپىغا ماكانلاشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى هازىرقى چۇۋاشلارنىڭ ئەجدادىدۇر. شۇڭا غەرب ئالىملىرى ئارىسىدا چۇۋاشلارنى هۇنلارنىڭ ئەۋلادى دەيدىغان قاراش بار[19]. ۋېنگرىيە ئالىمى گومبوز فونېتىكا نۇقتىسىدىن تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ها - زىرقى زامان ۋېنگىر تىلى لېكسىكىسىدىكى تۈركىيچە تەركىب - لەرنىڭ چۇۋاش تىلى بىلەن ئوخشاشلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى[20]. بۇ قاراش ھەقىقەتەن مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرىكى سابىرلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ماجارلىشىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. شۇڭا كونستانتىننىڭ بۇ خاتىرىسىنى توغرا دېيىشكە بولىدۇ.

4 . khazar لار

كونستانتىن خاتىرىسىدە يەنە ئىككى خىل تۈركلەرنى، يەنى خازارلار بىلەن پەچەنەكلەرنى تىلغا ئالغان. ئۇلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلار بولۇپ، تىلى غەربىي هۇن تىلى تارمىقىغا كى - رىدۇ، خازار تىلى غەربىي هۇن تىلى تارمىقىنىڭ بۇلغار تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋە، «r» تاۋۇشى بىلەن ئاخىرلىشىشى بۇ تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى. پەچەنەك تىلى غەربىي هۇن تىلى تارمىقىنىڭ ئو - غۇز تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋە. 10 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى خازارلار

مەدەنىيەتتە خېلى ئىلغار ھەم كۈچلۈك خانلىققا ئىگە بولغانىدى. ئۇلار بىلەن ماجارلارنىڭ مۇناسىۋىتى خېلى ياخشى ئىدى، پەـ چەنكىلەر باتۇر، جەڭگىۋارلىقى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ھەمىشە ماجارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇراتتى.

خازار خانلىقىنىڭ تارىخى توغرىسىدا شەرقىي رىملىقلار، مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىيلار كۆپلىگەن خاتىرىلەرنى قالدۇرغان. بىراق بۇ ماقالىدە خازار خانلىقىنىڭ تارىخى مۇلاھىزە قىلىنماي، خازارلار بىلەن ماجارلارنىڭ مۇناسىۋىتى بايان قىلىنىدۇ، خازارلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى قىسقىچە بايان قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ۋە ماجارلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەـ تىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى شەرھىيلىنىدۇ.

غەرب تارىخ ماتېرىياللىرىدا خازارلارنى تۇنجى بولۇپ تىلغا ئالغان كىشى 5 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئەرمىنىيىلىك تارىخچى كوـ رىنى مۇسېس (Moses of Chorene) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 3 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خازارلارنىڭ ئەرمىنىيە ۋە ئىبېرىيىگە تاـ جاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كېيىن ئەرمىنىيىگە پات ـ پات تاجاۋۇز قىلىپ تۇرغانلىقىنى تىلغا ئالغان. لېۋوند تۇنجى بولۇپ خازارلارنى تۈركلەر قاتارىدا تىلغا ئالغان. ئۇ: «قاغان شىـ مالنىڭ ھۆكۈمرانى، يەنى خازارلارنىڭ ھۆكۈمرانىدۇر، ئۇنىڭ خوتۇنى قاتۇن دېيىلىدۇ» دەيدۇ. سىدونىئۇس ئاپولىنىئارىس خازارلارنىڭ بىر مەزگىل ئاتتىلاغا بويسۇنغانلىقىنى تىلغا ئالغان[21].

6 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خازارلار غەربكە سۈرۈلۈپ ئاسۇر دېڭىزى، دون دەرياسى، ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى، كاسپىي دېڭىزى ۋە شىمالىي كافكاز ئەتراپلىرىنى ئىگىلىگەنىدى، شۇ سەۋەبتىن كاسپىي دېڭىزى خازار دېڭىزى دەپمۇ ئاتالغان. 7 ـ ئەسىردە كۈچى تېخىمۇ زورىيىپ، شەرقىي رىم ئىمپېراتورى ھىراكلىئوس (575 ــ 641) بىلەن ھەمكارلىشىپ پېرسىيىگە يۈرۈش قىلغان. 679 ـ يىلى خازارلار بۇلغارلارنى مەغلۇپ قىلىپ زېمىنىنى دون دەرياسى بىلەن نىۋا دەرياسى ئارىلىقىغىچە كېڭەيـ

تىپ، تەسىر كۆچىنى لىبىدىيىگىچە يەتكۈزدى. 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەنە قىرىم يېرىم ئارىلىغا بېسىپ كىرىپ، بۇ ئارال-دىكى گوت (Goths) لارنى بېقىندۇردى. 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىر-لىرىدىن باشلاپ خازارلار زاۋاللىققا يۈزلەندى، 11 ـ ئەسىرگە كەلگەندە رۇسلارغا بويسۇندى. تاكى 13 ـ ئەسىرگىچە ياۋروپا سەيياھلىرى قىرىمنى گازىرىتە ياكى خازارىيە دەپ ئاتاپ كەلدى.

خازارلارنىڭ 9 ـ، 10 ـ ئەسىردىكى ئەھۋالى توغرىسىدا مۇسۇلمان ئاپتورلار ۋە شەرقىي رىم تارىخچىلىرى خاتىرە قال-دۇرغان. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە: «خازارلار ۋولگا (Atil) دەرياسى ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان، بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، كالا ـ قوي پادىلىرى كۆپ. پايتەختى ئاتىل، ھۆكۈمرانى تارقان خاقان دېيى-لىدۇ. ئاتىل شەھىرى ئىككى بۆلەككە ئايرىلىدۇ، غەربتە خاقان ۋە لەشكەرلەر تۇرىدۇ؛ شەرقتە مۇسۇلمانلار ۋە بۇتپەرەسلەر تۇرى-دۇ»[22] دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ خاتىرە ئىبنى فەزلاننىڭ بايانى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىراق ئۇ خازارلار ۋە ئۇلارنىڭ خاقانى يەھۇدى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى قا-غان دېيىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا قاغان بەگ تۇرىدۇ، ئۇ ھەربىي قوشۇننى ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن قالسا Kundur قاغان تۇرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى ( jausygyr يابغۇ؟) دېيىلىدۇ[23] دېگەنلەرنى خاتىرىلىگەن. شۇ ۋاقىتتا ما-جارلار بىلەن خازارلار ئىتتىپاقلىشىپ پەچەنەكلەرگە قارشى تۇرغان. خازارلاردىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر قىسىم Kabar (قابار) لار ماجارلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن. كونستانتىننىڭ ئېيتىشىچە قابارلار ماجارلارغا خازار تىلى ئۆگەتكەن، شۇڭا شۇ چاغدىكى ماجارلارنىڭ ھەممىسى خازار تىلىنى بىلىپ كەتكەن، قابارلار ئۇزۇن ئۆتمەي ماجارلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان.

ئارپاد خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان ئارپادنىمۇ خازار قا-غانى تەيىنلىگەندى. كونستانتىن مۇنۇلارنى خاتىرىلىگەن: «خازار قاغانى ماجارلارغا مەكتۇپ ئەۋەتىپ لىبىدىئاسنىڭ كېلىد-

شىنى تەلەپ قىلدى، لىبىدئاس قاغاننىڭ يېنىغا كېلىپ مەكتۇپ ئەۋەتىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. قاغان ئۇنىڭغا : سەن پەزىلەت-لىك، ئاقىل ھەم باتۇرسەن، ھازىر ماجارلارنىڭ بىر تارمىقى بول-غان ۋويۋود (Voivode) لارنىڭ ئاتامانى بولۇپ تۇرۇۋاتىسەن، مەن سېنى ماجارلارنىڭ پادىشاھى قىلماقچىمەن، سېنىڭچە قانداق؟ دېدى. لىبىدئاس: قاغان ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىگە كۆپ تە-شەككۇر، مەن بۇ ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمەن. بىراق قاغاننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماسلىققا ھەددىم ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ باشقا بىر رەھبەر Almo utzis ياكى ئۇنىڭ ئوغ-لى ئارپادنى تەۋسىيە قىلماقچىمەن، ئۇلار بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، قاغان ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنى-دۇ، دەپ جاۋاپ بەردى. قاغان ئۇنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولۇپ، لىبىدئاسنى ماجارلار بىلەن كېڭەشىشكە ئەۋەتتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئارپاد تېخىمۇ ئەقىللىق، تېخىمۇ باتۇر، دۆلەت ئىشلى-رىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پا-دىشاھ بولدى. ئارپادتىن ئىلگىرى ماجار ئېلىدە پادىشاھ يوق ئى-دى»[24]. شۇڭلاشقا ۋېنگىر قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ئە-نە شۇنىڭدىن باشلاندى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەر قايسى ۋويۋود ئاتامانلىرىلا بار ئىدى. ئارپاد سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى تۈرك خازار قاغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ماجارلار ئىلگىرى رۇنىك يېزىقى ئىشلەتكەن. بۇ خىل يېزىق تۈرك رۇنىك يېزىقى بىلەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن تەلەپپۇزى ئوخشىمايدۇ، ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ. ئېنىقكى، بۇ يېزىقنى ماجارلار تۈركلەردىن ئۆ-گەنگەن. خازارلار تەۋەسىدىن تېپىلغان بىر قىسىم رۇنىك يېزى-قىدىكى ۋەسىقىلەر پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بەلكىم ماجارلار بۇ يېزىقنى خازارلاردىن ئۆگەنگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ خىل يېزىقنىڭ ئېلىپبەسى ۋە ئاكۇستىك قىممىتى تۆۋەندىكىچە:

ۋېنگىر رۇنىك يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

## 5. پەچەنەكلەر



پەچەنەكلەر ۋېنگىر تىلىدا besenjo دېيىلىدۇ. ئۇلارمۇ شەرقتىن غەربكە كۆچۈپ كەلگەن تۈرك قەبىلىسى بولۇپ، 9 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە كاسپىي دېڭىزى بويلىرىدىكى يايلاقلاردا دەۋر سۈرگەن. ئۇلارنىڭ تىلى ئوغۇز ـ بۇلغار تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە ئوغۇز تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە بولۇپ، غەربكە كۆچكەندە بۇلغار تىلىنىڭ تاۋۇش ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلغان. ھازىر رىم تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ۋېنگىر يىلنامىلىرىدە پەچەنەك تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەرنىڭ نامى، ئەمەل ـ مەنسىپى ھەمدە قورغانلىرىنىڭ نامىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. پەچەنەك تىلىدا «قورغان» Khatai دېيىلىدۇ. بۇ نام Katai يەنى جۇڭگو دېگەن سۆزنى ئەسلىتىدۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار، بۇنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ماركۇئارت پەچەنەكلەر غەربىي تۈركلەرنىڭ قەبىلىسى بولۇپ، قارلۇقلار تەرىپىدىن ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى بىلەن كاسپىي دېڭىزى ئەتراپىغا قوغلىۋېتىلگەن[25] دەيدۇ. 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەچەنەكلەر لىبېدىيە رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ، ئۇ يەردىكى ماجارلارنى قوغلاپ چىقارغان، ماجارلار غەربتىكى ئاتېلكوزوغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان، ئەمما ئۇ يەردىن يەنە قوغلىنىپ غەربكە كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن دون دەرياسى، نېۋا دەرياسى ھەم دېنېست دەرياسى ئارىلىقىدىكى كەڭ رايونلار پەچەنەكىيە (Patzinacia ، پەچەنەكلەر تۇرۇشلۇق جاي دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان. پەچەنەكىيە سەككىز رايونغا بۆلۈنىدۇ، ھەر بىر رايونغا بىر ئۇرۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۇلار مۇنۇلار: Ertim ، Tzour(چور)، Tzonpon Gyla , Gyla, Khoulpei, Kharaboi, Tzur Toulmatz, Khpon ھەربىر ئۇرۇقنى بىردىن قاغان باشقۇرغان بولۇپ، ئۇلار مۇنۇلار

(Baitzas مۇ دېيىلىدۇ), Kaidoum, Kostan, Giazi, Batan (Maitzan, Kouel, Koupkhoutai, Ipano) يۇقىرىقى نامىلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ بۇرۇنقى پەچەنەك تىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم سۆزلۈكلەر ۋېنگىر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان. مەسىلەن: ertim (تۆھپە، نەتىجە) ۋېنگىر تىلىدىكى erdem دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش مەنىدە. بۇ نام قەدىمكى تۈركچە «كۆلچۇر مەڭگۈ تېشى» دا «ئەردەم» دېيىلگەن. Gyla دېگەن سۆز ھۆرمەت نامى بولۇپ، ھازىرقى ۋېنگىر تىلدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئىسىمدۇر. «ھۇدۇدۇل ئالەم» دە ماجارلارنىڭ رەھبىرى ( Jula جۇلا) دېيىلگەن.

پەچەنەكلەر باتۇر، جەڭگىۋار مىللەت بولۇپ، شەرقىي رىم، ماجار، رۇسلار ھەمىشە ئۇلاردىن ۋەھىمە يەيتتى. شەرقىي رىم ئىمپېراتورى كونىستانتىن: « مۇبادا شەرقىي رىم پەچەنەكلەر بىلەن ئەپ ئۆتەلىسە، رۇسلار بىلەن ماجارلار شەرقىي رىم زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرەلمەيتتى، شەرقىي رىملىقلار نۇرغۇن بايلىقلارنى تىنچلىقنىڭ بەدىلى قىلمىغان بولاتتى. مۇبادا شەرقىي رىم ئىمپېراتورى سوۋغا ياكى مەكتۇپ ئارقىلىق پەچەنەكلەرنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرەلىسە، پەچەنەكلەر رۇس ۋە ماجارلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى بۇلاپ - تالاپ قۇل قىلاتتى ھەم ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتەتتى»[26]، دەيدۇ. ئىبن فەزلان پەچەنەكلەر رايونىدا بىر كۈن تۇرغان بولۇپ، ئۇ: « پەچەنەكلەرنىڭ ئۆچكى قېنىق قوڭۇر كېلىدۇ، ساقىلىنى قىرىپ يۈرىدۇ»، دەپ خاتىرىلىگەن.

پەچەنەكلەر لىبېدىيە بىلەن ئاتېلكوزونى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ماجارلارنى غەربكە قوغلىۋېتىشىنىڭ جەريانى تۆۋەندىكىچە: 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇلغارىيىنىڭ ئۇلۇغ كىنەزى سىمۇن بىلەن شەرقىي رىم ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولىدۇ. شەرقىي رىم ئىمپېراتورى ماجارلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىپ، بۇلغارلارنى چېكىندۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي شەرقىي رىم پەچەنەكلەر

بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ماجارلارنى ئىسكەنجىگە ئالدۇ. بۇ چاغدا ماجارلار لىبېدىيە رايونىدا ئىدى، پەچەنەكلەر ئۇ يەرنى ئىگىلەيدۇ. ماجارلار ئاتېلكوزوغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇ، پەچەنەكلەر يەنە قىستاپ كېلىدۇ، ماجارلار يەنە غەربكە كۆچۈپ موراۋىيىدە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. 934 ـ يىللىرى پەچەنەكلەر بىلەن ماجارلار يارىشىپ، شەرقىي رىمغا ھۇجۇم قىلىپ سىرىيسقا بېسىپ كىرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پەچەنەكلەر بىلەن شەرقىي رىم ئوتتۇرىسىدا كۆپ قېتىم ئۇرۇش بولىدۇ. 1122 ـ يىلى شەرقىي رىم ئىمپېراتورى جون كومنىنوسنىڭ ئەجەللىك ھۇجۇمىدا پەچەنەكلەر ھالىدىن كېتىدۇ. ھازىرقى بالقان يېرىم ئارىلىدىكى تۈركلەر ئارىسىدا ئادرىيا قورغىنىدىكى سۇرگۇس (Surguci) لەر ئىشلىتىدىغان تىل پەچەنەك تىلىغا يېقىن. Surguci دېگەن بۇ سۆز «سۇر» بىلەن «گۇس» نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن، «سۇر» پەچەنەكلەر سەككىز ئۇرۇقىدىكى Khoulpei لارنى كۆرسىتىدۇ، Khoulpei يەنە Khoulpei Surou مۇ دېيىلىدۇ. «گۇچى» دېگەن سۆز ghuz(غۇر) دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن، يەنى ghuz :/ guc ، بەزى پەچەنەكلەر 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ماجارلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەتكەن.

مەملىكىتىمىزدىن يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر ھەم خەتتات قاڭلى كۇيكۇيمۇ پەچەنەكلەرنىڭ ئەۋلادى، ئۇنىڭ بوۋىسى بوغۇم (不 忽 木) ئىدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 130 ـ جىلدىدا: «بوغۇم ۋاقتىنچە قوللانغان ئىسمى، ئەسلىي ئىسمى چېن بولۇپ، قاڭلى قەبىلىسىدىكى ئۇلۇغلاردىن ئىدى» دېيىلگەن. قاڭلىلار «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»دا «康邻» دەپ ئۇچرايدۇ، مۇشۇ كىتابنىڭ 198 ـ، 262 ـ، 270 ـ، 274 ـ بابلىرىدا قىپچاقلار بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنغان، شۇڭا قىپچاقلارنىڭ ئەتراپىدا بولۇشى مۇقەررەر. 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن جۇغراپىيەشۇناس گەردىزى « پەچەنەكلەرنىڭ شەرقىتىكى قوشنىسى قىپچاقلار ئىدى» دەيدۇ. يەنە كونستانتىنىنىڭ خاتىرىسىگە ئا-

ساسلانغاندا، پەچەنەكلەرنىڭ سەككىز ئۇرۇقىدىن ئۇچى، يەنى Ertim, Tzour, Gyla, لار Kangar («كەنگەر» — «باتۇر» دېگەن مەنىدە) دېيىلگەن. شۇ ۋەجىدىن پەچەنەكلەرمۇ كەنگەر دېيىلىدۇ[27]. كەنگەر قىپچاقلار بىلەن قوشنا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان يېرى «يۈەن سۇلالىسىنىڭ مەخپىي تارىخى» دىكى «康邻» لار توغرىسىدىكى خاتىرىلەرگە ماس كېلىدۇ. شۇڭا روسىيىلىك بىرېتىش نېيدېر بىلەن ھازىرقى زامان چېخ خەنزۇشۇناسى پوكا قاڭقىللار پەچەنەكلەر ئىدى دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ[28]. بۇ يەردىكى كەنگەر قەدىمكى تۈركچە «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دىكى كەنگەرەس خەلقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن[29]. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياشاۋاتقان تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى باشقىرتلار ئارىسىدا 18 ـ ئەسىرلەردە قاڭلى قەبىلىسى مەۋجۇت ئىدى.

**6. باشقىرتلار**

باشقىرتلارنىڭ كۆپىنچىسى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى. پارس تارىخچىسى راشىدىن بىلەن 13 ـ ئەسىردە ياشىغان پلانو كارپىنىلار باشقىرتلارنى ماجار دەپ ئاتىغان. باشقىرتلار كاسپىي دېڭىزىنىڭ شىمالى، ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرقىدە تۇراتتى. ئىبىن فەزلان 921 ـ، 922ـ يىللىرى ئۇرال، سامارا دەريالىرىدىن ئۆتۈپ شىمالدىكى ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرقىگە يېتىپ بارغاندا باشقىرتلارنى كۆرگەن. ئۇنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، باشقىرتلار قىش ئىلاھى، ياز ئىلاھى، يامغۇر ئىلاھى، شامال ئىلاھى، ياغاچ ئىلاھى، ئادەم ئىلاھى، سۇ ئىلاھى، قاراڭغۇلۇق ئىلاھى، كۈن ئىلاھى، ئۆلۈم ئىلاھى، يەر ئىلاھىدىن ئىبارەت 12 خىل ئىلاھقا چوقۇنىدىكەن، يەنە بەزىلىرى بېلىققا، بەزىلىرى تۇرنىغا چوقۇنىدىكەن، ئىپتىدائىي دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان يەنە بىر قەبىلىمۇ بار ئىكەن[30]. باشقىرتلارنى ماجار دەپ ئاتاشقا بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەن بولسامۇ، بۇ نۇقتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرراق چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي. ۋېنگىرىيە ئالىمى نېمېت: Bashkort ياكى Bashkurd دېگەن نام Bash ـ ghur (بەش قەبىـ

لە)دىن كېلىپ چىققان، ئەڭ دەسلەپ بىر تۈركۈم ماجار قەبىلىـ
لىرى كافكاز تاغلىرىدا ئولتۇراقلاشقان، كېيىن باشقا تۈركلەر
بىلەن بىرگە شىمالغا كۆچۈپ، ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرقىگە كېـ
لىپ، غەربىي سىبىرىيەدىن جەنۇبقا كۆچكەن تۈركلەرگە قوشۇـ
لۇپ كەتكەن، دەپ قارايدۇ. بىراق تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن
تەھلىل قىلغاندا، باشقىرت تىلى تۈركىي تىل بولۇپ، ئۇگۇر تىـ
لىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شېۋىلىرى كۆپ، ھەر قايسى شېۋىـ
لىرى شۇ دەۋردىكى قەبىلىلەرنىڭ تىلىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ،
ئۇلار ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە قىپچاق تىـ
لى بىلەن بۇلغار تىلى ئاساسىي تەركىبىنى ئىگىلىگەچكە، ئادەت
بويىچە قىپچاق ـ بۇلغار تىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋەدۇر. قىپچاقلار
«كومانلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ ۋېنگىر تىلىدا كۈن دېگەنلىك.
قىپچاقلار ئەڭ بۇرۇن جەنۇبىي ئالتاي خەلقىگە تەۋە بولۇپ،
ھۇنلارنىڭ بىر قەبىلىسى ئىدى. قىپچاق دېگەن نام ھۇنلارنىڭ
屈射 دېگەن قەبىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. «خەننامە. ھۇنلار
ھەققىدە قىسسە»دە: «كېيىن (باتۇر) شىمالدا 屈射، 浑، دىڭـ
لىڭ، قىرغىز، 新犁 [龙] ئەللىرىنى بويسۇندۇرغاچقا،
ھۇنلارنىڭ تۆرە ـ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ، ئۇنى دانىشـ
مەن دەپ ئاتىدى»، دېيىلگەن. 屈射 نى قەدىمكى خەنزۇ تىلىـ
نىڭ ئاھاڭى بويىچە ئوقۇغاندا «قىپچاق» دېگەن سۆزگە يېقىنلىـ
شىدۇ. 18 ـ ئەسىردە يېزىلغان باشقىرتلارغا دائىر ماتېرىياللارغا
ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىپچاق قەبىلىلىرى بولغاچقا،
ئۇلارنى ھۇنلارنىڭ ئەۋلادى دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق قاراشقا بوـ
لىدۇكى، ماجارلار كۆچكەندە بىر قىسمى ۋولگا دەرياسىنىڭ شەرـ
قىدە باشقىرتلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ قانداشلىق
شەكىللەنگەن، قالغان قىسمى غەربكە كۆچۈپ لىبىدىيىگە كەلـ
گەن. باشقىرتلاردا يۇرماتى (Yurmaty) دېيىلىدىغان بىر قەبىلە
بولۇپ، ئۇلار ئالتە ئۇرۇقتىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ ئىچىدە
بىرى مىشېر يۇرماتى (Mi ş er ـ Yurmaty) دەپ ئاتىلاتتى[31].

نىمىت مىشىرنىڭ ماجار بىلەن ئوخشاش ئىسىم ئىكەنلىكىنى ئىنقىلاپ چىقتى[32]. يۇرماتى ۋېنگىر تىلىدىكى Gyarmat — يۇرت، ماكان) دېگەنلىك، مىشىر يۇرماتى ماجارلارنىڭ يۇرتى دې-گەنلىك بولىدۇ. يۇرماتى ناھايىتى قەدىمىي سۆز. كونستانتىن-نىڭ خاتىرىسىدە بىر ماجار ئۇرۇقىنىڭ Kourtougermat دەپ ئاتىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، Kourtou ۋېنگىر تىلىدا Kurt (بۆرىگە)، germat بولسا يۇرماتى دېگەننىڭ ئۆزى ئىدى. شۇڭا باشقىرتلار ئىچىدىكى يۇرماتى ماجار ئۇرۇقىدۇر. بۇ يەردە دېيىل-گەن ماجارلار، يەنى باشقىرتلار يۇرماتى قەبىلىسى ياكى مى-شىر يۇرماتى ئۇرۇقى بولۇشى مۇمكىن. باشقا تۈركىي تىللار يا-كى ۋېنگىر تىلىدىكى سۆز بېشىدا كېلىدىغان «Gy» تاۋۇشى باشقىرت تىلىدىكى «y» تاۋۇشىغا توغرا كېلىدۇ، بۇ باشقىرت تىلىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.

ۋېنگىرلار تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، بو-لۇپمۇ 10 ــ ئەسىردىن ئىلگىرى تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن كۆپ ئۇچراشقان، بۇ ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان پاكىت. مېنىڭ كۆر-گەن ھۆججەت ــ ماتېرىياللىرىم كۆپ ئەمەس، بەزى ئەھۋاللارنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ بايان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ماقالىدىكىسى پەقەتلا بىر بايان، ئاددىي ھەم تومتاق بولۇپ قالدى، ئىلىم ئەھ-لىلىرىنىڭ كۆپرەك كۆرسەتمە بېرىشىنى سورايمەن.

ئىزاھاتلار:

① ۋېنگىرلارنىڭ ئىسىم ــ فامىلە ئادىتىدە فامىلىسى ئالدىدا، ئىسمى كەينىدە كېلىدۇ. Vambery فامىلىسى، Armin ئىسمى.

② دېنىس سىنور: «5 ــ ئەسىردىكى مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى»، 1946 ــ، 1947 ــ يىللىرى پارىژدا چىققان «ئاسىيا» ژۇرنىلىنىڭ 1 ــ بېتىدىن ئېلىندى.

③ «غەربىي تۈرك تارىخ ماتېرىياللىرى»، 129 ــ بەت، فېڭ چېڭجۈن تەرجىمە قىلغان.

④ (22)(10) «ھۇدۇدۇل ئالەم»، مىنورسكىي تەرجىمە قىلغان، 161 ــ، 162 ــ، 318 ــ، 319 ــ بەتلەر.

⑤ ياڭ شيەنيى: «لىگمو ئەسەرلىرىنىڭ داۋامى» (零墨续笺)، 92 ـ بەت.

⑥ سېن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخى توپلىمى»، 666 ـ بەت.

⑦ (16) باسكاكوف: «تۈركىي تىللار» 36 ـ، 106 ـ، 109 ـ بەتلەر، 1960 ـ يىلى.

⑧ «نىجاتنامە» (换辞) نىڭ پۈتۈن تېكستى، مايتىنىسكار تۈزگەن «ۋېنگىر تىلى» 1 ـ جىلد، 16 ـ، 15 ـ بەتلەر.

⑨ پاترىدگې تۈزگەن «ئوكيانۇس»، 372 ـ بەت، 1961 ـ يىلى.

⑪ «ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى»، بۇ ئەسەرنىڭ گرېكچە نۇرغۇن قول يازمىلىرى بار، پارىژ دۆلەت كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 2009 ـ نومۇرلۇق p نۇسخىسىدا بىر يەردە khazar دېگەن سۆز Mazar دېيىلگەن، بىراق Mazar دېگەن ئىسىم يوق، شۇڭا p نۇسخا بولۇشى مۇمكىن.

⑫،⑭،⑯،⑰ مورۋسىكى: «ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى»، 170 ـ، 171 ـ، 50 ـ، 52 ـ بەتلەر، 1949 ـ يىل بۇداپېشت.

⑬ ئاتېلكوزو (Atelkouzou) ئىككى دەريانىڭ ئارىسى دېگەن مەنىدە بولۇپ، قارا دېڭىزنىڭ غەربىدىكى دېنىپىر دەرياسى بىلەن سېرېت دەرياسى ئارىلىقىدىكى يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى Atel «سۇ» دېگەن مەنىدە، kouzou قەدىمكى ۋېنگىر تىلىدىكى ئوقۇلۇشى بولۇپ، ھازىرقى ۋېنگىر تىلىدا koz دەپ ئوقۇلىدۇ (يەر، ئىككى جاينىڭ ئارىسى دېگەن مەنىدە)، شۇڭا بۇ ئىسىم يەنە Atelkoz دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

⑭㉓ كوۋالېۋسكىي: «ئىبىن فەزلاننىڭ ساياھەت خاتىرىسى»، 1956 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 139 ـ، 223 ـ بەتلەر. Suvaz يەنە Suvar مۇ دېيىلىدۇ، بۇ ھەر قايسى تۈركىي تىللاردا شۇنداق پەرقلەنگەن، Suvar بولسا « r» لىق تۈركىي تىللار تارمىقىغا ، Suvaz بولسا «z» لىق تۈركىي تىللار تارمىقىغا تەۋە.

⑮ بۇ بۆلەكتە «ئاسىيا» ژۇرنىلىنىڭ 1965 ـ يىلىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان س. ي. بوسۇۋچىنىڭ تەرجىمىسى ئاساس قىلىندى. خارەزمىنىڭ ئەسىرىدە پەرغانىنىڭ ھۆكۈمرانى «ئىخشىد» دېيىلگەن، بۇ 10 ـ ئەسىردىكى بىرۇنىينىڭ خاتىرىسىگە ماس كېلىدۇ. بىرۇنىينىڭ ئەسىر (رۇسچە تەرجىمىسى. 1 ـ توم، 11ـ بەت) دىمۇ پەغانە ھۆكۈمرانى «ئىخشىد» دېيىلگەن.

⑰. كلاۋسون: «تۈركلەر بىلەن موڭغۇللار ئۈستىدە تەتقىقات»، 20 ـ

بەت، ئىنگلىزچە، روزاك شىركىتى نەشرىياتى 1962 ـ يىلى نەشرى.

⑱ «تارىخ تەتقىقاتى» 1956 ـ يىل 12 ـ سان، 58 ـ، 62 ـ بەتلەر.

⑲ Z.D.M.G ژۇرنىلىنىڭ 1929 ـ يىللىق سانلىرىغا ۋە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ 1 ـ تومىدىكى بارتولد بىلەن پوپ-پېلارنىڭ ماقالىسىگە قاراڭ.

⑳ دېنىس سىنور: «ۋېنگىرلارنىڭ تارىختىن ئىلگىرىكى تارىخىدىن تىزىس» «دۇنيا» ژۇرنىلىنىڭ 1958 ـ يىللىق 4 ـ جىلد 3 ـ سانى، 518 ـ بەت.

㉑ «يەھۇدىي ئېنسىكلوپېدىيىسى» 4 ـ جىلد 1ـ بەت.

㉕ گىروسسات: «يايلاق ئىمپېرىيىسى»، روگىس ئۇنىۋېرسىتېتى نەش-رىياتى، 182 ـ بەت.

㉘ برېتىش نېيدېر: «ئوتتۇرا ئەسىر تەتقىقاتى» 1 ـ جىلد 304 ـ بەت؛ بۇگا: « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» 76 ـ بەت، 1956 ـ يىل پىراگا نەشرى.

㉙ Kangar ئەسلىدە گرېكچە يېزىلىشى ئىدى. بۇ ئىسىم ئەڭ دەس-لەپ كونستانتىنىنىڭ گرېكچە ئەسىرىدە ئۇچرايدۇ. گرېك تىلى بىلەن تۈركىي تىللاردىكى تاۋۇشلارنى سېلىشتۇرغاندا گرېك تىلىدىكى «a» تا-ۋۇشىنىڭ تۈركىي تىللاردىكى « o»، « e» («a»)، «i» تاۋۇشلىرىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بايقىدۇق. مەسىلەن pecheneg : گرېك تىلىدا pentzinakoi دېيىلىدۇ، بۇنىڭدا a بىلەن « e» («a») تاۋۇشى ماسلاشقان. شۇڭا تۈركىي تىللاردا pecheneg ياكى ئەڭ توغرىسى Bacinak دېيىل-گەن. Kangar تۈركىي تىللاردىكى Kangarasقا توغرا كېلىدۇ. گرېك تىلىدىكى « e» تاۋۇشى تۈركىي تىللاردىكى «i»، «i»، «a»، «a»، «o»، «u» تاۋۇشلىرىغا، گرېك تىلىدىكى ektag تۈركىي تىللاردىكى aktag ، ( akdagئاق تاغ) قا، گرېك تىلىدىكى « ou» تۈركىي تىللاردىكى «o»، «o»، «u»، تاۋۇشلىرىغا گرېك تىلىدىكى Tourk سۆزى تۈركىي تىللار-دىكى Türk سۆزىگە ، گرېك تىلىدىكى Ouzpek سۆزى تۈركىي تىللاردىكى uzbak (ئۆزبەك) سۆزىگە، گرېك تىلىدىكى « au» تۈركىي تىللاردىكى «ab» غا، گرېك تىلىدىكى Taugast تۈركىي تىللاردىكى Tabgac ( تاب-غاچ) قا، گرېك تىلىدىكى Audolakh تۈركىي تىللاردىكى Abdullah غا توغرا كېلىدۇ.

㉚ ماجارلار غەرب دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى شامان دىنىد-

غا ئېتىقاد قىلغان. ماجارلارنىڭ شامان دىنىغا ئېتقاد قىلىشتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قايسى مىللەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ھازىرچە ئىسپاتلانمىدى.

㉛. «باشقىرت فىلولوگىيىسى ھەققىدە» 67 ـ بەت، 1959 ـ يىل موسكۋا نەشرى. بۇ ئەسەر ئاپتورىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، 18 ـ ئەسىردە باشقىرتلارنىڭ 29 قەبىلىسى بولغان، قاڭلى، يۇرماتىلارمۇ شۇلار ئىچىدە ئىدى. يۇرماتى قەبىلىسىدە ئالتە ئۇرۇق بولۇپ، مىشىر يۇرماتى شۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

㉜. نېمېت: « ماجارلار ۋە مىشىرلار» «ۋېنگىرىيە شەرقشۇناسلىق مەجمۇئەسى» 1972 ـ يىللىق سانى، 293 ـــ 299 ـ بەتلەر.

(1985 ـ يىلى 2 ـ ئايدا دۇنيا بىلىملىرى نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگو ـ چەت ئەل مۇناسىۋەت تارىخى مەجمۇئەسى» نىڭ 1 ـ توپلىمىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

تەرجىمە قىلغۇچى: **تەلئەت ئوبۇلقاسىم**

# ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەبلىرى ئۈستىدە يېڭى ئىزدىنىش

## دىڭ زەيشۈن (كورېيە)


ئاساسىي مەزمۇنى: ئۇيغۇرلار مىلادىيە 745 ـ يىلى تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، موڭغۇل يايلىقىدا دۆلەت قۇرۇپ ئۇزلۇكسىز تەرەققىي قىلىپ زورايدى. 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولۇپ، خانلىق ئاھالىسى باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەبى: بىرىنچى، ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلەشتى. ئىككىنچى، قۇرغاقچىلىق، بوران ـ شۇۋرغان قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بەردى ۋە يۇقۇملۇق كېسەل تارقالدى. ئۈچىنچى، قوشنا قەۋملەر ئۇيغۇر خانلىقى ئاجىزلاشقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىرلىشىپ ھۇجۇم قوزغىدى.


ئۇيغۇرلار تۈرك خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ موڭغۇل ياي-لىقىدا يېڭى كۆچمەن چارۋىچىلىق دۆلىتىنى قۇردى ھەم تۈرك خانلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ۋە چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەرنىڭ ئەنلۇشەن ۋە شى سىمىڭ توپىلىڭى تۈپەيلىدىن ئاجىزلاشقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تۇبۇتلەر بىلەن تىركىشىش داۋامىدا راۋاجلاندى. 790 ـ يىلى بېشبالىق قاتارلىق جايلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، 820 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. 830 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپ ۋە ھەريىلى يۈز بېرىپ تۇرغان تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن خانلىق ھوقۇقى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتى ھەم قوشنا قەۋملەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. 840 ـ يىلى قىرغىز قاتارلىق بەش

قەبىلە بىرلىشىپ هۇجۇم قىلغانلىقتىن هالاك بولۇپ، باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.
ئۇيغۇرلار هالاك بولۇپ، كۆچۈپ كېتىشى بىلەن يايلاق بوشاپ قالدى هەم شەرق تەرەپتىكى موڭغۇل قەبىلىلىرى جەنۇبقا كۆچ-تى، شۇنداقلا، شادىپىت تۇركلىرى بىلەن تاڭغۇتلار يەنە شەرقتىن-كى قىتانلار قاتارلىق ئۇششاق كۈچلەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدى-لىنىپ تەرەققىي قىلىپ زورايدى. بۇ ئەهۋال شۇندىن كېيىن شەرقىي ئاسىيانىڭ ئۆزگىرىشىگە ناهايىتى زور تەسىر كۆرسەت-تى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بەربات بولۇشى بىلەن كۆچۈشى دۇنياۋى تارىخىي ئەهمىيەتكە ئىگە، بۇ هەقتە نۇرغۇن تەتقىقات نەتىجىلى-رى بار. ئەمما ئۇنىڭ هالاك بولۇش سەۋەبى ئۈستىدىكى تەتقىقات تېخى تارىخىي ماتېرىياللارنى رەتلەش باسقۇچىدىلا بولۇپ، مەخ-سۇس تەتقىق قىلىنمىدى. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ هالاك بولۇش جەريانى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى مەقسەت قىلدۇق، بىز ئالدى بىلەن قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنىڭ هالاك بولۇش سەۋەبىنى ئانالىز قىلىمىز، ئاندىن كېيىن ئۇي-غۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى رەتلەپ چىقىپ، 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقى-نىڭ يېڭى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى چۈشىنىپ ئۆتمەكچى-مىز.

**1. هۆكۈمرانلار گۇرۇهىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر ۋە كۆچمەن چارۋىچى خانلىق هوقۇقىنىڭ چەكلىملىكى**

832 ـ يىلى قۇت تېكىن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا «ئاي تەڭرىدە بولمىش بىلگە جاڭشىن قاغان» دەپ نام بەردى (839 ــ 832 ـ يىللىرى)، بىلگە قاغان تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش ۋە كېڭەيمىچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇر خانلىقىنى ناهايىتى تېز قۇدرەت تاپ-قۇزدى. 839 ـ يىلى هۆكۈمرانلار گۇرۇهىنىڭ ئىچكى قىسمىدا هوقۇق تالىشىش كۈرىشى يۈز بەردى. بۇ هەقتە تاڭ سۇلالىسى تەرەپ قىسقىچە مۇنداق دەپ ئىزاهات بەرگەن: «ئىلگىرىكى قاغان

ئەسلىدىكى ھاكىمىيەت باشقۇرۇش يوللىرىنى تاشلاپ، ئادالەتنى ئۇنتۇپ ئەتراپتىكى ۋاسساللارغا ھۇجۇم قىلىپ، زوراۋانلىق قىلىغاچقا، ئۆز يېقىنلىرى يۈز ئۆرۈدى، قەبىلىلەر چەت جايلارغا پىتىراپ كەتتى، دۆلەت چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى». بۇنىڭدىن ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى بىلگىلى بولىدۇ.

بۇ تاڭ سۇلالىسى تەرەپنىڭ خاتىرىلىگىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ خاتىرىلىرى تېپىلمىدى، ئۇنىڭ ھالاك بولۇشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى بىلگىلى بولمىدى. يۇقىرىقى خاتىرىلەردىن مەلۇمكى، بىر تەرەپتىن بىلگە قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقى كۈچمەن چارۋىچى خەلققە ھېچقانداق مەنپەئەت يەتكۈزمىگەنلىكى ئۈچۈن، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىختىلاپ پەيدا بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، قاغاننى ئۆلتۈرمەكچى بولغان بۇيرۇق ئىنەيۇن سوغدىلاردىن بولۇپ، ئېھتىمال قاغان ئىقتىسادىي مەنپەئەت قوغلاشقان سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمىغانلىقتىن شۇنداق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ پەقەتلا بىزنىڭ پەرىزىمىز، خالاس.

بىلگە قاغان ۋەزىرلىرىنىڭ يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى سېزىپ قېلىپ، ئاۋۋال قول سېلىپ ئىنەيۇن بىلەن سايىغا تېكىننى ئۆلتۈردى. بىلگە قاغانغا قارشى چىقىپ، جەنۇبقا قېچىپ كەتكەن ۋەزىر كۈلۈگ شادابىتلار قاغاننىڭ ياردىمىدە بىلگە قاغانغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كۈلۈگ چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، خان جەمەتىدىن قاسار تېكىننى قاغان قىلىپ تىكلىدى. ئەمما كۈلۈگكە قارشى چىققان كۈلۈگ باغا شىمالدىكى قىرغىزلارنىڭ قېشىغا قېچىپ بېرىپ، ئۇلاردىن ياردەم سوراپ، ھاكىمىيەتنى قايتۇرۇۋالماقچى بولدى، لېكىن قىرغىزلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، 840 - يىلى 10 نەچچە تۈمەن كىشىلىك زور قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى بىراقلا يوقاتتى. خۇددى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھەش - پەش دېگۈچە ھالاك بولغىنىغا ئوخشاش، قەدىمكى يايلاق كۆچمەن چارۋىچىلىق دۆلەتلىرى گەرچە تېزلىك

بىلەن سىرتقا كېڭەيگەن بولسىمۇ، ئىچكى نىزا ۋە خانلىق چەكلىملىكى تۆپەيلىدىن ناھايىتى تېزلا پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى دېھقانچىلىق جەمئىيىتىگە ئوخشىمايتتى. خانلىق ھاكىمىيەت ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ھالاكىتىگە زىچ ئالاقىدار ئىدى. ئولتۇراق دېھقانچىلىق دۆلەتلىرى ھاكىمىيەتنى تۈزۈم ۋە قانۇنغا تايىنىپ ساقلايتتى. كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتى خاننىڭ شەخسىي قابىلىيىتىگە تايىنىپ ساقلىناتتى، ئۇنىڭدىن باشقا خاننىڭ بايلىققا قانداق ئېرىشىشى ۋە ئۇنى قانداق تەقسىم قىلىشى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قوغداشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايتتى. خان كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۈرلۈك ئامىللارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تۇرۇشى زۆرۈر ئىدى، دۆلەتنىڭ ئىچكى تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغان ھامان خاننىڭ نوپۇزىمۇ تەۋرىنىپ قالاتتى، ئىچكى تىنچلىق كاپالەتسىزلىنىپ، خاننىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى چۆرىدىگەن ھالدا ھاكىمىيەت تالىشىش ئەۋج ئېلىپ، دۆلەتنىمۇ ساقلاپ قالغىلى بولمايتتى.

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى كۆك تۈرك خانلىقلىرىنىڭ بەربات بولۇشى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، قاغاننىڭ ھاكىمىيىتىگە ئەجەللىك زەربە بېرىدىغىنى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى بولغان. ئىچكى نىزا قاغاننىڭ قابىلىيىتىگە تايىنىدىغان دۆلەت تەرتىپىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا بەربات قىلىدۇ. خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەۋملەر توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنى پارچىلايدۇ، ھەتتا ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ھوقۇقىنى ئالماشتۇرىدۇ. 790 ـ يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار ئۇرۇقى ئاجىزلىشىپ، ئادىز ئۇرۇقىدىن چىققان قۇتلۇقنىڭ قاغان بولۇشى خان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت تۇغۇلغانلىقىدىن بولغان.

ئەلۋەتتە، ناۋادا قاغان ھوقۇقىنىڭ ئاجىزلىشىشى خانلىقتى-كى قەۋملەرنىڭ توپلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان دەرىجىگە يەتمىگەن، شۇنداقلا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئارىنى بۇزۇش سىياسى-تىنىڭ بۇرغۇنچىلىقىغا ئۇچرىمىغان، پەقەت ئىچكى قىسمىدىلا زىددىيەت تۇغۇلغان بولسا، ئۇھالدا دۆلەتمۇ ئۇنچە تېز ھالاك بول-مىغان بولاتتى، مەسىلە چىققان تەقدىردىمۇ قاغان ئاكتىپ تەد-بىر قوللىنىپ، تۈزۈلمىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئىمتىيا-زىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت چىققاچقا، كۈچى ئاجىزلاپ، خانلىقتىكى قەۋملەرنىڭ ئاسىيلىقىنى تۇسۇۋېلىشقا كۈچى يەتمىدى، مۇشۇنداق بولۇپلا قالماستىن، قوشنا كۈچلەرنىڭ بىرلىشىشى ۋە كېڭىيىشىگە ئە-گىشىپ، ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلارنىڭ قولىدا تېزلا مەغلۇب بولدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى قىرغىزلار مۇستەقىل كۈچ ھېسابىدا تۇبۇتلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قار-شىلاشقانىدى. 820 ـ يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇر خانلىقى زورايدى، قىرغىزلار ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ نام بېرىشىگە ئېرىشتى. لېكىن قىرغىزلار ئىزچىل تۈردە مۇس-تەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش ئىمتىيازىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇي-غۇرلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچى ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، قىرغىزلار تەدرىجىي ھالدا ئاشكارا قارشى تۇرۇشقا ئۆتتى. ئۇلار-نىڭ ئاقساقىلى ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇي-غۇر خانلىقىنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق زەربىسىدە مەغلۇب بولغا-نىدى. 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى ئىچكى ماجىرا تۈپەيلىدىن ئاجىزلاشقاندىن كېيىن، قىرغىزلارنىڭ ئاقساقىلى ئارو ئۇيغۇر خانلىقىغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلدى، ئۇ : «سېنىڭ ئەجىلىڭ توشتى! مەن سېنىڭ ئورداڭنى ئالىمەن. ئورداڭنىڭ ئالدىدا ئې-تىمنى ئوينىتىمەن، تۇغۇمنى قادايمەن، كۈچۈڭ بولسا تېز كې-لىپ مەن بىلەن ئېلىش، بولمىسا تېز يوقال»، دەپ قەسەم قىل-دى. بۇ جەرياندا قىرغىزلار قىتان، تاتار، قۇمۇق، سېرۋى قاتار-

لىق ئىلگىرى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان قەۋمـ.
لەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈۋالدى.

يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى گەرچە تاڭ سۇلالىسىگە تەھدىت بولغان بولسىمۇ، ئەمما كۈچى يەتمىگەچكە ئۇيغۇر خانلىقىغا ھېچقانداق ئاكتىپ تەدبىر قوللىنالمىغانىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئۇيغۇر خانلىقىدا ئايتەڭرىدە قۇت بولمىش قۇچ بىلگە قاغان (824 ـــ 832)نى قول ئاستىدىكىلەر ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى سادىر بولدى. ئەمما ئۇ چاغدا باشقا مەسىلىلەر يۈز بەرمىدى، ئايتېڭرىدە بولمىش كۈلۈگ بىلگە قاغانمۇ شۇ يىلى تەختىكە ئولتۇردى. 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقىدا يەنە بىر قېتىم ئىچكى زىددىيەت چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ھالاك بولدى. بۇنىڭغا كۈلۈگنىڭ چوڭلۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى شاداپىتلارنىڭ شىمالىدىكى قىرغىزلارغا تايىنىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا يول قويغانلىقى سەۋەب بولدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ھالاك بولۇشىدىكى ھالقىلىق مەسىلە: ئىچكى پارچىلىنىشنى تىزگىنلىيەلمىگەنلىكى ھەم ئىچكى زىددىيەتنى ئىچكى قىسمىدا ھەل قىلالمىغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن قەبىلىلەرنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ كىرىشىگە پۇرسەت تۇغدۇرۇپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت.

**2. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى ۋە يايلاقتىكى تەبىئىي ئاپەتلەر**

1) موڭغۇل يايلىقىدىكى ئېغىر قەھەتچىلىك ۋە ئاپەتلەر

خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، 840 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولۇپ، غەربكە كۆچكەندە، 15 قەبىلە قارلۇقلار تەرەپكە، قالغانلىرى تۇبۇت ۋە ئەنشىگە كۆچتى. قاغان ئوردىسى ئەتراپىدىكى 13 قەبىلىگە باشچىلىق قىلىۋاتقان ئۆگە تېكىن توپى بىلەن ھورمۇزدا باشچىلىقىدىكى يەنە بىر توپ جەنۇبقا مېڭىپ، چوڭلۇقىنىڭ جەنۇبىغا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شەرقتىكى قىتانلار تەرەپكە كەتكەن توپلارمۇ بار ئىدى. خاتىرىلىنىشىچە: «قىرغىزلار ھۇجۇم قىلغاندا قوشۇن مەغلۇب بولۇپ،

قەۋملەر ئاسىيلىق قىلدى، مال ـ چارۋىلار قىرىلىپ كەتتى، خەلق ئاچارچىلىقتا قېلىپ، ھەر تەرەپكە پىتىراپ، چۆللۈكتىن ئۆتۈپ كەتتى». بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇم قىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا يۇرتى بولغان يايلاقنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا كۆچۈپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب بولغان. قىرغىزلار ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى موڭغۇل يايلىقىدا ئۆي چارۋىلىرى قىرىلىپ كەتكەنلىكتىن ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن، بىز بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشى بىلەن باغلاپ قارايدىغان بولساق دىققىتىمىزنى تارتماي قالمايدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولۇشتىن ئىلگىرى، يايلاقتىكى چارۋىچىلار ئاللىقاچان «ھەريىلى ئۇدا يۈز بەرگەن ئاچارچىلىق ۋە كېسەللىك» سەۋەبىدىن ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى.

تۆۋەندە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب ـــ قەھەتچىلىك ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى قەھەتچىلىك توغرىسىدا «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر»نىڭ 98 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار»دا «يىلمۇ يىل ئاچارچىلىق بولۇپ، كېسەل تارقالدى، قوي، ئات تاپلىرى ھەممە يەرنى قاپلىدى، يەنە قېلىن قار ئاپەتتى بولدى»، دەپ خاتىرىلەنگەن.

«يېڭى تاڭنامە» 217 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار ـــ 2» «يىلمۇيىل ئاچارچىلىق بولۇپ كېسەل تارقالدى، يەنە قېلىن قار ياغدى، قوي، ئاتلار جان ساقلىيالماي، نۇرغۇنى قىرىلىپ كەتتى»، دەپ خاتىرىلەنگەن.

«ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى»نىڭ 246 ـ جىلدىدا «يىلمۇيىل كېسەل تارقىلىپ، قېلىن قار يېغىپ، قوي ـ ئاتلار بەك قىرىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇيغۇر خانلىقى بارا ـ بارا ئاجىزلاشتى»، دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىدىكى خاتىرىلەردە ئېيتىلغىنىدەك، ئۇيغۇر خانلىقى دۇچ كەلگەن قەھەتچىلىك موڭغۇل يايلىقىدا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىش-

لەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئۆزىدىكى تۇغما ئاجىزلىق بىلەن مۇنا-سىۋەتسىز دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كۆچ-مەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىدە ھاياتلىق تەبىئىي مۇھىتقا باغلى-نىپ قېلىشتەك ئىنتايىن يامان ئەھۋالدا تۇراتتى. تەبىئىي مۇ-ھىت بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ھامان دەرھال ئەسلىگە كېلەل-مەيتتى، ئەسلىگە كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت كېتەتتى. يايلاقتىكى ئاجىز، كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىق-تىسادى توساتتىن كەلگەن ئاپەتتىن ئەجەللىك زەربىگە ئۇچراپ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى تامامەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپلا قالماستىن، جان ساقلايدىغان ئوت - چۆپ يىلتىزى قاتارلىق نەرسىلەرمۇ ئاسانلىقچە تېپىلمايتتى.

كۆچمەن چارۋىچى دۆلەت تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىشى بىلەن ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاساسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كېتەتتى، شۇنداقلا خانلىق ھوقۇقى ئاجىز-لىشىپ، ئىچكى مالىمانچىلىق يۈز بېرەتتى - دە، ئاسانلا تاشقى كۈچلەرنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچرايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا خانلىق ئاھا-لىسى ئەمدى قاغاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشنى خالىماي، مۇستەقىل ھايات يولى تېپىشقا ئۇرۇنۇپ خانلىقتىن چەتلەشتى-تى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەتمۇ پارچىلىنىشقا يۈزلەندى. ئۇيغۇر خان-لىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇنىڭغا قاراشلىق ھەر قايسى كۆچمەن چارۋىچى قەۋملەرنىڭ ئۆز ئالدىغا بولۇۋېلىشى، قەھەت-چىلىك ۋە تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن ھايات كەچۈرۈش شارائىتى يامانلىشىپ، قەۋملەرنىڭ ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش يولىنى ئىزدىگەن-لىكىنىڭ ئىپادىسى. ئىلگىرى ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي ئاپەت كەلتۈرگەن قەھەتچىلىك سەۋەبىدىن ھالاك بولغانىدى. 7 - ئە-سىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى چۆللۈكنىڭ شىمالىدا زومىگەر بولۇپ، بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەنىدى. 681 - يىلى چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى تۈركلەر روناق تېپىپ، چۆللۈك-نىڭ شىمالىنى تارتىۋالغاندا، ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسىغا بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇمۇ تەبىئىي ئاپەت بىلەن مۇناسىۋەت-

لىك ئىدى. 686 ـ يىلى چىن زىنالڭ مۇنداق خاتىرىلىگەنىدى: « توققۇز قەبىلە ئىغىر قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغىلى ئۇچ يىل بولدى، دالا قاغجىراپ، ئوت ـ چۆپ ئازىيىپ كەتتى، قوي ـ ئاتلاردىن 10نىڭ ئىچىدە يەتتە ـ سەككىزى قىرىلىپ كەتتى، تىمەنرەكلىرى ھازىرغىچە تىرىك قالدى... يەنە تۇزۇكرەك ئوت ـ چۆپ بولمىغاچقا، قوي ـ ئاتلار قىرىلىپ تۈگىدى، دالا چاشقانلىرىمۇ ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى يەپ ياكى بىر ـ بىرىنى يەپ جان ساقلىدى».

خانلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى تەبىئىي ئاپەتلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەر دۆلەتنىڭ تۇزۇلمە تەرتىپى جەھەتتە مۇداپىئە كۆرۈش قابىلىيىتىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ يىمىرىلگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىدە ئۇچ يىلدا بىر قېتىم كىچىك ئاپەت، بەش يىلدا بىر قېتىم ئوتتۇراھال ئاپەت، 10 يىلدا بىر قېتىم چوڭ ئاپەت يۈز بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئەينى ۋاقىتتا تەبىئىي ئاپەتنىڭ نەقەدەر كۆپ يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا دۆلەت يىمىرىلىشكە يۈز تۇتقان ۋاقىتتا، تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ يىغىلىپ كېلىشى دۆلەتنى ھالاك قىلىدۇ، دەيدىغان ساپ نەزەرىيىۋى سۆزلەر پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، قاغان ناۋادا ئۆز نوپۇزىنى ساقلاپ قالالىغان، كۆچمەن چارۋىچى خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىش كۈچىنى ياخشى ئىگىلىيەلىگەن بولسا، ئۇ ھالدا ھەرقانچە تەبىئىي ئاپەتمۇ ئۇنىڭغا دال كېلەلمىگەن بولاتتى. تېزدىن ئۇنىڭغا لايىق تەدبىر قوللىنالمىغان تەقدىردىمۇ، ئەتراپتىكى دۈشمەنلەر تەھدىت سالمىغان ئەھۋالدا، بىر مەزگىلدىن كېيىن كۆچمەن چارۋىچى جەمئىيەتنىڭ نورمال ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىگەن بولاتتى. لېكىن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنىڭ خانلىق ھوقۇقىنى ئاجىزلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاجىز كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىنى تېزلا ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، بۇمۇ دۆلەتنىڭ ھالاك بولۇشىدىكى بىر سەۋەب ئىكەنلىكى ئۆزىدىن مەلۇم.

هازىرمۇ موڭغۇل يايلىقىدا تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن ئوتلاق بۇزغۇنچىلىقىقا ئۇچرىسا ياكى چارۋىلار قىرىلىپ كەتسە، ئەسلىگە كېلىش ئۈچۈن ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ. بۇنىڭدىن تەبىئىي ئاپەتنىڭ زىيىنى نەقەدەر ئېغىر بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئوخشاش ئۇدا كۆپ يىل ئاپەت داۋاملاشسا ياكى تەكرار يۈز بەرسە، ئەسلىگە كەلتۈرۈش تامامەن مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئەھۋالدا كۆچمەن چارۋىچى خەلق ھېچ ئامال قىلالماي، پەقەت كۆچۈپ كېتىپلا قۇتۇلغان بولاتتى. ئۇيغۇرلار يايلاقتىكى قەھەتچىلىكتىن قېچىپ، چۆللۈكنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا كۆچكەندىن كېيىن، يەنىلا ئاچارچىلىقنىڭ دەردىنى بەك تارتتى، تەبىئىي ئاپەت ۋە كۆچۈش نەتىجىسىدە ئاشلىق ئۆكسۈكچىلىكى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تەبىئىي ئاپەتلەر، بولۇپمۇ قەھەتچىلىك دەستىدىن كىشىلەرنىڭ ئوتلاقتا داۋاملىق جان ساقلىشى قىيىنلاشتى.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يايلاقتا ئېغىر قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، يۇقۇملۇق كېسەل (ۋابا) يامراپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىۋىرغانلىق قار ياغدى، ئەجەللىك تەبىئىي ئاپەتلەر كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەردى. بۇ خىل ئەھۋالدا، تارىخنىڭ ئەسلى ھالىتىنى تەكشۈرگەندە، ئالدى بىلەن بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى تەكشۈرۈش زۆرۈر. موڭغۇل يايلىقىدا يۈز بەرگەن قەھەتچىلىك بىلەن تەبىئىي ئاپەتنى ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى تەبىئىي ئاپەت قەھەتچىلىكنى پەيدا قىلىدۇ، قەھەتچىلىكمۇ تەبىئىي ئاپەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. موڭغۇل يايلىقىدىكى تەبىئىي ئاپەتتە كۆپ خىل ئەھۋاللار بار، ھاۋارايى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قۇرغاقچىلىق (قارا ئاپەت) بىلەن قېلىن قار (ئاق ئاپەت) نىڭ ئاپىتى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا، ئۆي ھايۋانلىرىغا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلار ئۈچۈن يۇقۇملۇق كېسەلمۇ بىر چوڭ تەھدىت. ئەمما چاۋىچىلار مول باقمىچىلىق تەجرىبىسىگە تايىنىپ، ئادەتتە مەلۇم دەرىجىدە

ئايەت ۋە ئاچارچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تۇرىدۇ. مۇھىت بوز-غۇنچىلىقتا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، ئەھۋال ئېغىرلىشىپ ئامالسىز قالىدۇ. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە ئېغىر قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغان. بۇ ئەينى چاغدا كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئىنتا-يىن مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقۇملۇق كې-سەللىكنىڭ تارقىلىشى مۇقەررەر ھالدا ئېغىر چوڭ مەسىلىلەر-نى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

686 - يىلى موڭغۇل يايلىقىدا يۈز بەرگەن قۇرغاقچىلىق (قارا ئايەت) ئاپەتتى قەھەتچىلىك بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇنداقلا ئۇ، قەھەتچىلىك يۈز بېرىشنىڭ ئاساسلىق سەۋە-بى ئىدى. قۇرغاقچىلىق يايلاقنىڭ كۆلىمىنى تارايتىۋەتكەنلىك-تىن، ئۆي ھايۋانلىرى، جۈملىدىن سانى ئەڭ كۆپ بولغان قوي پادىلىرى جان ساقلاشقا ئامالسىز قالدى. قۇرغاقچىلىق دەستىدىن يايلاقتا بىر تال ئوت - چۆپمۇ ئۇنمەي قاقاسلىشىپ كەتتى، ئوت - خەشەك ئازىيىپ كەتتى، ئۆي ھايۋانلىرى ئاجىزلاپ، ئاچلىقتىن، كېسەللىكتىن ئۆلگەن ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ تاپلىرى ھەممە يەرنى قاپلىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ قۇرغاقچىلىق يايلاقنى تارايتىۋېتىپ، ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ جېنىغا ئېغىر تەھدىت سېلىپلا قالماستىن، يەنە كۆچمەن چارۋىچىلارنى قەھەتچىلىككە دۇچار قىلىدىغان مۇ-ھىم ئامىل بولۇپ تۇرماقتا.

قېلىن قار (ئاق ئايەت) مۇ ناھايىتى خەتەرلىك. قېلىن قار ئادەتتە قىش پەسلىدە ياكى باش باھار پەسلىدە ياغىدۇ. شۇ سەۋەب-لىك كۆچمەن چارۋىچىلار قەھەتچىلىكنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ. موڭغۇل يايلىقىدا ياغقان قېلىن قار مۇنداق بىر نەچچە ئالاھىدى-لىككە ئىگە: قېلىن قار تەكرار ياغىدۇ، ئۇنى مۆلچەرلىگىلى بول-مايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ناھايىتى تەس. قېلىن قار ئا-دەتتە باش باھار پەسلىدە ياغىدۇ. شۇنداقلا ھەرقانداق ۋاقىتتا قې-لىن قار سوغۇق ئېقىم بىلەن بىرلىشىپ يايلاققا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. شىمالىي كەڭلىك 41 گرادۇسنىڭ شىمالى، دېڭىز يۈ-

زىدىن 2500 ـــ 3000 مېتىر ئېگىز جايدا، ھەر قانداق ۋاقىتتا موڭغۇل يايلىقىغا قېلىن قار يېغىشى مۇمكىن.

قېلىن قار ھەرقاچان بوران ۋە سوغۇق ئېقىمى بىلەن بىر-لىكتە يايلاققا ھۇجۇم قىلىپ، ئۆي چارۋىلىرى بىلەن چارۋىچىلار يەككە ـ يېگانە قېلىپ توڭلاپ ئۆلىدۇ ياكى ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ. بولۇپمۇ قىش پەسلى ياكى باش باھار پەسلىدە چارۋىچىلار تەبىئىي ئاپەت ئالدىدا ئامالسىز قالىدۇ، چۈنكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ ئۆزى زاپاس جۇغلىمايدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلىقتا قىش پەسلىدە قۇرۇق ئوت ـ چۆپ جۇغلانمايدۇ يا-كى چارۋىلارنى سوغۇقتىن ۋە ئاچارچىلىقتىن ساقلايدىغان ئېغىل ـ قوتانلار سېلىنمايدۇ. 9 ـ ئەسىردىكى ئەھۋال جەزمەن ھازىرقى-دىنمۇ كۆپ ناچار بولۇپ، چارۋىچىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك ئاپەتلەر-گە ئۇچراش ئېھتىماللىقى تېخىمۇ زور بولغان.

قەھرىتان قىش پەسلىدىمۇ يايلاقتا مال باقىدىغان كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئۇسۇلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قۇرغاق-چىلىق ئاپىتىنىڭ يۈز بېرىشى ۋە قېلىن قار ـــ ئوتلاقتىن ئاي-رىلىپ قېلىش، ئۇنىڭغا ئۇلىشىپ كەلگەن ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ قىرىلىپ كېتىشى ۋە كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئاچارچىلىقتا قې-لىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، تاشقى تەرەپنىڭ تەھدىتى ۋە ئىچكى قىسمىنىڭ يىمىرىلىشى بولمىغان ئەھۋالدا، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، دۆلەت تۈزۈلمىسىدە مۇداپىئە كۈرۈش ئىق-تىدارى ھازىرلانغاندا، بۇ ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرغىلى بولاتتى. يۇقىرىقىدەك ئاپەتلەر تەكرار يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر بۇ ئاپەتلەرگە قارىتا مەلۇم تەييارلىق كۆرگەن بولىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تەكرار يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىغا بۇزغۇن-چىلىق سېلىپ، ئاچارچىلىق پەيدا قىلىپ، دۆلەت تۈزۈلمىسىنى پارچىلىۋەتتى، ھەتتا قوغدىنىش ھۇجۇم قىلىشقا زۆرۈر بولغان ھەربىي سەپەرۋەرلىك قىلىشقىمۇ مۇمكىن بولماي قالدى.

## 2) يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى

قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بىلەن قىلىن قار قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر ئاچارچىلىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىشى ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، پەقەت 582 ـ يىلى تۈرك خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي دەپ ئىككىگە پارچىلانغان مەزگىلدە ۋە ئۇيغۇر خانلىقى ھالاك بولغان مەزگىلدە يايلاقتا «ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەل» يۈز بەرگەن. تارىخىي ماتېرىياللاردا 630 ـ يىلى شەرقىي تۈرك خانلىقى ھالاك بولغاندا «قورۇلنىڭ شىمالىدا بالدۇر قىراۋ چۈشكەن» لىكى خاتىرىلەنگەن. 686 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنى تۈركلەر قوغلىۋەتكەن چاغدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ئىچىدە، يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغانلىق توغرىسىدىكى مەزمۇنلار خاتىرىلەنمىگەن. تۆۋەندە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدىكى قەھەتچىلىكتىن كېلىپ چىققان يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ تارقىلىش ئەمەلىي ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتىمىز.

ئەينى يىللاردا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تارقىلىش ئەمەلىي ئەھۋالىنى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، بىز ئالدى بىلەن يايلاقتا تارقالغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ تۈرلىرىنى رەتلەپ چىقىمىز. موڭغۇل يايلىقى باشقا جايلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ يەر قۇرغاق ھەم سوغۇق، شۇڭلاشقا، بۇ يەردە يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى باشقا جايلارنىڭكىدىن ئاز، يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ تۈرىمۇ كۆپ ئەمەس. ئەمما بۇ يەردە ئادەملەر ۋە ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر نەچچە خىل مۇھىم كېسەللىك مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلانغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تۇيۇقسىز ئۆي ھايۋانلىرى تۇيۇقسىز قىرىلىپ كېتىپ، چارۋىچىلار ئاچارچى-

لىقتا قالغان، ھەتتا ئادەملەرگە كېسەل يۇققان. يۇقۇملۇق كې-
سەللىك تارقالغاندا ئۆي ھايۋانلىرىنى سويۇۋەتمەي ئامال يوق ئى-
دى. باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىش مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ
ئەڭ ياخشى چارىسى ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە
زادى قانداق يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغانلىقىنى تەكشۈرۈش
مۇمكىن ئەمەس، بۇ ماقالىدە 1919 ـ يىلى موڭغۇلىيىدە يۇقۇم-
لۇق كېسەللىك تارقالغان نەق مەيداننى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا
ئاساسلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى تەكشۈرىمىز، سياناتەد-
لىشىشتىن ئىلگىرىكى 1919 ـ يىلىدىكى ئەھۋال بىلەن ئۇيغۇر
خانلىقى مەزگىلىدىكى تەبىئىي مۇھىت ۋە يېمەكلىك قاتارلىق
تەرەپلەردە ئانچە كۆپ ئۆزگىرىش يوق، دەپ پەرەز قىلىشقا بولى-
دۇ. شۇ چاغدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، موڭغۇلى-
يىدە چۇما، كۆيدۈرگە، ماڭقا، تارقىلىشچان ئۆپكە ياللۇغى، قوي
تەمرەتكىسى، ئەسۋە، جىددىي خاراكتېرلىك ئىستىسقا (قورساق
كۆپۈش) كېسىلى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقالغان.
ھازىر يۇقىرىقى كېسەللىكلەردىن تاشقىرى، يەنە باشقا كېسەل-
لىكلەرمۇ بايقالغان، ئەمما ئاساسلىقى يەنىلا يۇقىرىقى بىر نەچچە
خىل.

تارقىلىشچان ئۆپكە ياللۇغى، قوتۇر، ئەسۋە، جىددىي خاراك-
تېرلىك ئىستىسقا قاتارلىقلار ئۆي ھايۋانلىرىدا دائىم كۆرۈلىد-
غان كېسەللىك بولۇپ، ئېغىر ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقارمايد-
تى. چۇما، كۆيدۈرگە، ماڭقا قاتارلىق ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل-
لىكلەر مۇھىم يۇقۇملۇق كېسەللىك ھېسابلىناتتى. چۇما كېسى-
لى پەقەت قىچىشقاق بولغان كىشىلەرگىلا يۇقاتتى، ئۆي ھايۋاد-
لىرىغا يۇقمايتتى، ئۆي ھايۋانلىرىغا چوڭ خەۋپ يەتكۈزمەيدىغان
كېسەللىكلەر موڭغۇللارنىڭ قوشۇنى جەنۇب (يۇننەن، بېرما) غا
يۈرۈش قىلىش داۋامىدا يايلاققا تارقىلىپ كىرگەن، ئۇيغۇر خاد-
لىقى دەۋرىدە يايلاقتا بۇنداق كېسەللىك يوق بولۇشى مۇمكىن،

ماڭقا كېسىلى بۇرۇن پەردىسى باكتېرىيىسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئارقىلىق كېلىپ چىقىدۇ، بۇ كېسەللىك باكتېرىيىسى نەپەسلىنىش ئەزالىرى ۋە لىمفا تۇگۈنى، شۇنىڭدەك تېرە يۇزىدە قاداق پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەنلا ئۆي ھايۋانلىرى ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، چۈنكى، بۇ ئادەتتە ئات، خېچىر، ئېشەك قاتارلىق تۇم تۇياقلىق ھايۋانلاردىلا بولىدىغان كېسەللىك.

ئۇنداق بولسا، بىز ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن يۇقۇملۇق كېسەللىك كۆيدۈرگە كېسەللىكى (Anthrax) دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز. بۇ كېسەللىك قوينى ئاساس قىلغان بارلىق ئۆي ھايۋانلىرىدا كۆرۈلىدۇ. بۇ ئۆي ھايۋانلىرىغىمۇ، ئادەملەرگىمۇ يۇقىدىغان، ئادەم بىلەن ھايۋانغا ئورتاق بولغان يۇقۇملۇق كېسەللىك. بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئۆلۈشى ئېغىر زىيان سالىدۇ، بولۇپمۇ كېسەلنى ئادەمگە يۇقتۇرىدۇ، بۇ كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ۋە تازىلىق ئىشلىرىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە، كېسەللىكنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قاراپلا، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك — كۆيدۈرگە كېسەللىكى دەپ ھۆكۈم قىلىنىۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ كېسەللىك باشقا كېسەللىكلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى كۆيدۈرگە كېسەللىكى دەپ ھۆكۈم قىلىۋاتىمىز. كۆيدۈرگە كېسەللىكى ئىنسانىيەت تارىخىدا يۈز بەرگىلى خېلى ئۇزاق بولغان بىر خىل كېسەللىك. دۇنيانىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا بۇ كېسەل ئۆتمۈشتىن تارتىپ تا ھازىرغىچە توختىماي يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى زورىيىپ، بىئولوگىيىلىك قورال قىلىپ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئەڭ دەسلەپتە «ئىنجىل. مىسىردىن چىقىش خاتىرىسى» نىڭ 9 ـ باب 9 ـ پاراگرافىدا بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىلگەن، كىشىلەر ئۇنى قەدىمكى رىم كلاسسىك ئەسەرلىرىگە كىرگۈزگەن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى

نۇرغۇن ئەسىرلەردىمۇ بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر بار. بولۇپمۇ 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردە كۆيدۈرگە كېسىلى ياۋروپانىڭ جەنۇبىي قىسمىدا نۇرغۇنلىغان ئۆي ھايۋانلىرى بىلەن ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئالغانىدى.

بىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كېسەللىكنى كۆيدۈرگە كېسىلى دەپ ھۆكۈم قىلىشىمىزدىكى سەۋەب، موڭغۇل يايلىقىدەك قۇرغاق ھەم سوغۇق جايدا كۆيدۈرگە كېسىلى ناھايىتى ئاسان يۈز بېرىدۇ. بۇنداق كىلىماتنى باشقا جايدا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. كۆيدۈرگە تاياقچە باكتېرىيىسى كۆيدۈرگە سىل كېسىلى بىلەن ئاغرىغان ھايۋانلاردا ساقلىنىدىغان كېسەللىك ئېلېمېنتى بولۇپ، تەرەت، ئاجراتمىلار ۋە جەسەتنىڭ قېنى قاتارلىق پۈتۈن بەدەندىكى ئىچكى ئەزالاردا ساقلىنىدۇ، ئۇ جەسەت (تاپ)نىڭ يۇڭ، تېرىلىرى، ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىدىن ياسالغان بۇيۇملار، شۇنىڭدەك ئاجراتمىلار ياكى پارچىلانغان تەندە ساقلانغان بولغانغان يەم، بوغۇز، سۇ، تۇپراق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى قاتارلىق ھەر قانداق ئورۇن ۋە نەرسىلەردە ياشىيالايدۇ. تۇپراق ئىچىدە ئەڭ كۆپ بولۇپ، بۇ تىرىك تەندىكى باشقا پارازىت باكتېرىيىلەرگە ئوخشىمايدۇ، بۇ باكتېرىيىلەر ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قاتتىق قاپ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، تۇپراق ئىچىدە 50 نەچچە يىل جان ساقلىيالايدۇ، قۇرغاق شارائىتتىمۇ 20 نەچچە يىل ياشىيالايدۇ. كۆيدۈرگە كېسەللىكى كۆپرەك ئىللىق كىلىماتتىكى ھاك تەركىبلىك تۇپراقتا، دەۋرىي خاراكتېرلىك كەلكۈن كېلىپ تۇرىدىغان جايلاردا يۈز بېرىدۇ، يامغۇر ياغمىغان ئەھۋالدا باشقا باكتېرىيىلەر ياشىيالمىسىمۇ، كۆيدۈرگە باكتېرىيىسى ياشاۋېرىدۇ. قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدە بىرەر قېتىم يامغۇر يېغىپ قالسا ياكى تەبىئەتنىڭ قۇدرىتى بىلەن ياكى ئادەملەر تەرىپىدىن يەر ئاغدۇرۇلسا يەر ئاستىدىكى باكتېرىيىلەر يەر يۈزىگە چىقىپ ئۆزىگە يېقىنلاشقان جانلىقلارغا يۇقىدۇ ھەم شۇ يەردە كۆپىيىدۇ.

تۇپراق بىلەن كۆپ ئۇچرىشىدىغان ئوتخور ھايۋانلارنىڭ

كۆيدۈرگە باكتېرىيىسى بىلەن يۇقۇملىنىش ئېھتىماللىقى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ. كۆچمەن چارۋىچىلىق كەسپىدە قوي مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئەڭ ئاجىز بولغاچقا كېسەلگە گىرىپتار بولۇش ئېھتىماللىقى ئەڭ زور، چارۋىچىلىقتا يەتكۈزىدىغان تەسىرىمۇ ئەڭ زور بولىدۇ. كالا ياكى ئاتلار بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ قوينىڭ كېسەل بولۇش ئېھتىماللىقى ئەڭ زور بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادىتى باشقا ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئوتنى يىلتىزى بىلەن قوشۇپ يەۋېتىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ تۇپراق بىلەن ئۇچرىشىش ۋاقتى كۆپ بولىدۇ. كۆيدۈرگە باكتېرىيىسى ئۆي ھايۋانلىرىغا ئاساسەن ئېغىز ئارقىلىق يۇقىدۇ. ئۇنىڭ قېپى تەندە ئېرىگەندىن كېيىن، يۇقۇملىنىش ئەھۋالى ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تېرىنىڭ زەخىملەنگەن يېرى ئارقىلىق يۇقىدۇ. ئۆي ھايۋانلىرى بۇنىڭ بىلەن يۇقۇملانغان ھامان بۇ باكتېرىيىلەر قاننى زەھەرلەپ ئۆي ھايۋانلىرىنى جىددىي خاراكتېرلىق سېپتىسېمىيىگە گىرىپتار قىلىپ، ئۇلاردا نەپەس بوغۇلۇش، قىزدىتىش ئەھۋاللىرىنى پەيدا قىلىپ تېزلا جېنىنى ئالىدۇ. باكتېرىيە بەدەننىڭ قان ئىشلەش ئىقتىدارىنى بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىپ تالنى كاردىن چىقىرىدۇ، بۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملانغان ھامان ئۆزىنىڭ نامىغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ قېنىنى قارايتىۋېتىدۇ، بۇ چۇما كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەمدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىك ئالامەتلىرىگە ئوخشايدۇ. كۆيدۈرگە قورغاقچىلىق ۋە كەلكۈن ئاپىتى بىلەن تەڭلا پەيدا بولىدىغان بولغاچقا، دىققىتىمىزنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تەبىئىي ئاپەت ۋە كۆيدۈرگە كېسەللىكىگە قاراتتۇق. خاتىرىلەردىن مەلۇمكى، ئەينى ۋاقىتتا قەھەتچىلىك تۇپەيلىدىن يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان شارائىت كۆيدۈرگە كېسەللىكىنىڭ يۈز بېرىش شارائىتى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ماقالىنىڭ بېشىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، يايلاقتا ئاچارچىلىق يۈز بېرىشنىڭ سەۋەبى ئۇدا،

ئۇزۇلمەي يۇز بەرگەن قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن ئىبارەت. ئەگەر قۇرغاقچىلىق يۇز بەرسە، يايلاق بۇزۇلۇپ، ئوت ـ چۆپ ئازىيىپ كېتىدۇ، قويلار تۇمشۇقىنى توپىغا تۇرتۇپ، توپىنىڭ ئاستىدىكى يىلتىزنى يەيدۇ. تۇپراقتىكى كۆيدۇرگە باكتېرىيىسى قويغا يۇقۇپ، ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ئارانلا تۇرغان قويلار ئاسانلا كېسەل بولىدۇ. يۇقۇملۇق كېسەل تەگكەن ئۆي ھايۋانلىرى توركۇملەپ قىرىلىپ كېتىپ، يايلاقنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى ئۇزۇل ـ كېسىل بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر خانلىقىدا يۇز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىدە دەۋرىي خاراكتېرلىك يۇز بەرگەن ھادىسە بولۇپ، قەھەتچىلىكتە قالغان كۆچمەن چارۋىچىلىق جەمئىيىتىدە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر ئەۋج ئالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە سوغۇق ئېقىم بىلەن تەڭ ياغقان قېلىن قارنىڭ ھۇجۇمىدا تىرىك قالغان ئۆي ھايۋانلىرىمۇ جان ساقلىيالماي قەھەتچىلىك تېخىمۇ ئېغىرلاشقان. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا «قوي، ئاتلارنىڭ كۆپىنچىسى قىرىلىپ كېتىپ، ھېچقانچە تىرىك مال قالمىدى»، دەپ خاتىرىلەنگەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ماددىي ياردىمىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇرلارنىڭمۇ قەھەتچىلىكتە جان ساقلاش ئۇچۇن چۆللۇكنىڭ جەنۇبىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى، ئاپەت ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى چۇشەندۇرۇپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ كۆيدۇرگىگە ئوخشاش بۇنداق يۇقۇملۇق كېسەللىك كىلىمات ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن يۇز بەرگەن كىلىمات خاراكتېرلىك تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنداق ئاسانلىقچە ياخشىلىنىپ كەتمەيدۇ.

### 3. خۇلاسە

تەبىئىي ئاپەتنىڭ يۇز بېرىشى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدە دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىپ كېتىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. لېكىن بۇ پەقەت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرسىلا خالاس. خانلىقنىڭ يىمىرىلىشىدىكى

مۇھىم سەۋەب قىرغىز قاتارلىق ئەتراپتىكى كۆچلەرنىڭ ئومۇمـ يۈزلۈك ھۇجۇمىدىن ئىبارەت. بىز تەبىئىي ئاپەتلەرنى مۇھاكىمە قىلىشتا، قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى دۆلەتنىڭ يىمىرىلىشىدىكى سەۋەبنى مۇھاكىمە قىلىشنى مەقسەت قىلدۇق. بۇ نۇقتا ئىلگىـ رىكى تەتقىقاتلاردا نەزەردىن ساقىت قىلىنغانىدى. ئۇيغۇر خانلىـ قى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ بۇ رايونـ نى تاشلاپ، باشقا جايلارغا كۆچۈپ كېتىپ، قايتىپ كەلمەي يايلاقلارنىڭ ئۆزاققىچە بىكار قېلىشى يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن بولغان. ئەلۋەتتە، ئەھۋالى ئوخشاپ كېتىدىـ غان يازما يادىكارلىقلارغا تايىنىپلا، ئارقا كۆرۈنۈشى توغرا بېكىـ تىش قىيىن. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇپرىقىنى ئانالىز قىلىش قاتارلىق تەبىئىي پەننىڭ تېخىمۇ كونكرېت تەتـ قىقات ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، بۇ ھۆكۈمنى تولۇقلاشنى ئۈمىد قىلىمىز. بۇ ماقالىدە يازما يادىكارلىقلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلىنىپ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى، شۇنىڭدەك تەكرار كۆرۈلۈش ئەھۋالى ھەققىدە يۈرگۈزگەن مۇھاكىمىمىز ناـ ھايىتى چەكلىك بولۇپ قالدى. لېكىن بۇ ماقالىدە تەبىئىي ئاپەتـ نىڭ يۈز بېرىشىدەك ئەمەلىي ئەھۋالغا دەسلەپكى قەدەمدە يېـ قىنلاشتۇق، مۇئەللىپ مۇشۇنىڭ بىلەن قانائەت تاپتى.

**پايدىلانغان ئەسەرلەر:**

1. فۇ شۈەندۇڭ، جۇ جيەنگو ۋە لى دېيۈلەرنىڭ ماقالىلەر توپلىمى [ M ] ، 2000 ـ يىلى شىجياجۇاڭ خېبېي مائارىپ نەشرىياتى نەشرى
2. دىڭ زەيشۈن:«ئۇيغۇرلارنىڭ بېشبالىق رايونىغا ھۇجۇم قىلىشى ۋە ئادىز ئۇيغۇر (795 ـــ 840) لىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى». [ J ] «شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى» 1998 ـ يىلى نەشرى. 64 ـ توپلام، 94 ـ بەت.
3. «يېڭى تاڭنامە» [ M ] 1975 ـ يىلى بېيجىڭ جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرى.
4. شۆ زۇڭجېڭ: «قىرغىزلارنىڭ گۈللىنىشى» [ J ] «مىللەتـ

لەر تەتقىقاتى» 1996 ـ يىلىلىق 1 ـ سان، 93 ـ بەت.
5. «يېڭىدىن تۈزۈلگەن چىن زىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» [ M ] ۋېنيۇەن كۇتۇپخانىسى قامۇسلىرى
6. «كونا تاڭنامە» [ M ] 1975 ـ يىلى بېيجىڭ جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى نەشرى
7. لياڭ شياۋدۇڭ : « كۆيدۈرگە كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوللانمىسى» [ M ] 1995 ـ يىلى بېيجىڭ جۇڭگو دېھقانچىلىق نەشرىياتى نەشرى.
خەنزۇچە « ئەدەبىيات ـ تارىخ ـ پەلسەپە» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىلىق 6 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئەخمەت جۇبەيرى**

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى

ئابلىز ئورخۇن

مەلۇمكى تىل بىر مىللەتنى يەنە بىر مىللەتتىن پەرقلەندۇ-رۇپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم بەلگە. كۆپىنچە مىللەتلەر تىللىرى ئۆز ئىچىدىن يەنە نۇرغۇن دىئالېكت ۋە شېۋىلەرگە ئايرىلسىمۇ يەنىلا بىر يېتەكچى ئەدەبىي تىل ئارقىلىق بىر ئېتنىك نام ئاس-تىغا ئۇيۇشۇپ تۇرىدۇ. كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن تارتىپ قېلىپلاشقان ھەمدە مەدەنىيەتلىك تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىللىق رولىنى ئويناپ كەل-گەن تۈركىي تىل (ئۇيغۇر تىلى) ئوتتۇرا ئاسىيادا تاكى 1924 ـ يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنىڭدىن كېيىن-كى بىر ئەسىرلىك جەريانىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر، ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىكى يېڭى سەھىپە دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

مەزكۇر ماقالىدە ئۇيغۇر نامىنىڭ تارىختا مىللەت نامى سۈ-پىتىدە ئەمەس، بەلكى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى كۈچلۈك قەبى-لىۋى سىياسىي كۈچنىڭ نامى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇ-رۇش، تارىخ سەھنىسىدىن يوقىلىش جەريانى؛ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چارروسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزلەشتۈرۈش ئېھ-تىياجى ۋە يېقىنقى زامان غەرب ئىلمىنىڭ تۈركىستاندا ئۇي-غۇرلارنىڭ ئۆزىنى قايتا تونۇش جەريانى، ئۇيغۇرلارنىڭ تاتار جە-دىتچىلىرىنىڭ تەسىرىدە يېڭىچە مائارىپ، يېڭىچە جۇغراپىيىۋى نام ۋە ئېتنىك نامالارنى قوبۇل قىلىش جەريانى؛ ئۆكتەبىر ئىن-قىلابىدىن كېيىن يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى باشلاپ بەرگەن يېزىق

ئىسلاھاتى ۋە يېڭى ئەدەبىي تىل يارىتىش ۋە مىللىي مەتبۇئاتنى بەرپا قىلىش تەسىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى نۇقتىلىق سۆزلىنىدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرشۇناسلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى ۋە قەبىلىۋى تۇرمۇشتىن قول ئۈزۈپ بىر پۈتۈن سىياسىي گەۋدىگە، يەنى ئۇيغۇر نامىغا ئۇيۇشۇش جەريانىنى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تولۇق تاماملاندى[1]، دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇ قاراش مەلۇم رايون چەكلىمىلىكىگە ئىگە ئىدى. چۈنكى قوچۇنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى تاكى 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر ئۆز مۇستەقىللىقى ۋە بۇددا ئېتىقادىنى ساقلاپ كەلگەنىدى. قارا قىتانلارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىنى ۋەيران قىلىشى ۋە موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى بىلەن قاراخانىيلار دەۋرىدىن باشلانغان ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى توساق ئېلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېتىقات بىرلىكى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا قىتانلار ۋە موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى ئەسلىدىكى قاراخانىيلار خانلىقى زېمىنىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

11 ـ ئەسىرنىڭ ئۆزىدىلا قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قەبىلە ۋە مىللەت تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» (قىسقارتىپ ‹دىۋان› دېيىلىدۇ)دا شۇچاغدىكى ئاساسلىق غول ئانا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ 20 ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىش تەرتىپىنى يازمىچە ۋە خەرىتە ئارقىلىق كۆرسىتىدۇ. تۈركلۈك چەك ـ چېگرىسى ئېنىق ئايرىلغان بۇ 20 قەبىلىنىڭ پەقەت يەتتىسىنىلا ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىدە (توخسى، ياغما، چىگىللەر ئىلى دەرياسى بويىدا، چارۇقلار مارالبېشى ئەتراپىدا، چۇمۇللار يارىش تۈزلەڭلىكى

ئەتراپىدا، ئۇيغۇرلار كۇچانىڭ شەرقىدىكى بەش شەھەردە، ئاراموت ئۇيغۇر ئىبلىگە يىقىن جايدا )[2] كۆرسىتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي رۇم (ئاناتولىيە)دىن تاكى جۇڭگۇ چېگرىسىغىچە بولغان بارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈرك دەپ ئاتىسىمۇ، لېكىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 11 ـ ئەسىردىكى مىللەت قارىشىدا تۈرك دېگەن چوڭ ئېتنىك نام ئاستىدا يەنە ئۈچ چوڭ سىياسىي كۈچ (تۈرك، ئوغۇز، ئۇيغۇر) بار ئىدى.

بۇلارنىڭ بىرىنچىسى تۈرك. مەھمۇد كاشغەرىي بەزى سۆزلۈكلەرنى ئىزاھلىغاندا، مەسىلەن، «ئازرۇق ـ باشقا، تۆلەك ـ ئوغۇزچە، تۈركلەر بۇنى ئازىن دەيدۇ»[3] دېيىش ئارقىلىق تۈركنى ئوغۇزلارغا قارشى قويىدۇ. «دىۋان»دا مۇنداق مىساللار خېلى بار. يەنە بىر جايدا «شۇڭا مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ئاياق كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئىنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم»[4]، دەيدۇ. بۇ يەردە مەھمۇد كاشغەرىي «تۈرك»نى بىرمۇنچە قەبىلىلەر قاتارىدا سانايدۇ. بىراق «دىۋان»دا «تۈرك» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا بىرلىك ھەم كۆپلۈك مەنىلىرىدە كېلىدىغانلىقى، بىرلىك بولغاندا پەقەت نوھنىڭ «تۈرك» ئاتلىق ئوغلىنىلا كۆرسىتىدىغانلىقىنى، كۆپلۈك بولۇپ كەلگەندە نوھ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەزەرىدىكى تۈركلەر زادى كىم؟ مەھمۇد كاشغەرىي «تۈرك» دېگەندە قەبىلىۋى تۇرمۇشتىن قول ئۈزۈپ، ئولتۇراق تۇرمۇشقا بالدۇر كۆچكەن، خاقانىيە ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىدىكى ئەدەبىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقنى كۆرسەتمۇۋاتامدۇ؟ بۇنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئىككىنچى چوڭ سىياسىي كۈچ ئوغۇزلار. مەھمۇد كاشغەرىي

دىۋاننى يېزىش سەۋەبىگە توختالغاندا «كىشىلەرنىڭ ئوغۇز تۈرك-مەنلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇلارنىڭلا ئۇرۇقلىرىنى، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ كۆرسەتتىم» ⑤ دەيدۇ. «پەيغەمبىرىمىز قىيامەت بەلگىلىرىنى، ئاخىر زامان پىتنىلىرىنى ۋە ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى سۆزلىگەندە ‹تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆ-كۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ› دېگەن ئىكەن» ⑥ دەيدۇ. يەنە ئو-غۇز سۆزىگە تەبىر بەرگەندە «تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى، ئو-غۇزلار تۈركمەنلەردۇر، ئۇلارنىڭ 22 ئۇرۇقى بار بولۇپ، ھەربى-رىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار... بىرىنچىسى ۋە يېتەكچىسى: قىنىق، زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى شۇلاردىندۇر...» ⑦ ، دەيدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئۇزەڭگە سو-قۇشتۇرۇپ ئاقىۋەتتە ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەركىبىگە كىرگەن قارلۇقلار «دىۋان»دا ئايرىم قەبىلىلەر ئىتتىپاقى سۈپە-تىدە ئەمەس، بەلكى تۈركمەنلەرنىڭ تەركىبىگە قوشۇۋېتىلىدۇ: «ئابا ـ ئاپا، ئانا ، ئوغۇزچە. قارلۇق تۈركمەنلىرى بۇ سۆزنى قات-تىق ‹پ› بىلەن تەلەپپۇز قىلىدۇ». ⑧

«قارلۇق ـ ئۇلار كۆچمەن تۈركلەرنىڭ بىر گۇرۇھى بولۇپ، ئوغۇزلاردىن باشقىدۇر، ئۇلارمۇ تۈركمەن ھېسابلىنىدۇ». ⑨

تۈركمەن سۆزىگە كەلگەندە «تۈركمەن- بۇلار ئوغۇزلار-دۇر...، تۈركمەنلەر ئەسلىدە 24 قەبىلىدۇر...» ⑩ دەپ ئوغۇز بى-لەن تۈركمەننىڭ ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويىدۇ.

ئۈچىنچى چوڭ سىياسىي كۈچ ئۇيغۇرلار. مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇر نامىغا كەلگەندە بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرگە قارىغاندا ئالاھىدىرەك تەبىر بېرىدۇ. يەنى باشقا قەبىلىلەرگە ئوخشاش ئاد-دىيلا «قەبىلە» دەپ تونۇشتۇرماي، بەلكى «بىر ئەلنىڭ نامى» دەپ ئىزاھلايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى «ئەل» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا «دۆلەت، مىللەت» دېگەن ئىككى مەنىنى بېرىدۇ. دېمەك قوچۇ ۋە

بەشبالىق قاتارلىق بەش شەھەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقات ئايرىمچىلىقى تۈپەيلىدىن قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەنگەندىن سىرت، قەبىلىۋى تەشكىلاتىمۇ پۈتۈنلەي پەرقلىق ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي ئۇيغۇرلاردىكى بىۋاسىتە قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئىچكى توققۇز قەبىلىنى سانىمىغان تەقدىردىمۇ، تاشقى توققۇز قەبىلە ئىتتىپاقىنى تىلغا ئالغان بولاتتى. «دىۋان»دا پەقەت ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان باسمىل، ياغما قاتارلىق بىر نەچچە قەبىلىلا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئورنىمۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سىرتىدا كۆرسىتىلگەن. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»نى يېزىشتا مۇسۇلمان بولغان تۈركلەرنى ئاساس قىلغانلىقى، ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەرنى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئايماقلىرى، تاغ - دەريا، يۇرتلىرىنى يېزىشتىن پايدا يوق دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بەرمىگەن.

دېمەك، 11 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوغۇز تۈركلىرىنى ئاساس قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەشكىل قىلغان «ئۇيغۇر ئېلى »دىن ئىبارەت ئىككى ھاكىمىيەت مەۋجۇت ئىدى. قاراخانىيلار خانلىقى ئۆز ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى، يارلىق، پۈتۈك، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى بارلىق مەدەنىيەتلىك تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئولتۇراق تۈركلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا يۈرگۈزۈپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېتىقاد ئايرىمچىلىقى تۈپەيلىدىن قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنى قاتتىق يەكلەپ كەلگەن، مۇسۇلمان تۈركلەر ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن خەلقلەرنى «تات» دەپ ئاتىغان. جۈملىدىن بۇددا دىنىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ «تات» دەپ ئاتالغان. شۇڭا ئۇلار ئارىسىدا «ئادەم تاتلاشسا (ئۇيغۇرلاشسا)، قىلىچ داتلاشسا بۇزۇلۇر، تاتسىز (ئۇيغۇرسىز) تۈرك بولماس، باشسىز بۆك» دېگەندەك ماقال تارقالغان. بىراق قاراخا-

نىلار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى قەبىلە ئوغۇز قەبىلە-لەر ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىدىكى ئەزەلدىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتمىگەن ئا-دەتتىكى كىچىك بىر قەبىلە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا ئاي-رىم بىر سىياسىي، قەبىلىۋى كۈچ بولۇپ ئۇيۇشالمىدى. شۇڭا كېيىنكى مەزگىللەردە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى-دىكى بارلىق تۈركىي قەبىلە - ئۇرۇقلار ئەتراپىتىكى ئەرەب، پارسلار ۋە بۇددىست ئۇيغۇرلاردىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن تۈرك نامىدا ئاتىلىپ كەلدى. تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەدەبىي تىل كۆك تۈركلەردىن كې-يىن ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى داۋاملاشتۇرۇپ تاكامۇللاش-تۇرغان تىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرەب، پارس، سوغداقلار نەزىرى-دە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تۈركىي تىل» دەپلا ئاتىلاتتى. مۇشۇ ئەدە-بىي تىلدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان تۈرك زىيالىيلىرىمۇ بۇ تىلنى بەزى بەزىدە خاقانىيە تۈركچىسى، كاشغەر تۈركچىسى دەپ ئاتىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئومۇمىيۈزلۈك تۈرك تىلى دەپلا ئا-تىدى. بۇددىزىم مۇھىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تىلى-نى تۈركچە دەپ ئاتىغاندىن سىرت بەزىدە ئۇيغۇر تۈركچىسى دەپ-مۇ ئاتىدى. شۇ سەۋەبلىك پەقەت ئۇيغۇرلار ئىجات قىلىپ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا ئومۇملاشتۇرغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى مەھمۇد كاشغەرىي ناھايىتى ئۇچۇق قىلىپ تۈرك يېزىقى دەپلا ئا-تىغان[11]. دېمەك، شەھەرلەشكەن، مەدەنىيەتكە ئاكتىپ قاتناشقان بارلىق تۈركىي خەلقلەر ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ئاساسىدا قې-لىپلاشقان ئەدەبىي تىل ئەتراپىغا ئۇيۇشقان بولسىمۇ، بۇ تىل ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتالماي تۈرك تىلى دەپ ئاتالدى. بۇنىڭغا قە-دىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي رايونىدا ياشاۋاتقان ئۇي-غۇرلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت بۇددىزىم مۇھىتىدا تۇرۇپ قېلىشى سەۋەب بولغانىدى.

14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەسلىدىكى قاراخانىيلار زې-

مىنىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەزەرىدە «بۇددىست، كاپىر» مە-نىسىدە چۈشىنىلىپ كەلگەن «ئۇيغۇر» نامى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلى-رىنىڭ ئىسلاملىشىشى بىلەن ئىستېمالدىن قالدى. بىراق ئۆز-لىرىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتى، ھاكىمىيەت، يېزىق، پۈتۈك ئىش-لىرى بىلەن موڭغۇللارنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا، تۆمۈرىيلەر ئوردىلىرىدا ئۇيغۇر نامىنى داۋاملىق ئىشلىتىش ئىمتىيازىنى ساقلاپ قالدى. چۈنكى بۇددا دىنىنىڭ لاما مەزھىپىدە تۇرۇۋاتقان موڭغۇللار ئوت-تۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىنى ھاكىمىيەت ئارقىلىق قوغدىغانىدى. موڭغۇللارنىڭ مەركىزىي ئاسىيانى بوي-سۇندۇرۇش ئۇرۇشىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇنى تۇرشاۋۇل قوشۇن بولۇپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغانىدى، بۇ قوشۇنغا ئىدىقۇت بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلغانىدى[12]. نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلار چاغا-تاي خانلىقى، ئىلخانىيلار خانلىقلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا جەلپ قىلىنغانىدى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن بارغان ئۇي-غۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى خارەزىم، ھىرات قاتارلىق جايلاردا ئول-تۇراقلىشىپ قالدى. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى پائالىيەتلىرى جانلىنىشقا باشلىغان. تۇرپاندىن بارغان بىر قىس-سىم ئۇيغۇر قوشۇنلىرى مۇھەممەد شەيبانىيخاننىڭ قوشۇنى تەر-كىبىدە تۈركىستان شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغان[13]. 1312 ـ يىل-لىرى ئەتراپىدا ئۆزبېك خاننىڭ تاغىسى توقتاغا خان ئۆلگەندە ئۇيغۇرلاردىن بولغان باجىر توق بۇغا دېگەن كىشى تەختنى تار-تىۋالغان: « كېلىن بايالىن قاتارلىقلارنى ئۆزبېك خان ئەلەيھىر-رەھمەنى ئالدۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە توختاغاخان ۋاپات بولدى. باجىر توق بۇغا دېگەن ئۇيغۇر قەۋمى-دىن ئىدى، قەۋمى، قەبىلىسى كۈچلۈك ئەل ئىدى ھەمدە خاننىڭ ئاتالىقى ئىدى. كۆڭلى قارا كىشى ئىكەن، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسى بىلەن خان بولدى...».[14]

17 ـ ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق تارىخچى، خىۋە خانى ئو- بۇلغازى باھادۇرخان ( 1605 ــ 1664) «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىنى خانلىق تەختىگە يۆلەپ چىقارغۇچىلارنىڭ ئۇي- غۇر نايمانلىرى ئىكەنلىكىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ھەمدە خۇراسان، سەمەرقەنت، خارەزىم تەرەپلەردە نۇرغۇن ئۇي- غۇرلارنىڭ پائالىيەت قىلغانلىقىنى كۆپ ئورۇندا تىلغا ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئوبۇلغازى باھادۇرخاننىڭ دادىسى ئەرەب مۇھەممەدخاذ- نىڭ قېشىدا «ئۇيغۇرلاردىن قۇربان ھاجى دېگەن كىشى بار بو- لۇپ، خاننىڭ ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ بېگى يوق ئىدى...»، «قەدىمىي خەلق بۇ زاماننىڭ خەلقىدىن ياخشى ئىدى»، «ئۇيغۇر خەلقىدىن قۇربان ھاجى دېگەننىڭ ئوغلى قۇلمۇھەممەد مېنىڭ ئاتالىقىم ئىدى»، دەيدۇ.[15] ئوبولغازىخان باشقا قېرىنداشلىرىدىن ھوقۇق تالىشىش جەريانىدا نۇرغۇن ئۇيغۇرلار ئوبۇلغازىخاننىڭ دۈشمەذ- لىرى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنغان. خارەزىم ، خىۋا، ئۆرگەنچ تەرەپلەردىكى ئۇيغۇرلار 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئايرىم بىر سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن قالغان بول- سىمۇ، لېكىن بۇ رايونلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەبۇلغازى باھادۇرخاننىڭ «شەجەرەئى تەراكىمە» ناملىق ئەسىرىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خارەزىم ۋىلايىتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلۈشى بۇنىڭ بىر ئىسپاتى ئىدى[16].

بىراق تۆمۈرىيلەر ئوردىسىدا 14 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى- دىلا ئۇيغۇرلانىڭ سىياسىي ئورنىغا مۇتلەق خاتىمە بېرىلگەنىدى. شۇڭا ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت ساھەسىدىلا ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قال- غانىدى. ئەلىشىر ناۋايى تۈرك شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋاسى مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفىينى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇستازى، دەپ تەرىپلەيدۇ.

1544 ـ ، 1546 ـ يىللار ئارىلىقىدا يېزىلغان «تارىخى رە- شىدىي»دە ئەلىشىر نەۋايىنىڭ نەسەبىنىڭ ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. 15 ـئەسىردە يېزىلغان «تارىخى خا- نى» ناملىق ئەسەر ئاپتورىنىڭمۇ ئۇيغۇر باخشىلىرىغا مەنسۇپ

ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بار. نەۋايىنىڭ «ۋەقفىنامە» ناملىق ئەسىرىدە تۆمۈرىيلەر ئوردىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنى بارلاس، ئارلات، تارخان، قىيات، قوڭرات قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئارقىغا تىزىلغان. نەۋايى تۆمۈرىيلەر ئوردىسىدا پادىشاھ ھۈسەيىن بايقارادىن قالسىلا 2 - نومۇرلۇق شەخس بولسىمۇ، لېكىن ئۆز مۆھۈرىنى يۇقىرىقى قەبىلىلەر مۆھۈرىنىڭ ئاستىغا بېسىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئار - نومۇسقا چىدىمىغان نەۋايى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرگەن ۋە بۇ ۋەقەنى مۆھۈرنى سۇندۇرۇش ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادىلىگەن[17].

دېمەك، 13 - ئەسىرنىڭ بېشىدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ، 14 - ئەسىردە ئۇلۇغ ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادا تاكى 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە سىياسىي جەھەتتە يەنىلا ئۇستۇنلۇك تالىشىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇچ ئەسىر مابەينىدە ئۇيغۇرلار ئايرىم سىياسىي كۈچ بولۇش سالاھىيىتىدىن قالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي سەھنىدىن ئايرىلىشى بىلەن تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئورنىمۇ چۆكۈشكە باشلىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەرەب، پارس تىللىرى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن تۈركىي تىل ئۆز ئورنىنى تەبىئىي ھالدا ئەرەب، پارس تىللىرىغا بوشاتتى. نۇرغۇن تۈركىي تىللىق يازغۇچى، شائىرلارمۇ ئەسەرلىرىنى پارس تىلىدا ياراتتى. پارس تىلىدا ئىجاد قىلىش ئۇلارنىڭ مودىسىغا ئايلاندى. تۆمۈرىيلەر پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن تۈركىي تىلنى ھاكىمىيەت ئارقىلىق قوغداش تەشەببۇسكارى بولدى. ئۇنىڭ ساۋاقدىشى، ۋەزىرى شائىر ئەلىشىر نەۋايى تۈركىي تىل ئېغىر قىسمەتكە دۇچار بولغان مۇشۇنداق پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل بۈيۈك ئەسەرلىرىنى تۈركىي تىلدا يارىتىش ئارقىلىق

بۇ تىلنىڭ سېھرىي كۈچىنى قايتا نامايان قىلدى ۋە «پارس-
گۇي»لۇققا قاتتىق زەربە بەردى. ھەمدە شۇ ئارقىلىق تۈركىي
تىلنى قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇ تىل نەۋايىدىن ئىلگىرىكى بىر -
ئىككى ئەسىر ئىچىدە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈم سۈر-
گەن چاغاتاي خانلىقى دائىرىسىدە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈچۈن چا-
غاتاينىڭ ئىسمى بىلەن بەزى - بەزىدە «چاغاتاي تىلى» دەپمۇ ئا-
تالدى. بۇ ئاتالغۇ 20 - ئەسىرگە كەلگەندە رۇس ۋە غەرب سىيا-
سىئونلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭى ئىتتىك گۇرۇپپىلارنى
پەيدا قىلىشىغا دەستەك بولۇپ قالدى. ئاتالمىش «چاغاتاي تىلى»
20 - ئەسىرگە كەلگەندە تۈركىي تىل دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا
دەسسەپ بىر ئىلمىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە بازار تاپتى. ئوتتۇرا ئا-
سىيانى ئىستېلا قىلغان چار روسىيە تۈركىستان ھەربىي رايون-
نىڭ ئورگىنى سۈپىتىدە نەشر قىلغان «تۈركىستان ۋىلايىتىنىڭ
گېزىتى»دە ئىشلىتىلگەن تىلنى ھېچقانداق مىللەت تەۋەلىكى
بولمىغان «سارتچە» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتىدى. ئۇنىڭسىزمۇ شۇ
چاغدىكى ئىككى دەريا ۋادىسىنىڭ تۈپلۈك ئاھالىسى بولغان
خەلقمۇ مۇقىم بىر مىللىي نام بىلەن ئاتالماي ئەنجانلىق، قوقان-
لىق، بۇخارالىق دېگەندەك جۇغراپىيىۋى ناملار بىلەن ئاتىلاتتى.
بۇ ھال روسلارغا قولايلىق پۇرسەت ياراتتى. بۇ يەرنىڭ ئاساسلىق
ئاھالىسى ئەسلىدە غەربىي قاراخانىيلارنىڭ يەرلىك ئاھالىسى
بولغان تۈركلەر ئىدى. ئۆزبېكلەر ئەسلىدە ئارال، كاسپىي دېڭى-
زى بويلىرىدىن سىبىرىيىنىڭ غەربىگىچە بولغان جايلاردا ياشاي-
دىغان تۈرك - موڭغۇل تىللىق قەبىلىلەر بولۇپ، 1312 - 1342 -
يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئالتۇن ئوردا خانى ئۆزبېك خاننىڭ نامى
بىلەن ئۆزبېك دەپ ئاتالغان. ئۇلار 1504 - يىلدىن 1506 - يىل-
غىچە بولغان ئارىلىقتا مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ باشچىلىقىدا
ھازىرقى ئۆزبېكىستان زېمىنلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك باستۇرۇپ
كىرگەن ھەمدە يەرلىك خەلققە يۇغۇرۇلۇپ مۇقىم ئولتۇراق مەدە-
نىيەتكە ئۆتكەن. شۇڭا بابۇر «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرىدە «يۈز
قىرق يىلدىن بېرى سەمەرقەنت پايتەختى بىزنىڭ يۇرتىمىز ئى-

دى. يات ياغى ئۆزبېكلەر كېلىپ بېسىۋالدى»، دەيدۇ. ئۆزبېكلەرنىڭ ئىككى دەريا ۋادىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى بۇ رايوننىڭ تۈركلىشىش جەريانىنى تېزلەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆزبېكلىشىش جەريانى ئەمەس ئىدى. چۈنكى يەرلىك تۈركلەر كۆچمەن خەلقتىن سان جەھەتتە ئۈستۈن ئىدى.

شىنجاڭدا بولسا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن چاغاتاي ئەۋلادلىرى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. ئۇيغۇر نامى شىنجاڭدا مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى»سىدە 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «سېرىق ئۇيغۇر» نامى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تىلغا ئېلىندى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تاكى 1514 ـ يىلى يەركەن سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغانغىچە بولغان ئىككى ئەسىر ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ئىچىدە ئۆتتى. ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغۇچىلارنىڭ نەسەبى بىۋاستە چىڭگىزخانغا باغلىنىش يولى بىلەن پادىشاھلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئېسىل نەسەبلىك ئىكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈلىدىغان بولدى. شۇنىسى قىزىقكى، موڭغۇللار بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ زور يۇغۇرۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان ئېتنىك ئۆزگىرىش مەدەنىيەتتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغان بارلىق موغۇل پادىشاھلىرىنىڭ نەسەبى ئالدى بىلەن چىڭگىزخانغا تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئوغۇزخانغا، نوھ ئوغلى تۈرككە تۇتاشتۇرۇلىدىغان بولدى⑱.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىغا كېلىپ تەسىر دائىرە تالىشىشى بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ مىللىي ئېڭىدا يەنە بىر زور بۇرۇلۇش ھاسىل بولدى. يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي سەھنىسىگە ئاتالمىش سەئىد ئەۋلادلىرى چىقتى، ئۇلار يەرلىك خەلقنىڭ دىنىي قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز نەسەبىنى بىۋاستە ئەرەبلەردىن، تەسەۋۋۇپچى ئەۋلىيالاردىن

ئىزدەش ۋە ئۆز نەسەبىنى زورلاپ ئەرەب، پارسلارغا باغلاش خاھىشى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. 1864 ـ يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ سەئىد ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تەسىرىگە زەربە بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي نامىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇغانىدى.

1759 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ چىڭ سۇلالىسى تەۋەلىكىگە ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي ئاسىيا ۋە ئەرەب، پارسلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش پۇرسىتى ئازايدى. شۇ سەۋەبلىك مەدرىسلەردە ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى ۋە بۇ تىللاردا بىۋاسىتە ئەسەر يارىتىش مودىسىمۇ پەسكويغا چۈشتى. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلىدىغان زىيالىيلار ئازىيىپ، تۈركىي تىلغا بولغان ئېھتىياج ھەدەپ كۈچەيدى. شىنجاڭدا تۈركىي تىلنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى 18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن تارىخىي، ئەدەبىي، دىنىي ئەسەرلەر تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىندى. تۈركىي تىلدا نۇرغۇن ئەسەرلەر يارىتىلدى. بۇ دەۋردە تۈركىي تىلدا يارىتىلغان ئەسەرلەر ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپ بولدى. بۇنىڭغا يۈزلەپ مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئاڭ ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىمۇ مەلۇم بۆرۈلۈش بولدى. ئەنئەنىۋى تېمىلاردىن رېئال تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلغان بىلال نازىمى، سېيىت مۇھەممەت قاشىي، ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدىبلەر، ئۆز تارىخىغا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارىغان موللا مۇسا سايرامىي، مۇھەممەت سادىق كاشغەرىي قاتارلىق تارىخچىلار يېتىشىپ چىقتى. بۇ ئۇيغۇرلا ئارىسىدا رېئال ئېھتىياج تۈپەيلى ئويغانغان ئىستىخىيىلىك بۆرۈلۈش ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن سەل كېيىن كىرگەن تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ تەسىرىنى ناھايىتى تېزلا ئۆزلەشتۈرۈۋالدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازىنىشى بىلەن تۈركىستان مۇختارىيىتىدە مىللىي چېگرىلار ئايرىلىپ،

1924 ـ يىلى بۇخارا جۇمھۇرىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى، 1934 ـ يىلى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى، 1936 ـ يىلى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت ۋە سىياسىي بىرلىك تۈپتىن بۇزۇلدى. 1921 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى مەشھۇر سىياسىئون، جامائەت ئەربابى ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاشكەنتتە ئۇيغۇر نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۇنى تارانچى، قەشقەرلىك، ئالتەشەھەرلىك، خوتەنلىك دېگەندەك نامالارنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. ئابدۇللا روزىباقىيېف بۇ نامنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە ئەينى چاغدىكى جىددىي سىياسىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتقانىدى. يەنى يەتتىسۇ ۋە ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى قېرىنداشلار ئارىسىدا تارانچى، قەشقەرلىك، ئالتەشەھەرلىك دېگەندەك ئېغىر بۆلۈنمىچىلىك مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن چارپادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بىرلىك سەپ ھاسىل قىلىشقا مۇمكىن بولماي قالغانىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېف ئۇيغۇر نامى ئۇنتۇلۇپ شۇنچە ئۇزۇن زامانلاردىن كېيىن بۇ نامنى قانداقسىگە قايتا تونۇپ قالدى؟

ئىمپېراتور پېتىرنىڭ كېڭەيمىچىلىكىدىن كېيىن رۇسىيە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنلىرىغا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، خىۋە،قوقان خانلىقلىرىغا ھەدەپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىدى. كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئىمپېرىيىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارىمىقىدا جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇردى. مەزكۇر جەمئىيەت ئەزالىرى كېڭىيىش نىشان قىلىنغان رايونلارغا ئىلمىي تەكشۈرۈشكە بېرىپ چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنى قىممەتلىك ماتېرىياللاربىلەن تەمىنلىدى. بۇ ماتېرىياللار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە نۇرغۇن ئارخېئولوگىيە،ئېتنوگرافىيە، مىللەتشۇناسلىق ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. شۇڭا پۈتۈنلەي ھەربىي ئاخباراتى ئىگىلەش مەقسىتىدە كەلگەن چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئىلى ۋە ئالتەشەھەر تەرەپتىن توپلىغان ماتېرىياللىرىنىڭ ھايال ئۆت-

ﻪﻳﻼ ﺋﻮﺗﺘﯘﺭﺍ ﺋﺎﺳﯩﻴﺎﻧﻰ ﭼﯜﺷﯩﻨﯩﺶ ﺋﯩﺴﺘﯩﻜﯩﺪﻩ ﻛﯚﺯ ﺗﯩﻜﯩﭗ ﺗﯘﺭﻏﺎﻥ ﺋﯩﻨﮕﻠﯩﺰ، ﮔﯧﺮﻣﺎﻧﻼﺭ ﺗﻪﺭﯨﭙﯩﺪﯨﻦ ﺗﻪﺭﺟﯩﻤﻪ ﻗﯩﻠﯩﻨﯩﺸﻰ ﯞﻩ ﻏﻪﺭﺑﺘﻪ ﻗﺎﺗﺘﯩﻖ ﺯﯨﻠﺰﯨﻠﻪ ﻗﻮﺯﻏﯩﺸﻰ ﺋﻪﺟﻪﺑﻠﯩﻨﻪﺭﻟﯩﻚ ﺋﻪﻣﻪﺱ ﺋﯩﺪﻯ [19]. ﭼﻮﻗﺎﻥ ﯞﻪﻟﯩﺨﺎﻧﻮﭪ ﺋﯩﻠﻰ ﯞﻩ ﺋﺎﻟﺘﻪ ﺷﻪﮬﻪﺭ ﺋﺎﮬﺎﻟﯩﺴﯩﻨﻰ ﺑﯩﺮﻩﺭ ﺋﯧﺘﻨﯩﻚ ﻧﺎﻡ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﺎﺗﯩﻤﯩﺴﯩﻤﯘ، ﻟﯧﻜﯩﻦ ﻗﻪﺩﯨﻤﻜﻰ ﺋﯘﻳﻐﯘﺭﻻﺭ ﻳﺎﺷﯩﻐﺎﻥ ﺟﺎﻳﻼﺭﻧﯩﯔ ﺋﻮﺭﻧﯩﻨﻰ ﻛﯚﺭﺳﯩﺘﯩﭗ ﺑﻪﺭﮔﻪﻧﯩﺪﻯ. ﺧﻪﻧﺰﯗ ﻣﻪﻧﺒﻪﻟﯩﺮﯨﮕﻪ ﭘﯘﺧﺘﺎ ﺋﯩﺌﺎ- ﻛﯩﻨﯩﻖ ﺑﯩﭽﯘﺭﯨﻨﯩﻨﯩﯔ «ﻗﻪﺩﯨﻤﻜﻰ ﺋﻮﺗﺘﯘﺭﺍ ﺋﺎﺳﯩﻴﺎﺩﯨﻜﻰ ﻣﯩﻠﻠﻪﺗﻠﻪﺭﮔﻪ ﺩﺍﺋﯩﺮ ﻣﺎﺗﯧﺮﯨﻴﺎﻟﻼﺭ» ﻧﺎﻣﻠﯩﻖ ﺗﯚﺕ ﺗﻮﻣﻠﯘﻕ ﺗﻪﺭﺟﯩﻤﻪ ﺋﻪﺳﯩﺮﯨﻨﯩﯔ ﻧﻪﺷﺮ ﻗﯩﻠﯩﻨﯩﺸﻰ ﺋﻮﺗﺘﯘﺭﺍ ﺋﺎﺳﯩﻴﺎﺩﯨﻜﻰ ﺗﯜﺭﻛﯩﻲ ﺧﻪﻟﻘﻠﻪﺭﯨﻨﯩﯔ ﺋﯧﺘ- ﻧﯩﻚ ﻗﺎﺗﻠﯩﻤﯩﻨﻰ ﻳﻮﺭﯗﺗﯘﭖ ﺑﯧﺮﯨﺸﺘﻪ ﺑﯩﺮﯨﻨﭽﻰ ﻗﻮﻝ ﻣﺎﺗﯧﺮﯨﻴﺎﻝ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﻗﺎﻟﻐﺎﻧﯩﺪﻯ. ﺋﯘﻧﯩﯔ ﺋﯜﺳﺘﯩﮕﻪ ﺷﯩﻨﺠﺎﯓ، ﺩﯗﻧﺨﯘﺍﯓ، ﻣﻮﯕﻐﯘﻟﯩﻴﻪﻟﻪﺭﺩﯨﻦ ﺯﻭﺭ ﺗﯜﺭﻛﯘﻣﺪﯨﻜﻰ ﺋﯘﻳﻐﯘﺭﭼﻪ ﻣﻪﯕﮕﯜ ﺗﺎﺵ، ﻳﺎﺯﻣﺎ ﻣﺎﺗﯧﺮﯨﻴﺎﻟﻼﺭﻧﯩﯔ ﺗﯧﭙﯩﻠﯩﺸﻰ ﯞﻩ ﻣﺎﻟﻮﭪ، ﺭﺍﺩﻟﻮﭪ، ﺑﺎﺭﺗﻮﻟﺪ، ﺗﯩﺨﻮﻧﻮﭪ ﻗﺎﺗﺎﺭﻟﯩﻖ ﺗﯜﺭﻛﻮ- ﻟﻮﮔﻼﺭﻧﯩﯔ ﺑﯘ ﮬﻪﻗﺘﯩﻜﻰ ﺗﻪﺗﻘﯩﻘﺎﺕ ﻧﻪﺗﯩﺠﯩﻠﯩﺮﻯ ﺋﺎﺑﺪﯗﻟﻼ ﺭﻭﺯﯨﺒﺎﻗﯩ- ﻳﯩﭭﻨﻰ ﻗﺎﺗﺘﯩﻖ ﺳﯚﻳﯜﻧﺪﯛﺭﮔﻪﻧﯩﺪﻯ. ﻳﯘﻗﯩﺮﯨﻘﻰ ﻛﯩﺸﯩﻠﻪﺭﻧﯩﯔ ﺗﯜﺭﻛﻮ- ﻟﻮﮔﯩﻴﻪ ﺳﺎﮬﻪﺳﯩﺪﯨﻜﻰ ﺋﯩﻠﻤﯩﻲ ﺋﯩﺰﺩﯨﻨﯩﺸﻠﯩﺮﻯ ﮬﺎﺯﯨﺮﯨﻘﻰ ﻛﯚﻧﺪﻩ ﭘﯜ- ﺗﯜﻧﻠﻪﻱ ﺋﯩﻠﻤﯩﻲ ﺋﻪﮬﻤﯩﻴﻪﺗﻜﻪ ﺋﯩﮕﻪ ﺑﻮﻟﻤﯩﺴﯩﻤﯘ، ﺋﻪﻳﻨﻰ ﯞﺍﻗﯩﺘﺘﯩﻜﻰ ﺋﻪﮬﻤﯩﻴﯩﺘﻰ ﭼﺎﺭ ﺭﻭﺳﯩﻴﯩﻨﯩﯔ ﺋﻮﺗﺘﯘﺭﺍ ﺋﺎﺳﯩﻴﺎﻧﻰ ﺑﻮﻳﺴﯘﻧﺪﯗﺭﯗﺷﯩﻐﺎ ﺋﺎﺳﺎﺱ ﺳﺎﻟ- ﻏﺎﻧﻠﯩﻘﯩﺪﺍ ﺋﯩﺪﻯ.

ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﻧﺎﻣﻰ ﮔﻪﺭﭼﻪ 1921 - ﻳﯩﻠﻰ ﺗﺎﺷﻜﻪﻧﺘﺘﻪ ﺋﻪﺳﻠﯩﮕﻪ ﻛﻪﻟ- ﺗﯜﺭﯛﻟﮕﻪﻥ ﺑﻮﻟﺴﯩﻤﯘ، ﻟﯧﻜﯩﻦ ﺑﯘ ﻧﺎﻣﻨﻰ ﺑﯩﺮﯨﻨﭽﻰ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﺋﯘﻳﻐﯘﺭﻻﺭﻏﺎ ﺋﻮ- ﻣﯘﻣﻼﺷﺘﯘﺭﯗﺵ ﻗﯩﻴﯩﻨﻐﺎ ﭼﯜﺷﺘﻰ. ﭼﯜﻧﻜﻰ ﺷﯘﻧﯩﯖﻐﯩﭽﻪ ﺷﯩﻨﺠﺎﯓ ﯞﻩ ﺋﻮﺗﺘﯘﺭﺍ ﺋﺎﺳﯩﻴﺎ ﺭﺍﻳﻮﻧﯩﺪﺍ ﻳﺎﺷﯩﻐﯘﭼﻰ ﺗﯜﺭﻛﯩﻲ ﺧﻪﻟﻘﻠﻪﺭ ﻣﻪﺩﻩﻧﯩﻴﻪﺕ ﺟﻪﮬﻪﺗﺘﻪ ﺗﯜﺭﻛﯩﻲ ﺗﯩﻞ ﺩﯨﮕﻪﻥ ﺋﻮﺭﺗﺎﻕ ﺋﻪﺩﻩﺑﯩﻲ ﺗﯩﻞ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺑﺎﻏﻠﯩﻨﯩﭗ ﺗﯘﺭﺳﯩﻤﯘ، ﻟﯧﻜﯩﻦ ﺋﯘﻻﺭﺩﺍ ﺋﯧﻨﯩﻖ ﻣﯩﻠﻠﻪﺕ ﺋﯘﻗﯘﻣﻰ ﻣﻪﯞﺟﯘﺕ ﺋﻪﻣﻪﺱ ﺋﯩﺪﻯ. ﻳﻪﺗﺘﯩﺴﯘ ﺋﯘﻳﻐﯘﺭﻟﯩﺮﯨﺪﯨﻦ ﻳﯧﺘﯩﺸﯩﭗ ﭼﯩﻘﻘﺎﻥ ﺗﯘﻧﺠﻰ ﻣﻪﺭﺩ- ﭘﻪﺗﭽﻰ ﻧﻪﺯﻩﺭﺧﻮﺟﺎ ﺋﺎﺑﺪﯗﺳﻪﻣﻪﺗﻮﭪ (ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﺑﺎﻟﯩﺴﻰ) ﺋﯘﻳﻐﯘﺭﻻﺭﺩﺍ ﺗﯘﻧﺠﻰ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﺋﯘﻳﻐﯘﺭ ﻧﺎﻣﯩﻨﻰ ﺋﯩﺸﻠﻪﺗﻜﻪﻥ (1911 - ﻳﯩﻠﻰ) ﻛﯩﺸﻰ ﺋﯩﺪﻯ. ﻟﯧﻜﯩﻦ ﺋﯘ 1914 - ﻳﯩﻠﻰ ﺋﺎﻟﺘﻪﺷﻪﮬﻪﺭﮔﻪ ﻗﯩﻠﻐﺎﻥ ﺳﺎﻳﺎﮬﯩﺘﻰ

جەريانىدا ئالتە شەھەر ئاھالىسىنىڭ مىللىي ئېڭىنى تەكشۈرۈپ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ، ئەكسىچە ئۇلاردىن «مىلـ-لىتىڭىز نېمە؟» دېگەن سوئالغا «مۇسۇلمان، ئىبراھىم خەلىـ-لۇللانىڭ مىللىتى، چەنتۇ»[20] دېگەندەك جاۋابلارغا ئېرىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن تۇنجى كىشىمۇ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت بولغان. چۈنكى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت ئورېنبۇرگدا 1908 ـ يىلدىن باشلاپ چىقىشقا باشلىغان يېرىم ئايلىق ژۇرنال «شۇرا» دا 1909 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلىشقا باشلىغان. بۇ كىشى 1911 ـ يىلدىن باشلاپ ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» دەپ تەخەللۇس قويغان بولسىمۇ «شۇرا»غا يازغان ماقالىلىرى ئۆزىگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان ئىلى ۋە يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە بولغاچقا، ئۇلارنى ئالتە شەھەر ئۇيغۇرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىزچىل تۈردە تارانچى دەپ ئاتىغان. ھەتتا قومۇل، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىمۇ تارانچى دەپ ھېسابلىغان[21].

نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ ئۇيغۇر نامىنى قوبۇل قىلىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. چۈنكى تاتارلاردا 1905 ـ يىلىدىكى روسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشـ-كەن جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن 1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 63 خىل گېزىت، 34 خىل ژۇرنال نەشر قىلىنغانىدى[22]. مانا بۇ گېزىت، ژۇرناللار روسىيە مۇسۇلمانلىرى، بولۇپمۇ تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك پائالىيەت سورۇنى ئىدى. مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. گېزىت، ژۇرناللاردا دىنىي، ئىجتىمائىي ماقالىلەر بېسىلغاندىن سىرت تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىگە دائىر تۈرلۈك ماقالىلەر بېسىلىپ چىقتى. زەكى ۋەلىدى توغان قاتارلىق داڭلىق تۈركولوگلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخى ھەققىدىكى ئۆچۈرلىرى نەزەر خوجا، لاتىپ ئەنسەرىي قاتارلىق

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ زېھنىنى ئويغۇتتى. دېمەك، تاتار مەتبۇ-ئاتى نەزەرخوجىغا ئوخشاش نۇرغۇن زىيالىيلارنىڭ يېڭى زامان مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان ئەڭ ياخشى مەكتىپىگە ئايلاندى. شۇ-نىڭ بىلەن ئۇلارمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ «شۇرا»، «ۋاقىت»، «تىل يارىش» لاردا ئۆز خەلقىنىڭ ھاياتىدىن خەۋەرلەرنى بەردى. «شۇرا» نىڭ 1910 ـ يىلىدىكى بىر سانىدا ئۇيغۇر بالىسى «ئۇي-غۇرلارنىڭ بىردىن بىر كونا ئەسىرى، ئۇلۇغ ئەسەر ‹قۇتادغۇبىل-لىك›نى ‹شۇرا› سەھىپىلىرىدە چىقىرىپ تۈرك قېرىنداشلارنى خۇشال قىلىشقا بولماسمۇ» دەپ مۇراجىئەت قىلدى. يەنە شۇ ساندا ئۇ «شۇرا» ژۇرنىلىدىن پانتۇسوفنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ھەق-قىدىكى بىر ئەسىرى ھەققىدە ئۇچۇر بېرىشنى ئۆتۈنگەن. دېمەك، نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەلۇماتى 1910 ـ يىلدىن سەل بۇرۇن باشلانغان بولسا كېرەك.

بۇلاردىن باشقا «شۇرا» ژۇرنىلى ۋە «ۋاقىت» گېزىتىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئەڭ كۆپ مەلۇمات بەرگەن كىشى ئاتاقلىق تا-تار ئالىمى، سەيياھ نوشىرۋان يائۇشېف بولدى. ئۇنىڭ مەتبۇئات ھاياتى سەل كېيىنرەك، يەنى 1914 ـ يىلدىن كېيىن باشلانغان بولىسمۇ، لېكىن 1914 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1917 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى ۋادىسى ۋە ئالتە شەھەر ساياھى-تىدىن يازغان ماقالىسى ئاز كەم 100 پارچىغا يېتىدۇ. نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ئاساسلىق مەقسىدى ئومۇمىي تۈرك تارىخىنى يې-زىشقا پايدىلىق قولىيازمىلارنى، جۈملىدىن «تارىخى رەشىدىي»نى تېپىش بولغاچقا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان. شۇڭا ئۇ ئىلى ۋە ئالتە شەھەر ئاھالىسىنى بىردەك «ئالتە شەھەر تۈركلىرى، چى-نىي تۈركىستان تۈركلىرى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ ئورتاق تۈرك تىلى، ئورتاق تۈرك مەتبۇئاتى، يېڭىچە مائارىپ يا-رىتىش غايىسى بارلىق غايىلىرىنىڭ مېغىزى بولغاچقا، تۈركىي خەلقلەرنى ئوخشاش ئېتنىك گۇرۇپپىلار بويىچە ئاتاشنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۇيغۇر ھاياتىدىن ئېلىنغان

شۇنچە كۆپ ماقالىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر ئاتالغۇسى ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېۋ تارىخىي قولىيازمىلارنى ئىزدەشتە كۆزگۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق توپلىغان جەمئىيەت تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى پەۋقۇلئاددە قىممەتلىكتۇر. ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار هاياتىدىن بەرگەن مەلۇماتلىرى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر روھىيىتىنى چۈشىنىشتە تېپىلغۇسىز مەنبە بولۇپ تۇرماقتا. چوقان ۋەلىخانوفنىڭ 1857 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈشىدە ئالتەشەھەر ئاھالىسى ئۆزىبېكلەرنى «ئەنجانلىق» دەپ ئاتايدىغانلىقى، نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ تەكشۈرۈشىدە ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ «ئەنجانلىق»نى مىللەت نامى سۈپىتىدە چۈشىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار شۇ چاغقىچە ئۆزلىرىنى كىچىك دائىرىدە قەشقەرلىك، خوتەنلىك دەپ ئاتىغاندىن سىرت ئۆزى ياشاۋاتقان رايونلارنى چوڭ دائىرىدە نېمە دەپ ئاتىغان؟

«تارىخى رەشىدىي»، «تارىخىي ھەمىدىي» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى جۇغراپىيىلىك چۈشەنچىسىدە ئىككى دەريا ۋادىسىنى مەركەز قىلغان رايونلار تۈركىستان دەپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار ئالتەشەھەر، يەتتە شەھەر، موغۇلىستان دەپ، كۈچانىڭ شەرقىدىكى تۇرپاننى مەركەز قىلغان قەدىمكى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ زېمىنى ئۇيغۇرىستان ۋىلايىتى [23] دەپ ئايرىلغان.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن موغۇلىستان نامى ئۇنتۇلۇپ ئالتەشەھەر، يەتتەشەھەر دېگەن ناملار ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1759 ـ يىلىدىن كېيىن بۇ جاي شىنجاڭ دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نام ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدىلا ئىشلىتىلدى. چۈنكى 1864 ـ يىلدىن 1878 ـ يىل-

غىچە ھۆكۈم سۈرگەن ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئالتە شەھەر، يەتتە شەھەر نامىنىڭ ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ شىنجاڭ نامىنىڭ ئىزچىل ئىشلىتىلىشىگە ئىمكانىيەت بەرمىگەنىدى. ياپون ئالىمى ئوئىشى شىنئىچىرو نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ ماقالىلىرىگە يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىسى دەرھال ئىنكاس قايتۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن 1933 ـ يىلى قەشقەر، خوتەنلەردە يۈز بەرگەن ئىنقىلابلار ۋە ئۇلار ئىشلەتكەن جۇغراپىيىلىك نام ۋە مىللەت ناملىرىنى يۇقىرىدىكى تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارايدۇ[24].

ئۇيغۇر نامىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تاتار جەدىتچىلىرى قوزغىغان يېڭىچە مائارىپ ۋە يېڭى زامان مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. نوشىرۋان يائۇشېفنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تاتارچە گېزىت، ژۇرناللارنىڭ كىرىشى 1910 ـ يىللاردىن باشلانغان بولسا كېرەك. ئۇ ئاقسۇدىكى سەپىرىدە «بۇ يەردىكى خەلق گېزىت ئوقۇمايدۇ.ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى كۆرىدۇ» دەپ يازغان بولسىمۇ، لېكىن نېمە گېزىت ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېنىق يازمايدۇ. قەشقەردىكى مەدەنىي ئەھۋال ھەققىدە يازغاندا «قەشقەر خەلقى ئارىسىدا گېزىت ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيدى» دەيدۇ ـ يۇ، قانداق گېزىتلەرنى ئوقۇيدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بەرمەيدۇ. 1916 ـ يىلى خوتەندىن يوللىغان مەلۇماتىدا پۇتكۇل خوتەن تەۋەسىدە قۇربان ھاجى، ۋە موللا ...دېگەن ئىككى كىشىنىڭلا گېزىت، ژۇرنال ئوقۇيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭمۇ تېخى گېزىت، ژۇرنال ئوقۇشقا باشلىغىنىغا تۆت ـ بەش يىل بولغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ ئىسمى ئېنىق يېزىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ ـ تۆت خىل تاتارچە گېزىت، ژۇرنالغا يېزىلىدىغانلىقى ئېنىق يېزىلغان. دېمەك، خوتەنگە تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ تەسىرى 1910 ـ

يىلى يېتىپ بارغان.

شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى 1897 ـ يىلدىن باشلانغان. ئۇلارنىڭ قەشقەردە رەسمىي باسمىخانا ئېچىپ تۇرلۇك تۈركىيچە باسما بۇيۇملارنى كۆپلەپ نەشر قىلىشى 1901 ـ يىلدىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن 1915 ـ يىلى قەشقەردە بىرەر ئايدەك تۇرغان نوشىرۋان يائۇشېف بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمىگەن. مەيلى قانداقلا بولسۇن شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ شىنجاڭغا مەتبەئە بۇيۇملىرىنى ئەكىلىپ زامانىۋى تېخنىكا بىلەن دىنىي ماتېرىياللار، تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تۇرلۇك دەرس ـ لىكلەر ۋە باشقا ماتېرىياللارنى نەشر قىلىپ تارقىتىشى 1924 ـ يىللاردا يۇقىرى پەللىگە چىققان، بەزى كىتابلار ھەتتا قايتا ـ قايتا بېسىلغان، بەزى كىتابلارنىڭ تىراژى مىڭدىن ئېشىپ كەت ـ كەن. شۋېت مىسسىيونېرلىرى كۇنسېرى ئېشىۋاتقان جىددىي ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتۇپ 1929 ـ يىلى «كىتابى ئىلمى ئىملا» دېگەن ئىملا لۇغىتىنى تۈزۈپ نەشر قىلغان ۋە بارلىق باسما بۇ ـ يۇملارنىڭ ئىملاسى مۇشۇ قائىدە بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلغان. ئىملا لۇغىتىدە جانلىق تىلدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلى ـ شىش ھادىسىسى ئېتىۋارغا ئېلىنماي تۈركىي تىلنىڭ ئەنئەنىسى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىنغان. شۇ سەۋەبلىك بۇ تىل ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتالماي بەلكى شەرق تۈركچىسى، ئالتە شەھەر تۈركچىسى دېگەندەكناملار بىلەن ئاتالغان. مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ئالىم گۇننار ياررىڭ ئەپەندىمۇ بۇ تىلنى ئۇيغۇرچە دەپ ئاتاشقا ئىنچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىدا باش كۆتۈرۈۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق تۈركىي تىلى ئەنئەنىسىدىن چەتنەپ يېڭى سوئىي تىللارنى يارد ـ تىپ بېرىشكە قارشى ئىلىم كۆرىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارت ـ قان تۈركلۈك ئىدىيىسى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا تولۇق بەربات قىلىنغان بولسىمۇ، شىنجاڭدا تاكى 1937 ـ يىلى شۋېت مىسسىيونېرلىرى قوغلاپ

چىقىرىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. شۇڭا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئا-رىسىدا ئۇيغۇر نامىنى رەسمىي ئىستېمالغا كىرگۈزۈش ئاساسىدا قوبۇل قى-لىنىش خېلى ئۇزاققا سوزۇلدى.

شۇڭا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى يەنىلا يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى باشلامچىلىق بىلەن ياراتقان يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پەيدا بو-لۇشى بىلەن پەقەت شۇ مىللەتكىلا خاس ئايرىم ئەدەبىي تىل يا-رىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. چۈنكى ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئەدەبىي تىل بىرلىكى تۇپەيلىدىن بۇئىككى خەلق ئارىسىدىكى مىللىي پەرق روشەن ئايرىلىپ چىقمىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مەيدانغا كېلىشى 1920 ـ يىلى تۇنجى جۇمھۇرىيەتلىك گېزىت «كەمبە-غەللەر ئاۋازى» نىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن باشلاندى. گېزىت يۈزىدە باشلانغان ئىملا ۋە يېزىق مەسىلىلىرى ھەققىدىكى تار-تىشمىلار نەتىجىسىدە 1925 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئال-مۇتىدا ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق كېڭىشى چاقىرىلدى. يىغىندا ئۇيغۇرلار شۇ چاغقىچە ئىشلىتىپ كەلگەن ئەرەب يېزىقى ئىسلاھ قىلىنىپ 27 ھەرپلىك يېڭى ئۇيغۇر يېزى-قى مەيدانغا كەلگەن. بۇ تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ تاتار يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىشىدىن بەش يىل كېيىنكى ئىش ئىدى. بۇ سوزۇق تاۋۇشلار ئۇچۇن ئايرىم بەلگە بولماسلىق ئەھۋالىغا خاتىمە بېرى-لىپ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا زور بۇرۇلۇش ياسىدى. ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەمزىلىك سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان بولسىمۇ، بۇ ھەمزى-لىك سوزۇق تاۋۇشلار 1920 ـ يىلدىكى تاتار يېزىقى ئىسلاھاتىدىلا پەيدا بولۇپ بولغانىدى.

1926 ـ يىلى موسكۋا س س س ر ئەللىرىنىڭ مەركىزىي نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئالىمى، شائىر ئابدۇلھەي مۇھەممە-دىنىڭ «ئۇيغۇرچە يېزىق يوللىرى» دېگەن كىتابى نەشردىن

چىقتى. بۇ ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى ئىملا لۇغىتى ئىدى. بۇ-نىڭغا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ كىرىش سۆز يازغان بولۇپ، ئىملا پرىنسىپى ھەققىدە ھېچقانداق سىياسىي خاھىش ئىپتىلىمىغان ㉕. بەلكى يېڭىدىن يارىتىلىدىغان ئەدەبىي تىلنىڭ «پەرغانە، يەتتە-سۇ، قەشقەر، غۇلجا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى خەلق ئەدەبىياتى ۋە تىل خەزىنىلىرىگە ئاساسلانغان» تىل بولۇشى كۆچەپ تەكىت-لەنگەن.

نېمىشقىدۇر، شۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتۈپ ئابدۇلھەي مۇھەممەدىينىڭ «ئۇيغۇرچە يېزىق يوللىرى»غا ھۇجۇم باشلىنىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسىنى قايتا بېكىتىش ھەققىدىكى كۆرەش باشلىنىپ كەتكەن.

1928 - يىلى سەمەرقەنتتە چاقىرىلغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئا-سىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىملا كېڭىشىدە پۈتكۈل ئۇيغۇرلار (قەشقەر، ياركەنت، خوتەن، دولان، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قومۇل ھەم ئىلى ئۇيغۇرلىرى)نىڭ تىلى بىر دېگەن خۇلاسە چىد-قىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسىنى قايسى پرىنسىپتا بېكىتىش مەسىلىسىدە تاكى 1930 - يىلى 5 - ئايدا 2 - نۆۋەتلىك تىل - ئىملا قۇرۇلتىيى ئېچىلغۇچە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق دەتالاش بولغان㉖. بۇ دەتالاش ئاساسلىقى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا يېڭى ئۇيغۇر ئەدىبىي تىلىنىڭ ئىملاسىنى مور-فولوگىيىلىك پرىنسىپ ئاساسىدا تۈزۈش بىلەن فونېتىكىلىق پرىنسىپنى ئاساس قىلغان جانلىق تىلغا تارتىش ئۈستىدە بول-غان. ئابدۇلھەي مۇھەممەدىي، لاتىپ ئەنسەرىي، قادىر ئاشۇروف قاتارلىق زىيالىيلار مورفولوگىيىلىك پرىنسىپنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كۆنسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان سىنىپىي كۆرەش ئۇلارنى ئۆز مەيدانىدىن ۋاز كې-چىشكە مەجبۇر قىلغان. بۇ ھەقتىكى بەس - مۇنازىرىلەر ئۇي-غۇرچە «شەرق ھەقىقىتى»ژۇرنىلى بىلەن «قىزىل تۇغ» گېزىتى-

لىرىدە بېسىلىپ تۇرغان.
1936 ـ يىلى ئالمۇتىدا چاقىرىلغان جۇمھۇرىيەتلەر ئارا تىل ـ ئىملا كېڭىشىدە ئۇيغۇر ئالىمى قادىر ئاشۇروف ئۇيغۇر «تىلىنىڭ ئىملاسىنى بېكىتىشتە فونېتىكىلىق پرىنسىپ مورفولوگىيىلىك پرىنسىپىنىڭ ئورنىغا دەسسىسۇن. مەن ئىلگىرى خاتا پىكىردە بولغان، چۇنكى ئۇ چاغدا مەن ساۋاتسىز ئىدىم، ھازىر ئۆس-تۈم...» دەپ ئىلگىرىكى پىكرىدىن يېنىشقا مەجبۇر بولغان. چۇنكى شۇ چاغلاردا «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ مۇھەر-رىرى ئابلىمىت غوجامبەردى قاتارلىق كىشىلەر لېنىننىڭ «تىل — سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۆتكۈر قورالى» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەل-تۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسىنى لېنىنچە يېشىش شوئارىنى كۆچەپ توۋلىغان.
1936 ـ يىلىدىكى يىغىندىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسىنى بېكىتىش پرىنسىپىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش يۈز بەر-گەن. يەنى شۇنىڭغىچە ئاساسەن تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ پرىن-سىپلىرىغا نىسبىي ئەمەل قىلىنغان ئاساستا چىقىۋاتقان ئۇيغۇرچە گېزىت، ژۇرناللارنىڭ ئىملاسى ئومۇمىيۈزلۈك جانلىق تىلغا تار-تىلغان. جانلىق تىلدىلا مەۋجۇت بولۇپ يېزىقتا ئىپادىلەنمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسى ۋە شۇنىڭغىچە ئە-دەبىي تىل سىرتىدا تۇرۇۋاتقان شېۋە سۆزلۈكلىرى تىلدا ئومۇم-يۈزلۈك ئەكس ئېتىشكە باشلىغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئۆتۈلىدىغان دەرسلىك كىتابلار، ئۇيغۇرچە ئەدەبىي، سىياسىي ئەسەرلەر مۇشۇ يېڭى ئەدەبىي تىل نورمىسى بويىچە نەشر قىلىنغان. نەتىجىدە يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يېڭى مۇنتىزىم مائارىپ ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا ئومۇملاشتۇرۇلغان.
1947 ـ يىلى سوۋېت ئۇيغۇرلىرى لاتىن يېزىقىدىن سلاۋ-يان يېزىقىغا كۆچۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى يەنە بىر قېتىم قايتا بېكىتىلدى. بۇ قېتىمقى ئىملا قائىدىسى 1960 ـ يىلى ئاتاقلىق تىلشۇناس ئالىم غوجەخمەت سەدۋاقاسوفنىڭ يېڭى ئىملا لۇغىتى ئېلان قىلىنىشى بىلەن

1947 ـ يىلدىن بېرى ئىشلىتىلىۋاتقان ئىملا قائىدىسى كۈچتىن قالغان[27].

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى نەشر قىلغان تۇرلۇك گېزىت، ژۇر ـ ناللار شىنجاڭغىمۇ كۆپلەپ تارقىلىپ تۇرغان. شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىرمەزگىللىك دوستلۇقى جەريانىدا مۇنداق مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. شېڭ شىسەي بىلەن خوجانىياز ھاجىنى ياراشتۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن سو ـ ۋېت تەرەپ مۇتەخەسسىسى، خوجانىياز ھاجىنىڭ مەسلىھەتچىسى مەشۇر روزىيېف (ۋەتەن ئوغلى) ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «شىنجاڭ گېزىتى»نى ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن تەسىس قىلغان ۋە باش مۇھەررىرلىكنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا بۇ گېزىتنىڭمۇ سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ياراتقان يېڭى ئەدەبىي تىلدا چىقماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىراق، 1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا باش كۆتۈرۈپ چىققان ئىككى چوڭ سىياسىي كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەش تۈپەيلىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى يارىتىپ بەرگەن يېڭىچە ئەدەبىي تىل ـ يېزىق ۋە ئىملا شىنجاڭدا ھۆ ـ كۈمران ئورۇنغا ئۆتەلمىدى. شىمالىي شىنجاڭدا تاتار جەدىتچى ـ لىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇر،ئۆزبېك زى ـ يالىيلىرى ياراتقان يېڭىچە مەتبۇئات چوڭقۇر يىلتىز تارتقانىدى. تۈركىي ئەدەبىي تىلدىن ئانچە يىراقلاشمىغان بۇ تىل قېرىنداش تۈركىي خەلقلەر تىلىدىكى شېۋە پەرقىنى يوقىتىش فۇنكسىيىسىگە ئىگە بولغاچقا ھەممە مىللەت ئۈچۈن ئايرىم يېزىق ۋە ئەدە ـ بىي تىل يارىتىش زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى. شۇڭا 1940 ـ، 1930 ـ يىللاردا ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، قازاق قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئەڭ كۆپ ئارىلاشقان چۆچەك شەھرىدە مەتبۇئات تىلى بۇ مىللەتلەر ئۈچۈن ئورتاق ئىدى. بۇ خەلقلەر ئارىسىدىكى قويۇق ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئالاقە جەريانىدا ھېچقانداق تەۋەلىك تامغى ـ سى بولمىغان چۆچەك ئورتاق تىلى مەيدانغا كەلدى. چۆچەكتە

ھۆكۈم سۈرگەن ئورتاق ئەدەبىي تىل 1949 ـ يىلدىن كېيىن كۈچىدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن جانلىق ئورتاق تىل 1960 ـ يىللاردىكى قاچ ـ قاچتا مىللەتلەرنىڭ نوپۇس نىسبىتىدە ئۆز ـ گىرىش يۈز بېرىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا كۈچىدىن قالدى.

ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئورتاق تۈركىي ئەدەبىي تىل ئەنئە ـ نىسىنىڭ ساقلىنىشىدا يۇقىرىدىكى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى مە ـ دەنىيەت بىرلىكىنىڭ بۇزۇلماسلىقى، مىللىي ئاڭنىڭ تېخى شە ـ كىللەنمىگەنلىكى، ئۈچ ۋىلايەت ھاكىمىيىتىنىڭ دەسلەپكە مەز ـ گىلىدە ئەنئەنىۋى دىنىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن ئېلىخان تۆرىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇشى سەۋەب بولغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە غەربنىڭ زامانىۋى مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغان مەس ـ ئۇت سەبرى باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلار ئىدىئولوگىيە ساھە ـ سىدە سوۋېتنىڭ تەسىرىنى كۈچلۈك يەكلەيتتى. ئۇلار «ئالتاي» نەشرىياتى قاتارلىق مەتبۇئات ۋاستىلىرى ئارقىلىق ھەدەپ «تۈركلۈك» غايىسىنى تەشۋىق قىلىپ، تۈركىي خەلقلەرنى ئۇش ـ شاق گۇرۇپپىلارغا پارچىلاشقا قارشى تۇراتتى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلار ئىشلەتكەن يېزىق ۋە تىل ئارقىلىقمۇ ئىپادىلىنىپ تۇرات ـ تى. شۇۋېت مىسسيونېرلىرى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئا ـ لىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇن ـ تىنسىز بۇ كۈرەشتە ئاخىر سو ـ ۋېت ئىتتىپاقى غەلىبە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەربىيىلىشىدىن كېيىن شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالە تۇيمايلا ئۇيغۇر نامىنى ئۆزلەشتۇردى. 1936 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجا نىياز ھاجىنىڭ پەرمانى بىـ ـ لەن ئۇيغۇر نامىنى قوللىنىش قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن يېزىق ۋە ئەدە ـ بىي تىل يەتتىسۇدا قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىل يولىدا ماڭغانلىقى ئۈچۈن، بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ـ نى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايمىز. شىنجاڭدا 1955 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكت ـ

لىرىنى تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان مەركىزىي دىئالېكت، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى بولغان ئۇرۇمچى تەلەپپۇزى بېكىتىلگەن[28]. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا يېزىق ۋە ئىملا جەھەتتە بىر قانچە قېتىملىق ئىسلاھاتنى باشتىن كەچۈرۈپ ئازكەم بىر ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە بولغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى يەنىلا تەرەققىيات ۋە قېلىپلىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇ يېڭى ئەدەبىي تىل پۈتكۈل دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنى بىر يىپقا باغلاپ تۇرماقتا.

ئىزاھلار:

① قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1991 ـ يىلى ئالمۇتا «پەن» نەشرىياتى رۇسچە، 15 ـ بەت.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن جايلاشقان بىر تۈرك قەبىلىسى» دېيىلگەن، بىراق بۇ مەھمۇد كاشغەرىي كۆرسەتكەن 20 قەبىلىنىڭ قاتارىدا يوق، 1ـ توم، 187 ـ بەت.

③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 133 ـ بەت.

④ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 3 ـ بەت.

⑤ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 38 ـ بەت.

⑥ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 2 ـ، 77 ـ بەت.

⑦ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 77 ـ بەت.

⑧ «تۈركىي تىللار دىۋانى»1 ـ توم 116 ـ بەت.

⑨ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 618 ـ بەت.

⑩ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم، 564 ـ ، 567 ـ بەتلەر

⑪ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 10 ـ بەت

⑫ ETHEL STWART [ئامېرىكا] «چىڭگىزخاننىڭ ھۆجۇمىدىن ئامېرىكىغا قاچقان تۈركلەر»، 2000 ـ يىلى ئىستانبۇل تۈركچە نەشرى 141 ـ بەت.

⑬ مۇھەممەد سالىھ: «شەيبانىنامە»، 1989 ـ يىلى، تاشكەنت غاپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى.

⑭ ئۆتەمىش ھاجى: « چىڭگىزنامە»، 1992 ـ يىلى ئالمۇتا «ئىلىم»

نەشرىياتى، 130 ـ بەت.
⑮ ئوبۇلغازى باھادۇرخان: «شەجەرەئىي تۈرك»،1992 ـ يىلى تاشـ.
كەنت چولپان نەشرىياتى نەشرى 158 ـ، 160 ـ بەتلەر.
⑯ ئا.ن.كونونوف: «شەجەرەئى تەراكىمە»، 1961 ـ يىلى.
⑰ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» تۈركچە «ئەلىشىر» ماددىسى 351 ـ بەت (زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ ماقالىسى)
⑱ موللا مىر سالىھ كاشغەرى: «كاشغەر تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى (بۇ ئەسەرگە خاتا ھالدا «چىڭگىزنامە» دەپ ئات قويۇلغان).
⑲ چوقان ۋەلىخانوف: «ماقالە ۋە خەتلەر»، 1956 ـ يىلى ئالمۇتا يېڭى ھايات نەشرىياتى، قازاقچە
⑳ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت: «يورۇق ساھىللار»، 1991 ـ يىلى ئالـ.
مۇتا «يازغۇچى» نەشرىياتى، 142 ـ ، 132 ـ بەتكىچە.
㉑ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت: «يورۇق ساھىللار»، 1991 ـ يىلى ئالـ.
مۇتا «يازغۇچى» نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 59 ـ بەت.
㉒ نادىر دەۋلەت: «1917 ـ يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە تۈرك ـ تاتار مىللەت مەجلىسى»، 1998 ـ يىلى ئۆتۈكەن نەشرىياتى، تۈركچە 56 ـ 57 ـ بەتلەر.
㉓ موللا مۇسا سايرامىي: «تارىخى ھەممىدىي»، 1986 ـ يىلى مىلـ.
لەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە 41 ـ بەت، 636 ـ بەتلەر.
㉔ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 2000 ـ يىللىق 2 ـ سان.
㉕ ئابدۇللا روزىباقىيېف: « خەلقىم ئۈچۈن كۆيىدۇ يۈرەك»، 1997 ـ يىلى ئالمۇتا «يازغۇچى» نەشرىياتى 84 ـ بەت.
يۇقىرىقى كىتاب، 132 ـ بەت.
㉖ كوللېكتىپ توپلام: «ياخلىۋاشتىن توغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى»، 1989 ـ يىلى ئالمۇتا «قازاقىستان»نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە 21 ـ بەت.
㉗ ئا.قايداروف، غ. سەدۋاققاسوف، ت. تالىپوفلار تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» 1983 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1 ـ قىسىم، 384 ـ بەت
㉘ مىر سۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتـ.
لىرى»، 1990 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرـ.
چە نەشرى، 1 ـ بەت.

# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

ئەخمەت سۇلايمان

ھەممىگە مەلۇمكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى 646 ـ يىلدىن 840 ـ يىلغىچە تارىخ سەھنىسىدە 200 يىل دەۋر سۈردى[①]. بۇ جەرياندا بۇ خانلىق ئۇيغۇر تارىخىدا شانلىق سەھىپە يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز دەۋرىدىكى ياۋروپا ـ ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى باشقا دۆلەت ۋە خانلىقلارغىمۇ بەلگىلىك تۈردە تەسىر كۆرسەتتى. چۈنكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى «ئەينى ۋاقىتتىكى شەرقىي ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئۈچ دۆلەت (تاڭ ئىمپېرىيىسى، تىبەت دۆلىتى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى[②]) نىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا مەزكۇر خانلىقنىڭ تارىخىنى، جەمئىيەت ئەھۋالىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. نۆۋەتتە بۇ خانلىق ھەققىدە يېزىلغان ئەسەر ۋە ماقالىلەردە بىز مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچى بولغان مۇشۇ تېما ئۈستىدە بەزى نامۇۋاپىق ھۆكۈملەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا مەن بۇ ماقالەمدە مۇشۇ ھەقتە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچى.

نۆۋەتتە ئېلان قىلىنىۋاتقان ماتېرىياللاردا بۇ خانلىقنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان بىر قانچە خىل كۆز قاراش مەۋجۇت. ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىلەر:

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر: «تۇمىد قاغان بولۇپ ئاتىلىشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تېخى سىنىپ شەكىللەنمىگەن بولۇپ، يەنىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا تۇرۇۋاتاتـ

تى. تۇمىدىنىڭ خانلىقنى قۇرۇشى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن سىد-نىپىي جەمئىيەتكە رەسمىي ئۆتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولىدى. بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قۇللۇق تۈزۈمنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ شەرت ـ شارائىتى بولمىغاچقا، تاڭ سۇلالىسى فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ تەسىرىدە فېئوداللىق تۈزۈم ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە تەرەققىي قىلىپ چىقتى»،[3] دەپ ھېسابلىشىدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى-نىڭ دەسلەپكى دەۋرى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت ئىدى، بىراق قۇللۇق تۈزۈم ئۇيغۇرلاردا تەرەققىي تاپالماي، تاڭ سۇلالىسى فې-ئوداللىق جەمئىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن 8 ـ ئەسىرگە كەلگەندە كۆرۈنەرلىك ھالدا فېئوداللىق جەمئىيەتكە بېسىپ كىردى»،[4] دەپ ھېسابلىشىدۇ.

يۇقىرىقىلار «كونا تاڭنامە» ۋە «يېڭى تاڭنامە»، «تارىخىي خاتىرىلەر»، «ۋېينامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى شەرقىي ئۇيغۇرلارغا دائىر خاتىرىلەر ئەستايىدىل تەھلىل قىلىنماي نوقۇل ھالدا ئىككى «تاڭنامە»گە ئاساسلىنىپ چىقىرىلغان يەكۈن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىپادىلىرى نۆۋەتتە «جۇڭ-گونىڭ ئومۇمىي تارىخى» ۋە شىنجاڭ تارىخىغا دائىر نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا.

ئەگەر بىز ئورخۇن ئۇيغۇرخانلىقى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر تارىخىنى ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ باقساق، يۇقىرىقى ئىككى خىل قاراشنىڭ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى، «ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 16 ـ ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قول ئۇ-زۇپ، سىنىپىي جەمئىيەتكە قاراپ (قۇللۇق جەمئىيەت ياكى فې-ئوداللىق جەمئىيەتكە) راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز»[5].

شەرقىي ئۇيغۇرلار ياشىغان جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە ئىچكى ـ تاشقى موڭغۇلىيە رايونلىرىدا مىلادىيىدىن خېلى بالدۇرقى دەۋر-

دىلا ناھايىتى تەرەققىي قىلغان قۇللۇق ۋە فېئودالىلىق جەمئىيەتـ
لەرگە خاس ئارخېئولوگىيىلىك تىپىلمىلارنىڭ (بىرونزا ۋە تۆ-
مۈر قورال مەدەنىيىتىنىڭ) بايقالغانلىقى، شۇنداقلا ھۇن ئىمپې-
رىيىسىنى، ھۇنلاردىن كېيىن ئۆ يەرلەردىكى ھاكىمىيەت قۇرغان
سيانپى، ئاۋار (رورانلار)،كۆك تۈرك خانلىقلىرى تەركىبىدىمۇ
ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ
خانلىق ۋە شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىلىرى ئىكەنلىكى
تەتقىقاتچىلار نەزەرىدىن ساقىت قىلىنغان. بۇ يەردە يەنە شۇنى
ئالاھىدە ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، شەرقىي ئۇيغۇرلار
ياشىغان جەنۇبىي سىبىرىيە، ئىچكى - تاشقى موڭغۇلىيە، ئور-
دوس يايلاقلىرى ۋە گەنسۇ ۋادىلىرىدا مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە ئېلىپ
بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر شۇنى ئىسپاتلىدد-
كى، جەنۇبىي سىبىرىيە رايونى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3000 -
يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللار ئەتراپىدا مىس
قورال بىلەن تاش قورال بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن مەدەنىيەت دەۋ-
رىگە»[6]، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 - يىللار ئەتراپىدا بىد-
رونزا مەدەنىيىتى دەۋرىگە[7] (يەنى قاراسۇق مەدەنىيىتى دەۋرد-
گە)، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7 - ئەسىرلەردىن باشلاپ تۆمۈر
قورال مەدەنىيىتى دەۋرىگە[8] قەدەم قويغانلىقى مەلۇم.

شىنجاڭ رايونىنى مىسالغا ئالساقمۇ، نۆۋەتتە مۇتەخەسسىس-
لەر «شىنجاڭ رايونىنىڭ بىرونزا مەدەنىيىتى دەۋرىنى تەخمىنەن
مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللار ئەتراپىدا باشلانغان، ئا-
خىرلاشقان دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1000 -
يىللار ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى مىلادىيىدىن ئىلگىرد-
كى 1000 - يىللار ئەتراپىدا شىنجاڭ ئاللىقاچان تۆمۈر قوراللار
مەدەنىيىتى دەۋرىگە كىرىپ بولغان»[9]، دەپ ھېسابلاشماقتا.

تارىخىي ماتېرىياللارغا نەزەر تاشلىساق، «قەدىمكى بامبۇك
پۈتۈك يىلنامىلىرى» دا «ۋۇيىنىڭ 35 - يىلى جۇخاقانى جى
غەربتىكى شىلۇ دەرياسى بويىدا گۇيفاڭ، رۇڭلارغا جازا يۈرۈشى

قىلىپ، دىلارنىڭ 20 بېگىنى ئەسىر ئالدى»[10]، دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جەنگو دەۋرىدە تۈزۈلگەن «تاغ ـ دەريالار قۇرئى» (山海经)دا دىڭلىڭ دۆلىتى (钉灵国)، گۇيفاڭ دۆلىتى (鬼方国) دېگەندەك خاتىرىلەر ۋە شاڭ، جۇ سۇلالىلىرىنىڭ گۇيفاڭ، دىڭلىڭلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئۇرۇش قىلغانلىقى، بەزىدە شاڭ، جۇ سۇلالىلىرىنىڭ گۇيفاڭ، دىڭلىڭلارغا سوۋغا ـ سالام بېرىپ تۇرغانلىقى توغرىسىدا خېلى كۆپ خاتىرىلەر بار. دۇەن ليەنچىن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە «گۇيفاڭلار بىلەن دىلار ئوخشاش بىر خەلقنىڭ نامى ئىدى»[11]. دۇەن ليەنچىن ئەپەندى يەنە يۇقىرىقى تارىخىي خاتىرىلەرنى تەھلىل قىلىپ، «بىز شاڭ، جۇ سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئىككى دەۋردە مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي، شىمالىي تەرەپلىرىدە گۇيفاڭ دەپ ئاتىلىدىغان مىللەتنىڭ بەگلىكلىرى (خەنزۇچىدا 方国 دېيىلگەن) مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ھېچقانداق گۇمان قىلالمايمىز»، «گۇيفاڭ، دىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان دىڭلىڭلارنىڭ يىراق قەدىمكى ئەجدادىدۇر»[12]، دەيدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان گۇيفاڭ، دىلارنىڭ شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىلا ئاللىقاچان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن ھالقىپ ئۆتۈپ دۆلەت قۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە «تارىخىي خاتىرىلەر» دىمۇ «ھۇنلار شىمالدا خۇنيۇ ( 庚浑)، چۇشي ( 屈射 ) دىڭلىڭ، خاكاس ( 鬲 昆)، شىنلى ( 犁新) قاتارلىق ئەللەرنى ئىتائەت قىلدۇردى»[13]، دەپ يېزىلغان. بۇمۇ ھۇنلارنىڭ كۈچلۈك ئىمپېرىيىسى بولۇشتىن ئىلگىرىلا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ دىڭلىڭ دەپ ئاتالغان خانلىقىنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مەلۇمكى، دۆلەت سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى.

شەرقىي ئۇيغۇرلار ئورۇنلاشقان جايلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئوتتۇرىسى تۇرسا، ئۇ دەۋرلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئاللىقاچان سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان ھەم يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىل-

غان، «ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىر ـ دە ئەڭ دەسلەپكى دۆلەتلەر، يەنى خارەزىم، باكتىرىيە، سوغدى دۆلەتلىرى بارلىققا كەلگەن»[14] تۇرسا، ئۇلار بىلەن قويۇق مۇنا ـ سىۋەتلەردە بولۇپ كېلىۋاتقان شەرقىي ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ قوشنا جايلارنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن تۆۋەن تۇرۇشى مۇمـ ـكىن ئەمەس ئىدى. يەنە بەزى ئەسەرلەردە «تۈمەن خانلىق قۇرغاندـ ـدىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى بىرـ ـرىنچى سىنىپىي جەمئىيەت ــ قۇللۇق جەمئىيەت باسقۇچىغا قەدەم قويدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قۇل قىلىنىـ ـدىغان قۇللار مەيدانغا كەلدى»، «كىدانلار بۇرۇن ئۇيغۇرلارغا قوي بېقىپ بېرەتتى، تاتارلارمۇ ئۇيغۇرلارغا قوي بېقىپ بېرەتتى. دېـ ـمەك، بۇلار ئۇيغۇرلارغا قۇل بولغان». «قۇللارنىڭ كېلىش مەنـ ـبەسىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىدى»[15]. «ئۇيغۇرلار 630 ـ يىلى تۈركلەرنى مەغلۇب قىلغاندا، ئۇلارنىڭ خەلقىنى ئەسىر ئالغان»[16]. «646 ـ يىلى سىر تاردۇش خانلىقىـ ـنى مۇنقەرز قىلغاندا ئۇلارنىڭ خەلقىنى بېسىۋالغان»[17]. «بۇنداق ئەسىرگە ئالغانلارنى ۋە بېسىۋالغانلارنى قۇل قىلغان، يەنە ئوتـ ـتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ چەت ـ ياقا جايلىرىدىن بۇلاپ كەلگەنلەرنىـ ـمۇ قۇل قىلىپ ئىشلەتكەن، تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بېرىپ، ئەن لۇشەن ــ شى سىمىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىمۇ ئالتۇن ـ كۈـ ـمۈش، قىز ـ چوكانلارغا ئېرىشكەن»[18]. «ئۇيغۇرلار يەنە ئۆز قەبىـ ـلىسى ئىچىدىنمۇ قۇل قىلاتتى، ئۇلار ئاساسەن ئۇرۇشتا ئاكتىپ بولمىغانلار ۋە ھەربىي بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغانلار ئىدى»[19]، دېـ ـگەندەك خاتا كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق ئەسىرگە ئېلىنـ ـغانلارنى چارۋىچىلىق قىلدۇرغانلىقى راستتۇر، لېكىن «ئەسىرـ ـلەر ھەرگىز قۇللارغا تەڭ ئەمەس»[20] ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، شۇـ ـڭا ئادەتتە ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى قارا ـ قويۇق «قۇل

قىلاتتى» دېسەك ئەينى دەۋر يايلاق شارائىتىدىكى ئۇيغۇر جەمئىد-يىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. تارىختا ھەرقانداق مىللەت ياكى خاند-لىق ئۆزى بېسىۋالغان خانلىق ياكى خەلقلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىد-قى ئاستىغا ئالغان. بۇنى قانداقسىگە ھەممىسىنى قۇل قىلىپ ئىشلەتكەن دېگىلى بولىدۇ (چۈنكى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا قۇللارغا زەنجىر ـ كىشەن سېلىپ قويۇپ پادا باقتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.) كىدانلار بىلەن تاتارلارنىڭمۇ ئۇيغۇرلارغا قوي باققۇچى بولغانلىقىنى قانداقتۇر ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ پادىچى قۇللىرى ئىدى دېسەك، بۇمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئەكسىچە تارىخىي ئەمە-لىيەت ئۇنداق بولماستىن، كىدانلار بىلەن تاتارلار ئۇيغۇرلار تە-رىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانلار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-سىۋەت بېقىندۇرغۇچى بىلەن بېقىنغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنا-سىۋەت بولۇپ، كىدانلار بىلەن تاتارلار ئۇيغۇرلارغا باج ـ سېلىق تاپشۇرۇش شەكلى بىلەن ئۆزىنىڭ قاراملىق مۇناسىۋىتىنى ئىپا-دىلەپ تۇراتتى. بۇخىل مۇناسىۋەتنى تۈركلەرنىڭ دەسلەپتە روران‌لارغا «تۆمۈرچى» بولغانلىقىغا سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ.

«يېڭى تاڭنامە» دىمۇ «توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ھۆكۈمران ئو-رۇندا تۇراتتى. باشقا قەبىلىلەرگە تۇتۇقبەگ قويۇلاتتى»، دېيىلد-گەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار بېسىۋالغان باشقا خەلق ۋە قەبىلىلەرگە نازارەتچىلەرنى ئەۋەتىپ «ئۇلارنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىنى تەپتىش قىلاتتى. ئولپان سېلىق-لىرىنى سۈرۈشتۈرەتتى»، «ئۇيغۇرلار ئۆز قەبىلىسىدىن ئۇرۇشتا پاسسىپلىق قىلغانلارنى، ھەربىي بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغانلارنى قۇل قىلاتتى» دېگىنىگە كەلسەك، «جىنايەتچى قۇللار ھەر قانداق بىر مىللەتتە نوپۇسنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمىنى تەشكىل قىلىد-دۇ. ئۇلارغا تايىنىپ قۇللۇق تۈزۈمنى تىكلىگىلى بولمايدۇ». «جىنايەتچىلەرنى جازالاپ قۇل قىلىش فېئودالىزم جەمئىيىتىمۇ ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ قۇللۇق جەمئىيەت بولمىغان جەمئىيەتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى»دۇر[21].

ئېنگېلس مۇنداق دېگەن : «قۇللۇق جەمئىيەتتە قۇللارنىڭ ھېچقانداق جىسمانىي ۋە سىياسىي ئەركىنلىكى بولمايتتى. قۇللار قۇلدارلارنىڭ خالىغان ۋاقىتتا ئۆلتۈرىدىغان خۇسۇسىي مۈلكى ئىدى. فېئوداللىق جەمئىيەتتە بولسا دېھقانلارنىڭ مۇئەييەن كىشىلىك ئەركىنلىكى بار بولۇپ، پومېشچىكلار پەقەتلا دېھقانلارنىڭ ئارتۇقچە ئەمگىكىنى (يەر ئىجارىسى) ئېگىلىۋېلىش ياكى مەلۇم ھاشارلارنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇرلايتتى. ئەمما دېھقانلارنىڭ ئۆزىنى ئىگىلىيەلمەيتتى».[22]

بۇ خىل مۇناسىۋەت شەكلى ئورخۇن خانلىقىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، «يېڭى تاڭنامە.ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئورخۇن خانلىقىغا تەۋە ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ «سۇيۇرغاللىق يەرلىرى» بولاتتى. ئالىي ھۆكۈمرانلار گۈرۈھى يايلاقلارنى ئۆز جەمەتىگە ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. ئۇلار نازارەتچى ئەۋەتىپ ھەممىدىن بىردەك باج - سېلىق ئالاتتى. قاغان ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتلىرى، ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلار، ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى نۇرغۇن چارۋا، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە يايلاقلارغا ئىگە بولۇۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەگلەر ئادەتتىكى خەلقلەرگە بىۋاستە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ئىدى. ئادەتتىكى پۇقرالار ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ بولۇپ «قارا بودۇن»دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلاردا ئازغىنە چارۋا ۋە يايلاق بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە پۈتۈنلەي بەگلەرگە بېقىندى بولاتتى. ئۇرۇش بولۇپ قالسا ئۇلار ئۆزلىرى ئات، قورال - ياراق ۋە ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ قوشۇن تۈزۈپ ئۇرۇشقا چىقاتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا «قارا بودۇنلار» ئۆزىنىڭ چارۋىچىلىقىنى قىلىشتىن تاشقىرى، ئاساسەن ھۆكۈمران سىنىپلارغا ھەقسىز ئىشلەپ بېرەتتى. ئۇلار چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ۋە باشقا ئېشىنچە مەھسۇلاتلىرىنى، باج - سېلىقلارنى تولۇق تاپشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇيغۇرلار جەمئىيە-

تىمدىكى ئەڭ تۆۋەن قاتلام ‹قۇل› ياكى ‹چۆرە› دېيىلەتتى. قۇللار جىسمانىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغانلار بولۇپ، ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا پۈتۈنلەي بېقىندى كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئاساسەن «قارا بودۇنلار» ئىچىدىكى ۋەيران بولغانلاردىن، يېتىم - يېسىرلاردىن ۋە ئەسىرلەردىن تەركىب تاپقانلار بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە ھېچ نەرسىگە ئىگە ئەمەس ئىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە سېلىق تۆلىمەيتتى، ئۇرۇشقىمۇ قاتناشمايتتى، ئائىلە ئەمگىكى بىلەنلا شۇغۇللىناتتى. «قۇللار ۋە دېدەكلەر سان جەھەتتە ئازراق بولۇپ، قۇللۇق جەمئىيەتتىكىگە ئوخشاش ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرمىگەنىدى»[23]. مانا بىز بۇنىڭدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاج تاپقان فېئوداللىق تۈزۈمىدىكى خانلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئورخۇن خانلىقىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئۆتۈشىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە باغلىغۇچىلارغا تارىخچى جاڭ گۋاڭجى ئەپەندىنىڭ تۆۋەندىكى جاۋابى كۇپايە قىلىسا كېرەك. «مېنىڭ قارىشىمچە ھەقىقىي سەۋەب پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي شەرت - شارائىت قۇللۇق تۈزۈمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پەقەتلا ماس كەلمەيتتى»[24]، دەيدۇ ئۇ. ئاتاقلىق تۈركولوگ ما چاڭشۇ ئەپەندىمۇ «غەربىي يۇرت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى رايونلار غەربىي تۈرك خانلىقىدىن خېلىلا بالدۇرقى دەۋردىلا فېئوداللىق جەمئىيەتنى تىكلەپ بولغان» لىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىللە يەنە «تۈرك خانلىقىدا فېئودالىزم ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە يايلاق رايونلىرىدا قۇرۇلغان نۇرغۇنلىغان كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ دۆلەتلىرىگە تەسىر قىلغانىدى. مەسىلەن: ئۇيغۇر، موڭغۇل، تاڭغۇت خانلىقى قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ دۆلەتلىرىنىڭ ھەممىسى گەرچە كۆپ قەبىلىلەردىن تەشكىل تاپقان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئاساسلىق جەمئىيەت فورماتسىيەسى يەنىلا فېئودالىزم بولۇپ، قانداقتۇر باشقا جەمئىيەت

فورماتسىيەسى ئەمەس ئىدى»[25]، دېيىش ئارقىلىق ئورخۇن خانـ-
لىقى جەمئىيىتىنىڭ فېئودالىلىق خاراكتېردا ئىكەنلىكىنى مۇ-
ئەييەنلەشتۈرگەن.

دېمەك، شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئۇيـ-
غۇرلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن قول ئۈزۈپ قۇرۇپ چىققان
قۇللۇق تۈزۈمدىكى تۇنجى خانلىق بولماستىن، بەلكى ئۆز
ئەجدادلىرى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان، ئۇلارنىڭ خانلىق
ۋە ھاكىمىيەتلىرى ئاساسىدا تىكلەنگەن فېئوداللىق تۈزۈمدىكى
خانلىقتىن ئىبارەت خالاس.

ئىزاھلار:

① ئەخمەت سۇلايمان: « ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1983 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑮② مالياۋكىن: «9 ـــ 11 ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»نىڭ كىرىش سۆزى، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» 1987 ـ يىللىق 2 ـ سان.

③ فەن ۋېنلەن: «جۇڭگونىڭ ئومۇمىي تارىخى» 4 ـ قىسىم، خەنـ-زۇچە، خەلق نەشرىياتى 1965 ـ يىل نەشرى، 88 ـــ 87 ـ بەتلەر.

④ خې يىڭجۇاڭ: «7 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا»، «غەربىي شىمال پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى»، خەنزۇ-چە؛ خۇشياۋخۇ: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخى» 2 ـ قىسىم، (خەنزۇچە 237 ـ بەت)

⑤ دۇەن ليەنچىن: «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تېلېلار» دېگەن ئەسەر-نىڭ «دىڭلىڭلار بىلەن گۇيفاڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى» دېگەن بۆلۈمى. شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى.

⑥⑦⑧⑩⑫ «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئارخېئولوگىيە قىسمى، خەنزۇچە 2 ـ، 9 ـ، 10 ـ، 248 ـ، 510 ـ بەتلەر.

⑨ چېن گې: «شىنجاڭ رايونىنىڭ بىرونزا دەۋرى ۋە دەسلەپكى تۆ-مۈر قوراللار دەۋرى مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، «ئارخېئولوگىيە» ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1990 ـ يىللىق 4 ـ سان، 366 ـ بەت.

⑪ دۇەن لیەنچىن: « شىمالىي دىلار ۋە جۇڭشەن بەگلىكى» 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.

⑬ «تارىخىي خاتىرىلەر» ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 110 ـ جىلد، «هۇنلار تەزكىرىسى» 403 ـ بەت.

⑭ غاپۇروف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىك تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى، 33 ـ بەت.

⑮ جاڭ لیەن: «ئۇيغۇرلار (خۇيخې ) ھەققىدە بايان، غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، خەنزۇچە، 1984 ـ يىل 1 ـ سان 95 ـــ 94 ـ بەتلەر.

⑯⑰⑱⑲ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

⑳㉑㉒ جاڭ گۇاڭجى: «ئۇيغۇرلار ۋە قۇللۇق تۈزۈم»، «چىڭخەي پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» خەنزۇچە، 1983 ـ يىللىق 3 ـ سان 109 ـ بەت

㉓ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى، 75 ـ بەت.

㉕ ماچاڭشۇ: « تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقىنىڭ جەمئىيەت ئۆزگىرىشى»، «تارىخ تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 1960 ـ يىللىق 4 ـ سان

㉘ گوچىڭيۇ:« ماركسىزملىق دۆلەت تەلىماتىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى»، خەنزۇچە 1984 ـ يىلللىق 1 ـ سان، 5 ـ بەت.

# تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادلىرىدىكى «تەڭرى» توغرىسىدا

## هۆرمەتجان ئابدۇراخمان

تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق نامايەندىسى بولغان ئورخۇن ـ يېنىسەي ئابىدىلىرىنىڭ بايقىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى بىزنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى، تارىخى، ئۆرپ ـ ئادىتى، دىنىي ئېتىقادلىرى قاتارلىق تەرەپلەرگە دائىر ناھايىتىمۇ قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلارغا يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، ئىلگىرىكى ئاددىي ھالدا تەسەۋۋۇرغا تايىنىپلا چىقىرىلغان بەزى يەكۈنلەر ئۈستىدە قايتا پىكىر يۈرگۈزۈش زۆرۈرىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ ھەقتە ئاكادېمىك ۋ. ۋ. بارتولد بۇرۇنلا شۇنداق ئېيتقانىدى: «ئابىدىلەرنىڭ ئۇسلۇبى ۋە سۆز ئىشلىتىشىدىن قارىغاندا، بۇ كىشىلەرگە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە شۇنى قىياس قىلدۇرالايدۇكى، بۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر تۇرمۇشى شارائىتىدا كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلىشقاندەك دەرىجىدە تۆۋەن ئەمەس ئىدى»[1].

ئورخۇن ـ يېنىسەي ئابىدىلىرىدىكى دىنىي ئېتىقادقا دائىر مەزمۇنلار ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش ھازىرغا نىسبەتەن يېڭى تېما ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ ھەقتە بىزدە ئەتراپلىق ئىزدەنگەنلەر ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، چەت ئەلدە بۇ تېمىلاردا مەخسۇس ئىزدەنگەنلەر، ھەتتا بەزى ئاتالغۇلار ھەققىدە مەخسۇس ئەسەر، ئىلمىي ماقالە يازغانلار خېلى كۆپ. ر. گرائۇد، ژ. پ. روكس (J.P.Roux) ، س. گ. كلياشتورنىي، ئى. ۋ. ستېبلېۋا، پ. پوتاپوف، ۋ. بانگ ۋە باشقا كۆپلىگەن تەتقىقاتچى ئالىملارنىڭ ئە-

سەرلىرىدە يازما يادىكارلىقلاردىكى دىنىي ئېتىقادقا دائىر مەزمۇنلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى چوقۇنۇش ئادەتلىرى، چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرى ھەم ئۇلارنىڭ بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىزنالىرى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ دىن بولمىغان ھالەتتىن دىن بار ھالەتكە قەدەم قويۇشى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسانلار تەپەككۇرىدىكى بىر يۈكسىلىشنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭمۇ بىر بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ دىنى شۇ مىللەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، خەلقنىڭ دىنى شۇ خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئەينىكىدۇر.② ئالىملارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دىننى بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى دەپ قاراشلىرىمۇ مانا شۇ نۇقتىدىن بولسا كېرەك.

قەدىمكى ئىنسانلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى تۈرلۈك شەيئىلەر، ئەتراپىدا دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىگە قارىتا ھەم ھەيرانلىق، ئېسەنكىرەش، ھەم قورقۇش پوزىتسىيىسىدە بولغان. بۇ خىل روھىي ھالەت ئۇلاردا ھەممىلا نەرسىدە ئۆزىگە خاس روھ بولسا كېرەك، دەيدىغان چۈشەنچە ھاسىل قىلغان. قەدىمكى ئىنسانلاردىكى ھەممىلا نەرسىدە روھ بولىدۇ، دەپ قارايدىغان بۇ خىل ئانىمىزملىق قاراش ئاساسىدا مەلۇم نەرسىلەرنى ئوبيېكت قىلغان ئىپتىدائىي چوقۇنۇش ئادەتلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان. قەدىمكى ئىنسانلاردىكى تەبىئەتكە، تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش، بىر تەرەپتىن ئەتراپىدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەردىن قورقۇش ئۆز تەقدىرىدىن ئەنسىرەش سەۋەبىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەبىئەت ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكىنىڭ مەنبەسى بولغانلىقىدىن ئىدى. ئۇلار تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرگە (مەسىلەن: چاق-

ماق، گۇلدۇرماما، يامغۇر...) قورقۇش ئىچىدە چوقۇنسا، يېمەك - ئىچمەك ۋە جانلىقلار، ئۆسۈملۈكلەر، دەل - دەرەخلەرگە ھەيرانلىق ئىلكىدە چوقۇنغان. شۇڭا فېيېرباخ، «تەبىئەت دىننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئوبيېكتى»، دېگەنىدى.[3]

تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمۇ دۇنيادىكى كۆپلىگەن خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرىغا ئوخشاش قۇياشنى، ئاينى ئىلاھ دەپ تونۇپ ئۇلارغا چوقۇنغان. تېپىلمۇاتقان قەدىمكى جەسەتلەرنىڭ شەرققە قارىتىلغان ھالەتتە تۇرغانلىقىمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ، ھەتتا قەدىمكى ئىنسانلارغا ئائىت جەسەتلەر ئارىسىدا ئەڭ دەسلەپكى دىنىي ئېتىقادنىڭ ئىزنالىرى بار، دەپ قارىلىۋاتقان نىئاندېرتال ئادىمىمۇ شەرققە قارىتىپ دەپنە قىلىنغان. قەدىمدە قۇياش پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولغان بولۇشى مۇمكىن. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ دىنلىرىدىن، ئەپسانىلىرىدىن بۇنىڭ ئىپادىلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: قەدىمكى ئارىيان ئەپسانىلىرىدىكى قۇياش ئىلاھى مېترا، يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئاپوللو، رىم ئەپسانىلىرىدىكى يۇپىتېر... دۇنيادىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە قۇياشقا ئاتاپ نەزىر قىلىش بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ داۋاملىشىۋاتقانلىقى مەلۇم.

«تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ھەر تاڭدا قارار گاھىدىن چىقىپ كۈنگە تازىم قىلىدىغانلىقى، ئاخشىمى ئايغا تازىم قىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن[4]. تۈرك قاغانلىرىمۇ ئۆزلىرىگە «ئاي تەڭرىدىن بولمىش»، «كۈن تەڭرىدىن بولمىش» دېگەنگە ئوخشاش شۆھرەت ئۇنۋانلىرىنى ئىشلەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مانى، بۇددا دىنى مەزمۇنلىرىدىكى يادىكارلىقلىرىدىمۇ كۈن، ئاينى ئۇلۇغلاشنىڭ ئىزنالىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ[5]. ھېرودوتنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆچمەن خەلقلىرىدىن بولغان ماساگېتلار پەقەت قۇياشقىلا چوقۇنغان بولۇپ، قۇياش ئىلاھىغا ئاتنى قۇربانلىق قىلغان. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، قۇربانلىقنىڭ خۇداغا ئەڭ تېز يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن دۇنيا-

دىكى ئەڭ چاپقۇر نەرسىنى قۇربانلىق قىلىش كېرەككەن.[6]

بىز ئورخۇن - يېنىسەي ئابىدىلىرىدە ۋە كېيىنكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك «تەڭرى» سۆزىنى ئۇچرىتىمىز. ئورخۇن - يېنىسەي ئابىدىلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «تەڭرى»نىڭ ئاسماننى (كۆكنى) كۆرسىتىدىغانلىقى ئابىدىلەرنىڭ ئۆزىدە ئېنىق ئېيتىلىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى كۆكنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىقى ۋە ئۆزلىرى مۇقەددەس ھېسابلىغان چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرى ئارىسىدا كۆكنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويغانلىقى بىزگە مەلۇم. ئابىدىلەرنىڭ «تەڭرى» تىلغا ئېلىنغان قۇرلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

«تەڭرى (ماڭا) ئەقىل بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەن (ئۇنى) قاغان (بولۇشقا دەۋەت) قىلدىم» («تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»). غەربىي تەرەپ 6 - قۇر).

«(ئۇلارنىڭ) ئەسكىرى ئۈچ مىڭ ئىكەن، بىز ئىككى مىڭ ئىدۇق. سوقۇشتۇق، تەڭرى ساقلىدى... تارمار قىلدۇق».

(«تونيۇقۇق»، غەربىي تەرەپ 16 - قۇر)

«... تەڭرى، ئۇماي، مۇقەددەس يەر - سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ».

(«تونيۇقۇق»، غەربىي تەرەپ 38 - قۇر).

«تەڭرى مۇنداق دېگەن ئىكەن! سىلەرگە قاغان بەردىم. قاغانىڭلارنى تاشلاپ تابغاچقا يەنە تەۋە بولغىنىڭلار ئۈچۈن تەڭرى سىلەرگە ئۆلۈم بەردى».

(«تونيۇقۇق»، غەربىي تەرەپ 2 -، 3 - قۇرلار)

«مەنكى تەڭرىدەك تەڭرىدىن تۆرەلگەن تۈرك بىلگە قاغان بۇ ۋاقىتتا تەختتە ئولتۇردۇم.»

(«كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، جەنۇبىي تەرەپ 1 - قۇر)

«تەڭرىدەك تەڭرى ياراتقان تۈرك بىلگە قاغان...»

(«بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ 1 - قۇر)

«تۈرك خەلقىنىڭ نام - ئابرۇيىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاتامنى قاغان، ئانامنى خانىش قىلىپ كۆتۈرگەن تەڭرى،

ئەل بەرگەن تەڭرى، تۈرك خەلقىنىڭ نام ـ شۆھرىتى يوقاپ كەتمىسۇن دەپ مېنى خاقان قىلىپ ئولتۇرغۇزدى».

(«كۆل تېكىن»، شەرق تەرەپ 25 ـ، 26 ـ قۇرلار)

ئابىدىلەردە ھەربىر قېتىملىق ئۇتۇقلارنى سۆزلەشتىن ئاۋال «تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن»، «تەڭرى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئېيتىلىدۇ. ھەتتا تەڭرى بەزى پۈتۈنلەي مىللىيلىككە ئىگە بولۇپ كېتىدۇ: «ئۈستىمىزدىكى تۈرك تەڭرىسى، (تۆۋەندىكى) تۈرك مۇقەددەس يەر ـ سۈيى* مۇنداق دەپتۇ: تۈرك خەلقى يوقالمىسۇن! ئۇلار خەلق بولسۇن».

(«كۆل تېكىن»، شەرق تەرەپ 10 ـ، 11 ـ قۇرلار)

كۆل تېكىن، تونيۇقۇق، بىلگە قاغانلار ئۆزلىرىنىڭ بايانلىرىدا «تەڭرى، ئۈستىمىزدىكى تەڭرى...» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭدىن ئابىدىلەردە تىلغا ئېلىنغان تەڭرى (كۆك) ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ھەممىنى ياراتقان، ئۇلارغا قاغانلىق بەرگەن، ھەممە نەرسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان غايىۋى كۈچ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئانچە قىيىن ئەمەس. بىز ئابىدىلەردىكى بۇ مەلۇماتلاردىنمۇ ئەجدادلىرىمىزدىكى تەڭرىگە — كۆككە چوقۇنۇشنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ھەتتا بەزى ئالىملار قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەردىكى كۆككە ـ تەڭرىگە چوقۇنۇش، ئۇلۇغلاشنى مەخسۇس بىر دىن دەپ قارىغان. تۈركىيىلىك ئالىم، دوكتور ئىبراھىم كافەس ئوغلى قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ دىنىنى 1) تەبىئەت كۈچلىرىگە چوقۇنۇش؛ 2) ئەجدادلارغا چوقۇنۇش؛ 3) كۆك تەڭرى[7] دىن ئىبارەت ئۈچكە بۆلگەن.

گ. دىيورفېر (G. Doerfer) نىڭ پىكرىچە، قەدىمكى تۈرك دىنىنى ئۈچ قاتلامغا بۆلۈش مۇمكىن: «توتېمىزم، شامانىزم، تەڭرىچىلىك»[8].

جۇڭگو يىلنامىلىرىدىمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئە-

---

* يەر ئىلاھى مەنىسىدە.

سىرلەردە ھۇنلاردا كۆككە چوقۇنۇش ئادىتى بارلىقى خاتىرىلەنـ
گەن.[9]

ئورخۇن ـ يېنىسەي ئابىدىلىرىدە كۆككە قارىتا ئىيتىلىۋاتـ
قان «تەڭرى» سۆزى قىسىمەن ئورۇنلاردا «ئۈستىمىزدىكى تەڭـ
رى...» دەپ تولۇق ئىپادىلەنگەندىن باشقا، كۆپ ئورۇنلاردا «تەڭرى»
دەپلا ئاتالغان. مەيلى قانداقلا ئاتالسۇن، ئابىدىلەردە تىلغا ئېلىـ
نىۋاتقان «تەڭرى»نىڭ كۆكنى، يەنى ئاسماننى كۆرسىتىدىغانلىـ
قىنى چۈشىنىش قىيىن ئەمەس. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي
تىللار دىۋانى»دا «تەڭرى» سۆزىنى مۇنداق ئىزاھلايدۇ: «خۇدا ئۇر-
غۇر كاپىرلار ئاسماننى تەڭرى دەيدۇ. ئۇلار كۆزلىرىگە چوڭ كۆـ
رۈنگەن ھەرقانداق نەرسىنى ــ ئېگىز تاغ، يوغان دەرەخلەرنىمۇ
تەڭرى دەيدۇ، شۇڭا بۇنداق نەرسىلەرگە سەجدە قىلىدۇ...»[10]

مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېـ
يىن، ئىسلامغا كىرمىگەن باشقا خەلقلەرنى، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمـ
كى ئەجدادلىرىنى، ھەتتا ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان قەۋم ـ قېـ
رىنداشلىرىنىمۇ «كاپىر» (دىنسىز) دەپ ئاتاشقان. يۇقىرىدىكى
مەلۇماتتىنمۇ بىز «تەڭرى» سۆزىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئېـ
تىقادىدا كۆكنى (ئاسماننى) كۆرسەتكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلار
مۇقەددەس دەپ قارىغان چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرىغا قارىتامۇ قولـ
لىنىلغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

ئەمدى «تەڭرى» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا كەلسەك، بەزى
تەتقىقاتچىلار بۇ سۆزنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىرلەر-
دىكى قەدىمكى ھۇن تىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، «كۆك ئاسـ
مان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىد-
دۇ[11]. يەنە بەزى ئالىملار «تەڭرى» سۆزىنى سۇمېر تىلىدىكى
«Dingir دىنگىر» (تەڭرى، ئاسمان مەنىسىدە) سۆزىدىن كېلىپ
چىققان بولۇشى مۇمكىن، دېپ قارىشىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا بۇ
سۆزنىڭ يىلتىزىنى خەنزۇ تىلىدىكى «تەڭرى، ئاسمان» مەنىلىـ
رىدە قوللىنىلىدىغان «天» سۆزىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ[12].

بىز جۇڭگو يىلنامىلىرىدە ھۇنلارنىڭ كۆككە چوقۇنۇش ئادەتلىرى ھەققىدە مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. دەرۋەقە، ھۇنلاردا قەدىمدىنلا ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدار «تەڭرىقۇت»، دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ سۆز «تەڭرىنىڭ ئوغلى» مەنىسىنى بىلدۈرگەن[13].

ئالىملارنىڭ قارىشىچە، گەرچە «بۇنىڭدىن 5000 يىللار ئىلگىرى مىسسوپوتامىيىدە ياشىغان سۇمېرلىقلارنىڭ تىلى بىلەن، ئۇلاردىن 2500 يىل كېيىن شىمالىي جۇڭگودا ئوتتۇرىغا چىققان ھۇنلارنىڭ تىلىدا ئورتاق بىر سۆزنىڭ تېپىلىشى قىيىن بولسىمۇ، بەزى ئايرىملىقلارنى نەزەرگە ئېلىش ئېتىبارى بىلەن بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئوخشاشلىقى ئېتىراپ قىلىنىغان[14]. دوكتور ئىبراھىم كافەس ئوغلى بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئوخشاشلىقى ھەققىدىكى پىكرىدە، «بۇنداق قېرىنداشلىق مەسىلىسىنى پەقەت تىل ۋە تاۋۇش نۇقتىلىرىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈملەرگىلا باغلاپ چۈشەندۈرۈش ئانچە توغرا بولمىسا كېرەك، ھەرھالدا مەسىلىنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت جەھەتلىرىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. «دىنگىر» سۆزىنىڭ سۇمېرچىدا يالغۇز «پارلاق» مەنىسىدىلا ئەمەس، بەلكى «تەڭرى»، يەنى بىر دىنىي ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ ئىكەنلىكى سۇمېر تىلى مۇتەخەسسىسى لاندىس بېرگېر تەرىپىدىن كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن[15]. سۇمېرلىقلارنىڭ ئاسىيادىن مىسسوپوتامىيىگە كۆچكەن بىر قەۋم ئىكەنلىكى چۈشىنىلسە، تەڭرى سۆزىنىڭ سۇمېرلىقلاردىمۇ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئېھتىماللىقى تېخىمۇ ئارتىدۇ»، دەپ يازىدۇ[16].

قەدىمكى سۇمېر تىلى بىلەن ھۇن تىلىدا ئورتاق مەۋجۇت بولغان بۇ ئاتالغۇنىڭ ھەر ئىككى تىلدا ئوخشاش مەنىدە، ھەم شەكىل جەھەتتىنمۇ يېقىن بولۇشىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئالىملارنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت نۇقتىلىرىدىن تۇرۇپ ئېلىپ بارغان تەتقىقات ۋە تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ پەرەزلىرىنى مۇتلەق توغرا دېگىلى بولمىسىمۇ، بۇ قاراشلارنىڭ

تارىخىي ئەمەلىيەتكە خېلىلا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇ-رىدۇ.

«تەڭرى» سۆزىنى موڭغۇل تىلىدىن كېلىپ چىققان دېگۇ-چىلەرمۇ بار، ئەمما ئاتاقلىق ۋېنگىر تۈركولوگى گ. نېمېت «تەڭرى» سۆزىنىڭ تۈركىي تىلنىڭ قەدىمكى سۆزلىرىدىن ئىـ-كەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققان[17]. بۇنىڭدىن بۇ سۆزنىڭ تۈركىي تىلدىن موڭغۇل تىلىغا كىرگەنلىك ئېھتىمالى بارلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. بەزى ئالىملار «تەڭرى» سۆزىنىڭ تۈركىي تىل-دىن موڭغۇل تىلىغا كىرگەنلىكىنى ئۇنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى تەلەپپۇز قىلىنىشىدىنمۇ بىلگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ ھەم بۇ-نىڭ دەلىلى سۈپىتىدە تۈركىي تىلدىن موڭغۇلچىغا كىرىپ ئۆز-لەشكەن سۆزلەردىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەردىن مىسال كەلتۈرىدۇ[18].

گەرچە بۇ مەسىلە تېخى تالاش-تارتىش ئۈستىدە بولسىمۇ، تىلشۇناسلار بۇ تىللار ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش ئامىللارنىڭ بار-غانسېرى كۆپ بايقىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ، بۇ تىللار ئارىسىدىكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە تۈرلۈك قىياسلارنى ئوتتۇ-رىغا قويۇشقان. ھەتتا بىرقىسىم ئالىملار بۇ تىللارنىڭ ئانا مەن-بەسى بىر بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىغان[19].

«تەڭرى» سۆزىنى «天» دىن كەلگەن دېگەن قاراشقا كەلسەك، تەتقىقات نەتىجىلىرى «تەڭرى»نىڭ «天» دىن ئەمەس، بەلكى «天» سۆزىنىڭ «تەڭرى» سۆزىدىن كېلىپ چىققانلىقىنىڭ ئېھـ-تىماللىقى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە.

ئاسمان جىسىملىرىغا، بولۇپمۇ ئاسماننىڭ، يەنى كۆكنىڭ ئۆزگىچە چوقۇنۇشىنىڭ زىرائەت مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان، ئولتۇراقلاشقان خەلقلەرگە قارىغاندا، يايلاق مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر ئارىسىدا بىرقەدەر كۈچلۈك بولغانلىقى بىزگە مەلۇم. قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا، يىلنامىلەردە ھۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى ئۆزىنى «تەڭرى-

قۇت» (撑犁孤涂单于) دەپ ئاتايدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ-نىڭدىكى «تەڭرى» 撑犁 » موڭغۇل ۋە تۈركىي تىللار ئائىلىسىدى-كى خەلقلەرنىڭ تىلىدا «ئاسمان (كۆك) 天»نىڭ نامىنى بىلدۈرى-دىغانلىقى، بۇ سۆزنىڭ خەنزۇ تىلىدا يەنە «腾格里» دەپمۇ يېزى-لىدىغانلىقى، «孤涂» نىڭ بولسا «ئوغۇل مەنىسىدە بولۇپ، يۇ-قىرىدىكى «تەڭرىقۇت» سۆزىنىڭ مەنىسى «تەڭرىنىڭ ئوغلى» دې-گەنلىك بولىدىغانلىقى خەنزۇچە ماتېرىياللاردىمۇ خېلى بۇرۇنلا ئىزاھلانغان[20].

بىز يۇقىرىدا قەدىمكى ھۇن تىلىدا «تەڭرى» سۆزىنىڭ بول-غانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئەگەر بۇ نۇقتا نەزەرگە ئېلىنسا، قە-دىمدە ھۇنلار ياشىغان زېمىنلاردا ئۇلاردىن كېيىن ياشىغان خەلق-لەرنىڭ تىللىرىدىمۇ بۇ سۆزنىڭ بولۇشى ۋە ئەسلىدىكى مەنىنى بىلدۈرۈشى، يەنى كۆكنى (ئاسماننى) كۆرسىتىشى بۇ خىل ئېتىد-قاد ئادىتىنىڭ ئەنە شۇ زېمىنلاردا ئىزچىللىقا ئىگە بولۇپ داۋاملاشقانلىقىنى چۈشىنىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي دىنى-لىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرى ئارىسىدا يەرنى مۇقەددەس بىلىش بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان. بۇ، بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، ئىگىلىك ئاساسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

شۇنداق ئىكەن «تەڭرى» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى يەنىلا قەدىمدىن تارتىپ كۆككە — تەڭرىگە چوقۇنغان ۋە كۆكنى ئۆز-لىرى مۇقەددەس بىلىپ ئېتىقاد قىلغان ئوبيېكتلار ئارىسىدا ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويغان، يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ئىگە-لىرى بولغان كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ تىلىدىن ئىزدەش تارىخنىڭ مەنتىقىسىگىمۇ، ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىد-نىش ئەمەلىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئالايلۇق، ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ھەممىسىدە توتېمغا چوقۇ-نۇش ئادىتى مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن «توتېم» دېگەن بۇ ئاتالغۇ-

نىڭ بۇ خىل چوقۇنۇش پائالىيىتى دەسلەپ ۋۇجۇدقا چىققان ئىندىئانلارنىڭ تىلىدىكى سۆز ئىكەنلىكىنى ھەم شۇلاردىكىگە ئوخشاش ئۆز ئۇرۇقى ياكى قەبىلىسىنىڭ بەلگىسى بولغان نەرسىگە چوقۇنۇش پائالىيىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ھەممىگە چۈشىنىشلىك.

شۇڭا، ئىپتىدائىي مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە ياتىدىغان مەدەنىيەت ئاتالغۇلىرىنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، نوقۇل ھالدا ئۇنىڭ بۈگۈنكى كۈندە قايسى مىللەتلەرنىڭ، خەلقلەرنىڭ تىللىرىدا ساقلانغانلىقى ۋە قانداق فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ھاسىل قىلغانلىقىغىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇ مەدەنىيەت ئاتالغۇسىنى ساقلاپ قالغان مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانلىرى ھەم شۇ خىل مەدەنىيەت مەيدانغا كەلگەن ماكان، بۇ مەدەنىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە باشقا تەرەپلەردىكى تۈرلۈك ئاساسلىرى ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىشكە، پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئارىسىدا كۆكنى مۇقەددەس بىلىش، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چۈنكى چارۋىچىلىقنى ئاساسىي ئىگىلىك شەكلى قىلغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ نەزەرىدە، تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرى ئارىسىدا كۆك، يەنى ئاسمان ھەممىدىن قۇدرەتلىك ھېسابلانغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن سىرت ئۇلارنىڭ كۆچمەن تۇرمۇشىدىكى سۇ مەنبەسىمۇ يەنىلا ئاسمان، يەنى قار ـ يامغۇر قاتارلىقلار ئىدى. بۇ جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆكنى ئۇلۇغلىشى تەبىئىي ئىدى. چۈنكى قەدىمكى مىسىرلىقلار ئۈچۈن نىل دەرياسىنىڭ بەرىكەت تەڭرىسى ھېسابلىنىشىنىڭ، دېھقانچىلىقنى، يەنى زىرائەت مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرىنىڭ نەزەرىدە تۇپراقنىڭ مۇقەددەس بولۇشىنىڭ

ھېچبىر ئەجەبلىنەرلىكى بولمىغىنىدەك، كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرنىڭ قارىشىدا كۆكنىڭ مۇقەددەس ھېسابلىنىشىنىڭمۇ ھېچقانداق ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىدى.

يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۆ خىل ئېتىقادنىڭ شەكىللىنىشىدە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى، يەنى بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىستىكىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينىغاندى. شۇڭا بەزى ئالىملار بۇ خىل ئېتىقادنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەققىدە «مەركىزىي ئاسىيادىكى كۆچمەن ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە سىستېمىسىدىكى بىرلىككە كەلگەن تەڭرىنى — كۆكنى ئۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن دۆلەت قۇرۇش، ئالىي ھوقۇقنى ۋە قەبىلە ئۇرۇقلىرىنىڭ چوقۇنۇشلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىستىكىنى مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى»[21]، دەيدۇ.

ۋ. كوپپېرس (W. Koppers) بۇ ئېتىقادنىڭ قەدىمكى يايلاق خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. مەشھۇر دىن تارىخچىسى م. ئېلىئادىي (M. Eliade) مۇ، كۆككە چوقۇنۇشنىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي ئاسىيا خەلقلىرى ئۈچۈن ئېتىقاد نۇقتىسىدىن خاراكتېرلىك بىر سىستېما ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ[22]. فرانسىيەلىك دوكتور ر. گرائۇدمۇ كۆككە — تەڭرىگە چوقۇنۇشنىڭ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردىكى مۇھىم بىر چوقۇنۇش پائالىيىتى ئىكەنلىكى ھەم بۇنىڭ پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرگە ئومۇمىي ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ[23].

كۆك تۈركلەردە كۆك تەڭرى ئاجايىپ زور قۇدرەتكە ئىگە بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن بولۇپ[24]، ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ ھامىيسى ھېسابلانغانىدى[25].

ئورخۇن ـ يېنىسەي ئابىدىلىرىدىكى خاقانلار، قەھرىمانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇشى، مۇشكۇل شارائىتلاردا ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردە غەلىبە قازىنىشى، خەلقنى ئىدارە قىلىشى، دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممى-

سىنى تەڭرىنىڭ (ئاسماننىڭ) ھىمايىسىدىن، ئىلتىپاتىدىن دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەر قېتىملىق ئۇتۇقلىرىنى بايان قىلغاندا، «تەڭرى مەدەت قىلغانلىقى ئۈچۈن»، «تەڭرى ساقلىغانلىقى ئۈچۈن» دېگەندەك سۆزلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەڭرىگە بولغان ئېتىقادىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى مۇقەددەس ھېسابلاپ ئېتىقاد قىلغان ئوبيېكتلارنى تىلغا ئالغاندا، ئەڭ ئالدى بىلەن تەڭرىنى (ئاسماننى) تىلغا ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ياندىشىدىغان ئۇماي، يەر ـ سۇ قاتارلىقلارنى تىلغا ئالىدۇ. قىسمەن ئورۇنلاردا ئەجدادلارغا سېغىنىش خاھىشىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئۈستىمىزدىكى تەڭرى، مۇقەددەس يەر ـ سۇ ۋە ئەجدادىم خاقانىنىڭ روھى خۇشال بولمىغان بولسا كېرەك، توققۇز ئوغۇز خەلقى يەر ـ سۈيىنى تاشلاپ تابغاچقا باردى».

(«بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، شەرق تەرەپ 35 ـ قۇر)

لېكىن ھەرقانداق ئەھۋالدا رەت تەرتىپ جەھەتتە تەڭرى ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، ئالماشتۇرۇپ قويىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەيدۇ. بۇنىڭغا قاراپ بەزى تەتقىقاتچىلار قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر ئۇلۇغلاپ ئېتىقاد قىلغان ئىلاھلارنى بىرىنەچچە دەرىجىگە بۆلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرىدىكى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ــــ تەڭرى (ئاسمان)؛ ئىككىنچى ئورۇندىكىسى ــــ ئۇماي؛ ئۈچىنچى ئورۇندىكىسى ــــ مۇقەددەس يەر ـ سۇ؛ تۆتىنچى ئورۇندىكىسى ــــ ئەجدادلارغا چوقۇنۇش. بىرىنچى دەرىجىدىكى ئوبيېكت بىلەن ئىككىنچى دەرىجىدىكى ئوبيېكتنىڭ مۇناسىۋىتى ــــ تەڭرى يۇقىرى بىلەن، يەنى ئاسمان بىلەن، ئۇماي بولسا تۆۋەن بىلەن، يەنى يەر بىلەن باغلانغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بىرىنچى ئوبيېكت بىلەن ئۈچىنچىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ خۇددى بىرىنچى بىلەن ئىككىنچىنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. يەنى يۇقىرى ـ تۆۋەن، كۆك ــــ يەر مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ[26].

تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدىكى كۆككە ــــ تەڭرىگە چوقۇنۇشنىڭ ناھايىتىمۇ كۈچلۈكلۈكى، ئۇلارنىڭ چۇ-

شەنچىسىدىكى تەڭرىنىڭ (كۆكنىڭ) ھەممىگە قادىر، تەڭداشسىز
كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە قارىتا، بەزى تەتقىقاتچىلار
قەدىمكى تۈرك دىنىنىڭ مونوتىزملىق (بىر خۇدالىق) ئېتىقادقا
يېقىنراق كېلىدىغانلىقى، ئۇنى «تەڭرىچىلىك» دېگەن ئاتالغۇ بىـ
لەن ئاتاشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ھەم ئۇنىڭدا (تەڭرىچىـ
لىكتە) قەدىمكى كۆپ قاتلاملىق مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىشىدۇ[27].

ئەجدادلارنىڭ ئېتىقادلىرىدىكى «تەڭرى» چۈشەنچىسىنىڭ
كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان بىر يېرى شۇكى، دەسلەپتە ھەمـ
مىگە قادىر، ھەممىنى ئاتا قىلغان، ئېتىقاد ئوبيېكتلىرى ئارىـ
سىدا ئەڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان «تەڭرى»نىڭ ھەممىگە قادىر ئىـ
كەنلىكىدىن ئىبارەت كۈچ ـ قۇدرىتى ھەققىدىكى چۈشەنچە باشـ
تىن ـ ئاخىر بىردەكلىككە، ئىزچىللىققا ئىگە بولمايدۇ. بىز
«كۆل تېكىن مەڭگۇ تېشى»دا تۆۋەندىكى قۇرنىمۇ ئۇچرىتىمىز:
«يۇقىرىدا كۆك تەڭرى (ئاسمان)، تۆۋەندە يەر يارىتىلغاندا، ئىكـ
كىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان ئوغلى يارىتىلىپتۇ» («كۆل تېكىن»،
شەرق تەرەپ 1 ـ قۇر).

بۇ يەردە «كۆك تەڭرى» دەسلەپىدىكى ھەممىگە قادىر، قۇدـ
رەتلىك، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تەڭرىنى كۆرسەتمەسـ
تىن، پەقەت «كۆك ئاسمان» دېگەن سۆز مەنىسىگىلا ئىگە بولغان.
ئەسلىدىكى تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە، قاغانغا ھىمايىچى بولۇپ
ھەممىنى ئاتا قىلغان تەڭرى بۇ يەردە باشقا بىر غايىۋى كۈچ تېـ
رىپىدىن يارىتىلغان يارالغۇچى بولۇپ قالغان. بۇ ھال كىشىنى
بىرئاز گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. ر. گرائۇدنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتـ
قاندا، ياراتقۇچىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا يەنە يارالغۇچى بولۇپ قېلىشى
ھەقىقەتەنمۇ چىگىش بىر مۇنازىرە تېمىسى ئىدى[28].

قەدىمدىن تارتىپ كۆكنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۆز ئېتىقادلىـ
رىدا ئۇنى ھەممىدىن ئۈستۈنكى ئورۇنغا قويغان كۆچمەن خەلقـ
لەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىدىكى كۆكنى ئۇلۇغلاشنىڭ 6 ـ،
7 ـ ئەسىرلەردىمۇ ئەسلىدىكى ھالىتىدە ئىزچىللاشقانلىقىنى ئاـ

بىدىلەردىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ھالبۇكى، يۇقىرىدىكى مەز-مۇنمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمايدۇ. تەڭرىنىڭ ئۇلار-نىڭ ئېتىقادىدىكى ئورنىنىڭ مۇنداق ئۆزگىرىشىنى كېيىنكى يا-دىكارلىقلاردىمۇ ئۇچرىتىمىز.

يۇقىرىدا بىز تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئېتىقادى-دىكى «تەڭرى» (كۆك ئاسمان)گە بولغان ئېتىقادىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ باردۇق. ئادەتتە كۆكنى (ئاسماننى) مۇقەددەس بىلىپ ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشنى بىز شامانىزم بىلەن باغلاپ چۈشىنىمىز. توغرا، كۆك ھەقىقەتەنمۇ شامان دىنىدىكى ئاساسىي ئېتىقاد ئوب-يېكتلىرىنىڭ بىرى. ئۇنداق بولسا، شامانىزم مەيدانغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىللەردىن باشلاپلا ئۇنىڭدا كۆكنى ئۆزلىرى چوقۇ-نىدىغان ئىلاھلاردىن بىرى دەپ قارايدىغان ئادەت بولغانمۇ؟ كۆك-نى ئۆزلىرى مۇقەددەس ھېسابلاپ ئېتىقاد قىلغان ئوبيېكتلار (ئىلاھلار) ئارىسىدا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىدى-كىگە ئوخشاش ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويغانمۇ؟

ھالبۇكى، شامانىزم ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆك-نى مۇقەددەس بىلىپ ئۇلۇغلاشنىڭ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشنىڭ شامان دىنىغا بىرئاز كېيىنرەك قوشۇلغانلىقىنى دەلىللەۋاتىدۇ[29].

كۆكنى (ئاسماننى) مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش شامانىزم بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، ئۇ شامانىزمدىكى چوقۇ-نۇلىدىغان ئاساسىي ئوبيېكتلار (ئىلاھلار)دىن بىرىگە ئايلاندى ھەم بۇ ئېتىقاد تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلۇپ، شامانلارنىڭ تەسەۋۋۇر-لىرىدا كۆك (ئاسمان) كۆپ قەۋەتلىك تەسەۋۋۇر قىلىنىپ كۆپ قاتلاملاشتى. بىز ئابىدىلەردىكى كۆك (تەڭرى) ھەققىدىكى چۈ-شەنچىلەردە ئۇنىڭ كۆپ قەۋەتلىك تەسەۋۋۇر قىلىنغانلىقىغا دائىر بىرەر مەلۇمات ئۇچراتمايمىز. ئەمما، شامانىزم چۈشەنچى-لىرىدە بولسا، ئاسمان 17 قات، يەر يەتتە قات تەسەۋۋۇر قىلىنى-دۇ (مانجۇلاردا)[30]. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى رۇس تىلىدا

نەشر قىلىنغان «سىبىرىيە توپلىمى» ناملىق ماتېرىيالدىمۇ ئۇ يەردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ شامان ئېتىقادىدىكى كۆك (ئاسمان) ئالىمى 12 قات، 16، 17 قات، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپە-يىپ 33 قاتقا قەدەر بارىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن[31]. ئاسماننى كۆپ قات دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش شىمالدىكى داغۇر، ئېۋېنكىي، ئېلىن-چۇن، خېجې، شىبە، ئۇيغۇر، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدى-مۇ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىدا ئاسمان ئۈچ، بەش، يەتتە، توققۇز قەۋەتلەرگە بۆلۈنگەن. بۇلاردىن باشقا، شامان دىنىنىڭ نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرىدا شامانىنىڭ كۆككە (ئاس-مانغا) چىقىش مۇراسىمىمۇ بولغان. شامان بۇ مۇراسىم ئارقىلىق ئەڭ ئۈستۈن قەۋەتتىكى ئاسمانغا چىقىپ ئاسمان ئىلاھى بىلەن (كۆك تەڭرىسى بىلەن) كۆرۈشۈش سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ، دەپ قارالغان[32].

دېمەك، ئاسماننى ئۇلۇغلاش، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش شامانىزم بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن، يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئا-ساسىي ئوبيېكت بولغان ئاسمان كۆپ قاتلارغا بۆلۈنگەن ۋە كۆك تەڭرىسى بۇ قەۋەتلەرنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدە تەسەۋۋۇر قى-لىنغان.

* *

ئىپتىدائىي كۆپ خۇدالىق ئېتىقاد دەۋرلىرىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلغان ئىلاھلار ئارىسىدىكى كۆككە (ئاسمانغا) قارىتا ئىشلەتكەن «تەڭ-رى» دېگەن بۇ نام ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرىنىڭ تەرەق-قىي قىلىشى، دىنىي چۈشەنچىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى جەريانىدا، ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىدا زور قۇدرەتكە ئىگە دەپ قارالغاندىن باشقا، غايىۋى كۈچلەرگىمۇ قوللىنىلغان. «ئۇيغۇر بۇددا تېكىست-لىرى»دە «دۇنيانى ساقلىغۇچى تەڭرىلەر»، «ئۇيغۇرچە مانى تېكىستلىرى»دە «بەش تەڭرىگە دەرۋازا ئاچتى»، «تۇرپان تېكىست-لىرى»دە «تەڭرىلەر تەڭرىسى بۇرھاننىڭ مۇقەددەس نومىدىكى

ئەمرىچە...» دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارنى ئۇچرىتىمىز[33].

ئۇلار ئۇچراشقان بەزى دىنلاردا گەرچە «تەڭرى» (ئىلاھ) دېگەن سۆز ياكى مۇشۇنىڭغا تەڭداش مەنىدىكى سۆز يوق بولسىمۇ، ئۇلار شۇ دىنلاردىكى چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرىغىمۇ يەنىلا «تەڭرى» سۆزىنى ئىشلىتىۋەرگەن. مەسىلەن: بۇددىزمدا ئادەتتە «تەڭرى» (ئىلاھ) سۆزى ئانچە قوللىنىلمايدۇ. بەلكى بۇددا، بۇدساتۋا، نىرۋانا... دېگەنگە ئوخشاش شۇ دىن بارلىققا كەلگەن ماكاندىكى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدىكى سۆزلەر ئارقىلىق بۇ دىنىنىڭ ئاساسىي چۈشەنچىلىرى ئىپادىلەنگەن ھەم تارقىلىشتىكى شۇ دىن بارلىققا كەلگەن زېمىندىكى خەلقنىڭ تىلىدىكى ئاتىلىشى بويىچە تارقالغان. لېكىن بۇ يېڭى ئېتىقاد ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بۇ دىنىي چۈشەنچىلەر ئارىسىدىمۇ ئۆزلىرى قەدىمدىن ئىشلىتىپ كەلگەن «تەڭرى» سۆزىنىمۇ بىللە قوللانغان.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىنسانلاردىكى ئىپتىدائىي كۆپ خۇدالىق ئېتىقاد بارا ـ بارا بىر خۇدالىق ئېتىقادقا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئەمما تۈركىي خەلقلەر قەدىمدە مۇقەددەس دەپ بىلگەن كۆكنىڭ نامىدىن كېلىپ چىققان «تەڭرى» سۆزى ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، يېڭى دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئىستېمالدىن چۈشۈپ قالمىدى، ئەكسىچە، ئۇلار مەيلى قايسىبىر يېڭى دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن ئۇچراشسۇن، ئۇنى قوبۇل قىلسۇن، ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادىدىكى ھەممىدىن مۇقەددەس، قۇدرەتلىك كۈچ دەپ قارالغان چۈشەنچىگە قارىتا قوللىنىلىدىغان مۇقەددەس نام بولۇپ قېلىۋەردى. تۈركىي خەلقلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بولسا، «تەڭرى» سۆزى ئىسلام دىنى بارلىققا كەلگەن زېمىندىكى خەلقلەرنىڭ ـــ ئەرەبلەرنىڭ تىلىدىن كىرگەن «ئىلاھ» سۆزى ۋە پارسچىدىن كىرگەن «خۇدا» قاتارلىق سۆزلەر بىلەن تەڭداش مەنىدىكى سۆز سۈپىتىدە داۋاملىق قوللىنىلىۋەردى. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، «تەڭرى» دېگەن بۇ

سۆز تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى دىنىي ئېتىقاد-لىرىنى مەلۇم جەھەتلەردىن تۇتاشتۇرۇپ، دەۋرلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ كەلگەن دىنىي ئۇقۇم، بىر مەدەنىيەت ئاتالغۇسى بولۇپ قالدى.

ئەمما، كۆكنى مۇقەددەس بىلىش، ئۇلۇغلاش ئادىتىنىڭ ئىزنالىرى، مەيلى قەدىمكى ھالىتىدە بولسۇن، ياكى شامانىزم بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەندىن كېيىنكى ھالەتتە بولسۇن، تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ھامان مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ قېلىۋەردى.

ئىزاھلار:

① ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى تارىخىدىن ئون ئىككى لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 11 - بەت.

② شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 - يىل نەشرى، 53 - بەت.

③ «شىنجاڭدىكى دىنلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل خەنزۇچە نەشرى، كىرىش سۆز 1 - بەت.

④ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 402 - بەت.

⑤ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت، ئىلاھىيەت قاراشلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 - يىل 1 - سان 64 - بەت.

⑥ ھېرودوت: «تارىخ»، 1972 - يىل لېنىنگراد نەشرى، 1 - توم 126 - بەت.

⑦ ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «قەدىمكى تۈرك دىنى»، 1980 - يىل، ئەنقەرە تۈركچە نەشرى، 42 - بەت.

⑧ س. گ. كلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرىدىكى ئەپسانىۋى سيۇژېتلار، «تۈركولوگىيە توپلىمى - 1977»، 1981 - يىل موسكۋا رۇسچە نەشرى، 124 - بەت.

⑨ ن. يا. بىچۇرىن: «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1950 - يىل موسكۋا - لېنىنگراد نەشرى، 1 - توم 49 - بەت.

⑩ مەھمۇد كاشغەري: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى، 3 ـ توم 515 ـ بەت.

⑪ يۈەن شېلى: «ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى شامان مەدەنىيىتىنىڭ قالدۇقلىرى»، لاڭ يىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن، «ئالتاي تىللىرى ئائىلىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ بايان ئەدەبىياتى ۋە شامان مەدەنىيىتى» ناملىق كىتاب، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1990 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 171 ـ بەت.

⑫ گ. ر. غالدانوۋا: «تۈرك ـ موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ ئىلاھى ‹تەڭرى› توغرىسىدا» ـ «تۈركولوگىيە ـ 1988»، 1988 ـ يىل فرونزى رۇسچە نەشرى 551 ـ بەت.

⑬ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى. 111 ـ بەتتىكى 34 ـ ئىزاھقا قارالسۇن.

⑭ گ. نېمېت: «تۈركلۈكنىڭ قەدىمكى دەۋرى»، 1940 ـ يىل تۈركچە تەرجىمىسى 306 ـ بەت (ئىبراھىم كافەس ئوغلى، «قەدىمكى تۈرك دىنى»، 66 ـ بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىندى).

⑮ گ. نېمېت: يۇقىرىدىكى كىتاب 305 ـ بەت 11 ـ ئىزاھ، تەرجىماننىڭ ئىزاھاتى (ئىبراھىم كافەس ئوغلى، 66 ـ بەت).

⑯ ئىبراھىم كافەس ئوغلى: «قەدىمكى تۈرك دىنى» 66 ـ بەت.

⑰ گ. نېمېت: يۇقىرىدىكى كىتاب 306 ـ بەت (ئىبراھىم كافەس ئوغلى، 65 ـ بەتتىكى 122 ـ ئىزاھقا قارالسۇن).

⑱ ئىبراھىم كافەس ئوغلى، يۇقىرىدىكى كىتاب 65 ـ بەت، 122 ـ ئىزاھات.

⑲ ئىمىن تۇرسۇن: «ھۇن ـ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى» ـ «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 141 ـ بەتتىن 157 ـ بەتكىچە.

⑳ «شىنجاڭدىكى دىنلار»، 1989 ـ يىل ئۈرۈمچى خەنزۇچە نەشرى 2 ـ بەت.

㉑ ㉕ گ. ر. غالدانوۋا: «تۈرك ـ موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ ئىلاھى ـــ ‹تەڭرى› توغرىسىدا» ـ «تۈركولوگىيە ـــ 1988»، 1988 ـ يىل فرونزى رۇسچە نەشرى، 551 ـ بەت.

㉒ ئىبراھىم كافەس ئوغلى، يۇقىرىدىكى كىتاب 56 ـ بەتكە قارالسۇن.

㉓ ر. گرائۇد، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن كىتاب، 136 ـ 137 ـ بەت-
لەر.

㉔ ئىبراھىم كافەس ئوغلى، يۇقىرىدىكى كىتاب 63 ـ بەت.

㉖ ئى. ۋ. ستېبلېۋا: «قەدىمكى تۈرك دىنىي ئەپسانە سىستېمىسى-
نىڭ تىكلىنىشى توغرىسىدا» ـ «تۈركولوگىيە توپلىمى ـ 1971»، 1972 ـ
يىل موسكۋا نەشرى، 213 ـ 217 ـ بەتلەر.

㉗ س. گ. كلياشتورنىي: «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرىدىكى ئەپ-
سانىۋى سيۇژىتلار» ـ «تۈركولوگىيە توپلىمى — 1977»، 1981 ـ يىل
موسكۋا نەشرى، 124 ـ بەت.

**ئەسكەرتىش:** بۇ يەردىكى كۆپ قاتلاملىق، گەرچە كۆرۈنۈشتە مونو-
تىزملىق ئېتىقادقا يېقىن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنىلا ئېتىقاد ئوبيېكتى
كۆك (تەڭرى) يالغۇز بولماستىن، بەلكى ئۇماي، يەر ـ سۇ ۋە باشقىلارنىڭ
بار ئىكەنلىكىگە قارىتىلغان. بۇنى تەڭرى (ئاسمان)نىڭ كۆپ قاتلاملىق
ئىكەنلىكى ھەققىدىكى پىكىر دەپ چۈشەنمەسلىك كېرەك. — ئا)

㉘ ئىبراھىم كافەس ئوغلى، يۇقىرىدىكى كىتاب 59 ـ بەتكە
قارالسۇن.

㉙㉚㉛ ۋۇ بىڭئەن: «سىرلىق شامان دۇنياسى»، شاڭخەي ئۇچ بىر-
لەشمە كىتابخانىسى، 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ بەتتىن 10 ـ
بەتكىچە.

㉜ ئى. ۋ. ستېبلېۋا: يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ماقالە، «تۈركولوگى-
يە توپلىمى — 1971»، 214 ـ بەت، شۇنىڭدەك شۇ بەتتىكى⑤ ئىزاھقا
قارالسۇن.

㉝ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ماقالە،
«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1990 ـ يىل 1 ـ سان.

# قەشقەردىكى خان جەمەتى ۋە بەگلەر

## 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى غەربىي يۇرت

### ساۋادا مىنورۇ

**مۇقەددىمە:**

15 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىچە ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، ئويرات قاتارلىق كۆچمەن چارۋىچى قەۋملەر كۈچىيىپ، چاغاتاي خان جەمەتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان. موغۇلىستان خان جەمەتىدىكى خانلار مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە يەتتە سۇ يايلاقلىرىدىن تارىم بوستانلىقلىرىغا كۆچتى. ئۇلار تۇرپان رايونى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا كۆچكەن بولسىمۇ، 1514 ـ يىلى قەشقەرگە بېسىپ كىرگەن سەئىدخاننىڭ ئەۋلادى، يەنى قەشقەر خان جەمەتى 16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۇرپانغا بېسىپ كېلىپ، تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارنى ئاساسەن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، قەشقەر خان جەمەتى ياركەنتنى مەركەز قىلغان غەربىي خان جەمەتى ۋە تۇرپاننى مەركەز قىلغان شەرقىي خان جەمەتى دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. شەرقىي خان جەمەتىدىن بولغان ئابدۇللاخان 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا غەربىي خان جەمەتىدىن ئېشىپ چۈشۈپ، ياركەنتكە بېسىپ كېلىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي يېرىمىنى ئىگىلىدى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن 30 يىلدەك تەختتە ئولتۇرۇپ، تارىختىكى قەشقەر خانلىرى ئىچىدە ئۇزۇن سەلتەنەت سۈرگەن خان دېگەن شەرەپكە ئېرىشتى.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى غەربىي يۇرتتا، قەشقەر

خان جەمەتى بىلەن تەسەۋۋۇپ تەرىقىتىدىكى قەشقەر خوجىلىرى
هۆكۈمرانلىق قاتلىمىنىڭ ئەڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان دەپ قارد-
لىدۇ[1]. ئەمما، ئىككى تەرەپ سىياسىي كۈچىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋا-
لى ئانچە ئېنىق ئەمەس. بۇ ماقالىدە قەشقەر خان جەمەتىنىڭ
سىياسىي كۈچى ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇشنى مەقسەت قىلىمەن. يەنى راكۋېت (G. Raquette)
ئەپەندى تونۇشتۇرغان ئاتالمىش «ۋەقفىنامە»نى ئابدۇللا خاننىڭ
ئوغلى چىقارغان يارلىق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئەينى دەۋرنىڭ
تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى سىياسىي تارىخقا پاكىت قىلماقچىمەن.
بۇ يەردە ماقالەمنىڭ ئىككىنچى بابىنىڭ ئاساسلىق تارىخىي
ماتېرىيالى بولغان شاھ مەھمۇت ىبنىنى مىرزا فازىل جۇراسنىڭ
«تارىخ»[2] دېگەن ئەسىرىنىڭ قىممىتى توغرىسىدا توختالماقچى.
مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىقىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملى-
رىنىڭ نەقىل ۋە قىسمەن تەرجىمىلىرىدىن[3] بىلگەن بولساقمۇ،
تولۇق پايدىلىنالمىغاندۇق. يېقىندا ئاكىمۇشكىن ئەپەندى تارد-
خىي ماتېرىيالشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە تولۇق تەرجىمىسى بد-
لەن شەرھىيىسىنى ھەم ئەسلىي نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرۇپ
پايدىلىنىشىمىزغا قولايلىق ياراتتى[4]. «تارىخ»تا تىلغا ئېلىنغان
ۋەقەلەرنىڭ ئاخىرقى يىل چېكى ئابدۇللا خاندىن ئىككى ئەۋلاد
كېيىنكى ئىسمائىل خان دەۋرى، يەنى ھىجرىيە 1080 ـ يىلى
زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 11 ـ كۈنى دۈشەنبە (مىلادىيە 1670 ـ يىلى
4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى) («تارىخ» 99 ـ بەت)دۇر. ئاكىمۇشكىن
ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، مەزكۇر ئەسەر 1673 ـ يىلىنىڭ
بېشىدىن 1776 ـ يىلى يازغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان[5].
ئاپتورى مەزكۇر تارىخىي ماتېرىيالدا ئېنىق ئېيتىلغاندەك («تا-
رىخ» 9 ـ بەت) شاھ مەھمۇت ىبنىنى مىرزا فازىل جۇراستۇر. ئۇ-
نىڭ ھاياتىغا دائىر بىرەر نەرسە بىلمىسەكمۇ، ئۇ 17 ـ ئەسىرنىڭ
20 ـ يىللىرىدا تۇغۇلۇپ، 70 ـ 80 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ياركەنت-
تە ۋاپات بولغان[6] دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى مىرزا فازىل

ئابدۇللاخان تەختكە ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن خانىنىڭ پائالىيىتىگە ھەمدەم بولغان. خان دەۋرىدە ئوڭ قانات قوشبېگى ۋە ئوچبېگى[7] ۋە بارچۇق ھاكىمى بولغان («تارىخ»، 63 ـ، 64 ـ، 70 ـ، 71 ـ بەتلەر). يۇقىرىدىكى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، ئاپتور شاھ مەھمۇت بۇ ماقالىدە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئابدۇللاخان دەۋرىدىكى ۋەقەلەرنى كۆرگەن ـ ئاڭلىغان، شۇڭا ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق قاتلىمىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. يەنى «تارىخ» مەزمۇر خان دەۋرىدىكى ۋەقەلەرنى كۆزىتىشتە بىزنى ئىشەنچلىك مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەمما خاتىرىلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ يىل دەۋرى ئاساسەن ئېنىق ئەمەس (ئابدۇللاخان دەۋرىگە ئائىت تۆت ئىشنىڭ ۋاقتى ئېنىق يېزىلغان)، شۇڭا پايدىلانغاندا دىققەت قىلىش زۆرۈر دەپ قارايمەن.

**1. 1662 ـ يىلدىكى يارلىق**

بۇ ماقالەمدە پايدىلانغان «يارلىق» راكۋېت ئەپەندى تونۇشتۇرغان يارلىق[8] تۇر. ئۇ كونسۇل پېتروۋسكىي دەۋرىدىكى روسىيىلىك بىر ئاقساقالدىن قالغان كىتابلار ئارىسىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، 1914 ـ يىلى راكۋېت ئەپەندىنىڭ قولىغا چۈشكەن[9]. راكۋېت ئەپەندى بۇنى ۋەقفنامە دەپ چۈشىنىپ قالغان. مۇنداق دېيىشنىڭ ئاساسى يوق[10]. ف. گەيس ئەپەندى ھۆججەتنىڭ تەرجىمىسى بىلەن ترانسكرىپسىيىسىدىكى خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ، تولۇق تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدۇرۇپ راكۋېتنىڭ يەشمىسىنى تەنقىد قىلغان[11]. ئارقىدىنلا ئا. ك. بورووكوف ئەپەندى بۇ ھۆججەتنى خانىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن سۇيۇرغال قىلىشنى مەزمۇن قىلغان «يارلىق» دەپ كۆرسەتكەن[12].

يۇقىرىدىكىلەرگە ئاساسلىنىپ بۇ يارلىقنى چىقارغۇچى، يارلىق چىقىرىلغان ۋاقىت، ئورۇن ۋە يارلىق مەزمۇنىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزىمەن. راكۋېت ئەپەندى ئېلان قىلدۇرغان فوتو نۇسخىنى «يارلىق» دەپ ئاتىغان.

«يارلىق»نىڭ ئىككىنچى قۇرىدىكى[13] «ھەزرەتى خان دادام يارلىقىدىن ئوبۇلغازى يولبارس باھادۇرخان سۆزۈم»[14] دېگەن جۈملە بىلەن «يارلىق»نىڭ 3 ـ قۇرىغا قارىغاندا چولڭ قىلىپ يېزىلغان. بۇ «يارلىق»نىڭ چىقارغۇچىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، بۇ نۇقتا ۋ. ۋ. بارتولد بايقىغان «سىغىناقنامە»، «تارىخىي ئەمىنىدىيە»دە خاتىرىلەنگەن «يارلىق»[15]، بىز كېيىنچە بايان قىلماقچى بولغان شەيبانىيلار خانى ۋە ئابدۇللەتىفنىڭ يارلىقىنىڭ تېمىسىدىن قارىغاندىمۇ شۇبھىسىزدۇر. يەنە ئۇ ھۆججەتلەردىكى تېمىلار باشقا يارلىقلاردا[16] «سۆزىمىز ـ سۆزىمىز» دەپ ئاخىرلاشقان بولسا، بۇ يارلىقتىكى «سۆزۈم» سۆزى شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇلغان دەپ قارايمەن. يەنە ۋەسىقىنىڭ كىچىك تېمىسىدىكى «سۆزۈم» سۆزى مەزكۇر يارلىقنى چىقارغۇچىنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغىلا ئۇلانغان[17]. شۇ سەۋەبتىن يارلىقنىڭ چىقارغۇچىسى «ئوبۇلغازى يولبارس باھادۇرخان غازى» دەپ قارىلىدۇ. يەنە راكۇېت ئەپەندى يارلىق بېسىلغان ئىككى يەردىكى ئوخشاش يۇمىلاق تامغىنىڭ خېتىنى «يولبارس باھادۇرخان بىن... ئابدۇللاخان» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ[18]. فوتو نۇسخىسىدا بۇ خەتلەر ئوچۇق بولمىغاچقا، بۇ تامغىلارنى يارلىق چىقارغۇچىنى ئىسپاتلايدىغان تامغا دېيىش مۇۋاپىق، شۇڭا، «ھەزرەتى خان دادام يارلىقىدىن» دەپ ئېنىق ئىپادىلەنگىنىدەك بۇ يارلىق «ھەزرەتى خان دادام يارلىقى»غا ئاساسەن ئوغلى چىقارغان يارلىقتۇر.

ئەمدى يارلىق چىقىرىلغان ۋاقىت ۋە ئورۇننى مۇقىملاشتۇرۇۋالايلى، يارلىق تۆۋەندىكى سۆز بىلەن ئاخىرلاشقان: «مۆھۈرلۈك نىشانى ئالى شان تارىخ مىڭ يەتمىش ئۈچ، ئات يىلى سەفەر ئېيى دارىلسەلتەنە كاشغەر ۋىلايىتىدە بىتىلدى»[19]. يەنى بۇ يارلىق ھىجرىيە 1073 ـ يىلى سەپەر ئېيى (مىلادىيە 1662 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىگىچە توغرا كېلىدۇ)دا قەشقەردە چىقىرىلغان.

راكۇېت ئەپەندى يارلىقنىڭ مەزمۇنىنى قەشقەر بەشكېرەم

کەنتىننىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى سەيفۇللا بەگ قاتارلىق شەخسـ
لەرگە ۋەخپە قىلىشقا بۇيرۇغانلىق توغرىسىدىكى يارلىق بولسا
كېرەك دەپ چۈشەنگەن[20]، لېكىن گەيس ئەپەندى بۇنداق شەرھىيـ
لەشنى ئىنكار قىلىپ، سەيفۇللا بەگ ۋەخپە قىلغۇچى بولماسـ
تىن، سۇ ۋە يەر ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولغۇچى ئىكەنلىكىنى
دەلىللەيدۇ[21]. گەيسنىڭ ئىپتىقانلىرىنى بورووۋكوف ئەپەندى قۇۋۋـ
ۋەتلەيدۇ[22]، ياربالىغ ئۆستەڭدىن بىر ئېرىق سۇ سۇيۇرغال قىلىـ
دۇق ۋە تەقى بىر قىتئە يەرئى مەئلۇم ئەل ھۇدۇد ۋە ئەل فەۋاسىل
كى ئەبەن ئەن جەددىن مۈلكى كېلىپ تۇرۇر، تاقە مۇلۇكلىكىنى
قەبۇل قىلىپ ۋە مۇسەللەم تۇتۇپ (ۋەخفە قىلىپ) بەردۇك»[23]،
دېيىلگەن. راكۇېت ئەپەندىنىڭ شەرھىيسىدە خاتالىق بار. كەمىنە
گەيس بىلەن بورووۋكوف ئەپەندىنىڭ شەرھىيسىنى قۇۋۋەتلەيمەن.
يەنە يار بالىغ قەشقەر (تۇمەن) دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بەشكېـ
رەم ئەتراپىدىكى يارباغلىغ (يارباغلىق) بولۇشى مۇمكىن دەپ قىـ
ياس قىلىنىدۇ[24].

سۇيۇرغاللىقتا ئېرىشكۈچى بۇ شەخسنىڭ ئىسمىنى گەيس
ئەپەندى «سەيفۇللا بەگچۇر» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان، ئاخىرـ
قى سۆز «چۇر»نى نام ـ ئاتاق دەپ چۈشەنگەن[25]. گەيس ئەپەندى
كۆرسەتكەندەك، يارلىقنىڭ 11 ـ قۇرىدىكى «سەيفۇللا بەگ»كە ئۇـ
لىشىپ كەلگەن سۆزنىڭ CHWRAS دەپ خاتىرىلەنگەنلىكى
ئېنىق. فۇئاد كۆپرۈلۈ بىلەن بورووۋكوف ئەپەندى بۇ سۆزنى
«جۇراس» دەپ ئوقۇپ كىشى ئىسمىنىڭ بىرقىسمى[26] دېگەن.
مەنمۇ بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلەيمەن. چۈنكى، جۇراس موغۇللارنىڭ
بىر كۆچمەن قەۋمى بولۇپ، جۇراس قەۋمىدىن بولغانلارنىڭ تارىم
ئويمانلىقىدىكى پائالىيىتىنى مانوئېيجى ئەپەندى ئايدىڭلاشتۇرغان[27].
شۇڭا بۇ كىشىنىڭ ئىسمى سەيفۇللا بەگ جۇراس بولۇشى كېرەك.
بۇ شەخسنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدا ئايرىم توختىلىمەن.

ئاخىرىدا يارلىقنىڭ چىقارغۇچىسى بولمىش «ئوبۇلغازى
يولبارس باھادۇرخان غازى»نىڭ تارىخىي ئورنى ھەققىدە توختىـ

لىمەن. ئىككىنچى بابتا مۇھاكىمە قىلماقچى بولغان ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى يولبارس يارلىق چىقىرىلغان 1662 ـ يىلى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى. يارلىق چىقارغۇچىنىڭ ئىسمىنىڭمۇ يولبارس بولۇشى دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. ئۇنداقتا ئۇ يولبارسنىڭ نام ـ شەرىپىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ بۇ يەردە سېلىشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغىنى شەيبانىيلار خانىنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن، ئابدۇللەتىف خان 1544 ـ يىلى چىقارغان خوجا ئەھرارنىڭ ئەۋلادىغا مال ـ مۈلكىنى قايتۇرۇپ بېرىش ۋە باجنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى يارلىقتۇر. ئابدۇللەتىفنىڭ نامى مەزكۇر يارلىقتا «ئوبۇلغازى ئابدۇللەتىف باھادۇرخان»[28] دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇنداق ئاتاش يۇقىرىدا بايان قىلغان يارلىقنىڭ تېمىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ[29]. يارلىقتىكى يولبارسنىڭ نام ـ شەرىپىمۇ يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش. شۇ سەۋەبتىن، يارلىقنىڭ چىقارغۇچىسى قەشقەر خان جەمەتىدىن ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى يولبارس دەپ ھۆكۈم قىلساق خاتا بولمايدۇ.

يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلغاندەك راكۋېت ئەپەندى تونۇشتۇرغان 1662 ـ يىلىدىكى يارلىق ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى يولبارس قەشقەردە چىقارغان يارلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يارلىقنىڭ مەزمۇنىدا سەيفۇللا بەگ جۇراس قاتارلىق شەخسلەرگە زېمىن، سۇ سۇيۇرغال قىلىش، يەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى بېكىتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان يارلىق ئەينى چاغدىكى قەشقەر خان جەمەتىنىڭ قانۇنىي نوپۇزى بىلەن شۇ نوپۇزدىن كەلگەن ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە كاپالەتلىك قىلغان بەگلەرنىڭ ئوبرازىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

ئەمدى «يارلىق» چىقىرىلغان چاغدىكى قەشقەر خان جەمەتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي ئەھۋالنى تونۇشتۇرىمەن.

**2. ئابدۇللاخاننىڭ سەلتەنىتى**

(1) ئابدۇللاخاننىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى

ئابدۇللا 4 ـ ئەۋلاد قەشقەر خانى مۇھەممەدخاننىڭ سەلتەنە-

ىتىدىن باشلاپ چالىش (قاراشەھەر) بىلەن تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئابدۇرېھىم خاننىڭ چوڭ ئوغلىدۇر («تارىخ»، 61 ـ بەت). ئابدۇللا يەتتە يېشىدىن باشلاپ مىرزا ئوبۇلھادى دېگەن كۆسەن ھاكىمىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاقسۇغا لەشكەر تارتقان («تارىخ»، 54 ـ، 61 ـ، 62 ـ بەتلەر). مۇھەممەد خاننىڭ چەۋرىسى سۇلتان مەھمۇتخان يار-كەنتتىن ئاقسۇدىكى ئابدۇللاغا قوشۇن تارتىشقا تەييارلىق قى-لىۋاتقاندا، ھىجرىيە 1045 ـ يىلى (1635 ـ 1636 ـ يىللىرى) ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئاكىسى سۇلتان ئەھمەت خان ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ تەختكە ئولتۇرغان («تارىخ»، 62 ـ بەت).

ئابدۇللا قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ سۇلتان ئەھمەت خان بى-لەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئاقسۇغا قايتقان بولسىمۇ، تۇرپاندىن 2 ـ ئىنىسى ئوبۇل مۇھەممەتنى ئاقسۇغا چاقىرتىپ كې-لىپ، بىرلىكتە قەشقەرگە قوشۇن تارتقان («تارىخ»، 62 ـ، 63 ـ بەتلەر). سۇلتان ئەھمەدخان كۆپ سانلىق ئەمىرلىرىنىڭ ئاب-دۇللاغا يان بېسىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، بەلخكە قېچىپ بې-رىپ ئىمام قۇلى خاننىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتقاندا، ئەنجانلىقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن («تارىخ»، 63 ـ بەت). ئابدۇللا بولسا سۇلتان ئەھمەد خان قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ياركەنتكە كىرگەندە قەشقەر خوجىلىرىدىن خوجا مۇھەممەت يەھيانىڭ[30] قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان («تارىخ»، 63 ـ، 64 ـ بەتلەر)، بۇ ھى-جرىيىنىڭ 1048 ـ يىلى (1638 ـــ 1639 ـ يىللىرى) دىكى ئىش.

(2) قەشقەردىكى يولبارس بىلەن خوتەندىكى ئىبراھىم

ئابدۇللا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن قەشقەر، يېڭىسار، ئاقسۇ، ئۈچ، پامىر ئېگىزلىكىدىكى سارىغقۇل، خوتەن، خوتەننىڭ قاراقاش بازىرى قاتارلىق جايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى بەگلەرگە ۋە ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىغا بەرگەن. «تارىخ»تا ئابدۇللاخان

تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللار تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان:

ئابدۇللاخان قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى سۇبھانقۇلى بەگكە بەردى. مىرزا شاھىد جۇراسىنى يېڭىسارنىڭ ھاكىملىقىغا ئەۋەتتى. ئاقسۇنىڭ ھوقۇقىنى مىرزا ئابدۇساتتار بەگكە تاپشۇردى. ئۇچنىڭ ھوقۇقىنى مىرزا كۆچەك جۇراسقا بەردى. بۇرانغار بىلەن سارىغقولنى مىرزا شەھباز جۇراسقا تاپشۇردى. ھەزرىتى ئىبراھىم سۇلتاننى خوتەن مەملىكىتىنىڭ سەلتەنىتىگە تەيىنلىدى. مۇھەممەت مەنسۇر بەگنى ئۇنىڭ ئاتالىقى (ئۇستازى) قىلدى. ئەرەب بەگنى قاراقاش بازىرىغا ئەۋەتتى («تارىخ»، 64 ـ بەت).

ئابدۇللانىڭ 3 ـ ئىنىسى («تارىخ»، 61 ـ بەت) ئىبراھىمنىڭ خوتەن مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانى بولغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى توغرىسىدا تولۇقلىما قىلمىسا بولمايدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئېرىشكىنى سۇبھانقۇلى بەگ بولسىمۇ، ئابدۇللاخاننىڭ ئوغلى («تارىخ»، 61 ـ بەت) يولبارس توغرىسىدا مەزكۇر تارىخىي ماتېرىيالدا «(يولبارس) سەككىز يېشىدا قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ بېكىتىلىپ، قەشقەردە 30 يىل تۇردى»، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. يولبارسنىڭ قەشقەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتىنى دادىسى ئابدۇللانىڭ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدىن باشلانغان، دەپ ھېسابلىغاندىمۇ، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى سۈرۈشكە ئامالسىزمىز. يەنە يولبارس دادىسى ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، تاغىسى ئىسمائىل بىلەن ئۇرۇشۇپ، ياركەنتنى قولغا كىرگۈزۈپ، تەختكە ئولتۇرغان («تارىخ»، 93 ـ بەت). شۇ سەۋەبتىن يولبارس قەشقەرنى ئىدارە قىلغان 30 يىل ئابدۇللاخاننىڭ تەختتىكى مەزگىللىرىگە (1638 ــ 1639 ـ يىلىدىن 1668 ـ يىلىغىچە) توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئابدۇللا تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى سۇبھانقۇلى بىلەن يولبارس ئىككى كىشى

دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. «تارىخى كاشغەر»گە ئاساسلانغاندا [31] سۇبھانقۇلى يولبارسنىڭ ئاتالىقى (ئۇستازى) بولۇپ قەشقەرنىڭ ھاكىمى ئىكەن.

(3) ئابدۇللاخان بىلەن ئوغلى ۋە ئىنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى نىزا ۋە ئابدۇللاخاننىڭ تەختتىن چۈشۈشى

ئىبراھىمنىڭ خوتەننى، يولبارسنىڭ قەشقەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ئابدۇللاخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن بېرىلگەن بولسىمۇ، ئابدۇللاخان سەلتەنىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە يولبارس بىلەن ئابدۇللاخان ئارىسىدا ئىچكى نىزا پەيدا بولغان. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ تىركىشىشىدىن ئابدۇللاخان تەختتىن چۈشكەنگىچە بولغان جەريانىنى تونۇشتۇرىمەن.

ئىبراھىم قىرغىزلارغا لەشكەر تارتقاندا پائالىيەتچان بولۇپ كەتكەچكە، بۇ ئىش چوڭ ئاكىسى ئابدۇللانى ئەنسىرىتىپ قويغان. ئابدۇللاخان ئىبراھىم بىلەن 4 ـ ئىنىسى («تارىخ»، 61 ـ بەت) ئىسمائىلنى قوغلاپ چىقىرىش يارلىقىنى چىقارغان. نەتىجىدە ئىككى قېرىنداش چوڭ ئاكىسىنىڭ يارلىقىغا بىنائەن خوتەندىن چالىشقا ئاتلانغان («تارىخ»، 68 ـ، 69 ـ بەتلەر).

«تارىخ»تا بۇ ۋەقەنىڭ ۋاقتى خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخي ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، بۇ ۋاقىت تۆۋەندىكىدەك بېكىتىلگەن. «خان تىنچىتقان ۋاسسال موڭغۇل ـ ئۇيغۇر بەگلىرى تەزكىرىسى»نىڭ 110 ـ جىلدىدا شۈنجى سەلتەنەت دەۋرىنىڭ 12 ـ يىلىدىكى مەلۇماتتا ياركەنت توغرىسىدا مەلۇمات ئېلىپ كەلگەن كېپەك قاتارلىق كىشىلەرنىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ، ئابدۇرېھىمخان[32] نىڭ توققۇز ئوغلى رەت تەرتىپى بويىچە كۆرسىتىلگەن ۋە ئىبراھىمنىڭ خوتەندە تۇرىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. كېپەكنىڭ سۆزى شۈنجى 12 ـ يىلى (1655 ـ يىلى)دىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەر بەرگەنلىكىگە قاراپ، ئىبراھىم خوتەندىن قوغلانغان ۋاقىتنى 1655 ـ يىللاردىن كېيىن دەپ قارايمىز[33].

## قەشقەر خان جەمەتىنىڭ قىسقىچە نەسەبى




ئىبراھىم خوتەندىن قوغلانغاندىن كېيىن قالماقلار بىلەن ئۇچراشقان. ئابدۇللا يولبارس بىلەن نارىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى ئاتباشىغا كېلىپ قالماقلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، ئىبراھىم يېلداش تايشىنىڭ ئوغلى چۇجىكىن بىلەن ئاقسايدا ئابدۇللاخان ئاتا ـ بالىغا قارشى تۇرغان («تارىخ»، 78 ـ، 79 ـ بەتلەر).

شۇندىن كېيىن، ئىبراھىم ئۇكىسى ئىسمائىل بىلەن چالىشتا تۇرغان بولسا كېرەك. ئىبراھىمنى قېچىشقا مەجبۇر قىلغان ئابدۇللاخان چالىش، يولتۇزلارغا قوشۇن تارتقان، لېكىن ئىبراھىم، ئىسمائىل ئاكا ـ ئۇكا بىلەن سېرىڭ، يېلداش تايشى قاتارلىقلار ئابدۇللا ۋە ئوغلى («تارىخ»، 72 ـ بەت) نۇرىددىننىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىنىڭ قالايمىقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئابدۇللاخان ئاتا ـ بالىنى مەغلۇپ قىلغان («تارىخ»، 79 ـ، 81 ـ بەتلەر). خوتەندىن قوغلانغان ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئاكا ـ ئۇكىلار چالىش، يۇلتۇز تەرەپلەردە قالماق يېلداش تايشى ۋە سېرىڭنىڭ ھەربىي ياردىمى بىلەن ئابدۇللاخانغا تەھدىت سالغان كۈچكە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئەمدى قەشقەرنى ئىدارە قىلىۋاتقان يولبارس بىلەن ئابدۇللاخاننىڭ تىركىشىشىگە نەزەر سالماي بولمايدۇ. 1666 ـ يىلى يولبارس دادىسى ئابدۇللاغا قارشى غەليان كۆتەرمەكچى بولغان، ئۇ چاغدا كېرىيىگىچە بولغان خوتەن مەملىكىتى يولبارس-

ىنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللاغا سۇيۇرغال قىلىنغان بولۇپ، بارچۇق بى-
لەن سارىغقولمۇ يولبارسقا تەۋە ئىدى. ئابدۇللاغا بولسا ياركەنت
شەھىرىدىن باشقا تەسىر دائىرە قالمىغان («تارىخ»، 86 ـ بەت)
ئىدى. يولبارس ئابدۇللاخاننى مەملىكەتتىن قوغلاپ چىقىرىمەن،
دېگەن مەزمۇندا ياركەنتتىكى بەگلەرگە خەت ئەۋەتكەن بولسىمۇ،
بەگلەر دەرھال ماسلاشماي، ئەكسىچە بىر قىسىم بەگلەر ئاب-
دۇللاخانغا خەۋەر بېرىپ قويغان. نەتىجىدە، ئابدۇللاخان 1666 ـ
يىل 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەھلى جامائەتنى يىغىپ، يەكشەنبە
كۈنى ياركەنت شەھىرىدىكى چارسۇدا تىنى بەگ بىلەن نەقى بەگ-
نى قەتلى قىلغان. دۈشەنبە كۈنى يولبارسنىڭ قىزى خانزادە خا-
نىمنى ئۆلتۈرگەن. خوتەندىكى ئەبەيدۇللاغا كىشى ئەۋەتىپ ئۇنى
ئۆلتۈرىۋەتكەن («تارىخ»، 86 — 87 ـ بەتلەر).
يولبارسنىڭ دادىسى ئابدۇللاخانغا قارشى غەلىيانى ئابدۇللانىڭ
تىنى بەگ، نەقى بەگلەرنى ھەمدە يولبارسنىڭ قىزى ۋە ئوغلىنى
كېيىنكى ئىشلارغا نەزەر سېلىشتىن ئىلگىرى، غەلىيانغىچە بول-
غان ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ بىخلىنىش جەريانى-
نى تونۇشتۇرىمەن.
بۇ زىددىيەت جۇڭغارلاردىن سېنگې كېرىيىگە ھۇجۇم قىلىپ
كەلگەندە پەيدا بولغان. ئاۋۋال كېرىيىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ جەر-
يانى مۇنداق بولغان:
سېنگې غالدامانىڭ[34] قەشقەرنى تارتىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ
كېرىيىگە ھۇجۇم قىلىپ 5000 تاللانغان باتۇرى بىلەن كېرىيىگە
كەلدى. خۇدايبەردى بەگ كېرىيىنىڭ ھاكىمى بولۇپ، خانغا (ئاب-
دۇللا) كىشى ئەۋەتتى. بىراق، ئۇ دۈشمەننىڭ سېنگې ياكى باشقا
بىرسى ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى. (ئابدۇللا)خان ياركەنت-
تىكى لەشكەرلەر بىلەن ئەمىرلەرنى ياردەمگە ئەۋەتتى. ئەبەيدۇللا
سۇلتان خوتەن لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ خوتەندىن يولغا
چىقتى. («تارىخ»، 84 ـ بەت)، سېنگې خوتەن قوشۇنىنىڭ ھەرد-
كىتىنى بىلىۋېلىپ كېرىيىنى تاشلاپ قاچتى. ئابدۇللاخان بىلەن

قەشقەردىكى يولبارس جىددىي يۈرۈش قىلىپ، خوتەن لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ نىيىغا قوغلاپ كېلىپ، سىنگبىغا قارشى شىددەتلىك جەڭ قىلدى. ئاقىۋەت ئىككى تەرەپ سۈلھى تۈزۈپ جەڭنى ئاخىرلاشتۇردى («تارىخ»، 84 ـ 85 ـ بەتلەر).

«تارىخ» تا كېرىيىگە ھۇجۇم قىلىنغاندا خوتەندىن زەربە بېرىشكە چىققان ئەبەيدۇللانىڭ نامىلا تىلغا ئېلىنغان. «تارىخ»تا: «يولبارس خاننىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللا سۇلتاننىڭ پائالىيىتى ھەققىدە توختىلىپ: «(ئابدۇللاخان) ئەبەيدۇللا سۇلتاننى خوتەننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلىگەن» («تارىخ»، 82 ـ بەت) دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، باشقا يەردە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەبەيدۇللانىڭ ئۆلۈمىگە ئۇلاپلا: «ئەبەيدۇللانىڭ سەلتەنىتى تۆت يىل ئۈچ ئاي بولۇپ 18 يىل ئۆمۈر كۆرگەن» («تارىخ»، 87 ـ بەت) دەپ ئاخىرلاشتۇرغان. مەزكۇر تارىخىي ماتېرىيالدا يەنە ئۇنىڭ خوتەندىن ئۆزگە جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق ماتېرىيال ئۇچرىمايدۇ. شۇنىڭغا قاراپ، ئۇنى خوتەننى تۆت يىل ئۈچ ئاي ئىدارە قىلغان دېيىش خاتا ئەمەس. ئەبەيدۇللا ھىجرىيىنىڭ 1076 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ خوتەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان ۋاقىت ھىجرىيىنىڭ 1072 ـ يىلى رەجەپ ئېيىدا، يەنى 1662 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ ئايلار دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا ئىلىم ساھەسىدە سىنگبىنىڭ كېرىيىگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتى 1662 ـ يىلى 2 ـ، 3 ـ ئايلاردىن كېيىن، 1666 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن بۇرۇن دەپ قارىلىدۇ.

سىنگبىغا قايتۇرما زەربە بەرگەندە ئابدۇللاخان بىلەن يولبارس ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولغان. «سىنگبىغا قارشى يۈرۈش قىلغاندا (ئابدۇللا) خان بىلەن ئوغلى (يولبارس) ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولدى. بۇ ۋەقە يولبارس خاننىڭ[35] (ئابدۇللاخاندىن) مىرزا تىنى بەگكە ياركەنتنىڭ ھاكىملىقىنى، نەقى بەگكە ئىشىك ئاغىلىقىنى بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانلىقىدىن بولغان»، دەپ خاتىرىلەنگەن («تارىخ»، 85 ـ بەت). بۇ ئىتتىپاق-

سىزلىقا سەۋەبچى بولغان تىنى، نەقى بەگلەر يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، يولبارس دادىسى ئابدۇللاغا قارشى غەليان پىلانلاۋاتقاندا ئۆلتۈرۈلگەن. يولبارسنىڭ غەليانغىچە بولغان دادا ــ بالىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى تىركىشىشى ئىككى بەگكە ياركەنتنىڭ ھاكىملىقى بىلەن ئىشىك ئاغىلىق مەرتىۋىسىنى مەرھەمەت قىلىشنى چۆرىدىگەن زىددىيەتلەردىن كېلىپ چىققان، دەپ ھېسابلىغان ياخشىراق.

ئاتا ــ بالىنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى قەشقەر خوجا جەمەتىگە ئىككى تەرەپنىڭ تەسىر كۆچىنىمۇ ئاشكارىلىغان. يولبارس خوجا مۇھەممەت ئابدۇللاغا[36] ھۆرمەت قىلمىغان («تارىخ»، 85 ــ بەت)، بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە يولبارسنىڭ ئانا تەرەپ تاغىسى مىرزا ئوبۇلھادى مەكرىتىنىڭ قىزى شاھزادە ماھىمنى ئافاق خوجىغا ياتلىق (نىسبەتكەرد) قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇرىت بولغان[37]. «تەزكىرەتۇل جاھان»دا: «يولبارس خان دادىسىنىڭ سۆزىگە كىرمەي، ناشايان ئىشلارنى قىلىپ يۈردى. خوجا مۇھەممەت يۈسۈف بىلەن خوجا ئافاققا ناھايىتى ھۆرمەت بىلدۈرەتتى»[38] دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، يولبارس ھۆرمەت قىلمايدىغان خوجا مۇھەممەت ئابدۇللاخان ئۈچىنچى ئىنىسى ئىبراھىم، تۆتىنچى ئىنىسى ئىسمائىلغا قارشى يۈلتۈز، چالىشلارغا يۈرۈش قىلغاندا، ئابدۇللاخانغا ھەمسەپەر بولغان («تارىخ»، 79 ــ بەت). كېيىن يولبارسقا قارشى قەشقەرگە لەشكەر تارتقان پەيتتىمۇ، مەزكۇر خوجا بىلەن بىرگە بولغان.

يولبارسنىڭ غەليان پىلانىدا 1666 ــ يىلى 4 ــ ئايدا دۈشمەن ھېسابلانغان تىنى بەگ، نەقى بەگلەر بىلەن يولبارسنىڭ قىزى ۋە ئوغلى قەتلى قىلىنغان. ئابدۇللاخان ئاقسۇدىن نۇرىدىنى چاقىرتىپ كېلىپ قەشقەردىكى يولبارسقا قوشۇن تارتقان. يولبارس ئابدۇللاخاننىڭ قوشۇنى قەشقەرگە يېقىنلاشقاندا، ئۆزىنىڭ يېقىن ئەمىرلىرىنى نۇرىدىنىنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بې-

ـرىشكە ئەۋەتىپ، ئۆزى يېرىم كېچە بولغاندا قەلئەدىن چىقىپ قالماقلار تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. نەتىجىدە، قەشقەر مەملىكىتى نۇرىددىنغا سۇيۇرغال قىلىنغان («تارىخ»، 88 ـ بەت). بۇ سۇيۇر ـ غالدىن كېيىن ئابدۇللاخان يولبارسقا قارشى كېرىيە ئەتراپىغا لەشكەر تارتقان. قالماقلاردىن سېنگېنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن يولبارس دادىسىنى چېكىندۇرگەن[39]. نۇرىددىن ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. قەشقەردىكى قىپچاق ۋە چوك باغىش[40] قەبىلىلىرى بىلەن قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا كەسكىن زىددىيەت پەيدا بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي يولبارس ئۇچۇرتۇنىڭ[41] ياردىمىدە قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كەتكەن («تارىخ»، 90 ـ بەت).

شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللاخان يولبارسنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى مۇقىملاشمىغان. يۇ ـ قىرىدا بايان قىلىنغاندەك، شەرقتىكى چالىش، يۇلتۇز تەرەپلەردىكى ئاكا ـ ئۇكا ئىبراھىم، ئىسمائىللار قالماقلارنىڭ كۈچىگە تايىـ نىپ چوڭ ئاكىسى ئابدۇللاخاننىڭ ھەربىي كۈچىنى بېسىپ چۈ ـ شەلىگۈدەك كۈچلىنىپ قالغان. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئابدۇللاخان قېچىپ كېتىشنى ئويلاپ، مەككىگە سەپەر قىلىشقا تەييارلىنىپ 2000 غا يېقىن قىرغىز لەشكىرىنى يولبارسنى ئىز قوغلاشقا ئەۋەتىپ، ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىققان («تارىخ»، 90 ـ، 91 ـ بەتلەر). ئۇ كەشمىردىن ئۆتۈپ، موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پادى ـ شاھى ئەۋرەڭزىبنىڭ تەۋەيىگە يېتىپ كەلگەن چاغ ھىجرىيىنىڭ 1078 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 8 ـ كۈنى (1668 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى) دۇر[42].

(4) بىرىنچى باپتا مۇھاكىمە قىلىنغان «يارلىق» تىكى «يار ـ بالىغ» ئۆستەڭنىڭ بىر ئېرىق سۈيىنى سۇيۇرغال قىلدۇرۇپ، يەرنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى مۇقىملاشتۇرغان سەيفۇللا بەگ جۇراسنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى ئورنى توغرىسىدا توختىلىمەن. بۇ شەخس «تارىخ»تا نەزىرىمىزگە چېلىقىدۇ. شاھ

مەھمۇت جۇراس بۇ قوشۇن تارتىش بىلەن قەشقەردىن قايتۇرما زەربە بېرىشكە چىققان ئەھۋاللارنى تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەيدۇ: نۇرىددىن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئابدۇللاخاننىڭ سەردارلىرى بىلەن بىرلىكتە قىزىلنىڭ يولىغا (ياركەنتتىن) ئاتلاندى. (ئابدۇللا) خان بىلەن ھەزرىتى ئەزىزان (خوجا مۇھەممەت ئابدۇللا)[43] ئاستىنقى يول بىلەن ئاتلانغانىدى. قەرىيەيى سىڭقا كەلگەندە دەرۋىش مۇھەم- مەت ياساۋۇلنى بىرقانچەيلەن بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈۋەتتى. قەش- قەردىن مىرزا ئەلى شاھ بەگچەك، مىرزا سەيفۇللا جۇراس، يام- غۇرچى بەگ ساغرىچى قاتارلىق بىر توپ كىشىلەر بىرلىكتە نۇ- رىددىن خاننىڭ يولىنى توسۇپ، ئالىيلىرىنىڭ پەرمانىنى نۇرىد- دىنغا يەتكۈزدى («تارىخ»، 88 ـ بەت).

قەشقەردىن نۇرىددىننىڭ ئالدىغا چىققانلار ئىچىدە مىرزا سەيفۇللا جۇراس دېگەن شەخسنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. شەخس ئىسمى بىلەن قەبىلە نامىنىڭ ئوخشاشلىقى بىلەن ۋاقىت، ئورۇن ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇ شەخس 1662 ـ يىلى 9 ـ 10 ـ ئايلاردا قەشقەردە چىقىرىلغان «يارلىق»تىكى سەيفۇللا بەگ جۇراس بىلەن بىر كىشى ئىكەنلىكى ئېنىق. يەنە ئالدىنقىغا «بەگ» ئاتىقى قوشۇلمىغان. ئالدىنقىسى بىلەن ئىسمى بىرگە ئاتالغانلىرىدىن مىرزا ئەلى شاھ بەگچەك، «تارىخ»نىڭ باشقا يېرىدە ئەلى شاھ بەگچەك، ئەلى شاھ بەگ دەپ ئاتالغان («تارىخ»، 95 ـ بەت). بۇ يەردە بەگ ئاتىقىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر ئىش. «تارىخ»تىكى جۇراس، بەگچەك دېگەندەك قەبىلە نامى، كىشى ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويۇلغان ياكى ئالماشتۇرۇپ قويۇل- غان «بەگ» ئاتىقىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا دائىر مىساللارنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ بولغىلى بولمايدۇ.

«تارىخ»تا سەيفۇللا جۇراس توغرىسىدا شۇندىن باشقا خاتىرە قالدۇرۇلمىغان. ئۇنىڭ بۇ ۋەقەنىڭ ئالدى ـ كەينىدە قانداق پائا- لىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، قانداق سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىد- دىن كەچۈرگەنلىكى نامەلۇم. 1662 ـ يىلى چىقىرىلغان يول- بارسنىڭ «يارلىق»ىدىكى بىر ئېرىق سۇنى سۇيۇرغال قىلدۇرۇپ

يەر ـ زېمىنىنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىنى مۇقىملاشـ تۇرۇش ئىشى بىلەن ئابدۇللاخان، نۇرىددىن ئاتا ـ بالىنىڭ ھۇـ جۇمىغا يولبارسىنىڭ قەشقەردىن چىقىپ قايتۇرما زەربە بەرگەنـ لىكى بىر رېئاللىق، سەيفۇللا بەگنىڭ يولبارسىنىڭ قەشقەردىكى قانۇنىي نوپۇزى ئارقىلىق ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىششى ئەـ مەلىيەتتە ئۇنىڭ يولبارس بىلەن ھەربىي جەھەتتە بىرلەشكەنلىـ كىنى ئاشكارىلايدۇ ھەم «يارلىق»نىڭ كۈچىنىمۇ دەلىللەپ بېرەـ لەيدۇ.

خۇلاسە

كەمىنە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەگ ئاتىقى بىلەن باشقا ئاـ تالغۇلار ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق نەزەردىن ساقىت قىـ لىنغان 1662 ـ يىلىدىكى «يارلىق» ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئورنىنى «تارىخ»تىن پايدىلىنىپ دەلىللەپ چىقتىم. ئەينى چاغدىكى سىـ ياسىي ۋەزىيەتنى ئايدىڭلاشتۇردۇم.

ئابدۇللاخاننىڭ «يارلىق»ى بويىچە ئۇنىڭ ئوغلى يولبارس چىقارغان «يارلىق» ئەينى چاغدىكى قەشقەر خان جەمەتىنىڭ قانۇـ نىي نوپۇزىنىڭ ئەمەلىيلىكىنى كونكرېت ئىپادىلىگەن. «يارلىق» تىن ئىقتىسادىي جەھەتتە مەنپەئەتكە ئېرىشكەن سەيفۇللا جوراس قاتارلىق بەگلەر يولبارسقا ھەربىي جەھەتتە تۆھپە كۆرسەتكەنلىك ئەمەلىيىتى، خان جەمەتى ھوقۇقىنى يۆلەپ تۇرغان جەمئىيەت ئاساسىنىڭ قانداقلىقىنى تولۇق پەرەز قىلدۇرىدۇ. سىياسىي تاـ رىخ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، «يارلىق» چىقىرىلغان ۋاقىت يولـ بارس ئابدۇللاخاندىن يۈز ئۆرۈشتىن نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئاكا ـ ئۇكا ئىبراھىم، ئىسمائىللارنىڭ قالماقلار بىلەن ئۇچراشقان مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ.

«يارلىق»نىڭ مەزمۇنى ھەققىدە تولۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزەلـ مىدىم، شۇڭا يارلىقتا كاپالەت بېرىلگەن بەگلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەنپەئەتىنى ۋە ئۇنىڭ مەزكۇر رايوندىكى ئاھالىلەرـ گە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا تېخىمۇ ئىنچىكە تەتقىقات

ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىزاھلار:

① ساگۇچى تورۇ: «تۈركىستاندىكى خانلىقلار» (يېڭا نامى لېكسىد-يىلىرىنىڭ «دۇنيا تارىخى» قىسمى) 13 ـ توم، يېڭا نامى نەشرىياتى 1971 ـ يىلى نەشرى، 70 ـ بەت. 5 ـ ئىزاھ، مانو ئېيجى «ئوتتۇرا ئاسىيا تارد-خى» كودان (سۆھبەت) نەشرىياتى 1977 ـ يىلى نەشرى، 192 ـ، 193 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

② شاھ مەھمۇت جۇراسنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرى، 1976 ـ يىلى سابىق س س س ر ئالىمى ئاكىمۇشكىن تەرىپىدىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «خرونىكا» (يىلنامە) دېگەن نامدا نەشر قىلىنغان.

③ ۋ . پ . يۇدىن: «موغۇلىستان موغۇللىرىنىڭ قەبىلە تۈزۈلۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ قازاق ۋە باشقا قوشنا خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» (قازاق س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى خەۋەرلىرى) ئالمۇتا، 1965 ـ يىل 3 ـ سان، 52 ـ، 65 ـ بەتلەر؛ «قازاق خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» 15 ــ 18 ئەسىرلەر»، ئالمۇتا، 1969 ـ يىل نەشرى، 369 ـ 385 ـ بەتلەر.

④ «شاھ مەھمۇت بىن مىرزا فازىل جۇراسنىڭ يىلنامىسى» (باھا، تېكست، تەرجىمە، بايان، تەتقىقات ۋە كۆرسەتمە ئو. ف. ئاكىمۇشكىن. موسكۋا 1976 ـ يىلى نەشرى؛ شاھ مەھمۇت جۇراسنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتابىنى ئاكىمۇشكىن تەھقىقلىگەن تېكستتىن نەقىل ئالغانلىقىم ئۈ-چۈن ماقالەمدە مەزكۇر كىتابنىڭ نامى ۋە بەت سانى رۇسچە نەشرى بويىد-چە بېرىلدى. يەنە مەزكۇر ئەسەرنى خوندا جىسسىن، خامادا ماسامى، خورى گاۋا گىرىپ ئەپەندىلەردىن تەركىپ تاپقان «جۇراس تارىخىنى تەتقىق قىد-لىش جەمئىيىتى» مەزكۇر كىتابنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان. كەمىنە «جۇراس تارىخىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيد-تى»گە ئەزا بولۇپ، جەمئىيەت ئەزالىرى بولمىش ئەپەندىلەرنىڭ نۇرغۇن تەلىملىرىگە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ يەردە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

⑤ ئاكىمۇشكىن: 63 ـ، 64 ـ بەتلەر.

⑥ ئاكىمۇشكىن: 42 ـ، 43 ـ، 59 ـ، 60 ـ بەتلەر.

⑦ گ. راكۆيت: «قەشقەردىن تېپىلغان بىر ۋەقفنامە ۋە غەربىي يۇرتتىكى خوجىلار»، لۇند ۋە لېيپزىگ 1930 ـ يىلى، نېمىسچە نەشرى.

⑧ يۇقىرىقى كىتاب 3 ـ بەت.

⑨ يۇقىرىقى كىتاب 4 ـ، 6 ـ بەتلەر.
⑩ فرېدگەيس: قەشقەردىن تېپىلغان بىر ۋەقفە ھۆججىتى ۋە غەربىي يۇرتتىكى خوجىلار»غا ئىزاھ (ۋېنگرىيە يىلنامىسى) 6 ـ توم، 3 ـ باب، بېرلىن ۋە لېيپزىگ 1931 ـ يىلى نەشرى، 345 ـ 346 ـ بەتلەر، نېمىسچە.
⑪ ئا. ك. بورووۋكوف: «1812 ـ يىلى قەشقەردىن تېپىلغان ۋەقفە ھۆججىتى» (1959 ـ يىللىق قەدىمكى يادىكارلىقلار يىلنامىسى) 1960 ـ يىلى موسكۋا 345 ـ، 346 ـ بەتلەر.
⑫ «يارلىق»نىڭ ئۈستىۈنكى ئوڭ بۇرجىكىگە «ھەزرىتى سۇلتانغا» دەپ، شۇ سۆزنىڭ ئاستىغا، «شاھنامە، خۇسرەۋانە بىز» دەپ يېزىقلىق. بۇ سۆزلەرنىڭ يارلىقنىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق (راكۋېت 7 ـ، 8 ـ بەتلەر).
⑬ «يارلىق»نىڭ تەرجىمىسىدە راكۋېت «دادام» سۆزىنى «ئاتا» دەپ، گەيس «بوۋام» دەپ تەرجىمە قىلغان. مەن راكۋېتنىڭ تەرجىمىسىنى قوللايمەن (گۇننار ياررىڭ «شەرقىي تۈركچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت»، لوندون 1964 ـ يىلى 79 ـ بەت) بۇ مەسىلە ھەققىدە مانو ئېيىجى ئەپەندىنىڭ تەلىمىگە ئېرىشكەنىدىم. بۇ يەردە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.
⑭ ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپىرىمدىن خاتىرە» (ئەسەرلەر توپلىمى)، 8 ـ توم. موسكۋا، 1973 ـ يىل نەشرى 199 ـ، 203 ـ بەتلەردە «سىغناقنامە»نىڭ تېكستى بىلەن شەرھىيىسىنى ئېلان قىلغان. ۋ. پ. يۇدىن بۇنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، «قازاق خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار: 15 ــ 18 ـ ئەسىرلەر» نىڭ 317 ـ، 319 ـ بەتلىرىگە كىرگۈزگەن بۇ ھۆججەت «تارىخى ئەمىنىيە»دىمۇ تىلغا ئېلىنغان. «تارىخى ئەمىنىيە»نىڭ پېللىئوت ئەپەندى تەتقىق قىلىپ ساقلىنغان نۇسخىسىنى خامادا ماسامى ئەپەندىنىڭ ھىممىتى بىلەن مىكرو كوپىيەسىدىن كۆپەيتىۋالدىم. بۇ يەردە رەھمەت ئېيتىمەن.
⑮ ئو. د. چېخوۋىچ: «15 ــ 16 ـ ئەسىرلەردىكى سەمەرقەنت ھۆججەتلىرى»، موسكۋا 1974 ـ يىلى نەشرى، 37 ـ بەت.
⑯ 14 ـ ئىزاھتىكى ترانسكرىپسىيىگە قاراڭ.
⑰ راكۋېتنىڭ ئەسىرى، 9 ـ بەت.
⑱ «يارلىق»نىڭ 22 ـ قۇرىدىكى راكۋېت ئەپەندىنىڭ تەھقىقلىگەن تېكستى، 16 ـ بەت.
⑲ راكۋېتنىڭ ئەسىرى 3 ـ، 4 ـ بەتلەر.

⑳ گەيسىنىڭ ئەسىرى 281 ـ، 283 ـ بەتلەر.
㉑ بورووۋكوفنىڭ ئەسىرى 345 ـ بەتلەر.
㉒ «يارلىق»نىڭ 14 ـ، 15 ـ قۇرلىرى، بورووۋكوفنىڭ كۆرسەتكەنىدەك «ۋەقفە قىلىپ» دېگەن سۆز ئوخشاش بولمىغان قەلەم بىلەن يېزىلغاچقا، كېيىنكىلەر ئۆزگەرتكەن دەپ قارىلىدۇ (بورووۋكوفنىڭ ئەسىرى 345 ـ بەت)، «ئۆستەڭ» بىلەن «ئېرىق»قا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەردىن خورى سۇنا ئۇنىڭ «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سۇ ئىنشاـ ئاتى: 19 ــــ 20 ـ ئەسىرلەردىكى ياركەنت» (ئوتىمائې قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتى ماقالىلىرى)، 1980 ـ يىللىق 14 ـ سان 74 ـ، 75 ـ بەتلەرگە قاراڭ.
㉓ راكۇېتىنىڭ ئەسىرى 22 ـ بەت.
㉔ گەيسىنىڭ ئەسىرى 280 ـ بەت.
㉕ فۇئاد كۆپرۈلۈ: «راكۇېتىنىڭ ئەسىرى» ۋەقفىلەر ژۇرنىلى، ئەنقەرە.
1938 ـ يىلى 1 ـ سان 159 ـ بەت. بورووۋكوفنىڭ ئەسىرى 345 ـ بەت.
㉖ مانو ئېيجى: «موغۇلىستان» (شەرق مەدەنىيەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسىياشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى) توكيو 1978 ـ يىلى نەشرى؛ 34 ـ سان، 47 ـ، 51 ـ، 59 ـ بەتلەر.
㉗ ئو. د. چېخوۋىچنىڭ ئەسىرى؛ 37 ـ، 38 ـ بەتلەر.
㉘ شۇ كىتابنىڭ 311 ـ بېتى.
㉙ 14 ـ ئىزاھتىكى ترانسكرىپسىيىگە قاراڭ.
㉚ ئو. ف. ئاكىمۇشكىننىڭ 211 ـ بەتتىكى رۇسچە تەرجىمىسىگە قاراڭ. يەنە ئۇنىڭ «لەقەب»ى خوجا شادى بولۇپ، ئۇ خوجا مۇھەممەت ئىسھاقنىڭ 3 ـ ئوغلىدۇر. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 1055 ـ يىلى / مىلادىيە 1645 ـ 1646 ـ يىللىرى ۋاپات بولغان («تارىخ» 70 ـ بەت).
㉛ ئاكىمۇشكىننىڭ تەرجىمىسىدىكى 278 ـ ئىزاھقا قاراڭ. 309 ـ بەت.
㉜ «خانىدانىمىز مۆتىۋەرلىرى يوللىغان مەلۇماتلاردىن تۇنجى توپلام»، 1 ـ جىلد.
㉝ خانېدا ئاكىرا: «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدىكى غەربىي يۇرت ــــ شۇ دەۋردىكى ئىسلام تارىخىغا نەزەر» (شەرق تارىخى تەتقىقاتى، 1942 ـ يىلى 12 ـ بەت) ساگۇچى تورۇ: «چاغاـ

تاي خان جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە چىڭ سۇلالىسى» (شەرق ـ غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ سىڭىشىش تارىخى، 1975 ـ يىلى يوزان كاكو نەشرىياتى 367 ـ بەت.

㉞ كېيىنكىنىڭ سۆزىدىكىدەكلا، «ئابدۇلئەھمەت خان تۇرپاندا بولۇپ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلگەن»، ئەھمەت خان، يەنى ئوبۇل مۇھەممەت خاننىڭ ئۆلگەن ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ 1066 ـ يىلى، مىلادىي 1655 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن 1656 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ (تارىخ»، 76 ـ بەت). بۇ ئىككى ۋاقىت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چۈشەنگىلى بولمىسىمۇ، بۇ يەردە قايسىنىڭ توغرىلىقىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ.

㉟ خوشۇتتىكى ئوچۇرتۇچېچىن خاننىڭ ئوغلىدۇر (ئاكىمۇشكىنىنىڭ تەرجىمىسى 316 ـ بەتتىكى 323 ـ ئىزاھقا قاراڭ).

㊱ «تارىخ»تا خان دەپ ئاتالغان شەخسلەر تەختكە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرىمۇ خان دەپ ئاتىلىۋېرەتتى.

㊲ ئاكىمۇشكىنىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىدىكى 233 ـ بەتكە قاراڭ، يەنە ئۇ خوجا مۇھەممەت يەھيانىڭ چوڭ ئوغلىدۇر («تارىخ»، 70 ـ بەت).

㊳ «ئەنسۇتتالىبىن» ئاكىمۇشكىن تەھقىقلىگەن تېكىست، 339 ـ بەت.

㊴ «يولبارس خان ئاتىسىنىڭ سۆزىگە كىرمەي، گۇستاخلىق قىلۇر ئېردى. خوجا مۇھەممەد يۇسۇف بىلەن خوجا ئافاقغا بىسيار ئىززەت ـ ئىكراملار قىلۇر ئېردى»، بۇ ئەسەرنىڭ نۇسخىسىنى خامادا ماسامى ئەپەندىنىڭ ھىممىتى بىلەن مىكرو كوپىيىسىدىن كۆپەيتىۋالدىم. بۇ يەردە رەھمىتىمنى بىلدۇرىمەن. يەنە «تەزكىرەتۇل جاھان» ئاتالمىش «تەزكىرەئى خوجىگان» (ياكى «تەزكىرەئى ئەزىزان)» دېگەن رەسمىي نامى بار ئەسەردۇر. خامادا ماسامى: «ئىسلام ئەۋلىيالىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇرىتى» (شەرق مەدەنىيەت تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسىياشۇناسلىق ئىلمىي ژۇرنىلى) توكيو 1978 ـ يىلى نەشرى 90 ـ بەت.

㊵ ئاكىمۇشكىنىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى 227 ـ بەت.

㊶ ئاكىمۇشكىنىنىڭ ئەسىرى 318 ـ بەت، 334 ـ ئىزاھقا نەقىل ئېلىنغان «تارىخى كاشغەر».

㊷ قىپچاق بىلەن چوڭ باغىش قىرغىز قەۋمىدۇر. م. ئا. سالاھىددىنوۋا: «مۇھەممەت سادىق كاشغەريي ئەسەرلىرى» ـ «تەزكىرەئى خوجىگان» (قىرغىز تارىخى مەنبەلىرى)، قىرغىز س س ر پەنلەر ئاكادېمىيە-

سى خەۋەرلىرى. 1 ـ توم، فرونزى. 1959 ـ يىلى 98 ـ بەت.

㊸ تەھقىقلەنگەن تېكستتە AJWRTW دە خاتىرىلەنگەن. چىمىتدورجىيېف ئەپەندى بۇ شەخسنى خوشۇتتىكى ئوچۇرتۇ (چېچېن) خان دەپ قارايدۇ. ش. گ. چىمىتدورجىيېف «17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردىكى موڭغۇلىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇناسىۋىتى»، موسكۋا. 1979 ـ يىلى نەشرى 13 ـ بەت. ئېھتىمال ئوخشاش دەپ بېكىتىش دۇرۇس بولسا كېرەك.

㊹ ئاكىمۇشكىننىڭ رۇسچە تەرجىمىسى، 318 ـ بەتتىكى 338 ـ ئىزاھقا قاراڭ. «ئالەمگىرنامە»، كالكۇتتا، 1868 ـ يىلى نەشرى 1064 ـ، 1065 ـ بەتلەر.

㊺ ئاكىمۇشكىننىڭ رۇسچە تەرجىمىسى 236 ـ بەتكە قاراڭ.

㊻ شىمادا جوھېي «خوجىلار دەۋرىدىكى بەگلەر» («شەرقشۇناسلىق» ئىلمىي ژۇرنىلى 3 ـ سان. 1952 ـ يىلى نەشرى 71 ـ، 74 ـ بەتلەر). «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلاردىكى جان بېجى» («تارىخشۇناسلىق ژۇرنىلى») 61 ـ نومۇر، 11 ـ سان. 1952 ـ يىلى نەشرى 36 ـ بەت، 11 ـ ئىزاھ) كوبوتا بۇنجى «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرتتىكى يېزا ئىگىلىك مەسىلىسىگە دائىر كۆز قاراشلىرىم — ساگوچى تورۇ ئەپەندىنىڭ نەزەرىيىسى ھەققىدە» («تارىخ ئېقىمى» 71 ـ سان، 1960 ـ يىلى نەشرى 37 ـ، 43 ـ بەتلەر) ساگوچى تورۇ «18 — 19 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات»، يوشى كاۋا كوۋبۇن نەشرىياتى 1963 ـ يىلى نەشرى 117 ـ، 118 ـ بەتلەر.

**قوشۇمچە:** بۇ ماقالەمنى 1981 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى، ياشلار ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى، شىمالىي قۇرۇقلۇق ياۋرو ـ ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتىدىكىلەر بىلەن بىرگە تۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا ئېغىزچە ئوقۇپلا ئۆتكەنىدىم. جەمئىيەت ئىشتىراكچىلىرى بولمىش ئەپەندىلەر پايدىلىق تەكلىپلەرنى بەردى. بۇ يەردە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

«ماچىكانى ياما مەجمۇئەسى (تارىخ قىسمى)»، 1981 ـ يىللىق 15 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئۆمەرجان نۇرى**

# قەدىمكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىكى «匈奴» قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى *

**ياسىن هوشۇر**

匈奴 قەدىمكى خەنزۇچە ۋەسىقىلەردە ھەر خىل نامدا
ئۇچرايدۇ. جۇ دەۋرىدە «خۇنيى — 混夷، يۇنيۇ — 獯鬻،
شيەنيۇن — 玁狁» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالسا، ئەمىنىيە دەۋ-
رىدە «رۇڭ — 戎، دى — 狄» دەپ ئاتالغان، يېغىلىق، چىن
ۋە خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن بۇيان «胡» ياكى «匈奴» دې-
گەن نام بىلەن ئاتالغان بولسا، چىن ۋە خەن دەۋرلىرىدىن كې-
يىن ئومۇمەن دېگۈدەك «匈奴» دەپ ئاتالغان. دۆلەتشۇناسلىق
ئۇستازى ۋاڭ گوۋېي شاڭ، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى گۈيفاڭ
(鬼方)، خۇنيى، يۇنيۇ، شيەنيۇن، ئەمىنىيە دەۋرىدىكى رۇڭ،
دى ۋە يېغىلىق دەۋرىدىكى خۇلارنىڭ ھەممىسى 匈奴 لار بى-
لەن بىر ئۇرۇقتىن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بىر مىللەت دېگەن. ئۇ
يەنە «گۈيفاڭ» دىكى «فاڭ — 方»، «خۇنيى»دىكى «يى — 夷»
قاتارلىقلارنى خەنزۇلار قوشۇپ قويغان دەپ قارىغان[1]. ئۇنداق-
تا، ياۋرو — ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى باشقا قەدىمكى مىل-
لەتلەر «匈奴»نى زادى قانداق ئاتىغان؟ بۇ جەھەتتە قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋەسىقىلەر بىزنى قىممەتلىك يىپ ئۇچى بى-
لەن تەمىنلەيدۇ.

بۇ ماقالىدە خەنزۇچە «شۋەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە ئۇنىڭ
ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى

*«bodistw taito samtso ačarinin̦ yorighin uqitmaq tsi-in-čuin tigmä nom bitig»*
[2]نى سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ «匈奴» قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەر ۋە جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبە مۇناسىۋىتىگە بولغان چۈشەنچىسى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

**1. خەنزۇچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»دىكى شىمالدىكى مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر**

تاڭ شۈەنزاڭ ــــ 7 ـ ئەسىردە ئېلىمىزدە ئۆتكەن مەشھۇر سەيياھ، تەرجىمان ۋە بۇددا دىنى ئۇستازى. خەنزۇچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى» شۈەنزاڭنىڭ ھاياتىغا دائىر ئەڭ دەسلەپكى، شۇنداقلا ئەڭ تەپسىلىي خاتىرە. بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى بەش جىلدىنى شۈەنزاڭنىڭ شاگىرتى خۇيلى شۈەنزاڭنىڭ نوم ئەكىلىش جەريانىدىكى ئىشلىرىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان بولۇپ، دەسلەپكى ئورىگىنالى پۈتتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەخپىي ساقلىنىپ كىشىلەرگە ئاشكارىلانمىغان. خۇيلى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئاندىن شاگىرتلىرىنى كىتابنى كىشىلەرگە ئاشكارىلاشقا بۇيرۇغان. 688 ـ يىلىغا كەلگەندە، شۈەنزاڭنىڭ يەنە بىر شاگىرتى يەن زۇڭ بۇ بەش جىلدنى قايتا رەتلەپ، ئۆزى يەنە بەش جىلد قوشۇپ (يەنى كىتابنىڭ كېيىنكى بەش جىلدى) جەمئىي ئون جىلد قىلىپ، «سىراماننىڭ خۇيلى يېزىپ، يەن زۇڭ ئىزاھلىغان»[3] دەپ نام بەرگەن. كىتابتا شۈەنزاڭنىڭ ھايات پائالىيىتى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن، بولۇپمۇ شۈەنزاڭنىڭ 629 ــــ 645 ـ يىللىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھىندىستانغا بېرىپ نوم ئەكېلىش جەريانى، غەربىي يۇرت ۋە ھىندىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ۋە ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللىرى ئالاھىدە بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر شۈەنزاڭنىڭ يەنە بىر ئەسىرى «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرد-

سى» بىلەن بىللە بىزنىڭ قەدىمكى غەربىي يۇرت ۋە ھىندىس-
تاننىڭ تارىخ - جۇغراپىيىسى ھەم مەدەنىيىتىنى تەتقىق قى-
لىشىمىزدىكى قىممەتلىك ماتېرىيال.
19 - ئەسىردىن باشلاپ «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»
ئىنگلىزچە، ياپونچە قاتارلىق كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قى-
لىنىپ، ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى تەرىپىدىن كەڭ تەتقىق قى-
لىندى. ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ قولىيازمىسى-
دىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇنى مىلادىيە 10 - ئەسىردىلا بىر ئۇي-
غۇر ئالىمى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان[4].
644 - يىلى شۈەنزاڭ ئۇدۇنغا كېلىپ، تاڭ تەيزۇڭغا مە-
لۇماتنامە يوللاپ، ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ئەھۋالىنى بايان
قىلغان. 645 - يىلىنىڭ باشلىرىدا شۈەنزاڭ چاڭئەنگە قايتىپ
كەلگەندە، داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىنغان. 2 - ئايدا شۈەنزاڭ تاڭ
تەيزۇڭ بىلەن كۆرۈشكەن، تاڭ تەيزۇڭ ئۇنىڭدىن غەربىي يۇرت-
نىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا، شۈەنزاڭ ئۇنىڭغا سۇدەك جاۋاب
بەرگەن ھەمدە چارە - تەدبىر كۆرسەتكەن. شىمالدىكى ۋە غەر-
بىي يۇرتتىكى تۈركلەر ئىزچىل تاڭ تەيزۇڭنىڭ باش ئاغرىقى
ئىدى، شۇڭا ئۇ چېگرا رايونلارنىڭ ئەھۋالىغا ھەر ۋاقىت دىققەت
قىلىپ تۇراتتى. 646 - يىلى شۈەنزاڭ ئاغزاكى بايان قىلىپ،
بيەنجى قەلەمگە ئالغان ۋە ئەڭ ئاخىرىدا شۈەنزاڭ تۈزىتىپ بې-
كىتكەن «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى»نىڭ
12 جىلدى پۈتۈپ، ئۇنىڭ «مۇندەرىجىسى» يۇقىرىغا سۇنۇلغان.
648 - يىلى 6 - ئايدا تاڭ تەيزۇڭ شۈەنزاڭنىڭ ئوردىغا كى-
رىشىگە ئىجازەت بەرگەن[5].

بۇنىڭدىن بۇرۇن، تاڭ تەيزۇڭ كۆپ قېتىم شۈەنزاڭنىڭ
راھىبلىقتىن قول ئۈزۈپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشىنى
ئۈمىد قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ چىرايلىقچە رەت قىلغان-
دى. تەيزۇڭ بىلەن شۈەنزاڭنىڭ سۆھبىتىدە، دۆلەت باشقۇرۇش
ئىشلىرى ھەققىدە سۆز بولۇپ، شۈەنزاڭ تاڭ تەيزۇڭنىڭ نەتى-

جىلىرنى مەدھىيىلەش بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ كاسايانى سې-
لىپ، راھىپلىقتىن قول ئۈزۈپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قات-
ناشماسلىقىدىكى بەش تۈرلۈك سەۋەبنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇ-
نىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچىسى تارىختا شىمالدا ۋە چېگرا
رايونلاردا ياشىغان 匈奴 قاتارلىق قەدىمكى مىللەتلەرگە ۋە
جۇغراپىيىلىك مەزمۇنلارغا چېتىلاتتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

«ياخشى ئىشنىڭ چېكى يوقتۇر، دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ يو-
لى رەھىمدىللىكتە، شۇنداق قىلغاندىلا خەلقنىڭ كۆڭلىنى ما-
يىل قىلغىلى بولىدۇ. (ئالىيلىرىنىڭ رەھىمدىل سىياستى)
توققۇز ئىقلىمغا تارىلىپ، شەرقتە بۈيۈك دېڭىزدىكى كۈن چىد-
قىدىغان جايدىن، غەربتە قارا قۇرۇمغىچە، جەنۇبتا ئىسسىق
ئىقلىمغىچە، شىمالدا قۇملۇققىچە بولغان ئالەمنىڭ ھەممە يەر-
لىرىگە تارالدى، مەيلى يۈزىگە ياكى بەدىنىگە چېكىۋالىدىغانلار
بولسۇن، ياكى بۇرنىدا ئىچىدىغانلار بولسۇن ۋە ياكى ئوت ـ
چۆپتىن كىيىم كىيىپ، چاپىنىنى سول تەرەپتىن ئىزمىلايدى-
غانلار[6] بولسۇن، ھەممىسى توسالغۇسىز ئالىيلىرىغا باش ئې-
گىپ، قىممەتلىك جاۋاھىراتلارنى سوۋغا قىلىشتى، ئاستانىگە
كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇ ئالىيلىرىنىڭ خەلققە
رەھىمدىل سىياسەت يۈرگۈزگەنلىكىدىندۇر، شۇنداق تۇرسا،
سىلىنىڭ يەنە باشقىلارغا ھاجەتلىرى چۈشەرمىدى، بۇ ئۈچىنچى
نۇقتا. شيەنيۈنلەرنىڭ[7] پاراكەندىچىلىكىگە ئۇزۇن زامانلار
بولدى. قەدىمكى زامانلاردا بەش پادىشاھ ئۇلارنى بويسۇندۇرالمى-
غان، ئۈچ خاقانمۇ ئۇلارنى تىزگىنلىيەلمىگەن. شۇڭا سالۋار
چاچلىقلار خېنەن، لوياڭلارغىچە بېسىپ كەلگەنىدى، فېڭ ۋە
خاۋجىڭدىمۇ جەڭ ساداسى توختاپ باقمىغان[8]. ئوتتۇرا ئىقلىم[9]
بالا ـ قازاغا ئۇچراپ، 匈奴 لارقۇدرەت تاپتى، بۇ ئەھۋال
يىن، جۇ سۇلالىلىرى دەۋرىدىمۇ داۋاملىشىپ، 匈奴لارنى چې-
كىندۇرەلمەي، جەڭ ئوتلىرى ئۆچمىدى. خەن ۋۇدى دەۋرىگە
كەلگەندە، ئۇ دۆلەتنىڭ بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ 匈奴

لارغا جازا يۇرۇشى قىلدى، ۋېي چىڭ ۋە خو چۈبىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن جازا يۇرۇشى قىلغان بولسىمۇ[10]، لېكىن ئۇلارغا ئازراقلا زەربە بەرگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، 匈奴لارغا تاقابىل تۇرۇشتا بىرەر ياخشى تەدبىر بولمىدى. تاكى ئالپىلىرى تەختـ-كە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپلىق پىلانـ-لىرى نەتىجىسىدە، جازا يۇرۇشى قىلىنىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىنى چۇۋۇپ تاشلاپ ئېغىر ھالسىراتـ-تىلا، خەنخەي، يەنرەن قاتارلىق جايلار ئوتتۇرا ئىقلىمنىڭ باشـ-قۇرۇشىغا ئۆتتى. ئۇلارنىڭ تەڭرىقۇتى، قوشۇنلىرى ۋە ئاۋام خەلقى بىزنىڭ پۇقرالىرىمىز بولدى. ئەگەر بۇلارنى ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ تۆھپىسى دەپ قارىسىلا، يۇ، شيا[11] دەۋرلىرىدىن باشلاپلا نۇرغۇنلىغان قابىل ۋەزىرلەر ئۆتكەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلار نېمىشقا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان؟ شۇڭا ئالپىلىرى ئەگەر رەھىمدىل سىياسەت يۈرگۈزسىلە ھەممە ئىشتا مۇۋەپپەـ-قىيەت قازىنالايلا ھەم بىركىمگە ھاجەتلىرى چۈشمەيدۇ، مانا بۇ تۆتىنچىسى»[12].

**2. ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»دىكى مۇناسىپ تەرجىمە**

«شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»نى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچى شىڭقۇ شەلى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ناـ-ھايىتى ئاز. بىز ئۇ تەرجىمە قىلغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھاـ-لى»نىڭ خاتىمىسىدىن ئۇنىڭ بەشبالىقلىق ئىكەنلىكىنى بىلەـ-لەيمىز. بۇ ھەقتە ئۇ ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»نىڭ 7 ـ جىلدىنىڭ ئاخىرىدا (بېيجىڭ فاكسىمىل نۇسخىسى، 23 ـ ۋاراقنىڭ ئارقا يۈزى) مۇنداق يازغان: «... بەشبالىقلىق شىڭقۇ شەلى تابغاچ تىلىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان سامىتسو ئاچارىنىڭ تەرجىمھالىنىڭ 7 ـ جىلدى تۈگىدى»[13].

شىڭقۇ شەلى «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»دىن باشقا يەنە خەنزۇ تىلىدىكى بۇددا دىنى ماھايانا مەزھىپىنىڭ دەستۇرى «ئالتۇن يارۇق»نىڭ 10 جىلدى قاتارلىقلارنى تەرجىمە قىلغان.

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ خاتىمىسىدە ئۇ مۇنداق دەپ يازغان: «شەرقتىكى قۇتلۇق ۋە قۇدرەتلىك تاڭ ئېلىدە، ماھايانا ۋە ھىنايانا مەزھىپىنىڭ بارچە نوملىرىنى پىششىق بىلىدىغان ئۇستاز سامىتسو ئاچارى ئەنەتكەك تىلىدىن تاۋغاچ تىلىغا تەرجىمە قىلغان، ئاندىن بەشبالىقلىق شىڭقۇ شەلى تۇتۇڭ بۇ رەزىل دۇنيادا، بارلىق نوملارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان ‹ئالتۇن يارۇق›نى تاۋغاچ تىلىدىن تۈرك ـ ئۇيغۇر تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىپ تۈگەتتىم»[14]. ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ قولىيازمىسى 1930 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شىنجاڭدىن تېپىلغان، بەتلىرىنىڭ ئۆلچىمى ئۇزۇنلۇقى 44 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 18 سانتىمېتىر[15] كېلىدىغان بۇ ۋەسىقە بايقالغاندىن كېيىن، بىر قىسمىنى فرانسىيە ۋە روسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئېلىپ كەتكەن، بۇنىڭ 94 ۋارىقى ھازىر روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ سانكىت پېتربۇرگ شۆبىسىدە، 116 ۋارىقى فرانسىيە گۈيمېت ئاسىيا سەنئەت مۇزېيىدا، قالغان 208 ۋارىقى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا (1951 ـ يىلى بېيجىڭدا فاكسىمىل نۇسخىسى نەشر قىلىندى)[16].

سانكىت پېتربۇرگ شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ پارچىلىرىنىڭ مەزمۇنى 5 ـ، 6 ـ، 8 ـ، 10 ـ جىلدلىرىغا مەنسۇپ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 6 ـ جىلدنىڭ 42 ـ، 43 ـ، 44 ـ بەتلىرىدە بىز بۇ ماقالىمىزدە نەقىل ئالغان تاڭ تەيزۇڭ بىلەن شۈەنزاڭنىڭ سۆھبىتىدىكى، شۈەنزاڭ ئوتتۇرىغا قويغان 3 ـ ۋە 4 ـ سەۋەبنىڭ مەزمۇنى بار.

تۆۋەندە مەن ئۇيغۇرچە مۇناسىۋەتلىك قىسىملارنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن ئەسلىدىكى خەنزۇچە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆتىمەن[17]:

قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى (VI 42):

12. ...üčünč t(ä)ŋri iligimz
至道旁通，
13. qutï ärsär kirtü törüsin arqu[ru]
深仁远洽，
14. turqaru itmiš ärür täriŋ t...
15. unïn ötkürü ïraq tägürmiš
东逾日域，
16. titir : öŋdün kün toğsïqda
西迈昆丘，
17. uluš_lardïn ärtmiš ärür kid[in]
南尽炎洲，
18. kün batsïq_qatägi tägmiš t[itir]
19. küntün tüpütüg töz_kärip t[ağ]-
20. dïn qïrqïz_ïğ tüpkärip oymïš
雕蹄鼻饮之俗，
21. yaqalïğ(taqalïğ?) ïtğïn ičtäči türklär[ig]
卉服左衽之人，
22. ot tonluğ trs yapïğlïğ kiši_lär
莫不候雨瞻风，
23. ig bular_qa barča ädgüsin tägürü
稽颡屈膝，
24. y(a)rlïqamaduq ärmäz_i üz_ä törülüg
25. törükä tägip töpü_lärin ügdänip
献珍贡宝，
26. tiz_lärin čökidip taŋsuq
27. äd t(a)var_larin ärtürü ::

تەرجىمىسى:

12. ئۈچىنچى، تەڭرى خانىمىز

13. بەختىگە ھەقىقىي قانۇن - ئەھكاملىرىنى

14. ھەممە يەرگە تاراتتى. تېرەن ت ...
15. ھەم ئۇنى يىراق - يىراقلارغا يەتكۈزدى.
16. شەرقتە كۈن چىقىشتىكى
17. ئەللەردىن ھالقىپ ئۆتتى. كېيىن
18. كۈن پېتىشقىچە يەتتى.
19. جەنۇبتا تۇبۇتنى بويسۇندۇرۇپ
20. شىمالدا قىرغىزغا جازا يۇرۇشى قىلدى. ئويما
21. ياقىلىق، بۇرنى بىلەن ئىچكۈچى تۈركلەرنى
22. ئوت - چۆپتىن كىيىم كىيىپ، چاپاننى تەتۈر ئىزمىلايدىغانلار
23. بۇلارغا بارچە ياخشىلىقنى يەتكۈزۈپ
24. باشقۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن توغرا
25. يولغا كىرىپ خاننى مەدھىيىلەپ
26. تىز چۆكۈپ، ئېسىل
27. مال - دۇنيالىرىنى تەقدىم قىلدى.

充委夷邸。

1. … larïn ančulayu …
2. tolu yatur üč balïq_lar_ta
   此又天威所感，
3. bu muntağ t(ä)ŋridam čoğ yalïn üz_ä
4. čoğlanu y(a)rlïqamağï yana näŋ
   无假于人，
5. kiši_kä yalŋuq_qa tayanmaq
6. dïn čoğlanu y(a)rlïqamïš
   其义三也。
7. ärmäz bu üčünč ötüg
8. titir : törtünč kim bu t(a)vğač
   獯狁为患，
9. [i]li tumšuqluğ_qa soqturğalï:
   其来自久，五帝

10. [ta]rmaqlïğ-qa tartdurğalï ür-

11. [ki]č bolmïš ärdi biš ilig-lär

所不臣，三王

12. …ğali umadï : üč χan-lar

所不制，遂

13. …dğali küči yitmädi : ötrü

使河、洛为披发

14. [lağ]ki balïq qodï sačlïğ-lar-nïŋ

之野，酆、镐为

15. …qsï boltï : qutluğ čuu-nan

鸣镝之场，中国

16. [t]ägiri oq baš-lïğ-lar-nïŋ

17. [ö]rtgüni boltï : ortun il uluš

陵迟，匈奴得志，

18. …ksiz basïnč-lïğ boltï : türk

19. [y]očul bodun ärtiŋü ayam-lïğ

殷周已来，

20. [bo]ltï : inčü χan-din bärü näŋ

不能攘弭。

21. [u]lar-nï amïrtqurğalï köntürgäli

至汉武穷兵，

22. bolmadï : qačan χan vudi atlïğ

23. χan-qa tägdükdä tolp süü

卫、霍尽力，

24. sin täbrätip qamağ küčin

25. [ön]türüp qatïğlantï antağ qïltï

虽毁枝叶，

26. [ärsär] ymä tk balïq-nïŋ

27. uluš-nuŋ čïbïq-ïn yapïrğaqïn

تەرجىمىسى:

1. .... لىرىنى شۇنداق قىلىپ...
2. ئۈچ شەھەرگە تولۇپ كەتتى
3. مۇنداق ئىلاھىي شان ـ شۆھرەت ئۈستىگە
4. شۆھرەتلىرىنى ئاشۇرۇشتا [ئالىيلىرى ] يەنە ئىمىشقا
5. باشقىلارغا تايىنىشقا
6. ھاجەتمەن بولۇپ قالدىلا؟
7. بۇ ئۈچىنچى سەۋەبتۇر
8. دەپتۇ. تۆتىنچىسى شۇكى، بۇ تابغاچ
9. ئېلى ئۆزىنى تومشۇقلۇققا سوقتۇرغىلى
10. تىرناقلىققا تاتىلاتقىلى
11. ئۇزۇن بولغانىدى. بەش خان
12. ... قىلالمىدى. ئۈچ خان
13. بويسۇندۇرغىلى كۈچى يەتمىدى. ئاندىن كېيىن
14. لاغكى شەھىرى سالۋار چاچلىقلارنىڭ
15. ... بولدى. قۇتلۇق چاڭئەن
16. ئاۋازلىق ئوقيالىقلارنىڭ
17. جەڭ مەيدانى بولدى. ئوتتۇرا ئەل دۆلىتى
18. پۈتۈنلەي بېسىۋېلىندى. تۈرك
19. يوچۇل بۇدۇن بەك شۆھرەت
20. قازاندى. يىن، جۇ خانلىقلىرىدىن بېرى
21. ئۇلارنى تىنچلاندۇرغىلى، كۆندۈرگىلى
22. بولمىدى. قاچانكى خەن ۋۇدى ئاتلىق
23. خاننىڭ زامانىغا كەلگەندە بارلىق قوشۇن
24. نى تەۋرىتىپ پۈتۈن كۈچىنى
25. ئىشقا سېلىپ غەيرەتكە كەلگەن
26. بولسىمۇ شەھەرنىڭ،
27. ئەلنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرىنىلا

# (Ⅵ 44) قەدىمكى ئۇيغۇرچىسى

0. altïnč [ülüš]......
   根本犹存。
1. ...ldi toz-i tüpi inčü [χan]...
   自后已来,
2. turu qaltï : antïrdïn birü taqï
   无闻良策。
3. äšidilmäz ilig uluš-uğ kötür
   及陛下御图,
4. däči tip : ulatï ančada t(ä)ŋri
   5. iligimiz qutï il ornïŋa oluru
6. y(a)rïlqap bir süü-läyü
   7. y(a)rlïqaduqta oq birtäm :
8. yoqatdï-ï ägri uya-[ïğ]
   无复孑遗,
9. lar töpün avalïğ-lar bir qalïs[ïz]
   瀚海、燕然之域
10. tolp quz arquruqï ïnčïn ada
   其入提封,
11. il-lig barča t(a)vğač ilingä
   单于弓骑之人
12. kirdi -lär : qïrqïz : y-a mingülük
   俱充臣妾。
13. kiši-lär   yumqï ič ičäräki-[i]
   若言由臣,
14. boltï-lär; inčïp birök inanč-
15. lar oğrïnta il tutğalï bolt[uqmïš]
   则虞、夏已来
16. tisär huiz-vaŋ χu-a-vaŋ at[lğ]
   贤辅多矣,
17. χan-lardin bärü ilči bilgä
18. lär ärtiŋü üküš ärdi: ančat[a]
   何因不获?
19. nägülük il tutmadï-lar : [anï]
   故知有道斯得,

تەرجىمىسى:
0. ئالتىنچى ئۇلۇش
1. ... لدى . تۇپ ـ يىلتىزىدىن [يوقىتالمىدى] يىن، جۇ خانلىقلىرى
2. دەۋرىدىكى [ۋەزىيەت] يەنە داۋاملاشتى. شۇنىڭدىن بىرى تېخى
3. بىز ئاڭلاپ باقمىدۇق بىرەر خاننىڭ ئەلنى گۈللەندۇرگەنلىكىنى.
4. مۇشۇ زامانغا كەلگەندە تەڭرى
5. خانىمىز بەختكە يارىشا تەختكە ئولتۇرۇپ
6. ئەلنى ئىدارە قىلغان مەزگىلدە قوشۇن تارتىشقا
7. يارلىق قىلىش بىلەن
8. پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. قارا خەلقتىن
9. ئېسىلزادىلەرگىچە بىرسىمۇ قالمىدى
10. شىمالدىكى يارلىق ئاپەت كەلتۈرىدىغان
11. ئەللەرنىڭ ھەممىسى تابغاچ ئېلىگە
12. بېقىندى. قىرغىز ۋە ئوقيالىق ئاتلىق
13. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىزگە تەۋە
14. بولدى. ناۋادا، ئىناپچىلار
15. غىلا تايىنىپ ئەلنى باشقۇرغىلى بولسا
16. خۇيزىۋاڭ، خۇاۋاڭ ئاتلىق
17. خانلاردىن بىرى ئەلنى باشقۇرغۇچى دانىشمەن
18. لەر شۇنچە كۆپ ئىدى. [ئۇلار] شۇ چاغلاردا
19. نىمىشقا ئەلنى [ياخشى] باشقۇرالمىدى

**3. ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»دىكى «匈奴» قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە دەسلەپكى تەھلىل**

خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»نى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرجىمان تەر-

جىمە قىلىش جەريانىدا گەرچە ئەسلىي نۇسخىسىنى ئازراق ئۆز-گەرتكەن بولسىمۇ، لېكىن مىللەتلەر ۋە جۇغراپىيىگە مۇناسىۋەت-لىك ئاتالغۇلارنى ئىپادىلەشتە ناھايىتى توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولغان ھەمدە ئۇيغۇرچىسىدا تىل ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ، يۇقىرىقى ئاتالغۇلارغا ماس كېلىدىغان ئۇيغۇرچە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ناھايىتى جايىدا ئىشلەتكەن. ئۇ «匈奴» دېگەن ئاتالغۇنى «türk yočul bodun» دەپ تەرجىمە قىلغان، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ سۆز بىرىكمىسى ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دا ئىككى جايدا ئۇچرايدۇ (43 Ⅵ ، 25،44 Ⅵ ، 19 ـــ 18). روسىيىلىك ئالىم تۇگۇشېۋا «türk yočul bodun» تۇراقلىق مەنىگە ئىگە سۆز بىرىكمىسى بولۇپ، «كۆچمەن چارۋى-چى تۈركلەر، ئەركىن تۈركلەر» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە، دەپ قارايدۇ[22].

خەنزۇچە ئەسلىي نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرۇش نەتىجى-سىگە ئاساسەن «türk yočul bodun» نى «匈奴»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ.

«türk yočul bodun» دېگەن بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بىرىكمىسى قەدىمكى ئۇيغۇرچە «مايترى سىمىت»(Maitrisimit Nom Bitig) تىمۇ ئۇچرايدۇ[23].

تەرجىمان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 5 ـ جىلد 87 ـ ۋارىقىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ «بەشبالىقلىق شىڭقۇ شەلى تۇتۇڭ tawγač tilindin yänä biš baliqliγ šinqu šäli tutuŋ türk tilinčä äwirmiš خەنزۇ تىلىدىن تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلدى»[24]. تەرجىمان ئېيت-قان Türk tili بۇ يەردە قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىشلەتكەن يېزىق تى-لىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇ تەرجىمان تەرجىمە قىلغان يەنە بىر بۇددا نومى «ئالتۇن يارۇق» (Suvarnaprabhāsa) نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ 10 ـ جىلدىنىڭ خاتىمىسىدە:

biš balïqlïğ Šinqu Šäli Tutuŋ Tavğač tilindin Türk Uyğur tilinčä
ikiläyü äwirmiš «بەشبالىقلىق شىڭقۇ شەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تى-
لىدىن تۈرك - ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدى»[25]. يەنە
«شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 5 - جىلدىدا خەنزۇ تىلىدىكى
«亦睹货罗故地。风俗大同突厥» دېگەن جۈملىنى «بۇ ھەم
توخرىلارنىڭ يېرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى تۈركلەر-
نىڭكى بىلەن ئوخشايدۇ»
(ol balïq) yämä toχrïlar-nïŋ soki yiri titir: törüsi toqusi barčä »)
(«türk birlä bir ärip» دەپ تەرجىمە قىلغان (V 52, 24). بۇ
يەردە شىڭقۇ شەلى خەنزۇچىدىكى «突厥» دېگەن سۆزنىمۇ
«تۈرك» دەپ تەرجىمە قىلغان[26]. تەرجىمان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى-
غا تەرجىمان تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تىلىنى «تۈرك
تىلى» ياكى «تۈرك ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىغان. «جۇنامە» 50 -
جىلد «تۈركلەر تەزكىرىسى»دە: «تۈركلەر 匈奴 لارنىڭ ئايرىم
بىر نەسلىدىن بولۇپ، فامىلىسى ئاشىنا ئىدى. ئۇلار ئۆز ئالدىغا
ئايرىم قەبىلىدۇر»[27] دەپ يېزىلغان.

«يېڭى تاڭنامە» دە «ئۇيغۇرلار 匈奴 لارنىڭ ئەۋلادى»[28]،
«كىتابلار جەۋھىرى»دە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى، 匈奴
لارنىڭ ئەۋلادىدۇر»[29] دەپ خاتىرىلەنگەن.

«يېڭى تاڭنامە»دە «تۈركلەرنىڭ فامىلىسى ئاشىنا بولۇپ،
ئۇلار 匈奴 لارنىڭ شىمالىدا ياشىغان»[30] دېگەندەك خاتىرىلەر
بار.

ۋاڭ گوۋېينىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، خەنزۇچە ۋەسىقى-
لەردىكى «匈奴» ۋە «شيەنيۈن» (獯狁) دېگەن بۇ ئىككى سۆز
ئەمەلىيەتتە ئوخشاش مەنىگە ئىگە ئىكەن، «شيەنيۈن» خەنزۇچە
تارىخىي ئەسەرلەردىكى «匈奴» لارنى كۆرسىتىدىكەن، لېكىن
شىڭقۇ شەلى تۇتۇڭنىڭ قەلىمى ئاستىدا «匈奴» دېگەن بۇ سۆز
«türk yočul bodun» يەنى «كۆچمەن چارۋىچى تۈركلەر» دەپ

تەرجىمە قىلىنغان بولسا (18، VI 143)، «شيەنيۈن» دېگەن سۆز
يەنى «تۇمشۇقلۇق ۋە تىرناقلىق» دەپ tumšuqluğ [ta]rmaqlïğ
تەرجىمە قىلىنغان (10 — 9، VI 43). مەسىلەن تەرجىمان
«中国陵迟, 匈奴得志» دېگەن جۈملىنى

ortun il uluš...ksiz basïnč-lïğ boltï: türk [y]očul bodun ärtiŋü

دەپ تەرجىمە قىلغان. يەنى «ئوتتۇرا ئىقلىم تۇ- ayam-lïğ [bo]lt
گەل بېسىۋېلىندى، تۈرك يوچۇل بودۇن بەك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى»
(17—20، VI 43)؛ يەنە «獯狁为患, 其来自久» دېگەننى:

bu tavğač [i]li tumšuqluğ-qa soqturğali [ta]rmaqlïğ-qa tart-durğalï

دەپ تەرجىمە قىلغان، يەنى: «بۇ تابغاچ ئېلى ür[ki]č bolmïš ärdi
تۇمشۇقلۇققا سوقتۇرغىلى، تىرناقلىققا تارتقۇزغىلى ئۈزۈن بول-
دى» (11 — 8، VI 43).

خەنزۇچىسى بىلەن ئۇيغۇرچىسىنى سېلىشتۇرۇشتىن بىز
شۇنى ئېنىق بىلەلەيمىزكى، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن
«匈奴» ۋە «شيەنيۈن» (獯狁) دېگەن ئۇقۇم، تەرجىماننىڭ نەزە-
رىدە روشەن پەرقلەندۈرۈلگەن، بۇ مەسىلە يەنىمۇ تەتقىق قىلىشقا
ئەرزىيدۇ.

قەدىمكى تۈركچە مەڭگۈ تاشلاردا دائىم ئۇچرايدىغان «تۈرك»
دېگەن ئاتالغۇ خەنزۇچىدىكى «突厥» گە توغرا كېلىدۇ. مەسى-
لەن، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دا مۇنداق مەزمۇنلار بار:

bilgä tonyuquq bän tabğaç iliŋä qilintim, türk bodun
tabğačqa körür ärti

«مەنكى بىلگە تونيۇقۇق تابغاچ ئېلىدە تەربىيىلەندىم. ئۇ
زامانلاردا تۈرك خەلقى تابغاچلارغا قارايتتى»[31]. قەدىمكى تۈركچە
مەڭگۈ تاشلاردىكى türk bodun دېگەن سۆزنىڭ مۇقىم مەنىسى
«تۈرك خەلقى» دېگەنلىك بولاتتى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭ-
نىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ تەرجىمانى «匈奴» قاتارلىق ئاتال-

غۇلارنىڭ ئۇيغۇرچىسى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئى-دى. 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر تەرجىمان «匈奴»لارنى türk yočul bodun دەپ، ئۆزىنىڭ تىلىنى «تۈرك تىلى» ياكى «تۈرك ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىغان. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئۆزىنى ئاتىشىنى ۋە ئەتراپتىكى مىللەتلەرگە بولغان تونۇشىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا مۇھىم ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

تەرجىمان ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا يەنە بىرمۇنچە دارىتمىلىق مەزمۇنلارنى قىستۇرغان. مەسىلەن تەرجىمان ئۇي-غۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ 6 ـ جىلد 44 ـ بېتىدە مۇنداق يازغان:

bişinç türk yoçul bodun ärtir ü kötrülti, üstünki il uluşlar törüsin ïčqïnti «بەشىنچى، تۈرك يوچۇل بودۇن بەك كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۈستۈنكى ئەل — ئۇلۇسلارنىڭ قانۇن ـ يا-ساقلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتى». ئەمەلىيەتتە، خەنزۇچە «شۈەنزاڭ-نىڭ تەرجىمىھالى»دىكى بۇ بۆلەك شۈەنزاڭنىڭ ھاكىمىيەت ئىش-لىرىغا قاتناشماسلىقىدىكى بەشىنچى سەۋەبتىن باشلىنىدۇ. ئۇ تارىختىن مىسال كەلتۈرۈپ، «كورىيە كىچىككىنە دۆلەت تۇرۇپ سۇي سۇلالىسىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلغاچقا، سۇي پادىشاھى بار-لىق قوشۇنلارنى يىغىپ، شەخسەن ئۆزى ئۈچ قېتىم جازا يۈرۈشى قىلدى»، ئاقىۋەتتە «پۇتۇن سەپ بويىچە تىرە ـ پىرەن بولۇپ، شەرمەندىلەرچە قايتىپ كەلگەن»لىكىدەك تارىخىي ساۋاقنى سۆز-لىگەن[32]. بۇنىڭ 匈奴 بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى بولمىسىمۇ، لېكىن تەرجىمان ئۇيغۇرچىسىغا يۇقىرىدا ئېيتىلغان 匈奴 لارغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى قىستۇرۇپ قويغان.

بۇندىن باشقا، تەرجىمان يەنە بەزى مىللەت، يەر نامى ۋە تا-رىخىي ۋەقەلەرنى ئۆزگىچە تەرجىمە قىلغان. مەسىلەن: فېڭ، خاۋ قاتارلىقلارنى qutluğ čuu-nan «مۇقەددەس چاڭئەن» (15، 43 Ⅵ) دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،

تەرجىمان يۇقىرىقى ئىككى جاينىڭ مۇھىم تارىخىي ئورنىنى بىلگەن. «ۋېي چىڭ ۋە خو چۇبىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن جازا يو-رۇشى قىلغان بولسىمۇ» دېگەن يەرنى تەرجىمە قىلغاندا، تەر-جىمان ئەسلىي تېكىستنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەن، تەرجى-مىدە تارىخنامىلەرگە ئىسمى پۈتۈلگەن ۋېي چىڭ بىلەن خو چۇبىڭلارنىڭ ئىسمى كۆرۈنمەيدۇ، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەز-مۇن qamağ küčin [ön]türüp «پۈتۈن كۈچى بىلەن» دەپ تەر-جىمە قىلىنغان. (VI 43، 24 — 25)؛ ئۇنىڭ «جۇڭ-گو»نى «ortun il uluš — ئوتتۇرا ئەل» (VI 43، 17) دەپ ئې-لىشى، باشقا قەدىمكى ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە تاڭ سۇلالىسىنى «تاۋغاچ» دەپ تەرجىمە قىلىشتىن پەرقلىنىدۇ (VI 43، 8).

ئۇيغۇرچىسىدا ئۇچرايدىغان «tüpüt» (VI 42, 19) دېگەن ئاتالغۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغان «تىبەت»لەرنى كۆرستىدۇ، ئەمما خەنزۇچىسىدە «تىبەت»لەرگە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئۇچرىمايدۇ.

ئەسلى تېكستتىكى «تەڭرىقۇتنىڭ ئوقيالىق چەۋەندازلىرى» دېگەن سۆزنى qirqizya mingülük kişi-lar «قىرغىز يا مىڭ-گۇلۇك كىشىلەر» (VI 44، 12 — 13) دەپ تەرجىمە قىلغان. تەرجىمان بۇ يەردە خەنزۇ تىلىدىكى «单于» دېگەن سۆزنى ئىش-لىتىشكە تېگىشلىك يەرگە «qïrqïz قىرغىز» دېگەن سۆزنى ئال-ماشتۇرۇۋەتكەن، ئۇنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇۋېتىشتىكى مەقسىدىنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

تەرجىمان خەنزۇچىدىكى «ھەممىسى قۇل - دېدەك بولدى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئېنىق بىلگەچكە، ئۇيغۇرچە تەرجىمى-سىدە بۇنى ئۆزگەرتىپ kiši-lär yumqï ič ičäräki-[i] boltï-lar بولدى» دەپ تەرجىمە قىلغان، بۇ تەرجىماننىڭ سەۋىيىسىنى نامايان قىلغان.

تەرجىمان يەنە ئەسلىي تېكستتىكى «بويسۇنغانلار قەسىر - سارايلارغا تولۇپ كەتتى» دېگەننى tolu yatur üč balïqlarta —

ئۈچ شەھەر لىقىدە تۇشۇپ كەتتى» (VI 43 ،2) دەپ تەرجىمە قىلغان، تارىخىي ۋەقەلەرنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغاچقا «ئۈچ شەھەر» دېگەننى مەقسەتلىك گەۋدىلەندۈرگەن. خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە شىمالىي چېگرىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك بەيئەت قىلغۇچىلار شەھىرى بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ھازىرقى ئوردوسنىڭ شىمالىدا شەرق، غەرب ۋە مەركەزدىن ئىبارەت ئۈچ بەيئەتچىلەر شەھىرى بار بولۇپ، تۈركلەردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن قۇرۇلغانىدى، بۇ جۈملىنىڭ تەرجىمىسى تەرجىماننىڭ جۇڭگو تارىخىغا ناھايىتى پىششىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

يۇقىرىقى تەھلىللەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەرجىمان شىڭقۇ شەلى يالغۇز بۇددا دىنى تەلىماتلىرىغىلا پىششىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە سىياسىي، تارىخ ۋە مەدەنىيەتتىمۇ ناھايىتى پىششىق بىلگەن.

بۇ يەردە «جىننامە» 95- جىلد «بۇددا چىڭئانىڭ تەرجىمىھالى»دىكى مۇنۇ ئەھمىيەتلىك خاتىرىلەرنى تىلغا ئېلىش زۆرۈر، بۇ كىتابتا (秀支替戾冈, 仆谷劬秃当) دېگەن سۆزلەر خاتىرىلىنىپ: «بۇ كېش تىلىدا 秀支 قوشۇن دېگەنلىك، 替戾冈 چىقىرىش دېگەنلىك. 仆谷 ليۇ ياۋ دېگەن غۇزنى كۆرسىتىدۇ، 劬秃当 تۇتۇش دېگەنلىك، بۇ گەپ قوشۇن ئاتلانسىلا ليۇ ياۋ تۇتۇلىدۇ دېگەنلىك بولىدۇ»، دەپ خاتىرىلەنگەن[33]. بۇ جۈملە ھەققىدە ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى جىق تەتقىقاتلارنى قىلغان[34]. روسىيىلىك تىلشۇناس ئە. ر. تېنىشېفمۇ 匈奴 تىلى ھەققىدە ئىزدەنگەن[35].

روسىيىلىك تىلشۇناس شېرۋاشىدزې (И.Н.Шервашидзе) بۇرۇنقىلارنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا، خەنزۇ يېزىقىدىكى شېئىر «当 秀支替戾冈, 仆谷劬» ھەققىدە يېڭىباشتىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تۆۋەندىكىدەك قىياسىنى ئوتتۇرىغا قويغان[36]:

مەنبە تىل قۇرۇلمىسى: sükä talïqïŋ, buquğ qodï qo(d)ïŋ.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى: سەن قوشۇن باشلاپ چىقساڭ، بۇگۇ (buquğ) نى ئاغدۇرالايسەن.

شىرۋاشىدزې سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يۇقىرىدىكى «كېش تىلى»دىكى شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسىنى قەدىمكى تۇرك تىلى دەپ قارىغان.

يۇقىرىقى سېلىشتۇرۇشتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شىرۋاشىدزې قىياس قىلغان قەدىمكى تۇرك تىلىدىكى مەزمۇن، ئەسلى تېكستتىكى بۇ ئىككى قۇر شېئىرنىڭ خەنزۇچە ئىزاھاتى «قوشۇن ئاتلانسىلا، ليۇ ياۋ تۇتۇلىدۇ» دېگەنگە قارىغاندا تېخىمۇ يېقىنراق بولغان.

## 4. خۇلاسە

يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى تىلشۇناسلىق، مەنبەشۇناسلىق، ئارخېئولوگىيە، ئىنسانشۇناسلىق ۋە باشقا پەنلەر ئارىسىدىكى ئۆتۈشۈش قەدىمكى ۋە يازما تارىختىن بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭ تىل، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىيەت ۋە كۆچۈش قاتارلىق ساھەلەردىكى تەتقىقاتىنى خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتۈردى[37]. «匈奴» تىلىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ باشقا تىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئىزچىل تىلشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتقان مۇھىم ساھە بولۇپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەممىسى«匈奴» تىلىنى يېشىش ۋە قىياس قىلىش ئارقىلىق، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، جۇڭگو ۋە غەرب مەنبەلىرىدىكى «匈奴» ۋە باشقا قەدىمكى مىللەتلەر كىتاب يۈزىدىن «غايىپ بولۇش» بىلەن بىرگە، باشقا نامدىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر تارىخىي خاتىرىلەردە پەيدا بولۇشقا باشلىدى. تارىختىكى ۋە ھازىرقى تىللار ۋە دىئالېكتلارنى بۇ تىللار ئىپادە قىلغان تارىخنى تەتقىق قىلىش، «匈奴» قاتارلىق تارىختىن «غايىپ بولغان» مىللەتلەرنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى قاتارلىقلارنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە قىد-

ياس قىلىشتىكى ئۇنۇملۇك يولدۇر. مەسىلەن، روسىيىلىك
مەشھۇر تىلشۇناس H. A. باسكاكوۋ 匈奴 قەبىلىلەر ئىتتىپاقى
يىمىرىلگەندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن شەرقىي ۋە غەربىي تۈر-
كىي قەبىلىلەر تۈركىي تىللاردىكى مەلۇم ئورتاقلىقنى ئىگە ئىسك-
كى تارماقنى شەكىللەندۈرگەن، يەنى غەربىي 匈奴 تىللىرى تار-
مىقى بىلەن شەرقى 匈奴 تىلى تارمىقى. غەربىي 匈奴 تىللىرى
تارمىقى تەرەققىي قىلىپ بۇلغار، ئوغۇز، قىپچاق، قارلۇق تىل
گۇرۇپپىلىرىغا بۆلۈنگەن. غەربىي 匈奴 تىلى تارمىقى يەنە
چۇۋاش، گاگاۋۇز، ئەزەربەيجان، تۈرك، قىرىم تاتارچىسى، نوغاي،
تۈركمەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىد-
چىگە ئالىدۇ. شەرقىي 匈奴 تارمىقى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى —
ئوغۇز تىلى ۋە قىرغىز تىلى – قىپچاق تىلىدىن ئىبارەت ئىككى
تىل گۇرۇپپىسىنى شەكىللەندۈرگەن. شەرقىي 匈奴 تىلى تار-
مىقى ئوغۇز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، تۇۋا، ساخا، خاكاس، قىرغىز،
چۇلىم تاتارچىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[38]. يېقىنقى
20 يىلدىن بۇيان، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات
ئورنى قاتارلىق تەتقىقات ئورگانلىرىدىكى تۈركولوگلار تاماملىغان
«تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرما گىراماتىكىسى» («فو-
نېتىكا»، «مورفولوگىيە»، «سىنتاكسىس»، «لېكسىكا»، «تىل
جۇغراپىيىسى قىياسى» قاتارلىق توملارنى ئۆز ئىچىگە ئال-
دۇ)نىڭ ئارقا – ئارقىدىن نەشر قىلىنىشى تۈركىي تىللار تەتقى-
قاتىدىكى مۇھىم نەتىجىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ بىر يۈرۈش
ئەسەرلەردە، تىلشۇناسلار ياۋرو – ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق تارىخى-
غا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن تۈركىي تىللارنى فونېتىكا، مورفو-
لوگىيە، سىنتاكسىس، لېكسىكا، تىل جۇغراپىيىسى نۇقتىلىرى-
دىن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىدى ھەمدە «ئىپتىدائىي تۈركىي
تىللار»نى قايتا قىياس قىلدى، بۇ بىزنىڭ قەدىمكى ئىچكى قۇ-
رۇقلۇق ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تىل ئەھۋالىنى چۈشىنىشى-
مىزدە مۇھىم ئىلمىي قىممەتكە ئىگە[39].

يۈز يىلدىن بۇيان ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تىلشۇناس ۋە تا-رىخشۇناسلار ناھايىتى زور زېھنىي كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئوخ-شىمىغان نۇقتىدىن قەدىمكى 匈奴 لارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە تەۋەلىكىنى تەتقىق قىلىشقا تىرىشتى. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشى-چە، 匈奴 لار ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئوخشاش بولمىغان مىللەت ۋە تىللارنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئى-چىدە تۈركىي تىللارمۇ بار[40].

匈奴 لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تى-لى، ئېتنىك مەنبەسى، شەكىللىنىشى، تارقىلىشى، كۆچۈشى ۋە يازما خاتىرىلەردىن «يوقىلىش» سەۋەبلىرىنى پۈتكۈل ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىيەت، تىل، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈش كاتېگورىيىسىگە قويۇپ تۇرۇپ، كۆپ خىل پەنلەر ئارقىلىق ئۇ-نىۋېرسال تەتقىق قىلغاندىلا ئاندىن تارىخنىڭ ھەقىقىي قىياپى-تىگە يېقىنلاشقىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى ئەل تىلشۇ-ناس، ئارخېئولوگ، تارىخشۇناس، ئىنسانشۇناس، مىللەتشۇناس، مەنبەشۇناسلىرى بىرلىكتە ھەمكارلاشقاندىلا قەدىمكى 匈奴 لار ۋە ئۇلار ياشىغان دەۋرنىڭ سىرىنى ئاچقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرچە «شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» بىزنى بۇ جەھەتتە قىممەتلىك ماتې-رىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. 10 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى شىڭقۇ شەلىنىڭ خەنزۇچىدىكى «匈奴» ۋە باشقا قەدىمكى مىللەت ۋە يەر ناملىرىنى تەرجىمە قىلىشتىكى تونۇشى، ھازىرقى تەتقى-قاتچىلارنىڭ «匈奴»لارنىڭ تىلى ۋە ئېتنىك مەنبەسىگە ھۆكۈم قىلىشىدا شەك ـ شۈبھىسىزكى مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

قوشۇمچە: بىرقىسىم قەدىمكى خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى:

| | |
|---|---|
| 东 | öŋdün |
| 西 | kün batsïq |
| 北 | quz |
| 南 | küntün |
| 日域 | kün toğsïq uluš_lar |
| 道 | törü |
| 昆丘 | kün batsïq_qa tägi |
| 卉服 | ot tonluğ |
| 左衽 | trs yapïğlïğ |
| 献珍贡宝 | äd t(a)var_larin arturu |
| 玁狁 | tarmaqlïğ tumšuqluğ |
| 五帝 | biš ilig_lär |
| 三王 | üč van_lar |
| 河、洛 | lağki balïq |
| 披发 | qodï sačlïqlar |
| （黠戛斯） | qïrqïz |
| 酆镐 | (qutluğ) čuu_nan |
| 鸣镝 | oq baš_lïğ |
| 中国 | ortun il uluš |
| 殷周 | inčü （van） |
| 汉武（帝） | han vudï atlïğ van |
| 陛下 | t(ä)ŋri iligimiz |
| 匈奴 | türk yočul bodun |
| 弓骑之人 | y_a mingülük kiši_lär |
| 虞（王） | huiz_vaŋ |
| 夏（王） | vu_a_vaŋ |

پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. سېن جۇڭمىيەن «تۈرك تارىخ توپلىمى» (1 ـ، 2 ـ توم) جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 2004 ـ يىلى نەشرى

2. فېڭ جياشېڭ «ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، ھەققىدە تەتقىقات دوكلاتى»، «ئارخېئولوگىيە» ژورنىلى B نۇسخا 1 ـ سان، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، 1953 ـ يىل

خۇي لى، يەن سۇڭ يازغان، سۇن مىنتاڭ ئىزاھلىغان: «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

3. لىن گەن تۈزگەن: «匈奴 تارىخى يىلنامىسى» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1984 ـ يىلى نەشرى.

4. لىن گەن تۈزگەن: «匈奴 لار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» (1 ـ، 2 ـ قىسىم)، 1988 ـ يىلى نەشرى.

5. ۋاڭ گوۋېي: «گۈەنتاڭ توپلىمى» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1959 ـ يىلى نەشرى.

6. ياڭ تىڭفۇ: «شۈەنزاڭ يىلنامىسى»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1988ـ يىلى نەشرى.

ئىزاھلار:

* بۇ ماقالىنىڭ تۇنجى نۇسخىسى 1992 ـ يىلى پۈتۈپ چىقىپ، 2005 ـ يىلى بېكىتىلگەن. تۇنجى نۇسخىسى پۈتكەندىن كېيىن، چېن شىېجاڭ، ليۇ جېڭيىن، خاۋ يۈڭجۈن، ۋۇئەنچى، جاۋ مىڭمىڭ، نىې خۇڭ-يىن قاتارلىق ئەپەندىلەر كۆرۈپ چىقىپ تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بەردى، بۇ يەردە ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن. كەمىنە 1995 ـ يىلى گېرما-نىيىگە تەكشۈرۈشكە بارغىنىمدا، بېرلىن ئاكادېمىيىسىدىكى پروفېسسور (Berlin – Brandenburgische Akademie der Wissenschaften) پېتېر زېمې (Peter Zieme) ۋە دوكتور سىمون كرىستىيان راشمان (Simone Christiane Rashman) قاتارلىقلار ياردەملىشىپ، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى، ئۇلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

① ۋاڭ گوۋېي: «گۈيفاڭ، كۈنيى، شيەنيۈنلەر ھەققىدە تەتقىقات» ـ

«گۈەنتاڭ توپلىمى»، 2 ـ قىسىم، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1958 ـ يىلى نەشرى، 583 ـ ، 606 ـ بەتلەر.

② بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»غا مۇناسىۋەتلىك جايلار روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئورنىنىڭ سانكت پېتىربۇرگ شۆبىسىدە ساقلانغان. (Санкт-Петербургский филиал Института востоковедения РАН) روسىيىلىك ئالىم تۇگۇشېۋا ئېلان قىلغان(*ТугушеваЛ.Ю.*: Уйгурская Версия Биографии Сюань–Цзана, Москва, "Наука", Главная Редакция Востчной Литературы, 1991) غا قاراڭ. قەدىمكى ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ باشقا قىسىملىرى ئۈچۈن «قەدىمكى ئۇيغۇرچە شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ فاكسىمىلىغا قاراڭ، 1951 ـ يىلى، بېيجىڭ. پارىژ گۇيمېت ئاسىيا سەنئەت مۇزېيى (Musée national des Arts asiatiques-Guimet, Paris)دا ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» پارچىلىرىنىڭ پىلاستىنكا نۇسخىسى.

③ خۇيلى، يەن سۇڭجې، سۇن مىنتاڭ ئىزاھلىغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (يۇ داۋشۈەن يېزىپ، فەن شياڭيۇڭ شەرھىيلىگەن «ساكيا مۇنى تەزكىرىسى» بىرلەشمە نۇسخا) «ئىزاھات» جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2000 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ ، 2 ـ بەتلەر.

④ قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا ئېنىق يېزىلغان ۋاقتى ساقلانمىغان، گابائىن خانىم ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتىنى كېيىنكى تاڭ يەنى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دەپ قارىغان، قاراڭ: *Gabain A.von* Die Uigurische Übersetzuŋ der Biographie Hüen-tsaŋs, SPAW, 1935, Berlin, s.152—153 . فېڭ جىيا شېڭ ئەپەندى بولسا ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتىنى شىمالىي سۇڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ دەپ قارىغان. فېڭ جياشېڭنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى› ھەققىدە تەتقىقات دوكلاتى» «ئارخېئولوگىيە مەخسۇس ژۇرنىلى» C نۇسخا 1 ـ نومۇر. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرى، 1953 ـ يىل؛ يەنە شۇ كىشىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى «فېڭ جياشېڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1987 ـ يىلى نەشرى 373 ـ ، 413 ـ بەتلەر. تۇگۇشېۋانىڭ قارىشىچە، قوليازمىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغاندا بۇ تەرجىمە قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى، يەنى مىلادىيە 850 ـ ۋە 1250 ـ يىللار ئارىلىقىدا قىلىنغان. ئۇ يەنە ھازىر ساقلان-

غان قەدىمكى ئۇيغۇرچە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ئەسلىي تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئۆزى ئەمەس دەپ قارىغان (2 ـ ئىزاھاتتىكى كىتابنىڭ 24 ـ بېتىگە قاراڭ). روسىيىلىك ئالىم رادلوف شۇ تەرجىمان تەرجىمە قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يەنە بىر بۇددا نومى «ئالتۇن ئۆڭلۈك يارۇق يالـ تىراقلىق قوپتا كۆترىلمىش نوم ئىلىكى ئاتلىق نوم بىتىك»نى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تىلى گىراماتىكا ۋە سۆزلۈك جەھەتلەردىن 8 ـ 9 ـ ئەسىرلەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مانى دىنىغا ئائىت ۋەسىقىـ لەرگە بەكلا ئوخشايدۇ، دەپ قارىغان. قاراڭ: *РадловВ.В.*, *С.Е.Малов*..: Suvarnaprabhāsa(Сутра Золотого Блеска), Текст Уйгурской Версии, T.I—II, Санктпетербург, 1913, стр.XIV-XV. گېرمانىيىـ لىك ئالىم پېتېر زىمېنىڭ قارىشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى مىلادىيە 10 ـ ئەسىر ئىكەن. قاراڭ: *П. Циме*, О Второй главе сутры <Золотой блеск>, Turcologica, издательство "наука", Ленинградское отделение, Л., 1986, стр.341-347 خامىلتون بولسا بۇ كىتابنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتىنى 11 ـ ئەسىر دەپ قارىغان. قاراڭ: *Hamilton J*,. Les titres Sali et tutuŋ en ouigour. –Journal Asiatique, 1984, t.272, 3-4, p.425-437 بۇ ماقالىدە گابائىن خانىمنىڭكى ئاساس قىلىندى. قەدىمكى ئۇيغۇرچە «ئالتۇن يارۇق» ھەققىدىكى تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن پېتىر زىمېنىڭ *Peter Zieme*, Altun Yaruq Sudur , Vorworte und das erste Buch(Berliner Turfantexte XVIII), BREPOLS, Turnhout, Belgium, 1996; *Ceval Kaya*, Uygurca Altun Yaruq(Giris, Metin ve Dizin), Ankara, 1994 قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

⑤ جى شيەنلىن قاتارلىقلار «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسىگە ئىزاھ»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1985 ـ يىلى نەشرى، 110 ـ، 113 ـ بەتلەر

⑥. قەدىمدە كىيىمنىڭ پېشى بورا يەڭ دەپ ئاتىلاتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشيالىقلار چاپاننىڭ پېشىنى كۆكرەك ئالدىدىن ئېـ تىدىغان بولۇپ، سول پەش ئوڭ پەشنى بېسىپ تۇراتتى ۋە ئوڭ قولتۇق تەرەپتىن ئىزمىلىناتتى؛ ئەمما شىمالدىكى مىللەتلەر بولسا ئۇنىڭ ئەكـ سىچە ئوڭ پەش سول پەشنى بېسىپ تۇرىدىغان بولۇپ، سول تەرەپ قولـ تۇق ئاستىدىن ئىزمىلىناتتى، شۇڭا «چاپاننى سول تەرەپتىن ئىزمىلايـ دىغانلار» دېيىلەتتى. خېلو هازىرقى شەنشى ئۆلكىسىدىكى لوخې دەرياـ

سىنىڭ ئەتراپىنى كۆرسىتىدۇ؛ قەدىمكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇاشىيا تەۋەسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چاچلىرىنى چوققىسىغا تۈگۈۋالاتتى، ئەمما شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى چاچلىرىنى قو-يۇۋېتىپ، خۇاشيالىقلار بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلار «سالۋار چاچلىقلار» دېيىلەتتى، سالۋار چاچ دېيىلگەندە، چاچنى ئارقىغا تاشلاش ياكى مۈرە ياكى دولىسىغا تاشلاپ، چاچنى بىر تۈگۈچ بىلەن تۈگمۈۋېلىش-نى كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە قەدىمكى شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس ئىدى، يەنە چېچىنى تاراپ ئۆرۈۋالىدىغان ۋە قىرقىۋېتىد-ىغان ئادەتلىرىمۇ بار ئىدى.

⑦ "玁狁" بەزىدە "獯狁"مۇ دېيىلىدۇ.

⑧ «فېڭ»، ھازىرقى شەنشىدە، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە جۇ ۋېنۋاڭ يى مۇشۇ جايدا تۇرغان ئىكەن. خاۋ، غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ مەركىزى، ھازىرقى شىئەننىڭ غەربىي شىمالىدا. "ئاۋازلىق ئوق" قەدىمدە شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشلەتكەن ئوق باشقىنى كۆرسىتىد-ۇ، ئۇنىڭدا يا ئوقىغا تۆشۈك تېشىلگەن كىچىك سۆڭەك شارچە ئورنىتىد-ىلىدۇ. بۇ خىل ئوق ئېتىلغاندىن كېيىن ۋىژىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ، دۈشمەننى ساراسىمىگە سېلىۋېتىدۇ.

⑨ «ئوتتۇرا ئىقلىم» دىگەن ئاتالغۇ غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە كۆرۈلگەن بولۇپ، قەدىمدە خۇاشيالىقلار ئۆزلىرى ياشىغان رايوننى «ئوت-تۇرا ئىقلىم» دەپ ئاتاپ، تۆت تەرەپتىكىلەرنى «مەن»، «يى»، «رۇڭ»، «دى» دەپ ئاتاشقان.

⑩ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 123 ـ يىلى (خەن ۋۇدىنىڭ يۈەنشو 6 ـ يىلى)، خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى ۋېي چىڭ قوشۇن باشلاپ 匈奴 لارغا زەربە بەرگەن؛ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 121 ـ يىلى (خەن ۋۇدى يۈەنشۇ 2 ـ يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ هارۋا ئاتلىقلار سانغۇنى خو چۈبىڭ قوشۇن باشلاپ لۇڭشىدىن چىقىپ 匈奴 لارغا زەربە بەرگەن. چۆللۈك، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئومۇمەن موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى چوڭ قۇملۇق-نىڭ شەرقىدىن جۇڭغار ئويمانلىقىغىچە بولغان رايونلارنى كۆرسىتەتتى. قۇمۇق، خانگاي تاغلىرى ئەتراپىنى كۆرسىتەتتى. مىلادىيە 629 ـ يىلى (جېنگۈەن 3 ـ يىلى) تاڭ تەيزۇڭ لەشكىرىي دىۋانىنىڭ دىۋان بېگى لى جىڭنى 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئەۋەتىپ تۈركلەرنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان.

⑪ يۇ، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە يىراق قەدىمكى زاماندىكى قەبىلە بولۇپ، پەقەت يۇ ئۇرۇقىلا باركەن، قەبىلە ئاقساقىلى شۇن.

⑫ خۇيلى، يەن سۇڭجى، سۇن مىنتاڭ ئىزاھلىغان «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2000 ـ يىلى نەشرى، 139 ـ بەت.

⑬ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، فاكسىمىل نۇسخا، 1951 ـ يىلى، بېيجىڭ، 23 ـ بەت.

*РадловВ.В., С.Е.Малов*:Suvarnaprabhāsa(Сутра Золотого Блеска), Текст Уйгурской Версии, T.IX-X, Санктпетербург, 1917, стр.673-674.

⑮ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»، فاكسىمىل نۇسخا، «نەشرىياتتىن» 1951 ـ يىلى، بېيجىڭ.

⑯ مەن 1995 ـ يىلى فرانسىيىگە بېرىپ چەت ئەلدە تارقىلىپ يۈرگەن دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى ... 

⑯ مەن 1995 ـ يىلى فرانسىيىگە بېرىپ چەت ئەلدە تارقىلىپ يۈرگەن دۆنخۇاڭ ۋە تۇرپان ۋەسىقىلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئىزدىدىم، پېقىرنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، گۈيمېت ئاسىيا سەنئەت مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «شۇەنزەڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ قوليازمىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 3 ـ ۋە 9 ـ جىلدلىرى بولۇپ، يەنە ئەينى چاغدا تەتقىق قىلىنمىغان 27 ـ بېتىمۇ بار ئىكەن.

*Тугушева Л.Ю.*: Уйгурская Версия Биографии Сюань _Цзана, Москва, "Наука", Главная Редакция Востчной Литературы, 1991. стр.3_25

⑰ بۇ يەردىكى چوڭ يېزىلغان لاتىن ھەرپى ئەسلىي ئەسەرنىڭ جىلد سانىنى، ئەرەپ رەقىمى بولسا بەت سانىنى بىلدۈرىدۇ؛ قەدىمكى ئۇيغۇرچە يېزىلىشىدا بېرىلگەن ئەرەپ رەقىمى بولسا ئەسلىي ئەسەرنىڭ قۇر رەت نومۇرىنى كۆرسىتىدۇ، سول تەرەپتىكىسى بولسا «شۇەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»دىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار. تۆۋەندىكىلىرىمۇ ئوخشاش، تەرجىمىدىكى تىرناق ئىچىگە ئېلىنغانلىرى ئاپتور تەرىپىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىرى.

⑱ بۇ ئابزاسنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە روسىيىلىك ئالىم توگۇشېۋانىڭ قارىشىچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدىكى سۆز « oymiš yaqa » دىكى 2 ـ سۆز خاتا يېزىلىپ قالغان بولۇپ، ئەسلىي توغرا يېزىلىشى بولسا taqa «تۇياق» بولۇشى كېرەك. 14 ـ ئىزاھتا نەقىل ئېلىنغان كىـ

تابىنىڭ 304 ـ بېتىگە قاراڭ. تەرجىمىدىكى 2 ـ ۋە 4 ـ نۇقتىدىكىسى ئەسلىي نۇسخىدىكى بەلگە بولۇپ، تەرجىمىدە قالدۇرۇپ قويۇلدى.

⑲ بۇ يەرنى ئۇدۇل تەرجىمە قىلغاندا «شەھەر ۋە يەرنىڭ شاخچىلىرى» بولىدۇ.

⑳ بۇ يەردىكى ئەسلى نۇسخىدىكى ägri uyalïq دېگەن سۆز «مايماق ئۇۋا» دېگەنلىك بولىدۇ. روسىيىلىك تەتقىقاتچى تۇگۇشېۋانىڭ قارىشىچە، ئەسلىي نۇسخىدىكى « uya» دىگەن سۆزنىڭ «ئۇرۇق» دېگەن مەنىسى بار ـ كەن.

㉑ بۇ يەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ 25 ــ 27 ـ قۇرىدىكى « 匈 奴 لارنىڭ ئورنى مسلىسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۇپ، ئۇلار چوڭ türk yočul bodun ärtirü kötrülti: üstünki il uluš-lar:törüsin دۆلەتنىڭ ïčqïntï قانۇنلىرىنى رەت قىلىشتى» دىگەن جۇملىنىڭ، ئەسلىي نۇسخىدا ماس كېلىدىغان ئورنى يوق، قارىغاندا تەرجىمان قوشۇپ قويغان بولسا كېرەك.

*Тугушева Л.Ю.*: Уйгурская Версия Биографии Сюань – Цзана, Москва, "Наука", Главная Редакция Востчной Литературы, 1991. стр.18.

㉓ گېرمانىيىدە ساقلانغان «مايترى سىمىت»نىڭ پارچىلىرىنى گابائىن خانىم (*Gabain, A.v.*) ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ 60 ـ يىللىرى رەتلەپ فاكسىمىلىنى ئېلان قىلغان:

*Gabain, A.v.*,Maitrisimit,Faksimile der altturkischenVersion eines Werkes der buddhistischen Vaibhāsika-schule mit 227 Tafeln nebst 2 Beiheften,I,Wiesbaden1957,II,Berlin 1961.*Tekin Ş* . Maitrisimit Nom Bitig (Berliner Turfantexte IX), Die uigurische Übersetzuŋ eines Werkes der buddhistischen Vaibhasika-Schule, 1.Teil: Transliteration, Übersetzuŋ, Anmerkuŋen, Berlin, 1980, s.212。

شىناسى تېكىن (Şinasi Tekin) ئېلان قىلغان بۇ ۋەسىقىنىڭ 1 ـ قىسمى بۇ ۋەسىقىنىڭ ھەرپلىرىنىڭ كۆچۈرمىسى ۋە گېرمانچە تەرجىمىسى بولۇپ، 2 ـ قىسمى بولسا سۆزلۈك جەدۋىلى. türk yočul bodun گەن بۇ سۆزلۈكنى، ئۇ تۆۋەندىكىدەك كۆچۈرۈپ يازغان:

بۇنىڭ ئىچىدىكى «pwqwn tywrk ywcwl pwdwn pwqwn "r['] " دېگەن سۆزنى شىناسى تېكىن 'lpyn 'mk'kyn kysy ['']zwnynt' twq'r ئۆزى كىرگۈزۈپ قويغان. روسىيىلىك ئالىم تۇگۇشېۋا شىناسى تېكىن- نىڭ ئېلان قىلغىنىغا ئاساسەن، گېرمانىيىدە ساقلانغان قەدىمكى ئۇي- غۇرچە «مايترى سىمىت»نىڭ پارچىلىرىنىڭ بۇ قىسمىنىڭ مەزمۇنىنى ئالدىنقى ئىزاھتا نەقىل قىلىنغان كىتابىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا مۇنداق يازغان türk yočul bodun ......

buÔun ar[a] alpïn ämgäkin kiši ažuninta tuğar «كۆچمەن تۈرك خەل- قى (يەنى ، 匈奴،لار ـــ ئاپتوردىن) قەيسەرلىك ۋە قىيىنچىلىق ئىلكى- دە pwqwn دا ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ئاپىرىدە بولدى» دەپ يازغان، ھەم بۇ ھەقتە دەسلەپكى تەتقىقات ئېلىپ بارغان. تۇگۇشېۋا بۇنىڭدىن باشقا ئىككى پارچە قىسقا ماقالىسىدە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى تونۇشتۇرغان بول- غاچقا بۇ يەردە تەكرارلىمايمىز. پېقىر 1995 ـ يىلى بېرلىندا تەكشۈ- رۈشتە بولغان ۋاقتىمدا، بېرلىن مۇزېيخانىسىدا ئۇنىڭ ئەسلىي نۇسخى- سىنى كۆرگەندە، ئەسلىي نۇسخىسىدا (نومۇرى Mainz988 Seite2 ) خې- لى كۆپ كەمتۈكلۈكنى بايقىغان ئىدىم، ئۇ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن بولۇپ türk yočul bodun «كۆچمەن چارۋىچى تۈرك خەلقى» دېگەن يەرنىڭ ئارقىسى كەمتۈك (يەنى ئوڭ تەرەپتىكى كەمتۈك ئورۇن) ئارقىسى «...ara alpin...» دەپ باشلانغان. كەمتۈك قىسمىدا دەل شىناسى تېكىن قوشۇپ قويغان «pwqwn» دېگەن سۆز بار ئىكەن. ئەگەر كەمتۈك ئورۇن- نى راستىنلا «pwqwn» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرسەك، ئۇ ھالدا بۇ بەتتىكى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پارچىنىڭ مەزمۇنىنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى ناھايىتى قىزىقارلىق بولۇشى مۇمكىن. سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، پېقىر بۇ ھەقتە ئېلان قىلماقچى بولغان ماقالەم «گېرمانىيىدە ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ‹مايترى سىمىت› تىكى pwqwn سۆزى ھەق- قىدە تەتقىقات»تا مەخسۇس مۇشۇ ھەقتە توختالغان. شۇنداق بولغان بول- سىمۇ، لېكىن پارچىدا بىز ئۇچۇن türk yočul bodun «كۆچمەن چارۋىچى تۈرك خەلقى» دېگەن سۆز ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن بولۇپ، بۇ تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىنىڭ بەلكىم باشقا بىر خىل دەلىلى ياكى پەيدا بولۇشى- نىڭ ئالاھىدە تىل مۇھىتى بولۇشى مۇمكىن.

*ТугушеваЛ.Ю.*: Уйгурская Версия Биографии Сюань-Цзана, Москва, "Наука", Главная Редакция Восточной Литературы, 1991. стр.96.

*Радлов В.В., Малов С.Е*: Suvarnaprabhāsa(Сутра Золотого Блеска), Текст Уйгурской Версии, T.IX-X, Санктпетербург, 1914, стр.673.

㉖ بۇ بەتتىكى 3 ـ ئىزاھتىكى كىتابنىڭ 68 ـ بېتىگە قاراڭ.
㉗ «جۇنامە» 50 ـ جىلد «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 2 ـ قىسىم ، 907 ـ 908 ـ بەتلەر.
㉘ «يېڭى تاڭنامە» 142 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» I جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 6111 ـ 6112 ـ بەتلەر.
㉙ «كىتابلار جەۋھىرى» 958 ـ جىلد «يات ئەللەر تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 12 ـ قىسىم، شاڭخەي، 1960 ـ يىلى نەشرى 11277 ـ بەت
㉚ «يېڭى تاڭنامە» 215 ـ جىلد، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 10 ـ قىسىم، 6028 ـ بەت

*Малов С.Е.* Памятники Древнетюркской Письменности, Издательство Академии Наук СССР, М-Л., 1951. стр.56-61.

㉜ خۇيلى، يەن سۇڭجې، سۇن مىنتاڭ ئىزاھلىغان: «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» (يۇ داۋشۈەن يېزىپ، فەن شياڭيۇڭ شەرھىيلىگەن «ساكيا مۇنى تەزكىرىسى» بىرلەشمە نۇسخا) «ئىزاھات» جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 2000 ـ يىلى نەشرى، 139 ـ بەت.
㉝ فاڭ شۈەنلىڭ: «جىننامە» جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 4 ـ قىسىم، 2486 ـ بەت.

*Bazin L.* Un texte proto-turc du IV-e siecle, Le distique Hioŋnou du 〈Tsou-chou〉, Oriens,1948;*Gabain A.v.*Hunnisch-turkische Beziehuŋen; *Pulleyblank E.G.* The consonantal system of old Chinese,PartII,Asia Major, ed. B.Schindler, Neue Series.1962. Vol.IX. Part 2

(پەن ۋۈيۈن، شۇ ۋېنكەن: «يىراق قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ ئۈزۈك تاۋۇش سىستېمىسى» غا قاراڭ، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى، 1999 ـ يىلى)

*Sencer D.*,.Beyond the Hunnic Couplet, Central Asiatic Journal. 48/2(2004), pp.185-191.

*Тенишев Э.Р.*, Язык Гуннов, Тюркские Языки, Издателький Дом “Киргизстан”, Бишкек 1997, стр. 52-54.

*Шервашидзе И.Н.*, Формы Глагола в Языке Тюркских Рунических Надписей, Мецниереба, Тбилиси, 1986, стр.3-11.

㊲ بەزى تىلشۇناسلار ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى بايان قىـ
لىش جەھەتتە بەكلا ئالدىغا كەتكەن، مەسىلەن سوۋېت ئىتتىپاقلىق
تىلشۇناس ئىللىچ سۋىتىچ (Иллич-Свитыч В.М.) باشچىلىقىدىكى
ئالىملار «نوستراچىك تىل سىستېمىسى(Ностратические языки) نى
بېكىتتىش ۋە روسىيىلىك تىلشۇناس ئىۋانوف (Иванов Вяч. Вс.) ھەم
گامكرېلىدزې (Гамкрелидзе Т. В.) ئىككىيلەننىڭ ئىپتىدائىي ھىندى ـ
ياۋروپا تىلى ۋە جەمئىيىتى ھەققىدىكى تەتقىقاتى. بۇندىن باشقا روسىيـ
ـلىك تىلشۇناس ستاروستىن (Старостин С.А.) قاتارلىق كىشلەرنىڭ
تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن
«نوستراچىك تىل سىستېمىسى»نى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ قارىشىچە،
ياۋر ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەرقايسى تىللار ئەسلىدە تېخىمۇ
چوڭ بىر تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، ئۇ سام ـ هام تىل سىستېمىـ
سى، ھىندى ـ ياۋروپا تىل سىستېمىسى، ئۇرال تىل سىستېمىسى، ئالـ
تاي تىل سىستېمىسى، داۋوبىن تىل سىستېمىسى، كارتۋىل تىل سىسـ
تېمىسى قاتارلىق تىل سىستېمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. رۇس
تىلىدىكى Ностратичекие دىكى Ностратические языки دېگەن سۆز
لاتىن تىلىدىكى noster «بىزنىڭ» دىگەن سۆزدىن ئېلىنغان.

Дыбо В. А. “Ностратические языки”,《Лингвистический энциклопе-) дический словарь》, М., “Советская Энциклопедия”, 1990, (стр.338-339

*Баскаков Н. А.*, Историко-типологическая фонология тюркских языков, “Наука”, М., стр.74; его же, Алтайская семья языков и его изучение, “Наука”, М., 1981. стр.17.его же, Тюркские языки, Издательство Вос точной Литературы. М., 1960. стр. 32-61, 103-218.

*Российская Академия Наук, Институт Языкознания*, Сравнительно-историческая грамматика тюркских языков, "Фонетика"(1984), "Синтаксис" (1986), "Морфология"(1988), "Лексика"(1997), "Региональная реконструкция"(2002), Москва,"Наука".

*Тенишев Э.Р.*, Язык Гуннов/Тюркские Языки,Издательский Дом"Киргизстан", Бишкек 1997, стр.52.

تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنجان ھېزىم

# ئۇدۇن خانى ۋىيسا سامباۋا (لى شېڭتيەن)نىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا

بۇئايشەمگۈل ھاجى

ئۇدۇن خانلىقى قەدىمكى دەۋردە غەربىي رايوندا بارلىققا كەلگەن 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولۇپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە بولغان مەزگىلدە رەسمىي دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان، تاكى ئىسلامغا قەدەر 1000 نەچچە يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن. ۋىيسا جەمەتىدىن بولغان 56 ئەۋلاد پادىشاھ تەختتە ئولتۇرغان.①

ئۇدۇن خانلىقى ئىلمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، ياۋروپا ئەللىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ئالاقە ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان. ئۇدۇننىڭ 56 ئەۋلاد خانى ئىچىدە مىلادىيە 912 ـ يىلىدىن 966 ـ يىلىغىچە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋىيساخان② دەۋرىگە كەلگەندە، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى يۈكسىلىش يۇقىرى پەللىگە يېتىپ، ئۇنىڭ نامى مەملىكەت ئىچى ۋە قوشنا ئەللەردە بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. ئۇدۇن خانلىقىمۇ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا بولدى. شۇڭا ئۇدۇننىڭ بۇ مەشھۇر خانى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، ئۇدۇن خانلىقى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇناسىۋەت تارىخى، غەربىي رايوننىڭ قەدىمكى زامان تارىخى ھەم غەربىي رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك دوستانە مۇناسىۋەت تارىخىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ۋيساخان ھەرخىل تىل ـ يېزىقلاردا ھەرخىل ناملاردا تىلغا ئېلىنىدۇ: ئۇدۇن يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا ۋيسا سامباۋا، چاغاتاي يېزىقىدىكى ماتېرىياللاردا ياغلا قالقالو، خالخال ماچىن، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا لى شېڭتيەن (李圣天)[3]. ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى توغرىسىدا بىر قانچە خىل قاراش مەۋجۇد بولسىمۇ، بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن 912 ـ يىلىدىن 966 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان دېگەن قاراش ئېتىراپ قىلىنىپ كەلمەكتە.

ۋيسا سامباۋانىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا ئالىملار مۇنداق بىر قانچە خىل پىكىردە بولماقتا.

1. ۋيسا سامباۋا غەربكە كۆچۈپ كېلىپ، ئۇدۇندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر دېگەن قاراش.

2. ۋيسا سامباۋا ئەسلىدە ۋيسا خانلىقىنى بەرپا قىلغان ساكلارنىڭ ئەۋلادى دېگەن قاراش.

3. ۋيسا سامباۋا ئەسلىدىكى ۋيسا خانلىقىنى قۇرغان توخرىلارنىڭ ئەۋلادى دېگەن قاراش.

بۇلاردىن باشقا ۋيسا سامباۋا خەنزۇ مىللىتىدىن دەيدىغان قاراشمۇ بار[4]. گەرچە يۇقىرىقى كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مەلۇم ئاساسى بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى ئىلىم ساھەسىدە كۆپرەك ئېتىراپ قىلىنىۋاتقىنى يەنىلا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل قاراشتۇر.

بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ئاساسى مۇنداق:

ۋيسا سامباۋا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن كۆپ جەھەتلەردە ئورتاقلىققا ئىگە، ئۇ گەنجۇدىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش لۇڭشىدىكىلەرنىڭ «لى» فامىلىسىنى قوللانغان، ئۇنىڭ تەققى ـ تۇرقى، تۇرمۇش ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمۇ ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش. بۇنىڭدىن باشقا 圣天 دىكى 李圣天 دېگەن بۇ سۆز تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خانلىق ناملىرىدا دائىم ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ «李(لى)» فامىلىسىنى قوللىنىپ، ئۆزىنى تاڭ

سۇلالىسى خان جەمەتىگە مەنسۇپ، دەپ قارىغانلىقىمۇ بەزى ئۇيغۇر خان جەمەتىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ تۇر-مۇش ئۆرپ - ئادەتلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، «تا-ماققا ھەسەل قوشىدۇ، تېرىققا قېتىق ئارىلاشتۇرۇپ يەيدۇ»[5].

يەنە تىبەتچە خاتىرىلەردە ئۇدۇننىڭ «ئارسلان خانى» دېگەن ئىبارە كۆپ ئۇچرايدۇ، 10 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە ھەممە تۈرك ھاكىمىيەتلىرىدە «ئارسلان خان» دېگەن نام قوللىنىلغان، شۇڭا لى شېڭتيەننى ئۇيغۇر دېيىشكە بولىدۇ[6].

يۇقىرىقى ئىسپاتلار قارىماققا خېلى ئىشەنچلىك كۆرۈنىدۇ، بىراق بۇ قاراشلارنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك پاكىت يوق. باشقا تەرەپلەرنى قويۇپ تۇرايلى، 840 - يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى پارچىلىنىپ، خانلىقنىڭ يۇقرالىرى بىر قانچە تارماق-قا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچتى، بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇدۇن خانلىقى تەۋەسىگە كۆچۈپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق[7]، ئەگەر بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى كۆچۈپ كىر-دى، دەپ قارىغان تەقدىردىمۇ، بۇ بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار ئۇدۇن خانلىقى تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ، ھەرقانچە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلسىمۇ، 1000 يىلدەك مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان ۋىيسا خانلىقى-نى بىر يولدىلا ئاغدۇرۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ يېپيېڭى ھاكىمىيىتى-نى تىكلىشى، شۇنداقلا بۇنداق زور شۆھرەت قازىنىشى ئۇنچى-لىك ئاسان ئىش ئەمەس.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر تۆۋەندىكىدەك دەلىللەر ئارقىلىق بىرىنچى خىل قاراشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىنكار قىلىدۇ:

ئۇدۇندىكى مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي تەركىبى 10 - ئەسىر-دىمۇ ساكلارنى ئاساس قىلاتتى. مىللەت تەركىبىدە پەقەت 11 - ئەسىردە ئىسلام دىنى خوتەندە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلى-غاندىن كېيىن، تۈرك - ئىسلام مەدەنىيىتىدىكىلەرنىڭ تەسى-

ـرىدە ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىش يۈز بەردى.

خوتەننىڭ 10 ـ ئەسىردە، يەنى ۋىيساخان دەۋرىدە تېخى ئۇيغۇرلىشىش باسقۇچىغا كىرمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يەنە مۇنداق ئىسپاتلار بار:

مەھمۇد كاشغەري 11 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا يېزىپ قالدۇرغان بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق تىلغا ئالىدۇ: «ئەڭ ئوچۇق ۋە توغرا تىل پەقەت بىرلا تىلنى بىلىپ، پارسلار بىلەن ئارىلاشمايدىغان ۋە چەت ئەللىكلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ تىلىدۇر، ئىككى تىلنى بىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلاشقان كىشىلەرنىڭ تىلىدا بۇزۇقچىلىق بار... چەت ئەللىكلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىدىغان ۋە شەھەرلىكلەر بىلەن ئارىلاشقان خوتەن، تىبەت خەلقلىرى ۋە بەزى تاڭغۇتلار شۇنداق، بۇلار تۈركلەر ئېلىگە كېيىنرەك كەلگەن... تىبەتلەرنىڭ ئايرىم تىلى بار، خوتەنلىكلەرنىڭمۇ ئايرىم تىلى ۋە ئايرىم يېزىقى بار، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تۈرك تىلىدا چىرايلىق سۆزلىيەلمەيدۇ»[8]، «خوتەنلىكلەر بىلەن كەنچەكلەر سۆزنىڭ بېشىدىكى «ئا»نى «ھ» غا ئالماشتۇرىدۇ. تۈركىي تىلدا يوق بۇنداق تاۋۇشنى كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن بىز ئۇلارنى تۈركلەردىن دەپ ھېسابلىمايمىز»[9].

مېنىڭچە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ سېلىشتۇرمىسى ئۇدۇن ئاھالىلىرىنىڭ تەركىبىدىكى ئۆتكۈنچى بىر ئۆزگىرىشنىڭ يەكۈنى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىزگە 11 ـ ئەسىردىكى ئۇدۇن ئاھالىسىنىڭ يەنىلا ساكلار ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئاساسلىق تىلىنىڭ يەنىلا ساك تىلى ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتا تىل تەتقىقاتىدىمۇ ئايدىڭلىشىپ بولغانىدى. مەسىلەن:

ئەنگىلىيىلىك ئىران تىللىرى مۇتەخەسسىسى ھ. ۋ. بەيلى ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىدا: «خوتەن ساكلىرى خوتەن ساك تىلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھىندىستاندىكى گۇپتا خانلىقى (320 ـــ 555 ـ يىلغىچە) قوللانغان يېزىق ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان پراكرىت

(Prakrt) يېزىقى ياكى خوتەن ساك يېزىقى دەپ ئاتىلىدىغان يېزىقنى قوللانغان، بۇ خىل يېزىق مىلادىيە 3 ـ ئەسىرلەردىن تارتىپ 10 ـ ئەسىرگىچە قوللىنىلغان بولۇپ، دەسلەپكى دەۋرى (3 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە) ۋە كېيىنكى دەۋرى (7 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە) دەپ ئىككى دەۋرگە بۆلۈنەتتى دەپ كۆرسەتكەن»[10]. بۇ بايانىدىن مۇنداق يەكۈنگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن؛ ۋىيساخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىل (10 ـ ئەسىر)دە ئۇدۇننىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى يەنىلا ساكلار بولۇپ، مىللەت تەركىبىدە تېخى كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەن، ئەگەر مىللەت تەركىبىدە ئۆزگىرىش بولغان بولسا، ئەلۋەتتە شۇ مىللەت تەرىپىدىن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان تىل ـ يېزىقتىمۇ ئۆزگىرىش بولغان بولاتتى.

گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ھ. ج. كلىمكېت بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى ھارۇن I خوتەننى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، خوتەن ساكلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى، شۇنىڭدىن تارتىپ خوتەن ساكلىرىنىڭ شانلىق بۇددا مەدەنىيىتى دەۋرى ئاخىرلىشىپ، خوتەندە يېڭى بىر دەۋر ـــ ئىسلامىيەت دەۋرى باشلاندى[11].

بۇ بايانىدا ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىپ ئومۇملىشىشى، خوتەندىكى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئاياغلىشىشى توغرىسىدا بىر قەدەر يۈزەكى پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭدىن بىز ۋاستىلىك ھالدا ۋىيساخان ھاكىمىيىتى دەۋرىدە، ئۇدۇن خانلىقى تەۋەلىكىدىكى مىللەتنىڭ يەنىلا بۇددا دىنى ئېتىقادىدىكى ساكلارنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى، ۋىيسا خانىنىڭمۇ ساك نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەنگلىيە كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى پىرىبونىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىچە، ۋىيسا خاننىڭ ئەسلى ئىسمى ۋىيسا سامباۋا (visa sambhava) بولۇپ، 912 ـ يىلدىن 966 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان، ئۇنىڭ تەخت ۋارىسلىرى ۋىيسا

سۇرا (visa sura)، ۋىيسا داراما (visa darama)...لارنىڭ فامىلىسىنىڭ يەنىلا «ۋىيسا» ئىكەنلىكىگە قارىغاندا، شۇ چاغلاردىكى ئۇدۇن خانلىقىنىڭ يەنىلا ئۇزاق قەدىمدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋىيسا فامىلىلىكلەر قۇرغان خانلىق ئىكەنلىكى مەلۇم.

دېمەك، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بىر قاتار نەقىللەرنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىك ھالدا، ۋىيسا خانىنىڭ ساك نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى، بىراق ئەتراپىدىكى تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تەسىرىگە مەلۇم دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقى ۋە شۇ ئاساستا ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ، ئەتراپىتىكى ئۇيغۇرلار تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، تەدرىجىي ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەك ئۇنچىۋالا تەس ئەمەس.

ئۇنداقتا ۋىيسا خان ساك نەسلىدىن تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن «لى» (李) فامىلىسىنى قوللىنىدۇ؟

بۇ مەسىلە ئۇستىدە ھازىر بىر قانچە خىل قاراش مەۋجۇد. بىر قىسىم كىشىلەر پەقەت ئۇنىڭ فامىلىسىدىكى «لى» خېتى ئۈچۈنلا ئۇنى خەنزۇ دەپ تونۇماقتا، ئۇلارنىڭ ئاساسى تۆۋەندىكىچە:

بىر تۈركۈم كىشىلەر ۋىيسا خانىنىڭ «لى» فامىلىسىنى قوللىنىشىنى مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئۇدۇن تىبەتچە تارىخىي ماتېرىياللاردا li – yul، يەنى li دۆلىتى دەپ ئاتالغاچقا، خوتەننىڭ ئاھالىلىرى ئىسمىنىڭ ئالدىغا li فامىلىسىنى قوشۇۋالغان. لى (李) دېگەن li – yul دىكى li نىڭ ئاھاڭ تاۋۇشىدۇر[12].

لېكىن، كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، ئايرىم كىشىلەر «بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس ئىلاھى بولغان ۋايسىرۋانا ئۇدۇننىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى بولۇپ، ئۇدۇنلۇقلار ئۆزلىرىنى ئەزەلدىن ۋايسىرۋانانىڭ ئەۋلادى، دەپ قارايتتى. شۇڭا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارنىڭ، شىمال ئىلاھى ۋايسىرۋانانى ‹لى› دەپ ئاتاش ئادىتى بويىچە، ۋىيسا خانمۇ ئۆزىنى شىمال ئىلاھى ۋايسىرۋاناغا يېقىن تۇتۇش ئۇ-

چۇن، (لى) نى فامىلە قىلىپ قوللانغان»[13]، دەپ قارىماقتا. بۇ مەسىلىگە يىن چىڭ ئەپەندى مۇنداق چۈشەنچە بېرىدۇ: «مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە بۇتخانا سالدۇردى، ھەتتا قوشۇن، سودا كارۋانلىرىنىڭ بايرىقىدىمۇ بۇ شىمال بۇددا ئىلاھىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، خەنزۇچىدا بۇ ئىلاھ لى (霾) خېتى بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ، بۇنداق رىۋايەت ئەلۋەتتە بۇددا دىنىنىڭ مەركەزلىرىدىن بولغان ئۇدۇن جەمئىيىتىدىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىغانىدى، شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ئۇدۇن خانى ھەتتا بىر قىسىم ئۇدۇن پۇقرالىرىمۇ ئىسمىنىڭ بېشىغا «لى» خېتىنى قوشۇۋالغان، بۇمۇ بەلكىم مۇشۇ رىۋايەت بىلەن ئوخشاش بولسا كېرەك[14].

يۇقىرىقى ۋېيسا سامباۋانىڭ «لى» فامىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك نەقىللەر ۋە پەرەزلەرگە قاراپ مۇنداق يەكۇنگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن: ۋېيسا سامباۋانىڭ «لى» فامىلىسى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ خەنزۇ بولغانلىقىدىن ئەمەس، ياكى قانداقتۇر تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن ناممۇ ئەمەس، چۈنكى «لى» فامىلىسىنىڭ ئۇدۇن خانلىرىدا قوللىنىلىشى تۈنجى بولۇپ لى شېڭتيەندىن باشلانغان[15]، ئۇنىڭ ئۈستىگە لى شېڭتيەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بۇ مەزگىلدە بولسا، تاڭ سۇلالىسى ئاللىقاچان خارابلىشىپ، تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ بولغان، بۇنداق شارائىتتا لى شېڭتيەننىڭ يەنىلا ئاللىقاچان خارابلىشىپ قالغان تاڭ سۇلالىسى بەرگەن نامنى قوللىنىشى ئېھتىمالدىن يىراق. بۇنىڭدىن لى شېڭتيەننىڭ «لى» فامىلىسىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بەرگەن نام ئەمەسلىكى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

618 ـ يىلى قۇرۇلغان تاڭ سۇلالىسى 755 ـ، 762 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن ئەن لۇشەن ـ شى سىمىڭ توپىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن تەدرىجىي خارابلاشتى، 875 ـ يىلغا كەلگەندە بولسا، خۇاڭ چاۋ قوزغىلىڭىنىڭ زەربىسى بىلەن قايتا ئەسلىگە كېلەلمىگىدەك دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، 907 ـ يىلى ئۇمۇمیۈزلۈك بەربات بولدى.

ۋيسا سامباۋا 912 ـ يىلى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاچقا، «لى» فامىلىسىنى ئەڭ بۇرۇن دېگەندىمۇ 912 ـ يىلى ياكى ئۇ-نىڭدىن كېيىن قوللانغان بولىدۇ. شۇڭا بۇ چاغدا قانداقتۇر تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ياكى ئۆزىنى تاڭ سۇلالە-سىنىڭ خان جەمەتىدىن دەپ قاراپ «لى» فامىلىسىنى قوللانغان بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، «لى» فامە-لىسىنى بىر قىسىم ئۇدۇن پۇقرالىرىمۇ قوللىنالىغان، ئەگەر «لى» فامىلىسى خانلىقتىن بېرىلگەن نام بولسا، ئۇنى ئاددىي پۇقرالارنىڭ قوللىنالىشى مۇمكىن ئەمەس.

يىغىپ ئېيتقاندا، لى شېڭتيەن ساك نەسلىدىن بولغان ئىخلاسمەن بۇددا دىنى مۇرىتى بولۇپ، ئۇنىڭ «لى» فامىلىسى تۆۋەندىكىدەك سىياسىي مەقسەتنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا قوللى-نىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بىرىنچىدىن، لى شېڭتيەن دەۋرىدە ئۇدۇن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇناسىۋىتى ئالاھىدە قويۇق بولغان، بۇ مەزگىل-دە بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس ئىلاھى بولغان ۋايىسىرۋانا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە «لى» (霾) دەپ ئاتىلىدىغان بولغاچقا، لى شېڭتـ-يەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئۆزىگە يېقىن تۇتۇپ، ئەتراپتىكى ئۇيغۇر ئىسلام كۈچلىرى ۋە تىبەتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە تا-قابىل تۇرۇشتا يۆلىنىدىغان تايانچقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن «لى» فامىلىسىنى قوللانغان.

ئىككىنچىدىن، ئىسلام دىنى كۈچلىرى ھەدەپ كېڭىيىۋاتـ-قان شارائىتتا، لى شېڭتيەن بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس ئىلاھى بولغان ۋايىسىرۋانانىڭ فامىلىسىنى قوللىنىپ، ئۇدۇنلۇقلارنىڭ بۇددا دىنى ئەقىدىسىنى كۈچەيتىشىگە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن «لى» فامىلىسىنى قوللانغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

**ئىزاھلار:**

⑦① داۋۇت سايىم: «ئۇدۇننىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇرلىشىش جەريانى» ــــ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى، 1999 ـ يىللىق 2 ـ سان.

② رۇڭ شىنجياڭ: «9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇدۇندىكى مىللەتلەر ھەققىدە تەھلىل»دە نەقىل قىلىنغان، پۇللىيىب لانىك «ستايىل خالىستوي تېزىسلىرى».

③ ئابدۇلئەھەت ئاباس: «ئوردام تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» ــــ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994 ـ يىللىق 1 ـ سان.

④ يىن چىڭ: «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىگە دائىر بىر قانچە مەسىلىلەر» ــــ «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» 241 ـ بەت.

⑤⑧⑨⑫⑬⑭ لى يىنپىڭ يازغان، ئەبەيدۇللا ئاقۇپ تەرجىمە قىلغان: «بۇددا ئېلى ئۇدۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى 8 ـ ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑥ رۇڭ شىنجياڭ: «9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇدۇندىكى مىللەتلەر ھەققىدە تەھلىل» ــــ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1987 ـ يىللىق 4 ـ سان.

⑩ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1983 ـ يىللىق 4 ـ سان.

⑪ كىلىمكېت (گېرمانىيە): «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىل، 152 ـ 153 ـ بەتلەر.

⑮ يىن چىڭ: «ئۇدۇن ۋېيسا خان جەمەتىنىڭ نەسەبى توغرىسىدا» ــــ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1983 ـ يىللىق 2 ـ سان.

# يۇرتىمىز قىياتاش رەسىملىرىدىكى سىۋاستى (卐) ۋە ئۇنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە

ساۋۇت ئابدۇخالىق
مەمەتيۈسۈپ تاھىر

قىياتاش رەسىملىرى قىياتاشلارغا چېكىش ياكى ئويۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان رەسىملىك تارىخ. ھازىرغىچە شىنجاڭنىڭ 40 تىن ئارتۇق ناھىيە، شەھىرىدە قىياتاش رەسىملىرى بايقالدى. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئوۋچىلىق، باقمىچىلىق، ئۇسسۇل، دىنىي ئېتىقاد، تەنتەربىيە، قاتناش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

卐 (سىۋاستى Svasti) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىياتاش رەسىملىرى، ئاساسلىقى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان. چەرچەن، قۇرۇقتاغ، گۇما، ئاقسۇ كوناشەھەر قاتارلىق جايلاردىكى قىياتاش رەسىملىرىدە سىۋاستى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. چەرچەن ناھىيەسىنىڭ 180 كىلومېتىر شەرقىي جەنۇبىدىكى ئالتۇنتاغنىڭ شىمالىي ئېتىكى، مۆلجەر دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى تاغ باغرىدىن زور كۆلەملىك قىياتاش رەسىملىرى بايقالدى. رەسىملەردىكى ھەر خىل بەلگىلەر ئارىسىدا سىۋاستى (卐، 卍) بارلىقى ئېنىقلاندى[1]. ئاقسۇ كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ 100 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى تاغ قاپتىلىدا چوقۇپ ئويۇلغان رەسىملەر ناھايىتى كۆپ بايقالدى. قۇزباي بىلەن بوزدۆڭدىكى قىياتاش رەسىملىرى ئارىسىدىمۇ نۇرغۇن سىۋاستى تېپىلدى[2]. سىۋاستى يەنە يۇرتىمىزغا قوشنا بولغان چىڭخەي، گەنسۇ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىمۇ كۆپلەپ تېپىلدى.

سىۋاستىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە چەت ئەل ۋە ئېلىمىز تەتقىقاتچىلىرى ئىچىدە ئۇنى ئارىيانلار ئېتىقادىغا باغلاپ چۈشەندۈرگۈچىلەر ئاساسىي ئېقىمنى تەشكىل قىلىدۇ، لېكىن بۇمۇ تالاش ـ تارتىش ئۈستىدىكى تېما. ھازىرغىچە بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل قاراش بار:

1. ماكس مۇللېر (Max Muller)، ئې توماس (E. Thomas) قاتارلىق ئالىملار سىۋاستىنى ئارىيانلاردىكى قۇياش ئېتىقادىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ، قۇياشنىڭ يولىغا (ئوربېتىسىغا) ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ[3].

2. ئې. بۇرنوف (E. burnouf) قاتارلىقلار ئۇنى يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان مۇقەددەس ئوتنىڭ سىموۋولى، دەپ ئىزاھلايدۇ[4].

3. جۇلىن رىس (Julien ries) ئۇنى ئارىيانلاردىكى قوغدىغۇچى ئىلاھ ۋىشنۇ (Vishnu) غا باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ[5]. ھىندى ئارىيانلىرىنىڭ قەدىمكى مەدھىيىنامىسى «ۋېدا» (Veda) دا ۋىشنۇ تۆت قولى بار، توق كۆك رەڭلىك ئەر سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن[6].

4. جاۋ گوخۇا قاتارلىق تارىخشۇناسلار سىۋاستىنى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنىڭ مەھسۇلى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار، چىڭخەي، گەنسۇ قاتارلىق غەربىي شىمال رايونىدىكى قەدىمكى خەلقلەر پاقىنى ئاياللار جىنسىي ئەزاسىنىڭ سىمۋولى قىلىپ چوقۇنغان. سىۋاستى دەل ئەشۇ پاقا پۇتى شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان[7]، دەپ قارايدۇ.

ئارىيانلار ئەسلىدە مەركىزىي ئاسىيادا ياشاپ شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان خەلق ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ ئارىيان (Aryan ــــ سانسكرىتچە ئېسىلزادە دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتاشقان. ئارىيانلار قۇياشقا چوقۇناتتى. ئىنسانىيەت دىن تارىخىدا قۇياشقا چوقۇنۇش ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ئەۋج ئالغان بىر خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد. ئارىيانلارنىڭ ئېتىقادىدا: قۇياش كۈندۈزى ئۈستۈنكى ئالەمنى (زېمىننى، بۇ دۇنيانى) كېسىپ ئۆتۈپ يورۇقلۇق تارقاتسا، كېچىسى ئاستىنقى دۇنيا

(ئۇ دۇنيا)نى كېسىپ ئۆتۈپ، روھنىڭ ئاستىنقى دۇنيادىكى سە-
پىرىگە مۇقەددەس يولباشچى بولغان. قۇياشنىڭ ئاسمانىنى كې-
سىپ ئۆتۈشتىكى ھەرىكەت قورالىمۇ خىلمۇ خىل بولغان. قە-
دىمكى سۇمېرلاردا ئۇ پىيادە ماڭغان؛ قەدىمكى مىسىرلىقلاردا ئۇ
نىل دەرياسىدىكى قېيىقلارغا ئوخشاش بىر قېيىقتا باشقا
ئىلاھلار ۋە پىرئەۋن بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ سەپەر قىلغان. ئات
مەدەنىيىتى يارىتىلغان رايوندا ياشىغان ئارىيانلاردا بولسا، ئۇ
ئاق ياكى يالقۇنجاپ تۇرىدىغان ئاتلار قېتىلغان ھارۋا بىلەن
ئاسماننى كېسىپ ئۆتكەن[8].
ئالىملار ئارىيانلاردىكى قۇياش ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەت-
لىك بولغان ئاتنىڭ كۆندۈرۈلگىنىگە ۋە ھارۋىنىڭ كۆندۈرۈل-
گىنىگە 5000 يىل بولدى، دەپ قارىشىدۇ[9]. لېكىن، ئارىيانلار-
دىكى قۇياش ئېتىقادى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن سىۋاستىنىڭ
شەكىللىنىش جەريانىنى ئىنسانلار بىلىش تارىخىنىڭ دىئالېك-
تىك جەريانى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە، ئا-
رىيانلاردا ئات ۋە ھارۋىنىڭ قۇياش ئېتىقادى بىلەن بولغان باغ-
لىنىشىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئارىيانلارنىڭ
ئەڭ دەسلەپكى بىلىشىدە قۇياش يۇمىلاق نۇر چاچقۇچى جىسىم
بولۇپ، ئۇ دەسلەپ ○ بەلگە بىلەن ئىپادىلەنگەن. تەكرار ئىش-
لەپچىقىرىش جەريانىدا، ئارىيانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ قويۇقلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ
قۇياش ئۈستىدىكى قىياسىي بىلىشلىرى قۇياشتىن ئىبارەت
ئوبيېكتىنىڭ خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى قانائەتلىنەرلىك
چۈشۈندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئىلگىرىكى
قىياسىي بىلىشنىڭ ئورنىنى قايىل قىلىش كۈچى بىر قەدەر
زور بولغان بىلىش ئىگىلىدى. نەتىجىدە بۇ مەزگىلگە كەلگەندە،
ئارىيانلار قۇياشنى ⊙ بەلگە بىلەن ئىپادىلەيدىغان بولدى. چۈن-
كى ⊙ بەلگە ○ بەلگىگە قارىغاندا ئاز - تولا ھەرىكەت خاراك-
تېرىگە ئىگە ئىدى. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش گەرچە قۇياشنىڭ
ھەرىكىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولمىسىمۇ، ئەمما ھەرىكەت

جەريانىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى. بولۇپمۇ قۇياشنىڭ ھەر كۈنى سەھەردە شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ غەربكە پېتىشتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن ھەرىكەت جەريانىنى ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلدى. نەتىجىدە ⊙ بەلگە ھەرىكەت مىقدارى تېخىمۇ زور بولغان ⊕ بەلگىگە ئۆزگەرتىلدى، ⊕ بەلگىسى ئەمەلىيەتتە قۇياشنىڭ ھەرىكەت جەريانىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئارىيانلاردىكى قۇياش ئىلاھى ئاسماننى كېسىپ ئۆتۈشتە ئىشلىتىدىغان ھارۋا چاقىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن بايقىلىشى ئىددى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھارۋا چاقىنىڭ ئىجاد قىلىننىشى ئىدى. چۈنكى ئەڭ قەدىمكى ھارۋىلار مانا مۇشۇنداق تۆت شادىلىق ئىككى چاقنىڭ بىر ئوققا ئورنىتىلىشىدىن ھاسىل بولغان. بۇ خىل ھارۋىنىڭ ئوقى چاققا مۇقىم ئورنىتىلغان بولۇپ، ئوق چاق بىلەن بىرگە ئايلىناتتى[10]. قۇياشقا چوقۇنۇش ئاساسىدا ھارۋىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىدەك ئۇزۇن تارىخىي جەريانىنى مۆلچەر قىياتاش سۈرەتلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، يەنى

○ ( ⊙ ( ⊕ ( ⊕ — ⊕

ھارۋىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئىنسانىيەت قاتناش تارىخىدىكى زور بۆسۈش ئىدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئارىيانلاردىكى قۇياش ئېتىقادىدا، قۇياش ھارۋا بىلەن ئاسماننى كېسىپ ئۆتىددىغان بۈيۈك بىر ئىلاھقا ئايلاندى. ئات بولسا كۆندۈرۈلگەن ھايۋانلار ئارىسىدىكى ئەڭ چەبدەس ھەم ئەڭ يۈگرەك ھايۋان بولغاچقا، ئۇ قۇياش ھارۋىسىنى تارتىپ ئاسماندا ئۇچىدىغان ئىلاھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلىنىپ، ئارىيانلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھايۋىنىغا ئايلاندى ھەمدە قۇياش ئىلاھىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىندى. كېيىنكى ساكلارمۇ بۇ خىل ئاتنى قۇربانلىق قىلىش ئادىتىنى داۋاملاشتۇرغانىدى. بۇنىڭغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتلار خېلىلا كۆپ[11].

«قۇياشنىڭ كۈندۈزدىكى ھەرىكىتى شەرقتىن غەربكە بولسا، ئۇ ھالدا كېچىدىكى ھەرىكىتى چوقۇم غەربتىن شەرققە بو-

لىدۇ»، دېگەن بىلىشىنىڭ تۈرتكىسىدە ⊕ بەلگىسىگە يۆنىلىشىنى ئىپادىلەيدىغان ھالەت كىرگۈزۈلدى. يەنى 卐 卐 گە ئوخشاش ئىككى خىل شەكىل ئىجاد قىلىندى. ئەگەر بىر ئوڭ ۋە بىر تەتۈر يۆنىلىشلىك ئىككى بەلگە بىر ـ بىرىگە جىپسىلانسا بىر چاق ⊕ ھاسىل بولاتتى. بۇنى ئارىيانلارنىڭ ئالاھىدە تەپەككۇر ئىقتىدارى ياكى بىر مۆجىزە دېيىش كېرەك. ئوڭ يۆنىلىشلىك بەلگە 卐 قۇياشنىڭ كۈندۈزدىكى ھەرىكىتىگە، تەتۈر يۆنىلىشكىك بەلگە 卐 قۇياشنىڭ كېچىدىكى ھەرىكىتىگە سىمۋول قىلىنغان. شۇڭا سانسكرىتچە 卐 Svasti دەپ، (بۈيۈك دېگەن مەنىدە)، 卐 بولسا Svasti (Savuasvti بىلەن قارىمۇ قارشى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان[12]. تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىن Svasti ۋە Savuasti نىڭ بايقىلىشى، ئارىيانلارنىڭ غەربكە ۋە باشقا جايلارغا كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا تەكلىتىلىپ بۇ خىل مەدەنىيەتنى يارىتىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. گەنسۇ ۋە چىڭخەي تەۋەسىدىكى ماجاياۋ مەدەنىيىتى ۋە شىمالىي ھىندىستاندىكى سۋاستىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت بۇنىڭدىن 4500 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ دەپ بېكىتىلگەن. دولقۇن قەمبىرى بىلەن ئابدۇقېيۇم خوجا ئالتۇنتاغ قىياتاش سۈرەتلىرىنىڭ يىل دەۋرىنى زاغۇنلۇق قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا سېلىشتۇرۇپ، بۇنىڭدىن 6000 يىلدىن 8000 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ دەپ قارىدى[13].

دىن تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان ماكس مۇللېر ئارىيانلارنىڭ ئەسلىدە تۇرالار بىلەن قوشنا ياشىغانلىقى، كېيىن كىلىمات ئۆزگىرىشىدىن يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن، تەكلىماكاننى تاشلاپ شەرقتىن غەربكە كۆچۈپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا 14 ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى، سوغدىيانا ئارىيانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ ئىگىلىگەن رايونى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ئۇلاپ مەرۋى، باكترىيە... لەرنى، ئاخىرىدا بولسا Haptu Hindu (يەتتە دەريا ۋادىسى، ياكى پەنجاپ) نى ئىگىلىد-

گەنلىكىنى، پەنجاپ رايونىغا بارغان ئارىيانلارنىڭ بولسا تەكلىماكاندىن ئەڭ كېيىن ئايرىلغان ئارىيانلار ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ چىققان[14]. بۇ دەلىل دولقۇن قەمبەرى بىلەن ئابدۇقېيۇم خوجىنىڭ قارىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇڭا ئاتىنىڭ كۆندۈرۈلگەن ۋە ھارۋىنىڭ ئىجاد قىلىنغان ۋاقتى بۇنىڭدىن 6000 — 8000 يىللار ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن.

ئارىيانلار يېڭىدىن ئىگىلىگەن رايونلاردا يەنىلا ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتلەرنى ياراتتى. ئۇلاردىكى ئېتىقاد ئاساسىدا ھىندىستاندا ھىندى دىنى، ئىران ئېگىزلىكىدە ئاتەشپەرەسلىك راۋاجلاندى. غەربىي ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا ھارۋىنى ئېلىپ باردى[15]. كېيىنكى مەزگىللەردە سىۋاستى ئارىيانلاردىكى باشقا ئىلاھلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، ئارىيانلار (ئېسىلزادىلەر) نىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى.

ئىزاھلار:

① ② «يىپەك يولى قىياتاش رەسىملىرى سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 524 ـ ، 537 ـ ، 491 ـ بەتلەر.

③ مىرسىئا ئېلىيادې: «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ماكمىللان نەشرىياتى شىركىتى، 1987 ـ يىل نيۇ ـ يورك نەشرى، 4 ـ توم، 157 ـ بەت.

ئېدۋارد گ. بالفور: «ئاسىيا ئېنسىكلوپېدىيىسى»، ئالەم نەشرىياتى، 1982 ـ يىل يېڭى دېھلى نەشرى، 8 ـ توم، 789 ـ بەت.

④ ⑤ مىرسىئا ئېلىيادې: يۇقىرىقى كىتاب، 4 ـ توم 157 ـ بەت.

⑥ يۇقىرىقى كىتاب، 15 ـ توم، 289 ـ بەت. بىر توملۇق خەنزۇچە «ئوكيانۇس» دا Svasti خاتا ھالدا، Srivatsa دەپ ئېلىنغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى سۆز ئايرىم ـ ئايرىم مەنىگە ئىگە. «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 95 ـ يىللىق 10 ـ سانىدىمۇ شۇنداق ئەھۋال

بولغان.

⑦ جاۋ گوخۇا: «جىنىسقا چوقۇنۇش مەدەنىيىتى توغرىسىدا»، سۇ بىيخەينىڭ «شىنجاڭ قىياتاش سۈرەتلىرى» 411 ـ بەتكە قاراڭ. شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى. 1994 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى.

⑧ گېئورگىي ۋ. كوكس: «ئارىيان ئەپسانىلىرى»، لوڭمان نەشرىياتى 1870 ـ يىل لوندون نەشرى. 1 ـ توم، 152 ـ بەت.

⑨ روبېرت. پ. گۈن: «برىتانىيە يېڭى ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 1985 ـ يىل چىكاگو نەشرى، 3 ـ توم 102 ـ بەت.

گەي شەنلىن: «ئىچكى موڭغۇل چوغاي تاغلىرى قىياتاش سۈرەتلىرىدىن شىمالدا ياشىغۇچى قەدىمكى يايلاق مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىسىگە نەزەر»، «يىپەك يولى قىياتاش سەنئىتى» 3 ـ بەت.

⑩ «برىتانىيە يېڭى ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 3 ـ توم 102 ـ بەت.

⑪ ئابدۇقېيۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1995 ـ يىل نەشرى، 119 ـ، 120 ـ بەتلەر.

⑫ «برىتانىيە يېڭى ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 8 ـ توم 433 ـ بەت.

⑬ دولقۇن قەمبىرى، ئابدۇقېيۇم خوجا: «شىنجاڭ چەرچەن ناھىيىسىدىكى قەدىمكى قىياتاش سۈرەتلىرى سەنئىتى»، «يىپەك يولى قىياتاش سۈرەتلىرى سەنئىتى»، 520 ـ بەت.

⑭ «ئاسىيا ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 1 ـ توم، 175 ـ، 176 ـ بەتلەر.

⑮ «دىن ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 14 ـ توم، 136 ـ بەت.

# قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «شىنە - ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى»

— بايانلار ۋە ۋەقەلەرنىڭ يىل دەۋرى

**ئابلەھەت كامالوف** (قازاقىستان)

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ «شىنە - ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى» («سېلېنگا مەڭگۈ تېشى» ياكى «مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۇيغۇرلار دەۋرىگە مەنسۇپ ئەڭ چوڭ ئابىدىلەردىن بولۇپ، مەركىزىي ئاسىيادىكى 2 - ئۇيغۇر قاغانلىقى (744 — 840) نىڭ ھەقىقىي قۇرغۇچىسى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان (ئەسلى ئىسمى بايان چۇر، 747 — 759 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ قەبرە تېشى ھېسابلىنىدۇ. مەڭگۈ تاشتىكى خاتىرىلەر خانلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى دەۋرنىڭ ھەربىي، سىياسىي تارىخىغا ئائىت قىممەتلىك خاتىرىلەر خانلىق تارىخىغا ئائىت ھەرقانداق تىلدىكى باشقا مەنبەلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ھالدا ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىچكى قىسىم ھاياتىنى قايتا گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىگەنلىكى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. گەرچە مەڭگۈ تاش تېكىستى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىلا ئىلىم ساھەسىگە ئېلىپ كىرىلگەن ھەمدە قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئالىملار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېلىنگەن بولسىمۇ[1] مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستولوگىيىلىك تەھلىلىگە چېتىشلىق نۇرغۇن مەسىلىلەر تېخى تەل - تۆكۈس ھەل بولۇپ كەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 1970 — 1980 - يىللاردا ئۇيغۇرلار دەۋرىگە تەئەللۇق يېڭى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ موڭغۇلىيىدە بايقىلىشى ئالىملارنى مەڭگۈ تاشنىڭ ئۇ ياكى بۇ بۆلىكىنىڭ ئەنئەنىۋى ئوقۇلۇشىغا يېڭىچە

نەزەردە قاراشقا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەرگە بېرىلگەن ئىزاھلارغا مەقسەتلىك تۈزىتىلمىلەرنى تولۇقلاشقا ئۇندىمەكتە. شۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭىدىن بايقالغان «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» س. گ. كىلياشتورنىيغا «شىنە ـ ئۇ ـ سۇ مەڭگۇ تېشى» نىڭ بىر قىسىم قۇرلىرىنى (شەرقىي يۈز 19 ـ، 20 ـ قۇرلار) تېخىمۇ توغرا قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرۇپ بەردى[②].

مەسىلىنىڭ بىرى شۇكى، «شىنە ـ ئۇسۇ مەڭگۇ تېشى» دىكى ئۇچۇرلار ئارقىلىق ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ھەربىي، سىيا ـ سىي تارىخىنى ئۇنۇملۇك يورۇتۇپ بېرىشتە دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىق دەل ۋەقەلەرنىڭ يىل دەۋرىدىكى مۇرەككەپلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان. مەڭگۇ تاشتا بايان قىلىنغان ۋەقە ـ لەرنىڭ يىل دەۋرىنى ئىنقىلاشتا تەتقىقاتچىلار مەڭگۇ تاشنىڭ ئۆزىدە ساقلىنىپ قالغان ۋە 12 مۆچەل ئاساسىدا ئىپادىلەنگەن خەنزۇچە ـ تۈركچە كالېندارنى ئاساس قىلىپ كەلدى[③]. مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەن يىلنامە جەمئىي يەتتە (س. گ. كلياشتورنىينىڭ ئەسلىگە كەلتۈرگىنى بويىچە بولغاندا جەمئىي سەككىز) بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى 743 ـ يىلى (قوي يى ـ لى)، ئاخىرقىسى 757 ـ يىلى (توخۇ يىلى). مەڭگۇ تاشنىڭ مەزمۇنى دەرۋەقە مۇشۇ ئىككى يىلنامە ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. تۇنجى يىلنامە مەڭگۇ تاشنىڭ ئەڭ بېشىدىكى قۇرلاردا كۆزگە چېلىقىدىغان بولۇپ، 12 مۆچەلدىكى ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى بايانلارنىڭ باش قەھرى ـ مانى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ يېشى شەكلىدە بېرىلگەن: «تۈرك ئېلىگە 26 يېشىمدا... بەردى»[④]. «تېرخىن مەڭگۇ تې ـ شى» دىن مەلۇم بولىدۇكى، خۇددى تالات تېكىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، مەڭگۇ تاشتا خاتىرىلەنگەن كېيىنكى يىلنامە ئەل ـ ئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ يىلان يىلى (741 ـ يىلى) 28 ياشقا تولغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق ئىپادە قىلىدۇ («يىگىرمە سەككىز يېشىمدا يىلان يىلىدا تۈرك ئېلىنى قالايمىقانلاشتۇردۇم»[⑤]. بۇ

خاتىرە ئەلئەتمىش 26 ياشقا كىرگەن ۋاقىتنىڭ 739 ـ يىلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دەل مۇشۇ يىلى ئۇيغۇر قاغانى ئەلـ ئەتمىشنىڭ ئاتىسى كۆل بىلگە قاغان «شاد» ئۇنۋانىغا ئېرىشـ كەن. بۇنىڭ بىلەن «تېرخىن مەڭگۇ تېشى» دىكى بايانلارغا ئاـ ساسلىنىپ تۇرۇپ، ئەلئەتمىش بىلگە قاغان تۇغۇلغان ئېنىق ۋاقىتنىڭ 714 ـ يىلى (قەدىمكى تۈركلەر ياش ھېسابلىغاندا بالا تۇغۇلغان ۋاقىتنى ئەمەس، ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىكى قورساق يېشىنى باشلىنىش ئۆلچىمى قىلىدۇ) ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلىدۇ. مەڭگۇ تاشنىڭ ئاـ خىرقى قىسمىدىكى مەلۇماتلار ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن ئەڭ ئاـ خىرقى ۋاقىت (757 ـ يىلى) دىن خېلىلا كېيىنكى ۋاقىتلارغا ئائىت بولۇپ، بۇ مەڭگۇ تاشنىڭ ئەلئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئورنىتىلغانلىقى بىزگە مەلۇملۇق. جۇڭگو مەنبەلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ قاغان 759 ـ يىلى يازدا ۋاپات بولغان. شۇنداق بولغاندا بۇ مەڭگۇ تاشتىكى بايانلارنىڭ ئومۇـ مىي يىل دەۋرى 20 يىل (739 — 759 ـ يىلغىچە) بولۇپ چىقىدۇ. شۇڭا بۇ مەڭگۇ تاشتا ئەلئەتمىش قاغان ھۆكۈمرانلىق قىلغان 747 — 759 ـ يىللارغا مەنسۇپ ۋەقەلەر ئەڭ تەپسىـ لىي خاتىرىلەنگەن دېيىشكە بولىدۇ.

مەڭگۇ تاشتا تىلغا ئېلىنغان ۋە ئېنىق نام قويۇلغان يەتتە (سەككىز) يىلنامە ئاي، كۈنلىرىگىچە ئېنىق بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى ئاساسەن يىل، ئاي، كۈننىڭ مەلۇم بىرـ قىسمى شەكلىدىلا ئەسكەرتىلگەن. يەنە بەزىدە ئۇ ياكى بۇ ۋەقەـ لەرنىڭ ۋاقتى نەچچىنچى كۈنى ئىكەنلىكىگە قەدەر ئېنىق بولـ سىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ قايسى يىلغا تەۋە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق ئەسكەرتىش يوق. بۇ ئەھۋال شۈبھىسىزكى، مەڭگۇ تاشـ تىكى بايانلارغا مەلۇم ئىزاھلارنى بېرىشكە توغرا كېلىدىغانلىـ قىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كونكرېتلاشتۇرۇش مۇمـ كىنچىلىكى بولغان نۇرغۇن ۋەقەلەر بار بولۇپ، ئۇلار تەتقىقاتـ چىلار تەرىپىدىن ھازىرغا قەدەر نەقلەشتۇرۇلگىنى يوق.

خۇددى ل.بازىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك مەزكۇر مەڭگۇ تاشتىكى بايانلارنىڭ قاتتىق يىلنامىلىك تەرتىپتە ئورۇنلاشتۇ- رۇلۇشى ئۇيغۇرلارغا تەئەللۇق مەڭگۇ تاشلاردىكى ئۆزگىچە ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرىدۇر[6]. مەڭگۇ تاش ئاپتورىنىڭ ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، مەڭگۇ تاشتىكى يىلنامىلەرنىڭ نەق ئۆ- زىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىنىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى 743 ـ، 745 ـ، 750 ـ، 751 (752) ـ، 755 ـ، 757 ـ دىن ئىبارەت يەتتە (سەككىز) يىلنامىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مەلۇم تەرتىپكە ئىگە. بايانلاردىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك كىشىگە «شىنە ـ ئۇسۇ مەڭگۇ تېشى» نىڭ ئۆزى ئەلئەتمىش بىلگە قاغان دەۋرىنىڭ تا- رىخىي يىلنامىسى ئىكەن، دېگەن تۇيغۇنى بېرىدۇ.

ساقلىنىپ قالغان قىسمەن يىلنامىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئاي ياكى كۈن كۆرسىتىلگەن، كۆپ قىسمىدا يەنە ئاي بىلەن كۈن تەڭ كۆرسىتىلىش ھادىسىسى مەۋجۇت، ئەمما بۇلاردا كونكرېت يىل تىلغا ئېلىنمىغان (مەسىلەن: «ئاندىن سەككىزىنچى ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنى يۈرۈشكە چىقتىم»). ئېھتىمال مەڭگۇ تاشتا يېزىلغان بارلىق ۋەقەلەردە تىلغا ئېلىنغان ئاشۇ يىلنامىلەر- نىڭ تەرتىپىگە ئاساسەن ئىشلىگەن جەدۋىلىمىز بۇ مەسىلىنى يورۇتۇپ بېرەلىشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ يىلنامىلەر ئەينى دەۋر- دىكى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىرى تەرىپىدىن تاشقا چېكىلگەن.

مەڭگۇ تاشنىڭ شىمالىي يۈزىگە ئويۇلغان ۋەقەلەرنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە ئاساسەن ھېچقانداق مەسىلە يوق. بۇ يۈزىدىكى تېكىست 747 ـ يىلغا مەنسۇپ ۋەقەلەر ھەققىدىكى بايان بى- لەن ئاخىرلىشىدۇ. تېكىستنىڭ توغرا ۋە ئېنىق بولغان يىلنا- مىسىنى تۇرغۇزۇشتا قىيىنچىلىق ئەڭ ئېغىر بولغىنى مەڭگۇ تاشنىڭ شەرقىي يۈزى ھېسابلىنىدۇ. 13 ـــ 18 ـ قۇرلاردىكى مەلۇماتلار 747 ـ ۋە 750 ـ يىللار ئارىلىقىغا مەنسۇپ بولغى- نى ئۈچۈن ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى 747 ـ، 748 ـ، 749 ـ يىل- لىدىن ئىبارەت ئۈچ يىلغا مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ مەلۇماتلار ھەققىدىكى ئانالىز ئېنىق كۆرسىتىلگەن يىللار

| قۇر | يىل | ئاي | كۈن | قۇر | يىل | ئاي | كۈن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 4 | قاغاننىڭ 26 يېشى 739 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ | | | 23 | ئەجدىھا (752) | ؟ | 9 |
| 9 | قوي (743) | 1 | 6 | 25 | ئەجدىھا (752) | 11 | 18 |
| 10 | توخۇ (745) | | | 26 | ئەجدىھا (752) | ياز دېيىلگەن | |
| 10 | تونغۇز | | | 27 | ئەجدىھا (752) | ؟ | 15 |
| 13 | 749 | ؟ | 1 | 29 | ئەجدىھا (752) | 5 | 26 |
| 13 | 749 | ؟ | 2 | 30 | ئەجدىھا (752) | 8 | ؟ |
| 15 | 749 | 4 | 9 | 31 | ئەجدىھا (752) | ؟ | 21 |
| 15 | 749 | 5 | ؟ | 32 | ئەجدىھا (752) | ؟ | 11 |
| 16 | 749 | 5 | 29 | 35 | ئەجدىھا (752) | 11 | 20 |
| 17 | 749 | 2 ئاي ئۆتكەن | | 40 | 754 | 8 | 3 |
| 17 | 749 | 8 | 1 | 41 | 754 | 10 | 2 |
| 18 | 749 | 8 | 2 | 41 | قوي (755) | *9 | |
| 18 | 749 | 8 | 15 | 43 | 756 | 2 | 6 |
| 19 | يولۋاس (750) | 2 | 14 | 45 | توخۇ (757) | ؟ | ؟20 |
| 20 | يولۋاس (750) | ياز دېيىلگەن | | 45 | توخۇ (757) | ؟ | 21 |
| 20 | يولۋاس (750) | ياز دېيىلگەن | | 45 | توخۇ (757) | ؟ | 23 |
| 21_20 | توشقان (751) | 5 | | 46 | 759 | 2 | 16 |
| 21 | ئەجدىھا (752) | ياز دېيىلگەن | | | | | |

قاتارىغا 749 ـ يىلنى قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى يېتەرلىك ئا ـ
ساس بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلە شۇ يەردىكى، بۇ بايانلاردا تىلغا ئېلىنغان بىلگە قاغاننىڭ 747 ـ يىلىدىكى
ۋاپاتىدىن كېيىنلا ئۇيغۇر قاغانلىقىدا باشلانغان ئىچكى ئۇرۇش
ئەھۋالى سۆزلىنىدۇ. مەڭگۈ تاش تېكىستىگە ئاساسلانغاندا، شۇ
يىلى سەككىز ئوغۇزلارنىڭ ياغلاقارلارغا قارشى توپىلىڭى يۈز
بەرگەن، ئۇنىڭغا توققۇز تاتارلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن تاي
بىلگە تۇتۇق باشلامچىلىق قىلغان. بۇ توپىلاڭ ئۈچ يىلغا يېقىن
داۋاملىشىپ، 749 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا خان قوشۇنى تەرىپىـ
دىن باستۇرۇلغان. جۇڭگو مەنبەلىرىدە 749 ـ يىلىنىڭ 10 ـ
ئېيى تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي ئاستانىسى بولغان چاڭئەنگە
توققۇز ئوغۇزلارغا مەنسۇپ بايىرقۇلارنىڭ تاي بىلگە تۇتۇق
باشچىلىقىدىكى ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ كەلگەنلىكى خاتىرىلەنـ
گەن. قارىغاندا ئەلئەتمىش بىلگە قاغان بىلەن بولغان تۇتۇـ
شۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان بۇ شەخس تاڭ ئوردىسىنىڭ
ياردىمىنى كۆزلەپ كەلگەن بولسا كېرەك[7]. ئاخىرقى ئۈچ يىلـ
نامىدىكى ئۇچۇرلار توپىلاڭچىلارغا ئەجەللىك زەربە بېرىلگەن
يىللاردىكى ئۇرۇش ۋەقەلىرىگە مەنسۇپ. مەڭگۈ تاش تېكىستىـ
دىن قارىغاندا، بۇ ئۇرۇشلار 750 ـ يىلىنىڭ ئالدىدا يۈز بەرـ
گەن، چۈنكى ئۇرۇشلار ھەققىدىكى بایاندىن كېيىن كېلىدىغان
جۈملە «شۇنىڭدىن كېيىن يولۋاس يىلىدا (750 ـ يىلى)» دەپ
باشلىنىدىغان بولۇپ، جۇڭگو مەنبەلىرىدىكى تاي بىلگە تۇتۇقـ
نىڭ ئەلچىلىككە كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرە بىلەن تولۇق
ماس كېلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسيانچىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئاـ
خىرقى چېكىنى بېكىتمۇۋالغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى
ئۇرۇشلارنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىپ كۆرۈشنى لايىق تاپتۇق.
كۆرستىلگەن ئايلار (جەدۋەلگە قاراڭ) بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى
بىر يىلدا، يەنى 749 ـ يىلى يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ
قىياس قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىشارە قىلىدۇ. سەككىز ئوـ

غۇزلار بىلەن بولغان ئۈچ قېتىملىق جەڭ ۋەقەسىنىڭ بىر يىلـ
غا تەئەللۇق ۋەقەلەر قاتارىدا تۈپلىنىپ بايان قىلىنغانلىقى شۇـ
نى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ناۋادا بۇ بىر يىل خان قوـ
شۇنى ئۈچۈن ئاخىرقى ۋە ئەڭ ئۇتۇقلۇق بولغان يۈرۈش يىلى
دەپ پەرەز قىلىنسا، ئۇ ھالدا شۇنچە تەپسىلىي ئەكس ئەتتۈـ
رۈلگەن، شۇنداقلا ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق جەڭ ئەھۋالى
ئەلئەتمىشنىڭ ھىمايىچىلىرىگە تولىمۇ پايدىسىز بولغان بۇ ۋەـ
قەنىڭ بىر يىلدىكى ۋەقەلەر قاتارىدا بايان قىلىنغانلىقىنى چۈـ
شىنىۋېلىش قىيىن ئەمەس.
مەڭگۈ تاشنىڭ يىل دەۋرىنى ئېنىقلاش زۆرۈر بولغان باشقا
قىسىملىرى شەرقىي يۈزىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرى (20 ــ
23)، پۈتۈن جەنۇبىي يۈزى (25 ــ 35) ۋە غەربىي يۈزىنىڭ
40 ــ 41 ـ قۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەڭگۈ تاشنىڭ
بۇ بۆلەكلىرىدە بايان قىلىنغان ۋەقەلەر تېكىستتە كۆرسىتىلـ
گەندەك 752 ـ يىلى (ئەجدىھا يىلى) ۋە 755 ـ يىلى (قوي يىـ
لى) ئارىلىقى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر
بۇ ئەھۋالنىڭ 752 ـ، 753 ـ، 754 ـ يىللارغا مەنسۇپ بوـ
لۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەڭگۈ تاشنىڭ مۇشۇ قىسـ
مىدىكى ھەر بىر يىلغا ئائىت ۋەقەلەرنىڭ سالمىقى 11 ـ، 5 ـ،
8 ـ، 11 ـ، 8 ـ، 10 ـ ئاي دېگەن تەرتىپ بويىچە بارغانسېرى
يەڭگىللەپ بارىدۇ. ئېنىقكى، كۆرسىتىلگەن ئايلارنىڭ تۇنجىسى
بولغان 11 ـ ئاي ئالدىنقى يىلنامە كۆرسىتىپ بەرگەنىدەك 752 ـ
يىلغا تەۋە. كېيىنكى ئۈچى يەنى 5 ـ، 8 ـ، 11 ـ ئايلار «ئوتـ
تۇرانچى يىل» بولغان 753 ـ يىلغا، ئاخىرقى ئىككى ئاي بولـ
غان 8 ـ، 10 ـ ئايلار 754 ـ يىلغا تەۋە ئىدى. مەڭگۈ تاشنىڭ
بۇ قىسمى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇيغۇرلارنىڭ قارلۇقلار، باسـ
مىللار، تۈركەشلەر، يېنىسەي قىرغىزلىرى، چىكلار قاتارلىقلارغا
قارشى تۈرلۈك بويسۇندۇرۇش يۈرۈشلىرىنى بايان قىلىشقا بېـ
غىشلانغان. بۇ ۋەقەلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ۋاقتى نۆۋەتتە ئېـ
نىق مەلۇملۇق. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ بولچۇ دەرياسى بويىدا

قارلۇقلار بىلەن سوقۇشقان ۋاقتى 752 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى؛ ئۆتۈكەندە تۈركەشلەر ۋە قارلۇقلار بىلەن تۇتۇشقان ۋاقتى 753 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى؛ قارلۇقلار ۋە باس ـ مىللارنىڭ رەسمىي بويسۇندۇرۇلغان ۋاقتى 754 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە 754 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ «باس ـ مىللارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ بىر قەبىلىسى قىلىپ بويسۇندۇرغانلىقى، بۇ قەبىلىلەرنىڭ ھەر بى ـ رىگە بىردىن تۇتۇق تەيىنلىگەنلىكى»[8] قەيت قىلىنغان.

مەڭگۈ تاشنىڭ يەنە بىر يېرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى دۈش ـ مەنلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرى ھەققىدىكى بايانلارغا ئۇ ـ غۇزلارنىڭ توپىلىڭى قىستۇرۇپ ئۆتۈلىدۇ. ئەلئەتمىش بىلگە قاغان مۇنداق دەيدۇ: «ئون بىرى ... سانچىدىم. ئۆز ... خەلقىم ئارىسىغا قايتىپ كەلدىم. ئېرلۈن ۋە تالاقمىنىدا قوغلاپ يېتى ـ شىۋالدىم. بۇرۇن تابغاچتىكى ئوغۇز ۋە تۈرك خەلقى ‹ئۇلاردىن ئايرىلىپ›، يولغا چىقىپتۇ، ئۇ يەردە قوشۇلدى. ئۇ يەردە بەگ ـ لەر... مىنىڭ قوشۇنۇم ئۈچ ... تۈغ ... بەش يۈز كىشىلىك تو ـ لۇق قوراللانغان پىيادە ئەسكەرلەر بىر ـ ئىككى قېتىم شىددەت بىلەن كەلدى. ئۇ چاغدا تەڭرى ۋە يەر دېدەك ـ قۇللىرىمنى، خەلقىمنى ساقلىدى، ئۇ يەردە سانچىدىم ... ئۇ يەردە خەلق (ما ـ ڭا) بويسۇندى ... قېچىپ قارلۇقلارغا قوشۇلدى»، خۇددى ك. سېگلېدى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، نەقىل كۆرسىتىلگەن بۇ قۇرلاردا سۆز جۇڭگودىن يايلاققا قايتىۋاتقان مەشھۇر تۈرك تۆ ـ رىلىرىدىن ئابۇز يابغۇنىڭ ئۇيغۇر قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىغا چېتىشلىق ۋەقەلەر ئۈستىدە بولۇۋاتاتتى[9]. جۇڭگو مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئابۇز يابغۇ 742 ـ يىلى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تاڭ سۇلالىسى چېگراسىغا ھەيدىۋېتىلگەن شەرقىي تۈركلەرنىڭ ۋەكىللىك ئاقسۆڭەكلىرىگە مەنسۇپ ئىدى. ئابۇز يابغۇ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ «ئابۇز» ‹خەنزۇچە 思›، ئۇرۇقىدىن بولۇپ، 742 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن تاڭ سۇلالىسىگە خىزمەت قىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، 742 ـ يىلىغا كەلگەندە تاڭ سۇلا ـ

لىسىنىڭ زور ئابرويلۇق لەشكىرىي ئىشلار قوماندانى ئەن لۇشەن بىلەن زىتلىشىپ قېلىپ قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ يايلاققا قېچىشقا مەجبۇر بولدى[10]. ئابۇز يابغۇ ئۇيغۇر قاغانلىقى تېررىتورىيىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك مۇرەككەپ ۋەزىيەت مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ خېلى يىللارغىچە تۇرۇپ قالدى. بۇ يەردە ئۇ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ قوللىشى بىلەن ئەلئەتمىش بىلگە قاغان بىلەن قارشىلاشتى. ئابۇزنىڭ قاغانلىق تېررىتورىيىسىدە خېلى بىر مەزگىلگىچە دەۋران سۈرەلىشى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ بۇ مەزگىلدە غەرب ۋە شىمال يۆنىلىشلەردىكى ئۇرۇشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئەمما قاغاننىڭ قوشۇنلىرى ئابۇزغا قارشى ھەرىكەتنى ئوڭۇشلۇق ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى، پاكىتلارمۇ ئابۇزنىڭ 752 - يىلى 9 - ئايدا تاڭ دۆلىتىنىڭ چېگراسىغا بۇلاڭ - تالاڭ مەقسىتىدە بېسىپ كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» دىكى خاتىرىگە قارىغاندا ئابۇز يابغۇ 753 - يىلى 5 - ئايدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان[11]. ئۇيغۇرلاردىن يېڭىلگەندىن كېيىن ئابۇز يابغۇ غەربتىكى ئالتاي قارلۇقلىرى ئارىسىغا قاچتى، ئەمما ئۇلار ئابۇزنى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. كېيىنچە، يەنى 754 - يىلى ئابۇز توپىلاڭچى قاتارىدا چاڭئەن شەھىرىدە چېپىپ تاشلاندى.

«شىنە - ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى» دىكى 755 - يىلدىن كېيىنكە تەۋە قىسمەن ۋەقەلەرنى قەدىمكى جۇڭگو مەنبەلىرىگە تايىنىپ ئىزاھلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئەن لۇشەن توپىلىڭى (756 - يىلى) دىن تارتىپ ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىدە يۈز بەرگەن ئىچكى ۋەقەلەرگە پائال ئىشتىراك قىلغان. بۇ ئەھۋال جۇڭگو مەنبەلىرىدە تەپسىلىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەپسۇسكى، مەڭگۈ تاشنىڭ ئاخىرقى قىسمى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولغاچقا بايانلار ھەققىدىكى مۇلاھىزىگە كۆپ ياردەملەرنى بېرەلمەيدۇ. مەڭگۈ تاشنىڭ بۇ قىسمىدىكى بايانلارنىڭ يىل دەۋرى

ھەققىدە بىۋاسىتە تىلغا ئېلىنغان «قوي يىلى» (755 ـ يىلى) دېگەن ئۇچۇردىن 9 ـ ئاينىڭ 755 ـ يىلىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرالايمىز. «توخۇ يىلى» (757 ـ يىلى) دېيىلگەن ۋاقىتتىن كېيىنكى ۋاقىتلار 757 ـــ 759 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان مەزگىلگە توغرا كەلسە كېرەك. بۇ ۋەقەلەر-دىن ئاي تەرتىپى كۆرسىتىلمەي 20 ـ، 21 ـ، 23 ـ كۈنى دەپلا خاتىرىلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئاساسەن 757 ـ يى-لىغا ئەمەس، 758 ـ يىلىغا ياكى 759 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. چۈنكى بۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا دۆلەتلىك نىكاھ مۇناسىۋىتى ئور-نىتىلىشقا ئائىت ۋەقەلەردىن كېيىن تىلغا ئېلىنىدۇ: «شۇنداق قىلىپ، كەلدى. ئىككى قىزىنى (سوۋغا قىلىپ) بەردى ... بې-رىپتۇ». بۇ قېتىمقى نىكاھنىڭ تېخىمۇ توغرا ۋاقتى جۇڭگو مەنبەلىرىدە بېرىلىدۇ. كېيىنكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن توپىلاڭچىلارنىڭ قولىدىن چاڭئەن ۋە لوياڭدىن ئىبارەت ئىككى پايتەختنى قايتۇرۇۋالغان (757 ـ يىلى) تاڭ ئىمپېراتورى سۇزۇڭ قىزلىرىدىن نىڭگو مەلىكىنى ئەلئەتمىش بىلگە قاغانغا ياتلىق قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەلئەتمىشنىڭ ئوغلى ئىدىكەن (بولغۇسى بۆگۈ قاغان) گە بۆگۈ قەبىلىسىدىن چىققان ئابرۇيلۇق سانغۇن، تاڭ سۇلا-لىسى ئۇچۇن كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بۆگۈ خۇەي ئېنىنىڭ قىزىنى ياتلىق قىلغان. ئەمما مەڭگۈ تاشتىكى ئۇيغۇر قاغانىغا خاتۇنلۇققا بېرىلگەن ئىككى قىز ھەققىدە گەپ بولغان قۇرلاردا ئۇلار تىلغا ئېلىنمايدۇ. جۇڭگو مەنبەلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇ-كى، نىڭگو مەلىكىگە ھەمراھ بولۇپ ماڭغانلاردىن تاڭ سۇلالى-سىنى قۇرغان لى جەمەتىنىڭ ئايال ۋەكىللىرى قاتارىدا دۇن-خۇداڭ بېگى لى چېنشيگىنىڭ ئىنىسى شاھزادە لى يۈەنىنىڭ قى-زىمۇ بار ئىدى. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلئەتمىش بىلگە قاغان ۋە بۆگۈ قاغانغا خانىش بولدى. ئەلئەتمىش قاغان ۋاپات بولغان-

دىن كېيىن (759 ـ يىلى) تاڭ ئوردىسىغا قايتىپ كەتكەن نىڭگو مەلىكىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئۇنى «كىچىك نىڭگو مەلىكە» دەپ ئاتىغانىدى. ئۇ ئوردۇبالىقتا تاكى 791 ـ يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر ياشىدى[12]. «كونا تاڭنامە» گە ئاساسلانغاندا نىڭگو مەلىكە، كىچىك نىڭگو مەلىكە ۋە بۆگۈ خۇەي ئىنىنىڭ قىزى قاتارلىقلارغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان ئەلچىلەر توپى 758 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئوردۇبالىققا يول ئالغان[13]. بۇنىڭدىن مەڭگۈ تاشتا ئېيتىلغان ئوخشاش مەزمۇندىكى بايانىنىڭ ۋاقتى 758 ـ يىل 9 ـ ئايلارغا تەۋە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، بۇ، دۆلەتلىك نىكاھتىن كېيىنلا يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ ۋاقتى بولمىش «2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى» 758 ـ يىلىغا تەۋە ئەمەس، دېگەن گەپ. چۈنكى بۇنداق بولغان بولسا بايان ئوتتۇرا يولدا ئۈزۈلۈپ قالاتتى. دېمەك، مەڭگۈ تاشتىكى ئاخىرقى يىلنامە 759 ـ يىلىغا مەنسۇپ.

يۇقىرىدا ئېنىقلاپ ئۆتۈلگەن يىلناملەر ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ ھەربىي، سىياسىي تارىخىغا مەنسۇپ مۇھىم ۋەقەلەردىن قاراپ چىقىشقا قادىر بولالىغانلىرىمىزدۇر. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەنلەردىن بۇ بىر قىسىم ۋەقەنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار قارلۇقلار ۋە باسمىللارغا قارشى مۇۋەپپەقىيەتلىك يۈرۈشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ غەلىبىلىك تىكلىنىشىگە چېتىلىدىغان ۋەقەلەر بولۇپ، زور دەرىجىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز، مەڭگۈ تاشنىڭ جەنۇبىي يۈزىگە قوشۇمچە قىلىنغان «بەن ئىتدىم. بۇنچا بىتىگ ... بىتىگ بىتتىم» دېگەن قۇردىكى مەلۇماتلاردۇر. س. ي. مالوفنىڭ ئەسىرىدە بۇ قۇرنىڭ تەرجىمىسى سۈپىتىدە گ. رامستېد 1914 ـ يىلى ئىشلىگەن مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ رۇسچە: «مەن سالدىم. پۈتۈك ... پۈتۈك پۈتتۈم» دېگەن تەرجىمىسىنى تەكرارلىغان[14]. بۇ تەرجىمە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، نەقىل كەلتۈرۈلگەن

مەلۇمات بۇ يەردە پۈتۈنلەي باشقا مەڭگۈ تاش ھەققىدە بولۇۋاتىدۇ: ئەسلى تېكىستتە «پۈتۈك» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىدا «بۇ» دېگەن ئالماش يوق. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا بىر مەڭگۈ تاش تىكلەنگەنلىك ھەققىدىكى مەلۇمات «شىنە ـ ئۇسۇ مەڭگۈ تېشى» نىڭ 753 ـ يىللاردىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان يېرىگە قىستۇرۇلغان (753 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قارا بۇلاقنىڭ شەرقىدە ئېلىپ بېرىلغان قارلۇقلار ۋە باسمىللارغا قارشى جەڭ بىلەن 754 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بولغان لەشكىرىي يۈرۈشنىڭ ئارىلىقىدىكى ۋاقىت). يەنە كېلىپ بۇنىڭ 753 ـ يىلىدىكى ۋەقەلەر ھەققىدە سۆز بولۇۋاتقان بۆلەكتە بولغىنىغا قارىغاندا بۇ مەڭگۈ تاشنى ئەلئەتمىش بىلگە قاغاننىڭ يارلىقىغا بىنائەن تەخمىنەن 753 ـ يىلى ئورنىتىلغان «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» بولۇشى مۇمكىن، دەپ قىياس قىلىش مەنتىقىگە تولىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئىزاھلار:

① گ. ئى. رامستېد: «شىمالىي موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە رۇنىك يېزىقىدىكى ئىككى مەڭگۈ تاش» — «فىننو — ئوگور جەمئىيىتى ژۇرنىلى» خېلسىنكى 1913 ـ يىل. 30 ـ جىلد 3 ـ سان. 11 ـ 63 ـ بەتلەر.

② س، تې. مالوف: «موڭغۇلىيە ۋە قىرغىزىستاندىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركچە يادىكارلىقلار» موسكۋا 1959 ـ يىل. 10 ـ بەت؛ س. گ. كىلياشتورنىي: «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» — «سوۋېت تۈركولوگىيىسى» 1980 ـ يىللىق 3 ـ سان.

③ ل. بازېن: «قەدىمكى تۈركلەردە ياش ئۇقۇمى» — «چەت ئەل تۈركولوگىيىسى»، موسكۋا 1986 ـ يىل 1 ـ توپلام. 361 ـ، 378 ـ بەتلەر.

④ س. ي. مالوف: «موڭغۇلىيە ۋە قىرغىزىستاندىن تېپىلغان قەدىمكى تۈركچە يادىكارلىقلار»، 34 ـ ، 38 ـ بەتلەر.

⑤ س. گ. كىلياشتورنىي: «تېرخىن مەڭگۈ تېشى».

⑥ ل. بازىن: «قەدىمكى تۈركلەردە ياش ئۆقۈمى».

⑦ تەپسىلاتىنى كۆرۈڭ: ئابلەھەت كامالوف: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ـ نىڭ (تېرخىن مەڭگۈ تېشى) دىكى بايىرقۇ قەبىلىسىگە ئائىت بايانلارغا ئىزاھ» — «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىللىق 6 ـ سان. 6 — 11 ـ بەتلەر.

⑧ «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 2 ـ بەت. شاڭخەي. 1936 ـ يىل.

⑨ ك. سېگلېدى: «گەردىزى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى (مىلادى 746 — 780) ھەققىدە» — «ۋېنگرىيە شەرقشۇناسلىقى» 1973 ـ يىل 27 ـ توم.

⑩⑪ «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى»، 216 ـ جىلد. 6910 ـ، 6918 ـ بەتلەر. بېيجىڭ 1956 ـ يىل.

⑫ «كونا تاڭنامە» 195 ـ جىلد «ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى»، 10 ـ بەت.

⑬ ك. ماكېرراس: «ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى»، كانبېررا 1968 ـ يىل. 17 ـ، 18 ـ بەتلەر.

⑭ گ.ئى. رامستېد: «سېلىنگا مەڭگۈ تېشى قانداق تېپىلغان؟ — ‹سېلىنگا مەڭگۈ تېشى›نىڭ يەشمىسى» — «روسىيە ئىمپېرىيە جۇغرا ـ پىيە جەمئىيىتىنىڭ تروئىس كياختىنىسكى شۆبىسى». سانت ـ پېتېر ـ بورگ. 1914 ـ يىل 15 ـ توم.

«قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى خەۋەرلىرى» (رۇسچە) 1994 ـ يىللىق 6 ـ سانىدىن

تەرجىمە قىلغۇچى: **قۇربان تۇران**

# ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر تەتقىقاتلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى توغرىسىدا*

گ. م. ئىسھاقوف (قازاقىستان)

مەركىزىي ئاسىيا، جەنۇبىي سىبىرىيە رايونلىرى ۋە جۇڭ-گونى تەتقىق قىلغۇچى كۆپلىگەن شەرقشۇناس ئالىملار ئۇيغۇر تارىخىنىمۇ تەتقىق قىلدى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە شەرقشۇناسلىق ئىلمىنىڭ بىر پۈتۈن تارمىقى بولغان ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمى دۇنياغا كەلدى. يۇلىئۇس كلاپروت ۋە ن. ي. بىچۇرىنلار ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ پېشۋالىرى قاتارىغا كىرىدۇ. ي.كلاپروت خەنزۇچە مەنبەلەرنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە، ئۇيغۇرلار تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ بىرى دېگەن خۇلاسىگە كەلدى؛ بىراق بۇ ئالىم جۇڭگونىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئۇچرايدىغان خۇيخۇ (回鹘) قەبىلىسى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز، دەپ قارىدى. ن. ي. بىچۇرىن بولسا خۇيخۇ قەبىلىلىرى ئۇيغۇرلاردۇر، ئۇلار موڭغۇللاردىن كېلىپ چىققان، دەپ قارىدى. ئاخىرىدا رۇس شەرقشۇناسى ئا.كازېمبېك خۇيخۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ نەق ئۆزىدۇر، ئۇلار ئەڭ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىرى، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى؛ «بىز بۇ قەبىلىنى (ئۇيغۇرلارنى دېمەكچى ــــ ئا) تەتقىق قىلىشتا قولىمىزدا بار بولغان بارلىق ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك. ئۇيغۇرلار بىزگە نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ھەرقانداق بىر قىسمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بارلىق تۈركىي

* ماۋزۇ تەرجىمان تەرىپىدىن قويۇلدى.

خەلقلەرنىڭ تارىخى ئۈچۈن يېڭى سەھىپە ئاچىدۇ»[1]، ئا.كازېمبېكنىڭ «ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن ئەسىرىگە سوۋېت ئالىمى ئۇمنياكوف ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ مۇنداق دېدى: «بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىر ئاساس بولۇپ بەردى»[2].

X IX ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئېتنوگرافىيىسى قىزغىن تەتقىق قىلىنغان بىر دەۋر بولدى. بۇ دەۋردە تۆۋەندىكى ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى بارلىققا كەلدى. چ.ۋەلىخانوۋنىڭ قەشقەرىيە توغرىسىدىكى ئەسەرلىرى (1868 ـ يىلى)، رىتتېر ۋ.گرىگورىيېفنىڭ «ئاسىيانىڭ دېھقانچىلىقى» دېگەن ئەسەرنىڭ رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان «تارىخ ئىزاھلىرى» (1869 ـ، 1873 ـ يىللار)، ۋ.رادلوفنىڭ «ئۇيغۇرلار مەسىلىسى توغرىسىدا» (1893 ـ يىلى)، د.پوزدنىيېفنىڭ «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ئوچېركلار» (1899 ـ يىلى).

ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمى تۆۋەندىكى ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈش ئۈمەكلىرى تەرىپىدىن تېپىلغان نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللار بىلەن بېيىدى. بۇ ئالىملار چوقان ۋەلىخانوۋ (1858 ـــ 1859)، ب. ئا. سوسنوۋسكى، ئي. ل. ماتۇسوۋسكى ۋە پ. ي. پىلياسېتسكىلەرنىڭ (1874 ـــ 1875)، ن. م. پرژېۋالسكى (1876 ـــ 1878، 1879 ـــ 1880، 1883 ـــ 1885) نىڭ، ئاكا ـ ئۇكا گرۇم ـ گرژىمايلو (1889 ـــ 1890)، م. ۋ. پېۋتسوف(1889 ـــ 1890)، ۋ. ئى. روبوروۋسكى (1893 ـــ 1895)، ن. ف. كاتانوف (1891 ـــ 1892) قاتارلىقلار. دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭنى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىق قىلىشمۇ باشلاندى. ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇھىم بىر نەتىجە بوتانىكا ئالىمى رېگېلگە مەنسۇپتۇر. بۇ كىشى 1879 ـ يىلى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان تۇرپان يېنىدىكى قەدىمكى بىر شەھەرنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى. ۋ. ئى. روبوروۋسكى 1895 ـ يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا شەھەر خارابىلىرىنى تەتقىق قىلدى. قەشقەردە تۇرۇشلۇق رۇس كونسۇلى ن.ف.

پېترووۋسكى قەدىمكى يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىشقا چوڭ تۆھپە قوشتى. پېترووۋسكىنىڭ تۆھپىسى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى بىرىنچى بولۇپ توپلاش بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى، بەلكى ئۇ يەنە تارىخ، مەدەنىيەتكە دائىر بىر قاتار پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇنغا چىققانغا قەدەر بولغان باشقا دىن ۋە ئېتىقادلارنىمۇ تەتقىق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇلىيە ۋە شىنجاڭدىن قەدىمكى تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنىڭ تېپىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى بولدى. بۇلار رۇنىك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قوليازما ۋە كىسلوگرافىك يادىكارلىقلاردىن ئىبارەت.

1889 ـ يىلى رۇس ئارخېئولوگى ن.م.يادرىنتسېف ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدىن چوڭ ئىككى مەڭگۈ تاشنى تاپتى. ئالىمنىڭ مۇشۇ يادىكارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتى تۆۋەندىكى بىر نۇقتىنى چۈشىنىشكە ياردەم بەردى. ئۇ بولسىمۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە تىل تارىخىنىڭ كىشىنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدىغان ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولغان بىر سەھىپىسىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت. چۈنكى قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشنىڭ ئاچقۇچىنى ئىككى جايدىن — بىرى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىي شىمالى، بولۇپمۇ ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىن، يەنە بىرى شىنجاڭ دائىرىسىدىكى قوچۇ شەھىرىنىڭ ئورنىدىن ئىزدەش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشكە ياردەم بەردى[3]. تېپىلغان مۇشۇ يادىكارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئورخۇندىن شىنجاڭغىچە بولغان جەرياننى ماكان ۋە زامان نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. دەسلەپتە رۇس تۈركولوگلىرى ۋە شەرقشۇناسلىرى، كېيىنچە غەربىي ياۋروپا تۈركولوگلىرى ۋە شەرقشۇناسلىرىنىڭ دىققەتلىرىنى موڭغۇلىيىدىن شىنجاڭغا يە-

نى «تۈرك ـــ ئوغۇزلاردىن تۈرك ـــ ئۇيغۇرلارغا» يۆتكىگەنلىكىنى مۇشۇ ئەھۋاللارغا قاراپ چۈشەندۈرگىلى بولسا كېرەك[4].

ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ۋ.رادلوۋ، پاۋې ـ دې ـ كۇرتېيل ۋە گ.ۋامبېرىلار يېتەكچى رول ئوينىدى. پاۋې ـ دې ـ كۇرتېيل 15 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىنى نەشر قىلدى. ۋ.رادلوف، گ.ۋامبېرىلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنى تەرجىمە ۋە نەشر قىلدى. ۋېنگىر تۈركولوگى بۇ يادىكارلىقنىڭ ئايرىم قىسىملىرىنى نەشر قىلغان بولسا، رادلوف قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېكىستنى تولۇق نەشر قىلدۇردى، ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى بەردى ۋە نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تولۇق تەرجىمىسىنى نەشردىن چىقاردى. رادلوف ئەسەرنىڭ نېمىسچە نەشرىگە «ئۇيغۇرلار مەسىلىسى توغرىسىدا» ناملىق ئۇزۇن ئىلمىي ماقالىسىنى قوشۇمچە قىلدى. مۇشۇ ماقالىدە رادلوف ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى بىر دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ تىلىنى ئۇيغۇر تىلى دەپ مۇقىملاشتۇردى[5]. 1861 ـ يىلى ئى. ئى. ئىلمىنىسكى «قۇتادغۇبىلىك» تىلىنى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ نەمۇنىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ»، دەپ تەكىتلىدى[6].

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم تۆھپە قوشتى. بۇ جايدىن بىناكارلىق مەدەنىيىتىگە دائىر يادىكارلىقلار تېپىلدى. خەنزۇ، تىبەت، سوغدى، خوتەن ساك تىلىدىكى ھۆججەتلەر ۋە شۇنىڭدەك تۈرك رۇنىك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى تېكىستلەر تېپىلدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋە باشقا تىللاردىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىشتا يۇقىرىدىكى رۇس ئالىم ۋە ساياھەتچىلىرى چوڭ تۆھپە قوشتى. بۇ ماتېرىياللار روسىيە

پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. مەز-كۇر ئاكادېمىيە 1898 - يىلى د.كلېمېنتىس باشچىلىقىدا مەخسۇس تارىخ - ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. د. كلېمېنتىسنىڭ مۇشۇ قېتىملىق تەكشۈرۈش جەر-يانىدا يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. كلېمېنتىسنىڭ ئەسەرلىرى «تۇرپان رايونى توغرىسىدا تارىخىي مەلۇماتلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتىگە دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە تىزىملىكى» دېگەنلەردىن ئىبارەت. ئالىمنىڭ پىكرى-چە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى بىر چاغلاردا تۇرپاندا توپلىنىپ قالغان نۇرغۇنلىغان كىتابلارنىڭ ئۆزىلا ئىسپاتلايدىكەن. يۈەن سۇلالىسى (1280 - 1367) دەۋ-رىدە خەنزۇچە، تىبەتچە تېكىستلەرنى بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى تېكىستلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بىر ئىلمىي كومىتېت تەشكىل قىلىنغانىدى. مانا مۇشۇ كومىتېت تەركى-بىگە ئۇيغۇر ئالىملىرىمۇ كىرگۈزۈلدى. كلېمېنتىس مانا مۇ-شۇ ۋە بۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى خۇلاسىگە كەلگەنىدى: «بىزگە يېتىپ كەل-گەن ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى كىشىنى بۇ يادىكارلىقلار ئە-قىل - پاراسەتلىك ئۇيغۇرلار يازغانلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، دەپ ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ» (شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى لېنىنگراد شۆبىسىنىڭ شەرقشۇناسلىققا دائىر ئارخىپ ماتېرىياللىرى). كلېمېنتىسنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلى-رىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا يازغان پىكرى مۇئەييەن قىزىقىش پەيدا قىلدى. «نۇرغۇنلىغان يادىكارلىقلار ئىچىدە تۇر-پانلىقلار (تۇرپانلىق ئۇيغۇرلار) ئۆزلىرىنىڭ ئەجداتلىرىنى ئۇن-تۇپ قالمىغان. تۇرپانلىقلارنىڭ يادىدا ئۇيغۇرلار تۇرۇپتۇ. ئەمما تۇرپانلىقلارنىڭ پىكرىچە، ئۇلار (ئۇيغۇرلار) ئەسلىدە مۇسۇلمان ئىكەن، قەدىمكى يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى موڭغۇللارنىڭ دەپ قارايدىكەن» (شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئارخىپ ما-تېرىياللىرى). مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلى-

غاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى (ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى) يەنىلا بۇددا دىنىدا تۇرۇۋەردى. مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى بىر. تارىختا تۇرلۇك دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئېتنىك جەھەتتە بىر ئومۇمي خەلق بولسىمۇ، لېكىن دىنىي ئېتىقادنىڭ ئوخشىماسلىقى تۇپەيلىدىن ئۆزلىرىنى بىر مىللەت دەپ قاراشقا مايىل بولمايدىغانلارمۇ بولدى. شۇڭلاشقا «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنى بىردىنلا پۈتۈن خەلق تەڭلا قوللىنىپ كېتەلمىدى.

مەركىزىي ئاسىيا، بولۇپمۇ شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا رۇس شەرقشۇناسلىرىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى 1899 ـ يىلى رىم شەھىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيانىڭ تارىخ ـ ئارخېئولوگىيىسى، تىللىرى ھەمدە ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى. روسىيەدە مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ رۇس كومىتېتى قۇرۇلدى.

رۇس ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ پېشىۋاسى س.ي. مالوف مەزكۇر كومىتېتنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن 1909 ـ، 1911 ـ يىللىرى ۋە 2 ـ قېتىم 1913 ـ، 1914 ـ يىللىرى شىنجاڭغا بىر نەچچە قېتىم باردى. مالوف ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسىگە دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قولىيازمىلارنى، جۈملىدىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئۇيغۇرچە بىردىنبىر نۇسخىسىنى تاپتى. س.ف.ئولدېنبۇرگ ۋە م.م.بېرېزوۋسكىلارمۇ شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا چوڭ تۆھپە قوشتى. ئولدېنبۇرگ شىنجاڭنى ئارخېئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە جەھەتتە ئەتراپلىق تەكشۈرۈش تەرەپدارى ئىدى. كلېمېنتسىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرى ئولدېنبۇرگقا شىنجاڭغا بىر ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەش زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر تونۇتقانىدى. ئولدېنبۇرگ: شىنجاڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا قوشۇلغان چوڭ بىر تۆھپە بولۇپلا قالماستىن،

بەلكى مۇشۇ مەدەنىيەتنى ياراتقان خەلقنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئورنىنى بەلگىلەيدۇ، دەپ ھېسابلىدى: «ئىنسانىيەت تارىخى ئۈستىدە گەپ ئېچىشقا توغرا كەلسە، ئالدى بىلەن، بۇ تارىخقا شەرق خەلقلىرىنىڭ تارىخى تولۇق ھوقۇقلۇق بولۇپ كىرگەندىلا ئاندىن گەپ ئېچىشقا بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ شىنجاڭ تارىخى پەۋقۇلئاددە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە»[7].

س.ف.ئولدېنبۇرگ 1909 ــ 1910 - يىللاردىكى ۋە 1914 ــ 1915 - يىللاردىكى ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى ۋە مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىدى. بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى يەنە 1906 - يىلى م.م.بېرېزوۋسكى شىنجاڭغا بېرىپ تۇرپاندىكى مىڭئۆي تام رەسىملىرىنىڭ كۆپىيىسىنى ئالدى ۋە كۇچانىڭ قەدىمكى سۇغىرىش سىستېمىسىنى تەتقىق قىلدى.

ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ كېيىنكى تەتقىقاتلىرى سوۋېت ھاكىمىيىتى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يىرىك شەرقشۇناس ئالىمى ئا.ن.بېرنىشتام شىنجاڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەرنى بىرىنچى بولۇپ كۆرسەتتى: «غەربىي يۇرتنىڭ مۇرەككەپ تارىخىدا بۇ يۇرت خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىمە مۇناسىۋەتلىرى ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئالاھىدىلىكلىرى بۇ خەلقنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن مەدەنىيەت ۋە ئېتنىك جەھەتتە كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئومۇمىيلىققا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئومۇمىيلىق ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتىدا مەدەنىيەت ئۆز ئىپادىسىنى تېخىمۇ ئۇچۇق كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، يەنى ھازىرقى قازاق، ئۆزبېك، قىرغىزلارنىڭ تارىخىي تەقدىرى بىلەن تولۇق ۋە تەل ـ تۆكۈس باغلىنىشلىق بولۇپ كەلدى»[8].

«ئىلىم ـ پەننىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات سەۋىيىسى مىللەت-

لەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسلارنىڭ مەنبەسى ۋە ماھىيىتى توغرىسىدىكى كونا كۆز قاراشلارغا مۇھىم تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. بۇ مەسىلىدە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يوللىرىنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىقى ياكى بىرلىكىنىڭ ئەھمىيىتىنى قاتتىق تەكىتلەشنى، نۇرغۇن ئەسىرلەرگە سىڭىپ كەتكەن مەلۇم دەۋردىكى بىر تەرەپلىمىلىك ۋە قەتئىيلىكتىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلماقتا»[9]. گەرچە ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، بېرنىشتامنىڭ شۇ چاغدا يازغان سۆزلىرى ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق.

سوۋېت ئالىملىرىنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى تېمىلىرى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى قەدىمكى دەۋر، ئوتتۇرا ئەسىر، يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما بۇ تېمىلار ئىچىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، مانجۇلارنىڭ جۇڭغارىيە ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇشى، ئۇيغۇرلارنىڭ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ روسىيە تېررىتورىيىسىگە كۆچۈرۈلۈش تارىخى قاتارلىق تېمىلار مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ، 80 ـ يىللىرى ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم بىر باسقۇچى بولدى. د.ي.تىخونوفنىڭ ئەسەرلىرىدە 10 ــ 16 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات مەسىلىلىرى داۋاملىق تەتقىق قىلىندى. تىخونوفنىڭ تارىخىي مەنبەلەر ۋە باشقا ماتېرىياللار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى ئۇنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئايرىم ساھەلىرى توغرىسىدا ئەتراپلىق بىر مەخسۇس ئەسەر يېزىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولدى[10]. ئا. ياكوۋبوۋسكى، ل. دۇمان، ل. ئى. گۇمىلېيېف، س. گ. كلياشتورنىي، ئا. گ. مالياۋكىن، ب. ئا. لىتۋىنسكى، ل. ئا. چۋىر، ئې. ئى. كىچانوف، ل. ر. كىزلاسوف، ۋ. ن. كۇزنېتسوفلارنىڭ ئەسەرلىـ

رىمۇ ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تۆھپىلەردۇر. ل. ن. گۇمىلىيېف، ئا. س. مالياۋكىنلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىغا دائىر مەسىلىلەر ۋە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ 840 ـ يىلىدىن كېيىنكى تەقدىرى قاتارلىق مەسىلىلەر تەتقىق قىلىندى. موسكۋا داشۆسىنىڭ پروفېسسورى ل. ر. كىزلاسوفنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەركىزىي ئاسىيا تېررىتورىيىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىدە ئوينىغان رولى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر ناھايىتى چوڭقۇر تەتقىق قىلىندى. كىزلاسوفنىڭ 16 ــ 15 ـ ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرچە ۋە پارسچە مەنبەلەرگە بەرگەن چۈشەندۈرۈشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە سىياسىي تارىخىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بەردى. كىزلاسوف ئېنىقلىغان مەسىلىلەر ۋ.پ.يۇدىننىڭ، ئو.ف.ئاكىمۇشكىن، ئا. م. موكىيېف، ئا . ئا . سېمىيونوفلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك تەركىبىدە موغۇللارنىڭ بولغانلىق مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى دىققەتكە سازاۋەردۇر[11].

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى، ئىچكى ئۇرۇش، ۋەتەن ئۇرۇشى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدىكى تارىخىنى ئە. ھىدايەتوف، م. كەبىروف، م. روزىيېف، ق. ھەسەنوفلار تەتقىق قىلدى.

مەشھۇر سوۋېت شەرقشۇناسى، تۈركولوگ س.گ.كلياشتورنىي قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تارىخىنى خېلى ئەتراپلىق تەتقىق قىلدى. لىتۋىنسكىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئېتنىك تەركىبى ناھايىتى چوڭقۇر تەتقىق قىلىنغان. «يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن يېڭى دەۋرگىچە شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئېتنىك، مەدەنىي ۋە تارىخىي ئومۇمىيلىق يېتەكچى ئورۇندىكى ئاساسىي ئامىل بولۇپ كەلگەن. قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ ئۆز ئالدىغا بىر ئېتنىك مەدەنىيەت رايونى بولۇپ شەكىللەنگەن ۋە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن»[12].

خېلىدىن بېرى چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ شىنجاڭغا بولغان قىزىقىشى سۇسلاشقىنى يوق. مەسىلەن: 1748 ـ يىلى دېگىننىڭ «هۇن، تۈرك، موڭغۇل ۋە باشقا غەربىي تاتارلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» دېگەن ئەسىرى نەشردىن چىقتى. ۋىسدېلۇ «تاتار تارىخى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى، كېيىنرەك ي.برېتشنېيدېر، دوسسونلارنىڭ ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلدى.

ئا.ستەيىن باشچىلىقىدىكى ئەنگلىيە تەكشۈرۈش ئۆمىكى 1900 ـــ 1901، 1906 ـــ 1908، 1913 ـــ 1915 ـ يىللاردا شىنجاڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ستەيىننىڭ بۇ تەكشۈرۈشلىرى بۇ ئەلنىڭ ھەممە يېرىنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالدى. ستەيىن ئارخېئولوگىيىلىك قىزىقىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى ۋە تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلدى، ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنىپ تۇردى. نېمىس تەكشۈرگۈچىلىرىمۇ بۇ رايوندا ئۇزۇن ۋاقىتلار ئىشلىدى، نېمىسلار دىققىتىنى ئاۋۋال تۇرپانغا، كېيىنرەك قومۇل، كۇچا، قاراشەھەر ۋە مارالبېشىدىكى قەدىمكى يادىكارلىقلارغا قاراتتى. نېمىس تەكشۈرگۈچىلىرى بۇ يەرلەردىن تېپىلغان تام رەسىملىرى، ھەيكەللەر، ياغاچ ۋە مېتالدىن ياسالغان بۇيۇملار، قەدىمكى ساپال بۇيۇم نەمۇنىلىرىنى 430 نەچچە ساندۇقتا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى[13]. فرانسۇز، شۋېد، ياپون ۋە خەنزۇ ئالىملىرىمۇ شىنجاڭنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلدى.

تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، خەنزۇلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 77 ـ يىلىدىن مىلادى 131 ـ يىلىغىچە تەڭرىتاغ ئېتىكىدىكى ئالدى قوش، ئارقا قوش زېمىنلىرىدا جەمئىي 11 ئورۇندا دېھقانچىلىق مەيدانى بەرپا قىلغان، لېكىن بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلىگۈچىلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى[14]. شىنجاڭ ئاھالىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبىدە خەنزۇلار مۇھىم رول ئوينىمىغان، بۇنى ئېتنىك كېلىپ چىقىش تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى يەكۇنىمۇ كۆرسىتىپ تۇرىدۇ[15].

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەرەققىيات جەريانى ناھايىتى ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ جەريان بولدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ئەجدادلىرى خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى قىزىل دى، دىڭلىڭ قاتارلىق قەبىلىلەر ئىدى. كېيىن بۇ قەبىلىلەر قاڭقىل (高) ۋە تېلې دەپ ئاتالدى. IV ئەسىردە تېلې قەبىلىرىدىن ئۇيغۇر (袁纥)، بۆكۆ، تورا، بايىرقۇ قەبىلىلىرى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشچىلىقىدا بىر ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇيغۇر قەبىلىسى شۇ چاغدا كۈچلۈك قەبىلە ئىدى. كېيىن بۇ ئىتتىپاق خۇيخې (回纥) دەپ ئاتالدى. مۇشۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇرلار قايسى قەبىلىدىن كېلىپ چىققاندۇ، دېگەن مەسىلە توغرىسىدا بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن كۆز قاراشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. بىز بۇ ھەقتىكى بەزى مۇنازىرىلەرنى بايان قىلدۇق، بۇنىڭغا تۆۋەندىكى مۇنازىرىلەرنى قوشۇمچە قىلىش مۇمكىن.

مەشھۇر رۇس شەرقشۇناسى ۋ.پ.ۋاسىلىيېف خۇيخې دېگىنىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ نەق ئۆزىدۇر، دەپ ھېسابلىدى. بۇ ئالىمنىڭ پىكرىچە خۇيخې سۆزى خەنزۇ تىلىدا «ئۇيۇشۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن، بۇ ئۇيغۇرچە «ئۇيۇماق» پېئىلىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى ئىكەن. راشىددىنىنىڭ يازغىنىدەك، ئۇيغۇر سۆزى «ئۇيۇماق» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولسا، ئۇنداقتا ۋاسىلىيېفنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇشقا توغرا كېلىدۇ[16].

ۋ. ۋ. رادلوف «ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرگە مەنسۇبتۇر، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇرلار ئەڭ كەڭ تارقالغان تۈركىي خەلقتۇر»[17]، دەپ يازغانىدى. رۇس جۇڭگوشۇناسى د.پوزدنىيېفمۇ ئۇيغۇرلارنى تۈركىي تىللىق قەبىلە دەپ ھېسابلىدى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر تارىخىنى داۋاملىق تەتقىق قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىلىق نۇرغۇن كۆز قاراشلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۈگۈنكى كۈندە شۇنى قاتتىق ئىشەنچ بىلەن تەكىتلەش كېرەككى، شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە IX ئەسىردىن ئىلگىرىلا ئۇيغۇرلار مەۋجۇت ئىدى.

ۋ.گرىگورىيېۋ پتولېمىينىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا مۇنداق يازغانىدى: «مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ئۇيغۇرلار ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپلا ياشاپ كەلگەن. ئاز دېگەندىمۇ ‹خەننامە›دە تىلغا ئېلىنغان مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىرلەردىكى قوش، قىمىد، بىلۇ (路)، پۇلى (蒲 犁) ۋە بۇنىڭدىن باشقا يەرلەرنىڭ ئاھالىسىمۇ ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت ئىدى»[18].

قاڭقىل قەبىلىلىرى رورانلار بىلەن بولغان كۈرەشلەردىن كېيىن (V ئەسىر) ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئورخۇن، سېلىنگا دەرياسى ۋادىلىرىغا — شىمالغا كۆچۈپ كەتتى. قالغان بىر قىسمى ئالتاي ۋە تەڭرىتاغ ئەتراپىغا كۆچۈپ كەتتى. ئون ئۇيغۇرلار (جەنۇبىي ئىتتىپاق) III ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا غەرب تەرەپكە سۈرۈلدى، توققۇز ئۇيغۇرلار بولسا شىمال تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى، دېگەن مەلۇماتلار مانا مۇشۇنىڭغا باغلىق بولسا كېرەك[19]. قاڭقىل قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا ئۇيغۇر (يۈەنخې) قەبىلىلەر بىرلەشمىسى يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇيغۇر ئىتتىپاقى توققۇز ئۇرۇقتىن ئىبارەت ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ياغلاقار قەبىلىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى.

مويۇنچۇر قاغان مەڭگۈ تېشى (VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى) دا تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان: «قالغان ئون ئۇيغۇر ۋە توققۇز ئوغۇز خەلقىنى يۈز يىلدىن ئوشۇق ئىدارە قىلدۇق»[20]. مانا بۇ بايانلار ئۇيغۇر ئىتتىپاقىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مەلۇم بىر باسقۇچنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يېڭى ئاتالغۇ پۈتكۈل ئىتتىپاقتا ۋە ئىتتىپاقنىڭ ھەربىر تەركىبىي قىسمىغىمۇ قارىتىلغانىدى. شۈبھىسىزكى، سىياسىي ئىتتىپاق نامىنىڭ مىللەتنىڭ ئېتنىك نامى بولۇشى ئۇچۇن ناھايىتى ئۇزۇن جەريان كېرەك[21]. مەسىلەن: ئۇيغۇر نامى دەسلەپتە شەرقىي تەڭرىتاغدىكى قوچۇ شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ دۆلەت قۇرغان خەلقنىڭ نامى ئىدى. بۇ ئەھۋالنى بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەر ئىسپاتلاپ بېرىدۇ: «ئۇيغۇر ئېلى... ئۇلۇستا ئېلىك بار»، «ئۇلۇغ

ئۇيغۇر ئېلى»[22].

ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلىرى قوچۇنى IX ئەسىرنىڭ باشلىرىغى-
چە ئىدارە قىلىپ تۇردى. «تۇرپان ۋادىسىدىكى شەھەرلەر ۋە
ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ۋىلايەتلەردە ياشىغۇچى تۈركىي قەبىلىلەر
ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ قوغدىشىدا بولۇپ كەلدى»[23]. شۇنداق قى-
لىپ، تۇرپان ۋادىسىدا ئىدىقۇت خانلىقى تەشكىل قىلىنغۇچى-
لىكلا بۇ يەردىكى ھاكىمىيەت ئۇيغۇرلار قولىدا ئىدى. «ماخرنا-
ماگ» (808 — 821) ناملىق ئەسەرنىڭ ئاخىرقى بېتىگە «قو-
چۇ دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان چوڭ شەھەرنى ياغلاقار ئىنال
ئىدارە قىلىپ تۇردى، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا ئىككى خانى قاراشە-
ھەرنى ئىدارە قىلىپ تۇردى»، دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىكەن. تۇر-
پان ۋە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىن نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرچە ياز-
ما يادىكارلىقلار تېپىلدى. بۇ يادىكارلىقلار ئىچىدە دىنىي مەزمۇن-
دىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە IX — XIII ئەسىرلەرگە ئائىت ھۆج-
جەتلەر بار. بۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئۆز-
لىرى ئىشلىتىۋاتقان تىلنى تۈركچە (Türkc ā ,Türk tilint ā)
دەپ يازىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك سىياسىي ئەھۋالىنى ئىپادى-
لەش ئۈچۈن باشقىچە ئاتالغۇلارنى، يەنى «ئون ئۇيغۇر» دېگەندەك
ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىدۇ. ئۆز دۆلىتىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتايدۇ.
مەھمۇد كاشغەرىي «ئۇيغۇر — بىر ئەلنىڭ نامى، ئۇلارنىڭ بەش
شەھىرى بار»[24]، دەپ يازىدۇ. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئېتنىك جەھەتتە كۈچلۈك ئۇيۇشقانلىقى ۋە ئاڭ
سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
ئېتنىك جەھەتتە ئۇيۇشۇپ بىرلىككە كېلىش دۆلەتنىڭ مۇس-
تەھكەملىنىشىگە خېلىلا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. «ئۇيغۇر»
دېگەن ئېتنىك نام XVI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە ساق-
لىنىپ كەلدى. ئۇيغۇر ئېلىنى قەشقەرىيىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان
چاغاتاي ئەۋلادىدىن بولغان مۇسۇلمانلار بويسۇندۇرغاندىن كې-
يىن، ئۇلار بۇ يەردىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى قات-
تىق قىستاققا ئالدى، بۇددىستلارنى زورمۇ زور ئىسلام دىنىغا

كىرگۈزدى. ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان قاتتىق كۈرەش ۋە بۇ كۈرەش تۈپەيلى كېلىپ چىققان جېدەل ـ ماجىرالار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز نامىنى ئاتىماسلىقىغا ۋە بۇ نامنى ئۇنتۇپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. نەتىجىدە ئۇيغۇر نامىنىڭ ئورنىغا دىنىي نام «مۇسۇلمان» دېگەن سۆز دەسسىتىلدى، ياكى ئۆز يۇرتلىرىنىڭ نامى بىلەن قەشقەرلىك، تۇرپانلىق، خوتەنلىك دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

X ، XI ئەسىرلەردە ئۇيغۇر دۆلىتى قايتا ئەسلىگە كېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىمۇ قايتىدىن روناق تاپتى. ئۇيغۇرلار تەركىبىگە كۆچمەن ۋە ئولتۇراق ئاھالىلەر كىرىپلا قالماستىن، يەنە تۇرپان رايونىدا بۇرۇندىن ياشاپ كەلگەن، كېيىن تۈركلىشىپ كەتكەن خەلقلەرمۇ كىردى. تۇرپان ۋادىسىدىكى ھاياتتا ئۆز دەۋرىدە بۇ جايدا قەدىمدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ھىندى ـ ياۋروپا تىللىق ئاھالىلەر، بولۇپمۇ توخارلار خېلى رول ئوينىغانىدى. بۇ نۇقتىنى توخار تىلىدىكى X ، XI ئەسىرلەرگە تەئەللۇق ئالدى ـ ساتتىغا دائىر ھۆججەتلەرمۇ ئىسپاتلايدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى شەرقىي شىنجاڭ زېمىنىدا ئىران تىللىق قەبىلىلەر بىلەن تەڭ مەۋجۇت ئىدى. خەنزۇچە مەنبەلەرگە قارىغاندا، «ئالدى ۋە ئارقا قوشلار زېمىنى ‹گاۋچاڭ› دەپ ئاتىلاتتى (گاۋچې دەپ ئاتالغان بولسا تېخىمۇ توغرا بولاتتى ـــ گ. م. ئىسھاقوف). مانا مۇشۇ جايلار ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنلىرى ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنمۇ بۇ جايدا خانلىق بار ئىدى، بۇ خانلىق ئىككى قىسمىغا بۆلۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوخشاشلا قوش (师 姑 师) دەپ ئاتىلاتتى»[㉟]. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىران تىللىق قەبىلىلەر بىلەن بولغان ئېتنىك مەدەنىيەت ئالاقىلىرى شىنجاڭدىكى تۈركلىشىشنىڭ باشلىنىشى بولدى. بۇ تۈركلىشىش تۈرك خانلىقى تىكلىنىشتىن بۇرۇنلا باشلانغانىدى. بۇ تۈركلىشىش جەريانى X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۈچەيدى. بۇ چاغدا بۇ ئەل ئۇيغۇرلارنىڭ بالدۇرراق شەكىللەنگەن دۆلەت

تەشكىللىرى قاڭقىل، كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە كىرىپ كەتكەنىدى. بۇ رايوندا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئېقىپ كىرىشى كۆپىيىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭ تۈركىي تىل ھۆكۈمران ئورۇندا تۇردىغان رايونغا ئايلاندى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ يەرلىك ئاھالە بىلەن شەرق ۋە شىمال تەرەپتىن مۇشۇ رايونغا كىرگەن موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا سىڭىشىش يۈز بەردى (ئالتاي رايونىدىن ئەڭ دەسلەپ بۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەن موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئاھالە ھۇنلاردۇر، شەرقىي ئاسىيا رايونىدىن كەلگەنلەر خەنزۇلار). مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن تەتقىقاتچىلار تۆۋەندىكىلەرنى تەكىتلەيدۇ: ئىنسانشۇناسلىق جەھەتتە موڭغۇللىشىش بىلەن تىل جەھەتتە تۈركلىشىش جەريانلىرى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان. بىراق، تىل جەھەتتە تۈركلىشىش بىلەن ئىرقىي جەھەتتە موڭغۇللىشىش دەۋر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مۇتلەق بىر دەۋر ئىچىدە يۈز بەرگەن ئەمەس ۋە پاراللېل بولغانمۇ ئەمەس. چۈنكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ھەممىسىلا موڭغۇل ئىرقىنى كېلىپ چىقىش مەنبەسى قىلغان ئەمەس. ئالىملارنىڭ پەرىزىچە، تىل جەھەتتە تۈركلىشىش جەريانى ئىرقىي جەھەتتە موڭغۇللىشىشقا قارىغاندا خېلى دەرىجىدە كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغان. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئا.ن.بېرنىشتامنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكىنىمىز مۇۋاپىق بولسا كېرەك، ئۇنىڭ پىكرىچە، تارىم دەرياسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قەشقەردىن كۇچاغىچە بولغان جايلاردا تۈركلىشىش جەريانى پەقەت ھۇنلار دەۋرىدىن باشلانغانىكەن. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش مەسىلىسىنى يازما تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن 3000 يىلدىن ئارتۇق دەۋردىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كېلىپ چىقىش، سىڭىشىش مەسىلىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەل قىلىش كېرەك.

«قولىمىزدىكى تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، شىنجاڭدا

مىس قورال دەۋرىدە ئاز دېگەندە ئىككى خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىرسى ياۋرو ـ ئاسىيا دالىسىدىكى ئېتنىك ئەنئەنەدۇر، بۇ خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە ئاندرونوف مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت (تازاباغ، قاراقۇم ۋە باشقىلار) رايونى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئىككىنچى خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى سۇرەتلىك ساپال بۇيۇملار مەدەنىيىتى بولۇپ، مەزكۇر ئەنئەنە مىس قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا يېڭىدىن ئەۋج ئالدى. بۇ چاغلاردا مۇشۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ بىر تۈركۈم يەرلىك ئۇچاقلىرى پەيدا بولغانىدى...»[26]. شىنجاڭنىڭ دەسلەپكى تارىخى كېلىپ چىقىش جەھەتتە ھىندى ـ ياۋروپالىقلارغا مەنسۇپ بولغان توخار قەبىلىلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ب. ئا. لىتۋىنسكىنىڭ پىكرىچە، ئەڭ دەسلەپكى توخار ئېتنىك دولقۇنى شۇنچىلىك چوڭ بولغانكى، مۇشۇ دولقۇندا كەلگەن قەدىمكى توخارلار شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىگە دېگۈدەك يېيىلغانىدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىل بىلەن بىرىنچى 1000 يىل ئارىلىقىدا شىنجاڭغا بىر تۈركۈم ساك قەبىلىلىرى كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ تىلىنى كېيىنكى ئالىملار «خوتەن ساك تىلى» دەپ ئاتىدى. تارىخىي مەنبەلەردە مىلادىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ زېمىنىدا توخرى، ھۇن، ۋۇخۇ قاتارلىق ھەرخىل قەبىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ قەبىلىلەر مۇشۇ رايوندىكى ئاھالىلەر بىلەن ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلغان.

X ئەسىر بىر كەسكىن بۇرۇلۇش مەزگىلى بولدى. بۇ چاغدا خوتەن رايونىنى تۈركلەر بېسىۋالدى. ئايرىم جايلاردىلا خوتەن تىلىغا يېقىن بولغان ساك تىلى دىئالېكتلىرى ساقلىنىپ قالدى. نەتىجىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى تەدرىجىي تۈركىي تىل تەرىپىدىن سىقىپ چىقىرىلدى. ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇ ۋەقەلەر يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى بىر ئۆتكۈنچى دەۋر، يەنى خوتەن

ساك تىلى بىلەن تۈركىي تىل تەڭ قوللىنىلغان بىر دەۋر بول-غان بولسا كېرەك. كېيىن بۇ رايوندا كەڭ كۆلەملىك تۈركلىـ-شىش جەريانى يۈز بەردى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تارىخىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744 ــ 840) غا مۇناسىۋەتلىك. ما-نا مۇشۇ دۆلەتتە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي تۇرمۇشتىمۇ بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى: شەھەر قۇرۇلۇشلىرى، قول ھۈنەرۋەن-چىلىك تەرەققىي قىلدى، شۇ ئىنشائاتى يولغا قويۇلدى. مەملى-كەت مىقياسىدا مانى دىنى دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قى-لىندى (762 ـ يىلى). ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 100 يىلغا سوزۇل-غان سەلتەنىتى 840 ـ يىلى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەرەققىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى باسقۇچى تۇرپاننى مەركەز قىلغان دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشى (IX ــ XIV) بىلەن مۇنا-سىۋەتلىك بولدى. بۇ دۆلەت دائىرىسىدە شەكىللەنگەن مىللىي ئومۇمىيلىقتا تېررىتورىيە بىرلىكى، يېتەرلىك نوپۇس، ئىقتى-سادىي بىرلىك ۋە مۇئەييەن دەرىجىدىكى مەدەنىيەت بىرلىكى مەۋجۇت ئىدى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ چاغ-دىكى ئۇيغۇر دۆلىتىدە بىر خەلقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن لازىم بولغان شەرت ـ شارائىتلارنىڭ ھەممىسى ھا-زىرلانغانىدى.

XII ئەسىردە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىلار خانلىقى قاراقىتانلارغا ۋاسسال بولۇپ قالدى. XIII ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ئىدىقۇت خانلىقى چىڭگىزخان قۇرغان ئىمپې-رىيىنىڭ تەركىبىگە 5 ـ ئۇلۇس سۈپىتىدە قوشۇلدى. قەشقە-رىيىنىڭ كۆپ قىسمى چاغاتاي ئۇلۇسى تەركىبىگە كىردى.

XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا ئولتۇراق دېھقانچىلىق رايونى ۋە كۆچمە چارۋىچىلىق رايونىدىن ئىبارەت ئىككى تارى-خىي ئېتنوگرافىيىلىك رايون شەكىللەندى. بۇ ئىككى رايوندا كېلىپ چىقىشى بىر خىل بولغان ئاھالىلەر ياشاپ كەلدى.

سۇ باشلاپ سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق ئىگىلىكى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋردە شىنجاڭ «موغۇلىستان» دەپ ئاتالغان سىياسىي ئىتتىپاق تەركىبىگە كىردى ۋە بىر پۈتۈن ئىقتىسادىي بىرلىك دەپ ھېسابلاندى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئاساسىي جەھەتتىن، بۇنىڭدىن 3000 يىل ئىلگىرى شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە باشلىنىپ XIV ئەسىردە تولۇق تاماملاندى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەركىبىگە يەرلىك شەرقىي ئىران تىللىق قەبىلىلەر، قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ۋە باشقا تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر كىردى. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىلا مىللىي سىياسىي ئېتنونىمى شىنجاڭنىڭ يەرلىك تۈپ ئومۇمىيلىق ئۇقۇمىغا ئىگە بولغان «ئۇيغۇر» ئاھالىسىنىڭ مۇستەھكەم نامى بولۇپ قالدى.

ئىزاھلار:

① ئا.كازىمبېك: «ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تەتقىقات»، 1841 ـ يىل نەشرى 41 ـ بەت.

② ئى. ئى. ئۇمنياكوف: «ئاكادېمىك بارتولدنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر ئىلمىي ئەمگەكلىرى»، پۈتكۈل ئىتتىپاق بويىچە تاشكەنتتە ئېچىلغان تۇنجى قېتىملىق شەرقشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ماتېرىياللىرى، تاشكەنت 1958 ـ يىل نەشرى.

③ پوياركوف، لادىگىن: «سالارلار»، «ئېتنوگرافىيىلىك ئوبزورلار»، 1893 ـ يىللىق 1 ـ سان 11 ـ بەت.

④ سامويلوۋىچنىڭ 1914 ـ يىلىدىكى ئەسىرىنىڭ 18 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑤ (17) ۋ. ۋ. رادلوف: «ئۇيغۇرلار مەسىلىسى توغرىسىدا» 1893 ـ يىل نەشرى 20 ـ بەت.

⑥ ن. ئى. ئىلمىنىسكىي: «تۈرك ـ تاتار تىلى ھەققىدە دەسلەپكى ئوقۇشلۇق»، 1861 ـ يىل نەشرى 28 ـ بەت (ئىمپىرىيىلىك قازان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى 3 ـ كىتاب).

⑦ س. ف. ئولدېنبۇرگ: «رۇس ئالىملىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەتقىقاتلىرى»، قازان مۇزېيىنىڭ خەۋەر-

لىرى، 1921 ـ يىللىق 1 ـــ 2 ـ سان.
⑧ ئا. ن. بېرنشتام: «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر»، «قەدىمـ
كى تارىخ خەۋەرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1947 ـ يىللىق 2 ـ سانى 71 ـ بەت.
⑨⑫⑬⑮㉖ لىتۋىنسكىي: «شەرقىي تۈركىستان ۋە ئوتتۇرا ئاـ
سىيانىڭ تارىخ، مەدەنىيەت، قاتناش ئالاقىسى» 1984 ـ يىل نەشرى 9 ـ،
10 ـ، 23 ـ، 6 ـ، 7 ـ بەتلەر.
⑩⑯⑲㉑㉒ تىخونوف « IX ـــ X ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىـ
رىنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تەشكىلى»، 1966 ـ يىل نەشرى 23 ـ،
24 ـ، 25 ـ بەتلەر.
⑪ ۋ. پ. يۇدىن: «قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خەۋەرلىـ
رى» (ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 1965 ـ يىللىق سانلىرى؛ ئو. ف. ئاـ
كىمۇشكىن: «شاھ مەھمۇت ئىبىن مىرزافازىل جۇراس»، 1976 ـ يىل
نەشرى.
⑭ «قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى شىنجاڭ»، 1988 ـ يىل
نەشرى 259 ـ بەت.
⑱ ۋ.ۋ.گرىگورىيېف: «چىنى تۈركىستان»، 1873 ـ يىل نەشرى.
⑳ س. يې. مالوف: «موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان قەدىمكى تۈرك يازما
يادىكارلىقلىرى»، 1951 ـ يىل موسكۋا ـــ لېنىنگراد نەشرى 30 ـ،
34 ـ، 38 ـ بەتلەر.
㉓ س. گ. كلياشتورنىينىڭ 1980 ـ يىلىدىكى ئەسىرىنىڭ 93 ـ
بېتىگە قاراڭ.
㉔ مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1981 ـ يىل
ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 151 ـ بەت.
㉕ بېچۇرىن: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەر تارىخىغا
دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، 1950 ـ يىل موسكۋا نەشرى 1 ـ توم
376 ـ، 377 ـ بەتلەر.
قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى
تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (1991 ـ يىل،
ئالمۇتا «پەن» نەشرىياتى رۇسچە نەشرى) دىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىـ
لىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئۇيغۇر سايرانى**

* ئىزاھات: بۇ ماقالىدىكى قىسمەن ئاتالغۇلار ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

# خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

## ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت

### 1. خوجىلاردىن ئىلگىرىكى دىنىي ۋەزىيەت

نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەرققە قاراپ كېڭىيىشى بىلەن ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى ۋە بۇ تەرىقەتنىڭ كېڭەيتكۈچىلىرى بولغان خوجا، ئىشانلارنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەم «ئىشانچىلىق»نىڭ بۇ يەردىكى راۋاجى ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشتىن بۇرۇن بۇ دىنىي كۈچ باش كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئىلگىرىكى شىنجاڭنىڭ دىنىي ۋەزىيىتى ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ بىزنى خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

1224 ـ يىلى چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئىستىلا قىلغان زېمىنلىرىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنى 2 ـ ئوغلى چاغاتايغا تەقسىم بولدى. بۇ كەڭ زېمىن ئۇنىڭ نامى بىلەن «چاغاتاي ئۇلۇسى» دەپ ئاتالدى. «چاغاتاي ئۇلۇسى»نىڭ زېمىن تېررىتورىيىسى ماۋەرا ئۇننەھردىن يەتتە سۇ، قەشقەرگىچە، ئامۇ، سىر دەريالىرىدىن ئالمىلىقچە بولغان كەڭ زېمىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ بۇ زېمىنلاردىكى ھۆكۈمرانلىقى تارىختا «چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتالغاندى.

چاغاتاينىڭ ۋاپاتىدىن (1241 ـ يىلى) ئانچە كۆپ ئۆتمەيلا باشلانغان ئىچكى ماجىرالار، ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرىنىڭ ئۇلغىيىشى بىلەن چاغاتاي خانلىقى تەدرىجىي پارچىلىنىشقا

قاراپ ماڭدى. XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە خانلىق ئومۇ-مىي جەھەتتىن شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆ-لۈنۈشكە يۈز تۇتتى. شەرقىي قىسمى قەشقەر، تۇرپان تەرەپلەرنى ئۆزئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئالمىلىقنى مەركەز قىلغانىدى. غەربىي قىسمى سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان بولۇپ، ماۋەرا ئۇننەھر رايو-نىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

1346 ـ يىلى ماۋەرا ئۇننەھر رايونىدىكى بارلاس قەبىلىسى-نىڭ ئەمىرى قازارخان لەشكەر تارتىپ قاززاننى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇپ، خاننىڭ نوپۇزى قالمىدى، خانلىقنىڭ چوڭ ھوقۇقى ۋەزىرلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. جايلاردىكى ئاقسۆڭەكلەرمۇ ئۆز ئالدىغا خان تىكلەشتى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارغا ئاقسۇغا ماكانلاشقان دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى ھۆ-كۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ قەبىلە ئەسلىدە چاغاتاي ئۇ-لۇسىدىكى نام ـ شۆھرىتى ئانچە چوڭ بولمىغان كىچىكرەك بىر قەبىلە ئىدى. XIV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە بۇ قەبىلە-نىڭ نوپۇسىمۇ خېلى كۆپەيگەن، قەبىلە باشلىقى بۇلاجىنىڭ ھو-قۇق دائىرىسىمۇ زورايغانىدى. 1346 ـ يىلى خانلىقنىڭ غەربىدە يۈز بەرگەن پاتپاراقچىلىقتىن كېيىن، خانلىقنىڭ شەرقىي قىس-مىدىكى خانلىق ئورنى بوش قالدى. خانلىقنىڭ غەربىي قىسمى-دىكى بارلاس قەبىلىسى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، ھۆ-كۈمرانلىق تالىشىپ يۈت تېپىشىۋاتقان دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بۇلاجى دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ سەرسانلىقتا يۈرۈۋاتقان تۇغلۇق تۆمۈرنى تاپقۇزۇپ كېلىپ، ئۇنى ئېسەن بۇقا (1309 ـــ 1320 ـ يىللىرى تەختكە ئولتۇرغان)نىڭ [1] ئوغلى دەپ جاكار-لىدى ۋە 1348 ـ يىلى ئۇنى ئاقسۇدا تەختكە ئولتۇرغۇزدى [2]. بۇلاجىنىڭ بۇ ھەرىكىتى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇل ھۆكۈمراندا-لىرى باش بولۇپ تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خانلىق ئورنىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭغا باش ئېگىشتى. بۇنىڭ بىلەن دوغلات قەبىلىسى

غەربىي قىسمىدىكى قازارخان جەمەتىدىكىلەر بىلەن رەسمىي يو-سۇندا يۇت تىپىشىدىغان، تىركىشىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلىرى تارىختا «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتالدى.

ئەمەلىيەتتە، بۇلاجىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرنى يۆلەپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇشى چاغاتاي خانلىقىنىڭ رەسمىي يوسۇندا ئىككىگە بۆلۈنگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. 1348 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈر-نىڭ ئاقسۇدا تەختكە ئولتۇرۇشى بىلەن قۇرۇلغان شەرقىي چاغا-تاي خانلىقى ئالمىلىق (ھازىرقى غۇلجا شەھىرىنىڭ غەربىي شى-مالى)نى مەركەز قىلىپ تاكى سۇلتان سەئىدخان 1514 ـ يىلى سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرغانغا قەدەر 166 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇ خانلىق مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە «مو-غۇلىستان» دەپ ئاتالغان، [3] ئىلىمىز ۋە چەت ئەل تارىخشۇناس-لىرىنىڭ تەتقىقاتلىرىدا بۇ خانلىقنىڭ نامى بىر دەك «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا بولسا بارلاس قەبىلە-سىدىن چىققان ئەمىر تۆمۈر (1336 ـــ 1405) ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ئايرىم خانلىق تىكلىدى. بۇ خانلىق تارىختا «تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى» ياكى تېمۇرىيلەر سۇلالىسى» دېگەنناملار بىلەن ئاتالدى.

بىزنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ھەققىدىكى بۇ تەپسىلاتلارنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇ يەردىكى، مانا شۇ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ (1348 ـــ 1514) تۇنجى ھۆكۈمرانى بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخان (1348 ـــ 1363 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) موغۇل خانلىرى ئارىسىدا دەسلەپ بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋە بۇ دىنىنىڭ خانـ-لىق تەۋەلىكىدە كېڭىيىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان شەخس ئىدى.

«تارىخى رەشىدىي»دە قەيد قىلىنىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈر بىر قېتىم ئوۋغا چىققاندا ئايكۆل دېگەن يەردە شەيخ جالالىدىن بۇخا-

رىي ئىسمىلىك دىن تارقاتقۇچى تەقۋادار سوپى [4] بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان. شەيخ جالالىدىن بۇخارىي تۇغلۇق تۆمۈرگە ئىسلام دىنىنىڭ بەرھەق يول ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئىمان - قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىشقا دەۋەت قىلغان. تۇغلۇق تۆمۈر شەيخ جالالىدىنىنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭغا «مەن خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئەڭ ئالىي ھوقۇققا ئىگە بولغاندا، مېنى ئىزدەپ كېلىڭ، مەن شۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا ۋەدە بېرەي»، دېگەن[5].

شەيخ جالالىدىن بۇخارىي تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن ئۇچرىشىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا تۇغلۇق تۆمۈرنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئوغلى ئەرشىدىنگە تاپشۇرىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خان بولۇپ تەختكە چىققانلىقىنى ئۇققان ئەرشىدىن ئۇنى ئىزدەپ ئالمىلىققا بارىدۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ دادىسىغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەسلىتىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەرشىدىننى قىزغىن قارشى ئالىدۇ ھەم ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىمان ئېيتىپ ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ. ھەتتا خىزمەت ئىسمىلىك بىر دامولىلىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىسلام دىنىغا كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئەتىسى قول ئاستىدىكى ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىر - بىردىن كىرىپ ئىمان ئېيتىشىنى بۇيرۇيدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىككى - ئۈچ يىل ئىلگىرىلا ئىسلامغا كىرىپ بولغان، پەقەت خاندىن قورقۇپ، بۇنى ئاشكارىلىماي، يوشۇرۇپ كەلگەنىدى[6].

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ جالالىدىن بۇخارىي بىلەن كۆرۈشۈپلا ئۇنىڭغا خان بولغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ماقۇل بولۇپ ۋەدە بېرىشىدە دىنىي مايىللىقلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى مۇئەييەن سىياسىي مۇددىئامۇ بار ئىدى. چۈنكى بۇلاجى دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئورنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۇغلۇق تۆمۈرنى يۆلەپ

تەختكە چىقارغان بولغاچقا، خانلىقنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى يەنىلا بۇلاجىنىڭ قولىدا ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈر بولسا نامىدىكى خان بو-لۇپ، ھەممە ئىشتا بۇلاجىنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. شۇڭا تۇغلۇق تۆمۈر ئۆزى ئىسلام دىنىغا كىرسە زور تەسىر كۆچكە ئىگە بولغان ئىسلام ئەھلىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا ھېس قىلغان ھەم مۇشۇ ئارقىلىق دوغلات قەبىلىسىنىڭ كونت-روللۇقىدىن قۇتۇلۇپ، ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى قولىغا ئېلىپ، ھە-قىقىي ئىسمى - جىسمىغا لايىق خان بولالىشى مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى.

چۈنكى، چىڭگىز ئىستىلاچىلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرگەن ۋاقىت ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاساسەن دېگۈدەك ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئىسلام مەدەنىيىتى تازا گۈللىنىۋاتقان مەزگىل ئىدى. چاغاتاي خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى، يەنى ماۋەرا-ئۇننەھردە پۇتۇنلەي ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئېتىقاد ئىدى. شەر-قىي قىسمىدىكى تۇرپان، قومۇل رايونلىرىدا بۇددىزم ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا قاراخانيلار دەۋرىدىلا ئىسلام دىنى رەسمىي ئېتىقاد سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانىدى.

شۇڭا مەيلى شەرقىي چاغاتاي خانلىقى، ياكى غەربىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ موغۇل خانلىرى ئۈچۈن بولسۇن، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش مەلۇم جەھەتتىن ئېيتقاندا بىر خىل تارىخىي مۇ-قەررەرلىككە ئايلىنىپ قالغانىدى. لېكىن بىز يۇقىرىدا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كېلىشىنىڭ تېگىدە مۇئەييەن سىياسىي مۇددىئانىڭمۇ يوشۇرۇنغانلىقىنى كۆ-رۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، «موغۇل خانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرد-شىنى ئېتىقاد، يۇمشاق كۆڭۈللۈكنىڭ نەتىجىسى ئىدى، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ زامان ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، سىياسىي تەڭسىزلىكتىن قۇتۇلۇش چارىسى ئىدى، خالاس»[⑦].

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرىنىمۇ ئىسلامغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن

دوغلات قەبىلىسىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى ئۇنچە كۆپ چەكلىيەلمىدى، چۈنكى قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىسلامغا كىرىپ بولغان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ دىنىي ئىمتىيازىنىڭ ئېشىشىمۇ بىر تەرەپتىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قوللىشىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن دوغلات قەبىلىسىدىكى ئاقسۆڭەك ئەمىرلەرنىڭ قوللىشىدىن بولغانىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خانلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا ماۋەرا ئۇننەھرگە قىلغان بىرنەچچە قېتىملىق يۈرۈشلىرى بىلەن ئۇنىڭ خانلىق ئورنى بارا - بارا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بۇلاجى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ بۇ قەبىلىنىڭ ئىمتىيازىغا چەك قويۇش ئۈچۈن قەبىلە باشلىقلىقىغا بۇلاجىنىڭ تېخى يېشىغا توشمىغان كىچىك ئوغلىنى تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ مەركىزىي ھوقۇقى ئۇنىڭ ئىلكىگە تولۇق ئۆتتى. ئۇ ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ دىن تارقىتىش ئىشلىرىنى تېخىمۇ قوللىدى. چۈنكى مەنىۋى جەھەتتىكى بىرلىك خانلىقنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەشكە شارائىت ھازىرلايتتى.

شۇڭا تۇغلۇق تۆمۈر ئەرشىدىن ۋەلىگە كاتتا ئىھتىرام ۋە ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ، خانلىقنىڭ پۈتۈن دىنىي ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلى قەيەرنى ئىختىيار قىلسا شۇ يەردە تۇرۇشقا ئىجازەت بەردى. ئەرشىدىن ۋەلىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە ئۇنىڭغا 60 مۇھاپىزەتچىنى ھەمراھ قىلىپ ئۇنى كۇچاغا دىن تارقىتىشقا ئەۋەتتى. كۇچادا بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشقا كەلگەن سوپى - دەرۋىشلەردىن بىرسى كېلىپ خانىقا سالدۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان بولسىمۇ، كۇچادا بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، قارشىلىققا ئۇچراپ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ⑧.

ئەرشىدىن كۇچاغا بارغاندىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قوللىشى بىلەن دىن تارقىتىشنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرغان.

ئۇنىڭ تەلىپى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخان كۇچادا ئۇنىڭغا خانىقا سالدۇرۇپ بەرگەن. ئەرشىدىن كۇچادا مەخسۇس دىنىي ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىپ، قازىخانىلارنى قۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىغا زور كۈچ چىقارغان. «كۇچالىقلار ئەرشىدىنگە بويسۇنۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پىرى ھېسابلاشقان»[9]. تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەر يىلى خانلىق تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ رامىزاننىڭ پىترىسى، مال ـ مۈلۈك، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنىڭ زاكىتىنى ئىككى بەگدىن ئەۋەتىپ بېرىپ تۇرغان [10].

جالالىدىن بۇخاري ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەرشىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلامغا كىرگۈزگەن تۆھپىسى ئۈچۈن يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئالاھىدە ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلىنغانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىدا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ ئىمتىيازى تېخىمۇ ئېشىپ، ئەرشىدىن ۋەلى خانلىقنىڭ دىنىي ساھەسىدىكى ئەڭ ئالىي ئىمتىياز ئىگىسى بولۇپ قالدى. بەزى ماتېرىياللاردا قەيد قىلىنىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا، ئوغۇللىرى ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزەرا، بەگ ـ ئەمەلدارلىرىغا ھەممە ئىشتا مەۋلانا ئەرشىدىننىڭ مەسلىھىتىگە قۇلاق سېلىشنى ھەم ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلدۈرۈشنى تاپىلىغان، ھەتتا كېيىنكى ۋاقىتلاردا خىزىر خوجىنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشىمۇ ئەرشىدىن جەمەتىدىكىلەرنىڭ «رۇخسىتى»دىن ئۆتكۈزۈلگەن [11]. تارىخچىلارنىڭ قويۇق دىنىي ھېسسىيات بىلەن يېزىلغان بۇ بايانلىرى گەرچە بىرئاز كۆپتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەلۇماتلار ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ خانلىقتا ھەقىقەتەنمۇ يۇقىرى ئىمتىيازغا ئىگە ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

مەشھۇر تارىخشۇناس مىرزا ھەيدەرمۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ نامىنى مەۋلانا ئەرشىدىننىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلامغا كىرگۈزگەندىكىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن «تارىخى رەشىدىي» دەپ ئاتىغانلىقىنى قەيد قىلىدۇ [12]. ئەرشىدىن ۋەلى كۇچاغا كەلگەندىن كېيىن، شۇ يەردە ئۆيلىنىپ ئىككى پەرزەنت كۆرگەن، چوڭىنىڭ ئىسمى ئەبۇ پاتىھ، كىچىكىنىڭ ئىسمى ئەبۇ ناسىر ئىدى. ئەرشىدىن

ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۆزىنىڭ دىنىي ئىمتىيازىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بەرگەن. ئاقسۇ، كۇچانىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش هوقۇقىنى چوڭ ئوغلى ئەبۇ پاتىهقا، چالىش، تۇرپانلارنىڭ دىنىي هوقۇقىنى كىچىك ئوغلى ئەبۇ ناسىرغا تاپشۇرغانىدى. ئەبۇ ناسىر خىزىر خوجا تۇرپان رايونىغا ئاتالمىش «غازات» نامى بىلەن جەڭ قوزغىغاندا شۇ جەڭگە قاتناشقان ۋە جەڭدە «شېهىت» بولغانىدى. بۇ ئەهۋال بىزگە ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ خانلىقنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، مەنىۋى تۇرمۇشنى كونترول قىلىپلا قالماي، يەنە سىياسىي، هەربىي ئىشلارغىمۇ ئارىلىشىشقا ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دەرۋەقە، كېيىنكى چاغلاردىمۇ بۇ جەمەتتىن بولغان ئەهمەد، فەخرىدىن، سەدىرىدىنلەرمۇ ئۆز زامانلىرىدىكى خانلىقلارنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپلا قالماي يەنە سىياسىي، هەربىي ئىشلارغىمۇ ئارىلاشقانىدى.

دېمەك، ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئورنى، ئىمتىيازى كۈنسېرى ئېشىپ، ئەسلىدىكى دىنىي دائىرىدىن هالقىپ، خانلىقنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغىمۇ بىۋاستە قول تىقىش، ئارىلىشىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى، هاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرمۇ بۇ جەمەتىنىڭ ئىمتىيازىغا، هوقۇق دائىرىسىگە چەك قويۇشقا ئامالسىز قالغانىدى.

ۋاهالەنكى، ماۋەرا ئۇننەهردە تەسىرى كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەرققە قاراپ كېڭىيىشى، ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىدىكىلەرنىڭ مۇقەددەس ئورنىغا خەۋپ تۇغدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېڭى رەقىبكە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىدىن شەپە بېرىۋاتاتتى. نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا كىرىشى ئۇۋەيسخان زامانىدىن باشلانغان. ئۇۋەيسخان خىزىر خوجىنىڭ (1389 ــ 1403 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نەۋرىسى بولۇپ، تەخت تالىشىش كۈرەشلىرىدە سەرسان بولۇپ، ئەمىر تېمۇر هۆكۈمرانلىقىدىكى تۈركىستانغا كېتىپ قالغان. ئېهتىمال مۇشۇ سەرسان ـ سەرگەردانلىق ۋاقىتلىرىدا بولسا

كىرەك، ئۇۋەيسخان نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ تەرغىباتچىلىرى بىلەن ئۇچراشقانىدى. ئۇ بۇ تەرىقەتنىڭ ماۋەرا ئۇننەھردىكى تە- سىرى ۋە ئورنىنىڭ ناھايىتىمۇ يۇقىرىلىقى، ھاكىمىيەت ئۇس- تىدىكىلەرنىڭمۇ نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرىدۇ ـ دە، قايسى تەرەپلەردىن بولمىسۇن ئەرشىدىن ۋەلى جە- مەتىنىڭ ئورنى ۋە تەسىرىنى نەقشبەندىيەگە تەڭ قىلىغىلى، ئۇ- نىڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

ئۇۋەيسخان كۆڭلىدە، مۇبادا نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە ئىخلاس بىلدۈرسە، ماۋەرا ئۇننەھردىكى نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە ئىخلاس قىلىدىغان خانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلەيدىغانلىقى، بۇ ئارقى- لىق ياردەمگە ئىگە بولۇپ، خانلىق ئورنىنى قولغا كەلتۈرەلىشى، شۇنداقلا ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ ئىمتىيازى ۋە تەسىرىگە چەك قويۇپ ئۇلارغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى مۆلچەر- لەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇۋەيسخان نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە ئىخلاس بىلدۈرۈپ مۇرىت بولىدۇ. نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ئۇۋەيسخا- نىڭ قوللىشى بىلەن شەرقىي چاغاتاي خانلىقىغا كىرىشكە باش- لىشى ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىكىلەر ئۈچۈن زەربە بولۇپ، ئۇلار- نىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغانىدى.

ئۇۋەيسخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خانلىق ئورنىنى تالىشىش ماجىرالىرى يەنە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. كۆپ ساندىكى ئەمىرلەر ئۇۋەيسخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئېسەن بۇقا (1432 ـــ 1462 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان)نى خان قىلىشنى تەسەببۇس قىلى- دۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇۋەيسخاننىڭ چوڭ ئوغلى يۇنۇسخان (1468 ـــ 1487 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئۆزىنىڭ ئاز ساندىكى قوللىغۇچىلىرى بىلەن سەرسان بولۇپ پانالىق ئىزدەپ سەمەر- قەنتكە مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ يېنىغا بارىدۇ.

يۇنۇسخان ماۋەرا ئۇننەھر، خۇراسانلاردا سەرسان بولۇپ يۈ- رۈش جەريانىدا، تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىدە تەسىرى ناھايىتى زور بولغان نەقشبەندىيە تەرىقىتى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ھەم ئۇنىڭ- غا ئىخلاس بىلدۈرۈپ مۇرىت بولىدۇ. كېيىن تەختتە ئولتۇرغاندا

بۇ تەرىقەتنىڭ پائالىيەتلىرىنى قىزغىن قوللايدۇ. يۇنۇسخان ۋە
ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇدخان (1487 — 1508 - يىللىغىچە تەختتە
ئولتۇرغان) دەۋرى، نەقشبەندىيە تەرىقىتى خوجا ئەھرارنىڭ قو-
لىدا تازا «گۈللەنگەن»، تەسىر دائىرىسى مىسلىسىز كۆچەيگەن
ۋاقىتلار ئىدى. يۇنۇسخان نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە ئىخلاس بىلد-
ۈرگەندىن كېيىن خوجا ئەھرارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىخلاس
قىلغان. «تارىخى رەشىدىي»دە بۇ ھەقتە «ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا
ئۆتكەن ئىشلارغا توۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ، ھەققە سېغىنىپ،
نەسىردىن خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرارنىڭ مۇرىتىغا ئايلانغان. يۇ-
نۇسخان بۇ خوجىغا چوڭقۇر ئىخلاس قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يە-
نە نۇرغۇن شەيخلەر بىلەنمۇ سىرداش ئىدى. ئۇلار بىلەن دائىم
ئۇلپەتلىشىپ تۇراتتى»، دەيدۇ [13]. مەھمۇتخانمۇ نەقشبەندىيە تەرى-
قىتىنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولۇپ، خوجا ئەھرارغا قاتتىق ئىخلاس
قىلغان، «تارىخى رەشىدىي»دە يېزىلغىنىدەك، «ئۇ زامانلاردىكى
خانلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھەزرەتنىڭ (خوجا ئەھرار - ھ. ئا) مۇ-
رىتلىرىدىن بىرەرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى بىلەن بۇ ھەزرەت
ئوتتۇرىسىدا ئارىچى قىلاتتى. سۇلتان مەھمۇتخان داموللا قازىنى
مۇشۇنداق ئارىدىكى ۋاسىتىچى قىلغانىدى [14]. يۇقىرىدا ئېيتقى-
نىمىزدەك، خوجائەھرارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرى ھەقى-
قەتەنمۇ زور بولۇپ، خۇددى مىرزاھەيدەر ئېيتقاندەك «سۇلتانلار-
نىڭ ھەممىسى ھەزرىتى داموللىنىڭ (خوجا ئەھرار) مۇرىتلىرى-
دىن بىرىنى مەنۋى يېتەكچىلىككە تەكلىپ قىلىش ئەينى زاما-
نىڭ ئادىتى» [15] بولۇپ قالغانىدى. خوجا ئەھرار يەنە ھاكىمىيەت
ئۈستىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك توقۇنۇش - ئىختىلاپلارنى
ياراشتۇرغۇچى بولۇپ، خانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق
سېلىشقا مەجبۇر ئىدى. ھەتتا مىرزا ئابابەكرى يەركەنتتە ھاكى-
مىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىنمۇ، خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە قا-
رىتىش ئۈچۈن خوجا ئەھرارنىڭ نامىنى پەش قىلغانىدى، يەركەن
خەلقى مىرزا ئابابەكرىگە نارازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن ئۇ،
«مەن خوجا ئەھرارنىڭ ئەمرى بىلەن كەلدىم، شۇلارغا ئىرادەت

قىلدىم» دېگەن. لېكىن يەركەن خەلقى ئۇنىڭغا «بۇ مەملىكەت خوجا ئەھرارنىڭ يۇرۇشى ئەمەس، خوجا مۇھەممەت قىزالدىننىڭ (ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىدىن ـــ ھ. ئا) يۇرۇشىدۇر. بىزنىڭ خوجىمىزغا دۈشمەن بولۇپ، پادىشاھقا يېغا بولدىڭىز، بىز سىزنى خالىمايدۇرمىز، خوجا ئەھرار بىلەن ئىشىمىز يوق. بۇ مەملىكەت خوجاقىزالدىن رەھمەتۇللا ئەلەيھىنىڭدۇر»، دېگەن [16].

يۇقىرىدىكى بايانلاردىن بىز يەنىلا ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ ئىمتىيازىنىڭ نەقشبەندىيەنىڭ تەسىرىنىڭ ئىچكىرىلەپ كىرىشكە بولغان نارازىلىق، قارشىلىقىنى كۆرەلەيمىز، يۇنۇسخان تەختكە چىققاندىن كېيىن شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ئۆز ئىچىدىن شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككىگە بۆلۈنۈشكە باشلىغانىدى. ئەرشىدىن جەمەتى خانلىقنىڭ شەرقىگە مەنسۇپ بولدى. ئەرشىدىن جەمەتىنىڭ بۇ ۋاقىتتىكى دىنىي رەھبىرى خوجا تاجىددىن مۇھەممەد ئىدى. شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ ھاكىمىيەتنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ خوجا ئەھرارنىڭ نام ـ شۆھرىتى بىلەن شەرققە قاراپ كۆنسېرى كېڭىيىشى نەتىجىسىدە ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ دىنىي ئىمتىيازى بارغانسېرى ئاجىزلاشقا باشلىدى. خوجا تاجىددىن ئۆز دىنىي ئورنىنىڭ ئاجىزلاپ بېرىۋاتقانلىقىدەك بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن زامانغا بېقىپ ئىش قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى، چۈنكى ئۇ خوجا ئەھرارنىڭ نوپۇزى بىلەن ئۆز جەمەتىنىڭ ئىمتىيازىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەسلىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال خوجا ئەھرارغا ئىخلاس بىلدۈرۈپ، مۇرىتلىققا قول بېرىدۇ ھەم خېلى ئۇزۇن ۋاقىت خوجا ئەھرارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ئۇنىڭ نەزىرىگە ئىلىنىدۇ [17]، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز جەمەتىنىڭ ئەسلىدىكى نوپۇزىنى ساقلاپلا قالماي، تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ. مەھمۇدخان، مەنسۇرخان دەۋرى خوجا تاجىددىننىڭ تەسىرى ئەڭ كۈچەيگەن ۋاقىتلار بولۇپ «پۈتۈن خانلىقنىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭ سەمىگە سېلىنماي قالمايتتى» [18]،

ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ ئۇ خانلىق تەۋەسىدىكى ئەڭ چوڭ دىنىي فېئودال بولۇپ، ھەددى ـ ھېسابسىز يەر زېمىن ۋە مال ـ مۈلۈككە ئىگە ئىدى. ئۇ دىنىي جەھەتتىكى تەسىرى بىلەن خانلىقنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغىمۇ ئارىلاشقان بولۇپ، بىر قېتىملىق «غازات»تا «شېھىت» بولغان⑲.

دېمەك، نەقشبەندىيە تەرىقىتىنىڭ تەرغىباتچىلىرى سوپىدىن خوجا ـ ئىشانلار شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان ۋاقىتتا، شىنجاڭنىڭ دىنىي ۋەزىيىتىدە ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ ئورنى ۋە تەسىرى ناھايىتىمۇ يۇقىرى بولغاچقا، ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر بۇ جەمەتنىڭ ئىمتىيازىنى تىزگىنلەش، چەكلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جەمەتىدىنمۇ كۈچلۈكرەك يېڭى بىر دىنىي كۈچكە مۇھتاج بولۇۋاتقانىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن بۇ يېڭى دىنىي كۈچ تەسىرى ناھايىتىمۇ زور بولغان نەقشبەندىيە تەرىقىتى ئىدى، شۇڭا شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك سىياسىي مۇددىئالىرى يولىدا بۇ تەرىقەتكە ئىخلاس بىلدۈرۈپ مۇرىت بولۇشقان ھەم بۇ تەرىقەتنىڭ تەسىرىنىڭ خانلىق تەۋەلىكىدە كېڭىيىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن ۋە ئۇنى قوللىغانىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەسەۋۋۇپ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى راۋاجى بولغان «ئىشانچىلىق»نىڭ شىنجاڭدا تېز كېڭىيىپ، قانات يېيىشى، يىلتىز تارتىشىدىكى ئىجتىمائىي ئاساسنى ئاۋام خەلقنىڭ ئىدىيىسىدىكى دىنىي ھېسسىيات، مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتلەردىكى قاششاقلىق قاتارلىق ئامىللاردىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

مانا شۇ «ئومۇمىي كەيپىيات»نىڭ تۈرتكىسى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان سەئىدخان دەۋرىدىن باشلاپلا ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر خوجا ـ ئىشانلارغا ئىخلاس بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى قوللىغان ھالدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. چۈنكى سەئىدخان مىرزائابابەكرىنى مەغلۇپ قىلىپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىدىكى تەھدىتلەردىن بىرى يەنىلا

ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىنىڭ دىنىي جەھەتتىكى نوپۇزى ئىدى. بۇ-نىڭغا ھاكىمىيەتكە، زورلۇق كۈچكە تايىنىپ تاقابىل تۇرغىلى بولمايتتى. پەقەت ئۇلار بىلەن تەڭ تۇرالىغۇدەك يېڭى بىر دىنىي كۈچ ئارقىلىقلا تاقابىل تۇرۇپ، ئۇلارنى تىزگىنلەش مۇمكىن ئىدى. شۇڭا سەئىدخانمۇ ئىلگىرىكى خانلارغا ئوخشاش، تەسىرى كۈنسېرى شەرققە قاراپ كېڭىيىۋاتقان نەقشبەندىيە تەرىقىتىگە مايىل بولۇشى ھەم ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلدۈرۈشى تەبىئىي ئىدى. «تارىخى رەشىدىي»دە خاتىرىلىنىشىچە، سەئىدخان زامانىدا، سە-مەرقەنتتىن خوجا ئەھرارنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولغان خوجا مۇ-ھەممەد يۇسۇپ قەشقەرگە كەلگەن. سەئىدخان دەرھال ئۇنىڭغا «باش ئۇرۇپ» ئىخلاس بىلدۈرگەن، ھەتتا خانلىق ئورنىدىن ۋاز كېچىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دەرۋىشلىك خىرقىسى كىيىش نىيى-تىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتقان. لېكىن خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئۇ-نى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرۇپ، خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ھاكىمى-يەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشقا ئۈندىگەن [20]. سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئابدۇرېشىتخانمۇ شۇنداق قىلغان. بۇ ھەقتە «تارىخى ھە-مىدىي»دە «بۇنىڭ دەۋرىدە ۋىلايەت تەرەپتىن خوجا مۇھەممەد شې-رىپ بۇزرۇكۋار كەلدى. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان بۇ زاتقا ئىرادە ۋە ئىشەنچ باغلاپ، بىرمۇنچە ياخشى ئىشلارنى قىلدى» [21]. بەزى ماتېرىياللاردا مۇھەممەت شېرىپ قاغىلىق بازىرىنى قۇرغان دې-گەن گەپلەرمۇ بار [22]. سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ئىخلاس بىلدۈرۈپ مۇرىت بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەممەت شېرىپنىڭ نامى تېزلا تو-نۇلۇپ، قەشقەر، يەركەنتنىڭ بەگلىرى، ئاقسۆڭەكلىرى ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلدۈرۈشكەن. ئابدۇرېشىتخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلې-تىپخان ئۇچتۇرپاندا قىرغىزلار تەرىپىدىن قەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئابدۇرېشىتخان ئەھۋالىنى پىرى مۇھەممەت شېرىپقا ئېيتىپ، قىرغىزلار ئۈستىگە ئاتلىنىشقا ئەۋلىيالارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلىشىنى ئىلتىماس قىلغان. خوجا مۇھەممەت شېرىپ ئابدۇرېشىتخان بىلەن ئاتۇشقىچە بىللە كېلىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا، ئەۋلىيالارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلىگەن،

شاھ مەھمۇت جۇراسىنىڭ «تاۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، «مەزكۇر سۇلتان بۇزرۇكۋاردىن (سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھىدىن — ھ. ئا) بىشارەت بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئابدۇرېشىتخانغا لەشكەر باشلاپ دۈشمەنلەرگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلدى»، دېيىلگەن ㉓. خوجا مۇھەممەت شېرىپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا يەتتە يىل ئىستىقامەت قىلىپ، تەسەۋۋۇپ تەرغىباتى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، 1555 — 1556 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى مۇھەممەت ۋەلى سوپى ئىسىملىك بىر سوپىنى ئۆزىنىڭ ئورۇنباسارى قىلىپ تەيىنلىگەن.

ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە سەئىدىيە خانلىقىدا «ئىشانچىلىق» خېلى تەسىرگە ئىگە بولۇپ، سۇلتان ئابدۇرېشىتخان ۋە مەلىكە ئامانىساخانىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتنى ياقلاش، ئۇيغۇر مەدەنىيەت ـ سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى پائالىيەتلىرى مۇتەئەسسىپ ئىشانلارنىڭ قارشىلىقىغا، نارازىلىقىغا، ھەتتا توسقۇنلۇقىغا ئۇچراپ تۇرغانىدى.

«ئىشانچىلىق»نىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن بۇلارغا ئەگەشكۈچى ئاۋام خەلق كۈنسېرى كۆپىيىپ، خانلىق ئۈچۈن چوڭ تەھدىت بولۇپ قالغانىدى، ھەتتا ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان ئابدۇرېشىتخانمۇ ئۇلارنىڭ كۈچىنى تىزگىنلەشكە ئامالسىز قالغانىدى.

چۈنكى بۇنداق دىنىي كۈچلەرگە زورلۇق ۋاسىتە بىلەن قارشى تۇرۇش ماھىيەتتە ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقانلىق بىلەن باراۋەر ئىدى. بۇنى ياخشى چۈشەنگەن ئابدۇرېشىتخان ئېھتىياتچانلىق بىلەن دانا تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، ئامانىساخان باشچىلىقىدا سەنئەتكارلارنىڭ ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى رەتلەش يولىدىكى ئەمگەكلىرىنى، ئۆزىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان ئىلىم ئەھلىنى ئاخىرقى ھېسابتا «ئىشانچىلىق»نىڭ زەربىسىدىن ساقلاپ قالالمىدى، ئامانىساخانىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆزىمۇ ئەسەبىيلىشىپ، خانىقا ـ مازارلارنى ماكان تۇتۇپ دەرۋىش سىياقىغا كىرىپ قالدى، ھاكىمىيەت ئىش-

لىرى بىلەنمۇ كارى بولمىدى. شۇ ھالىدىن ئەسلىگە كېلەلمەي 1560 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى.

مۇھەممەت ۋەلى سوپى ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئابدۇكېرىمخانغا يوشۇرۇن خەۋەر قىلىپ، تېز كېلىپ تەختنى ئىگىلەشنى ئۇقتۇرىدۇ. مۇھەممەت ۋەلى سوپى خوجا مۇھەممەت شېرىپنىڭ مۇرىتى بولۇپ، ئابدۇكېرىمخان ئۇنىڭ مۇرىتى ئىدى. ئابدۇكېرىمخاننىڭ سوپى سۇلتاندىن بالدۇر كېلىپ تەختنى ئىگىلىيەلىشىمۇ مۇھەممەت ۋەلى سوپىنىڭ تۆھپىسى ئىدى. شۇڭا ئابدۇكېرىمخاننىڭ مۇھەممەت ۋەلى سوپىغا بولغان ئىخلاسى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۇنىڭ پائالىيىتىنى تېخىمۇ قوللىغان، مۇھەممەت ۋەلى سوپىنىڭ بۇ خەۋەرنى ئابدۇكېرىمخانغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ تەختكە چىقىشىغا كۈچىشىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلاتتى. ئۇنىڭ سىياسىغا قول تىقىشتىن ئىبارەت بۇ پائالىيىتى تەسەۋۋۇپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «يەرلىك شەكلى» بولغان «ئىشانچىلىق»نىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىدى. خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ھاكىمىيەت ئۇستىدىكىلەرگە ماسلىشىشى ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دىنىي ئىمتىيازىنى ئۆستۈرۈش ھەم تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلسا، ھاكىمىيەت ئۇستىدىكىلەرنىڭ خوجا ـ ئىشانلارغا ئىخلاس بىلدۈرۈپ مۇرىت بولۇشلىرىدا، خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە تارتىپ، ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە مۇستەھكەملەشتەك سىياسىي غەرەز ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى.

دېمەك، ئەسلىدە بۇ دۇنيالىق تۇرمۇشنى، مال ـ دۇنيا، نام ـ ئابروي، ھوقۇق ـ مەرتىۋىلەرنى تەرك ئېتىپ، دىلىنى خۇداغا قارىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئەقىدە بولغان تەسەۋۋۇپ نام ـ ئابروي، ھوقۇق ـ مەرتىۋە ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ۋاسىتىگە ئايلىنىپ قېلىشقا باشلىغانىدى. بۇ تەرەپ «ئىشانچىلىق»نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى راۋاجى جەريانىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەن-

گەندى.

**2. خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىش ۋە باش كۆتۈرۈش جەريانى**

نەقشبەندىيە تەرىقىتى ئۇۋەيسخان دەۋرىدە كىرىشكە باشلىغان، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن «ئىشانچىلىق»نىڭ شىنجاڭغا رەسمىي يوسۇندا كىرىشى ۋە كۈچىيىشى يەنىلا مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن باشلانغان.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەسلى ئىسمى خوجا ئەھمەد ئىبنى مەۋلانا جالالىدىن كاسانى بولۇپ، ھىجرىيە 866 ـ يىلى (مىلادىيە 1460 ــ 1462 ـ يىللىرى) سەمەرقەند ئەتراپىدىكى كاسانغا قاراشلىق دەھبىد دېگەن يەردە دۇنياغا كەلگەن.

خوجا ئەھمەد كاسانى (مەخدۇم ئەزەم) تاشكەنتتە مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا خوجا ئەھرارغا ئىخلاس قىلىپ، ئۇزۇن يىللار ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ خىزمىتىدە بولغان، خوجا ئەھرار ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا «ئىشانچىلىق»نى تەرغىپ قىلىپ مۇرىت توپلىغان.

ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىشانچىلىق»نى تەرغىپ قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغان جاھانكەزدىلىك سەپىرىدە سۇلتان ئابدۇرېشىتخان دەۋرىدە قەشقەرگىمۇ كەلگەن. ئابدۇرېشىتخان بىلەنمۇ كۆرۈشكەن. ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، كېيىن سەمەرقەندكە قايتىپ كېتىپ، (مىلادىيە 1542 ـ يىلى) [24] سەمەرقەنددە ئالەمدىن ئۆتكەن ھەم تۇغۇلغان يۇرتى دەھبىدكە دەپنە قىلىنغان. تەزكىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، مەخدۇم ئەزەم تۆت خوتۇن ئالغان، 13 ئوغلى بولغان. ئاياللىرىدىن بىرى قەشقەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن خوجا ئىسھاق ۋەلى دۇنياغا كەلگەن [25]. ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسىرى ئەڭ زور ئىشان خوجا ئەھرارنىڭ ئېتىبارلىق مۇرىتى ۋە خەلىپىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەخدۇم ئەزەمنىڭ دىنىي جەھەتتىكى نوپۇزى ۋە تەسىرى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. مەخدۇم ئەزەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى مۇھەممەت ئىمىن بىلەن

ئىسھاق ۋەلى ئوتتۇرىسىدا دادىسىنىڭ دىنىي ئىمتىيازىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش كۆرىشى باشلىنىدۇ.
بەزى ماتېرىياللاردا مەخدۇم ئەزەم ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى چوڭ ئوغلى مۇھەممەت ئىمىن (ئىشان كالان)غا تەيىن قىلغان. لېكىن مەخدۇم ئەزەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئىمتىياز تالىشىش كۆرىشى باشلانغان دەپ كۆرسىتىلگەن [26]. مۇھەممەت ئىمىن (ئىشان كالان) تەرەپدارلىرى بۇ ئورۇننى مۇھەممەت ئىمىنگە (يەنى ئىشان كالانغا) قالغان دېگەننى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ. خوجا ئىسھاق ۋەلى تەرەپدارلىرىنىڭ بايانلىرىدا بولسا، بۇ ئورۇننىڭ خوجا ئىسھاق ۋەلىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ بايانلار ئارىسىدا ئېيتىلغان بىرقىسىم مەلۇماتلار يەنىلا ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ، بىزنى بەلگىلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.
مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا خوجا ئىسھاق ۋەلى بۇخارادا ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئۇنىڭغا پىرلىق ئورنىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى يازىدۇ [27].
دەرۋەقە مەخدۇم ئەزەم ئۆلگەندە خوجا ئىسھاق بۇخارادا ئوقۇۋاتقان بولۇپ، پىرلىق ھوقۇقى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئورۇن باسارى مەۋلانا لۇتپۇللاھ چۇستىغا قالغان. كېيىن ئۇ بۇ ئورۇننى خوجا ئىسھاققا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي خوجا ئىسھاق تەرەپدارلىرىنىڭ مۇرىتى بولغاچقا، يۇقىرىقىلارنى بايان قىلىش بىلەن بىللە، يەنە بۇ ئورۇننىڭ مەخدۇم ئەزەمدىن زادى قايسىسىغا قالغانلىقىغا بولغان گۇمانىنىمۇ ئىپادىلەپ قويغان. ئۇ يۇقىرىقىلارنىڭ داۋامىغا ئۇلاپلا «ئەمما ھەزرىتى ئىشان كالان مۇرىتلىرى، مۇخلىسلىرى ئېيتۇرلەر: (نىسبەتى مەئنىۋى ھەزرەتى مەخدۇم ئەزەمدىن خاجە جۇيبارغە قالدى. ئاندىن ھەزرەتى ئىشان كالانغا قالدى) دەيدۇر. ھەقىقەتنى بىلگۇچى خۇدا»، دەپ [28] يازىدۇ. «تەزكىرەئى ئەزىزان»دىكى بۇ كېيىنكى مەلۇماتلار مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئەگەشكۈچىلىرى، يەنى كېيىنكى «ئاق تاغ-

لىقلار» تەرىپىدىن يېزىلغان تەزكىرىلەردىمۇ شۇنداق خاتىرىلەن-
گەن (مەسىلەن: «سىلسىلەتۇز زەھەب» ۋە «تەزكىرەئى پىر-
ياران»). «سىلسىلەتۇز زەھەب»دە مەخدۇم ئەزەمنىڭ مۇرىتلىرى-
نىڭ ئىشان كالاننى تەكرار ـ تەكرار دادىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇ-
رۇشقا تەكلىپ قىلىسىمۇ، ئىشان كالاننىڭ رەت قىلغانلىقى، ئا-
خىرى جۇيبارىنىڭ نەسىھىتى بىلەن دادىسىنىڭ ئورنىدا ئولتۇ-
رۇشقا دەھبىدكە كەلگەنلىكى، بۇ ۋاقىتتا دەھبىدلىكلەرنىڭ
ھەممىسى ئىسھاق ۋەلىگە ئەگىشىپ بولغانلىقى، مۇھەممەت ئى-
مىننى خوجا ئىسھاقنىڭ زەھەر بېرىپ قەستلىگەنلىكى سۆزلىنى-
گەن. دېمەك، خوجىلارنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەر-
لەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئىككىسىگە ئەگەشكۈچىلەر تەرىپىدىن
يېزىلغان بولغاچقا، ھەممىسى بۇ ئورۇننىڭ ئۆزلىرىنىڭ باشچى-
سىغا قالغانلىقىنى دەلىللەشكە تىرىشقانلىقى، يۇقىرىدىكى با-
يانلاردىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

مەيلى قانداقلا بولسۇن، يۇقىرىدىكى مەلۇماتلاردىنمۇ مەخ-
دۇم ئەزەمنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا
باشلانغان مەرتىۋە، ئۇستۇنلۇك تالىشىش كۈرىشى باشلانغانلىقى-
نى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

مانا شۇ كۈرەشنىڭ كۈنسېرى ئۇلغىيىشى ۋە كۈچىيىشى
بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەر ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ،
ئىشان كالانغا ئەگەشكەنلەر «ئىشقىيە»، خوجا ئىسھاققا ئەگەش-
كەنلەر بولسا «ئىسھاقىيە» دەپ ئاتالدى. بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسى-
دىكى كۈرەشنىڭ تەخرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كېڭىيىشى ۋە بۇ زې-
مىننىڭ بۇ كۈرەشنىڭ «ئالدىنقى سېپى»گە ئايلىنىشى نەتىجى-
سىدە بۇ زېمىنلاردىكى خەلقمۇ ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ،
بىر ـ بىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلاندى.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى
مۇھەممەت ئىمىن بىلەن خوجا ئىسھاق ۋەلى ئوتتۇرىسىدا باشلان-
غان دىنىي ئىمتىيازغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى تالىشىش
كۈرىشىدە، دەسلەپتە ھېچقايسىسى ئۇستۇنلۇك قازىنالمىغان.

شۇنىڭ بىلەن خوجا ئىسھاق ئاكىسى مۇھەممەت ئىمىننى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ كۆچ توپلاش ئۈچۈن نەقشبەندىيەنىڭ تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان يەركەن خانلىقىغا ـــ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان.

خوجا ئىسھاقنىڭ قەشقەرگە كەلگەن ۋاقتى ئابدۇكېرىمخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى ئىدى. قەشقەردە سوپى سۇلتان، ئاقسۇدا مۇھەممەتخان خان ئىدى. سوپى سۇلتان خوجا ئىسھاقنىڭ كەلگەنلىكىگە ئانچە پەرۋا قىلماي، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلغىلى كەتكەن. ئاقسۇدىن ئاكىسى سوپى سۇلتان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن مۇھەممەتخان خوجا ئىسھاقنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشكەن ۋە قارشى ئالغانىدى. خوجا ئىسھاق بولسا «مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم مۇشۇ ئىسىمنىڭ تارتىشىدىن بولغان» دېگەنگە ئوخشاش ياغلىما سۆزلەر بىلەن مۇھەممەتخاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ ئۆزىگە رام قىلىشقا ئۇرۇنغان، چۈنكى مۇھەممەتخان ئابدۇرېشىتخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى، ئاقسۇنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇمۇ تەخت ۋارىسى، سەلتەنەت ئىگىسى ئىدى، بۇ نۇقتىنى ياخشى چۈشەنگەن خوجا ئىسھاق ئۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى كۆرۈشۈشتىلا قىزغىن بىلەن يۇقىرىقىدەك ياغلىما سۆزلەرنى قىلىپ، مۇھەممەتخاننى ئۆزىگە قارىتىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ھىمايىچىگە ئىگە بولۇش غەرىزىنى يوشۇرغانىدى.

دەرۋەقە، مۇھەممەتخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئارىسىدا خوجا ئىسھاققا دەسلەپ بولۇپ ئىخلاس قىلغان ۋە ئىزچىل ھالدا ئۇنىڭ ھامىيسى بولغان كىشى ئىدى.

خوجا ئىسھاق قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىدىغانلار كۆپىيىپ تېز تونۇلىدۇ. بۇ ھەقتە «تەۋارىخ»تا، «موللا قاسىم خەلىپە ئەلەيھىررەھمەمۇ بارلىق تەۋەلىكى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن ئۇ زاتقا ئېتىقاد قىلىپ مۇرىت بولدى. موللا ئىبنى يۈسۈپ خەلىپىمۇ خوتەندىن مۇرىت، مۇخلىس ۋە ئېتىقادلىق كىشىلىرى بىلەن كېلىپ ھەزرىتى ئەزىزلەر بو-

سۇغىسىنى تاۋاپ قىلىشقا مۇيەسسەر بولدى... قەشقەرلىكلەرمۇ بۇ ئۇلۇغلارنى بىر كۆرۈپلا بويسۇنۇشتى»، دەپ يېزىلغان [29]. خوجا ئىسھاق قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ مۇرىت توپلىغاندىن كېيىن قەشقەردىن يەركەنگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. شاھ مەھمۇت جوراس بۇ ھەقتە شۇنداق يازىدۇ: «ئەزىزلەر قەشقەردىن يەركەنگە كېلىشتى، يەركەندىكى ئۇلۇغلارمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقىشتى. ئۇلار ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇكېرىمخانمۇ ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ سۆھبىتىگە كەلدى. ئۇلار خىلۋەت ئۆيدە ئىدى. خاننىڭ كەلگەنلىكى ھەزرىتى ئەزىزلەرگە يەتكۈزۈلدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر خاننىڭ ئالدىغا چىقىشنى لازىم تاپتى. لېكىن خەلپىلەر 'ئابدۇكېرىمخان سەھرالىق موغۇل، سەل كېچىكىپرەك بارغان ياخشىمىكىن' دېيىشىپ تۇسۇشتى. شۇ سەۋەبتىن كېچىكىشتى. ئابدۇكېرىمخان بىلەن خوجا ئۇبەيدۇللالار مۇھەممەت ۋەلى سوپىنىڭ مۇرىتى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك خاننىڭ خاتىرىسىگە ئېغىر كەلگەنىدى. خوجا ئەبەيدۇللا كۆرەلمەسلىكتىن: 'بىز ھازىر ئوردىغا قايتىپ كېتەيلى!' دېدى. خانمۇ بۇ سۆزگە قوشۇلۇپ دەرھال ئوردىغا قايتىشتى. شۇ سەۋەبتىن خان بىلەن ھەزرىتى ئەزىزلەر ئارىسىدا بىرئاز سوغۇقچىلىق پەيدا بولۇپ قالدى» [30].

ئېھتىمال مۇشۇ سوغۇقچىلىق سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، خوجا ئىسھاق يەركەندە ئانچە كۆپ تۇرالماي خوتەن تەرەپكە «سەپەر»قىلغان. شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ «تەۋارىخ»ىدا يېزىلىشىچە، «ھەزرىتى ئەزىزلەر خوتەن مەملىكىتىگە كەلگەندە، قۇرەيىش سۇلتان ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا قارشى ئېلىشقا چىقتى» [31].

دېمەك، خوجا ئىسھاق خوتەنگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى قۇرەيىش سۇلتان ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ ھىممەت كۆرسەتكەن. شۇڭا ئۇلار بۇ يەردە خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ، مۇرىت توپلاشقان. شاھ مەھمۇت جوراس بۇ ھەقتە «ئۈچ يىل

چىرا دېگەن يەردە تەرىقەتتە يول تاپالمىغان كىشىلەرنى تەرىقەتكە باشلاش بىلەن شۇغۇللاندى»، دەپ يازىدۇ [32].

خوجا ئىسھاق خوتەندە ئۈچ يىل «ئىشانچىلىق» تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇرىت كۆپەيتىپ بەلگىلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورۇن تىكلىگەن. كېيىنچە قۇرەيش سۇلتان بىلەن سوغۇقلىشىپ قالغان. بۇ ھەقتە «تەۋارىخ»تا تۆۋەندىكىچە مەلۇمات بېرىلىدۇ: «قۇرەيش سۇلتاننىڭ ئايالى ۋاپات بولدى، ‹ئايالىمنى تىرىلدۇرۇپ بەرسۇن!› دەپ ھەزرىتى ئەزىزلەرگە ئادەم چىقاردى. ھەزرىتى ئەزىزلەر ئاچچىقلىنىپ: ‹بۇنداق گەپ بولسا، بالدۇرراق ئېيتمامدىغان! ئەمدى پايدىسى يوق› دېدى. ئەلچى چىڭ تۇرۇۋالدى. ھەزرىتى ئەزىزلەر قۇرەيش سۇلتاندىن رەنجىپ ئاقسۇ تەرەپكە راۋان بولۇشتى. ئۇلار يولغا چىقىپ: ئەي قۇرەيش، ئەمدى سېنىڭ ئەۋلادىڭ پادىشاھلىقتا ئېرىشەلمىگەي»، دېدى[33].

قۇرەيش سۇلتان خوجا ئىسھاقنىڭ «ئەۋلىيا»لىقىغا بەك ئىشىنىپ چوقۇنغاچقا، ئۇنى «ئۆلۈكنى تىرىلدۇرەلەيدۇ» دەپ ئىشىنىپ، «ئايالىمنى تىرىلدۇرۇپ بەرسۇن» دېگەن بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، بۇ خوجا ئىسھاقنىڭ «كارامەت» كۆرسىتىپ ئاۋام خەلقنى ئالداپ ئۆزىگە رام قىلىپ كەلگەنلىكىدەك «ئەۋلىيا»لىقىغا بېرىلگەن قاتتىق زەربە ۋە بۇ «ئەۋلىيا»لىق ئۈستىدىن قىلىنغان قاتتىق مەسخىرە ئىدى. «ئىشانچىلىق» تەرغىباتى ئەۋجىگە چىققان ۋاقىتتا، خوجا ئىشانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەتتا ئۆلۈكنى تىرىلدۇرۇش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە ئىكەنلىكىنى (ئاپپاق خوجا شۇنداق دېگەن) ئېيتىپ[34]، نادان خەلقنى ئۆزلىرىنىڭ «كارامەت»لىرىگە ئىشەندۇرۇپ، ئالداپ ئۆزلىرىگە قاراتقان، ھەتتا مۇھەممەد سادىق كاشغەرىيدەك ئوقۇمۇشلۇق ئەدىبمۇ «ئىشانچىلىق»قا بولغان ئىخلاسى، خوجا ئىسھاققا بولغان ئەقىدىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا، خوجا ئىسھاقنىڭ «ئۆلۈكنى تىرىلدۇرگەنلىكى» ھەققىدىكى بىمەنە گەپلەرنىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇپ نەقىل قىلغانىدى»[35].

خوجا ئىسھاق قۇرەيش سۇلتاندىن رەنجىپ ئاقسۇغا يولغا

چىققان، ئۇلار ئاقسۇغا كەلگەندىن كېيىن، مۇھەممەتخاننىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشكەن، شۇڭا مۇھەممەتخانغا «سىنىڭ ئەۋلادىڭ پادىشاھ بولغاي» دەپ «دۇئا» بەرگەن. لېكىن ئاقسۇ ئاھالىسى قەشقەر، خوتەنلەردەك ئۇنچە قىزغىن ئىخلاس بىلدۈرمىگەن. «تەۋارىخ»تا بۇ ھەقتە «ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىنى غەنىيمەت بىلىپ چىن دىلىدىن بويسۇنۇپ مۇرىت بولۇشتى. بىر بۆلۈك قاراقورساقلار بويسۇنمىدى»، دەپ يېزىلغان [36].

شۇنىڭ بىلەن خوجا ئىسھاق ئاقسۇدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بۇنداق بىپەرۋا قارىغانلىقىغا نارازى بولۇپ، ئەتراپىدىكى ئىخلاسمەن مۇرىتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى تەشۋىق قىلدۇرىدۇ: «ھەزرىتى ئەزىزلەر قۇتلۇق مۇھەممەت مىرزا جۇراستىن سورىدى: ‹ئەي قۇتلۇق مۇھەممەت، ئادەملەر نېمىشقا بىكار يۈرۈيدۇ؟› قۇتلۇق مۇھەممەت مىرزا ئۆرە تۇرۇپ ئېيتتى: ‹مەن بېرىپ ئادەملەرگە ئوچۇق ئېيتاي›، قۇتلۇق مۇھەممەت مىرزا بېرىپ ئاقسۇلۇققا ئېيتتى: ‹ئەي يارانلار، ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ بۇ تەۋەلىككە كەلگەنلىكى بۇ دۇنيانىڭ ئىززىتى، ئاخىرەتتىكى نىجاتلىق، بۇ ئەزىزلەرنىڭ بوسۇغىسىنى تاۋاپ قىلىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتى ھېسابلىنىدۇ» [37]. مانا بۇ خوجا ئىسھاقنىڭ ئاقسۇدا بازىرى چىقمىغاندىن كېيىن مۇرىتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى بازارغا سېلىشى ئىدى. ئۇنىڭ مۇرىتىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «ئاقسۇلۇقنىڭ ئارىسىدىن بىر كىشى ئالدىراپ سۆز باشلاپ: ۋىلايەتتىن كىملا كەلسە مەن خوجا، مەن ئەزىز دەيدىكەن...» [38] دېدى. ئاۋام خەلق ئارىسىدىن ئېيتىلغان بۇ سۆزدە ئاقسۇ تەۋەسىدىكى خەلقنىڭ خوجىلارغا بولغان بىزارلىقى، نارازىلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى ئاقسۇ، كۇچاردىكى ئاۋام خەلق ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىدىكىلەرگە ئىخلاس قىلىپ كەلگەن بولغاچقا، يۇرتلىرىغا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلىشىپ دىگۇدەك كېلىۋاتقان بۇ خوجىلارنىڭ ئۆزلىرىنى «مەن ئەزىز، مەن خوجا، مەن سەييىد» دەپ «ئېسىل نەسەب»لىرىنى پەش قىلىپ،

خەلقنى ئۆزىگە قول بېرىشكە ئۈندەشلىرىدىن بىزار بولغانىدى. ئۆزلىرىنىڭ نەسەبى ۋە نام شەرىپىگە ھاقارەت ھېسابلىنىدىغان بۇ سۆزگە خوجا ئىسھاقنىڭ مۇرىتلىرى دەرھال زەربە بېرىپ ئۆز ئىمتىيازىنى «قوغدىشى» تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇنى شاھ مۇھەممەت جۇراس تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ: «گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇشتۇر خەلىپە ئەلەيھىررەھمە ھەزرىتى ئەزىزلەر بىلەن ئاقسۇلۇق ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا چۆگىلەپ ئايلىنىشقا باشلىدى. بىر ئاز ئايلانغاندىن كېيىن قولىغا بىر ھاسىنى ئالدى ـ دە ھېلىقى ئىنكار قىلغۇچى ئادەمنى ئۇرۇپ يەرگە چاپلىۋەتتى. ئاقسۇلۇق ئادەملەر ئۇشتۇر خەلىپە ئەلەيھىررەھمەدىن بۇ كارامەتنى كۆرۈش بىلەن قايتىدىن ئېتىقاد باغلاپ، ھەزرىتى ئەزىزلەرگە ئىخلاس قىلىشتى ۋە قۇتلۇق مۇھەممەت مىرزا جۇراس باشچىلىقىدا قول بېرىشتى» [39]. بۇ ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز تەگكەن تاياق زەربىسىدىن يىقىلىشىنى ئەتراپتىكىلەر بۇ ئالدامچى خوجىلارنىڭ «كارامەت» كۆرسەتكىنى دەپ ئۇلارغا ئىخلاس قىلغان. خوجا ئىسھاقنىڭ سادىق مۇرىتى ۋە مۇخلىسى بولمىش ئاتاقلىق تارىخشۇناس شاھ مەھمۇت جۇراسمۇ ناھايىتى ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇشىغا قارىماي، ئۇشتۇر خەلىپە (ئۇشتۇر خەلىپە ـ خوجا ئىسھاقنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك، ئابرۇيلۇق مۇرىتى ۋە خەلىپىسى، يەنى ئورۇن باسارى ئىدى)نىڭ يۇقىرىدىكى ئىشىنى ئۇنىڭ «كارامەت»ى دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ بايان قىلغانىدى. خوجا ئىسھاق دەسلىپىدە ئاقسۇدا ئانچە قارشى ئېلىنمىغاچقا، ئاقسۇدىن يۆتكىلىپ كۇچاغا يولغا چىقىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ سادىق خىزمەتكارى ئۇشتۇر خەلىپىنى تۇرپانغا ئەۋەتىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، مەۋلانا ئەرشىدىن ئاساسەن كۇچادا تۇرۇپ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغانىدى. شۇڭا كۇچادا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى خېلى مۇستەھكەملىنىپ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرشىدىن ۋەلى جەمەتىدىن تاجىدىن خوجا نەقشىبەندىيە تەرىقىتىگە ئىخلاس بىلدۈرۈپ، خوجا ئەھرارغا مۇرىت بولغان بولغاچقا، كۇ-

چالىقلارنىڭ خوجا ئەھرارنىڭ مۇرىتلىرىدىن بولغان خوجا ئىسھاققا ئىخلاس بىلدۈرۈشى بىرئاز تېز بولغانىدى.

لېكىن تۇرپانلىقلار خوجا ئىسھاقنىڭ ۋاكالەتچىسى ئۇشتۇر خەلىپىنى قارشى ئالمىدى ھەم «ئىشانلىق»قا ئىخلاس بىلدۈرۈشنى رەت قىلدى. «ئۇشتۇر خەلىپە تۇرپانغا يېتىپ كېلىپ تۇرپانلىقلار بىلەن ئۇچراشتى. تۇرپانلىقلار بويسۇنمىدى، ئۇلار ھەزرەتنى ئالىپ ئاتاغا ئېتىقاد قىلاتتى» [40].

تۇرپاندا بۇددا دىنىنىڭ ئورنى يۇقىرى بولغاچقا، تۇرپان ئاھالىسى ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ تەشۋىق ـ تەرغىبات، ۋەز ـ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىدى، ئۇنىڭغا بويسۇنمىدى، شۇڭا ئۇ تۇرپاندا نەتىجىگە ئېرىشەلمەي «ھەزرىتى ئەزىزلەرنىڭ خىزمىتىگە قايتتى» [41].

خوجا ئىسھاقنىڭ سەمەرقەنتتىن قەشقەرگە كېلىشتىكى مۇددىئاسى ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئىدى. ئۇنىڭ سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىگە كەلگەندىن كېيىن قەشقەر، يەركەنت، خوتەن، ئاقسۇلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ مۇرىت كۆپەيتىشىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ سىياسىي غەرىزىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىگە كېلىپلا خانلىقنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ئابدۇكېرىمخان بىلەن سوغۇقلىشىپ قالغان. شۇڭا قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇلاردىكى پائالىيەتلەر جەريانىدا خانلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىشتەك سىياسىي سۇيىقەست بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان. ئۇنىڭ قۇرەيش سۇلتاننى قاغاپ: «سېنىڭ ئەۋلادىڭدىن خان چىقمىغاي»، مۇھەممەتخاننى خۇش قىلىپ، «سېنىڭ ئەۋلادىڭ خان بولغاي» دېگەنگە ئوخشاش «ئەۋلىيالىق» دۇئالىرىدىمۇ بۇ غەرىزى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئابدۇكېرىمخان خوجا ئىسھاقنىڭ دىنىي نىقاب ئاستىدا قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنىڭ تېگىدە روشەن سىياسىي غەرەز بارلىقىنى، خانلىقنىڭ ئۇلىنى لىڭشىتىپ، پارچىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىدە «ئىشانچىلىق»نى تەرغىپ قىلىش ۋە مۇرىت توپلىشىنى دەرھال

چەكلەپ، ئۇنىڭ سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىدىن چىقىپ كېتىدىشىگە بۇيرۇق چۈشۈردى. خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقى ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئىلكىدە بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ پەرمانىغا خوجا ئىسھاقنىڭ سادىق مۇرىتى بولغان مۇھەممەتخانمۇ ئارا تۇرالمايتتى. شۇڭا خوجا ئىسھاق قىرغىزلارنىڭ ئارىسىدا بىر مەھەل ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئىلاجىسىز يەركەن خانلىقىدىن سەمەرقەندكە كېتىدۇ.

ئەمما بۇ ۋاقىتتا، خوجا ئىسھاقنىڭ يەركەن خانلىقىدىكى تەسىرى زورىيىپ، ئاساسى مۇستەھكەملىنىپ، خانلىقنىڭ دىنىي ھاياتىدا ئاساسەن ئۈستۈنلۈك قازىنىپ بولاي دەپ قالغانىدى. ئۇ يەركەن خانلىقىدىن قوغلانغاندىن كېيىن، يەركەن خانلىقىدىكى شەھەرلەرگە ئۆزىنىڭ خەلىپىلىرىنى (ئورۇن باسارلىرى) تەيىنلەپ، ھەممە ئىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېتىدۇ [42]. شاھ مەھمۇت جۇراسنىڭ «تالىپلارنىڭ دوستى» (ئەنىسۇت تالىبىن) ناملىق ئەسىرىدە يېزىلىشىچە، خوجا ئىسھاقنىڭ يەركەن خانلىقىدا 64 خەلىپىسى بولغان[43].

بۇ مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى خوجا ئىسھاقنىڭ يەركەن خانلىقىدا خېلى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولۇۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجا ئىسھاقنىڭ يەركەن خانلىقىدىن قوغلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك خەلىپىسى ئۇشتۇرنى قەشقەرگە خەلىپە قىلىپ تەيىنلىشى ئۇنىڭ بۇ يەردىكى تەسىردىنى مۇستەھكەملىشىگە ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنىدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا قەشقەردىكى سوپى سۇلتان ئۆلۈپ كېتىپ، «ئۇنىڭ ئورنىدا قەشقەر، يېڭىسارغا مۇھەممەتخان ۋالىي بولغان» ئىدى [44]. مۇھەممەتخان بولسا خوجا ئىسھاقنىڭ سادىق مۇرىتى بولۇپ، ئۇنى ھىمايە قىلاتتى، شۇڭا خوجا ئىسھاق كېتىش ئالدىدا مۇھەممەتخاننى ئۆزىنىڭ يەركەن خانلىقى تەۋەلىكىدىكى بارلىق خەلىپىلىرىنى باشقۇرىدىغان باش خەلىپە، يەنى «خەلىپە تۇل خۇلەپا» (خەلىپىلەرنىڭ خەلىپىسى) قىلىپ تەيىنلىگەن ھەم ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئۇشتۇرنى ئۇنىڭ يېنىغا قويغانىدى.

1591 ـــ 1592 ـ يىللىرى ئابدۇكېرىمخان ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ
ئورنىغا ئابدۇرېشىتخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى مۇھەممەتخان تەخت-
تە ئولتۇرىدۇ. مۇھەممەتخاننىڭ تەختكە چىققانلىقى مەلۇم مەنى-
دىن ئېيتقاندا، خوجا ئىسھاقنىڭمۇ غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ بەل-
گىسى ئىدى.

مۇھەممەتخان ھاكىمىيەت ئۇستىگە چىقىشى بىلەنلا ئۇشتۇر
خەلىپە يەكەنگە يۇرۇش قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يەكەندىكى ئورنىنى
مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جىددىي تۇتۇش قىلىپ، زورلۇق بىلەن
خەلقنى ئۆزلىرىگە مۇرىت بولۇشقا قىستاپ، يەكەندىكى تەسىرىنى
كېڭەيتىشكە ھەرىكەت قىلغان. «ئۇشتۇر خەلىپە يوغان ئېشەككە
مىنىپ ۋىلايەتتىن كەلگەنىدى. ئۇ دائىم ئېشەككە مىنىپ، يوغان
ھاسىسىنى تۇتقىنىچە بىر توپ ئادەملەرنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرەتتى.
قولىدىكى ھاسا بىلەن كىمنى ئۇرسا ئۇ ئادەم دەرھال ھوشىدىن
كېتىپ يىقىلىپ، ‹خوجام!› دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم قى-
لىپ ئىخلاسلىق مۇرىتلاردىن بولۇپ قالاتتى» [45].

مۇھەممەتخان ئۇلارنىڭ تاغدەك يۆلەنچۈكى بولغاچقا، ئۇلار
يەكەننىڭ كوچىلىرىدا يۇقىرىدىكى نەقىلدە ئېيتىلغاندەك، ئې-
شىكىگە مىنىپ چوماقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، كوچىمۇ كوچا
ئارىلاپ مۇرىت توپلاشقانىدى.

مۇھەممەتخان تەختكە چىققاندىن كېيىن، خوجا ئىسھاق ئۆ-
زىنىڭ كىچىك ئوغلى مۇھەممەت يەھيا (شادى دېگەن نام بىلەن
تونۇلغان)نى مۇھەممەتخاننىڭ «تەربىيەت» قىلىشىغا ئەۋەتىدۇ.
«... مۇھەممەتخان تا قوش گۇمبەز دېگەن يەرگىچە ئالدىغا چىقىپ
ئۇ ئەزىزنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قاراقۇم يېزىسىغا ئېلىپ
كەلدى. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى مۇھەممەتخان ئاتتىن چۈشۈپ،
ھەزرىتى ئەزىزلەر ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بوينىغا سېلىپ ئوردىغا
ئېلىپ كىرىپ ئۈچ كۈن چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ كاتتا زىياپەت
بەردى. ھەزرىتى ئەزىزلەر ئۈچۈن خاس بىر ئورۇننى جابدۇغانى-
دى، ھەزرىتى ئەزىزلەر شۇ جايغا چۈشتى» [46].

دىمەك، خوجا ئىسھاق ئىشان كالان بىلەن بولغان كۆرەشتە ئۇستۇنلۇك قازىنىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇ-چۇن، پۈتۈن كۈچى بىلەن يەكەن خانلىقىنىڭ دىنىي ھوقۇقىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئۈچۈن پىلانلىق پائالىيەت ئېلىپ بارغان-دى. ئۆزى قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەنلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، 12 يىل «ئىشانچىلىق»نى تەرغىپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن دەسلەپكى قەدەمدە خېلى مۇستەھكەم ئاساس ھازىرلىغان، ئابدۇكېرىمخان تەرىپىدىن قوغلانغاندىمۇ، ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاندىن كەتكەنىدى. ئۆزىنىڭ مەقسىتىنىڭ ھالدا تەيىنلىگەن چوڭ خەلىپىسى مۇھەممەتخانىنىڭ تەختكە چىقىشى، ئۇنىڭ پىلانلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كەڭ زېمىن ھازىرلىغان. شۇڭا ئۇ ئۆمرى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىنىڭ ئىمتىيازىغا ۋارىس-لىق قىلىدىغان ئوغلىنى مۇھەممەتخانىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىدۇ. «تەۋارىخ»تا يېزىلىشىچە، «ئۇ چاغدا ھەزرىتى ئەزىزان خوجام يەت-تە يېرىم ياشتا ئىدى» ⑰. خوجا ئىسھاق ئۆز مەقسەتلىرىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى بولغان ئوغلىنى كىچىك بولۇشىغا قارىماي بۇ زېمىنغا ئەۋەتىپ مۇھەممەتخانغا «تەربىيەت» قىلىشقا تاپشۇر-غانىدى.

شاھ مەھمۇت جۇراسمۇ خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى مۇھەممەت يەھيانىڭ (شادى خوجا) مۇھەممەتخانىنىڭ قولىدا چوڭ بولغانلى-قىنى قەيد قىلىپ، «سىرتقى تەربىيىلىنىشى ھەزرىتى مۇھەم-مەتخانىنىڭ قولىدا بولغانىدى»، دەپ يازىدۇ ⑱.

خوجا ئىسھاق 1599 ـ يىلى سەمەرقەندە ئالەمدىن ئۆتۈپ دادىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلىنىدۇ. ئوغ-لى شادى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دىنىي ئىمتىيازىغا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئۇشتۇر خەلىپىگە قالدۇرۇپ كېتە-دۇ. شاھ مەھمۇت جۇراسنىڭ ئېيتىشىچە، مۇھەممەتخان ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك ئورنىنى (يەنى خوجا ئىس-

ھاقىنىڭ خەلىپىسى) ئۆشتۆر خەلىپىگە بېرىپ، ئۆشتۆر خەلىپىدىنى ئۆز ئورنىغا تىكلەپ قويۇپ ئالەمدىن ئۆتكەن [49].

مۇھەممەتخان ۋاپات بولغاندا، خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى خوجا شادى 24 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ھەر تەرەپتىن يېتىلىپ، «ئىشانچىلىق»نى ئەۋج ئالدۇرۇش يولىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانىدى. خوجا شادى مۇھەممەتخاننىڭ مەنىۋى يېتەكچىسى خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى بولغىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھەممەتخاننىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغىنى ئۈچۈن خانلىقنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكىلەر ئارىسىدىمۇ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى.

قىسقىسى، بۇ ۋاقىتتا خوجا ئىسھاق ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى يەكەن خانلىقى تەۋەلىكىدە خېلى زور تەسىرگە ئىگە بولۇپ بولغانىدى. شاھ مەھمۇت جوراسىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «بۇ تەۋەلىكلەر ئارا ئەزىزلەر خوجام دەپ داڭ قازانغان» ئىدى [50]. بۇ خوجاملار خانلىقنىڭ دىنىي ھاياتىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپلا قالماستىن، يەنە «ئىشانچىلىق» ئەنئەنىسى بويىچە تەدرىجىي ھالدا خانلىقنىڭ سىياسىي ھاياتىغىمۇ سىڭىپ كىرىپ، ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدىمۇ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇشقا باشلىغانىدى.

مۇھەممەتخان ۋاپات بولغاندا «شۇجائىدىن ئەھمەتخان قەشقەردە ئىدى. ھەزرىتى ئەزىزلەردىن خوجا لېتىپ، مىرزا غىياس، مىرزا ئابدۇللا قاتارلىق كاتىپباشىلار شۇجائىدىن ئەھمەتخانغا كىشى ئەۋەتتى، ئەھمەتخان تەكلىپكە بىنائەن كېلىپ، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى» [51].

ئەھمەتخاننىڭ تەختكە چىقىشى يەكەن خانلىقىنىڭ باشقا كىچىك خانلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى، چۈنكى ئەھمەتخاننىڭ تاغىسى، يەنى ئابدۇرېشىتخاننىڭ 12 ـ ئوغلى، تۇرپاننىڭ خانى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئابدۇرېھىمخان تېخى ھايات بولۇپ، قائىدە بويىچە ئۇ تەختكە ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. نەۋ-

رىلەر تەختكە ۋارىسلىق قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، قائىدە بويىـ
چە ئابدۇكېرىمخاننىڭ خوتەندىكى ئوغلى شاھ ھەيدەر مۇھەممەت
ياش جەھەتتە ئەھمەتخاندىن چوڭ بولۇپ، تەختكە ئۇ ۋارىسلىق
قىلىشى كېرەك بولاتتى. شۇڭا ئەھمەتخاننىڭ تەختكە چىقىشىنى
باشقا خانلار ئانچە قوللىماي ئۇنىڭدىن نارازى بولۇشىدۇ. مۇھەمـ
مەتخاننىڭ قىزىنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ھاشىم سۇلتانمۇ ئەھمەتـ
خاندىن رەنجىپ كۇچاغا كېتىدۇ. ئىلگىرى مۇھەممەتخاننى قوللاپ
ھەم ئۇنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىپ
كەلگەن خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىيازىنى ساقلاش، كېڭەيتىش
ئۈچۈن يۆلەنچۈك قىلىش مەقسىتىدە مۇھەممەتخاننىڭ ئوغلى
ئەھمەتخاننى قوللاپ تەختكە چىقارغانىدى. ئەھمەتخانمۇ ئۇلارنىڭ
بۇ ئەجرىگە لايىق جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۇلارنى تېخىمۇ يۇقىرى مەرـ
تىۋە، مال دۇنيا بىلەن تارتۇقلىغانىدى. شۇڭا بۇ ۋاقىتلاردا خوجا
ئىسھاقنىڭ ئوغلى خوجا يەھيانىڭ ئىمتىيازى كۈنسېرى ئۆسۈپ
مۇرىتلىرىنىڭ سانىمۇ نەچچە ئونمىڭغا يەتكەنىدى. ئۇنىڭغا خان
تەرىپىدىن ئىنئام قىلىنىۋاتقان يەر ـ زېمىن ۋە مال ـ دۇنيالارـ
مۇ بارغانسېرى ئېشىپ، خوجا يەھيا دىنىي فېئودالغا ئايلىنىپ
قالغانىدى. خوجىلارنىڭ كۈنسېرى كۆپىيىپ بېرىۋاتقان مۇرىتـ
لىرى سەل قارىغىلى بولمايدىغان كۈچ بولۇپ، خانلىق ئۈچۈن
چوڭ تەھدىت بولۇپ قېلىۋاتاتتى. بۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا،
يەكەن خانلىقىنىڭ ئاجىزلاپ بېرىشى، پارچىلىنىش قەدىمى تېـ
خىمۇ تېز بولۇۋاتاتتى.

ئەھمەتخان 10 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ (1610 ــ 1619) شاھ
ئوبۇل مەئانى قوزغىغان سىياسىي توپىلاڭدا ئۆلتۈرۈلدى. ئارىدىـ
كى قىسقا مۇددەتلىك سىياسىي داۋالغۇشلاردىن كېيىن «ھەزرىتى
ئەزىزلەر، ئۇلۇغلار ۋە ئەمەلدارلار كونا قائىدە بويىچە ئابدۇلېـ
تىپخاننى خانلىققا تەيىنلەشتى»[52]. ئابدۇلېتىپخان ئەھمەتخاننىڭ
ئوغلى ئىدى.

ئابدۇلېتىپخان (ئاپاق خان) تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆـ
زىنىڭ تەختكە چىقىشىدا رول ئوينىغان بەگ ـ ئەمىرلىرىنى ۋەـ

زىپىگە تەيىنلەپ، «مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ بەگنى ئاتالىق قىلىپ، خوجا لېتىپ بەگنى بۇرۇنقى تۈزۈم بويىچە ۋەزىر قىلدى. مىرزا غازى بارلاس قەشقەرنىڭ ھاكىملىقىغا ئېلان قىلىندى»[53].

خانلىقنىڭ ئاتالىقى قىلىپ تەيىنلەنگەن مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپ بىر مەزگىلدىن كېيىن «ئەمەلدارلار ئىچىدە چەكسىز ئەركىن ھوقۇقدار بولۇپ قالدى»[54]. ئۇنىڭ بۇنداق ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئەركىن ھوقۇقدار بولۇپ كېتىشى خوجا يەھيا (شادى خوجا)نىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە مەلۇم توسقۇنلۇق پەيدا قىلمىشى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوجا ئىسھاقنىڭ خەلىپىسى بولغان ئۆشتۈر خەلىپىنىڭ پۈتۈن دىنىي ھوقۇقنى ئۆزى كونترول قىلىۋېلىشى خوجا شادىنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىۋاتاتتى.

خوجا شادى بۇلارغا بولغان نارازىلىقىنى ئاشكارا ئىپادىلىيەلمەي، ئاتىسىنىڭ مازىرىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن سەمەرقەندكە بارماقچى بولۇپ ئابدۇلېتىپخاندىن «رۇخسەت سورىدى»[55]. خوجا يەھيا سەمەرقەنتكە بېرىپ ئاتىسى خوجا ئىسھاقنىڭ مازىرىنى تاۋاب قىلدۇ ھەم ئۆشتۈر خەلىپە، مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپلەر ئۈستىدىن شىكايەت قىلدۇ. شاھ مەھمۇت جۇراس بۇ ھەقتە شۇنداق يازىدۇ: «ھەزرىتى ئەزىزان خەلىپىلىرىنى مازار سىرتىدا قويۇپ، ئىسمائىل سوپىنىڭ ھەمراھلىقىدا مازارنى تاۋاب قىلىشقا كىردى. قەبرىلەردىن بىشارەت بولدى. ھەزرىتى ئەزىزان بىلەن ئىسمائىل سوپىلار بىشارەتتىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن مازاردىن قايتىپ چىقتى. خەلىپىلەر ئىچىدە قەشقەرلىك ھاپىز نەسىر خەلىپىمۇ بار ئىدى. ھەزرىتى ئەزىزانغا كەشىپ بىلەن مەلۇم بولغان ئىش، نەسىر خەلىپىگىمۇ ئوخشاش مەلۇم بولاتتى. نەسىر خەلىپە خەلىپىلىرىگە: «ھەزرىتى ئەزىزان ئۆشتۈر خەلىپە بىلەن مىرزا مۇھەممەت يۈسۈپلەرنى ئۇردى، دەپ ئوچۇق ئېيىتتى، لېكىن ئۇنىڭغا زىيان يەتمىدى. بىراق ئىسمائىل سوپى كىشىلەرگە ھەزرىتى ئەزىزاننىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويغاچقا، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى»[56].

دېمەك، خوجا يەھيا ئۆزىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنىڭ چەكلى-

مىگە ئۇچرىشى ۋە ئەڭ ئالىي دىنىي ئىمتىيازنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولماسلىقىدىن پەيدا بولغان قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىش ھەم بۇ مۇددىئالىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن، ئاتىسىنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلىپ ئاتىسىنىڭ روھىدىن «مەدەت» تىلىگەن. بۇ «مەدەت» تىلەش ئەمەلىيەتتە، خەلقى ئالەمگە ئۆزىنىڭ «كارامەت كۆرسىتىدىغان ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ ئۆز مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان سۈيىقەستلىرىنى يوشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ۋاھالەنكى، بۇنداق سۈيىقەستلەرنىڭ جەريانىدىن بىخەۋەر مۇرىتلار، بۇنى ئۆز خوجىلىرىنىڭ «كارامىتى» دەپ ئىشىنەتتى.

دەرۋەقە، «ئىشانچىلىق»تا ھىجابۇل غەيىپ («غايىپ پەردىلىكلەر»، «نامەلۇم قەستچىلەر») دەپ ئاتالغان يوشۇرۇن قەست قىلىش گۇرۇھىمۇ بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەۋلىيا، خوجىلار ئۆزلىرىنىڭ زىتىغا تەگكەن، ئۆزلىرى بىلەن قارشىلاشقان كىشىلەرنى مۇرىت - مۇخلىسلىرىنىڭ ئالدىدا قاغاپ بەددۇئا قىلىشقان. شۇ كۇنى ياكى ئەتىسى تۈن يېرىمىدا ئۆزلىرىنىڭ «ھىجابۇل غەيىپ» دەپ نام بەرگەن سادىق قانخور مۇرىتلىرىنى بۇيرۇپ قارغىش تەگكەن كىشىنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشكەن»[57]. ئەۋلىيا - خوجىلارنىڭ قارغىشى تەگكەن كىشىلەرنىڭ بىر - ئىككى كۇنىدىن كېيىن شۇ قارغىشنىڭ «كۇچى» بىلەن ئۆلۈپ قالغانلىق خەۋىرى مۇرىتلار ئارىسىغا تارقالغان. بۇنىڭ بىلەن مۇرىتلارنىڭ خوجىلارنىڭ «ئەۋلىيالىقى»غا بولغان ئەقىدىسى تېخىمۇ ئاشقان.

خوجا يەھيا ئاتىسىنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەپ بولغاندىن كېيىن يەنە قەشقەرگە قايتقان. «ھەزرىتى ئەزىزان قەشقەر تەرەپكە قايتىپ، شارت داۋىنىدىن ئۆتكەندە ئۇشتۇر خەلىپە بىلەن مىرزا مۇھەممەت يۇسۇپلەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلدى»[58].

ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئابدۇلېتىپخان ئالدىغا چىقىپ ناھايىتىمۇ قىزغىن قارشى ئالغان. ئابدۇلېتىپخان دۆلەتنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى بىلەن قارشى ئېلىپ ھەزرىتى ئەزىزا-

نىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە مېھمانلارنى شەھەرگە باشلاپ كىردى[53]. شۇنىڭ بىلەن خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي دىنىي ھوقۇقى خوجا يەھيانىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە دىنىي ھوقۇقنىڭ قولىغا ئۆتۈشىلا ئەمەس، يەنە سىياسىي جەھەتتىكى نوپۇزىنىڭمۇ كۆتۈرۈلۈشى ئىدى. شۇنداق قىلىپ خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى خوجا يەھيا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى يەكەن خانلىقىنىڭ دىنىي ساھەسىدە مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى.

### 3. ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، خوجا ئىسھاق قەشقەرگە كېلىپ، ئارىدىن 40 يىل ئۆتكەندە، يەنى 1620 ـ يىلى مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى ئىشان كالاننىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بۇ زېمىنغا كېلىشى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا كۆچكەنلىكىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغانىدى.

ئاق تاغلىق خوجىلارغا مەنسۇپ ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان تەزكىرىلەردىن «سىلسىلە تۇز زەھەب» (ئالتۇن زەنجىرلەر) ۋە «تەزكىرەئى پىرياران» قاتارلىق تەزكىرىلەردە ۋە باشقا ئەسەرلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىشان كالان ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى خوجامۇھەممەت يۇسۇپكە موغۇلىستانغا بېرىپ ئۇ يەردىكى خەلقنى «ھىدايەتكە باشلاشنى، تۇرپان، قومۇللارغا بېرىشنى» تاپىلىغان. دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مۇھەممەت ئىمىن (ئىشان كالان) موغۇلىستانغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. تەزكىرىلەردە ئۇنىڭ قومۇلغا كېلىش ۋە قومۇلدا تۇرۇپ قالغان قەشقەرلىك سەيىد جېلىل ئىسىملىك تەقۋادار كىشى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانلىرى سىرلىقلاشتۇرۇپ بايان قىلىنغان. بۇ بايانلارغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ قومۇلغا كېلىشى ۋە ئۇ يەردە سەيىد جېلىل قەشقەرىينىڭ قىزى زۇلەيخا بېگىمگە ئۆيلىنىشى مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ دادىسى «ساھىبى كارامەت (كارامەت ئىگىسى) ئەۋلىيا» ئىشان كالاننىڭ چۈشىگە ئالدىن

«بىشارەت» سۈپىتىدە ئايان بولغانمىش. شۇڭا ئۇ ئوغلى مۇھەممەت يۈسۈپنى موغۇلىستان تەرەپلەرگە، جۈملىدىن قومۇلغا بېرىشقا ئۈندەپ ۋەسىيەت قىلغانمىش. ئۇنىڭدىن باشقا مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ قومۇلغا كېلىشى سەيىد جېلىل قەشقەرىينىڭمۇ چۈشىگە ئايان بولۇپ، قىزىنى مۇھەممەت يۈسۈپكە ياتلىق قىلىش توغرىلىق بىشارەت بولغانمىش.

يۇقىرىقى تەزكىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە، سەيىد جېلىل قەشقەرىي نەسەب جەھەتتىن ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادى بولۇپ، قەشقەردىكى قىرغىنچىلىقلاردىن قېچىپ قومۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان[61].

سەيىد جېلىل قەشقەرىي تەقۋادارلىقى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. ئۇ مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ كېلىش ۋە قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىش توغرىلىق ئالدىن چۈش كۆرۈپ «بىشارەت»كە ئىگە بولغاندىن كېيىن، قومۇل خەلقىگە باشقا يۇرتتىن ئادەم كېلىپ قالسا ئۆزىگە خەۋەر قىلىپ قويۇشنى تاپىلايدۇ. خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈرىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن، چۈشىدىكى «بىشارەت» بويىچە قىزى زۇلەيخا بېگىمنى مۇھەممەت يۈسۈپكە ياتلىق قىلىدۇ. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، سەيىد جېلىل قەشقەرىينىڭ قىزى زۇلەيخا بېگىم ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن، شېئىرىيەتتە ئىستېداتى يۇقىرى، ئوقۇمۇشلۇق ئايال بولۇپ، بۇ ھەقتە «سىلسىلە تۇز زەھەب» (ئالتۇن زەنجىرلەر)دە مۇنداق دېيىلگەن: «خوجا مۇھەممەت ھاجى يۈسۈپ خوجا جاھاننىڭ تەڭداشسىز كىشىسى ئىدى. زۇلەيخا بېگىممۇ تەڭداشسىز ئىستېداد ئىگىسى ئىدى. ئەرەبچە ۋە پارسچىدا ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى. شېئىر ۋە قەسىدە ئىجادىيىتىدە نۇقسانسىز ئىدى»[62]. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىستېداتى بىلەن پارس كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ يۇقىرى چوققىلىرىدىن بىرى خوجا ھاپىز شىرازىي (1300 — 1389)نىڭ شېئىرلىرىنى تۇر-

كىي تىلغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان. ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى ئەينى ۋاقىتتا تۇزۇلگەن «باياز»لارغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلار- دىن بىرقىسمى رەتلىنىپ نەشر قىلىنىدى[63].

دىمەك مۇھەممەت يۇسۇپكە ياتلىق قىلىنغان زۇلەيخا بېگىم ئەدەبىي جەھەتتە يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە، ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئى- دى. ئۇ خوجا مۇھەممەت يۇسۇپكە ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈچ ئوغۇل تۇغقان. بۇلاردىن چوڭىنىڭ ئىسمى خوجا ھىدايى- تۇللا (ئاپپاق خوجا نامى بىلەن تونۇلغان). ئىككىنچىسى خوجا ئىنايىتۇللا (كارامەتۇللا خوجا نامى بىلەن تونۇلغان)، ئۈچىنچى- سى ۋىلايىتۇللا خوجا ئىدى. بۇلاردىن باشقا زۇلەيخا بېگىم يەنە ئىككى قىزمۇ تۇغقان.

خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ قومۇلدا 10 نەچچە يىل تۇرغاندىن كېيىن، مىلادى 1638 ـ يىللار ئەتراپىدا 11 — 12 ياشقا كىرگەن ئوغلى ھىدايىتۇللانى ئەگەشتۇرۇپ قەشقەرگە كېلىدۇ. بۇ ئاب- دۇللاخاننىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرى باشلانغان (1638 ـ يىللىرى) ۋاقىت ئىدى.

ئابدۇلېتىپخان 12 يىل تەختتە ئولتۇرۇپ، ھىجرىيە 1040 ـ يىلى (مىلادى 1630 — 1631 ـ يىللىرى) ئەتراپىدا 26 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەش- لىرى ئىچىدە ئەخمەتخان (پولات خان) بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى مەھمۇت خان (قىلىچ خان) نۆۋەت بىلەن تەختتە ئولتۇرىدۇ. ئەخمەت خان بىلەن مەھمۇت خاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلاردا خوجا شادى ئارىغا چۈشۈپ سالاچىلىق قىلىپ تۇردى. كېيىن مەھمۇت خاندىن رەنجىپ قېلىپ ئەخمەت خاننى يۆلىدى. «ھەزرىتى ئىشان فۇڭگى خەلىپە لەقەملىك ھاپىز نەسىر خەلىپە ۋە مىرزا مەزىدبەگ خەلىپەلەرگە «قىلىچ خاننى دۇنيادىن يوقىتىپ پولات خاننى ئۇنىڭ ئورنىغا تىكلەڭلەر»، دەپ بۇيرۇق قىلدى... فۇڭگى خەلىپە ۋە خەلىپە بەگلەر پولاتخاننى زىلچىغا ئولتۇرغۇ- زۇپ خانلىققا كۆتۈردى. بۇ ئىشانلاردىن بىكار بولۇپ بىر سائەت

ئۆتمەيلا قىلىچ خان ئاكىسى پولات خاننى كۆرگىلى كەلدى... قىد ـ
لىچ خاننى ئازراق هاراق كەيپى تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوردىغا
كەلدى. پولات خاننىڭ ئادەملىرى ناهايىتى قورقۇپ كەتتى...
قۇڭگى خەلىپە بىلەن خەلىپە بەگلەر مۇنداق دېدى: «بىز بۇ ئىش ـ
نى ئۆزىمىزچە قىلمىدۇق. هەزرىتى ئىشاننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا
قىلدۇق. قورقماڭلار، كۆچلۈك، يۈرەكلىك بولۇڭلار». شۇ كېچى ـ
سى قىلىچ خان ئوردىغا كېلىپ قان قۇسۇپ بۇ دۇنيادىن قايتتى.
ئەتىسىگىنى ئەمەلدارلار ۋە كاتتىلار هەزرىتى ئىشاننىڭ هۇزۇرىغا
كېلىپ سۇلتان مەهمۇت خاننىڭ هالاك بولغانلىقىنى جاكارلى ـ
دى، هەزرىتى ئىشان، ئەمەلدارلار، ۋەزىرلەر ۋە چوڭ ـ كىچىك ـ
لەرنىڭ هەمراهلىقىدا شامالباغقا بېرىپ سۇلتان ئەخمەت خاننى
ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ خانلىققا كۆتۈردى. بۇ كارامەت هەزرىتى
ئىشاندىن، يەنى هەزرىتى خوجامدىن يۈز بەردى»[64].

شاھ مەهمۇت جوراسنىڭ بۇ مەلۇماتلىرىدىن خوجا شادى،
يەنى خوجا يەهيانىڭ مەهمۇت خاننى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈزۈپ،
ئەخمەت خاننى خانلىققا كۆتۈرگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

دېمەك خوجا شادى ئەمدىلىكتە خانلىقنىڭ سىياسىي هاياتى ـ
دىمۇ بىۋاسىتە كونترول قىلغۇچى ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئۆزىنى قول ـ
لىمىغان ياكى ئېتىبارسىز قارىغان خانلارنى ئۆز مۇرىتلىرى
ئارقىلىق يوشۇرۇن قەستلەشتەك «كارامەت»لىرى ئارقىلىق ئۆزى
مايىل بولغان خانلارنى يۆلەپ تەختكە چىقىرىپ ئەمەلىي هوقۇق ـ
نى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا قاراپ ماڭغانىدى. ئەپسۇسلىنارلىق يې ـ
رى، خەلىپىلەرگە پولات خاننى خانلىققا كۆتۈرۈپ، قىلىچ خاننى
ئۆلتۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇغانلىقىنى ۋە قىلىچ خاننى ئوردىدا ئۆل ـ
تۈرگەنلىكىنى ئېنىق يېزىپ تۇرۇپ يەنە «بۇ كارامەت هەزرىتى
ئىشاندىن، يەنى هەزرىتى خوجامدىن يۈز بەردى» دەپ بۇنى خوجا
شادىنىڭ «كارامىتى» سۈپىتىدە ئالاهىدە تىلغا ئېلىشى ئىدى.
ئەمەلىيەتتە، ئۆزلىرىنى «ئىشان»، «خوجا» دەپ ئاتىشىۋالغان بۇ
ئاتالمىش «ئەۋلىيا»لارنىڭ «كەشىپ كارامەت»لىرىنىڭ هەممىسى
مانا شۇنىڭغا ئوخشاش سىياسىي مۇددىئا يولىدىكى سۇيىقەستتىن

باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. مۇرىتلىرى بولسا بۇنى ئۆز خوجىلىد-
رىنىڭ «كارامەت»لىرى، «ئەۋلىيا»لىقى دەپ كۆككە كۆتۈرۈشەتت-
تى. شاھ مەھمۇت جۇراستەك ئوقۇمۇشلۇق تارىخشۇناسنىڭمۇ ۋە-
قەنىڭ جەريانىنى شۇنچە ئېنىق بايان قىلىپ تۇرۇپ، يەنە بۇ سۇ-
يىقەستنى خوجىنىڭ كارامىتى دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىشى بۇ
نۇقتىنى ئېنىق دەلىللەيدۇ.

ئەخمەتخان خوجا شادىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى ۋە قوللىشى
بىلەن 2 ـ قېتىم ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، خوجا
شادىغا ئىخىمۇ زور ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن يەر ـ
زېمىن تارتۇق قىلىدۇ. ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن
خوجا شادى ئەخمەتخان بىلەن سوغۇقلىشىپ قېلىپ، مەركىزىي
ھاكىمىيەتنى ئىگىلەش ئۈچۈن ئاقسۇدا توپىلاڭ كۆتۈرگەن ئاب-
دۇللاخان قەشقەرگە باستۇرۇپ كەلگەندە ئۇنىڭغا مايىللىق بىلدۇ-
رىدۇ. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇت جۇراس «ھەزرىتى ئەزىز ئابدۇللاخان
تەرەپكە مايىل بولدى. ھەزرىتى ئەزىزنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن
ئابدۇللاخان ساق ـ سالامەت ئاقسۇغا قايتىپ كەلدى»، دەيدۇ [65].

ئابدۇللاخان قايتا كۈچ توپلاپ لەشكەر باشلاپ كېلىپ يەر-
كەننى ئالغاندىن كېيىن، خوجا شادى ئابدۇللاخانغا ئىخىمۇ مايىل-
لىق بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىنى قارشى ئالغان. ئارد-
دىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىشان كالاننىڭ ئوغلى مۇھەممەت يۇ-
سۇپ ئوغلى ھىدايىتۇللانى ئەگەشتۈرۈپ قومۇلدىن قەشقەرگە
كېلىدۇ. «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا بۇ ھەقتە «ئول ۋاقتىدا ھەزرىتى
ئىشان كالاننىڭ ئوغلانلىرى ھەزرىتى خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ،
ھەزرىتى خوجا ئاپاق ئىسىم ئەسلىلەرى خوجا ھىدايەت خوجام بۇ
ئىككىلەرى كاشغەرغە تەشرىف كەلتۈردىلەر. كاشغەر خەلقى
ئۇلارنىڭ ئەئىزاز ئىكراملەرىنى بىجا كەلتۈردىلەر»، دېيىلگەن [66].

مۇھەممەت يۇسۇپ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، قېيىنئاتى-
سى سەيىد جېلىلنىڭ شەھەر سىرتىدىكى قاراساقال دېگەن يەردى-
كى ئۆي ـ جايلىرىغا چۈشىدۇ ھەم شۇيەرنى ماكان تۇتۇپ تائەت ـ
ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. جۇمە كۈنلىرى شەھەرگە كىرىپ

چوڭ جامەدە جامائەت بىلەن بىللە جۈمە نامىزىنى ئوقۇيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىقى بىلەن بىرقىسىم كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ مۇرىت توپلاشقا باشلىغانىدى. تەزكىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، شۇ مۇرىت بولغانلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇللاخاننىڭ ئوردا خىزمەتچىلىرىدىنمۇ بىرسى بار ئىكەن[67].

بىر كۈنى ئابدۇللاخان ئالىم - ئۆلىمالارنى يىغىپ خوجا ھاپىزنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىنى ئېيتىپ ئۇلارغا شېئىرنىڭ مەنىسىنى ئېيتىشنى بۇيرۇيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يەشكەن مەنىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى خاننىڭ كۆڭلىگە ياقماي، ئۇنى قانائەتلەندۇرەلمەيتۇ. شۇنىڭ بىلەن خان «ئەگەر كىم مۇشۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى مېنى قانائەتلەندۈرگىدەك يېشەلىسە، مەن شۇ كىشىنى پىر تۇتىمەن»، دەپ جاكارلاپتۇ. مۇھەممەت يۈسۈپكە مۇرىت بولغان ھېلىقى خىزمەتچى خانغا مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ تەرىقەتتە كامىل ئىكەنلىكىنى، بۇ شېئىرنىڭ مەنىسىنى شۇ كىشى يېشەلەيدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئابدۇللاخان بۇ خىزمەتكارنىڭ پىكرى بويىچە كېلەر جۈمە كۈنى جۈمەدىن يېنىشىغا راۋاقتا چىقىپ قاراپ تۇرىدۇ. ھېلىقى خىزمەتچى خوجا مۇھەممەت يۈسۈپنى كۆرستىپ قويىدۇ. خان قارىسا خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ «خەرسوۋار (ئېشەككە مىنىپ) كېتىپ بارادۇر»[68]. شۇنىڭ بىلەن خان ئۆزىنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن زەرئېگەر - توقۇملۇق ئارغىماقنى ئەۋەتىدۇ. خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ «دۇنيا مەئىشەتلىرىدىن ئاللىقاچان كۆڭۈل ئۈزۈپ، تەقۋادارلىق يولىنى تاللىغانلىقى ئۇچۈن بۇنداق زەر توقۇملۇق ئارغىماقلار مىنىپ ئوردا ھەشەملىرىگە يېقىن يولاش گۇناھ پاتقىقىغا پاتقانلىق بولىدۇ»، دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئەھلى تەقۋالىقىنى پەش قىلىپ ئارغىماقنى مىنىشنى ۋە ئوردىغا بېرىشنى رەت قىلىدۇ. خىزمەتكارنىڭ قايتا - قايتا ئىلتىماس قىلىپ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن نائىلاج ئوردىغا بېرىپ خانغا شېئىرنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. ئەمما ئارغىماقنا ئۆزى مىنمەي ئوغلى

ھىدايىتۇللانى مىندۇرۇپ ئۆزى يەنىلا ئىشەككە مىنىدۇ. ئابدۇللاخان بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇ ئىيتقان ئىككى مىسرا شېئىرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىدۇ. ئابدۇللاخان ئۇنىڭ بۇ يەشمىسىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنى پىر تۇتىدۇ[69]. ئاق تاغلىقلارغا تەئەللۇق ئاپتورلارنىڭ تەزكىرىلىرىدە خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللانىڭ قەشقەرگە كېلىش جەريانى ئەنە شۇنداق بايان قىلىنغان.

مۇھەممەت يۇسۇپ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن خوجا ئەھرارغا ئىخلاس بىلدۇرۇپ، بۇخارا، سەمەرقەندلەرگىچە بارغان ۋە مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى ئىشان كالان بىلەن كۆرۈشۇپ سىرداشقان. ئابدۇرازاق قازى ئۆزىنىڭ بارلىق مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى بىلەن كېلىپ، خوجا مۇھەممەت يۇسۇپكە قول بېرىدۇ، ئابدۇرازاق قازى قەشقەردىكى دىندارلار ئارىسىدا ئورنى يۇقىرى بولۇپ، مۇرتلىرىمۇ خېلى كۆپ ئىدى. ئۇ مۇرىتلىرىنىڭ ھەممىنى يىغىپ «ئەي قەشقەر خەلقى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىلەر ماڭا ئىخلاس قىلىپ كەلدىڭلەر. مەن سىلەر ئۈچۈن پەقەت تەيەممۇمدىنلا ئىبارەت، خالاس. تەيەممۇم دېگەن سۇ يوق ۋاقىتتىلا دۇرۇس بولىدۇ. مانا ئەمدى دەريا بويىغا كەلدىڭلەر، تەيەممۇمنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. ئەمدى بىزنى ھىدايەتكە باشلايدىغان خوجا كەلدى. بۇ خوجىغا بويسۇنۇش بىز ئۈچۈن پەرزدۇر»، دەيدۇ[70].

بۇنىڭ بىلەن خوجا مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ قەشقەردىكى مۇرىتلىرى كۆپىيىپ تەسىرىمۇ كۈنسېرى ئېشىشقا باشلايدۇ. ئابدۇللاخانمۇ ئۆزىنىڭ يېڭىلا تىكلىگەن خانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىشان كالاننىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بۇ خوجىلارغىمۇ بىرئاز مايىللىق بىلدۇرۇپ ئۇلارنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئابدۇللاخاننىڭ قەشقەر ۋالىيسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوغلى يولۋاس خان دادىسى بىلەن قارشىلىشىپ، دادىسىغا ئانچە ئىتائەت قىلمايۋاتاتتى. مۇھەممەد سادىق كاشغەرىينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئوغلى يولبارس سۇلتان ئابدۇللاھ خانغا گۇستاخلىق

قىلىپ ئىتائىتىنى مەھكەم تۇتماس ئەردى. ئەمما ھەزرەتى خاجە-ئافاقىقە بىسيارگە ئىزاز ئىكرام ئىلتىپات قىلىپ تۇرار ئەردى»[71].

يولۋاس خان دادىسى بىلەن بولغان كۆرەشتە، يەركەندىكى ئىسھاقىيە، يەنى «قاراتاغلىق» خوجىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن ئۇلارنىڭ رەقىبى بولغان ئىشان كالاننىڭ ئەۋلادلىرى، يەنى «ئاق تاغلىقلار»نى قوللاپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتكەن ھەم كۆپلىگەن يەر ـ زېمىنلارنى ئىنئام قىلغان ھەم ھىدايىتۇللا خوجىنى ئۆزىگە پىر تۇتقان.

قەشقەردە خېلى تەسىر قوزغاپ، يولۋاسخاننىڭ ھامىيلىقىنى قولغا كەلتۈرگەن خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ۋە ئوغلى ھىدايىتۇللا ئۆزلىرىگە ئىنئام قىلغان زېمىنلارنى بازا قىلىپ مۇرىت كۆپەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشقىيە گۇرۇھىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ئۇچۇن كۈرەش قىلىدۇ. بۇ گۇرۇھقا خوجا مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجا باشچىلىق قىلىدۇ. خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ ۋە ھىدايىتۇللا خوجىلار يولۋاسخاننىڭ ئاتىسىغا قارشى كۈرەشلىرىگە يېقىندىن ماسلىشىپ قىزغىن قوللىغان. چۈنكى خانلىقنىڭ پايتەختى يەكەن «ئىسھاقىيە»چىلەرنىڭ، يەنى قاراتاغلىقلارنىڭ ماكانى بولۇپ، مەركىزىي ھاكىمىيەت، يەنى ئابدۇللاخان قارا تاغلىقلارنى قوللايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ يولۋاسخانغا ماسلىشىپ مەركىزىي ھاكىمىيەتكە قارشى تۇرۇشى ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ رەقىبى بولغان قاراتاغلىقلارغا قارشى تۇرغانلىقى ئىدى.

دېمەك، ئىشان كالاننىڭ ئەۋلادلىرىمۇ تەكرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە كىرىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا خېلى كۆپ مۇرىت توپلاپ كۈچلىنىپ بەلگىلىك تەسىر دائىرىگە ئىگە بولغان ھەم سىياسىي ھىماتچىغىمۇ ئېرىشكەنىدى.

ئابدۇللاخان ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بىرقانچە خانلارنىڭ تەختكە چىقىشىدا بىۋاستە رول ئوينىغان خوجا شادى بۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك ۋە يەر ـ زېمىنغا ئىگە چوڭ

فېئودالغا ئايلىنىپ، يەركەن خانلىقىنىڭ پۈتۈن دىنىي ھاياتىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ئىلكىگە ئېلىپ بولغان ھەم يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي، ھەربىي ئىشلىرىغىمۇ بىۋاسىتە قول تىقىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى.

ئەمما ئۇ دادىسى خوجا ئىسهاقتەك قەتئىي ھەم جۈرئەتلىك بولمىغاچقا، بۇ ۋاقىتتىكى مالىمانچىلىقلاردا، بولۇپمۇ ئابدۇللاخان بىلەن ئوغلى يولۋاسخان ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەردە مەيلى سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىشتا بولسۇن، ياكى ئۆزلىرىنىڭ رەقىبلىرى بولغان ئىشان كالاننىڭ ئەۋلادلىرىغا قارشى كۆرەشتە بولسۇن ئانچە يېتىشىپ بولالماي قېلىۋاتاتتى[72]. چۈنكى ئىلگىرى ئۇلارغا قارشى كۆرەش قىلىدىغان رەقىبلىرى تېخى باش كۆتۈرۈپ چىقمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇلارمۇ قەشقەردە مۇرىت توپلاپ بازا قۇرۇپ، يولۋاسخاننى قوللاۋاتاتتى. يولۋاسخان بىلەن ئابدۇللاخان ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش بىر تەرەپتىن مەركىزىي ھاكىمىيەتنى تالىشىش كۆرۈشى بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، قارىمۇقارشى ئىككى گۇرۇھ خوجىلار، يەنى ئىسهاقىيە بىلەن ئىشقىيە گۇرۇھىنىڭمۇ ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۆرىشى ئىدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا، يەنى ھىجرىيە 1055 ـ يىلى (مىلادىيە 1645 ـ يىلى) ئىسهاقىيەنىڭ باشلامچىسى خوجا يەھيا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتىدۇ[73]. مۇرىتلىرى ئۇنى يەركەنگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇت جوراس مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ جانابىنىڭ جىنازىسىنى خوجا خەلىپە ئەلەيھىر رەھمە ئېلىپ كەلدى. ئابدۇللاخان بارلىق ۋەزىر، ئەمەلدار ۋە چوڭ ـ كىچىك ئادەملىرى بىلەن ئالدىغا چىقتى»[74].

خوجا شادىدىن ئۇبەيدۇللا ۋە ئابدۇللا ئىسىملىك ئىككى ئوغۇل قالغان. ئۇ ئۆلگەندە ئوغۇللىرى تېخى كىچىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئورنىغا خوجا شادىنىڭ خەلىپىسى، ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ ئوغلى خوجا سوپى ۋارىسلىق قىلغان. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇت جوراس شۇ چاغدا، بارلىق يارانلار گورۇھىنىڭ باشلىقى، خەلىپىلەرنىڭمۇ خەلىپىسى، بەلكى ئۇ ئالىيجاناب مەرھۇمنىڭ

ئورۇنباسارى ئاشۇ خوجا سوپى خەلىپەم ئىدى»، دەپ يازىدۇ[75].

خوجا شادىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنلا مۇھەممەت يۇسۇپ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قارا تاغلىقلارنىمۇ ئۆزىگە قارىتىپ، ئۆزىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە «بىر نەسەپتىكى ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كونا زىددىيەتنى ياراشتۇرۇپ، ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان ئىشنى بىرلىكتە راۋاج تاپقۇزىمىز»[76]، دېگەن چىرايلىق نام ئاستىدا، خوجا شادىنىڭ ئۆلۈمىگە پەتە قىلىش باھانىسى بىلەن قەشقەردىن يەركەنگە كېلىدۇ. ئابدۇللاخان خوجا مۇھەممەت يۇسۇپكىمۇ مايىللىق بىلدۈرۈپ ئىخلاس قىلماقچى بولىدۇ. بۇ خوجا شادىنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغاپ، خوجا شادىنىڭ ئىككى ئوغلىنى بوينىغا مىندۇرۇپ خاننىڭ ئالدىغا كىرىپ قارشى چىقىدۇ. «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا بۇنىڭ جەريانى تۆۋەندىكىچە قەيت قىلىنغان: «شول كۈنى ھەزرىتى خوجا شادى خوجام پادىشاھنىڭ خەلىپىلىرى جەمئىي بولۇپ، ئىككى ئەزىز مەخدۇمزادىنى بويۇنلىرىغە كۆتۈرۈپ، جەمئىيىنىڭ ھۇزۇرىدا خانغا ئەرز قىلدىكى: ‹يا پادىشاھى ئادالەت پاناھ، دادكى، بىرەۋنىڭ مۈلكى ـ مالىنى بىرەۋنىڭ تەسەررۇپ قىلماغى بىھەس شەرىئەت ۋە ئادالەت راۋامىدۇر؟›› خان سورىدىكى: ‹ۋاقىئەنەدۇر؟› خەلىپىلەر ئېيتتىكى: «خان باشلىغىن ھەممەلەرنى بىزنىڭ پىرىمىزغە ئىنابەت قىلىپ ئىدىلەر، پىرىمىزنىڭ جەسەتلىرى بولماغان بىرلە، روھلىرى ھازىردۇرلەر. ئىككى مەخدۇمزادىمىز باركى ئەگەر نارەسىدەدۇرلەر، ئەمما كارلارى رەسىدە نەچەند خەلىپىلىرىمىز باركى ئەگەرچە ھەقىرنامادۇرمىز... ھالا ئىشتەدۇرمىزكى، تاغلار خاجە مۇھەممەت يۇسۇپ ئەزىزگە خان ئىرادەت قىلۇر ئىمىش. بائىس نەدۇركى، ئۆز مۇرشىددىن يۈز ئۆرۈپ يەنە بىر مۇرشىدگە تەلەپ قىلسەلەر قايىلدۇر... ئەگەر زۇئىمە قىلسەلەر رۇخسەت بەرگەيلەركى مەخدۇمزادىلىرىمىزنى ۋە پىرىمىزنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرىنى ئېلىپ ھەممەمىز بەدەر كەتكەيمىز››»[77].

شاھ مەھمۇت جۇراسنىڭ «تەۋارىخ»ىدا بولسا، خوجا مۇھەممە-

مەت يۈسۈپنىڭ يەكەنگە كېلىشىدىكى غەرىزى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىك خوجا شادىنىڭ خەلىپىلىرى ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنى كۆتۈرۈپ خانىنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئەرز قىلغاندىكى سۆزلىرىدە تېخىمۇ ئاشكارا ھالدا «بىرسى بەلكى بىر ئوغرى كېلىپ تەسەررۇپ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ»، دېگەندەك شەكىللەردە ئىپادىلەنگەن[78]. ھەتتا خوجا شادىنىڭ ئورۇنباسارى خوجا سوپىنىڭ، خوجا شادىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئەي «ئۇلۇغلار، مۇشۇ يەردە بىر سائەت ساقلاپ تۇرۇڭلار! سىلەرنىڭ مىراسىڭلارنى بىر شەخس تەسەررۇپ قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىمەن»، دېگەنلىكى بىرسىنىڭ چۈشىگە ئايان بولغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان[79].

ئەمەلىيەتتە، بۇ خوجا ئىسھاق ئەۋلادىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىمتىياز ۋە ئورنىنىڭ رەقىبلىرى تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ كېتىشىگە بولغان قارشىلىقى ئىدى.

شۇنداق قىلىپ خوجا شادىنىڭ خەلىپىلىرى، مۇرىتلىرىنىڭ قارشىلىقى بىلەن ئابدۇللاخان خوجا مۇھەممەت يۈسۈپكە قول بەرمەيدۇ. خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ ئىلاجىسىز قەشقەرگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىراق قەشقەرگە تېخى يېتىپ بارمايلا، يېڭىساردا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ[80]. ناھايىتىمۇ ئېنىقكى، ئۇ خوجا شادىنىڭ خەلىپىلىرىنىڭ، يەنى قارا تاغلىقلارنىڭ قولىدا ئۆلگەنىدى. ھىدايىتۇللا خوجا دادىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، يېڭىسارغا كېلىپ دادىسىنىڭ جەستىنى قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ «ياغدۇ» دېگەن يەرگە دەپنە قىلىدۇ. ئۇ بۇ يەرگە ھەشەمەتلىك گۈمبەز سالدۇرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ يەر ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ مازارگاھىغا ئايلىنىدۇ.

خوجا مۇھەممەت يۈسۈپ قەشقەرگە كېلىپ، ئابدۇللاخان بىلەن كۆرۈشكەندە، ئارغىماقتا ئۆزى مىنمەي ئوغلىنى مىندۈرۈشىدە ئەمەلىيەتتە ئوغلىنىڭ ئابرۇيىنى، ئورنىنى كۆتۈرۈش مۇددىئاسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئوغلى ھىدايىتۇللانى ئاتقا مىندۈرۈپ ئوغلىدىن سورايدۇ: «ئى، خوجا ئاپپاق، ئۆزىڭىزنى نېچۈك كۆرەرسىز؟» ئوغلى بولسا «ئۆزۈمنى بىر پادىشاھ جاھان كۆرەدۇر-

مەن»، دەپ جاۋاب بېرىدۇ[81].

بۇنىڭدىنمۇ خوجا مۇھەممەت يۈسۈپنىڭ قەشقەرگە كېلىشىدىكى غەرىزى ئۆزلىرىنىڭ «ئىشقىيە» گۇرۇھىنى كېڭەيتىش ئىدىكەنلىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئوغلى ھىدايىتۇللانى تەربىيىلەپ، گۇرۇھ بېشى قىلىش مۇددىئاسى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

دەرۋەقە ھىدايىتۇللا بويىغا يېتىشى بىلەنلا، ئۇنى «ئىشقىيە»نىڭ باشچىسى قىلغانىدى. «ئىشقىيە» ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ قولىدا تېخىمۇ كېڭىيىپ، كۈچىيىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ نامىمۇ «ئىشقىيە»دىن ئاق تاغلىققا ئۆزگىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ رەقىبلىرى بولغان «ئىسھاقىيە»نىڭ نامىمۇ قارا تاغلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

قۇربان ۋەلى خالىدىيىك ئەپەندى «تەۋارىخ خەمسەئى شەرقى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئاتالغۇلار توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئاق تاغلىقلار ۋە قاراتاغلىقلار دېگەنلەر ئەسلىدە ئاق تۇغلۇقلار ۋە قارا تۇغلۇقلار دەپ ئاتالغان. ئالدىنقىلار ئۆزلىرىگە ئاق تۇغنى بەلگە قىلغان. كېيىنكىلەر ئۆزلىرىگە قارا تۇغنى بەلگە قىلغان. شۇڭا ئۇلار دەسلەپتە ئاق تۇغلۇقلار ۋە قارا تۇغلۇقلار دەپ ئاتالغان، تاۋۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن «تۇغ» دېگەن سۆزدىكى «ئۇ» ھەرپى «ئا» ھەرپىگە ئالمىشىپ «تاغلىق» بولۇپ قېلىپ، ئاق تاغلىقلار، قارا تاغلىقلار دېگەن سۆزلەر پەيدا بولغان»[82].

يەنە بەزى ماتېرىياللاردا، خوجا ھىدايىتۇللا مۇرىتلىرىغا ئاق تەقىيە (دوپپا) كىيىشنى بۇيرۇيدۇ. خوجا ئىسھاقنىڭ نەۋرىسى خوجا ئابدۇللا مۇرىتلىرىغا قارا تەقىيە (قارا دوپپا) كىيىشنى بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئىككى گۇرۇھ «ئاق تەقىيەلىكلەر»، «قارا تەقىيەلىكلەر» دەپ ئاتالغان. كېيىنچە تاۋۇش ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە ئاق تاغلىقلار، قارا تاغلىقلار بولۇپ قالغان دەپ كۆرسىتىلگەن[83].

ليۇ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى» ناملىق كىتابىدا قەيت قىد-

لىنىشچە، بۇ گۇرۇھلارنىڭ ناملىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى ھۆججەتلىرىدىمۇ ئاق بۆلەكلەر، قارا بۆلەكلەر دېگەن مەنىدە تەرجىمە قىلىنغان[84].

يۇقىرىدىكى ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، بۇ ئىككى گۇرۇھتىكىلەر بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىش ئۈچۈن بىرسى ئاق تەقىيە، يەنە بىرسى قارا تەقىيە كىيىشىپ يۈرگەن بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىنراق تۇرىدۇ. بۇ ناملار مەيلى قانداق پەيدا بولغان بولسۇن، «ئىشقىيە» بىلەن «ئىسھاقىيە»نىڭ شىنجاڭدىكى راۋاجىنىڭ مەھسۇلى ۋە يەرلىك ۋارىيانتى ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دېگەن بۇ سۆزلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قارىمۇ قارشىلىشىپ قالغانلىقىغا قارىتا قوللىنىدىغان سۆز بولۇپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ نامالارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى چوڭ بۆلۈنۈشنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۇ ئىككى گۇرۇھ خوجىلارنىڭ جەڭگى ـ جېدەللىرى ئۇيغۇر خەلقىنى ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارغانىدى.

دېمەك ھىدايىتۇللا خوجا ئاق تاغلىقلارنىڭ باشچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ قەشقەرنى مەركەز قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە يولۋاسخاننىڭ ھىمايىسىدە تېز كېڭەيگەنىدى. شۇڭا ئۇ يولۋاسخاننىڭ دادىسى ئابدۇللاخان بىلەن بولغان كۆرەشلىرىگە يېقىندىن ماسلاشقان ھەم بىۋاسىتە قاتناشقانىدى.

خوجا شادىنىڭ ئىككى ئوغلىدىن خوجا ئۇبەيدۇللا كىچىكىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. خوجا ئابدۇللا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ قارا تاغلىقلارنىڭ باشچىسى بولىدۇ. ئابدۇللاخان بىلەن ئوغلى يولۋاسخان ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشلەرنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ئابدۇللاخان ئاجىزلاپ، قارا تاغلىقلارنى يۆلەش ئەمەس، ھەتتا ئۆزىنىڭ خانلىق ئورنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايۋاتاتتى. بۇ كۆرەشتە ئاخىرى يولۋاسخان غەلىبە قىلىدۇ. ئابدۇللاخان ھەج قىلىشتىن ئىبارەت «چىرايلىق» نام بىلەن تەختنى بىكارلاپ ھىندىستانغا چىقىپ كېتىدۇ. ھىدايىتۇللا خوجا يولۋاسخاننىڭ قارا تاغلىقلارنى باستۇرۇشىغا

قىزغىن مەدەت بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يولۋاسخان ئابدۇللاخانغا ياردەملىشىپ ئاقسۇغا بارغانلارنىڭ يەكەندە قالغان بالا ـ چاقىلىرىنى «ھەتتا ئاياللىرى بىلەن نارەسىدە بالىلىرىغا قەدەر ھەممىنى قىرىۋەتتى»[85].

يەركەن خانلىقىنىڭ مەركىزىي ھوقۇقى يولۋاسخاننىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكى، مەلۇم مەنىدە، ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭمۇ غەلىبە قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆز رەقىبلىرى بولغان قارا تاغلىقلارنى قاتتىق تۇتقۇن قىلىپ، خانىقا ـ مازارلىرىنى چۇۋۇپ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، يوشۇرۇن ـ ئاشكارا شەكىللەردە ئادەم ئۆلتۈرۈشكە كىرىشىدۇ[86].

بۇ قىرغىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قارا تاغلىقلارنىڭ باشچىسى خوجا ئابدۇللا ئۆزىنىڭ بىر نەچچە خەلىپىسى ۋە يولۋاسخان چەتكە قاققان ئەمەلدارلارنى ئېلىپ ئاقسۇغا كېتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاقسۇنى ئىسمائىل خان ئۆز قولىغا ئېلىپ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاقسۇغا كېلىشتىن غەرىزىمۇ ئىسمائىل خاننى قوللاپ، ئۇنى تەختكە چىقىرىش ئىدى.

يەكەن خانلىقىنىڭ كۈنسېرى ئاجىزلاپ، پارچىلىنىشقا يۈز تۇتۇۋاتقان داۋالغۇش ئىچىدىكى بۇ ۋەزىيەتتىمۇ يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك سىياسىي توقۇنۇش، كۈرەشلەرگە جۇڭغارلارمۇ ئىشتىراك قىلىپ، قارىمۇقارشى كۈچلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە كۆرە قوللاشقا باشلىغانىدى.

بىرقاتار كۈرەشلەردىن كېيىن، جۇڭغارلارنىڭ ياردىمى ۋە خوجىلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ئىسمائىل خان يەركەننى ئىشغال قىلىدۇ. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇت جوراس «1080 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 11 ـ كۈنى دۈشەنبىدە ھەزرىتى ئەزىزان بىلەن ھەزرىتى خانلار خۇشال ـ خورام ھالدا يەركەنگە يېتىپ كېلىشتى، ئۇلۇغلار، ئەمەلدارلار، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى جۇغلىشىپ كونا تۈزۈم بويىچە ھەزرىتى خاننى پادىشاھلىققا كۆتۈردى»، دەپ يازىدۇ[87].

دېمەك، ھىجرىيە 1080 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 11 ـ كۈنى، يەنى مىلادىيە 1670 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىسمائىل خان خوجا ئابدۇللا بىلەن يەركەنگە كىرىپ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغانىدى. ھاكىمىيەتنىڭ ئىسمائىل خاننىڭ قولىغا ئۆتۈشى قارا تاغلىقلارنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. خانلىقنىڭ پۈتۈن دىنىي ھوقۇقى خوجا ئابدۇللانىڭ قولىغا ئۆتۈپ قارا تاغلىقلارنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىدۇ.

يولۋاسخاننىڭ ئوغۇللىرى ئىسمائىل خاندىن مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرگە چېكىنىدۇ. ئىسمائىل خان لەشكەر ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ. ھىدايىتۇللا غوجا ھەم قەشقەرگە يېنىپ كېلىدۇ.

«تەزكىرەئى ئەزىزان»دا «ئىسمائىل خان بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن خوجا ئاپپاق خوجامنى كاشغەردىن ھەيدەپ چىقاردىلەر»، دېيىلگەن[88].

ئەمما بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلاردا ئىسمائىل خان تەختكە چىقىپ قارا تاغلىقلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئاق تاغلىقلار ئۈستىدىن قاتتىق باستۇرۇش ئېلىپ بارغان، شۇنىڭ بىلەن ھىدايىتۇللا خوجا قەشقەردە تۇرالماي، ئىلاجىسىز كەشمىرگە چىقىپ كەتكەن، دەپ بايان قىلىنغان[89].

مەيلى قانداق ئەھۋالدا چىقىپ كەتكەن بولسۇن، ئۆز رەقىبلىرى بولغان قارا تاغلىقلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان شارائىتتا ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ يەركەن خانلىقىدا داۋاملىق تۇرۇۋېرىشى ھەرىكەت قىلىشىغا پايدىسىز ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك، قىساس تۈسىنى ئالغان كۈرەشلەرنىڭ داۋاملىشىۋېرىشى ئىسمائىل خاننىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن ھەم پايدىسىز بولۇپ، خانلىقنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ھاياتىدا تۈرلۈك مالىمانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ، خانلىققا تەھدىت بولۇپ قالاتتى. ئېھتىمال مۇشۇنداق بىر رېئاللىقنى چۈشەنگەن ئىسمائىل خان ھاكىمىيىتىگە بولغان تەھدىتنى يوقىتىش ۋە ئۆزىنى

قوللىغان قارا تاغلىقلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن هىدايىتۇللا خوجىنى يەركەن خانلىقى تەۋەلىكىدىن قوغلاپ چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

هىدايىتۇللا خوجا ئىسمائىل خان تەرىپىدىن قوغلانغاندىن كېيىن قەشقەردىن كەشمىرگە چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ يەردىن جاھانكەزدىلىك قىلىپ تىبەتكە بارىدۇ. ئاندىن لەنجۇغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ قوغلاندى قىلىنغاندىن كېيىنكى هاياتى ھەققىدە «تەزكىرەئى ئەزىزان»دا مۇنداق دېيىلگەن: «ئىسمائىل خان كاشغەردىن ھەيدەپ چىقارغاندا خىراج قىلىپ شەھەر بىشەھەر يۈرۈپ كەشمىر بىلەن ئۆزلەر چىن مەملىكىتىگە چۈشتى. ئاندىن جۇ (جيۇچۈەن بولۇشى مۇمكىن ـــ ھ. ئا) دېگەن يۇرتقا بېرىپ، بۇتخانىغا چۈشتى. چىن كافىرلەرىدىن بەرەھمەنلەر بار ئەردى»[90]. ئۇ ئۆزىنىڭ «كەشىپ كارامەتلىرى» بىلەن ئۇلارنى ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپ كۆڭلىنى ئۇتقاندىن كېيىن، ئۇلار ھىدايىتۇللادىن ئۇنىڭ كىملىكىنى، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سورىغان. سوئال قىلدىكى: «كىمدۇرسىز؟ قايسى تەرەپتىن كېلۇرسىز؟» ھەزرەت ئەيدىلەر: «مەن مۇسۇلمان فىرقەلەرىنىڭ ئالىم، سەيىدزادەسىدۇرمەن. خۇسۇسەن ياركەند، كاشغەر خەلقى مۇرىت ـ مۇخلىسىم ئەردى. ھالا بۇ شەھەرلەرنى بىراۋ مەندىن سويۇپ ئالدى ۋە مېنى قوغلاپ چىقاردى. سىزدىن ئىلتىماس قىلادۇرمەنكى، كىشى بۇيرۇپ مېنىڭ يۇرتۇمنى قولۇمغا ئالىپ بەرگەيسىز»[91].

بۇددىستلار لاماسىنىڭ ھىدايىتۇللانىڭ يىلىنىپ ئىلتىماس قىلىشلىرىغا ھېسداشلىق كېلىپ، ئۆزىنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى جۇڭغار ھۆكۈمرانى غالدان بوشۇقتۇغا خەت يېزىپ بېرىدۇ: بەرەھمەن ئەيدى: «بۇ يەردىن ئۇ يەرگە لەشكەر بارماغى دىشۋار دەپ قالماقچا خەت پۈتتى. «ئي بوشۇقتۇ خان، ئاپپاق بىسيار ئۇلۇغ، ئۆز دىنىدا كامىل مۇكەممەل كىشىدۇر. كاشغەرنىڭ ياركەندنىڭ خوجىسى ئىكەن. ئىسمائىل خان دېگەن مۇنىڭ يۇرتىنى سويۇپ ئالىپتۇر. كېرەككى لەشكەر ئىبەرىپ، يۇرتىنى قولىغا ئالىپ بەرگەيسەن ۋە ئەگەر سەۋەب قىلمىساڭ مۇشكۇل بولغۇسىدۇر».

خوجا ئاپپاق بۇ خەتنى ئېلىپ، قالماق تۆرىسىگە يەتكۈزدى»[92].

ئەسلىدىنلا يەكەن خانلىقىغا خىرىس قىلىپ، چىشىنى بىلەپ تۇرۇۋاتقان جۇڭغۇرلارغا بۇ خەت ياغدەك ياقاتتى. شۇڭا غالدان بوشۇقتۇ بۇ پايدىلىق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ 1679 ـ يىلى 30 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ بېرىپ قۇمۇل ـ تۇرپاننى بېسىۋالدى. بۇ رايونلارنى ئىسمائىل خاننىڭ ئىنىسى سەئىد باباخان سورىغانىدى. سەئىد باباخاننىڭ ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، ئۇلار ئابدۇرېشىت، مۇھەممەت ئىمىن، مۇھەممەت مۆمىنلەر ئىدى. ئابدۇرېشىت چوڭ ئوغۇل بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى ۋاقىت قۇمۇلنى سورىغانلىقى ئۈچۈن دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغان. بۇ ۋاقىتتا چالىشتىكى (قاراشەھەر) ئەسكەرلەرنىڭ خىراجىتى، ئاش ـ ئوزۇقى تۇرپاندىن يەتكۈزۈلۈپ بېرىلەتتى. ئابدۇرېشىتخان ئۇلارنى خىراجەتتىن قىسقان. نامىسىز ئاپتورنىڭ «قەشقەر تارىخى»دا بۇ ھەقتە «چالىشغە تۇرپاندىن مەئاش تىلەدىلەر. مەئاش ئىبەرمەدىلەر، ئاراغە نىزا تۇشتى»، دېيىلگەن[93]. مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ئاكا ـ ئۇكا ئوتتۇرىسىغا نىزا چۈشۈپ، مۇھەممەت ئىمىن خان بىر نەچچە قېتىم لەشكەر باشلاپ كېلىپ ئابدۇرېشىت خان بىلەن ئۇرۇشقان. بۇ پۇرسەتتىن جۇڭغارلار پايدىلىنىپ، غالدان ئارىغا چۈشۈپ، ئابدۇرېشىت خانغا پايدىلىق ھۆكۈم چىقارغان. مۇھەممەت ئىمىن خان ئارازلاپ تاغقا چېكىنگەن. شۇڭا غالدان تۇرپاننى بېسىۋېلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ خانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان ھەم غالداننىڭ يەكەن خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قەشقەر، يەكەنلەرگە قىلغان يۈرۈشلىرىگە ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەت مۆمىنلەرمۇ ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ قاتناشقان.

1680 ـ يىلى يازنىڭ ئاخىرىدا، غالدان ھىدايىتۇللا خوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن 120 مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ، يەكەن خانلىقىنىڭ غەربىي قىسمىغا ــ قەشقەرگە يۈرۈش قىلدۇ. ئۇلار ئاقسۇ ـ ئۇچتۇرپانلاردىن ئۆتۈپ ناھايىتىمۇ تېزلىك بىلەن

قەشقەرگە باستۇرۇپ كېلىدۇ.

قەشقەردە ئىسمائىل خاننىڭ ئوغلى باباق سۇلتان جوڭ-غارلارغا قارشى قوزغىلىپ جەڭ قىلغان بولسىمۇ، كۆپ قوشۇنغا تەڭ تۇرالماي، جەڭدە ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر قول-دىن كېتىدۇ. قەشقەر خەلقى ئىلاجىسىز ئۇلارغا باش ئېگىپ ئىت-تائەت قىلىدۇ، غالدان قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كې-يىن، يەكەنگە قاراپ ئاتلىنىدۇ.

ئىسمائىل خانمۇ قوشۇن باشلاپ چىقىپ ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلغان بولسىمۇ، جۇڭغار قوشۇنلىرىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ، خەلق-نىڭ كۆپ قىرىلىپ كېتىۋاتقىنىغا چىدىماي شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىشكە پەرمان قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن 165 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقى مۇنقەرىز بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن خوجىلارنىڭ ئاز كەم 80 يىل داۋام قىلغان جاھالەتلىك دەۋرى باشلىنىدۇ.

ئىزاھلار:

① «تارىخى رەشىدىي»دە تۇغلۇق تۆمۈر ئېسەن بۇقىنىڭ ئوغلى دې-يىلگەن («تارىخى رەشىدىي»، خەنزۇچە نەشرى، ئۈرۈمچى، 1985 - يىل، 1 - قىسىم، 151 — 155 - بەتلەر). لېكىن ئىلىم ساھەسىدە بۇنىڭغا قا-رىتا باشقىچە قاراشلار بار. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ماتېرىياللارغا قارالسۇن. ليۇ جېڭيىن، «خوجىلار گۇللىنىشتىن ئىلگىرى ئىسلام دىنى مەزھەپلە-رىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ئارقا كۆرۈ-نۈشى»، «دۇنيا دىنلىرى تەتقىقاتى»، 1991 - يىل 4 - سان، 62 — 63 - بەتلەر، ۋېي لياڭتاۋ، «يەكەن خانلىقى تارىخىي ئوچېرىكلىرى»، خاربىن، 1994 - يىل، 38 — 39 - بەتلەر؛ ۋ. ۋ. بارتولد، «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك-لىرى تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، خەنزۇچە نەشرى، 212 — 213 - بەتلەر.

② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۈرۈمچى، 1990 - يىل، 276 - بەت.

③④ ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ، «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، بېيجىڭ، 1995 - يىل، 169 — 170 - بەتلەر.

⑤⑥ مىرزا ھەيدەر كوراگان، «تارىخى رەشىدىي»، 1 - قىسىم، 163 —

165 ـ بەتلەر.

⑦ پايان رەۋشەنوف: «تۆمۈرنامە ھەققىدە سۆز» — «تۆمۈرنامە» (سۆز بېشى ئورنىدىكى ماقالە)، تاشكەنت، 1591 ـ يىل، 6 ـ بەت.

⑧ ھاجى نۇر ھاجى، چىن گوگۇاڭ، يۇقىرىدىكى كىتاب، 175 ـ بەت.

⑨⑩⑪ «جالالىدىن بۇخارىي، تۇغلۇق تۆمۈرخان، مۇھەممەت شېرىپ ۋە ئابدۇرېشىت خانلارغا دائىر ۋەقەلەر» — «شىنجاڭ دىن تەتقىقات ماتېرىياللىرى»، 16 ـ توپلام.

⑫ ھاجى نۇر ھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، ئۈرۈمچى، 1993 ـ يىل، 233 ـ بەت.

⑬ مىرزا ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، 2 ـ قىسىم، 9 ـ بەت.

⑭ مىرزا ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، 1 ـ قىسىم، 327 ـ بەت.

⑮ مىرزا ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، 2 ـ قىسىم، 88 ـ بەت.

⑯ ئابدۇقادىر داۋۇت: «يەكەن تارىخى توغرىسىدا» — «يەكەن ئەدەبىياتى»، 1982 ـ يىل، 1 ـ سان، 56 ـ بەت.

⑰⑱⑲ مىرزا ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، 1 ـ قىسىم، 346 ـ بەت.

⑳ مىرزا ھەيدەر: «تارىخى رەشىدىي»، 2 ـ قىسىم، 320 — 321 ـ بەتلەر.

㉑ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىي»، بېيجىڭ، 1986 ـ يىل، 125 ـ بەت.

㉒ زەلىلى: «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەت شېرىپ بۇزرۇكۋار» — «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» (قەشقەر)، 1984 ـ يىل، 1 ـ سان، تۇرسۇن يۇنۇس، «مەلىكە ئامانىسا خېنىم»، ئۈرۈمچى، 1996 ـ يىل.

㉓ شاھ مەھمۇت جوراس: «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، قەشقەر، 1989 ـ يىل 15 ـ بەت (تۆۋەندە كىتاب نامى ئېلىنماي، ئاپتورنىڭ ئىسمى بىلەن كىتابنىڭ بەت سانىلا كۆرسىتىلىدۇ).

㉔ مەخدۇم ئەزەمنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى بەزى قوليازمىلاردا (مەسىلەن: «مەتلەب ئەت تالىبىن») 951 ـ يىلى (مىلادىيە 1544 ـ يىلى) دەپ كۆرسىتىلگەن، كۆپىنچە قولىيازمىلاردا (مەسىلەن: «سىلسىلە تۇززەھەب») ۋە ئىلمىي ئەسەرلەردە 949 ـ يىلى (مىلادىيە 1541 ـ يىلى) دەپ كۆرسىتىلگەن. بىزمۇ مۇشۇنى توغرا تاپتۇق.

㉕ مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 1988 ـ يىل، قەشقەر، 31 ـ بەت.

㉖ ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقى تارىخىي ئوچېركلىرى»، 108 ـ بەت.

㉗㉘ مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 37 ـ بەت.

㉙㉚㉛㉜㉝ شاھ مەھمۇت جۇراس، 30 ـ 31 ـ، 32 ـ، 33 ـ بەتلەر.

㉞ «تەزكىرەئى ھىدايەت» ـــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1989 ـ يىل (2 ـــ 3) سان، 121 ـ بەت.

㉟ مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 36 ـ بەت.

㊱㊲㊳㊴ شاھ مەھمۇت جۇراس، 33 ـــ 34 ـ بەتلەر.

㊵㊶ شاھ مەھمۇت جۇراس، 34 ـــ 35 ـ بەتلەر.

㊷ مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 41 ـــ 42 ـ بەتلەر.

㊸ شاھ مەھمۇت جۇراس: «تارىخ» (پارسچە ئەسلى تېكست، رۇسچە تەرجىمىسى، ئىزاھ، چۈشەندۈرۈش ۋە تەتقىقاتلار قوشۇپ نەشر قىلىنغان رۇسچە نەشرى)، مۇسكۋا، 1976 ـ يىل، 277 ـ بەت، نەقىلدىن ئېلىندى.

㊹ شاھ مەھمۇت جۇراس، 44 ـ بەت.

㊺ شاھ مەھمۇت جۇراس، 207 ـــ 209 ـ بەتلەر.

㊻ شاھ مەھمۇت جۇراس، 59 ـ بەت (مۇشۇ بەتتە خاتا ھالدا خوجا يەھيا مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغلى دېيىلگەن، ئەمەلىيەتتە خوجا يەھيا خوجا ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئىدى. شۇ كىتابنىڭ ئۆزىدىمۇ شۇنداق يېزىلغان يەرلەر بار، 210 ـ بەت).

㊼㊽ شاھ مەھمۇت جۇراس، 210 ـ بەت.

㊾ شاھ مەھمۇت جۇراس، 143 ـــ 144 ـ بەتلەر.

㊿ شاھ مەھمۇت جۇراس، 208 ـ بەت.

(51) شاھ مەھمۇت جۇراس، 62 ـ بەت.

(52) شاھ مەھمۇت جۇراس، 106 ـ بەت.

(53) شاھ مەھمۇت جۇراس، 108 ـ بەت.

(54)(55)(56)(57)(58) شاھ مەھمۇت جۇراس، 116 ـ، 117 ـ، 118 ـ بەتلەر.

(59) تۇرسۇن يۇنۇس: «مەلىكە ئامانىسا خېنىم»، ئۈرۈمچى، 1996 ـ يىل، 168 ـــ 170 ـ بەتلەر.

(60)(61) «سىلسىلە تۇززەھەب» (قولىيازما).

(62)(67)(68)(70) «سىلسىلە تۇززەھەب»؛ «چوڭ خوجىلار تەزكىرىسى».

⑥③ «باياز I »، ئۈرۈمچى، 1995 ـ يىل، 25 ـ بەت.
⑥④ شاھ مەھمۇت جۇراس، 212 ـ 214 ـ بەتلەر.
⑥⑤ شاھ مەھمۇت جۇراس، 128 ـ بەت.
⑥⑥⑦①⑧① مۇھەممەد سادىق كاشغەري: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 42 ـ بەت.
⑦② ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ، «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 268 ـ بەت.
⑦③ شاھ مەھمۇت جۇراس، 144 ـ بەت.
⑦④⑦⑤ شاھ مەھمۇت جۇراس، 215 ـــ 216 ـ بەتلەر.
⑦⑥ «تەزكىرەئى ھىدايەت» (قولىيازما)
⑦⑦⑧⓪ مۇھەممەد سادىق كاشغەري: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 44 ـــ 46 ـ بەتلەر.
⑦⑧⑦⑨ شاھ مەھمۇت جۇراس، 208 ـــ 210 ـ بەتلەر.
⑧② قۇربان ۋەلى خالىدى: «تەۋارىخى خەمسەئى شەرقى» (بۇ نەقىل ليۇ زىشياۋنىڭ «ئۇيغۇر تارىخى»، بېيجىڭ، 1987 ـ يىل، 1 ـ قىسىم، 2 ـ كىتاب، 813 ـ بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىندى).
⑧③ ئابدۇقادىر داۋۇت: «ئاپپاق خوجا ھەققىدە مۇلاھىزە» ـــ «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى»، قەشقەر، 1984 ـ يىل، 1 ـ سان، 87 ـ بەت.
⑧④ ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 2 ـ كىتاب، 799 ـ بەت.
⑧⑤ شاھ مەھمۇت جۇراس، 190 ـ بەت.
⑧⑥ نىزامىدىن ھۈسەيىن: «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى» ـــ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1989 ـ يىل، 2 ـــ 3 ـ سان، 139 ـ بەت.
⑧⑦ شاھ مەھمۇت جۇراس، 109 ـ بەت.
⑧⑧ مۇھەممەد سادىق كاشغەري: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 47 ـ بەت.
⑧⑨ ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقى تارىخى ئوچېركلىرى»، 142 ـ بەت، ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ، «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 276 ـ بەت.
⑨⓪⑨①⑨② مۇھەممەد سادىق كاشغەري: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، 48 ـــ 50 ـ بەتلەر.
⑨③ ۋ. ۋ. بارتولد: «ئەسەرلەر»، Ⅷ توم، موسكۋا، 1973 ـ يىل، 188 ـ بەت.

# كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى

ئەركىن مۇھەممەت

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى زىددىيەت ۋە تاشقى كۈچلەرنىڭ تەسىرى بىلەن يىمىرىلگەندىن كېيىن، بۇ خانلىقتىكى خەلق ۋە خان جەمەتى ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئۆز ماكانلىرىنى تاشلاپ باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتتى. جەنۇبقا كۆچ-كەن ئۇيغۇرلار نۇرغۇن داۋالغۇش ۋە بېسىم تۈپەيلىدىن ئاخىرى ھالاك بولۇپ تۈگەشتى. پانتېكىن باشچىلىقىدىكى 15 قەبىلە قىر-غىزلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن غەربكە كۆچتى، بۇلارنىڭ بىر قىسمى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى، يەنە بىر قىسمى پانتېكىن باشچىلىقىدا جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ كۇسەنگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. مۇشۇ ئۇيغۇرلاردىن بېشبالىق ئەتراپىدا ياكى بوغدا تېغى ئەتراپىدا 200 مىڭدەك كىشى قالغانىدى. بۇ ئۇيغۇرلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا كەلگەندە قىرغىز، تىبەتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. بۇ خانلىق كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بىراق، «سۇڭ سۇلا-لىسى تارىخى. كۇسەن تەزكىرىسى»دە «بۇ خانلىق خانى (كۇسەن خانى) ئۆزىنى ئارسلان خان دەپ ئاتايتتى، سېرىق كىيىم كىيەتت-تى، بېشىغا ئىپسىل ياقۇتلار قوندۇرۇلغان تاج كىيەتتى ھەمدە توققۇز ۋەزىر بىلەن بىرلىكتە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇراتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ بايانلاردىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئورخۇن خانلىقىنىڭ قوش قاتلاملىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قوللانغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە

تۈركلەرنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىنىمۇ قوللانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشـ ـقا بولىدۇ. مەسىلەن: كۆكتۈرك ۋە ئورخۇن خانلىقلىرىدا شاد، تېكىن، يابغۇ، ئىلتەبىر، ئېركىندىن ئىبارەت 28 دەرىجە، يەنە ئالتە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى، ئۈچ ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىدىن ئىباـ ـرەت توققۇز ۋەزىر بار ئىدى.

كۇسەن ئۇيغۇر خانى ئارسلان خان دەپ ئاتالغان. شۇنداقلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانىمۇ 981 ـ يىلىدىن تارتىپ ئۆزىنى ئارسلان خان دەپ ئاتىغان. بۇ ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. تەتقىـ ـقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى مىللەتـ ـلەر قۇرغان ھاكىمىيەتلەردە خانلىقتىكى بىر جەمەت قېرىـ ـنداشلار دائىم قوش خانلىق تۈزۈمىنى قوللىناتتى. مەسىلەن: خانلىق ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈنۈپ، بىر تارمىقى ئارسلان خان، يەنە بىر تارمىقى مۇئاۋىن خان بولۇپ بۇغراخان دەپ ئاـ ـتىلاتتى. بىراق، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان كۇسەن خانىمۇ ئوخشاشلا ئارسلانخان دەپ ئاتالغان. كۇسەن خانى بىلەن ئىدىقۇت خانىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىدىمۇ قوش خانلىق تۈزۈـ ـمىنىڭ ئوخشاشلىق تەرەپلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يۇقىرىدا مىسال ئېلىنغان «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. كۇسەن تەزكىرىـ ـسى»دە «كۇسەن ئۇيغۇر خانى سېرىق كىيىم، تاج كىيەتتى» دېـ ـيىلگەن. بۇنىڭدىن كۇسەن خانىنىڭ سېرىق كىيىم، تاج كىيىشى چۆللۈكنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىدىن قالغان ئادەت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئىدىقۇت خانلىقىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كىيىملەرنى كىيگەن، ئۇنچە ـ مەرۋايىتلارنىمۇ تاقىغان.

ئۇيغۇرچە يازما خاتىرىلەردە «ئىدىقۇت خانى بايرام كۈنلىرى ئۇنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن تەختىراۋاندا ئولـ ـتۇرۇپ، بېشىغا خانلىق تاج، ئۈچىسىغا قىزىل رەڭلىك تون كىـ ـيەتتى»، دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىـ ـياللاردا «... سېرىق كىيىم كىيەتتى»، دەپ خاتىرىلەنگەن.

كوسەن ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدىمۇ خېلى ئوخشاشلىق بار ئىدى. مەسىلەن: «سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»نىڭ 4 ـ، 13 ـ، 14 ـ جىلدلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە ئارسلانخاننىڭ قول ئاستىدا ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلاردىن زوراغالىق بېگى، ئالتۇن جۇلالىق ئىناۋەتلىك تۆرە، مۇپەتتىش خەلىپە بېگى، سول قول خىسلەت قۇچقۇچى چوڭ سانغۇن، ئوردا مۇپەتتىشى، ئاستانە ئەتراپىدىكى سۈيۈرغال قىلىپ بېرىلگەن تۆھپىدار ئالىي دۆلەت ئەركانى، نازارەتچى زالىم ھەكەم، تۇتۇق قاتارلىق مەنسەپدارلار بار ئىدى.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم بايانلار» دېگەن كىتابتا «غەربتىكى ئۇيغۇرلار يەنە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەمەل ـ مەنسىپى، كىيىنىشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، شەھەرلىرى، يوللىرى كوسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭكىگە ئوخشاش ئىدى»، دەپ خاتىرىلەنگەن. بىز بۇنىڭدىن كوسەن ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

«سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. كوسەن تەزكىرىسى»دىكى بايانلارغا قارىغاندا، كوسەن خانلىقى غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى ياكى غەربىي كوسەن خانلىقى دەپمۇ ئاتالغانىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كوسەن ئۇيغۇرلىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولۇپ، خاندانلىقتىكى قوش خان كوسەن بىلەن ئىدىقۇتتىن ئىبارەت ئىككى جايدا ئىدى. XIII ئەسىردە ياشىغان فرانسىيىلىك ئالىم رېينائۇد (1273 ــ 1331) «ئابۇلفىدا» دېگەن ئەسىرىدە IX – X ئەسىرلەردىكى ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرى توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتىغان تۈركلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان. X ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسى مەسئۇد توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختى «كۇشۇ» دەپ يازغان. مەسئۇد كۆرسەتكەن كۇشۇ دەل كوسەن ئىدى.

بابېرى مىنارد بولسا «كۇشۇ جۇڭگو تارىخىي ماتېرىياللىد-
رىدا خاتىرىلەنگەن ئىدىقۇت ئىدى»، دەپ تەشەببۇس قىلغان.
دېمەك، كۇسەن (كۇچا) بىلەن ئىدىقۇتتىن ئىبارەت ئىككى
جايدىكى ئارسلانخانلار كۆكتۇرك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرىد-
دىن قالغان ئەنئەنىۋى قوش خانلىق تۈزۈمنىڭ مەھسۇلىدۇر.

# قاراخانىيلارنىڭ «ئۈلۈش يەر تۇزۇمى» توغرىسىدا

نۇرۇللا مۆمىن

قاراخانىيلار سۇلالىسى IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە پامىرنىڭ شىمالىدا ياشىغان ئۇيغۇر تۈركىي خەلقلەر قۇرغان ھاكىمىيەت بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ تارىخ سەھنىسىدە زور رول ئوينىغان خانلىقلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

نۆۋەتتە، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە يولغا قويۇلغان ھەرخىل تۇزۇملەر ئۈستىدە، جۈملىدىن ھەرخىل ئىگىدارچىلىق (مۈلۈكچىلىك) قىلىش تۇزۇملىرى ئۈستىدە كۆپلىگەن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلماقتا.

بۇ ماقالەدە نۆۋەتتە ئېلان قىلىنىۋاتقان ماتېرىياللارغا ئاساسەن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش تۇزۇملىرىدىن بىرى بولغان «ئۈلۈش يەر تۇزۇمى» ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

**1. «ئۈلۈش يەر تۇزۇمى»نىڭ كېلىپ چىقىشى**

«ئۈلۈش يەر تۇزۇمى» بىرخىل تۆھپىلىك يەر تۇزۇمى بولۇپ، ئۇ دۆلەت يەرلەرنى خىزمەت كۆرسەتكەن ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا، شۇنداقلا ئوردىدىكى مەسئۇل خادىملارغا ھەدىيە قىلىپ بېرىدىغان، ھەدىيە قىلىنغان يەرلەر ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالمايدىغان، بۇنداق يەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر دۆلەتكە مەلۇم مىقداردا باج ـ سېلىق تاپشۇرىدىغان يەر تۇزۇمىدىن ئىبارەت.

هازىر ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە بۇ خىل يەر تۈزۈمىنىڭ قايسى دەۋردە بارلىققا كەلگەنلىكى ۋە ئاخىرى قانداق يىمىرىلگەنلىكى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بىر خىل قاراشتىكىلەر: «ئۆلۈش يەر تۈزۈمى» سامانىيلار سۇلالىسى (مىلادى 874 ـ 999 ـ يىللار)نىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرى (X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى)دە بارلىققا كەلگەن دەيدۇ[1].

بۇ خىل قاراشتىكىلەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمىنىڭ ئىلگىرىكى ئۇيغۇر، ياغما، قارلۇق، ئوغۇز قاتارلىق تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسىگە كۆپ تەرەپلىمە ۋارىسلىق قىلغانلىقى، بولۇپمۇ سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە يولغا قويۇلغان «ئۆلۈش يەر تۈزۈمى» نىڭ داۋامى، بۇ خىل تۈزۈم سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشقان، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ.

ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر بولسا: «ئۆلۈش يەر تۈزۈمى» ئەرەب ئۇمەييە خەلىپىلىكى (مىلادى 661 ـــ 750 ـ يىللار)دە مەيدانغا كەلگەن بىر خىل يەرنى ئىنئام قىلىش تۈزۈمى، دەيدۇ[2]. بۇ خىل قاراشتىكىلەر «ئۆلۈش يەر تۈزۈمى»نىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغانناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەنلىكى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى يەر تۈزۈمىنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزئارا ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە يولغا قويۇلغان بۇ خىل يەر تۈزۈمىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر رايونىدا بارلىققا كەلگەن ھەرقايسى خاندانلىقلار يولغا قويغان يەر تۈزۈمىگە كۆپ تەرەپلىمە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەرەب ئابباسىيلار سۇلالىسى (مىلادى 750 ـــ 1258 ـ يىللار)نىڭ «ھەقدارلىق»[3] نامىدىكى بىرخىل تۆھپىلىك يەرتۈزۈمىنى «ئۆلۈش يەر تۈزۈمى»نىڭ باشقىچە ئاتىلىشى، دەپ قارايدۇ.

مېنىڭچە، «ئۇلۇش يەر تۈزۈمى»نىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرىنى پەقەت سامانىيلار سۇلالىسى بىلەنلا چەكلەپ قويغىلى بولمىسا كېرەك. چۈنكى تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ يەر تۈزۈملىرى ئىنتايىن ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان، كۆپ ھاللاردا ئۆز ئارا ۋارىسلىق قىلىش مۇناسىۋىتىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن. سامانىيلار دەۋرىدە يولغا قويۇلغان يەر تۈزۈمىمۇ ئوخشاشلا ئەرەب خەلىپە ھۆكۈمىتى يولغا قويغان يەر تۈزۈملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇ ھەقتە، تارىخچى ئەنۋەر بايتۇر: «مىلادى 922 ـ يىلى تەختكە چىققان ھارۇن بۇغراخان ئەۋۋەل دەۋرىدىن باشلاپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى يەنە ‹ئىقتا› (ئۇلۇش يەر) دېگەن بىر خىل تۈزۈمنى يولغا قويدى. ئىقتا تۈزۈمى ئەسلىدە ئەرەب ئۇمەييە خەلىپىلىكىدە مەيدانغا كەلگەن بىر خىل يەرنى ئىنئام قىلىش تۈزۈمى بولۇپ، بۇ تۈزۈم ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تارقالغاندى»[4]، دەپ كۆرسەتكەن.

شۇڭلاشقا سامانىيلار سۇلالىسىنى «ئۇلۇش يەر تۈزۈمى»نىڭ ئىجادچىسى ئەمەس، بەلكى بۇ خىل تۈزۈمنىڭ بېيىتقۇچىسى (جارى قىلدۇرغۇچىسى) دېيىشكە بولىدۇ، خالاس.

ئىككىنچى خىل قاراش، نۆۋەتتە تەتقىقات ساھەسىدە خېلى ئېتىراپ قىلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى بۇ خىل قاراشتىكىلەر قاراخانىيلار يولغا قويغان «ئۇلۇش يەر تۈزۈمى»نىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بارلىققا كەلگەن خانلىقلارنىڭ يەر تۈزۈمى بىلەن زىچ باغلىنىشى بارلىقىنى تۇتقا قىلىپ، بۇ خىل يەر تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرىنى تاكى ئەرەب ئۇمەييە سۇلالىسىغىچە باغلىغان. بۇ، بىزنىڭ مەركۇر تېمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىزدىكى مۇھىم يىپ ئۇچى.

دەرۋەقە، ئۇمەييە سۇلالىسى دەۋرىدە «مۇلۇك»[5] دەپ ئاتىلىدىغان بىرخىل يەر تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، بۇنداق يەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر خەلىپىگە باج ـ سېلىق تاپشۇراتتى، ئەمما يەرنى خۇسۇسىي ئۆزلەشتۈرۈۋالالمايتتى. بۇخىل يەر تۈزۈمى

«ئۇلۇش يەر تۇزۇمى»نىڭ ئەڭ دەسلەپكى گەۋدىسى ئىدى. ئەرەب ئاباسىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، بۇخىل يەر تۇزۇمى تېخىمۇ ئومۇملىشىپ، «ھەقدارلىق» نامىدىكى يەر تۇزۇمى شەكلى بىلەن يولغا قويۇلغان. «مۇلۇك»لۇك يەر تۇزۇمى بىلەن «ھەقدارلىق» يەر تۇزۇمى شەكىل جەھەتتىن بىرئاز پەرقلەنسىمۇ، ئەمما، ماھىيەت جەھەتتىن، ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئىككى خىل يەر تۇزۇمى، ئوخشاشلا «ئۇلۇش يەر تۇزۇمى»نىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدۇر. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، ئاباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قاراپ كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشى بىلەن، بۇخىل يەر تۇزۇمى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا (جۈملىدىن ماۋەرائۇننەھر رايونىدا) يۈرگۈزۈلۈشكە باشلىغان. بولۇپمۇ سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە خېلى زور دەرىجىدە ئومۇملاشقان. قاراخانىيلار دەۋرىدە بولسا تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىپ، دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ھۆكۈمرانلىق تۈزۈملىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ھالبۇكى، «ئۇلۇش يەر تۇزۇمى» نىڭ قاچانغىچە داۋاملاشقانلىقى ۋە قانداق يىمىرىلگەنلىكى توغرىسىدا يېتەرلىك مەلۇمات يوق. يۇقىرىقى ئىككى خىل قاراشتىكىلەرمۇ بۇ توغرىسىدا ھېچ-قانداق توختالمىغان. ئەمما شۇنى ئېتىراپ قىلىش لازىمكى، «ئۇ-لۇش يەر تۇزۇمى» مۇ بىر خىل فېئوداللىق يەر تۇزۇمى، شۇنداقلا فېئودالىق يەر تۇزۇمىنىڭ بىرخىل روشەن ئالاھىدى-لىكى. بۇخىل فېئودالىق يەر تۇزۇمى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا فېئودالىق تۈزۈم يىمىرىلگەنگىچە داۋاملاشقان.

### 2. قاراخانىيلارنىڭ «ئۇلۇش يەر تۇزۇمى»

قاراخانىيلار سۇلالىسى سامانىيلار سۇلالىسىنى ئاغدۇرغان (مىلادى 999 ـ يىلى)دىن كېيىن، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جە-ھەتلەردە بىرقاتار تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى، جۈملىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتە «ئۇلۇش يەر تۇزۇمى» نى يولغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلىد-

رىغا «ئۇلۇش يەرلەر»نى ھەدىيە قىلىپ بەردى ۋە بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلدى. بۇ ھەقتە، ب. غ. غاپوروفنىڭ «تاجىكلار تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى شۇكى، دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلار قاتلىمىنىڭ ۋەكىللىرىگە ‹ئۇلۇش يەر› ھەدىيە قىلىش يولغا قويۇلدى. بۇخىل ‹ئۇلۇش يەر› ‹ئىقتا› دەپ ئاتىلاتتى. ئىسلام دىنى شەرىئىتىدە ئىقتالىق ئىش ھەققى ئورنىدا قوللىنىلغان. سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىلىك خان ئۇچۇن خىزمەت قىلىشقا ئۈزگەرگەن نۇرغۇن كاتتا ئەمەلدارلىرىمۇ ئىقتادىن بەھرىمەن بولغۇچىغا ئايلاندى»[6]، دېيىلگەن. ھاجى نۇرھاجىنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىدا: «قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ، يېزا جامائەسىنىڭمۇ مۇئەييەن مىقداردا يېرى بولۇپ، بۇ خىل يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلى ‹ئىقتا› دەپ ئاتىلاتتى. ‹ئىقتا› پارسچە سۆز بولۇپ ‹ئىگىسى› دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. ‹ئىقتا› نامىدىكى يەرلەرنى تېرىغان دېھقان باج شەكلى بىلەن سېلىق تۆلەيتتى، يەنى ‹ئىقتا› يەرنى تېرىغان دېھقاندىن مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىنى سېلىق سۈپىتىدە تۆلىتىۋېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان» [7]، دېيىلگەن. بارتولدنىڭ «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان» ناملىق كىتابىدا : «پامىرنىڭ غەربىي رايونىدا قاراخانىيلار دۆلەت بىۋاستە ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمىنى ساقلاپ قالدى. ئۇلار يەرنىڭ بىر قىسمىنى خان جەمەتىدىكىلەرگە نەسەبلىك زېمىن قىلىپ بېرىۋەتتى. بۇنداق يەرلەرگە ئىگە بولغانلار ‹ئىلىك خانلار› دەپ ئاتىلاتتى. قالغان بىر قىسىم يەرنى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۈزۈمى بويىچە، ‹ئىقتا› دېگەن نام بىلەن ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىگە ئۆمۈرلۈك زېمىن قىلىپ بەردى»[8]، دېيىلگەن.

ئومۇمەن، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە يولغا قويۇلغان «ئۇلۇش يەر تۈزۈمى» نۇرغۇن تارىخىي مەنبەلەردە ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل ۋە ھەرخىل ناملار بىلەن خاتىرىلىنىپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم بىر يەر تۈزۈمى سۈپىتىدە چۈشەندۈرۈلگەن. قاراخانىيلار

دەل بۇ خىل يەر تۇزۇمىنى كەڭ يولغا قويۇپ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى زېمىنلارنى خان جەمەتىگە، ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن ساناۋ-غۇنلارغا ھەم دۆلەت ئەمەلدارلىرىغا «ئۇلۇش يەر» سۈپىتىدە ھەددىيە قىلىپ بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق باشقۇرغان. بۇنداق يەرگە ئىگە بولغان كىشىلەر «ئۇلۇش يەر ئىگىلىرى» دەپ ئاتالغان. ئۇ-لۇش يەر ئىگىلىرى ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يەرلەر-نى دېھقانلارغا تىرىكتۇزاتتى. دېھقانلار يەر كىرىمىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇلۇش يەر ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ، ئاز بىر قىسمىنى ئۆز تۇرمۇشىنى قامداشقا سەرپ قىلاتتى. ئۇلۇش يەر ئىگىلىرى يەرلەرنى خۇسۇسىي ئۆزلەشتۇرۇۋالمايتتى، يەنى يەرنى سېتىش ۋە ۋەخپە قىلىشتىن مەھرۇم قىلىنغانىدى. ئۇلار يەنە جايلاردىكى ئىلىك خانلارغا بېقىناتتى ۋە مەلۇم مىقداردا باج ـ سېلىق تۆ-لەيتتى، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە بولسا ئۆز ئالدىغا قوشۇن تەش-كىللەپ، ئىلىك خان بىلەن بىرلىكتە جەڭگە چىقاتتى. بۇ ھەقتە نىزامۇلمۇلۇكنىڭ «سىياسەتنامە» دېگەن كىتابىدا ئۇلۇش يەر ئىگىلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئىقتا ئى-گىلىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن باجدىن سىرت، يەنە دېھقانلاردىن ئوشۇقچە باج ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولمايدۇ. ئىقتا ئىگىلىرى باج يىغقان چاغدا دېھقانلارنىڭ ھاياتىغا، مال ـ مۈلكىگە، خوتۇن ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك»[9]، دېيىلگەن.

لېكىن، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇلۇش يەر ئىگىلىرى يەرلەرنى تەدرىجىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋې-لىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. دۆلەتكە تاپشۇ-رىدىغان باجنىمۇ ۋاقتىدا تاپشۇرماي، مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل بولۇشقا ئۇرۇندى. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدى-كى «ئۇلۇش يەرلەر»، ئەمەلىيەتتە ۋاقىتلىق ئىنئامدىن مۇددەت-سىز ئىنئامغا ۋارىسلىق قىلىنىدىغان يەرلەرگە ئايلىنىشقا باش-لىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەرلىك دېھقانلاردىن كېلىپ چىققان بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرمۇ مەلۇم مىقداردىكى ئۇلۇش يەرلەردىن بەھرىمەن بولۇپ، تەدرىجىي يوسۇندا يېڭى ئۇلۇش يەر ئىگىلىرد-

گە ئايلىنىشقا باشلىدى. ب. غ. غاپوروف «تاجىكلار تارىخى» ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ: «قاراخانىيلار سۇلالىسى ماۋەرائۇننەھر رايونىنى بويسۇندۇرغان چاغدا، دېھقانلار ماۋەرائۇننەھر رايونىدا ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قالالايدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. شۇڭا، ئۇلار ناھايىتى تېزلىكتە قاراخانىيلار سۇلالىسىگە بېقىندى. ناسىر ئىلىك خان خۇراسانغا يېڭىباشتىن ئەسكەر چىقارغان چاغدا، ئۇ ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى دېھقانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە دېھقانلار ئەتىۋارلاندى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇلۇش يەر ئىگىلىرىگە ئايلاندى»[10]، دەپ زىكىر قىلغان.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، گەرچە كۆپلىگەن دېھقانلار ئۇلۇش يەر ئىگىلىرىنىڭ يەرلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بىر قىسىم دېھقانلار يەنىلا مەلۇم مىقداردا يەرگە ئىگە بولغان. كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، مانا بۇ دېھقانلاردىن كېلىپ چىققان ئاقسۆڭەكلەر پەيدىنپەي يېڭى ئۇلۇش يەر ئىگىلىرىگە ئايلىنىشقا باشلىغان ھەمدە يەرلەرنى ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلاندۇرۇۋالغان.

شۇ ۋەجىدىن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندە، خاننىڭ نوپۇزى كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلەپ كەتتى، جايلاردىكى ئۇلۇش يەر ئىگىلىرى ئەپلىك جۇغراپىيىلىك شارائىتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەيلىچە ئىش كۆردى ۋە خاننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىپ، بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار يەنە مەركەزگە باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلىپ، ھەرۋاقىت مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل بولۇشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قايسى ئۇلۇش يەر ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىچكى نىزا شەكىللىنىپ، ئۆز ئارا دۈشمەنلىشىدىغان، ئۆزئارا تالاش ـ تارتىش قىلىشىدىغان

ئەھۋاللار بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇ-شىمۇ ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بولۇپمۇ ماۋەرا-ئۈننەھر رايونىدىكى دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلاش-تى.چۈنكى ئۇلۇش يەر ئىگىلىرى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئا-جىزلاشقانلىق پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز مەيلىچە دېھقانلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلدى. نەتىجىدە نۇرغۇنلىغان دېھقانلار ۋەيران بولۇپ، ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

بۇنىڭ بىلەن، خانلىقنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ جايلاردىكى ئۇلۇش يەر ئىگىلىرىنىڭ قالايمىقان ئۇ-رۇشلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز بولۇپ تۇردى. بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ ئۇ-زۇلمەي داۋاملىشىشى دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە مۇقىمە-سىزلىق پەيدا قىلىپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرد-شى ئۈچۈن پايدىلىق شەرت ـ شارائىتنى تەييارلاپ بەردى. ئاخى-رى قاراخانىيلار سۇلالىسى يولغا قويغان «ئۇلۇش يەر تۈزۈمى» دۆلەتنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

**پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:**

① ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىش گۇرۇپپىسى تۈزگەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 183 ـ بەت.

② ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 104 ـ بەت.

③④ ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر-نىڭ تارىخى»، 696 ـ، 695 ـ بەتلەر.

⑤ جۇخۇەننىڭ مەسئۇل تەھرىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «دۇنيانىڭ ئوت-تۇرا قەدىمكى زامان تارىخى»، 478 ـ، 472 ـ بەتلەر.

⑥⑩ ب. غ. غاپۇروف : «تاجىكلار تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى 210 ـــ

211 ـ بەتلەر.

⑦ ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 103 ـ بەت.

⑧ بارتولد: «موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى تۈركىستان»، (ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1 ـ قىسىم، 335 ـ ۋە 336 ـ بەتلەردىن نەقىل ئېلىنغان.)

⑨ نىزامۇلمۇلۇك: «سىياسەتنامە»، (ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن تېزىس» ناملىق كىتابنىڭ 175 ـ بېتىدىن ئېلىنغان نەقىل.)

# شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ئۈچ پارچە تارىخىي ئەسىرى ھەققىدە

ئابلىز ئورخۇن

1514 ـ يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى يەنە بىر قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرىنى ئاچتى. بۇ خانلىقمۇ گەرچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەر خىل ئىچكى نىزالار، ئۇزۇلمەس مەزھەپچىلىك كۈرەشلىرىگە پېتىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن 168 يىل داۋام قىلغان مۇشۇ نىسپىي تىنچ ـ لىق دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرى ـ رىشتى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە قوشۇلغان رەڭگارەڭ ئەسەرلەر ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە سېلىشتۇرغاندا ناھا ـ يىتى كۆپ بولدى. بۇ جەرياندا ھەر خىل بەدىئىي ئەسەرلەردىن سىرت، يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تەرەپلىرىنى يورۇتقۇچى مەخسۇس تارىخىي ئەسەرلەرمۇ مەيدانغا كەلدى. ئا ـ تاقلىق تارىخچى، دۆلەت ئەربابى مىرزا ھەيدەر كوراگان تەرىپىد ـ دىن يېزىلغان «تارىخى رەشىدىي» ناملىق ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ تۇغلۇق تۆمۈر (1348 ـ يىلى)دىن تارتىپ 1551 ـ يىلغىچە بولغان 203 يىللىق تارىخىنى بىر ـ بىرىگە ئۇلىسا، تارىخچى مىرزا شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى»، «تارىخى رەشىدىي (داۋامى)» ۋە «ئەنىسەت تالىبىن» ناملىق ئەسەرلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ 1551 ـ يىلىدىن 1700 ـ يىلغىچە بولغان بىر يېرىم ئەسىر ـ لىك تارىخىنى تولۇقلايدۇ.

مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان شاھ مەھمۇد جوراس تەخمىنەن 17 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ

يىللىرى يەكەندە دۇنياغا كېلىپ، 1700 ـ يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. شاھ مەھمۇد جوراس ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان؛ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادى بىلەن ياخشى تونۇشقان؛ تارىخ ئىلمىنى سۆيىدىغان ئالىم ئىدى. ئۇ «يەكەن پادىشاھلىرىدىن ئابدۇللا خان، ئىسمائىل خان، ئابدۇرېشىت خان ۋە مۇھەممەد ئەمىن خانلارنىڭ نامىدا ئىككى ـ ئۈچ پارچە تارىخ كىتابىنى تۈزۈپ چىققان»①.

1. «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» (ماتېرىياللار)

كىتابخانلار 1989 ـ يىلى مىرزاشاھ مەھمۇد جوراسنىڭ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ماتېرىياللار» دەپ ئېلىنىدۇ) دەپ نام بېرىلگەن بىر ئەسىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئەسەر ئاكىمۇشكىنىنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىگە قوشۇمچە قىلىنغان پارسچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنغان.

مەزكۇر ئەسەر يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھلىرىدىن بىرى ئىسمائىل خان دەۋرىدىكى يەكەن ئەمەلدارى ئەمىر ئېركە بەگنىڭ ئىلتىماسى بىلەن 1672 ـ يىلىدىن 1676 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا 1428 ـ يىلىدىن 1670 ـ يىلىغىچە بولغان موغۇل ۋە يەكەن خانلىرىنىڭ تارىخى مەركەزلىك بايان قىلىنغان. بىراق، ئەسەرنىڭ 1429 ـ يىلىدىن 1534 ـ يىلىغىچە بولغان 100 يىللىق تارىخ قىسمى رۇسچە نەشرىدە «تارىخى رەشىدىي»دىن ئېلىنغان، دەپ قارىلىپ قىسقارتىۋېتىلگەن.

بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا، بۇ ئەسەرنىڭ باشقا قولىيازما نۇسخىلىرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەنىدى.

---

① مىرزاشاھ مەھمۇد جوراس: «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1989 ـ يىل، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 237 ـ بەت.

«شۇرا» (كېڭەش) ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىلىدىكى مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىنىڭ يەنە بىر خىل قولىيازما نۇسخىسىنىڭ بارلىقى مەلۇم. يەنى نوشىرۋان ياۋشېف ئىسىملىك بىر تاتار ئالىمى «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916 ـ يىلىدىكى سانلىرىدا ئەسەرنىڭ بۇ نۇسخىسىنى پارىسچىدىن تاتار تىلىغا تەرجىمە قىلىپ «ئالتە شەھەر تارىخىدىن بىر پارچە» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئېلان قىلغان.

تەرجىمان نوشىرۋان ياۋشېف 1914 ـ يىلىدىن 1915 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا جەنۇبىي شىنجاڭغا كەلگەن مەشھۇر تاتار سەيياھى. ئۇ شۇ قېتىملىق ساياھىتىدە قەشقەر ۋە خوتەننىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئارىلاش بىلەن تەڭ يەنە شۇ يەرلىك مۆتىۋەر زاتلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلاردىن تارىخىي مەزمۇندىكى بىرمۇنچە قەدىمكى قولىيازما كىتابلارنى يىغىۋالغان.

«شۇرا»دا ئېلان قىلىنغان بۇ تارىخىي ئەسەر نوشىرۋان ياۋشېف تەرىپىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلىنغان ساياھەت مەزگىلىدە خوتەن قاراقاشلىق مۆتىۋەر زات ئەيسا قازى دېگەن كىشىدىن يىغىۋېلىنغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى جەمئىي 250 بەت. ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىن بىرنەچچە بەت يوقالغان.

نوشىرۋان ياۋشېف «شۇرا»نىڭ 1916 ـ يىللىق 19 ـ، 20 ـ، 21 ـ، 22 ـ، 23 ـ سانلىرىدا مەزكۇر ئەسەرنىڭ يۇنۇس خان (1428 ـ يىلى)دىن ئابدۇكېرىم خان (1560 ـ 1591)غىچە بولغان قىسمىنى ئېلان قىلىپ، بىردىنلا ئەسەرنى تولۇق بېسىشنىيىتىدىن ۋاز كەچكەن. تەرجىمان ئەسەرنى گەرچە تولۇق ئېلان قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمگىكى يەنىلا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ئەسەرنىڭ بۇ قىسمى ھازىر قولىمىزدا بار بولغان «ماتېرىياللار»نىڭ ئابدۇرېشىت خانغىچە بولغان قىسمىنى تولۇقلاپ، ئەسەرنى بىر پۈتۈن ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، نوشىرۋان ياۋشېف ئەسەردىكى بەزى ئېنىقسىز

مەسىلىلەرنى ئۆز ئورنىدىلا «قەشقەر تارىخى»[1] قاتارلىق ئەسەر-لەر ئارقىلىق شەرھىيلەپ ماڭغان ھەمدە شۇ دەۋر ۋەقەلىرى ھەققىدىكى ئىلاۋىلىرىنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ ماڭغان. شۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ نوقۇل تەرجىمە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا تەر-جىمانىنىڭ مۇستەقىل تەتقىقاتى سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قى-لىشقا بولىدۇ.

مەن مەزكۇر ئەسەرنىڭ «شۇرا»دىكى نۇسخىسى بىلەن ھا-زىرقى تىلىمىزدىكى تەرجىمە نۇسخىسىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ ئىككى نۇسخىنىڭ بىر-بىرىنىڭ مەزمۇنىنى تو-لۇقلايدىغان ئىككى خىل ئەسەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ھەر ئىككى ئەسەرنىڭ ئابدۇرېشىت خاندىن كېيىنكى قىسمى مەزمۇن جەھەتتىن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن بايان قىلىش تەرتىپى، مەزمۇنىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى جەھەتتە بىر-بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئەسەرنىڭ ھازىرقى تى-لىمىزدىكى تەرجىمە نۇسخىسىدىكى ئابدۇرېشىت خاننىڭ بىر-مۇنچە شېئىر-غەزەللىرى، ئابدۇرېشىت خان بىلەن ئابدۇكې-رىم خان ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتلەر «شۇرا»دىكى نۇسخىدا ئۇچرىمايدۇ. ئەسەرنىڭ «شۇرا» نۇسخىسىدىكى ۋەقەلەر يېگى

① «قەشقەر تارىخى» — بىزگە «قەشقەر تارىخى» نامى بىلەن مەلۇم بولغان ئە-سەر ئۈچ خىل بولۇپ، بىرى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تارىخچى ئالىم ئەبۇل فۇتۇھ ئابدۇلغوپۇر بىننى ھۇسەيىن ئەل ئەلمائى (1093-يىلىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغان. ئەسەرنىڭ بەزى مەزمۇنلىرى جامال قارشىنىڭ «سۇرراھ لۇ-غىتىگە تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق ساقلىنىپ قالغاندىن باشقا، ئەسەر بىزگە تولۇقى بىلەن يېتىپ كېلەلمىگەن. ئىككىنچىسى، 1883-يىلى تۈركىيىلىك مۇھەممەت ئاتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان «قەشقەر تارىخى» بولۇپ، ئوسمانلى تۈرك-چىسىدە يېزىلغان. ئەنۋەر بايتۇر «تارىخى ھەمىدىي»گە يازغان كىرىش سۆزىدە خو-تەنلىك مۇھەممەت ئەلەمىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ خوتەن تارىخىغا دائىر ئەسەرنى خاتا ھالدا «قەشقەر تارىخى» دەپ ئاتىغان. ئۈچىنچىسى، 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر تىلىدا يې-زىلغان «قەشقەر تارىخى» بولۇپ، بۇنىڭدا قارا تاغلىق ۋە ئاق تاغلىق خوجىلارنىڭ 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان تارىخى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «شۇرا»دا تىلغا ئېلىنغىنى مۇشۇ ئەسەرنى كۆرسەتسە كېرەك.

نۇسخىغا قارىغاندا ناھايىتى قىسقا، يىغىنچاق بايان قىلىنغان. قۇرۇلما جەھەتتە «ماتېرىياللار»دىكى ۋەقەلەر يىللار تەرتىپى بويىچە بايان قىلىنغان بولسا، «شۇرا»دىكى نۇسخىدا بۇ نۇقتىغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن، يەنى ئابدۇكېرىم خاندىن كېيىن ئەبۇ بەكرى (1461 ـ 1514) مىرزىنىڭ ھايات پائالىيىتىگە دائىر ۋەقەلەر بايان قىلىنغان.

دېمەك، يۇقىرىقى سېلىشتۇرۇشلاردىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ: شاھ مەھمۇد جوراس 1672 ـ يىلىدىن 1676 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەمىر ئېركە بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1428 ـيىلىدىن 1670 ـ يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇنجى ئەسىرى («شۇرا»دىكى نۇسخا)نى يېزىپ چىققان. كېيىن بۇ ئەسەرنى تولۇقلاش مەقسىتىدە بىز ھازىر «ماتېرىياللار» دەپ ئاتاۋاتقان ئەسىرىنى يېزىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئۆز دەۋرىدە ئېنىق نام بېرىلمىگەن بۇ ئەسەر (ئىككى خىل نۇسخا)نى تەتقىقاتچىلار ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىماقتا. ھەتتا بەزىدە بۇ ئەسەرنى ئاپتور تەرىپىدىن كېيىنكى مەزگىللەردە يېزىلغان «تارىخى رەشىدىي (داۋامى)» بىلەن بىر دەپ قارىماقتا. بۇنى كەسكىن پەرقلەندۇرۇش كېرەك.

«ماتېرىياللار»غا يېزىلغان كىرىش سۆزدە «ئەسلىدە نام قويۇلمىغان بۇ كىتابنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى، ئۇنىڭ قۇرۇلما جەھەتتە ‹تارىخى رەشىدىي›دىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى خاتىرىلىگەنلىكىگە قاراپ، ئۇنى ‹تارىخى رەشىدىي زەيلى› — ‹تارىخى رەشىدىينىڭ داۋامى› دەپ ئاتىسا، يەنە بەزىلەر ‹يىلنامە› دەپ ئاتىغان. بىز ‹سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار› دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق»[1] دېيىلگەن. تارىخچى ئالىم ئەنۋەر بايتۇر بۇ ئەسەرنى توغرىدىن ـ توغرا «تارىخى شاھ

① يۇقىرىقى ئەسەر، 1 ـ ، 2 ـ بەتلەر.

مەھمۇد جوراس» ياكى «تارىخى شاھ» (شاھلار تارىخى)[1] دەپ ئا-
تىغان بولسا، بۇ ھەقتە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بارغان رۇس
ئالىمى ئاكىمۇشكىن بۇ ئەسەرنى قىسقىچە «تارىخ» دەپ ئاتى-
غان. نوشىرۋان يائۇشېف بولسا «ئالتە شەھەر تارىخى» دەپ ئا-
تىغان. بىز بۇ ئەسەرگە نام بېرىشتە يەنىلا ئەسەرنىڭ مەزمۇنى
ۋە مۇئەللىپىنىڭ شەخسىي خاھىشىغا مۇراجىئەت قىلغىنىمىز
تۈزۈك. شاھ مەھمۇد جوراس ئەسەرنىڭ «شۇرا» نۇسخىسىنىڭ
مۇقەددىمىسىدە «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ مۇھىم مىراق تارىخلى-
رىدىن بايان قىلماقچىمەن» دېيىش ئارقىلىق، ئۆزى يازماقچى
بولغان ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئالدىن بېشارەت بېرىدۇ
ھەمدە ئەسەرنىڭ بىرنەچچە يېرىدە «ئالتە شەھەر» ۋە «ئالتە
شەھەر خانلىرى» دېگەن ئاتالغۇلارنى تەكرار ئىشلىتىدۇ. مانا بۇ
ئەسەرنىڭ يۆتكۈل مەزمۇنى ۋە ماۋزۇسىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك
مۇھىم يىپ ئۇچى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئەسەردە يۇنۇس خان (1428 ـ
يىلى)دىن تارتىپ 1676 ـ يىلىغىچە ئۆتكەن موغۇل ۋە سەئىدىيە
خانلىرىنىڭ تارىخى مەركەزلىك بايان قىلىنغان. ھەربىر تېما
ۋە مەزمۇن مەلۇم بىر خاننىڭ نامى بىلەن باشلانغان. شۇڭا بۇ
ئەسەرنى «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» ياكى «تارىخى شاھ»
دەپ ئاتاش بىرئاز مۇۋاپىقتەك كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە نو-
قۇل ھالدا «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دەپ
ئاتاش تازا مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئەسەر سەئىدىيە خانلىقى
تارىخىغا دائىر پارچە ـ پۇرات ماتېرىياللار بولماستىن، بەلكى
موغۇل ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلىرىغا بېغىشلانغان مەخ-
سۇس تارىخىي ئەسەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەسلىي ئەسەرنى يې-
زىشنى تەۋسىيە قىلغۇچى ئىركە بەگمۇ شاھ مەھمۇد جوراستىن
يۇنۇس خاندىن ئۆز زامانىسىغىچە ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ تارى-

[1] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، 1991 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، ئۈيغۇرچە، 1052 ـ بەت.

خنى يېزىپ چىقىشنى ئۆتۈنگەن①.

ئەسەر نامىغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر يېڭى مەلۇمات شۇكى، شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» ناملىق بىر ئەسىرى ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەبۇرەيھان بىرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا②.

2. «تارىخى رەشىدىي (داۋامى)»

تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن «تارىخى رەشىدىي (داۋامى)» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ ئەسەر شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى»دىن كېيىن يازغان نوپۇزلۇق ئەسىرى بولۇپ، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ئەكس ئەتتۈرگەن دەۋرلىرىنىڭ ئۇزۇن ھەم يىل، ئاي، كۈنلىرىنىڭ ئېنىقلىقى بىلەن تارىخ تەزكىرىشۇناسلىق ئىلمى ساھەسىدە ناھايىتى مەشھۇر ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئەسەرنى يۇقىرىقى ئىككى ئەسەر بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ كېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئاپتور بۇ ئەسەرنى باشقا بىر كىشى، يەنى 1692 ـ يىللاردىكى يەكەن ئەمىرلىرىدىن ئاللايار ئوغلى ساتىمبېينىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىپ چىققان. لېكىن بۇ، ئاپتورنىڭ مەزكۇر ئەسەرنى يېزىشىدىكى بىۋاستە سەۋەب ئەمەس، ئاپتور بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تارىخ يېزىشقا مەندەك ئاجىز، كۆڭلى سۇنۇق بەندىنىڭ لاياقىتى يوق ئىدى. ئەمما پېقىر، مىسكىن بەندىنىڭ كۆڭلىگە يەتتىكى، مىرزا ھەيدەر ھەزرەت ئابدۇرېشىت خاننىڭ نامىغا ئاتاپ تارىخ يېزىپ، تۇغلۇق تۆمۈر خاندىن باشلاپ ئابدۇرېشىت خاننىڭ زامانىغىچە ئۆتكەن ھەرقايسى پادىشاھلارنىڭ ۋەقەلىرىنى بايان قىلىپتۇ. ھەزرىتى ئابدۇكېرىم خان (1560 ـ 1591 ـ يىللارغىچە تەختتە ئولتۇرغان)دىن ھەزرىتى ئەلانىڭ

① مىرزا شاھ مەھمۇد جوراس: «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 11 ـ بەت.

② ئىزاھات ① بىلەن ئوخشاش.

(1699 ـ يىلىغىچە) زامانلىرىغىچە ھېچكىم تارىخ پۈتۈپ بايان قىلماپتۇ. نالايىق بولسامۇ ھەزرىتى ئابدۇكېرىم خاندىن ئاۋۋالقى تەرەپلىرىنى تارىخ كىتابلىرىدىن نەقىل ئېلىپ، قالغان قىسمىنى سۆزىگە ئىشەنچ قىلغۇدەك كىشىلەردىن ئاڭلاپ سىر- لىشتۇرۇپ، ئابدۇكېرىم خاندىن تارتىپ ھەزرىتى ئەلا يەنى ھەزرىتى مۇھەممەد ئىمىننىڭ مۇبارەك ناملىرىغىچە قۇدرىتىم- نىڭ يەتكىنىچە تارىخ قىلىپ يازدىم. ئۆتكەن ئادالەت سۆيەر پا- دىشاھلارنىڭ بايانلىرى ھەمدە غەيرەت ـ شىجائەتلىك، بەختلىك ھەزرىتى ئەلا (مۇھەممەد ئىمىن خان)نىڭ مۇبارەك ئاتلىرى، ئادالەت ۋە قەھرىمانلىقلىرى ھەمدە بۇ قۇللارنىڭ دۇئاگۇيلۇقى ئەل ئارىسىدا يادىكار قالسۇن دەپ، ئاللاياربېينىڭ ئىلتىماسى بىلەن يېزىپ چىقتىم»①.

دېمەك، ئاللاياربېينىڭ ئىلتىماسىدىن كۆرە يۇقىرىقى سە- ۋەبلەر ئاپتورنىڭ مانا مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى يېزىپ چىقىشىغا بىۋاستە تۈرتكە بولغان. ئەسەردە گەرچە چىڭگىزخان (1206 ـ يىلى)دىن تارتىپ 1699 ـ يىلىغىچە بولغان ۋەقەلەر بايان قىلى- لىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇكېرىم خاندىن كېيىنكى تارىخ يەنىلا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەرنى مەيلى ئاپتور- نىڭ شەخسىي خاھىشى جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئەسەر مەز- مۇنى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇنى ھەقىقىي يوسۇندا «تارىخى رە- شىدىي»نىڭ داۋامى» دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنى ھەرگىز مەن يۇقىرىدا ئاتاپ ئۆتكەن «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» نام- لىق ئىككى ئەسەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئەسەرنىڭ يۇقىرىقى ئىككى ئەسەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئەۋزەللىكى شۇكى، بۇنىڭدا چىڭگىزخاندىن (1206 ـ يىلى) يۇ- نۇس خانغىچە بولغان 220 يىللىق تارىخ يېڭىدىن يېزىلغاندىن سىرت، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەرمۇ يۇقىرىقى ئەسەر (ئىككى

① ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 1053 ـ، 1054 ـ بەتلەر.

خىل نۇسخا)گە قارىغاندا زور دەرىجىدە تولۇقلىنىپ، مۇكەممەل-لەشتۈرۈلگەن. ۋەقەلەرنىڭ يىل، ئاي، كۈنلىرىمۇ ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان.

بۇ ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان (بەزى مەنبەلەردە چاغاتاي دەۋرى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، دېيىلىدۇ) بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر تولۇقسىز قولىيازما نۇسخىسى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

**3. «دىنىي تېمىدىكى ئەسەر «ئەنسەت تالىبىن»**

1696 ـ يىلى شاھ مەھمۇد جوراس ئەينى دەۋردىكى يەكەن ھاكىمى ئالىم شاھ بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «ئەنسەت تالىبىن» (تەلەپكارلار نەسەبنامىسى) ناملىق دىنىي تېمىدىكى بىر ئەسەرنى يېزىپ چىقتى. بۇ ئەسەردە ئاساسەن، ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى تارىخى (تۆت خەلىپە دەۋرى)، نەقشىبەندىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ يەكەن خانلىقىدىكى ئاساسلىق ۋەكىللىرى، بولۇپمۇ ئىسھاقىيە ئىشانلىرىنىڭ تارىخى، دىنىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەرمۇ ئەسلىي پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەكەندە ئەبۇ مەنسۇر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «رەفىقۇت تالىبىن» (ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى) ناملىق نۇسخىسى بار. بۇ نۇسخىنىڭ 1864 ـ 1865 ـ يىللىرى موللا ئەخمەت ئوغلى موللا مۇھەممەد سوپى ئوغلى قۇربان سوپى باي تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بىر قولىيازما نۇسخىسى ھازىر ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەبۇرەيھان بېرۇنىي نامىدىكى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاپتور «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» (دەسلەپكى ھەم كېيىنكى تولۇقلانغان نۇسخا) ۋە «تارىخى رەشىدىي»نىڭ داۋامى»، «ئەنسەت تالىبىن» ناملىق ئەسەرلىرىدە چىڭگىزخاندىن مۇھەممەد ئىمىن خان (1676 ـ يىلى)غىچە بولغان ۋەقەلەرنى مەركەزلىك بايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى قارا تاغلىق خوجىلار تەرەپدارى بولۇشى سەۋەبلىك

ئىسھاقىيە ئىشانلىرىنىڭ يىرگىنچلىك تارىخىي پائالىيەتلىرىگە ھەمدە ئۆز قەبىلىسىنىڭ ھاكىمىيەت سەھنىسىدىكى ئورنى ۋە ئەسەرنى يېزىشنى تەۋسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىگىمۇ ئالاھىدە ئورۇن ئاجراتقان.

قىسقىسى، ئاپتور شەخسىي ھاياتىنىڭ قانداق بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭ قانداق تەبىقە، مەزھەپكە مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مىرزا ھەيدەردىن كېيىنكى كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىسى، ئۇنىڭ «ئالتە شەھەر خانلىرىنىڭ تارىخى» ۋە «‹تارىخى رەشىدىي›نىڭ داۋامى» ناملىق ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ 1551 ـ يىلىدىن 1700 ـ يىلىغىچە بولغان بىر يېرىم ئەسىرلىك تارىخىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرغۇچى كۆۋرۈك دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

# يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقان يىل دەۋرى توغرىسىدا ئىنقىلما

## يۇنۇسجان ئىلى

تارىختا يەكەن تېررىتورىيىسىدە ئىككى ھاكىمىيەت ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا بىرقەدەر مەشھۇر بولغان ساكارائۇل بەگلىكى، يەنە بىرى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئۇيغۇرلاشقان ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغان يەكەن خانلىقى ئىدى. دەرۋەقە، يەكەن خانلىقى چاغاتاي ئەۋلادلىرى بىلەن دوغلات ئەمىرلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى بولۇپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تاكامۇللىشىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانىدى. يەكەن خانلىقى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، بەزى مەسىلىلەردە يەنە قايتا ئېنىقلىنىۋېلىشقا تېگىشلىك تەرەپلەرمۇ يوق ئەمەس.

مەلۇمكى، تارىخىي ماتېرىياللاردا «خاجە ئافاق بۇ خەتنى ئالىپ، قالماق تۆرەسىگە يەتكۈزدى. تۆرە كامال تەۋەززۇ بىرلە خەتكە ئەمەل قىلىپ، ئۆز لەشكەرى بىرلە كاشغەرگە يۈزلەندى»[1]، دېگەن مەلۇمات بېرىلگەندىن باشلاپ، يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقان يىل دەۋرى توغرىسىدىكى قاراشلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىماي كەلدى. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

مولla مۇسا سايرامىي يازغان «تارىخى ھەمىدىي»دە مۇنداق دېيىلگەن: «خوجا ئافاق قۇنتەيجىگە ئۆزىنى تاشلاپ: (ماڭا چېرىك

---

① مۇھەممەت سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 50 ـ بەت.

بەرسىڭىز، ئالتە شەھەرنى سىزگە تەۋە قىلىپ ئىلكىڭىزگە ئۆتكۈزسەم) دېگەن مەزمۇندا ئەرز قىلدى. ئافاق خوجا قۇنتەيجى مۇشرىكنىڭ مۇددىئا ۋە ياردىمى ئارقىسىدا، يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئىسمائىل خاننى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىقتى. بۇ ھىجرىيىنىڭ بىر مىڭ يىگىرمە ئىككىنچى يىلى (مىلادى 1613 ــ يىلى) ئىدى»[1].

«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر تارىخى» ۋە «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە يەكەن خانلىقىنىڭ 1678 ــ يىلى ئاخىرلاشقانلىقى كۆرسىتىلگەن.

مەرھۇم ئەنۋەر بايتۇر يازغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»دا مۇنداق دېيىلگەن: «خوجا ھىدايىتۇللا دەھبىد، كاسان، بەدەخشان، كەشمىر، تىبەت، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا 12 يىللىق دەرۋىشلىك تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈپ، مىلادى 1682 ــ يىلى ئۆزىنى دالاي V نىڭ ياردەمچىسى ساڭجىياجاسۇنىڭ قولتۇقىغا ئاتتى... غالدان 12 مىڭ لەشكەر تەييارلاپ، خوجا ھىدايىتۇللاغا يول باشلىتىپ، مۇز داۋان ئارقىلىق قەشقەرگە بېسىپ كىردى.»[2]. بۇ خىلدىكى قاراشتىن بىر خىلى يەنە «بارتولد ماقالىلىرى توپلىمى» ھەممىدە لى جىشىن يازغان «يەكەن مۇسۇلمان خانلىقى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، فرانسىيىلىك مۇرس، گىران، روسىيىلىك زىلاتكىن بىلەن ئاكىمۇشكىن ۋە ياپونىيىلىك خانېدا ئاكىرا قاتارلىقلارمۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقان يىل دەۋرىنى ئايرىم ــ ئايرىم ھالدا 1678 ــ، 1680 ــ، 1679 ــ يىلى بىلەن 1680 ــ يىللار ئارىلىقىدا ۋە 1680 ــ يىلى ئەتراپىدا دەپ ھېسابلىغان، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرشۇناس ۋە

---

① موللامۇسا سايرامى: «تارىخى ھەممىدىي»، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 130 ــ بەت.

② ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 986 ــ، 987 ــ بەتلەر.

موڭغۇلشۇناسلاردىن ئاكىمۇشكىن بىلەن خانېدا ئاكىرالارنىڭ «يەكەن خانلىقى 1680 ـ يىلى ئاخىرلاشقان»، دېگەن قارىشى بىرقەدەر كەڭ تارقالغان.

يۇقىرىقىدىكىدەك بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇنداق كۆزقاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىنى ھەقىقەتەن ئەجەبلەندۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىرلا ئومۇمىي يەكۈن، يەنى ئىسمائىل خان ۋە غالدانىدىن ئىبارەت بويسۇندۇرۇلغۇچى بىلەن بويسۇندۇرغۇچى ھەمدە ئافاق خوجا ۋە دالاي لامادىن ئىبارەت ئىككى ۋاستىچىنىڭ مۇناسىۋىتى باشتىن ـ ئاياغ ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان.

يەكەن خانلىقى 1514 ـ يىلى سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، ئىسمائىل خاننىڭ دەۋرىگىچە 11 خاننىڭ سەلتەنەت دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەنىدى. بۇ ھەممىگە ئايان تارىخىي پاكىت. ئەمما تارىخىي ماتېرىياللاردا ئىسمائىل خاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى مۇنداقچىلا تىلغا ئېلىنغاچقا، خېلىدىن بېرى كۆپلىگەن كىشىلەر ئىسمائىل خاننىڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان دەۋرى مەسىلىسىگە قارىتا باشقىچە قاراشتا بولۇپ كەلدى. مەسىلەن، بارتولد شۇنداق قارىغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ «ھۆكۈمرانلارنىڭ نەسەبنامىسىدىن ئىسمائىل خاننىڭ 1670 ـ يىلى تەختكە چىقىپ يەكەنگە تەخمىنەن 12 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ»[1]، دەپ يازدى. بۇنداق دېيىش بىر تەرەپلىمىلىك بولسا كېرەك. چۈنكى: «ئىسمائىل خان بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن خاجە ئافاق خاجەمنى كاشغەردىن ھەيدەپ چىقاردىلەر، كاشغەردە ئىسمائىل خاننىڭ ئوغلى باباق سۇلتاننى تۇرغۇزدىلەر. بۇ شەھەرلەر ئانچىنان ئاباد بولدىلەر. ئىلگىرى ـ كېيىن مۇنداق بولغان ئەمەس. ئون يىل رەئايا ـ فەقىرلەر بىلمەدىلەركى، بۇ دى-

① بارتولد: «تۈركىستانغا قىلىنغان ساياھەتتىن دوكلات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1985 ـ يىللىق 5 ـ سانىدىكى لى جىشىن يازغان «يەكەن مۇسۇلمانلار خانلىقى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن ئېلىندى.

يارلار ئىچىدە سىپاھى بارمۇ ـ يوقمۇ؟ زۇلۇم ـ سىتەم سۆزى قۇلاققا ئاڭلانمادى. ئۇلىما ۋە فازىللارغا رىۋاج تامام بولدى. شەـ رىئەت مۇستافا روناق تاپتى»①. «1080 ـ يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 11 ـ كۈنى دۈشەنبىدە ھەزرىتى ئەزىزان بىلەن ھەزرىتى خانلار خۇشال ـ خۇرام ھالدا يەكەنگە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلۇغلار، ئەـ مەلدارلار، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى جۇغلىشىپ كونا تۈزۈم بوـ يىچە ھەزرىتى خاننى پادىشاھلىققا كۆتۈرۈشتى»②.

گەرچە بۇ ئىككى تارىخي باياننى ئوخشاشلا ئىلگىرى كۆپـ لىگەن كىشىلەر نەقىل ئالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىنمىغانىدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇ ئىككى باياندىكى «1080 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 1670 ـ يىلى) ··· ئۇلۇغلار، ئەمەلدارلار، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى ··· خاننى پادىشاھلىققا كۆتۈرۈشتى»، «ئون يىل رەئايا ـ فەقىرلەر بىلمەدىـ لەركى، بۇ دىيارلەر ئىچىدە سىپاھى بارمۇ ـ يوق؟ زۇلۇم ـ سىـ تەم سۆزى قۇلاققا ئاڭلانمادى»، دېگەن سۆزلەرگە ئەھمىيەت بېـ رىلمەي كەلگەنىدى. مېنىڭچە، بۇ سۆزلەرنىڭ مۇنداق بىر مۇـ ھىملىقى بار. ئۇ بولسىمۇ، ئىسمائىل خاننىڭ يەكەن شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن خانلىقنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تولۇق قولغا ئالغانلىقى ئىسپاتلانغان. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئىسمائىل خاننىڭ سەلتەنەت دەۋرىنى ئۇنىڭ خانلىقنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا تەييارلىنىپ، ئايرىم جايلارنى ئۆز ئالدىـ غا ئىشغال قىلىۋالغان ۋاقتىدىن باشلاپ ئىزدەش كېرەك. چۈنـ كى، يەكەن خانلىقىنىڭ 9 ـ ئەۋلاد خانى ئابدۇللاخان ئوغلى يولـ بارس خان تەرىپىدىن تەختتىن قوغلىنىپ، 1667 ـ يىلى ھىنـ دىستانغا كەتكەندىن كېيىن، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر قېتىملىق تەخت تالىشىش ماجىراسى كېلىپ چىققانىدى. بولۇپ-

---

① مۇھەممەت سادىق كاشغەرىي: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، ئۇيغۇرچە نەشرى 47 ـ، 49 ـ بەتلەر.

② شاھ مەھمۇد جوراس: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار»، ئۇيـ غۇرچە نەشرى 203 ـ بەت.

مۇ، يولبارس خاننىڭ تەبىئىتى زۇلۇمغا مايىل بولغاچقا، خەلق ئاممىسىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ بىلەن يەكەن ۋە قەشقەردىكى بىر قىسىم يۇرت كاتتىلىرى ئاقسۇغا بېرىپ، ئاقسۇدىكى يۇرت كاتتىلىرى بىلەن بىللە، قاراشەھەردە سۇرگۈندە تۇرۇۋاتقان ئابدۇللا خاننىڭ ئىنىسى ئىسمائىل خانغا مايىل بولغانىدى. نەتىجىدە ئىسمائىل خان ئاقسۇغا تەكلىپ قىلىنىپ، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، باي قاتارلىق جايلارنى ئۆزى مۇستەقىل ئىدارە قىلىپ، ئاقسۇ مەركەزلىكىدىكى ئايرىم بىر گەۋدىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. بۇ ھەقتە ئىسمائىل خانغا تەقدىم قىلىنغان «تارىخى رەشىدىي زەيلى»دە «ئىسمائىل خاننىڭ ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا ۋە باي مەملىكەتلىرىدە خانلىق قىلغىنىنى» دېگەن ئايرىم سەھىپە بىلەن «ئەمەلدارلار گۇرۇھ ـ گۇرۇھ بولۇشۇپ، خانغا كۆرۈنۈش قىلىشتى، مەملىكەت خانغا مۇقىملاشتى»، دېگەن مەزمۇنلار ئۇچرايدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئىسمائىل خاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى ئۇ يەكەن شەھىرىنى ئىشغال قىلغان 1670 ـ يىلىدىن باشلاپ 12 يىل داۋام قىلغان بولماستىن، بەلكى ئابدۇللاخان ھىندىستانغا كەتكەن ۋاقىتتىن ئۇزاق ئۆتمەي باشلانغانىدى. ئۇنداق بولسا، ئىسمائىل خان قايسى ۋاقىتتا ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا ۋە باي قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلغان؟ روسىيىلىك ئاكىمۇشكىننىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىسمائىل خان بۇ جايلارنى «1668 ـ يىلى ئىشغال قىلغانىدى»[1].

دېمەك، ئىسمائىل خاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى 1668 ـ يىلىدىن باشلاپ 12 يىل داۋام قىلغانىدى. يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقان يىل دەۋرى ئىسمائىل خاننىڭ سەلتەنەت دەۋرىنىڭ ئاخىرقى چېكى بولغان، ئىلگىرى ئاكىمۇشكىن بىلەن خانىدا ئاكىرا تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن 1680 ـ يىلنى بىرلىك قىلغا-

① ئو. ف. ئاكىمۇشكىن: «چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ شەرقىي قىسىم ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرى تارىخى مەجمۇئەسى»، 1985 ـ يىللىق تۇنجى سان.

نىدى. ئەگەردە 1678 ـ، 1679 ـ ۋە 1682 ـ يىللارنى ئاخىرلاش ـ قان يىل دەۋرى دەپ ھېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسمائىل خاننىڭ سەلتەنەت دەۋرى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋاقىتقا ئۇيغۇن كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى يەكەن خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغان غالداننىڭ ئېلىپ بارغان ھەربىي ھەرىكەتلىرىگىمۇ ئۇيغۇن كەل ـ مەيدۇ. چۈنكى، 1691 ـ يىلى كىتاب بولۇپ تۈزۈلگەن «غەربىي چېگرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى» ناملىق ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىت يىلى (كاڭشى 21 ـ يىلى، مىلادىيىنىڭ 1682 ـ يىلى) غالدان مۇسۇلمانلار ئېلىگە ھۇجۇم قىلىپ، مۇسۇلمان ئېلىدىن باج ـ سېلىق تاپشۇرۇپ، بۇددا ئېتىقادىدا بولۇش، دېگەنلەرنى تە ـ لەپ قىلدى. ئۇنىڭ توپىلاڭچى ئەسكەرلىرى شەھەرگە كىرىپ، يېرىم كېچە بولغاندا، مۇسۇلمانلار سىرتتىن كەلگەن ياردەمگە ئىگە بولۇپ، ئىچى ۋە سىرتتىن ماسلاشتى، شەھەرنى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلاپ، ئوت يالقۇنلىرى ئاسمان پەلەككە كۆتۈرۈلدى، نە ـ تىجىدە غالداننىڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى قاتتىق ئوڭۇشسىز ـ لىققا ئۇچراپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى»①. 1690 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يېزىلغان «زايانباندىدانىڭ تەرجىمىھالى»دا «قوي يىلىدا بوشۇقتۇخان ئېرىتىشتە قىشلىدى، مايمۇن يىلى (كاڭشى 19 ـ يىلى، مىلادىيىنىڭ 1680 ـ يىلى) ئەتىيازدا كۆك قويىدا يازنى ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن يەكەنگە يۈرۈش قىلىپ، يەكەننى ئىشغال قىلدى»②، دەپ كۆرسىتىلگەن.

مېنىڭچە، بۇ ئىككى مەلۇماتتا تۆۋەندىكىدەك ئىككى مۇھىم يىپ ئۇچى يورۇتۇپ بېرىلگەن: ئۇنىڭ بىرىنچىسى غالدان 1682 ـ يىلى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇيغۇرلار رايونىغا ئەمەس، بەلكى باشقا بىر مۇسۇلمانلار ئېلىگە ھۇجۇم قىلغان. ئىككىنچىسى، باشقا تا ـ رىخىي ماتېرىياللاردىن كۆرە، بۇ ئىككى مەلۇماتنىڭ كېيىنكى ـ

① لياڭ فېن: «بۈگۈنكى غەربىي چېگرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى»، (西捶今略) چىڭخەي خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 422 ـ بەت.

② ش. نورب: «زاياباندىدانىڭ تەرجىمىھالىغا ئىزاھ»، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى، موڭغۇلچە نەشرى، 272 ـ بەت.

سىدە يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقان يىلى دەۋرى بىرقەدەر ئې-
نىق خاتىرىلەنگەن. بۇ خىل ئالدىنقى شەرتكە ئاساسلىنىپ، بىز
ئۇنى غالدانىنىڭ ئېلىپ بارغان ھەربىي ھەرىكەتلىرى بىلەن بىر-
لەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق، مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ،
ئەلۋەتتە.

جۇڭغار خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللارغا قارىغاندا، غالدان
مەزكۇر خانلىقنىڭ ئاساسچىسى باتۇر قۇنتەيجىنىڭ 6 ـ ئوغلى
بولۇپ، ئاكىسى سېڭگىنىڭ دەۋرىدە دالاي V نىڭ ھوزۇرىغا بې-
رىپ لاما بولغانىدى. 1671 ـ يىلى سېڭگى جۇڭغار خانلىقىنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى تەخت تالىشىش كۈرىشىدە ئانا باشقا ئاكىسى
چېچىن تەيجى بىلەن چوتۇ باتۇر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇ
شىزاڭدىكى يۇقىرى قاتلام دىنىي روھانىيلارنىڭ قوللىشى بىلەن
تارباغاتايغا قايتىپ كېلىپ، قورال كۈچى بىلەن سېڭگىنىڭ ئور-
نىغا ۋارىسلىق قىلغانىدى، ئومۇمەن، ئۇ خانلىق دائىرىسىدە ئۆ-
زىنىڭ سىياسىي رەقىبلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يوق قىلغاندىن
كېيىن، ئەتراپتىكى رايونلارغا قارىتا بىر قاتار تالان ـ تاراج
خاراكتېرلىك كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشلىرىنى قىلدى. مەسىلەن،
ئالدى بىلەن 1678 ـ يىلى گەنسۇدىكى گەنجۇ بىلەن چىڭخەيگە
ھۇجۇم قىلىپ، «گەنجۇنىڭ يېنىدا تۇرۇشلۇق سېرىق ئۇيغۇرلار-
دىن گۆڭگۈرت، قوغۇشۇن قاتارلىق سېلىقلارنى ئالدى»[①]. 1679 ـ
يىلى 7 ـ ئايغا كەلگەندە يەنە «قول ئاستىدىكى ئاردال خوشۇچ قا-
تارلىق ئۈچ ئاتامانىنى 30 مىڭ ئەسكەر بىلەن تۇرپانغا ھۇجۇم
قىلىشقا ئەۋەتتى. ئالدىن يۈرەر قاراۋۇللىرى قومۇلغىچە يېتىپ
باردى ··· ئۇ جايلارنى مال باقىدىغان ئورۇن قىلىدىغانلىقىنى
پەش قىلدى»[②]. دېمەك، غالدانىنىڭ گەنجۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار

---

① ساگۇچى تورۇ: «روسىيە ۋە ئاسىيا يايلىقى»، 111 ـ بەت. «جۇڭغارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 90 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن ئېلىندى.

② «چىڭ سۇلالىسىنىڭ شېڭزۇ زامانىسىدىكى ئوردا خاتىرىلىرى»، 82 ـ جىلد 5 ـ، 6 ـ بەتلەر بىلەن 84 ـ جىلد 4 ـ، 5 ـ بەتلەر.

رايوننى ئىشغال قىلىپ، چىڭخەيگە ھۇجۇم قىلىشى، گەرچە ئۇنىڭ مەنئۇى جەھەتتىن ئۆزىگە زور نام - ئاتاق ۋە ئابرۇي ئاتا قىلىۋاتقان شىنجاڭدىكى يۇقىرى قاتلام دىنىي روھانىيلار گۇرۇھى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشتىكى پايدىلىق ئىمكانىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى بولسىمۇ، ئەكسىچە، تۇرپان بىلەن قومۇلنى ئىشغال قىلىشى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنى بويسۇندۇرۇشىدا ھازىرلىغان مۇھىم ئالدىنقى شەرتى ئىدى. شۇڭا «غالدانىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىسلام جەمئىيىتىگە بولغان ھۆكۈمرانلىقى، ئالدى بىلەن مۇشۇ رايونلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن باشلانغانىدى»①. مانا بۇ يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقان يىل دەۋرىنى ئېنىقلاشتىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ شۇكى، تۇرپان بىلەن قومۇل يەكەن خانلىقىنىڭ شەرقىي تارمىقى بولغاچقا، بۇ رايونلارنى ئىدارە قىلغان ھۆكۈمرانلار بىلەن يەكەن خانلىرى ئۇزاقتىن بۇيان بىر - بىرى بىلەن ئەپ ئۆتۈشمەي كەلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى كۆپ قېتىم ئۇلارنىڭ سۈركىلىشلىرىگە ئارىلىشىپ كەلدى. مەسىلەن، ئەڭ دەسلەپتە سېڭگى يولبارس خانىنىڭ تەختكە چىقىشىغا ئارىلاشقان بولسا، كېيىن غالدان تۇرپاندىكى ئابدۇرېشىت خان بىلەن مۇھەممەت ئىمىن خانلارنىڭ تەخت تالىشىش كۈرىشىگە ئارىلاشتى. «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جۇڭغارلار قەشقەر بىلەن يەكەنگە جازا يۇرۇشى قىلغاندا، ئابدۇرېشىت خان بىلەن مۇھەممەت ئىمىننىڭ ھەر ئىككىلىسى غالدانىنىڭ ئوردىسىدا ئىدى»②. «چىڭ سۇلالى-

---

① ساگۇچى تورۇ: «18 - ، 19 - ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 1 - كىتاب خەنزۇچە نەشرى 90 - بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن ئېلىندى.

② بارتولد پايدىلانغان قەشقەردىكى ئىسمى نامەلۇم ئاپتورنىڭ قارىشى، «تۈركىستانغا قىلىنغان ساياھەتتىن دوكلات»تا تىلغا ئېلىنغان. ئىزاھ ㉑دىكى ساگۇچى تورۇنىڭ ئەسىرىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىلدىن.

سىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئابدۇرېشىت خان ئىلىدا تاكى 1682 ـ يىلىغىچە نەزەربەندتە تۇرغانىدى»[①]. ئەلۋەتتە، بۇ سۆز تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ، جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن تۇرپان هۆكۈمرانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىم مۇناسىۋەتتىن دېرەك بەرسىمۇ، بۇنىڭلىق بىلەن يەكەن خانلىقى 1682 ـ يىلى باشقا بىر مۇسۇلمان ئېلىگە هۇجۇم قىلىغانلىقى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان مۇسۇلمان ئېلى يەكەن خانلىقى بولماستىن، بەلكى غەربتىكى قازاق خانلىقى، ئۇ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچرىغان شەھەر دەل سايرام شەھىرى ئىدى.

① ساگۇچى تورۇ: «18 ـ، 19 ـ ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، 1 ـ كىتاب خەنزۇچە نەشرى 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.

# هۇنلار بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىگە نەزەر

مەخمۇت نىزامى

مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىش ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئالاقىدە تەبىئىي ھالدا ئالاقە قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ تىلى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇنداق ئۇچرىشىش جەريانىدا تىللاردا ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. بۇ ماقالىمدە ھازىرقى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال توغرىسىدا ئەمەس، پەقەت قەدىمكى زاماندىكى تىللارنىڭ ئۆزئارا تەسىرى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغان خەنزۇ تىلىغا باشقا مىللەتلەر، يەنى قەدىمدە خەنزۇلار بىلەن يېقىن قوشنا بولغان ۋە ئۆزئارا ئالاقىدە بولغان بىر قىسىم مىللەتلەر تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

قەدىمدە خەنزۇلار بىلەن قوشنا مىللەتلەر ۋە ئارىلىشىپ ياشىغان مىللەتلەر ئۆزئارا قويۇق ئالاقە قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ تىللىرى بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئالاقە جەريانىدا تىللارنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىپ، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئىي ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىرى ئوخشاش دەرىجىدە بولمايدۇ، بىزدە تىل تەتقىقاتىدا بۇرۇن جۇڭگودىكى ئاساسىي ۋە چوڭ مىللەت بولغان خەنزۇ مىللىتى تىلىنىڭ باشقا مىللەتلەر تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا كۆپرەك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ نەرسىلەر ئېلان قىلىندى. بۇنداق بولۇشى تەبىئىي، چۈنكى قەدىمدە خەنزۇ تىلىنىڭ قوشنا مىللەتلەر ۋە ئارىلىشىپ ياشىغان

مىللەتلەرنىڭ تىلىغا بولغان تەسىرى كۈچلۈك ۋە گەۋدىلىك بول-
غاندى. ئەمما تىل تەتقىقاتىدا باشقا مىللەتلەر تىلىنىڭ خەنزۇ
تىلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا ئانچە سۆز بولمىدى. قە-
دىمدە قويۇق ئالاقە جەريانىدا خەنزۇ تىلى باشقا تىللارغا تەسىر
كۆرسىتىش بىلەن بىللە، باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىمۇ خەنزۇ تى-
لىغا مەلۇم دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنىدى. بىز بۇ تە-
سىرنى قەدىمكى خەنزۇچە ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە تارىخىي خاتىرى-
لەردىن كۆرۈۋالالايمىز. بىز بۇ ئەدەبىي ئەسەر ۋە تارىخىي خاتى-
رىلەرنى ئوقۇغاندا، باشقا مىللەتلەر تىلىدىن قوبۇل قىلىنىپ
قوللىنىلغان خېلى كۆپ سۆز - ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بەزى
تەتقىقاتچىلار بۇ سۆز - ئىبارىلەرگە نەزەر ئاغدۇرغان بولسىمۇ،
ئۇلارنى خەنزۇچە قەدىمكى يادىكارلىقلاردا ساقلىنىپ قالغان
پالانچى مىللەتنىڭ سۆزلىرى دېيىش ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى
تاللاپ چىقىپ كۆرسىتىش بىلەنلا چەكلەندى، ئۇنىڭ مۇھىم تىل
ھادىسىسى ئىكەنلىكىگە ئانچە نەزەر ئاغدۇرمىدى. تارىختا خەن-
زۇلار ئۆزى ئالاقە قىلغان يېقىن - يىراقتىكى بەزى مىللەتلەر-
نىڭ تىلىدىن بىر قىسىم سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان. بۇ سۆزلەر
خەنزۇ تىلىغا سىڭىپ كىرىپ، خەنزۇ تىلى لۇغەت تەركىبىدىن
ئورۇن ئالغان ۋە خېلى ئۇزۇن مەزگىل قوللىنىلغان. بۇلارنىڭ
بەزىلىرى ھازىر قوللىنىلمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن بەزىلىرى
تارىخ، مەدەنىيەت، ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتلىرىدا يەنىلا ھاياتىي
كۈچىنى يوقاتقىنى يوق.

ھۇنلار قەدىمدە شىمالىي سەھرادا ياشىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ
زېمىندا خېلى ئۇزاق مەزگىل پائالىيەت ئېلىپ بارغان، تارىخ
سەھنىسىدە مۇھىم رول ئويناپ، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ
كەتكەن. ھۇنلار بۈگۈنكى كۈندە بىر ئېتنىك گەۋدە سۈپىتىدە
مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار كېيىنكى چاغدا ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر
تۈپەيلىدىن ئاجىزلاپ پارچىلىنىپ كەتتى ۋە شۇ دەۋردە كۈچلى-
نىپ تارىخ سەھنىسىدە مۇھىم ئورۇنغا چىققان ئۆزىنىڭ يېقىن
قېرىنداشلىرىغا سىڭىپ كەتتى، بىر قىسىملىرى باشقا مىللەت-

لەر ئىچىگە سىڭىپ كەتتى، يەنە بىر قىسىملىرى بولسا غەربكە كۆچۈپ كېتىپ، ئۇ يەردە ياشايدىغان باشقا خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ، يېڭى ئېتنىك گەۋدىنى بەرپا قىلدى. هۇنلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ئۆزىنىڭ گۈدەكلىك دەۋرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن، ئەتراپىدىكى قەبىلە ۋە مىللەتلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغان، شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى هاكىمىيەت بىلەن ئالاقىدە بولغان. بۇ جەرياندا هۇن تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن. خەنزۇ تىلىنىڭ هۇن تىلىغا قانداق ۋە قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى بىزگە مەلۇم ئەمەس. چۈنكى، هازىرغىچە يېتىپ كەلگەن هۇن تىلىدىكى مۇكەممەل يادىكارلىقلار ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا بۇ هەقتە بىر نەرسە دېيىش مۇمكىنچىلىكى يوق، ئەمما هۇن تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا قوبۇل قىلىنىپ، قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە تارىخىي خاتىرىلەردە قوللىنىلغان بىر قىسىم سۆز ـ ئىبارىلەر هازىرغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ سۆز ـ ئىبارىلەر ئەينى زاماندا هۇن تىلىنىڭ خەنزۇ تىلىغا مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، تارىخىي خاتىرىلەر ۋە باشقا يادىكارلىقلارنى ئاقتۇرساق، تۆۋەندىكىدەك بىرمۇنچە سۆزلەرنىڭ خەنزۇ تىلىغا قوبۇل قىلىنىپ، تىل ئەمەلىيىتىدە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

تۆۋەندە قەدىمدە هۇن تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا قوبۇل قىلىنىپ يازما يادىكارلىقلاردا قوللىنىلغان ۋە هازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. «比余» (بىشى)، «比疏» (بىشۇ) بۇ هۇن ئاياللىرى چاچقا تاقايدىغان بىزەك ياكى تارغاق بولۇپ، ئالتۇندىن ياسالغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ سۆز هۇن تىلىدا «Piso»[①]

① شىراتورى كۇراكىچى: «هۇنلار هەققىدە تەتقىقات»، لىن گەن تۈزگەن «هۇن تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1983 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 207 ـ بەت.

دېيىلىدىغان بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل ئېلىنغان. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە خەن ۋېندىنىڭ ھۇن تەڭرىقۇتىغا ئەۋەتكەن مەكتۇپى نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا، «بىر ياقىلىق ئۆزۈم كېيىدىغان تاۋار ئەستەرلىك دۇردۇن تون، بىر ياقىلىق تاۋار ئەستەرلىك كەمزۇل ۋە كىمخاپ يەكتەك، بىر دانە تارغاق (ياكى بۇلاپكا 比赊)، بىر زەررىن كەمەر، بىر ئالتۇن سېرىبى (黄金蛋比، ئالتۇن توقا)، ئون توپ دۇردۇن، 30 توپ كىمخاپ، 40 توپ قىزىل شايى، 40 توپ كۆك شايى قاتارلىق نەرسىلەرنى كېڭەش بېگى، جارچىبەگ جيەن ئارقىلىق تەڭرىقۇتقا ئەۋەتتۇق»، دېيىلىدۇ[1]. دېمەك، خەن ۋېندى ئۆز مەكتۇپىدا بۇ ھۇن سۆزىنى ئىشلەتكەندى.

2. «步落稽» (بۇلوجى) بۇ ھۇنلارنىڭ بىر تارمىقىنىڭ نامى بولۇپ، ئايرىمچە ياشىغان بىر قىسىم ھۇنلار تارىخىي خاتىرىلەردە مۇشۇنداق ئاتالغان. «جۇنامە. جىخۇلار تەزكىرىسى»دە «جىخۇلار (稽胡) يەنە بۇلوجىلار (步落稽) دەپ ئاتىلىدۇ»[2]، دېيىلىدۇ. بۇ «稽胡» باشقا تارىخ كىتابلىرىدىمۇ قەيت قىلىنىدۇ. دېمەك، «稽胡» ئەسلىي «步落稽» دېگەن نامنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى ھېسابلىنىدۇ. «胡» سۆزى ئۇلارنىڭ ھۇنلاردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. جىخۇلار (بۇلوجىلار)نىڭ نامى دەسلەپتە «ۋېينامە. ئېرجۇرۇڭ تەزكىرىسى»دە ئۇچرايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدا «步落坚» دەپ يېزىلغان. بۇ كىتابتا «بۇلوجيەن خۇلىرى (步落坚胡) دىن بولغان ليۇ ئارۇ قاتارلىقلار گۇا، سى دېگەن جايلاردا توپىلاڭ كۆتۈردى … ئۇلار ئېرجۇرۇڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ قوشۇۋېلىندى»،[3] دېيىلىدۇ. دېمەك، «步落坚» دېگەن سۆز ئەسلىي

① سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 2897 ـ بەت.

② لىڭخۇدېفېن: «جۇنامە. جىخۇلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1971 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 896 ـ بەت.

③ ۋېي شۇ: «ۋېينامە. ئېرجۇرۇڭ تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1974 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 1645 ـ بەت.

«步落稽»نىڭ باشقىچە تەرجىمە قىلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىقى خاتىرىدىن شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئايرىم - ئايرىم ياشىغان ئۇششاق ھۇن قەبىلىلىرىنىڭ ئورتاق نامى بولمىغان، ئۇلار تۇرىدىغان جايلىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ليۇ ئارۇ ئۇلارنى بىرلەشتۈرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار «بۇلوجى» دەپ ئاتالغانىدى. تەتقىقاتچىلار بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي «بىر قىسىم ھۇنلار» دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى سۆز ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «بۆلەك» دېگەن سۆز بىلەن بىر سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بۇ سۆز ئەسلىي «بۆلەك» ياكى «بۆلەكچە» دېگەن سۆز ئىدى. بۇ سۆز دەسلەپتە «ۋېيىنامە. ئېرجۇرۇڭ تەزكىرىسى»دە «步落坚» دەپ يېزىلغان، «جۇنامە. جىخۇلار تەزكىرىسى»دە بولسا «步落稽» دەپ يېزىلغان.

3. «单于» (چەنيۇ) ھۇنلار ھۆكۈمدارىنىڭ ھۆرمەت نامى. ھۇنلار ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىنى مۇشۇنداق ئاتىغان. بۇ سۆز ھۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانىنىڭ ئىسمى ياكى پادىشاھلىق نامىدىن كېيىن ئېيتىلىدۇ. «خەننامە»دە بۇ سۆزگە چۈشەنچە بېرىلىپ، «单于 دېگەن سۆز (كەڭ) دېگەنلىك بولىدۇ» دېيىلىدۇ. «单于» ھۇنچە سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىش بىز ئۈچۈن مۇھىم مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە تەتقىقاتچىلار ئىزدەنگەن، بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ سۆز «Zenyu» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، دەيدۇ؛ بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ سۆزنى ھۇنگار تىلى (ۋېنگىر تىلى)دىكى «كەڭ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «Szel» دېگەن سۆزگە تەڭلەشتۈرىدۇ؛ بەزى تەتقىقاتچىلار بولسا بۇ سۆزنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى «tanka, tanha» بولۇپ، بۇ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «تەركەن» (terken) دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ، دەيدۇ[①]. ھازىرچە بۇ سۆز توغرىسىدا تېخى بىر-

① خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 - يىل 1 - سان.

لىككه كەلگەن ۋە كىشىنى قايىل قىلارلىق قاراش ئوتتۇرىغا چىقمىدى. دېمەك بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي زادى قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى تېخى ھەل بولمىدى.

4. «撐犁孤涂单于» (چېڭلى گۇتۇچەنيۇ) بۇمۇ ھۇنلار ھۆكۈمدارىنىڭ ھۆرمەت نامى. بۇ سۆز «خەننامە»نىڭ «ھۇنلار تەزكىرىسى» دېگەن جىلدىدا قوللىنىلغان. «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە بۇ سۆز ئىشلىتىلىش بىلەن بىللە، يەنە ئۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىلگەن. ئۇنىڭدا «چەنيۇ» (单于) لۇەنتى (挛提) ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ئۆز ئېلىدىكىلەر ئۇنى (撑犁孤涂单于) دەپ ئاتايدۇ. ھۇنلار كۆك (ئاسمان)نى (撑犁)، ئوغۇلنى (孤涂) دەيدۇ. (单于) دېگەن سۆز (كەڭ) دېگەنلىك بولىدۇ، دېمەك، بۇ (كۆكتەك (ئاسماندەك) چەنيۇ) (天单于) دېگەنلىك بولىدۇ»، دېيىلىدۇ[①]. بۇنىڭدا ئاپتور سۆزلەرگە ئايرىم - ئايرىم چۈشەنچە بېرىپ، ئاخىرىدا بىر پۈتۈن بىرىكمىنى «كۆكتەك چەنيۇ» دېگەن سۆز بولىدۇ دەپ خۇلاسىلەيدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە «ئوغۇل» دېگەن مەنىدىكى «孤涂» سۆزى چۈشۈپ قالغان. ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە بولغاندا، بۇ بىرىكمىنىڭ مەنىسى «كۆكتەك (ياكى تەڭرىدەك) ئوغۇل كەڭ» بولۇشى كېرەك. «单于»نىڭ تەلەپپۇزى ۋە مەنىسى تېخى ھەل بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تەرجىمە قىلىنمىغاندا، بۇ بىرىكمىنىڭ تەرجىمىسى «كۆكتەك (تەڭرىدەك) ئوغۇل چەنيۇ» بولۇشى كېرەك. بۇ بىرىكمىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى خىل تەرجىمىسىگە قارىغىنىمىزدا ئالدىنقىسىدىن بىر نەرسە ئۇققىلى بولمايدۇ، ئۇ باغلانغان ۋە مەنتىقىلىق بىر مەنە بەرمەيدۇ. گەرچە كېيىنكىسىدە سۆزلەر باغلانغان بولسىمۇ، ئىنچىكىلەپ پىكىر يۈرگۈزسەك، ئۇنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆردىمىز. چۈنكى ھۆكۈمدارنىڭ ھۆرمەت نامى ئالدىغا «ئوغۇل» ياكى «قىز» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويۇش غەلىتە ئىش بولۇپ، بۇ ئە-

---

① بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 1573 - بەت.

قىلغە سىغمايدۇ. ئەگەر بىز بۇ بىرىكمىنى «تەڭرى (كۆك) ئوغلى چەنيۈ» دەپ ئالساق، بىرىكمىدىكى سۆزلەر راۋان باغلانغان ۋە مۇئەييەن بىر مەنىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا «چەن-يۈ» دېگەن سۆز ھۆكۈمدارنىڭ ئىسمى بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا قائىدىگە ئۇيغۇن بولىدۇ، لېكىن «چەنيۈ» سۆزى ھۆ-كۈمدارنىڭ ئىسمى بولماستىن، بەلكى ھۆرمەت ئاتاق نامى، يەنى «پادىشاھ»، «خان» دېگەنگە ئوخشاش سۆز، شۇڭا «تەڭرى ئوغلى چەنيۈ» دەپ ئېلىشمۇ قاملاشمايدۇ. ئومۇمەن «خەننامە» ئاپتورى-نىڭ بۇ بىرىكمىدىكى «撑犁» سۆزىنى «كۆك»، «ئاسمان» دەپ چۈشەندۈرۈشى توغرا بولغان، بۇ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «تەڭ-رى» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئىپادىلىنىشىدۇر، لېكىن ئاپتورنىڭ «孤涂» سۆزىنى «ئوغۇل» دەپ چۈشەندۈرۈشى توغرا بولمىغان. بۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدىغان باشقا كونكرېتراق تارىخىي خاتىرە ۋە تىل پاكىتى يوق. تارىختا جۇ سۇلالىسى پادى-شاھلىرى «天子» (تەڭرىنىڭ ئوغلى) دەپ ئاتالغان. ھۇن ئالىي ھۆكۈمدارلىرى بولسا، ئۆزلىرىنى «天之桥子» (تەڭرىنىڭ ئەر-كە ئوغلى) دەپ ئاتاشقان. ئاپتور مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە «撑犁» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «تەڭرى» ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن. ئەمما «孤涂»نىڭ مەنىسىنى ئېنىق بىلمىگەن شارائىتتا، ھۇنلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى بولغان ئىكەن، ئۇ جەزمەن ئا-دەت بويىچە «تەڭرىنىڭ ئوغلى» دەپ قاراپ «孤涂» دېگەن سۆز-گە «ئوغۇل» دېگەن مەنە بەرگەن. «单于» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە ئىكەنلىكىگە ھازىرچە بىرنەرسە دەپ بولمايدۇ. ھازىر تەتقى-قاتچىلار بۇ بىرىكمىدىكى «撑犁» دېگەن سۆزنىڭ «تەڭرى» دېگەن سۆز، «孤涂» دېگەن سۆزنىڭ «قۇت» دېگەن سۆز ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىردەك تونۇشقا كەلدى. دېمەك، بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ بىرىكمىنى «تەڭرىقۇت چەنيۈ» دەپ ئېلىشىمىزغا بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «تەڭرى قۇتلىغان چەنيۈ» دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمدىكى مۇھىم مەسىلە «单于» دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ۋە مەنىسى نېمە ئىكەنلىكى ھەل

بولسا، بۇ بىرىكمىنىڭ مەنىسى تولۇق ھەل بولىدۇ.

5. «当户» (داڭخۇ) ئەمەل نامى «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە، باتۇر تەڭرىقۇت «··· ئولڭ، سول چولڭ (当户) ئەمىلى ··· تەسىس قىلغانىدى»، دېيىلىدۇ[①]. تەتقىقاتچىلار «当户» قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «tanha» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇ تۈركىي تىلىدىكى «تارقان» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ. «تۈنيۇقۇق» مەڭگۇ تېشىدا بۇ ئەمەل نامى بار دەپ كۆرسىتىدۇ[②].

6. «嫡» (دى) بۇ ئالاھىدە ياسالغان ئوقيا ئوقىنىڭ نامى. بۇ سۆز يەنە خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە «鸣» دېگەن سۆز بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ «鸣嫡» دەپ يېزىلىدۇ. بۇ «ۋىژىلداپ ئۇچىدىغان ئاۋازلىق ئوق» دېگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن، «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە، «باتۇر ۋىژىلداپ ئۇچىدىغان ئاۋازلىق ئوق (鸣嫡) ياسىتىپ، ئەسكەرلەرگە ئوقيا ئېتىش يوللىرىنى ئۆگەتتى»، دېيىلىدۇ[③]. تەتقىقاتچىلار «鸣嫡» سۆزىنى ھۇنگار تىلىدىكى «ھۇشتەك، ئىسقىرت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «futty» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ[④]. ئېھتىمالىم بۇ futty دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنىشى بولسا كېرەك.

7. «童酪» (دۇڭلاۋ) بۇ ھۇنلارنىڭ كۈندىلىك ئوزۇقلىرىنىڭ بىرلىك نامى. بۇ سۆزنىڭ يېرىمى ھۇنچە، يېرىمى خەنزۇچە قىلىپ ئېلىنغان سۆز ئىكەنلىكى ئۆزلۈكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىكى 童 سۆزىلا ھۇنچە بولۇپ، ئاخىرىدىكى 酪 خەنزۇچە سۆز ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلار 童 دېگەن سۆزگە «tong»،

---

① سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2890 ـ بەت.

② خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

③ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 2888 ـ بەت.

④ خەن يىچى: «ئەڭ دەسلەپكى ھۇنگارلار بىلەن ھۇنلارنىڭ مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ئورنىنى تىل جەھەتتىن دەلىللەش»، «مىللەتشۇناسلىق ژۇرنىلى»، 1983 ـ يىللىق سان، يۈننەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 55 ـ بەت.

«tson»، «zon» دەپ ترانسكرىپسىيە بېرىدۇ ۋە خۇن تىلىدىكى «سۈت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز دەپ كۆرسىتىدۇ.[①]. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇنى خۇنگار تىلىدىكى سۈتنى بىلدۈرىدىغان «tej» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ[②]. «تارىخىي خاتىرىلەر. خۇنلار تەزكىرىسى»دە «جۇڭخاڭ يۆ تەگرىقۇتقا نەسىھەت قىلىپ، «··· (خەن سۇلالىسىدىن ئالغان يېمەكلىكلەر تاشلىنىۋېتىلدى. دېمەك، بۇ نەرسىلەر ئۆزىمىزنىڭ (童酪) (سۈت ـ ئېرىمچىكلىرىمىز)دەك لەززەتلىك ئەمەس) دەيدۇ»، دېيىلىدۇ. يەن شىگۇ كىتابتا «童» غا ئىزاھات بېرىپ، بۇ «سۈت دېمەكتۇر»، دەپ كۆرسىتىدۇ[③]. دېمەك، «童»نىڭ سۈتنى بىلدۈرىدىغانلىقىدا گۇمان يوق.

8. «逗落» (دۇلو) بۇ سۆز قەبرىنى كۆرسىتىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. خۇنلار تەزكىرىسى»دە، «دەپنە ئىشلىرىدا ئىچ ـ تاش قوش تاۋۇت ياسىلىپ، ئىچىگە جەسەت بىلەن بىللە ئالتۇن ـ كۈمۈش، كىيىم ـ كېچەكلەر سېلىنىدۇ، قەبرە بېشىغا دەرەخ تىكمەيدۇ، قارىلىق كىيىم كىيمەيدۇ»، دېيىلىدۇ. بۇ مەلۇماتقا كىتابتا «جاڭ خۇا، خۇنلار قەبرىنى (逗落) دەپ ئاتايدۇ، دەيدۇ»، دەپ ئىزاھ بېرىلگەن[④]. تەتقىقاتچىلار، بۇ سۆز قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «tulak» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، بۇ ئۇيغۇرچە تىلىدىكى «تۇپراق بېشىغا چىقماق» دېگەن سۆزدىكى «تۇپراق» سۆزى بىلەن بىر سۆز دەپ كۆرسىتىدۇ[⑤].

---

① خې شىڭلياڭ: «خۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

② خەن يىچى: «ئەڭ دەسلەپكى خۇنگارلار بىلەن خۇنلارنىڭ مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ئورنىنى تىل جەھەتتىن دەلىللەش»، «مىللەتشۇناسلىق ژۇرنىلى»، 1983 ـ يىللىق سان، يۈننەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 55 ـ بەت.

③ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. خۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 2899 ـ بەت.

④ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. خۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 2892 ـ، 2893 ـ بەتلەر.

⑤ خې شىڭلياڭ: «خۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

9. «遏氏» (ئېجى) بۇ ھۇن تىلىدىكى «ئالچى» (阏氏) دېگەن سۆزنىڭ باشقىچە يېزىلىشى بولۇپ، ۋاڭ چۇڭنىڭ «مىزان» ناملىق ئەسىرىدە مۇشۇنداق يېزىلغان[1].

10. «服匿» (فۇنى) بۇ ئىدىشنىڭ نامى بولۇپ، بىر خىل ئاغزى كىچىك، قورسىقى چوڭ ھاراق قاچىسى ياكى يېمەكلىك قاچىسىنى كۆرسىتىدۇ. «خەننامە. سۇۋۇ تەرجىمىھالى»دا «ئۇشەن خان ئۇنى (سۇۋۇ) ياقتۇرۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇنى كىيىم - كېچەك، ئوزۇق - تۈلۈك بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتىدۇ. ئۇشەن خان ئاغرىپ قالىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ سۇۋۇغا ئات، چارۋا مال، (服匿) (شاراب، قېتىق كوزىسى ياكى كومزىكى)، كىگىز ئۆي ھەدىيە قىلىدۇ»، دېيىلىدۇ[2]. يەن شىگۇ كىتابتا «服匿» دېگەن سۆزگە ئىزاھ بەرگەندە، مېڭ كاڭدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، «服匿» كوزىغا ئوخشايدىغان ئاغزى كىچىك، قورسىقى چوڭ، تېگى تۆت چاسا ئىدىش بولۇپ شاراب، قېتىق قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ»، دەپ كۆرسىتىدۇ[3]. تەتقىقاتچىلار، بۇ سۆز قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «bakanak» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «paktok» دەپ ترانسكرىپسىيىلەيدۇ. تەتقىقاتچىلار بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى توغرىسىدا توختالغاندا، بۇ ئەسلىي تۈركىي تىللاردىكى «بالچىق» دېگەن سۆز بىلەن بىر سۆز بولسا كېرەك، ھۇنلار لايدىن پىشۇرۇپ ياسىغان ئىدىشلارنى «بالچىق» دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك دەيدۇ[4].

---

① ۋاڭ چۇڭ: «مىزان توغرىسىدا»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1974 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 247 - بەت. بۇ يېڭى نەشرىدە 焉提 قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. كونا نۇسخىدا «遏氏» يېزىلغان. ئىزاھ ⑩ دا كۆرسىتىلگەن ماقالىگە قاراڭ.

② بەن گۇ: «خەننامە. سۇۋۇ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1962 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 2463 - بەت.

③ بەن گۇ: «خەننامە. سۇۋۇ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1962 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 2463 - بەت.

④ خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 - يىل 1 - سان.

11. «孤涂» (گۇتۇ) بۇ سۆز توغرىسىدا يۇقىرىدا توختالدۇق. بۇ ئەسلىي «قۇت» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ.

12. «骨都» (گۇدۇ) ۋە «骨都侯» ئالدىنقىسى ئادەتتىكى سۆز، كېيىنكىسى ئەمەل نامى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە ھۇنلاردا تەسىس قىلىنغان ئەمەللەر ئۈستىدە مەلۇمات بېرىلگەندە، «··· ئوڭ، سول «骨都侯» (قۇتبەگ)لەر تەسىس قىلىنغان ئىدى»، دېيىلىدۇ[1]. تەتقىقاتچىلار «骨都»نىڭ ھۇن تىلى، شۇنداقلا قەدىمكى تۈركىي تىللاردىكى «قۇتلۇق» (qutluq) دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ[2]. دېمەك، «骨都» سۆزى «قۇتلۇق» دېگەن سۆز، «骨都侯» سۆزى بولسا «قۇتلۇق بەگ» دېگەن سۆز ھېسابلىنىدۇ. «قۇتلۇق بەگ» ئەمەل نامى بولۇپ، قىسقارتىلىپ «قۇتبەگ» دېيىلىدۇ.

13. «骨胡» (گۇخۇ) دەريا نامى. «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرى تۈزۈلگەن ئالەمدىكى يەر ـ جاي تەزكىرىلىرى» دېگەن كىتابنىڭ 36 ـ جىلدىدىكى «يەنجۇ ئايىمىقى يەنسۈي ناھىيىسى» دېگەن تارماقتا، «گۇخۇ دەرياسى (骨胡川) سۈيجۇ ئايىمىقى سۈيدې ناھىيىسى چېگرىسىدىكى 40 چاقىرىم جايدا خۇاڭخې دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. گۇلاۋ، ھۇنچە نامى گۇخۇ، خەنزۇچە نامى گەنچۈەن (قۇرۇق دەريا) دەپ ئاتىلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ، ھازىر بۇ دەريادا سۇ يوق»، دېيىلىدۇ[3]. يۇقىرىقى مەلۇماتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەسلىي «قۇرغاق» دېگەن سۆز ئىدى، تەتقىقاتچىلارمۇ «骨胡»نى تەلەپپۇز جەھەتتىن تۈركىي تىللاردىكى «قۇرۇق» سۆزىگە توغرا

---

① سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2890 ـ بەت.

② خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

③ «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرى تۈزۈلگەن ئالەمدىكى يەر ـ جاي تەزكىرىلىرى»، 36 ـ جىلد، «جىخۇلار تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى ژۇرنىلى» 1982 ـ يىل 3 ـ سان.

كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ[1].
14. «贺兰» (خېلەن)، «贺赖» (خېلەي) ۋە «赫连» (خېلى-
يەن) — تاغ نامى، ھۇنلارنىڭ ئۇرۇق نامى ۋە ھۇنلارنىڭ فامىلى-
سى بولۇپ، بۇلارنىڭ يېزىلىشى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ھۇن
تىلىدىكى بىر سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ. «تارى-
خىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە «呼衍氏» (قۇيان)، «兰氏»
(لان) ئۇرۇقلىرى، بۇلاردىن قالسا «须卜氏» (شۇيبۇ) ئۇرۇقى
بار، بۇ ئۈچ ئۇرۇق ئۇلار (ھۇنلار)نىڭ ئالىي مەرتىۋىلىك ئۇرۇق-
لىرى ھېسابلىنىدۇ»[2]. بۇنىڭدىكى «兰氏» (لان ئۇرۇقى) دېگەن
سۆز ئەسلىي «贺兰氏» (خېلەن قەبىلىسى) دەپ ئاتالغان، ھۇنلار
ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەزىرلىرى كۆپىنچە بۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان-
لىقى ئۈچۈن، بۇ بىر قىسىم ھۇنلار جەمئىيەتتە ھۆرمەتلىك ئو-
رۇنغا ئىگە بولغان ۋە «贺兰氏» ياكى «贺兰种» (خېلەن ئۇرۇ-
قى) دەپ ئاتالغان ھەمدە بۇلاردىن چىققان داڭلىق زاتلارغا بۇ سۆز
فامىلە قىلىنغانىدى. تەتقىقاتچىلار «贺兰» دېگەن سۆز ئەسلىي
ھۇن تىلىدىكى «قۇلان» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ
قارايدۇ[3]. دېمەك، «贺兰» دېگەن سۆز «قۇلان» دېگەنلىك بولىدۇ.
15. «胡» (خۇ) ھۇنلارنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى بولۇپ، ھۇن تى-
لىدىكى «كۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ.
تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى «匈奴» دېگەن تارماقتىن كۆرۈڭ.
16. «呼衍» (خۇيەن)، «呼延» ھۇنلارنىڭ ئۇرۇق نامى.
«呼衍氏» (خۇيەن ئۇرۇقى) ھۇنلارنىڭ ئالىي مەرتىۋىلىك ئۇ-
رۇقلىرىنىڭ بىرى، بۇ «تارىخىي خاتىرىلەر. بۇ مەلۇماتنى يۇقى-
رىدا نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتكەنىدۇق. «延呼» بولسا «呼衍» نىڭ

---

① خې شىڭلياڭ: «جىڭخۇلار تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مىللەتلەر تىل - يېزىقى» ژۇرنىلى، 1982 - يىل 3 - سان.

② سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2890 -، 2891 - بەتلەر.

③ خې شىڭلياڭ: «جىڭخۇلار تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مىللەتلەر تىل - يېزىقى ژۇرنىلى»، 1982 - يىل 3 - سان.

باشقىچە يېزىلىشى ھېسابلىنىدۇ. «خەننامە». ھۇنلار تەزكىرىسى»دە، ھۇنلارنىڭ تۆت ئۇرۇقى ئىچىدىكى «呼衍» ئۇرۇقى نامىنىڭ كېيىنكى چاغدا ئۆزگەرتىلىپ «呼延» قىلىپ يېزىلغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ[1]. تەتقىقاتچىلار «呼衍» ياكى «呼延» سۆزىنى ھۇن تىلىدىكى «قۇيان» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ[2].

17. «稽粥» (جىيۇ) باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى. باتۇر تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا جىيۇ تەڭرىقۇت بولىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە، «··· باتۇر تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئوغلى (稽粥) تەختكە ئولتۇرىدۇ ۋە ئاغا تەڭرىقۇت دەپ ئاتىلىدۇ»، دېيىلىدۇ[3]. بەزى تەتقىقاتچىلار «稽粥» دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى «kitus» ياكى «kaiduc» دەپ قارايدۇ. بەزىلەر بولسا، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى «قايۇق» ياكى «كىئۇك» دەپ قارايدۇ، لېكىن تەتقىقاتچى خې شىڭلياڭ ئەپەندى بولسا، بۇ سۆزنىڭ ئاھاڭى تۈركىي تىللاردىكى «قىران» سۆزىگە يېقىن كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ[4].

18. «径路» (جىڭلۇ) بىسلىق قورال نامى. «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە، «خەن چاڭ، جاڭ مېڭلار تەڭرىقۇت (قوغشار تەڭرىقۇت) ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزەرالىرى بىلەن بىرلىكتە ھۇنلارنىڭ نوشۇي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى دۆڭشەن تېغىغا چىقىپ، ئۇ يەردە ئاق بوزئاتنى سويۇشتى، تەڭرىقۇت (قوغشار تەڭرىقۇت) ئۆز

---

① فاڭ شۈەنلىڭ قاتارلىقلار: «جىننامە. شىمالىي دىلار ۋە ھۇنلار تەزكىرىسى»، 97 ـ جىلد. لىن گەن تۈزگەن «ھۇنلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1983 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 579 ـ بەتكە قاراڭ.

② ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى تۈزگەن «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخىي ئاتالغۇلار لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى، 136 ـ بەت.

③ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 2898 ـ بەت).

④ خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

ۋاقتىدا توخرىلار خاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ باش سۆڭىكىدىن
ياسىغان شاراب جامىغا شاراب قۇيغۇزۇپ، «径路» (قىڭراق) بىـ-
لەن بىلىكىدىن قان چىقىرىپ، شارابقا تېمىتتى ۋە نەقىشلىك
ئالتۇن قوشۇقتا قان بىلەن شارابنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى بىرلىكـ-
ـتە ئىچىپ قەسەمياد قىلىشتى»، دېيىلىدۇ[①]. يەن شىگۇ «径路»
دېگەن سۆزگە ئىزاھ بەرگەندە، يىڭشاۋدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، «径路»
ھۇنلارنىڭ ئېسىل شەمشىرىدۇر»، دەپ كۆرسىتىدۇ. نېمىس ئا-
لىمى فىرىدرىخ ھىرچ (Friedrich Hirth، 1845 ـ 1927) «ئا-
تىللا شەجەرىسى» دېگەن ئەسىرىدە (jinglu) دېگەن سۆزنىڭ تۈر-
كىي تىللاردىن بولغان تېلىئۈت تىلىدا كىچىك پىچاقنى بىلدۈ-
رىدىغان (قىڭراق) سۆزى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان»لىقلار تىلى
(ئۇيغۇر تىلى)دا چوڭ پىچاقنى بىلدۈرىدىغان «قىڭراق» سۆزى
بىلەن بىر سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ[②]. خې شىڭلياڭ ئەپەندى
بۇ سۆز ئۈستىدە توختالغاندا، «قەدىمكى تۈرك تىلىدا ئېسىل پى-
چاق (قىلىچ) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇزى (径路) غا
يېقىن كېلىدۇ» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[③]. ئومۇمەن
«径路» ھۇن تىلىدىكى سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، تەد-
قىقاتچىلارنىڭ كۆپى بۇنى ئەسلىي «قىڭراق» دېگەن سۆز دەپ
قارايدۇ.

19. «居次» (جۇسى) بۇ جىنس ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان
سۆز. «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە «پۇجۇلجۇت تەڭرىقۇت ۋاڭ
جاۋجۇنگە ئۆيلىنىپ ئۇنىڭدىن ئىككى قىز پەرزەنت كۆردى، چو-
ڭى شۈيبۇقىز، كىچىكى تانيۇقىز (当于居次) دەپ ئاتالدى»،

① بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ
يىل نەشرى، خەنزۇچە 3801 ـ بەت.
② شىراتورى كۇراكىچى: «ھۇنلار توغرىسىدا تەتقىقات»، لىن گەن تۈزگەن
«ھۇنلار تارىخىغا دائىر ماقالىلەردىن تاللانما»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1983 ـ
يىل نەشرى، خەنزۇچە 203 ـ بەت.
③ خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»،
«مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

دېيىلىدۇ[1]. يەن شىگۇ «居次» دېگەن سۆزگە ئىزاھ بەرگەندە، لى چىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، «居次» دېگەن سۆز ئاياللارنىڭ نامى، خەنزۇ تىلىدىكى «公主» (مەلىكە) دېگەن سۆزگە ئوخشايدۇ»[2]، دەپ كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر بۇ ئىزاھقا قاراپ «居次»نى «مەلىكە» دېگەن سۆز دەپ قارايدۇ. ياپونىيە ئالىمى گۇڭشى داۋسەنلاڭ «居次»نى ئەسلى خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان «公主» دېگەن سۆز دەپ قارايدۇ[3]. لېكىن كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار بۇنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە «居次» دېگەن خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان «公主» دېگەن سۆزنىڭ ھۇنچە تەلەپپۇزى ئەمەس، ئەگەر ئۇنداق بولغان بولسا، تارىخچىلار ئۇنى «居次» دەپ ئالماستىن، بەلكى بىۋاسىتە ھالدا ئەسلىدىكى سۆز بويىچە «公主» دەپ ئالغان بولاتتى، «居次» ئەسلى ھۇن تىلىدىكى سۆز بولۇپ، ئۇ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «قىز» دېگەن سۆز بىلەن بىر سۆز دەپ كۆرسىتىدۇ[4]. ھەممىدىن مەلۇمكى، كېيىنكى چاغدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار «公主» دېگەن سۆزنى شۇ چاغدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى ئادىتى بويىچە «قۇنچۇي» دەپ قوللانغاندى.

20. «决提» (جۆتى) ھايۋان نامى، يەنى ھۇنلارنىڭ بىر خىل چارۋا مېلىنىڭ نامى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە، «ئۇلار ئوتلاق قوغلىشىپ، چارۋىچىلىق قىلىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، چارۋا ماللىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئات، كالا، قوي بولۇپ، ئالاھىدە چارۋا ماللىرىدىن تۆگە، ئېشەك، قېچىر، ئېشەك قې-

---

① بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 3807 -، 3808 - بەتلەر.

② بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 3807 -، 3808 - بەتلەر.

③ خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 - يىل 1 - سان.

④ خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 - يىل 1 - سان.

چىر، قوْلان، ئات قېچىرلار بار»، دېيىلىدۇ①. شۇ گۇاڭ «جۆتى شىمالىي دىلارنىڭ تۇلپارىدۇر»، دەيدۇ. «تۇڭيا» دېگەن كىتابنىڭ «جۆتى» دېگەن تارمىقىدا، «دۇڭبى: (بايتالنى ئېشەككە چاپتۇرسا «جۆتى» تۇغۇلىدۇ) دەيدۇ»، دېيىلىدۇ. يەن شىگۇ بۇ سۆزگە ئىزاھ بەرگەندە، جۆتى تۇغۇلۇپ يەتتە كۈن بولغاندا ئانىسىدىن ئۆزۈپ كېتىدۇ»، دەيدۇ②. يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسىنى بىلىشكە بولىدۇكى، «جۆتى» ھۇنلارنىڭ ئالاھىدە چارۋا ماللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ يىلقا يەنى بايتال بىلەن ئېشەك ئوتتۇرىسىدىن تۆرەلگەن بىر خىل شالغۇت مال ئىدى. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېنىقلىشىچە «جۆتى» دېگەن سۆز ھۇن تىلىدىكى «kuti» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىكەن③. بىز بۇنى ھازىر «ئات قېچىر» دەيمىز. ئەينى زاماندا ھۇنلار ئۇنى «كۇتى» دېگەنىدى.

21. «可野» (كېيې) قۇرۇلۇش ياكى ئىستېھكام نامى. «تەيپىڭ شىگو يىللىرىدا تۈزۈلگەن ئالەمدىكى يەر ـ جايلار تەزكىرىلىرى»نىڭ 35 ـ جىلدىدىكى «دەنجۇ ئايمىقى يۇنيا ناھىيىسى» دېگەن تارماقنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا «تاشلاندۇق (可野) (كېيې ساڭرامى) ناھىيىنىڭ 15 چاقىرىم شىمالىدا، گولاۋنىڭ يەتكۈزگەن مەلۇماتىدىن قارىغانا، بۇ جايدا لىيۇ ساخې ئىستىقامەت قىلغانىدى. جىخۇلار (堡) (قورغان)نى (可野) دەپ ئاتايدۇ. بۇ ساڭرامنىڭ تۆت تەرىپى تىك قىيا، پەقەت شىمالدىكى بىر يولدىن ئۇ يەرگە بارغىلى بولىدۇ»، دېيىلىدۇ④. تەتقىقاتچىلار «可野»نىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى «koka» ياكى «koha» دەپ كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى «قورغان» دېگەن

---

① سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2879 ـ بەت.

② بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 3755 ـ بەت.

③ سېن جىشياڭ: «خەنزۇ تىلىدىكى سىرتتىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى»، سودا نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى.

④ خې شىڭلياڭ: «جىخۇلار تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 3 ـ سان.

سۆز بىلەن بىر سۆز دەپ قارايدۇ.[①].
22. «控» (كوڭ) پېئىل، «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەز-
كىرىسى» ۋە «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە، «خەن ئەسكەرلىرى
شياڭ يۇ بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقتىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
خەلقى ئۇرۇش تۈپەيلى ھارغانىدى. شۇ سەۋەبتىن باتۇر قۇدرەت
تېپىپ، 300 مىڭدىن ئارتۇق ئوقياچى (控玄之十)غا ئىگە بول-
دى»، دېيىلىدۇ[②]. يەنە بۇ ئىككى كىتابتىكى خەن سۇلالىسى پا-
دىشاھىنىڭ ھۇن تەڭرىقۇتىغا يازغان خېتىدە، «··· مەرھۇم خان
ئاتام قالدۇرۇپ كەتكەن تۈزۈم بويىچە، سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى
ئوقيالىقلار ئېلى (引弓之国) تەڭرىقۇتقا تەۋە بولۇشى، سەدد-
چىنىنىڭ ئىچىدىكى قالپاق ـ كەمەرلىك خەلقلەر مېنىڭ ئىدا-
رەمدە بولۇشى كېرەك ئىدى»، دېيىلىدۇ[③]، دېگەن سۆزدىكى
«控» نى تەتقىقاتچىلار (ھۇنچە سۆز دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى
«控玄之士» دېگەن سۆزدىكى «引弓之国» «引» سۆزى ئې-
نىقلاپ بېرىدۇ. بۇ «تارتىش، كېرىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ
ۋە ئوقيا كىرىچىنى تارتىش ۋە كېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەينى
زاماندا ھۇنلارنىڭ قوشۇنى ئاساسلىقى، ئوقيا بىلەن قوراللانغان
ئاتلىق ئەسكەرلەر قوشۇنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەسكەر-
لىرى ئوقياچىلار (控玄之士) دەپ ئاتالغان، ھۇن تەڭرىقۇتلۇقى
ئوقيالىقلار ئېلى (引弓之国) دەپ ئاتالغانىدى. تەتقىقاتچىلار
«控» نى ھۇنگار تىلىدىكى «ئوقيا كىرىچىنى تارتىش» دېگەن مە-

① خې شىڭلياڭ: «جىخۇلار تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە سىناق تەرىقىسىدە چۈ-
شەندۈرمە»، «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 3 ـ سان.
② سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر، ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق
ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 2890 ـ بەت؛ يەن بەنگو: «خەننامە.
ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇ-
چە، 3750 ـ بەت.
③ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق
ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2902 ـ بەت، يەنە بەنگو: «خەننامە.
ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇ-
چە، 3762 ـ بەت.

نىنى بىلدۈرىدىغان «kinyujt» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ[1].

23. «库锅» (كۇگو) ئىسىم، خۇشپۇراق ماتېرىيال نامى. «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرى تۈزۈلگەن ئالەمدىكى يەر - جايلار تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ 35 - جىلدىدىكى «دەنجۇ ئايمىقى يەرچۈەن ناھىيىسى» دېگەن تارماقتا، «كۇگو (库锅) ناھىيىنىڭ 20 چاقىرىم غەربىي شىمالىدا بولۇپ، يۇنيەن ناھىيىسى چېگرىسىدىن ئۆتۈپ دەنياڭ دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. «تۇجىڭ» (رەسىملىك يەر - جايلار تەزكىرىسى) دېگەن كىتابتا، «دەريانىڭ جەنۇبىدا خەنزۇلار، شىمالىدا هۇنلار ياشايدۇ»: هۇنلار بىلەن خەنزۇلار بىرلىكتە دەريادا شياڭ كۆيدۈرىدۇ. هۇنلار «كۇگو» دەپ ئاتايدۇ)، دەپ كۆرسىتىلىدۇ. شۇڭا بۇ دەريا شۇنداق نام ئالغان»، دېيىلىدۇ[2]. دېمەك، «كۇگو» هۇنچە سۆز بولۇپ، تەتقىقاتچىلار بۇنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى «koka» ياكى «kuka» دەپ كۆرسىتىدۇ ھەمدە 735 - يىلى ئورنىتىلغان «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دا «قوقى» دېگەن سۆز بار، مەنىسى «ئىسى» دېگەنلىك بولىدۇ؛ «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى»دە «kusi, kuji» دېگەن سۆزلەر بار، بۇنىڭ مەنىسى «مۇقەددەس» دېگەنلىك بولىدۇ؛ هازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا «شياڭ» دېگەن سۆز «كۇجە» دېيىلىدۇ؛ kusi, kuji «قوقى»نىڭ ئۆزگەرگەن شەكىللىرى بولسا كېرەك، «قوقى» بىلەن «库锅» نىڭ تەلەپپۇزى يېقىن كېلىدۇ، مەنىسى مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا بۇلارنى بىر سۆز دەپ قاراشقا بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ[3].

24. «库利» (كۇلى) I ئىسىم. «يۈەنخې يىللىرىدا تۈزۈلگەن ۋىلايەت - ناھىيىلەر تەزكىرىسى»نىڭ 4 - جىلدىدىكى

---

① خەن يېچى: «ئەڭ دەسلەپكى هۇنگارلار بىلەن هۇنلارنىڭ مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ئورنىنى تىل جەھەتتىن دەلىللەش»، «مىللەتشۇناسلىق ژۇرنىلى»، 1983 - يىللىق سان، يۈننەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 55 - بەت.

② خې شىڭلياڭ: «جىخۇلار تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مىللەتلەر تىل - يېزىقى ژۇرنىلى»، 1982 - يىل 3 - سان.

③ خې شىڭلياڭ: «جىخۇلار تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مىللەتلەر تىل - يېزىقى ژۇرنىلى»، 1982 - يىل 3 - سان.

«دەنجۇ ئايمىقى يۇنيەن ناھىيىسى» تارمىقىدا، «كۇلى تۇزلەڭلىكى (库利川) ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا، بۇرۇن بۇ جايدا بىر قۇل قاراقچى تۇرغان ئىكەن. جىيلار قۇلنى «库利» دەپ ئاتايدۇ، شۇڭا بۇ جاي شۇنداق ئاتالغان ئىكەن»، دېيىلىدۇ[1]. «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرى تۇزۇلگەن ئالەمدىكى يەر ـ جايلار تەزكىرىسى»دىمۇ يۇقىرىقى سۆزلەر بار. دېمەك، «库利» دېگەن سۆز «قۇل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىمۇ «قۇل» دېگەن سۆزگە ناھايىتى يېقىن، شۇڭا تەتقىقاتچىلار «库利» دېگەن سۆزنى تۈركىي تىللاردىكى «قۇل» دېگەن سۆز بىلەن بىر سۆز، «库利» سۆزى «قۇل» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ[2].

25. «库利» (كۇلى) Ⅱ ئىسىم. «تەيپىڭ شىڭگو يىللىرى تۇزۇلگەن ئالەمدىكى يەر ـ جايلار تەزكىرىسى»نىڭ 36 ـ جىلدىدىكى «يەنجۇ ئايمىقى لىنجېن ناھىيىسى» تارمىقىدا «كۇلى تۇزلەڭلىكى ناھىيىنىڭ 15 چاقىرىم شىمالىدىكى، خېجىچۇەن قېرىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ جاينىڭ تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئېلىنىدىكەن، ھۇنلار كونا ئاشلىقلارنى ساقلاشنى (库) دەيدىكەن»، دېيىلىدۇ[3]. يۇقىرىقىدىكى «库» ئەسلىي «库利» نىڭ قىسقارتىلمىسى ھېسابلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلار بۇ «库利» دېگەن سۆز «قۇل» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «库利» دېگەن سۆز بىلەن يېزىلىش جەھەتتە ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن بۇلار ئىككى سۆز، بۇ مەلۇماتتىكى «库利» سۆزى ئەسلىي تۈركىي تىللاردىكى ساقلىنىۋاتقان زاپاس ئاشلىقنى بىلدۈرىدىغان «خور» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، دەپ قارايدۇ[4].

---

① خې شىڭلياڭ: «جىخۇلار تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 3 ـ سان.

② خې شىڭلياڭ: «جىخۇلار تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 3 ـ سان.

③ خې شىڭلياڭ: «جىخۇلار تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 3 ـ سان.

④ خې شىڭلياڭ: «جىخۇلار تىلىدىكى بىرقانچە سۆزگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مىللەتلەر تىل ـ يېزىقى ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 3 ـ سان.

26. «[illegible]» (مىڭلى) ئىسىم، يېمەكلىك نامى. «خەننامە. ياڭ شيۇڭ تەرجىمىھالى»غا كىرگۈزۈلگەن ياڭ شيۇڭنىڭ «چاڭجياڭ نەزمى» دېگەن ئەسىرىدە، «قوغلاپ ئات - تۆگىلىرىنى، پىشلاقلىرىنى كۆيدۈردى»، دېيىلىدۇ. يەن شىگۇ كىتابتا جاڭ يەن سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئىزاھ بېرىپ، «مىڭلى پىشلاقتۇر، ئېچىتقۇ قىلىنىدۇ، ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىشتىن مەقسەت ھايات كەچۈرىدىغان نەرسىنى يوقىتىۋېتىشتىن ئىبارەت»، دەيدۇ[1]. تەتقىقاتچىلار يۇقىرىقى سۆزنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «metlai» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ ھەمدە ئۇلار يەنە ئۇيغۇرلار «干» يەنى «پىشلاق» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇزىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «پىشلاق» دېگەن سۆزگە يېقىن، شۇنداقلا مەنىسىمۇ ئوخشاش دەپ كۆرسىتىدۇ[2].

27. «冒顿» (ماۋدۇن) بۇ ھۇنلار تەڭرىقۇتىنىڭ ئىسمى. تەتقىقاتچىلار بۇ سۆز قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «maktak» ياكى «maktok» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ، بۇنى تۈركىي تىللاردىكى «باتۇر» دېگەن سۆز بىلەن بىر سۆز دەپ قارايدۇ[3].

28. «幕» (مۇ) ئىسىم، شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە جاۋسۇن تەڭرىقۇتقا قومۇلۇقنىڭ يىراق شىمالىغا چېكىنىش، خەن قوشۇنىنى مەلىكە قىلىپ ھاردۇرۇش، ئاندىن تارمار قىلىش، قورۇلغا يېقىنلاشماسلىق توغرىسىدا مەسلىھەت بەردى، دېيىلىدۇ[4]. كىتابنى ئىزاھلىغۇچى فېي يىن «幕» سۆزىگە ئىزاھ بېرىشتە ئۆزى ئايرىمچە ئىزاھ يېزىپ

---

① بەن گۇ: «خەننامە. ياڭ شيۇڭ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 3561 ـ بەت.

② خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

③ خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

④ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 2908 ـ بەت.

ئۆلتۈرماستىن، «خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى»دىكى يىلىڭ شاۋ بىلەن زەننىڭ بۇ سۆزگە بەرگەن ئىزاھىنى نەقىل كەلتۈردۇ. يىلىڭ شاۋ «كېيىنكى خەننامە. جەنۇبىي ھۇنلار تەزكىرىسى»دە يىلىڭ شاۋ بۇ سۆزگە ئىزاھ بەرگەندە «幕» قۇملۇقتۇر، ئۇ ھۇنلارنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى ھېسابلىنىدۇ»، دەپ كۆرسىتىدۇ.[①]. يەن شىگۇ «خەننامە. خەن ۋۇدى تەرجىمىھالى»دا بۇ سۆزگە ئىزاھ بەرگەندە «يىلىڭ شاۋ بىلەن زەننىڭ دېگەنلىرى توغرىدۇر ··· (幕) دېگىنىمىز ھازىرقى تۈركلەر زېمىنىدىكى قۇملۇقتۇر»، دەيدۇ[②]. تەتقىقاتچىلار بۇ سۆزنى ھۇنگار تىلىدىكى «قۇم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «homak» دېگەن سۆزگە تەڭلەشتۈرىدۇ[③]. دېمەك، «幕» ھۇن تىلىدىكى قۇملۇق ياكى «قۇم» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە قىسقارتىپ ئىپادىلىنىشى ئىدى.

29. «欧脱» (ئوۋتو) ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا پاسىلىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە «تۇڭگۇسلار بىلەن ھۇنلار ئارىلىقىدا تاشلاندۇق يەر بار بولۇپ، بۇ يەردە ئاھالە ئولتۇرمايتتى، دائىرىسى 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق ئىدى، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ياقىسىدا ئوتاغ (欧脱) قۇرۇپ تۇراتتى»، دېيىلىدۇ[④]. بۇنىڭدىكى «欧脱» دېگەن سۆز ھۇنچە سۆز بولۇپ، كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىشىنى قايىل قىلىدىغىنى چېن زۇڭجېن ئەپەندى-

① سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 2908 ـ بەت.

② بەن گۇ: «خەننامە. خەن ۋۇدى تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 203 ـ بەت.

③ خەن يىچى: «ئەڭ دەسلەپكى ھۇنگارلار بىلەن ھۇنلارنىڭ مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ئورنىنى تىل جەھەتتىن دەلىللەش»، «مىللەتشۇناسلىق ژۇرنىلى»، 1983 ـ يىللىق سان، يۈننەن مىللەتلەر نەشرىياتى، 55 ـ بەت.

④ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 2889 ـ بەت.

نىڭ پىكرى ھېسابلىنىدۇ[1]. «ota» دېگەن بۇ سۆز ھازىر «ئوتاۋ» دېيىلىدۇ ۋە چوڭ ھەم ھەيۋەتلىك كىگىز ئۆينى كۆرسىتىدۇ. قەدىمدە ھۇنلار كىگىز ئۆي ۋە تۇرالغۇ جاينى «欧脱» (ئوتاغ) دېگەنلىكتىن، ئارلىق پاسىل قىلىپ قالدۇرۇلغان ۋە ئادەم ئولتۇرمايدىغان يەرنى ياقىسىغا مۇداپىئە يۈزىسىدىن ئادەم تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تىكلىگەن كىگىز ئۆي ياكى تۇرالغۇ جايمۇ «欧脱» (ئوتاغ) دەپ ئاتالغاندى.

30. «蒲类» (پۇلېي) بۇ يەر نامى. «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە، «پۇلېي سانغۇنى جاۋ چۇڭگونىڭ قوشۇنى ئەسلىدە ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىكتە پۇلېي كۆلى (蒲类泽) بويىدا ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇيسۇنلار ئاۋۋال كېلىپ كېتىپ قالغاچقا، خەن سۇلالىسى ئەسكەرلىرى ئۇلار بىلەن ئۇچرىشالمىدى»، دېيىلىدۇ[2]. مەزكۇر كىتابتا يەنە ھۇنلارنىڭ پۇلېي بېگى (蒲类泽) بولغانلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ھۇنلار زېمىنىدا پۇلېي كۆلىنىڭ بولۇشى، بۇ كۆلنى مەركەز قىلغان مۇئەييەن رايونغا پۇلېي بېگى (蒲类王)نىڭ قويۇلۇشى، شۇنداقلا خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇ يەردىكى ھۇنلارغا ھۇجۇم قىلىشقا تەيىنلەنگەن سەركەردىگە «پۇلېي سانغۇن» ئاتىقى بېرىشى «پۇلېي»نىڭ ھۇنچە سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېنىقلىشىچە، «پۇلېي كۆلى ھازىرقى «باركۆل»نى كۆرسىتىدۇ[3]. «باركۆل» سۆزى ئەسلى «بارس كۆل» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەندى. دېمەك، «پۇلېي» دېگەن سۆز ھۇن تىلىدىكى «بارس» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ.

31. «祁连» (چىليەن) تاغ نامى. «خەننامە. خەن ۋۇدى تەر-

---

① چېن زۇڭجېن: «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى (ota) سۆزى بىلەن «欧脱» سۆزى توغرىسىدا»، «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1989 - يىل 2 - سان.

② بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 - يىل نەشرى، خەنزۇچە 3786 - بەت.

③ خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 - يىل 1 - سان.

جىمىھالى»دا «م ب 99 ـ يىلى (خەن ۋۇدى تيەنخەن 2 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا سوترىشانا سانغۇنى لى گۇاڭلى 30 مىڭ چەۋەنداز بىلەن جيۇچۈەندىن چىقىپ، تەڭرىتاغ (天山)دا ئوڭ قول بىلىكخان بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنىڭ ئون نەچچە مىڭ ئادىمىنى ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر ئالدى»، دېيىلىدۇ[①]. كىتابتا بۇ نەقىلدىكى «天山» دېگەن سۆزگە ئىزاھ بېرىلگەندە، «天山 ··· بۇ (祁连山) (چىلىيەن تېغى)دۇر. ھۇنلار (تەڭرى)نى(祁连) دەپ ئاتايدۇ، دەيدۇ»، دېيىلىدۇ. «خەننامە. خوچۇبىڭ تەرجىمىھالى»دا «بېيدىدىن چىققان خوچۇبىڭ دۇشمەن ئىچكىرىلەپ كىردى. يولدىن ئېزىپ كەتكەن ھەمراھ بەگ گۇاڭسۈن ئاۋ خوچۇبىڭ بىلەن ئۇچرىشالمىدى. چىلىيەن تېغى (祁连山)غا ھەممىدىن ئاۋۋال يېتىپ بارغان خوچۇبىڭ نۇرغۇن دۇشمەننى ئەسىر ئالدى»، دېيىلىدۇ[②]. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، «祁连» دېگەن سۆز ھۇنچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «تەڭرى» دېگەن سۆز ئىدى. تەتقىقاتچىلار «祁连» دېگەن سۆزنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى «teilan» دەپ كۆرسىتىدۇ[③]. بۇ سۆزنىڭ ئاھاڭى تۈركىي تىلدىكى «تەڭرى» دېگەن سۆزگە ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ. دېمەك «祁连山» نى ئەسلىي ھۇن تىلىدىكى «تەڭرى تېغى» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

32. «师比» (شىبى) ئىسىم، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇمى نامى. خەنزۇچە ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە تارىخىي خاتىرىلەردە بۇ بۇيۇم نامى يەنە «犀比» (شىبى)، «犀毗» (شىپى)، «犀批» (شىپى)، «鲜卑» (شيەنبېي)، «胥纰» (شۈپى) دەپ يېزىلىدۇ. دېمەك، تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ بۇيۇم نامى ئالتە خىل شەكىلدە ئۇچرايدۇ. گەرچە ھەر خىل يېزىلغان، تەلەپپۇزدا سەل –

① بەن گۇ: «خەننامە. خەن ۋۇدى تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2480 ـ بەت.

② بەن گۇ: «خەننامە. خوچۇبىڭ تەرجىمىھالى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2880 ـ بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ.

③ خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

پەل پەرقلەر بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى «سىربى» بولۇپ، بەلۋاغ توقىسىنى كۆرسىتىدۇ①. دېمەك، ئۇ «توقا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، ھۇنلار قەدىمدە بەلۋاغ توقىسىنى «سىربى» دەپ ئاتىغانىدى.

33. «陶涂» (تاۋتۇ) ھۇنلارنىڭ ئالاھىدە چارۋا مىلىنىڭ نامى. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە «ئۇلار ئوتلاق قوغلىشىپ چارۋىچىلىق قىلىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ. چارۋا ماللىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئات، كالا، قوي بولۇپ، ئالاھىدە چارۋا ماللىرىدىن تۆگە، ئېشەك، قېچىر، ئېشەك قېچىر، قۇلان (陶涂)، ئات قېچىرلار بار»، دېيىلىدۇ②. «زىلىن» دېگەن كىتابتا «陶涂»غا «ياۋا ئات» دەپ ئىزاھ بېرىلىدۇ③. «تاغ ـ دەريالار تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتا «بېيخەي (بايقال كۆلى) تەرەپتە بىر خىل ھايۋان بار، شەكلى ئاتقا ئوخشايدۇ، ئۇ (陶涂) دەپ ئاتىلىدۇ»، دېيىلىدۇ④. باشقا كىتابلاردىمۇ بۇ سۆز ھەققىدە ئىزاھلار بار. ئومۇمەن، بۇ سۆز قۇلان ياكى ياۋا ئاتنى كۆرسىتىدۇ. ھۇنلار بۇنى كۆندۈرۈپ، چارۋا مال سۈپىتىدە باققانىدى ۋە «陶涂» دەپ ئاتىغانىدى. بەزى كىتابلاردىكى ئىزاھتا «陶涂» ھۇنلارنىڭ ئېسىل نەسىللىك ئېتى دەپمۇ كۆرسىتىلىدۇ. بەلكىم ئۇ ياۋا ئات ياكى قۇلان نەسىللىك ياخشى يىلقا بولسا كېرەك. بۇ سۆزنىڭ ھۇن تىلىدا قانداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغانلىقى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس.

34. «头曼» (تۇمەن) ھۇنلار تەڭرىقۇتىنىڭ ئىسمى. تەتقى-

---

① سېن جېشياڭ: «خەنزۇ تىلىدىكى سىرتتىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى»، سودا نەشرىياتى، 1990 ـ يىل نەشرى.

② سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2879 ـ بەت.

③ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2880 ـ بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ.

④ رېن فۇشيەن، يۈيۈفا تەرجىمە قىلىپ ۋە ئىزاھلاپ نەشرگە تەييارلىغان «ئامىمباب تىلدىكى رەسىملىك تاغ ـ دېڭىزلار تەزكىرىسى»، شەندۇڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1986 ـ يىل نەشرى، 272 ـ بەت.

قاتچىلار بىردەك بۇ سۆزنى «تۇمەن» دېگەن سۆز دەپ قارايدۇ[1].
ئەسلىي سانىنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆزنى ھۇنلارنىڭ تۇنجى تەگرىد-
قۇتى ئۆزىگە ئىسىم قىلغانىدى. بۇنىڭ سۆز مەنىسى «تۇمەن
پۇقرانىڭ باشلىقى» دېگەنلىك بولىدۇ، ئەمەلىي ئىستېمال مەند-
سى بولسا «ئەل باشلىقى» دېگەنلىك بولىدۇ. تۈرك خانلىقىنىڭ
تۇنجى قاغانى خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە «土门» دەپ يېزىل-
غان بولۇپ، بۇمۇ ئەسلىي «تۇمەن» دېگەن سۆزنىڭ يەنە بىر خىل
ئاھاڭ تەرجىمىسى ھېسابلىنىدۇ.

35. «屠耆» (تۇچى) سۈپەت سۆز. «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار
تەزكىرىسى»دە «ھۇنلار تىلىدا ئەقىللىق دېگەن سۆز (屠耆) دې-
يىلىدۇ، شۇڭا ئۇلاردا كۆپىنچە ۋەلىئەھدى (سول قول بىلىكخان)
(左屠耆) بولىدۇ»، دېيىلىدۇ[2]. بەزى تەتقىقاتچىلار (屠耆) سۆزى
قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «datei» ياكى «dala» دەپ تەلەپپۇز قىلىد-
نىدۇ دەپ كۆرسىتىدۇ[3]. بەزىلەر بۇنى «تۇغ» دەپ تەلەپپۇز قىلىد-
نىدۇ، دەپ قارايدۇ[4]. دېمەك بۇ سۆزنىڭ تەلەپپۇزى توغرىسىدىكى
قاراش ئوخشىمايدۇ. ئومۇمەن «屠耆» دېگەن بۇ سۆز ئەقىللىق،
بىلىملىك ۋە دانىشمەن دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «左屠耆»
دېگەن ئەمەل نامى تەرجىمىدە «سول قول بىلىكخان» دەپ ئېلىد-
نىۋاتىدۇ.

36. «弹騱» (توشى) بۇ چارۋا مال نامى. «تارىخىي خاتىرد-

---

① خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

② سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2890 ـ بەت.

③ خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

④ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» (24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى ـ 1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 401 ـ بەت؛ بەن گۇ: «خەننامە» (24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى ـ 2)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 834 ـ بەت.

لەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»دە، «ئۇلار ئوتلاق قوغلىشىپ، چارۋىچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ. چارۋا ماللىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئات، كالا، قوي بولۇپ، ئالاھىدە چارۋا ماللىرىدىن تۆگە، ئېشەك، قېچىر، ئېشەك قېچىر، قۇلان (ئات قېچىر)لار بار»، دېيىلىدۇ①. «شوۋېن» («خەنزۇ خەتلىرىگە چۈشەندۈرمە») دېگەن كىتابتا ياۋا ئات تۈرىگە كىرىدۇ، دەپ كۆرسىتىلىدۇ②. يەن شىگۇ «خەننامە»دىكى سۆز ــ ئىبارىلەرگە ئىزاھ بەرگەندە، بۇ سۆزگە «ئات ــ ئېشەك تۈرىدىكى مال» دەپ ئىزاھ بېرىدۇ③. بۇ سۆزدىن ئۇنىڭ يىلقا بىلەن ئېشەك ئوتتۇرىسىدىن تۆرەلگەن مال ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. دېمەك، يىلقا بىلەن ئېشەك ئوتتۇرىسىدىن پەيدا بولغان مال بولۇپ، بىز ھازىر بۇنى «ئات قېچىر» دەيمىز. ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا «toxi» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. تەتقىقاتچىلار، بۇ سۆز قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدا «tenki» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ④، دەپ كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ھۇنلار ئات قېچىرنى «tenki» دەپ ئاتىغانىدى. بۇ تەلەپپۇز سۆزنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇشى ناتايىن. ئومۇمەن ئالغاندا، ئەسلىي تەلەپپۇزغا يېقىن بولۇشى مۇمكىن.

37. «匈奴» (شيۇڭنۇ) قەدىمكى مىللەت نامى. بۇ «ھۇن» ياكى «ھۇنلار» دېگەنلىك بولىدۇ. تەتقىقاتچىلار خەنزۇ تىلىدىكى «胡» سۆزى بىلەن «匈奴» سۆزىنى ھۇنلارنىڭ ئۆزىنى ئاتىشى دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى تەتقىقاتچىلا «胡» بىلەن «匈奴» دېگەن سۆزدىكى «匈» ئەسلىي بىر سۆزنىڭ ئىككى خىل ئاھاڭ تەر-

---

① سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ــ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2879 ــ بەت.
② سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ــ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 2880 ــ بەتتىكى ئىزاھقا قاراڭ.
③ بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ــ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 3744 ــ بەت.
④ سېن جىشياڭ: «خەنزۇ تىلىدىكى سىرتتىن كىرگەن سۆزلەر لۇغىتى»، سودا نەشرىياتى، 1990 ــ يىل نەشرى.

جىمىسى دەپ قارايدۇ[1]. «تارىخىي خاتىرىلەر» بىلەن «خەننامە»دىكى «هۇنلار تەزكىرىسى»دە، «تەڭرىقۇت هەر تاڭدا بارگاھىدىن چىقىپ، ئۇپۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن تاڭ قۇياشىغا تەزىم قىلىدۇ، كەچتە ئايغا تەزىم قىلىدۇ»، دېيىلىدۇ[2]. بۇنىڭدىن هۇنلارنىڭ قۇياش بىلەن ئايغا تېۋىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «خەننامە. هۇنلار تەزكىرىسى»دە قەيت قىلىنىشىچە، هۇنلار ئەينى زاماندا ھەمىشە «جەنۇبتا بۈيۈك خەن سۇلالىسى، شىمالدا قۇدرەتلىك «胡» (هۇن)لار بار. «خۇلار بولسا، تەڭرىنىڭ ئەركە ئوغلىدۇر» دەپ ئىپتىخارلىناتتى. تەتقىقاتچىلار بۇنىڭدىكى «تېڭرىنىڭ ئەركە ئوغلىدۇر» دېگەن ئىبارە «胡» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ ھەمدە قەدىمدە كىشىلەر «پادىشاھنى «تەڭرى ئوغلى» دەپ ئاتىغان، شۇڭا «تەڭرى ئوغلى» يەنى پادىشاھنى ھەمىشە قۇياشقا ئوخشىتاتتى، بۇنىڭدىن «تەڭرىنىڭ ئوغلى»، دېگەن سۆزنىڭ قۇياشنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، شۇڭا هۇنلارنىڭ قۇياشقا تېۋىنىشى ۋە «هۇنلار تەڭرىنىڭ ئەركە ئوغلىدۇر» دېگەن سۆزگە ئاساسەن «匈奴» دېگەن سۆز بىلەن «胡» دېگەن سۆزنىڭ «قۇياش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى، بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى «كۈن» ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى قاتارلىق تۈركىي تىللاردا قۇياش «كۈن» دېيىلىدۇ، سالار تىلىدا قۇياش «كۈن» دېيىلىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزى «胡» سۆزىنىڭ تەلەپپۇزىغا يېقىن كېلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ[3]. دېمەك، «胡» ۋە «匈奴» دېگەن سۆزلەر ئەسلىي هۇن تىلىدىكى «كۈن» دېگەن سۆزنىڭ

① خې شىڭلياڭ: «هۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

② سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. هۇنلار تەزكىرىسى»، «جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 2892 ـ بەت؛ بەن گۇ: «خەننامە. هۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 3780 ـ بەت.

③ خې شىڭلياڭ: «هۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

ئوخشاش ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. ھازىر «匈奴» سۆزى «ھۇن» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. يۇقىرىقى بايانغا ئاساسلانغاندا، بۇ ئەسلىدىكى «كۇن» سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولسا كېرەك.

38. «阉氏» (يەنشى). يەن شىگۇ «خەننامە»دىكى سۆز ـ ئىبارىلەرگە ئىزاھ بەرگەندە، «阉氏»، ھۇنلار تەڭرىقۇتى خانىشىنىڭ ئاتاق نامىدۇر» دەپ، كۆرسىتىدۇ[1]. تەتقىقاتچىلار بۇنى ئەسلىي ھۇن تىلىدىكى «ئالچى» دېگەن سۆز دەپ قارايدۇ[2]. بەزى تەتقىقاتچىلار «阉氏»نىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى «katte» بولۇپ، بۇ قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئايالنى بىلدۈرىدىغان «قاتۇن» دېگەن سۆزگە توغرا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ[3]. بۇ قاراش كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ» تۈرك خانلىقى دەۋرىدە تۈرك خانلىرىنىڭ خانىشى «قاتۇن» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ سۆز خەنزۇ تىلىدا «可敦» دەپ يېزىلغانىدى. دېمەك، «阏氏»نىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى «qatun» دېگۈچىلەر ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزىنى تاپالماستىن، ئۇنى كېيىنكى چاغدىكى «قاتۇن» دېگەن سۆزگە توغرىلايدۇ. «阏氏» سۆزى باشقا مەنبەلەردە يەنە «阏支»، «焉提» قاتارلىق شەكىللەردە ئۇچرايدۇ.

39. «焉耆» (يەنجى) بۇ سۆز ئىككى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: 1) يەنە بىر خىل يېزىلىشى «焉支» بولۇپ، گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە بۇ تاغ نامى «焉支山» (يەنجى تېغى) دەپ يېزىلغان[4]. بەن گۇنىڭ «خەننامە» ناملىق ئەسىرىدە بولسا، «焉耆山» دەپ

---

① بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 3749 ـ بەت.

② سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» (24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى ـ 1)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 ـ يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە 398 ـ بەت.

③ خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

④ سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە 2908 ـ بەت.

يېزىلغان[1]. بۇ «ئالچى تېغى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ تاغدىن «ئال-چى» دەپ ئاتىلىدىغان ئەڭلىك تەييارلىنىدىغان ئۆسۈملۈك چى-قىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغانىدى. دېمەك، بۇلار بىر تاغنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىشى ھې-سابلىنىدۇ. 2) خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە ھازىرقى قاراشە-ھەرنىڭ نامى «焉耆» دەپ ئاتالغان. بۇ شەھەر نامى خەنزۇ تىلىدا ھازىرمۇ مۇشۇنداق ئاتىلىدۇ. ئەمما «يەنچى» ئەمەس، بەلكى «يەن-جى» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

40. «紫» (زى) ئىسىم، قۇلنى كۆرسىتىدۇ. «ۋېي پادىشاھ-لىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا «ھۇنلار قۇل ــ دېدەكنى (زى) دەي-دۇ» دېيىلىدۇ[2]. تەتقىقاتچىلار «زى»نىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدى-كى تەلەپپۇزى «tsei» ياكى «zei» دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇلار، بۇ سۆز قۇلنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن «قۇل» دېگەن سۆز ئەمەس، چۈنكى خەنزۇ تىلىدا تەركىبىدە «贝» بەلگىسى بار خەتلەر ئومۇ-مەن مال ــ مۈلۈك، بايلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھۇنلار ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنغانلارنى قۇل قىلغان ۋە مال ــ مۈلۈك قا-تارىدا كۆرگەن، شۇڭا بۇ سۆز ئەسلىي «قۇل» دېگەن سۆز بول-ماستىن، بەلكى «مال ــ مۈلۈك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز دەپ قارايدۇ[3]. ھازىرچە بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي تەلەپپۇزى ئې-نىق ئەمەس. «紫» نىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى تەلەپپۇزى ئەسلىي سۆزنىڭ نەق تەلەپپۇزىنى ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگەن بو-لۇشى ناتايىن. تىلىمىزدا بۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان سۆز ئۇچرات-مىدۇق. شۇڭا ھازىرچە سېلىشتۇرۇپ تەھقىقلەش ئىمكانىيىتى يوق.

---

① بەن گۇ: «خەننامە. ھۇنلار تەزكىرىسى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1959 ـ يىل نەشرى، خەنزۇچە، 3768 ـ بەت.

② خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

③ خې شىڭلياڭ: «ھۇن تىلىدىكى سۆزلەرگە سىناق تەرىقىسىدە چۈشەندۈرمە»، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982 ـ يىل 1 ـ سان.

41. «秀支替戾冈仆谷劬秃当» (شىۋجى تىلىگاڭ يۇگۇگۇتۇداڭ) بۇ تارىخىي خاتىرىلەردە خاتىرىلىنىپ قالغان ھۇنچە ئىككى جۈملە سۆز ياكى ئىككى مىسرالىق شېئىر. «جىننامە»دىكى «فۇتوچېڭ تەزكىرىسى»دە، «... فۇتوچېڭ دېدىكى، بىر - بەرىگە ئۇرۇلۇپ تۇرغان قوڭغۇراقلار ساداسى شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، (秀支替戾冈仆谷劬秃当)، بۇ جېيلار (羯) نىڭ تىلىدۇر ...» دېيىلىدۇ①. بۇ نەقىلدىكى خەنزۇچە يېزىلغان سۆزلەر ئەسلىي جېيلارنىڭ سۆزى بولۇپ، فۇتوچېڭ بۇنى ئۆز تەلەپپۇزى بىلەن ئېيتقان. مۇئەررىخ ئۇنى ئاھاڭى بويىچە خەنزۇچە ئىپادىلىگەن. جېيلار ھۇنلارنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە خاتىرىلەنگىنى ھۇنلارنىڭ تىلىدۇر. بۇنى تۈركولوگلار «سۈجى تىلەيگان، پۇگۇتوغدان» دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. بۇنىڭ مەنىسى «قوشۇن ئاتلىنىش بىلەنلا، پۇگۇ تۇتۇۋېلىنىدى»، دېگەنلىك بولىدۇ. جۈملىلەرنىڭ قاپىيىداشلىقىدىن بۇنىڭ شېئىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇڭا بۇنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا قوشۇن ئاتلانغان ھامان، پۇگۇنى تۇتۇپ ئالغان»، دەپ ئېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا بىزگە ئېنىق بولغان ئىككى سۆز بار. بىرى «秀支» دېگەن سۆز، بۇ «سۈچى» دېگەن سۆز بولۇپ، «قوشۇن» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆز «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بار. يەنە بىرى «仆谷» دېگەن سۆز، بۇ ئادەم ئىسمى ياكى ئاتاق نام ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسلىي «بۆكۈ» بولسا كېرەك. چۈنكى

① فاڭ شۈەنلىڭ قاتارلىقلار: «جىننامە. فۇتوچېڭ تەزكىرىسى»، 95 - جىلد، «25 تارىخ» 2 - توم، «جىننامە»، شاڭخەي قەدىمكى كىتابلار نەشرىياتى ۋە شاڭخەي كىتابخانىسى، 1986 - يىل نەشرى، 290 - بەت. «فۇتوچېڭ تەزكىرىسى»دە يەنە يۇقىرىقى سۆزلەر چۈشەندۈرۈلۈپ «秀支» قوشۇن دېگەنلىكتۇر، «替戾冈» «يولغا چىقىش» (ئاتلىنىش) دېگەنلىكتۇر. «仆骨» ليۇياۋ (刘曜) نىڭ خۇرچە ئاتىقىدۇر. «劬秃当» «تۇتۇۋېلىش» دېگەنلىكتۇر. بۇ قوشۇن يولغا چىقىش بىلەن ليۇياۋنى تۇتۇۋالدى دېگەنلىك بولىدۇ» دېيىلىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە سۆزلەر ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدىكى ليۇياۋ (؟ - 329) ئون ئالتە پادىشاھلىق دەۋرىدە ھۇنلار قۇرغان ئالدىنقى جاۋ پادىشاھلىقى پادىشاھى بولۇپ، مىلادى 318 - يىلدىن 329 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغانىدى.

قەدىمدە ئۇيغۇر خانلىقى خاقانلىرى ئىچىدە «بۆكۈخان» ئىسىملىك بىر داڭلىق خان بار.
خەنزۇ تىلىغا ھۇن تىلىدىن كىرگەن سۆزلەر يۇقىرىقىلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ساقلىنىپ قالغان يەنە بىر قىسىم سۆزلەر بار. بىز بۇ يەردە پەقەت بىرقەدەر ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنىپ، تەلەپپۇزى ۋە مەنىسى ئېنىقلانغان ۋە تەلەپپۇزى ئېنىق بولمىسىمۇ مەنىسى ئېنىقلانغان بىر قىسىم سۆزلەرنىلا كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

# قەدىمكى خوتەن بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلىششى

داۋۇت سايىم

خوتەن ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي بوستانلىق، ئۇ تارىختا ئېلىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، ياۋروپا ئەللىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا دوستانە بېرىش ـ كېلىش قىلىش، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئويناپ كەلگەن.

6 ـ ئەسىردە خوتەن بوستانلىقى غەربىي يۇرتتىكى ئەڭ چوڭ خانلىق ـ بەگلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ چېگرىسى شەرقتە لوپنور ئويمانلىقىدىن جەنۇبتا تۆبۈتلەرگىچە، غەربىي جەنۇبتا كۆكئارت (پامىر) تاغلىرىدىن غەربىي شىمالدا سۇلى (قەشقەر)غىچە بولغان جايلارغىچە سوزۇلغان، ئۇنىڭغا قاراشلىق ئون نەچچە ئايماق بار ئىدى. تۈرلۈك ئىرق ۋە تىل سىستېمىسىغا تەۋە مىللەت ۋە قەبىلىلەردىن ساك، ھۇن، توخرى، ئېفتالىت، تۈرك، تۆبۈت قاتارلىقلار بار ئىدى.

خوتەن بوستانلىقىدا ياشىغان ئاھالىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، ئىرقى، مىللەت تەۋەلىكى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۇستىدە ئىختىلاپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقتىن، ھازىرغىچە بىرەر ئورتاق ئىلمىي يەكۈن چىقىرىلمىدى.

تارىخنامىلەردە، بولۇپمۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگىچە بولغان خەنزۇچە مەنبەلەردە خوتەن بوستانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى

قەيت قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى يەر ـ جاي، قەبىلە ناملىرى توغرا ترانسكرىپسىيە قىلىنمىغاچقا، بىرمۇنچە ئېنىقسىزلىقلار كېلىپ چىققان. شۇنداقلا غەربىي يۇرت تەۋەسىدە ياشىغۇچى قەدىمكى مىللەت ياكى قەبىلىلەر پەرقلەندۇرۇلمەي، ياكى مىللەت تەۋەلىكى ئېنىق ئايرىلماي «غۇزلار» (胡人) ياكى ئۇنىڭغا غەرب مەنىسىدىكى (西) خېتى قوشۇلۇپ «غەربىي غۇزلار» (西胡人) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان مەزگىللەردە غەربىي غۇزلار كۆكئارتنىڭ غەربىدە ياشىغۇچى ساك، توخرى (كۇشان)، سوغدى، ئارساك، ئېفتالىت ۋە رىملىقلاردىن ئىبارەت نۇرغۇن قەبىلە، مىللەت ۋە كۆكئارتنىڭ شەرقىدە ياشاپ ئۆتكەن ھۇنلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتەتتى. دېمەك، كۆكئارت تېغىنىڭ شەرقى ۋە غەربىدە ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق ھەم ساك، توخرى قان سىستېمىسى ئارىلاشقان قەبىلىلەرمۇ «غەربىي غۇزلار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. مەسىلەن: «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» 97 ـ جىلد ئۇدۇن بابىدا: بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئورا كۆز ھەم قاڭشارلىق كېلىدىغانلىقى ئېنىق قەيت قىلىنغان.

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا خوتەن بوستانلىقىدا تەكشۈرۈش ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان غەرب ئالىملىرىنىڭ تاپقان يازما يادىكارلىقلىرى بىلەن ماددىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ ساھەگە دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس سالدى.

تۆۋەندە خوتەن بوستانلىقىدا ياشىغان مىللەتلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ساكلار

ساكلار قەدىمدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي شىمالىدا ياشىغان ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى شەرقىي ئىران تىللىرى ئائىلىسىگە تەۋە تىلدا سۆزلىشىدىغان كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە ئىدى. ئۇلار ئەرەب، پارس ۋە ھىندىستان مەنبەلىرىدە

«سىكىفلار»، «سارماتلار» (Sarmatians)، «ساكئىپلار» ياكى sakasacae قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. ساكلار تۇغ-رىسىدا هازىرقى ئىرانىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى شىراز ئەتراپىغا جايلاشقان نەقشى رۇستەم خارابىسىدا ساقلانغان دارا I هەققىدىكى مىخ يېزىق مەڭگۈ تېشىدا مۇنداق ئۈچ گۇرۇھ تىلغا ئېلىنغان:

1. خايمارى «خايما» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنى ئۆزىگە سىمۋول قىلىۋالغان ساكلار بولۇپ، ئۇلار پەرغانە ئويمان-لىقى، كۆكئارت ئەتراپىدا ياشىغان.

2. تىگراخايدا ساكلىرى ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكلار بولۇپ، بۇلار يەتتىسۇنى ئاساس قىلغان هالدا هازىرقى قىرغىزىستان ۋە قازاقىستان يايلاقلىرىدا ياشىغان.

3. تەيتارادارىيە ساكلىرى دەريا ـ دېڭىز بويلىرىدا ياشىغۇ-چى ساكلار دەپ ئاتىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئورنى ئېنىق ئەمەس.

ساكلارنى قەدىمكى گرېك تارىخچىسى هىرودوت ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە، ستىرابون «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسە-رىدە، «سىكىفلار» ياكى «ئىسكىفلار» دەپ ئاتاپ، كۆچمەن چارۋى-چى دەپ قەيت قىلغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ئا. ن. بېرنىشتامنىڭ تەت-قىقاتىدا: تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ، 5 ـ ئەسىر-لەردە كۆكئارت تېغىنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان ساكلار (بۇنى بېر-نىشتام پامىر ساكلىرى دەپ ئاتىغان)نىڭ بىر قىسمى توخرىلار-نىڭ غەربكە كۆچۈشى ۋە پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن جەنۇبقا قاراپ كۆچۈپ، كۆكئارتتىن ئۆتۈپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى (ئاساسەن خوتەندىن قەشقەرگىچە بولغان جايلار)، هىندىستاننىڭ غەربىي شىمالى ۋە كەشمىر رايونى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ كەلگەن، شۇنداقلا بۇ جايلاردا كەشمىرا (Kasmira)، كوشتانا (kostna، خوتەن تەۋەسىدە)، ساكارائۇل (يەكەن تەۋەسىدە)، درانگىئانا (drangiana) (هازىرقى ئىراننىڭ ساكىستان ياكى سىيىستان رايونىدا) قاتارلىق خانلىق، بەگلىكلەرنى بەرپا قىل-

غانلىقى مەلۇم بولغان.

ئەنگلىيەلىك ستەيىن «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەت ئىزلىرى» دېگەن ئەسىرىدە ئۇلارنى «خوتەن ساكلىرى» دەپ ئاتاپ، ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتە ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى شەرقىي ئىران (پارس) تىللىرى گۇرۇپپىسى شەرقىي جەنۇب تىل تارمىقىغا تەۋە خوتەن ساك تىلىنى قوللانغانلىقىنى دەلىللىگەن. تىلشۇناسلار خوتەن ساك تىلىنى دەسلەپكى خوتەن ساك تىلى، كېيىنكى خوتەن ساك تىلى، تۇمشۇق ساك تىلى، ھىندى ساك تىلى، قەشقەر ساك تىلى قاتارلىق يەتتە تارماققا بۆلگەن. ئەنگلىيىلىك تىلشۇناس ھ. ۋ. بەيلېينىڭ تەتقىقاتىدا: خوتەن ساكلىرى قەدىمكى خوتەن ساك تىلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھىندىستاندىكى گۇپتا خانلىقى دەۋرى (320 ـ 550) دە قوللانغان يېزىق ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان پراكرىت (Prakrit) يېزىقى ياكى خوتەن ساك يېزىقى دەپ ئاتىلىدىغان يېزىقنى قوللانغان. بۇ خىل يېزىقنى مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە قوللانغان بولۇپ، دەسلەپكى دەۋرى (3 ـ 5 ـ ئەسىر) ۋە كېيىنكى دەۋر (7 ـ 10 ـ ئەسىر) دەپ ئىككى دەۋرگە بۆلۈنىدۇ[1]، دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئومۇمەن خوتەن ساكلىرى خوتەن بوستانلىقىدا تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ ئەسىردىن تاكى ئىسلامىيەت دەۋرىگىچە 1000 نەچچە يۈز يىل دەۋر سۈرگەن ھەمدە 56 ئەۋلاد خان ھۆكۈمرانلىق قىلغان «ۋايسارا خاندانلىقى»نى بەرپا قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن «يىپەك يولى»نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى ۋايسارالار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئەڭ ئاۋات مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

ھۇنلار

قەدىمدە «تەڭرىنىڭ ئەركىسى» دەپ ئاتالغان ھۇنلارنىڭ خوتەن بوستانلىقى تەۋەسىگە كىرگەنلىكى توغرىسىدا «تارىخنامە.

---

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983 ـ يىللىق 4 ـ سان (خەنزۇچە)، 98 ـ بەت.

ھۇنلار تەزكىرىسى»، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» قاتار - لىق كىتابلاردا ئېنىق زىكرى قىلىنغان. ھۇنلارنىڭ 2 - ئەۋلاد تەڭرىقۇتى مودۇ (باتۇر تەڭرىقۇت) (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 209 - 174 - يىلىغىچە سەلتەنەت سۈرگەن) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىن كېيىن ئۇدۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان غەربىي يۇرتتىكى 36 بەگلىك - خانلىقتا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مىلادىيىدىن ئىلـ - گىرىكى 96 - يىلى ۋېيلى (ھازىرقى لوپ ناھىيىسى تەۋەسىدە) «قۇللارنى ئىدارە قىلىش كاھىبىگى مەھكىمىسى» تەسىس قىلىپ ھەرقايسى بەگلىكلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان. جۈملە - دىن بىر قىسىم ھۇن قەبىلىلىرى خوتەن بوستانلىقىغا ئول - تۇراقلىشىپ خوتەن بوستانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مەدەنىيىتىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن.

توخرىلار - توخارلار

ب. غ. غاپۇروفنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن مەلۇم بولۇشىـ - چە، بىر قىسىم توخرىلار مىلادىيىنىڭ بېشىدا قەدىمكى ئۇدۇن، نىيە ۋە لوپنور كۆلىنىڭ شەرقى، يەنى پىشامشان ئەتراپىغا كۆ - چۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھەمدە ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى شەرقىي ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسىغا تەۋە ئەمىـ - نىيە ئاۋام تىلى دەپ ئاتىلىدىغان تىلنى قوللانغانلىقى مەلۇم. ئا - لىملار 19 - ئەسىردىن كېيىن تەكلىماكان قۇملۇقىدىن تېپىلغان شۇ خىل تىلغا ئائىت ھۆججەت - ۋەسىقىلەرنىڭ 3 -، 4 - ئە - سىرگە تەۋە، تىلى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال پراكرىت تى - لىدا پۈتۈلگەن ھۆججەتلەر ئىكەنلىكىنى بىكىتتى①. ئۇلار قا - رۇشتى يېزىقىنى قوللانغان. دېمەك، توخرىلار 1 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا كۇشان دۆلىتىنى بەرپا قىلغان ھەمدە 2 - ئەسىرگە كەلگەندە زېمىنىنى كېڭەيتىپ رىم، ئارساك ۋە خەن (جۇڭگو) بىلەن بىرگە تۆت چوڭ ئىمپېرىيىنىڭ بىرىگە ئايلانغان، كېيىن ئېفتالىت ۋە تۈركلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغان.

---

① «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1992 - يىللىق 2 - سان، 98 - بەت.

روراﻧﻼر

روراﻧﻼر غەرب مەنبەلىرىدە «ئاۋارلار» دەپ ئاتالغان. روراﻧﻼر چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ھۇنلار، سياﻧپىيلاردىن كېيىن روناق تېپىپ بىر يېرىم ئەسىردەك دەۋر سۈرگەن، كېيىن كۆك تۈركلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، كۆپ قىسمى غەربكە (ياۋروپاغا)، ئاز بىر قىسمى خوتەن بوستانلىقى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

تىلشۇناسلار روراﻧﻼرنى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۇڭغۇس تىللىرى گۇرۇپپىسىغا تەۋە روران (ئاۋار) تىلىنى قوللانغان، دەپ قارايدۇ. بىراق ئىنگلىز ئالىمى ئى. پاركىر «تاتارلارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە روراﻧﻼرنى تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە تەۋە مىللەت دەپ قارايدۇ.

ئېفتالىتلار

ئېفتالىتلار ئېلىمىز مەنبەلىرىدە «يەنىدالار» (      ) دەپ ئاتالغان. «لياڭ سۇلالىسى تارىخى»دا ئېفتالىتلار قاڭقىللارنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى دەپ قەيت قىلىنغان. «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»دا توخرىلارنىڭ غەربىي تارمىقى دەپ قەيت قىلىنغان. شۇڭا بەزى ئالىملار ئېفتالىتلارنى ھۇنلار بىلەن توخرىلار نەسلىدىن بولغان شالغۇت مىللەت دەپ قارايدۇ①.

ئېلىمىز تارىخىي مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، بىر قىسىم ئېفتالىتلار ئاگنى (قاراشەھەر) سۇلى، قۇم (ئاقسۇ)، كۇسەن، ئۇدۇن، كاۋانتا (تاشقورغان) قاتارلىق جايلارنى ئىستېلا قىلىپ، يەرلىك ئاھالىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، ھازىرقى بەلخنى مەركەز قىلغان ئېفتالىتلار دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ دۆلەت 563 ـ 569 ـ يىللىرى تۈركلەر بىلەن ساسانىيلارنىڭ قىستاپ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن گۇمران بولۇپ، ئاھالىلىرى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاقلىشىپ كەتكەن. خوتەن بوستانلىقىغا كىرگەن ئاھالىلىرى

---

① د. سايىم: «دۇنيا مىللەتلىرى» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىللىق نەشرى، 306 ـ بەت.

ئاسسىمىلياتسىيىلىشىپ باشقا مىللەتكە ئۆزگىرىپ كەتكەن.

خوتەن بوستانلىقىدىكى قەدىمكى مىللەتلەردىن ساك، توخ-رى، ھۇن، روران، ئېفتالىتتىن باشقا يەنە تۈركلەرمۇ بار ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خوتەن بوستانلىقىدىكى قەدىمكى مىللەت ۋە ئاھالىلەردىن شۇ نەرسە ئايانكى، بۇ مىللەتلەرنىڭ خوتەن بوستانلىقىغا كىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بۇ رايوندىكى شەرقىي ئىران تىللىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ تۈركلىشىشىنى ئىل-گىرى سۈرگەن، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى بېيىتقان، بۇ خوتەن بوستانلىقىنىڭ 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان رايونغا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

**ئۇيغۇرلار ۋە خوتەن بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۇيغۇرل-ششى**

840 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كې-يىن، ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى قەبىلىلەر ئومۇميۈزلۈك كۆ-چۈشكە باشلىغان، ئۇلار ئۆزلىرى ئۇچۇن پاناھ بولىدىغان يېڭى ماكان ئىزدەشكە باشلىغان. ئۇلار كۆچمەكچى بولغان يېڭى ما-كاندا ئۆزلىرى بىلەن نەسەپداش ياكى قېرىنداش بولغان كىشى-لەرنىڭ بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلار-نىڭ قېرىنداشلىرى ئاللىبۇرۇن خېشى كارىدورىدىن تارتىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىي ھەمدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ ۋادىلىرىغا كېلىپ ماكانلاشقانىدى.

«سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاساسىي ۋەقەلەر توپلىمى. بې-قىندىلار» دېگەن كىتابتا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى جە-نۇبقا قاراپ سۇرۇلۇپ،كېرىيىنىڭ شەرقى، تارىم ۋادىسىنىڭ جە-نۇبى، قاراقۇرۇم، ئالتۇنتاغ ۋادىلىرىغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى توغ-رىسىدىكى مەلۇماتتىن باشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ خوتەن بوستانلىقىغا تۈركۈملەپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا يېتەرلىك ماتېرىيال يوق.

بىراق 6 ـ ئەسىردىن كېيىن «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ ئېتنىك نام ئومۇملاشقاندىن كېيىنلا، ئاندىن خەنزۇچە مەنبەلەردە بولۇپمۇ «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «سۇڭنامە»، «كونا بەش دەۋر تا-

رىخى» قاتارلىق تارىخنامىلەردە مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىلىپ، ئۇيغۇر تەزكىرىسى بېرىلگەنىدى. بۇ تارىخنامىلەردە ئۇيغۇرلار ئۈستىدە توختىلىپ بىردەك «هۇنلارنىڭ ئەۋلادى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى هۇنلاردۇر»،«ئۇيغۇرلار هۇنلارنىڭ بىر تارمىقى» دەپ زىكرى قىلىنغان.

تەتقىقاتچى ئىبراهىم مۇتىئى ئەپەندى: غەربىي هۇنلار ئىچىدە ساراغۇر (saragur)، ئونۇغۇر (onugur)، قوتىغۇر (kottigur) قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ بارلىقى، ئۇلار هۇن قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئىچىدە مۇهىم رول ئوينىغانلىقى ۋە هۇنلار دەۋرىدىن تارتىپ قەدىمكى يىپەك يولى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى تىلغا ئالغان[①].

قولىمىزدىكى قىسمەن ماتېرىياللار ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلىنىپ خوتەن بوستانلىقىدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ئىككى چوڭ دەۋرگە — ئۇيغۇرلىشىشتىن كېيىنكى دەۋر ۋە ئۇيغۇرلىشىشتىن ئاۋۋالقى دەۋر دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ ئىككى دەۋرنى چۈشىنىشكە قۇلايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋر ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋر دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ.

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋر تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ 3 ـ ئەسىرلەر، هەتتا ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى 10 ـ 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغىچە، هىندى ـ ياۋروپا تىللىرىغا مەنسۇپ قەبىلىلەر ياشىغان دەۋرلەردىن 9 ـ 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە هىندى ـ ياۋروپا تىللىرى ئىران تىللىرى ئائىلىسىگە تەۋە تىل بىلەن سۆزلىشىدىغان يەرلىك قەبىلە تەركىبىگە هۇن، روران، ئېفتالىت، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق قەدىمكى قەبىلىلەر قوشۇلغانىدى. كېيىن ئۇيغۇرلار هىندى ـ ياۋروپا تىللىرىغا تەۋە قەبىلىلەرنى پەيد-

① «شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە 1982 ـ يىل نەشرى، 245 ـ، 246 ـ، 74 ـ بەتلەر.

دىنىپەي ئۆزگە سىڭدۈرۈپ ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار خوتەن بوستانلىقىدا ئاساسلىق مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلىدى.

ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋر 9 ـ 12 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار يەرلىك ئاھالىلەرنى ئۆزگە سىڭدۈرۈپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتلەردە ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىگەن. ئومۇمىي نوپۇس جەھەتتىمۇ مۇتلەق ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىگەن دەۋر ئىدى.

گېرمانىيىلىك شەرقشۇناس ھ. ج. كىلىمكېت بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: 10 ـ ئەسىرگە كەلگەندە قاراخانىيلار خانى ھارۇن بۇغراخان I خوتەن بوستانلىقىنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، خوتەن ساكلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى، شۇنىڭدىن تارتىپ خوتەن ساكلىرىنىڭ شانلىق بۇددا مەدەنىيەت دەۋرى ئاياغلاشتى. خوتەندە يېڭى بىر دەۋر ئىسلامىيەت دەۋرى باشلاندى[1].

ھ. ج. كىلىمكېتنىڭ بايانىدا بەزى سەۋەنلىكلەر بار: تارىخىي مەنبەلەردە قاراخانىيلار بىلەن خوتەن بۇددىستلىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن سەككىز قېتىملىق ئۇرۇش نەچچە ئون يىل داۋام قىلىپ 11 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا (1008 ـ يىلى) خوتەندىكى «ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن خانى» قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى يۈسۈپ قادىرخان (1026 ـ 1032) تەرىپىدىن يوقىتىلغان. ئۇ «مەلىكۇل مەشرىق» (شەرق خانى مەنىسىدە) دېگەن مەرتىۋە ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت غەربىي يۇرتتا بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ يىرىك مەركەزلىرىدىن بولغان ئۇدۇن خانلىقىنىڭ قاراخانىيلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى ۋە خوتەن بوستانلى-

---

① ھ. ج. كىلىمكېت: «قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 1994 ـ يىل نەشرى 152 ـ، 155 ـ، 157 ـ بەتلەر.

قىنىڭ قاراخانىيلار زېمىنىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشى ئىسلام دىنىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ئېتەكلىرىدە تارقىلىشى-نى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، بەلكى بۇ جايلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئۇيغۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

يۇقىرىقى دەلىللەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ تەن قۇرۇلۇشى، تەقى - تۇرقى، تېرىسى، چېچىنىڭ رەڭگى ۋە قان تىپىنىڭ چاستوتىسى قاتارلىق تاشقى ئالاھىدىلىكلەردىن خوتەن بوستانلىقىدا ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىزناسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

# قەشقەردىكى يېڭىلىققا كۆچۈش ھەرىكىتى

## ــــ مۇسابايلار جەمەتى ۋە يېڭىچە مائارىپ

ئو ئىشى شىنئىچىرو (ياپونىيە)

### مۇقەددىمە

قىرىم تاتارلىرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرى ۋە مۇتەپەككۇرى ئىسمائىل غاسپىرالى نادانلىق ۋە قاششاقلىق ئاسارىتىدىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش، روسىيەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئۆز ھوقۇقلىرىغا ئېرىشتۈرۈشنى كۆزلەپ، 1884 ـ يىلى يۇرتى باغچا سارايدا زامانىۋى مەكتەپ  ئاچقان. بۇ مەكتەپتە «ئۇسۇلى جەدىد» دەپ ئاتىلىدىغان يېڭىچە مائارىپ ئۇسۇلى قوللىنىلغان. كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئۇسۇلنى ھىمايە قىلغۇچىلار جەدىد (يېڭىلىق، ئىسلاھات)چىلىك ھەرىكىتى قوزغاپ بۇ ھەرىكەتنى روسىيە تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلار رايونىدىلا ئەمەس، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى قاتارلىق جايلارغىچە كېڭەيتىپ، ئۇلار پىلانلىغان «ئورتاق تۈرك تىلى» بىلەن بىرگە تۈركىي تىللارنى ئانا تىل قىلغان كىشىلەرنىڭ «تۈركلۈك» ئېڭىنى ئويغاتقان. شۇڭا 1910 ـ يىللىرى ئەتراپىدا روسىيە دائىرىلىرى جەدىدچىلىك ھەرىكىتىنى روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بىرلىكى ۋە بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان «پانتۈركىزم» ۋە «پانئىسلامىزم»نىڭ مەھسۇلى دەپ قاراپ جە-

دىدچىلىك ھەرىكىتىگە بولغان كونتروللۇقنى كۈچەيتكەن[1].

روسىيىگە قوشنا شىنجاڭنىڭ قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق ئاساسلىق شەھەرلىرىدىمۇ، كىچىككەندىمۇ 1910 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يەرلىك تۈركىي خەلق يېڭىچە ئۇسۇلدىكى مائارىپنى يولغا قويغان. خامادا ماسامى ئەپەندى شىنجاڭغا يېڭىچە مائارىپنىڭ كىرىشىنى جۇڭگونىڭ خەنزۇ تىلى مائارىپىدىن كەلگەن بۆھران تۇيغۇسى ۋە روسىيە مۇسۇلمانلىرى ھەمدە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىكى مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدىن كەلگەن، دەپ كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ 1914 ـ يىلى «بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھەيئىتى» قەشقەرگە ئەۋەتكەن تۈرك ئوقۇتقۇچى ئەخمەت كامالنىڭ پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ.

مەزكۇر ماقالىنى يېزىشتا ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئورېنبۇرگدا تارقىتىلغان روسىيە جەدىدچىلىرىنىڭ ۋەكىللىك نەشر ئەپكارى بولمىش تاتار تىلىدىكى گېزىت «ۋاقىت»نىڭ 1906 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن 26 ـ سانىغىچە، 1918 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن 26 ـ سانىغىچە بولغان سانلىرى بىلەن، شۇ نەشرىيات چىقارغان ژۇرنال «شۇرا»نىڭ 1908 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىن 1918 ـ يىللىق 1 ـ سانىغىچە بولغان سانلىرىدىن [2] پايدىلاندىم. بۇلار شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتىدا ئاساسىي جەھەتتىن پايدىلىنىلمىغاچقا ھەم سەھىپىسى قىسقا ۋە ئاددىي بولغاچقا، «ۋاقىت» گېزىتىدە 180 دەك، «شۇرا» ژۇرنىلىدا 50

---

① ئالان: ۋ. فىشېر: «ئىسمائىل غاسپىرالىنىڭ ئاسىيادىكى رەھبەرلىك ئوبرازى». ئېدۋارد ئالللۇورس: «قىرىم تاتارلىرىنىڭ ياشاش كۈرەشلىرى». دۇكې ئۇنىۋېرسىتېتى. 1988 ـ يىلى نەشرى، 11 ـ، 26 ـ بەتلەر؛ كوماسى خىسائو: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنقىلابىدىكى جەدىتىزم»، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى 1996 ـ يىلى نەشرى، 55 — 68 ـ بەتلەر.

② «ۋاقىت» گېزىتى بىلەن «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ھەققىدە، ئالېكساندىر ۋە چانتاللارنىڭ «روسىيىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 1920 ـ يىلىدىن بۇرۇنقى نەشرىياتچىلىق ھەرىكىتى»، پارىژ، 1964 ـ يىلى نەشرى 72، 76 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

تەك مۇناسىۋەتلىك خەۋەر ئېلان قىلىنغان. غۇلجا، ئۈرۈمچى،
قەشقەر قاتارلىق جايلاردا تۇرۇشلۇق تاتار ئاخباراتچىلىرىنىڭ
خەۋەرلىرى بىلەن يەرلىكلەرنىڭ ئازغىنە ماقالىلىرى شۇ چاغدى-
كى شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىشتە بىزنى قىم-
مەتلىك ئاخباراتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### 1. مۇسابايلار جەمەتى

ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى (1865 ـ 1877) يىمىرىلگەندىن كې-
يىن، چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلدى. چىڭ
سۇلالىسى مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ ئايماق ـ ناھىيە تۈزۈ-
مىنى يولغا قويدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى چىڭ سۇلالىسى ھۆ-
كۈمرانلىقىدىكى جياڭجۇن ـ ئامباللارنىڭ نازارىتىدە يەرلىك ئا-
ھالىدىن ئالۋان يىغىش، ھاشارغا ھەيدەشتەك ئىشلارنى بېجىرى-
دىغان، ئۆزى باج تۆلىمەسلىكتەك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بو-
لىدىغان «بەگ» دەپ ئاتىلىدىغان يەرلىك ئەمەلدارلار ئەمەلدىن
قالدۇرۇلدى①. يەنە ئۇنىۋېرسال ناتۇرال يېزا ئىگىلىكى سودا
خاراكتېرىدىكى يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگەرگەنلىكتىن، ئىشلەپچى-
قىرىش كۈچلىرى ئاجىزلىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ سىياسىتى-
نىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، يەر ئىجارىسى يىغىش باشلانغاچقا،
زور كۆلەمدە يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان كونا بەگ-
لەر قاتلىمى خارابلاشتى②. يەنە بىر تەرەپتىن 1881 ـ يىلى «سان-
كت پېتربۇرگ شەرتنامىسى»دىن كېيىن شىنجاڭدا باج تۆلى-
مەسلىك ھوقۇقىغا ئېرىشكەن روسىيە سودىگەرلىرى بېسىپ
كىرىپ يەرلىكلەرنىڭ روسىيە سودىسىغا بولغان قىزىقىشىنى

---

① كاتائوكا كازىتادا: «چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى ھەققىدە تەتقىقات»، يوزان كاكو نەشرىيات ھەسسىدارلىق شىركىتى، 1991 ـ يىلى نەشرى، 169 ـ، 172 ـ بەتلەر

② ئو. لاتتىمورىي: «ئاسىيانىڭ قىزىق نۇقتىسى»، كوبونتو نەشرىياتى، 1951 ـ يىلى نەشرى، 237 ـ بەت.

ئاشۇردى. بۇ سودا ـ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «باي» دەپ ئاتالغان كۈچلۈك قاتلامنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلەتتى[1].

بۇ ئارىدا ئاكا ـ ئۇكا ھۈسەيىن باي ۋە باۋۇدۇنبايلار خەلقئارالىق سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى ئالمۇتا، بىشكەك، سېمىپالاتىنسكى، تاشكەنت، ئەنجان، موسكۋا قاتارلىق شەھەرلەردە شۆبە ۋاكالەتخانا ئاچقان بايلار بولۇپ، ئۇلار دادىسى «مۇساباي»نىڭ نامىدا «مۇسابايلار جەمەتى» دېگەن سودىگەرلەر ئاتىقىنى ئالغان[2].

مۇسابايلار جەمەتى قەشقەر شەھىرىنىڭ 24 كىلومېتىر شىمالىدىكى ئۇستۇنئاتۇش يېزىسىدىن بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى قەشقەردىكى ساناقلىق بايلاردىن ئىدى. دەۋرنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەت نۇقتىسى قەشقەردىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ئىلىغا يۆتكەلگەن، كېيىن غۇلجا ئۇلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان. غۇلجا روسىيە سودىسىنىڭ مۇھىم قوۋۇقى بولغاچقا، تاتارلار باشچىلىقىدىكى روسىيىلىك نۇرغۇن سودىگەرنىڭ سودىسى جانلىنىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا غۇلجىدىكى ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايېفلارنىڭ شىركىتىمۇ بار ئىدى[3]. ئۇلار سودا پائالىيىتى بىلەنلا قالماي،

① مۇسابايلار جەمەتى شىنجاڭنىڭ تېرىلىرى بىلەن روسىيىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئاساسلىق تاۋار قىلىپ ئىشلەتكەن، دەپ قارايمەن. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتى ھەققىدە، ئېزىزوف ئابدۇللا: «مۇسابايوفلار كارخانىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، («شىنجاڭ ماتېرىياللىرى» 28 ـ قىسىم، 1990 ـ يىلى نەشرى، 189 ـ، 228 ـ بەتلەر)؛ ۋېي چاڭخۇڭ: «يېقىنقى زامان شىنجاڭ مىللىي سانائىتىنىڭ ۋەكىلى ـــ ئىلى ھۈسەيىن باي خۇرۇم زاۋۇتى» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 4 ـ سان ئۈرۈمچى، 1993 ـ يىل 72 ـ، 78 ـ بەتلەر.

② «ۋاقىت» 808 ـ سان (1911 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، خۇدايبەردى)، «ۋاقىت» گېزىتىدىكى خەۋەرلەر ھەققىدە تۆۋەندىمۇ سان، ۋاقتى ۋە مۇخبىر ياكى ماقالە ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىسمى (ئىسمى نامەلۇم بولغانلىرى قىسقارتىلىپ) بېرىلىدۇ.

③ «ۋاقىت» 693 ـ سان (1910 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى)، 512 ـ سان (1909 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى)، 808 ـ سان (1911 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، خۇدايبەردى)؛ يەنە ئېزىزوف ئابدۇللانىڭ ماقالىسى، 202 ـ، 208 ـ بەتلەر، ۋېي چاڭخۇڭنىڭ ماقالىسى، 74 ـ، 75 ـ بەتلەر.

فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيەدىن تېخنىك تەكلىپ قىلىپ تۇرلۇك زاۋۇتلارنىمۇ قۇرغان، بولۇپمۇ 1909 ـ يىلى 12 ـ ئايدا غۇلجىدا پۈتكەن كۆن ـ خۇرۇم زاۋۇتى گېرمانىيەدىن كىرگۈ- زۇلگەن، توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان، نېمىس تېخنىكلار بىلەن يەرلىك نەچچە ئون ئونلىغان ئىشچى ئىشلەيدىغان زامانىۋى زاۋۇت ئىدى[1].

جۇڭگودا 1911 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىنىڭ تەسىرى بىلەن شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىدى. ئۈرۈمچى بىلەن ئى- لىدىكى بۇنىڭغا ئاۋاز قوشقان ئىنقىلابچىلار 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋە ئىككىنچى يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قوراللىق قوز- غىلاڭ كۆتۈردى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزى ئۈ- رۈمچىدىكى ئىنقىلابىي كۈچلەر ئىككى كۈندىلا باستۇرۇۋېتىلدى. ئىلىدىكى ئىنقىلابچىلار 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ يەرلىك تۇڭگان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن تىركەشكەن. مۇسابايلار جەمەتىدىن ھۇسەيىن بايمۇ بۇ ئىنقىلابچى قوشۇننى ئۆتۈك ۋە ئېگەر ـ جابدۇق قاتارلىق لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلىگەن[2].

ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ باش قوماندانى بولغان ياڭ زەنشۇي قوزغىلاڭنىڭ ئالدىدا، يەنى 1911 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چېگرىغا يېقىن بازار پودپولكوۋنىكى كالاكىننى زىيارەت قىلغاندا مۇسابايىنىڭ زاۋۇتىغىمۇ كىرىپ ئۆتكەن. بەلكىم ياڭ زەنشۇي زىيارەت ئارقىلىق يېقىنلاپ قالغان قوراللىق قوزغىلاڭ- نىڭ تەييارلىقىنى تېزلەتمەكچى بولغان بولسا كېرەك. قوزغىلاڭ- دىن كېيىنكى 1912 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىمۇ ياڭ زەن- شۇي باۋۇدۇن بايىنىڭ قەسىرىگە زىيارەتكە كەلگەن. ئەتىسى ياڭ زەنشۇينىڭ شەرىپىگە زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇلغان. بۇ سورۇنغا ئىلى

---

① بۇرھان: «شىنجاڭدىكى 50 يىلىم» بېيجىڭ، 1984 ـ يىلى، 17 ـ بەت، «شىن- جاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 2 ـ قىسىم، ئۈرۈمچى، 1985 ـ يىل 310 ـ بەت.

② «ۋاقىت» 782 ـ سان (1911 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى)، 962 ـ سان (1912 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى).

ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى فېڭ تېمىن قاتارلىقلار، روسىيە تەرەپنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى دىياكوف، غۇلجىدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ قوماندانى، پوچتا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، روسىيە ئاسىيا بانكىسىنىڭ مۇدىرى قاتارلىقلارمۇ قەدەم تەشرىپ قىلغان①.

ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان بورتالادىكى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىگە قارشى 3000 دەك موڭغۇل مۇساپاي جەمەتىنىڭ ئىگىلىكىدىكى پەرلەرنى بۇلاپ ـ تالىغان، يەنە غۇلجىدىن قەشقەر، خوتەن، ماناس قاتارلىق جايلارغا بارىدىغان قاتناشنى ئۈزۈۋېتىپ، سودا تىجارىتىنى توختىتىۋېتىپ سودىگەرلەرنى نۇرغۇن زىيانغا ئۇچراتقان. بۇنىڭ بىلەن 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا غۇلجىدىكى روسىيىلىك ۋە جۇڭگولۇق (يەنى مۇساپاي جەمەتى) سودىگەرلەر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن روسىيە كونسۇلىنى تەكلىپ قىلغان②. شۈەنتۇڭ خان تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتمۇ جۇڭخۇا مىنگوغا بەيئەت قىلغان. 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مەركىزىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇانى ئەمەل نامىنى ئۆزگەرتىپ تۇتۇقلۇققا تەيىنلىگەن. بۇنىڭ بىلەن 4 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىلەن ئىلى ۋاقىتلىق

① «ۋاقىت» 949 ـ سان (1912 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى)، 964 ـ سان (1912 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى)

② «ۋاقىت» 973 ـ سان (1912 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)، تىنچلىق كېلىشىمى روسىيە كونسۇلخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن دېگەن سۆز راست بولغاندا، ئەلۋەتتە روسىيە كونسۇلى كېلىشتۈرگۈچى بولغاندۇر. لېكىن، بۇ ماقالىدە جۇڭگو تەرەپنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىلمىغاچقا، كېسىپ بىرنېمە دېيىشكە ئامالسىزمەن. بۇ خەۋەردە، ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىلى تىنچلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ، ھازىرغىچە جايلار ئۆز ئالدىغا تارقاتقان پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرسۇن دېگەنمىش، ئەزەلدىن قالايمىقان بولۇپ كېلىۋاتقان پۇل تۈزۈمىنى ياخشىلاش غۇلجىدىكى سودىگەرلەر ئۈچۈن ئىيتقاندا جانجان مەنپەئەت مەسىلىسى ئىدى؛ يەنە بۇ سان گېزىتتە ياڭ زەنشىن ۋە دىياكوفنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ، ئىلى مۇۋەققەت ھۆكۈمىتى بىلەن روسىيىلىك ئەربابلار بىرلىكتە چۈشكەن سۈرىتى بېسىلغان.

هۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق كېلىشىمى باشلىنىپ، بۇ ئىشقا تارباغاتايدىكى روسىيە كونسۇلى رىياسەتچىلىك قىلغان[1]، دېيىلىدۇ.

مۇسابايلار جەمەتىنىڭ ئىلى ۋاقىتلىق هۆكۈمىتى ۋە روسىيە كونسۇلى بىلەن ئۈچرىشىشى قانداقتۇر سىياسىي مايىللىق ئاساسىدا بولغان دەپ بېكىتكىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلار سودا رىقابەتچىسى روسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە دوستانە مۇناسىۋەتنى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيىتىگە پايدىلىق ئورۇنغا قويغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتنى ساقلاپ ئىلى يەرلىك سىياسىتىنىڭ قانداق هالەتتە بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىمزالانغان شەرتنامە بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك تىركىشىشلەر ئارقىلىق ئىلى ۋاقىتلىق هۆكۈمىتى بىلەن ئۆلكىلىك هۆكۈمەت بىرلەشكەن. تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈلۈۋاتقان مەزگىلدە ئۆلكىنىڭ تۇتۇقلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ بارلىق هوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىلى تەرەپنىڭ نامدار كىشىلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنقىلابچى كۈچلەرنى پارچىلاش ۋە يوقىتىشقا كىرىشكەن. ياڭ زەنشۇي قەشقەرنىڭ تىتەيلىكىگە تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتكەن[2].

مۇنداق ۋەزىيەتتە مىنگو مەركىزىي هۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مالىيىسىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن شيې شياۋجۇڭ 1916 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى غۇلجىدا هۈسەيىن باي بىلەن كۆرۈشكەن. شيې شياۋجۇڭ سودىگەرلەرنى يىغىپ باج ماركىسى چاپلاشنى يولغا قويۇشقا چاقىرغاندا، هۈسەيىن باي قەتئىيلىك بىلەن ئۇنداق ئۇقتۇرۇشنىڭ تېخى رەسمىي ئېلان قىلىـ

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2 ـ قىسىم، 320 ـ، 330 ـ بەتلەر.

② شيې شياۋجۇڭ: «شىنجاڭغا ساياهەت»، شاڭخەي 1925 ـ يىل، 156 ـ، 157 ـ بەتلەر.

لىنىمغانلىقىنى كۆرسىتىپ، رەت قىلىۋەتكەن. شىي شياۋجۇڭ يەنە غۇلجىدىكى جۇڭگولۇق سودىگەرلەر ئىچىدە تەسىرى ئەڭ زور ھۆسەيىن باينىڭ ئىنقىلابتىن كېيىنكى كۈرسى چۇشۇپ كەتكەن ئىلى قەغەز پۇلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىر تىيىنمۇ سەرپ قىلمايۋاتقانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىگەن[1]. ئۇلار تىجارەتتىكى زىيانىدىن ساقلىنىشنى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلغان بولسىمۇ، ھۆسەيىن باي ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ سىياسىتىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن.

2. يېڭىچە مائارىپنىڭ باشلىنىشى

يېڭىچە مائارىپ يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى قەشقەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇنداق ئۈچ خىل باشلانغۇچ مائارىپى مەۋجۇت ئىدى:

1) مەدرىسە: زامانىۋىلىشىشتىن ئىلگىرى ئىسلام دۇنياسىدا كەڭ تارقالغان دىنىي مائارىپ ئاساس قىلىنغان مەھەللىۋى مەكتەپلەر بولۇپ، پۈتكۈل قەشقەر شەھىرىدە 70 ـ 80 دەك مەدرىسە، يېزىلىرىدىمۇ شۇنچىلىك ساندا مەدرىسە بار ئىدى. مەدرىسەلەردىكى بىر سىنىپقا ھەر خىل ياشتىكى، بىلىم سەۋىيىسى ھەر خىل تالىپلار يىغىلغان بولۇپ، بىر ئوقۇتقۇچى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوقۇش سۈرئىتىگە قاراپ «ساۋاق بېرىش» ئۇسۇلى بىلەن ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈنۈمسىزلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ ئوقۇتۇش مەزمۇنى جەھەتتە «قۇرئان كەرىم»ۋە ئەرەبچە، پارسچە ئەسەرلەرنى يادلىتىش ئاساس قىلىنغاچقا، تالىپلار ئاساسەن خەت يازالمايتتى[2].

2) خەنزۇ تىلىدىكى مەكتەپ: 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلغاندىن

---

① ئابدۇرېھىم توختى: «قەشقەرنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخى»، قەشقەر، 1986 ـ يىلى نەشرى 5 ـ، 14 ـ بەتلەر.

② خامادانىڭ ماقالىسى، 29 ـ، 34 ـ بەتلەر، كاتا ئوكانىڭ كىتابى، 309 ـ، 332 ـ بەتلەر.

كېيىن، ئۇيغۇرلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن يەرلەردە «خۇسۇسىي مەكتەپ» ئاچقان، كېيىنچە خەنزۇ تىلى ئۆگىتىش ئارقىلىق هۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان خادىملارنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان «شۆتاڭ»لار ئېچىلغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە بۇنداق شۆتاڭدىن 500 نەچچىسى ئېچىلغان بولۇپ، 1500 دىن ئارتۇق بالا ئوقۇغان، يەنە قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسى (قەشقەر شەھىرىنى مەركەز قىلغان مەمۇرىي ئورۇن بولۇپ، شۇ ۋاقىتتا ئۇستۇنئاتۇشىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى) تەۋەلىكىدە 16 مەكتەپ ئېچىلغان، ئەمما «خۇسۇسىيلار مەكتىپى» مۇسۇلمان ئۆسمۈرلەرنى جۇڭگوچە كىيىم كىيىپ، كۆڭزى تەلىماتى تەربىيىسىنى ئېلىشقا مەجبۇرلىغاچقا، مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان، يەنە ئۆزگەرتىلگەن «شۆتاڭ»لارغىمۇ ئىشىنەلمىگەچكە، خەنزۇ تىلىدىكى مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتى ئوڭۇشلۇق بولمىغان[①]، يەنى يۈەن داخۇا شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مائارىپ خىراجىتىنىڭ ھەممىسىنى ھەربىي خىراجەت قىلىپ ئىشلىتىۋالغانلىقتىن، «شۆتاڭ»لارنىڭ كۆپ قىسمى تاقىلىپ قالغان[②].

3) مىسسىيونېرلار مەكتىپى: 1894 ـ يىلىدىن باشلاپ مىسسىيونېرلار دوختۇرخانا، باسمىخانا بىلەن بىرگە مەكتەپمۇ ئاچقان[③]. ئۇ يەردە يىغىۋالغان يەرلىك مۇسۇلمان يېتىم، نامرات بالىلارنى كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىرگە «ئىنجىل» ئوقۇش، مۇناجات ئېيتىشتا ياۋروپا-

---

① لو شاۋۋېن: «ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى شىنجاڭ مائارىپى» («غەربىي شىمال تارىخ ـ جۇغراپىيىسى»، 49 ـ سان، لەنجۇ 1993 ـ يىلى، 5 ـ، 8 ـ بەتلەر.

② گۇننار ياررىڭ: «قەشقەر باسمىخانىسى: شۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى باسمىخانىسىنىڭ تارىخى، ئەسەرلەر ھەم چىقارماقچى بولغان ئەسەرلەر مۇندەرىجىسى»، ستوكھولم 1991 ـ يىلى نەشرى، 8 ـ، 9 ـ بەتلەر.

③ «ۋاقىت» 1541 ـ سان (1914 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى: ئوسمان مەمەتوف)، 1655 ـ سان (1914 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ھاجى مۇھەممەت نەۋرۇز ھاجى ئوغلى).

لىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان مائارىپىنى يۈرگۈزگەن①.

بۇنىڭغا قارشى غاسپىرالى باشلاپ بەرگەن يېڭىچە مائارىپ ئوقۇتۇش، يېزىش مەشقى، ئىسلام ئاساسىي بىلىملىرىگە ھېساب، تەبىئىي پەن، تارىخ، جۇغراپىيە، رۇس تىلى قاتارلىق ئاساسىي تەربىيە دەرسلىرىنى قوشۇپ كىرگۈزۈش، ئانا تىلىدىكى كىتاب ـ ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى②.

خەلقئارالىق سودا، زامانىۋى زاۋۇت باشقۇرۇش بىلەن شۇ ـ غۇللىنىدىغان مۇسابايلار جەمەتىدەك كارخانىچىلار ۋە تەرەققىي ـ پەرۋەر دىنىي زاتلار يېڭىچە مائارىپنىڭ يېزىلاردىكى قالاقلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىۋاتقان مەدرىسىلەرگە قارىغاندا ئەۋزەل ئىـ ـ كەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن. قەشقەرلىكلەر مىسسىيونېرلار مەكتە ـ پى يىغىۋالغان مۇسۇلمان بالىلىرىنىڭ «خىرىستىيانلىشىپ كې ـ تىش» خەۋپى بار دەپ قاراشقان، شۇڭا يېڭىچە مائارىپ بۇنداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر بولۇپ قالغان.

1909 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىدىكى «ۋاقىت» گېزىـ ـ تىگە بېسىلغان غۇلجىدىن بېرىلگەن خەۋەردە: «مۇسابايلار جەمەتى ئوقۇتۇۋاتقان 27 نەپەر يېتىم بالىدىن ئىمتىھان ئالدى. بۇلتۇر ـ قىدەك مۇئەللىمە ساراخانىم ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەپ ھەر خىل ھۈنەرلەر، ھېساب، جۇغراپىيە، ئەقائىد، (قۇرئان كەرىم)لەرنى ئۆگەتتى. بايلار يەنە (دارىلشەفقەت) دېگەن دارىلئاجىزىنىمۇ سى ـ ناق قىلىپ ئاچتى. بۇ يەردە بالىلارغا ھېساب، جۇغراپىيە ئۆگىـ ـ تىلىدۇ»③ دېيىلگەن. بۇنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا كىچىككەندە ـ مۇ 1907 ـ 1908 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا غۇلجىدا مۇسابايلار ئىلكىدىكى مەكتەپ مەۋجۇت ئىدى، دەپ قىياس قىلالايمىز. يەنە ئوغۇللار مەكتىپى دەپ تونۇلغان «دارىلشەفقەت»تە تۈركىيىدە ئو ـ قۇغان ئوقۇتقۇچىلار ئىستانبۇلدىكى مەكتەپلەرنىڭ پروگراممى ـ لىرى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان ھەم رۇس تىلى بىلەن

① كوماسىنىڭ كىتابى، 57 ـ بەت.
② «ۋاقىت» 485 ـ سان (1909 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى).
③ «ۋاقىت 693 ـ سان (1910 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى).

خەنزۇ تىلى ئۆگەتكەن[1]. بۇلار ئوقۇتىدىغان دەرسلەرنىڭ دائىرىسى تار، تىجارەت ۋە زاۋۇتقا كىرەكلىك بىلىملەر كۆپرەك ئىدى. بۇنىڭدىن مۇساباي جەمەتىنىڭ سودا ـ سانائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇنەۋۋەر ئەمگەكچىلەرنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ چاغدا ئۇستۇنئاتۇشتىمۇ مۇسابايلار جەمەتىدىن ھۇسەيىنباي «خەيرىيە بىرلەشمىسى» تەسىس قىلىپ، «مەكتەپ ۋە كۇتۇپخانا قۇرىمىز، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارغا مەبلەغ ياردەم قىلىمىز»[2] دەپ ئېلان چىقارغان. بۇ يەردە يولغا قويۇلغان مائارىپ غۇلجىدىكى مەكتەپ بىلەن ئوخشاش بولسا كىرەك. بىراق، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئۇستۇنئاتۇش تەۋەسىدىلا ئەمەس، پۈتۈن

---

① س. پ. سكرىن بىلەن پامېلا نىختىڭالى: «ماكارتنىي قەشقەردە» بىرىتانىيىدىكى يېڭى نۇر. «جۇڭگولۇقلار ۋە روسىيىلىكلەرنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى»، 1973 ـ يىلى نەشرى، 157 ـ بەت، 1985 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئۇستۇنئاتۇش يېزىسىنىڭ ئېكساق كەنتىدە تۇنجى باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن ھەم ئەسلىمىلەر نەشر قىلىنغان. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا مۇساباي جەمەتىدىن باۋۇدۇنباي 1885 ـ يىلى شىنجاڭدا تۇنجى يېڭىچە ئۇسۇلدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۇستۇنئاتۇشتا ئاچقان دېيىلگەن. بۇ ئەمەلىيەت بولغاندا، غاسپىرالى تۇنجى ئۈلگىلىك مەكتەپ ئېچىپ، ئارقىدىنلا قەشقەردىمۇ مۇشۇنداق مائارىپ يولغا قويۇلغان بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئىچىدىمۇ شۇبھىلەنگۈچىلەر بار (سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» 1 ـ قىسىم، بېيجىڭ 1990 ـ يىلى نەشرى 143 ـ، 144 ـ بەتلەر). شۇ يىلنى بېكىتىدىغان تارىخىي ماتېرىياللار تېخى ئاشكارىلانماي تۇرغاندا بۇنى ئەمەلىيەت دەپ بېكىتىۋېتىشكە بولمايدۇ. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن «دىن» ۋە «مىللەت» ھوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن ئۇيغۇرلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى كۆككە كۆتۈرۈش، ئۈچۈن 1985 ـ يىلى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تۇنجى مەكتەپ ئاچقان ۋاقىتنى 1885 ـ يىلىغا ئۇلاشتۇرۇپ «تارىخىي ھەقىقەت» قىلىۋالغانمىدۇ، دەپ ئويلايمەن. لېكىن مۇساباي جەمەتىنىڭ 1907 ـ، 1908 ـ يىللىرىدىن بۇرۇنمۇ ئىش قىلىپ مائارىپ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەققىدىكى ئېھتىماللىقنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ.

② «ۋاقىت» 577 ـ سان (1910 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى)، 634 ـ سان (1910 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى)، 650 ـ سان (1910 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى)، 1492 ـ سان، (1914 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئۇيغۇر بالىسى)، 5156 ـ سان (1914 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)لەرنىڭ بىرقانچە ماقالىسى بېرىلگەن.

قەشقەردىمۇ كۈچلۈك ئىدى. غۇلجىدا بۇلاردىن ئۆزگە روسىيىلىك تاتارلار، يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن بىرقانچىسى يېڭىچە مەكتەپ ۋە قىرائەتخانىلارنى ئېچىپ، تۈركىي تىلدا گېزىت ـ ژۇرنال چىقىرىپ[1]، بۇ جايلارنى مەرىپەتپەرۋەرلىك كەيپىياتىغا تولدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى قەشقەرنى مەركەز قىلغان مۇتەئەسسىپلىككە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا قەشقەر تەرەپ كۈچلۈكرەك ئىدى.

بۇ ئارىدا دانا ئىسلاھاتچى ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللا 1912 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ ئاچقان. ئابدۇقادىر داموللا قەشقەر قاتارلىق تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى جايلاردا مۇسۇلمانلارنى يېڭىچە مائارىپتا تەربىيىلەش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش بىلەن بىرگە، هەر يىلى ئىستانبۇل، قازان، ئۇفا، ئورېنبۇرگدىكى ئىلغار مۇسۇلمان يۇرتلىرىغا 10 ـ 15 نەپەر ئوقۇغۇچى چىقىرىپ تۇرغان[2].

ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمۇ «ۋاقىت»، «شۇرا» قاتارلىق نەشر ئەپ-

---

① «ۋاقىت» 1420 ـ سان (1914 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، نۇرىمان تۇرسۇنوف)، 2037 ـ سان (1916 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نوشىرۋان يائوشېف). «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ماقالىسى بېسىلغاندا، مۇھەررىر ئۇنىڭ «جاۋاھىرۇل ئىقان» دېگەن ئەسىرىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇ كىتابنى تۇنجى كۆرگەن ۋاقىتتىكى تەسىراتىنى مەزكۇر ئاپتور شام (سۇرىيە) ياكى مىسىرلىق ئالىم بولسا كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلغانىدىم. بۇخارادا ئوقۇغان، ئەرەب تىلىدا مۇشۇنداق مۇنازىرىلىشەلەيدىغان، قەسىدە توقۇيالايدىغان باشقا كىشىنىڭ بارلىقى يادىمدا يوق دەپ بايان قىلىپ تەھسىن ئوقۇغان («شۇرا» ژۇرنىلى 1915 ـ يىلى 23 ـ سان، 722 ـ بەت. يەنە «ئابدۇقادىر داموللا كىمدۇر» دېگەن ئاخبارات «شۇرا» ژۇرنىلىغا پۈتۈن سەھىپە بويىچە نەچچە رەت بېسىلغان («شۇرا» 1916 ـ يىلى نەشرى، 183 ـ بەت، 1917 ـ يىل 1 ـ سان، 24 ـ بەت)، خېۋىر تۆمۈر: «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە»، ئۈرۈمچى، 1990 ـ يىلى نەشرى، 12 ـ، 16 ـ بەتلەر. «ئابدۇقادىر داموللام ئاتۇشتا تۇغۇلغان، كېيىن قوقاندا ئىككى يىل تۇرغان. 1890 ـ يىللاردا بۇخارادا سەككىز يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1907 ـ يىلى ھەج قىلىپ قايتىشىدا ئىستانبۇل ۋە مىسىردا ئىككى ئايدەك تۇرۇپ، شۇ يەردىكى ئىلغار پىكىرلىك ئالىملار بىلەن دوستلاشقان، يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن قەشقەرلىكلەرنى تەرەققىيات، يېڭىلىق، ئىسلاھاتقا يېتەكلىگەنلىكتىن، يۇرتىدىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان. قايتىدىن قوقان ۋە بۇخارادا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن 1911 ـ يىلى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن.

② «ۋاقىت» 546 ـ سان (1909 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى).

كارلىرىنى سېتىۋېلىپ ئوقۇپ، روسىيىدىكى ئاخباراتلاردىنلا ئەمەس، ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ۋەزىيىتىدىن تەپسىلىي خەۋەردار بولۇپ تۇرغان. يەنە چەت ئەللەردە ئوقۇغان، قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ، سودا پائالىيىتى ۋە ھەج قىلىش مەقسىتىدە ئاشۇ ئەللەرگە بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىغانلارمۇ خېلى كۆپ بولغان. بۇلاردىن ھاجىلار كۆپرەك بولۇپ، 1909 ـ يىلى قەشقەردىنلا 350 كىشى ھەجگە بارغان[1].

ياقۇپبەگ دەۋرىدىكى تەرەققىياتتىن قارىغاندا، شىنجاڭ بىلەن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ياقۇپبەگدىن كېيىنمۇ ئۈزلۈكسىز داۋاملاشقاچقا[2]، ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى 1910 ـ يىللار ئەتراپىدا تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان. 1909 ـ يىلى ئىستانبۇلدىن قەشقەرگە «ئوسمانلى يەن ھەيئىتى» زىيارەتكە كېلىپ يەرلىك مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقە باغلىغان، شۇڭا 1910 ـ يىلى تۈركىيىدە «دەستۇر (ئاساسىي قانۇن) تۈزۈمى» ئورنىتىلغانلىقى ۋە مەھمۇد رىشادنىڭ سۇلتانلىق تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىغا ۋەكىل بولۇپ قەشقەرلىك شەيخ سەئىد دېگەن كىشى ئىستانبۇلغا زىيارەتكە بېرىپ شەيخۇلئىسلام ۋە مەھمۇد شەۋكەت پاشا بىلەن كۆرۈشكەن[3].

ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ 1912 ـ يىلىدىكى بالقان ئۇرۇشىدىكى ئەھۋالىنى ئاڭلىغان قەشقەرلىكلەر ۋە باشقا مۇسۇلمانلار نۇرغۇن ئىئانە پۇلنى نەچچە رەت تۈركىيىنىڭ «ئىسلام

---

① خامادانىڭ ماقالىسى، 34 ـ بەت.

② «ۋاقىت» 451 ـ سان (1909 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى)، 463 ـ سان (1910 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى)، 645 ـ سان (1910 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى).

③ «ۋاقىت» 972 ـ سان (1912 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى)، 1093 ـ سان (1912 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى)، 1152 ـ سان (1913 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى)، 1192 ـ سان (1913 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ، 5 ـ كۈنلىرى)، 1311 ـ سان (1913 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى).

ھىلال ئەھمەر»گە يەتكۈزۈپ بەرگەن[1]. بۇلغارىيە ئىشغال قىلىۋالغان ئېدىرنىنى ئەنۋەر بەي قوماندانلىقىدىكى تۈركىيە قوشۇنلىرىنىڭ قايتۇرۇۋالغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر 1913 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى سەھەردە غۇلجىدا تارقالغاندا بازاردىكى ھەممە دۇكانلار تىجارەتنى توختىتىپ، ھەممە ئائىلە بايراق ئېسىپ، داقا ـ دۇمباق چېلىپ شادلىقىنى ئىپادىلىگەن. غۇلجا خەلقى شەھەر سىرتىدىكى «گۈلشەنباغ»قا يىغىلىپ باۋۇدۇنباينىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەبرىكلەش مەرىكىسى ئۆتكۈزگەن[2].

بۇ چاغدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، تۈركىيىگە قىزىقىدىغانلار بار ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا دىنىنىڭ ئوخشاشلىقى، تىلىنىڭ چۈشىنىشلىكلىكى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ۋە روسىيىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ باغلىنىشلىقى، «موسۇلمان»لىقى تېخىمۇ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئىدى. ئەمما ئۇچۇر ـ خەۋەرلەر ۋە كېلىپ ـ كېتىۋاتقانلار، ئەمەلىيەتتە، «تۈركلۈك» قارىشىنى ئۇلار ئارىسىغا سىڭدۈرۈۋاتقان ئامىل بولغان بولسا كېرەك. ئوخشاشلا مۇسابايلار جەمەتى ۋە ئابدۇقادىر داموللىدىن باشقا كىشىلەرمۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئىلغار يۇرتلاردا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان يېڭىچە مائارىپنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن بولسا كېرەك.

---

① «ۋاقىت» 1293 ـ سان (1913 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى غۇلبالى)، بۇ خەۋەر ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان. «تۈرك يۇردۇ» ژۇرنىلىغا ئۇلاپ بېسىلغان («تۈرك يۇردۇ» 5 ـ سانلىرى، 911 ـ، 912 ـ بەتلەر)، بۇنىڭدىن قارىغاندا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە كۆڭلىنى ئىپادىلەيدىغان مۇسابايلار جەمەتىدىن باۋۇدۇنباينىڭ نامى تۈركىيىلىكلەر ئارىسىدىمۇ تونۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

② «ۋاقىت» 2037 ـ سان (1916 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، نوشىرۋان ياۋۇشېف). بۇ چاغدا ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلىغىلى بولمىدى. ئۇ مۇدەررىسلىك قىلغاچ كىتاب يېزىپ كۆپ نەتىجىلەرنى قازانغان («ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» 253 ـ بەت)، ئېھتىمال، ئۇ يېڭى ئۇسۇلدىكى مەكتەپنىڭ ئۇلىنى قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى دەرس ئۆتۈشتەك قېلىپلىشىپ قالغان ئىشلارنى كېيىنكىلەرگە تاپشۇرۇۋېتىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك.

### 3. يىگىرمە مائارىپنى چۆرىدىگەن زىددىيەتلەر

مۇسابايلار جەمەتى ۋە ئابدۇقادىر داموللىلار قەشقەردىكى يېڭىچە مائارىپنىڭ يولباشچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنى دەرھاللا يېڭىچە مائارىپقا يۈزلەندۈرەلمىدى. ئابدۇقادىر داموللىنىڭ قەشقەر شەھىرىدە ئاچقان مەكتىپىمۇ ئىككىنچى يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا خەلپەتلىك قىلىشقا قىلمۇۋاتقان شاگىرتى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن كەتكەن تېجىلگەن ئاشلىقى قالدى[1]. بۇنداق ئەھۋالدا «بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھەيئىتى» قەشقەردە يېڭىچە مائارىپ ئارقىلىق «تۈركلۈك روھى»نى ئويغىتىش مەقسىتىدە بىر تۈرك ياشنى ئەۋەتمەكچى بولدى. «بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھەيئىتى»نىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى بولمىش، ئوسمانلى ھۆكۈمىتىنىڭ داخىلى ۋەزىرلىكىنى ئۆتەۋاتقان تەلئەت پاشا مۇسابايلار جەمەتىدىكى بىرىنىڭ ھەج قىلىپ قايتىشىدا ئىستانبۇلنى زىيارەت قىلىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ قەشقەرگە ئەۋەتىدىغان ئوقۇتقۇچىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئوقۇتقۇچىلىققا ئىلگىرىدىن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن دوستلىشىپ كېلىۋاتقان ئەخمەت كامال تاللانغان[2].

ئەخمەت كامال 1914 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۇستۇنئاتۇشتىكى باۋۇدۇنباينىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىش-

---

① ئەخمەت كامال ئىلكۇل: «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر» (ئىستانبۇل 1955 ـ يىلى نەشرى، تۈركچە)، 18 ـ، 20 ـ بەتلەر؛ ئەخمەت كامال «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر» (ئىستانبۇل 1955 ـ يىلى نەشرى، «چىنى تۈركىستان خاتىرىلىرى» (ئەخمەت كامال ھەبىبزادە، ئىزمىر، 1925 ـ يىلى نەشرى، تۈركچە)نى يازغاچقا ئىككى ئەسەردىكى بايانلاردا ناھايىتى چوڭ پەرق بارلىقىنى بايقايمىز (خامادانىڭ ماقالىسى 36 ـ بەت). شۇڭا بۇ ماقالىدە نەشر قىلىنغان مەزگىلى ۋە بايانلارنىڭ مەزمۇنى كونكرېتراق بولغان ئەخمەت كامال ھەبىبزادەنىڭ كىتابىنى ئاساس قىلىپ پايدىلاندىم. لېكىن ئۇ ئىككى ئەسەر ئەسلىمە بولغاچقا، ئەمەلىيەتنىڭ بۇرمىلانغان ياكى كۆپتۈرۈلگەنلىك ئېھتىماللىقى بارلىقىنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار (34 ـ، 58 ـ ئىزاھلارغا قاراڭ). بۇ ماقالىدىكى «ۋاقىت»نىڭ خەۋەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، خامادا ئەپەندى تونۇشتۇرغان ئەخمەت كامالنىڭ پائالىيەت جەريانىنى قايتىدىن بېكىتسەك بولغۇدەك.

② ئەخمەت كامال ھەبىبزادەنىڭ كىتابى، 22 ـ، 35 ـ بەتلەر.

كەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بۇرۇنقى ۋەزىپىسى بويىچە قەشقەر شەھىرىدە مەكتەپ ئېچىش ئىمكانىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بىرەر ئاي ئۆتكەندە شەھەردىكى نوپۇزلۇق كىشى ئۆمەرباينىڭ يارىدىمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، مەكتەپ ئورنىنى مۇساباينىڭ يۇرتى ئۇستۇنئاتۇشقا يۆتكىگەن. 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئەخمەت كامال مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھاد» قۇرۇلۇپ، مەكتەپ خىراجىتى ئۈچۈن «ئىسلام خەير ـ ئېھسان جەمئىيىتى»نىڭ پائالىيەت باشلىغانلىقى جاكارلانغان. ئەخمەت كامالنى قوبۇل قىلغان ھەم ئۇنى ئوبدان چۈشىنىدىغان ئابدۇقادىر داموللا ۋە ياش كارخانىچىلارنىڭ بىرى بولغان ھاجى ئەلى قەشقەر شەھىرىدە «ئىسلام خەيرىيە جەمئىيىتى»نىڭ باش ئىشتابىنى قۇرغان[1].

ئەمما ئۇلارنىڭ پائالىيىتى تېزلا ئۆكتىچىلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىغان. ئەڭ ئالدى بىلەن سېلىم ئاخۇن دېگەن مۇتەئەسسىپ ئۆلىما «تارىخ، جۇغراپىيە ئوقۇتۇش ھارامدۇر»، دەپ پەتىۋا چىقارغان. ئۆمەر باي يەنە ئۆكتىچىلەرگە باش بولۇپ يېڭىچە مائارىپنى قوللىغۇچىلارغا تۆھمەت چاپلاش، زەربە بېرىشنى كېڭەيتكەن[2].

ئۆمەرباي بىلەن مۇساباي قەشقەردىكى رىقابەتچى سودىگەر-

---

① ئەخمەت كامال ھەبىبزادەنىڭ كىتابى، 35 ـ، 45 ـ بەتلەر. ئەقلىگە سىغمايدىغان يېرى شۇكى، ئەخمەت كامال ئىلكۈلنىڭ كىتابىدا ئۆمەرباينىڭ ئىسمى پەقەت تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمەلىيەتتە شۇ چاغدا قەشقەردىكى ئۆكتىچىلەرنىڭ ئۆمەربايىمۇ قاتتىق ئەيىبلىگەنلىكىنى ئەخمەت كامال ھەبىبزادەنىڭ خاتىرىسى بىلەن «ۋاقىت»نىڭ خەۋەرلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. «ۋاقىت» 1813 ـ سان (1915 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، نوشىرۋان يائۇشېف). 2037 ـ سان (1916 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، نوشىرۋان يائۇشېف)، ئەخمەت كامال «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر»دە مۇتەئەسسىپلەرگە قارىتا ئىسلاھاتچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ پائالىيىتى ۋە تۆھپىسىنى تەكىتلەش ئۈچۈن سېلىم ئاخۇن دېگەن دىنىي نوپۇزى بار كىشىنى ئەشەددىي دۈشمەن قىلىپ يېزىشنىڭ زۆرۈرىيىتى باردەك قىلىدۇ.

② «ۋاقىت» 1795 ـ سان (1915 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)، نوشىرۋان يائۇشېف، بۇ خەۋەردە ئاخۇنبايېف دەپ خاتىرىلەنگىنى، ئۆمەر ئاخۇنباي دەپ كېلىۋاتقان ئۆمەرباي بولسا كېرەك دەپ ھۆكۈم قىلدىم.

لەردىن بولۇپ، پەقەت مۇشۇ ئىككىسىنىڭلا روسىيە ۋە غەربىي تۈركىستان (قوقان)دىن مال سېتىۋېلىش ھوقۇقى بار ئىدى[①]، ئۆمەربايىنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بولغاچقا، قەشقەر شەھىرىنىڭ بېجىنى يىغىش ھوقۇقى بار ئىدى[②]. شۇ سەۋەبتىن ئەخمەت كامالنىڭ قەشقەر شەھىرىدە مائارىپ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ئۆمەربايىنىڭ ياردىمى بولمىسا بولمايتتى. باۋۇدۇنباي «ئۆمەرئاخۇنباي مېنىڭ تەلىپىمىنى قوبۇل قىلسا، مەن ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تېزىكىنى ئېرىغدايدىغان ئىشى بولسىمۇ ياق دېمەيمەن»[③] دېگەن. بۇ سۆزدىن باۋۇدۇنباي بىلەن ئۆمەرباي ئوتتۇرىسىدا بۇرۇندىنلا قانداقتۇر بىر ئۆزگىچە سوقۇشتۇرۇشنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت سەۋەب بولغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھەر خىل تەرەپبازلىق ۋە يۇرتۋازلىق ئەدەپ قالغانىدى. بولۇپمۇ قەشقەرلىكلەر بىلەن ئاتۇشلۇقلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئىشەنمەسلىك مەۋجۇت ئىدى[④]. بۇنىڭدىن باشقا يەنە 16 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ شىنجاڭدا نوپۇز تىكلىۋالغان ئاتالمىش قەشقەر خوجىلىرىدىن بولغان ئىشانىيە بىلەن ئىسھاقىيىنىڭ ماجىراسىغا چېتىلىپ قېلىپ، باۋۇدۇنباي ئىشانىيىنى، ئۆمەرباي ئىس-

---

① سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» 135 - بەت. قەشقەر شەھىرىدىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن ئۆمەربايىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاشلا ئۈستۈنئاتۇشتىكى مۇسابايلار جەمەتى بىلەن جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ پايدا - زىيان مۇناسىۋىتىدىمۇ ئوخشاشلىق بار دەپ قارايمەن. غۇلجىدىكى ھۈسەيىنباي بولسا ئائىلە، چارۋىلىرىنىڭ ھۆددىگەرلىك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىپ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن ئارازلىشىپ قالغان (شيې شياۋجۇڭنىڭ كىتابى، 156 - بەت).

② ئەخمەت كامال ھەبىبزادە: «چىنى تۈركىستان خاتىرىلىرى»، 30 -، 31 - بەتلەر.

③ «ۋاقىت» 1930 - سان (1915 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، نوشىرۋان ياۋۇشېف)، ھەمىدۇللا تارىم: «تۈركىستان: 1931 -، 1937 - يىللاردىكى ئىنقىلاب تارىخى»، ئىستانبۇل، 1983 - يىلى نەشرى، تۈركچە، 222 - بەت.

④ ئەخمەت كامال ھەبىبزادە: «چىنى تۈركىستان خاتىرىلىرى»، 107 -، 108 - بەتلەر.

ھاقىيمنى قوللىغان[1]، ئاددىيسى «مۇسابايلار جەمەتىنىڭ شۆھرىدىتى ئۆمەربايىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن»[2] دېگەنىدەك سەۋەبلەرنى كۆرسەتكۈچىلەرمۇ مەيدانغا چىققان، يەنە بىر جەھەتتىن قەشقەردىكى تەسىر كۈچى زور بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۆكتىچىلەر تەرەپتە تۇرۇپ، قەشقەردە يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇشتىكى قىيىنچىلىقلارغا بىر ياندا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇۋالغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئەنئەنىۋى مائارىپنى يولغا قويۇشتا قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىپ، جەمئىيەتتىكى ئاتاق ۋە ھوقۇقىنى ساقلاۋاتقان مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار روسىيىدىكى جەدىدچىلىك ھەرىكىتىگە ئەڭ كۈچلۈك قارشى تۇرغۇچىلار ئىدى[3]. قەشقەرنىڭ ئەھۋالىدىمۇ يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇشقا تۈنجى بولۇپ قارشى سادا چىقارغان سېلىم ئاخۇندەك مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەيداندا ئازراق سىرى بار. شۇ چاغدا قەشقەردە قازىلىق، مۇدەررىسلىكتەك دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەمەلدارلار سايلام ئارقىلىق چىقماي، باي ـ مۆتىۋەرلەر ئىچىدىكى ئىناۋەتلىك كىشىلەرنى كۆرسىتىپ، خالىغانچە بېكىتىپ قويىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆمەرباي بىلەن سېلىم ئاخۇن ئوتتۇرىسىدىمۇ قانداقتۇر پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى شەكىللەنگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ[4]. سېلىم ئاخۇننىڭ پەتىۋاسى ئۈچۈن چاقىرىلغان مۇنازىرىدە ئەخمەت كامالنىڭ نۇتقى توغرا دەپ قارالغان[5]، ھەرقانچە قىلىپمۇ رىقابەتچى بولال-

① «ۋاقىت» 2937 ـ سان (1916 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى نوشىرۋان ياۋۇشېۋ).

② كوماسىنىڭ كىتابى 59 ـ، 60 ـ بەتلەر.

③ «ۋاقىت» 1820 ـ سان (1915 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، نوشىرۋان ياۋۇشېۋ)، ھەمدۇللا تارىم: «تۈركىستان: 1931 ـ، 1937 ـ يىللاردىكى ئىنقىلاب تارىخى»، ئىستانبۇل، 1983 ـ يىلى نەشرى، تۈركچە، 222 ـ بەت.

④ ئەخمەت كامال ھەبىبزادە: «چىنى تۈركىستان خاتىرىلىرى» 35 ـ، 36 ـ بەتلەر، ئەخمەت كامال ئىلكۈل: «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر» 55 ـ، 56 ـ بەتلەر.

⑤ ئەخمەت كامال ئىلكۈل: «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر»، 54 ـ بەت.

مىغان ئەخمەت كامال: «سىلىم ئاخۇندەك ئۆز نەپسىگىلا چوغ تار-
تىپ يۈرىدىغان موللىلار بىرقانچە ھاماقەت بايغا تايىنىپ ئېرىش-
كەن كۈچىگە ئىشىنىپ، بۇ مىللەتنىڭ نىشانىغا پۈتۈنلەي قارشى
تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن①. ئۆمەرباي مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالارغا ئۆكتى-
چىلەرنىڭ باشقىلارنى سەپەرۋەر قىلىشى ئۈچۈن ماددىي ياردەم
بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەيداندىن پايدىلىنىپ، ئومۇمغا ھەيۋە كۆر-
سەتتى. ئەكسىچە ئۆمەرباي سېلىم ئاخۇن ئارقىلىق «شەرىئەتكە
بويسۇنۇش» دېگەندەك پەتىۋانى چىقارغۇزۇپ، شەخسىي مەقسىتى-
نى، يەنى مۇسابايلار جەمەتىگە بولغان دۈشمەنلىكىنى يوشۇرۇپ
قالغان.

ئۆكتىچىلەرنىڭ يېڭىچە مائارىپنى ئەيىبلىشى كۈچىيىۋات-
قاندا، قەشقەر دائىرىلىرى باۋۇدۇنباينىڭ ئىشلىرىغا دىققەت قى-
لىشقا باشلىغان. باۋۇدۇنباي ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرى ھۆكۈمەتنىڭ
مالىيە سىياسىتى بىلەن ئامانلىقىغا دەخلى يەتمىسىلا، ھەرقانداق
ھەرىكەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت
دائىرىلىرىنىڭ ئۇنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن
قوللايدىغانلىقى توغرىسىدىكى جاۋابقا ئېرىشكەن②. بۇ قېتىممۇ
ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇستۇنئاتۇشتىكى مەكتەپكە 1914 ـ يىل
9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىجازەتنامە بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن،
ئۆمەربايىنىڭ تەسىر كۈچى بار قەشقەر شەھىرىدە ھۆكۈمەت دائى-
رىلىرى ھاجى ئەلى باشقۇرۇۋاتقان «ئىسلام خەيرىيە جەمئىيە-
تى»نىڭ باش شتابىنى تارقاتقۇزۇۋەتكەن③.

بۇنداق جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن ئەخمەت كامال مەك-
تەپ ئېچىپ بىر يېرىم يىلغا يەتمەيلا دەرس توختىتىپ، ئاشكارا

---

① ئەخمەت كامال ھەبىبزادە: «چىنى تۈركىستان خاتىرىلىرى»، 31 ـ بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب: 40 ـ، 44 ـ بەتلەر، ئەخمەت كامال ئىلكۈل: «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر» 60 ـ بەت.

③ «چىنى تۈركىستان خاتىرسلىرى» 51 ـ، 54 ـ بەتلەر: «تۈركىستان ۋە چىن يوللىرىدىكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر»، 66 ـ بەت، «ۋاقىت» 1860 ـ سان (1915 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئابدۇرېھىم)، 2037 ـ سان (1916 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، نوشىرۋان يائۇشېف).

ئىمتىھان ئېلىپ 60 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن 27 نەپىرىگە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىنى بەرگەن[1]. ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەردىكى ھاجى ئەلى قاتارلىقلار باش بولۇپ دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەنلەرنى ئوقۇتقۇچى قىلىپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچقان. ئۆمەرباي يەنە «ئۇلار جۇڭگودىن تۈركىستاننى تارتىۋېلىشقا قەسەم قىلدى» دەپ سۆخەنچىلىك قىلىپ قەشقەردىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە چاققانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئەخمەت كامال بىلەن بىرگە بۇ مەكتەپكە چېتىشلىقى بار باشلارنى قولغا ئېلىپ، مەكتەپنى تاقىغان[2].

خامادا ئەپەندى: ئەخمەت كامال ئوقۇغۇچىلارغا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىستانبۇلدىكى دەرسلىكلىرىنى ئۆتكەن، تۈركىيىنىڭ مارشىنى ئۆگەتكەن، ئەخمەت كامالنىڭ مائارىپىدا پانئىسلامىزم، پانتۈركىزملىق خاھىش كۈچلۈك ئىدى[3]، دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئەخمەت كامال قەشقەردىكى ئۇيغۇرلاردا «تۈركلۈك» ئېڭىنى ئويغىتىشنى تېزلىتىشنى چوڭقۇر ھېس قىلغان. شۇڭا ئۇ «ئىسلام خەلىپىسى» بولغان ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىدىن ئۇيغۇرلارغا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلغان. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمغا كۈچلۈك سىياسىي پۇراق ئېلىپ كېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ پائالىيىتىنى قوللايدىغان قەشقەر جەدىدچىلىرى ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىدېئولوگىيىسىنى قوبۇل قىلىشتا دەرھال ئىپادە بىلدۈرمىگەن.

يۇقىرىدا شىنجاڭ بىلەن ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلار ئا-

---

① خامادا ئەپەندىنىڭ ماقالىسى، 37 ـ بەت.

② «ۋاقىت» 1644 ـ سان (1914 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ھاجى مۇھەممەد نەۋرۇز ھاجى ئوغلى)، ھاجى ئەلى بەزىدە نەۋرۇززادە ھاجى مۇھەممەد ئەلى دېيىلىدۇ. «چىننى تۈركىستان خاتىرىلىرى» 30 ـ بەت.

③ يۇقىرىقى كىتاب 63 ـ بەت.

رىسىدا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە ۋە ئۇ يەردىكى كىشىلەرگە تەلپۈنىدىغانلار بار ئىدى. شۇڭا ئۇلاردا ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنى «تۈركلەرنىڭ قېرىندىشى»، «ئىسلام خەلىپىسى» دېگەن تونۇش مەۋجۇت بولغاچقا، بۇ خىل ئىدېئولوگىيە يەنىلا ئاسان قوبۇل قىلىنىدىغان نەرسە، دەپ قارايمەن.

ئۇ چاغدا قەشقەرگە يېڭىچە مائارىپنى ئەكىلىپ كەلگەن كىشىلەر جۇڭگو هۆكۈمرانلىقىنى ئىنكارقىلغان دېگەنگە هېچقانداق پاكىت يوق. قەشقەر شەھىرىدىكى پائالىيەتنىڭ يېتەكچىسى هاجى ئەلى «ۋاقىت» گېزىتىگە ئەۋەتكەن ماقالىسىدە، دەسلەپتە «خەيرىيە جەمئىيىتى»نىڭ باش شىتابى تاقىۋېتىلگەنلىكى هەققىدە توختىلىپ: «بىرقانچە دۈشمەن ئۆسەك سۆز تارقىتىپ هۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى شۈبهىلەندۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە هۆكۈمەت (خەيرىيە جەمئىيىتى)نى تاقىۋەتتى»، دەپ يازغان. بۇنىڭدىن هۆكۈمەتنى كۈچلۈك تەنقىد قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. هاجى ئەلى ماقالىسىدە يەنە يېڭىچە مائارىپنىڭ دىن ۋە مىللەتنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىۋاتقان شۇۋېت مىسسىيونېرلىرى پائالىيىتىگە قارىتىلغانلىقىنى ئەسكەرتكەن بولسىمۇ، بۇ پائالىيەتكە قارشى چىققان سېلىم ئاخۇننىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئۆكتىچىلەرنى كۈچىنىڭ بارىچە ئەيىبلىگەن[1].

ئەخمەت كامالمۇ هۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئۆزىنى قولغا ئېلىش، مەكتەپنى تاقىتىۋېتىش دېگەندەك ئىشلارغا «بۇ گۇناھ» ۋە مەسئۇلىيەت هۆكۈمەت دائىرىلىرىدە ئەمەس، قەشقەردىكى بىرقانچە ئۆلىما ۋە ئۆمەر ئاخۇندەك دىنىي، مىللىي ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى كەم كىشىلەردە. بۇ ساتقۇنلار باۋۇدۇنبايغا بولغان شەخسىي ئاداۋىتىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىن مەكتەپنى يوقىتىش-

① قەشقەرنى زىيارەت قىلغان رۇسىيىلىك بىر تاتار هازىر بۇ (خەنزۇ تىلى) مەكتەپلەر پۈتۈنلەي كېرەككە كەلمەي قالدى، بۇ قېتىم ئوقۇغۇچىلار هۆكۈمەت تىلى (يەنى خەنزۇ تىلى)نىڭ زۆرۈرىيىتىنى چۈشەنگەندەك قىلىدۇ دەپ بايان قىلىدۇ. «ۋاقىت» 1816 ـ سان (1915 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى نوشىرۋان يائۇشېف).

قا تۇتۇنغان دەپ قاراپ[1]، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى بىۋاسىتە تەذ-
قىد قىلمىغان. بۇنداق قاراش بەلكىم قەشقەرگە يېڭىچە مائارىپ
ئېلىپ كەلگەنلەرگە ئورتاق بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ قارشىلىشى-
دىغان رەقىبى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بولماستىن، بەلكى ئۇي-
غۇرلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىدى.
ئەخمەت كامالنى قەشقەرگە تەكلىپ قىلغان مۇسابايلار جە-
مەتىنىڭ غەرىزى نېمە؟ ئۇلار ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە يېقىن-
لىشىپ پانتۈركىزم ۋە پانئىسلامىزمنىڭ سىياسىي كۈچىدىن
پايدىلىنىشنى ئويلىغانمۇ؟ دەرۋەقە، دەسلەپتە ئىلىدىكى ئىن-
قىلابقا ياردەم قىلغان مۇسابايلار جەمەتى ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈ-
مىتى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەتلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك
ئەمەس دەپ قارىغان، ئەمما مۇسابايلار جەمەتى ئەسلىدە تۈرك ئو-
قۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئىزدەنگەن دېيىشكە تېخى ئا-
ساس يوق. «بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھەيئىتى» ئۆزلىرىنىڭ ئەخ-
مەت كامالنى قوبۇل قىلىشى ئۇلارنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيىسى-
گە قىلغان ھۆرمىتىدىن ئەمەس، بەلكى تۈركلەرگە بولغان يې-
قىنچىلىق تۇيغۇسىدىن بولغان، دەپ چۈشەنگەن. ئەخمەت كامال-
نىڭ قوبۇل قىلىنىشى ساپ ئاقارتىش ھەرىكىتى جەريانى، دەپ
قارىساق ئارتۇق كەتمەس.
1913 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئابدۇقادىر دامولىنىڭ «ۋاقىت»
گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتكەن خېتىنى تونۇشتۇرۇپ:
«جۇڭگو ھۆكۈمىتى بېيجىڭدىكى پارلامېنتقا ۋەكىل سايلاپ چى-
قىش ھەققىدە قەشقەردىكى مۇسۇلمانلارغا نەچچە رەت ئۇقتۇرۇش
قىلدى. يەنە بېيجىڭنىڭ مۇپەتتىشى ۋاڭ ئاخۇن ئابدۇلرەھمان
بىلەن بېيجىڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەبۇبەكرى ئا-
خۇنمۇ بۇ ھەقتە قەشقەرگە نەچچە رەت خەت يېزىپ سۆيلىدى.
ئۇلارنىڭ بۇ خېتى قەشقەر مۇسۇلمانلىرىغا بەك تەسىر قىلىپ

① خامادا ماسامى «تۈز ھەققى، بىلەن غازاتنىڭ ئارىسىدا» «شەرق تارىخى تەتقىقا-
تى»، 52 ـ توپلام، 2 ـ سان، 1993 ـ يىل 122 ـ، 148 ـ بەتلەر.

ھەركەت قوزغاشقا پۇرسەت كۈتۈۋاتىدۇ»[1]، دەپ يازغان. بۇنىڭدىمۇ ئابدۇقادىر داموللا باشچىلىقىدىكى قەشقەرنىڭ ئەھلى ئۆلىمالىرى، مۆتىۋەرلەر بۇ ئۇقتۇرۇشنى ئالقىشلىغان.

يۇقىرىقىلاردىن ئەخمەت كامال چاقىرغان پانتۈركىزم، پانئىسلامىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغۇچى بولمىش قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، شۇ ۋاقىتتا يالغۇز يېقىنچىلىق تۇيغۇسى بىلەن بىلىم ئىگىلەش ئارزۇسىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن. لېكىن ئۇ ئىلىم كېيىنكى كۈنلەردىكى ھاكىمىيەتكە گۇمانىي قاراپ ئۇنىڭ دۇشمەنلىرىگە ئۆزگىرىپ كەتكەندە، ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدىغان نەرسىدۇر.

4. كېيىنكى كۈنلەردىكى جەددىچىلەر

75 كۈنلۈك تەقىپلىك ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان ئەخمەت كامال مائارىپقا ئارىلاشماسلىق شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلگەن، شۇنىڭدىن كېيىن 1915 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى باۋۇدۇنباي يېڭىدىن قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەن ما شاۋۋۇنىڭ نەسىھەتى بىلەن كۆپ مەبلەغ سېلىپ قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى يارباغدا مەكتەپ ئاچقان. بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ نازارىتىگە شەرت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئوقۇغۇچى سانى ناھايىتى تېز ئازلاپ كەتكەن. ئەخمەت كامال ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى مەخپىي ھالدا ئوقۇغۇچىلار ۋە ئۆزىنى قوللىغۇچى ياشلار بىلەن ئالاقىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. جۇڭگو ـ گېرمانىيە مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەندىن كېيىنكى 1917 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ئاخىرى ھۆكۈمەت

---

① «ۋاقىت» 1206 ـ سان (1913 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى)، بۇ «بېيجىڭ پارلامېنتى» 1913 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلانغان جۇمھۇرىيەت پارلامېنتىنى كۆرسىتىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىسىدىنمۇ ئاۋام پالاتاسى ۋە كېڭەش پالاتاسىنىڭ ھەربىرىگە ئون نەپەردىن نامزات تاللانغان. پالاتا ئەزاسى سالاھىيىتىگە «خەنزۇ تىلىغا پىششىق بولغان بولۇشى كېرەك» دېگەن بەلگىلىمە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمەلىيەتتە تۈركىي مۇسۇلمانلاردىن ئەزا تاللاپ چىقىش ئاسانغا چۈشمىگەن. پارلامېنت توغرىسىدا مائارىپ مىنىستىرلىقى تۈزگەن «جۇڭخۇا مىنگونىڭ قۇرۇلۇش تارىخى»، 2 ـ سەھىپە، جۇمھۇرىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، تەيبېي، 1987 ـ يىلى نەشرى 521 ـ، 585 ـ بەتلەر.

دائىرىلىرى ئۇنى كۆچاغا يالاپ ئاپىرىۋېتىشنى بۇيرۇغان①.

ئەخمەت كامالنىڭ كېتىشى، روسىيىدە «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى»نىڭ غەلىبە قازىنىشى بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي «ۋاقىت» گېزىتى ۋە «شۇرا» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشتىن توختىغان، شۇنىڭ بىلەن بىز قەشقەردىكى يېڭىچە مائارىپنى قوللايدىغان جەدىدچىلەرگە ئائىت قىممەتلىك ئاخبارات مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالدۇق. ئۇلارنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى پائالىيىتى ئېنىق ئەمەس.

مۇسابايلار جەمەتىنىڭ ياردىمىدە ئىستانبۇلدا نەچچە يىل ئوقۇپ تەربىيىلەنگەن، 1914 ـ يىلى يۇرتىغا قايتىپ ئەخمەت كامالنىڭ مائارىپ پائالىيىتىگە ھەمدەمدە بولغان تۇرسۇن ئەپەندى مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىگەن، دېيىلىدۇ②.

لېكىن ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە، «نادانلاشتۇرۇش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ خەۋەر ـ ئۇچۇرلارنى بوغۇپ تۇرغاچقا، «پانتۈركىزم» ۋە «پانئىسلامىزم»نىڭ پائالىيىتىمۇ قەيەردىكى قۇشنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالغان③.

1924 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللا ياشلارنى باشلاپ شۋېت مىسسيونېرلىرى ئاچقان دوختۇرخانىغا كېلىپ نارازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ما شاۋۋنىڭ مەھكىمىسىگە قاراپ نامايىش

① خامادا ئەپەندىنىڭ ماقالىسى، 39 ـ، 40 ـ بەتلەر: ئەخمەت كامال يارباغدىكى مەكتەپنىڭ ئېچىلغان كۈندىكى كەيپىياتىنى «بۇ كۈنى باشقىچە بىر كۈن بولدى، تۈركىيىنىڭ تەسىرى ۋە تۈركلەرنىڭ شان ـ شۆھرىتىنىڭ ھەممە ياقنى قاپلىغانلىقى نامايان بولدى» دەپ ئەسلەپ، بۇ مەكتەپتە خەنزۇ تىلىنىڭ ئوقۇتۇش تەرتىپىگە كىرگۈزۈلگەنلىكىنى قەستەن يوشۇرۇپ قالغان.

② ئاتۇش ئېكساق باشلانغۇچ مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسى: «مەشئەل»، 1885 ـ 1985، 49 ـ، 51 ـ بەتلەر. بۇنى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئوغلى، 1952 ـ 1955 ـ يىلىغىچە ئېكساق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولغان ئىمىنجان تۇرسۇن يازغان.

③ چېن خۇيشېڭ: «ياڭ زېڭشىننىڭ يېڭى ئېقىملارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى» («غەربىي يۇرت تارىخىغا دائىر مەجمۇئە»، 1 ـ توپلام، ئۈرۈمچى، 1985 ـ يىلى نەشرى؛ 250 ـ، 266 ـ بەتلەر. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 ـ قىسىم، 55 ـ، 59 ـ بەتلەر.

قىلىپ ماڭغاندا باستۇرۇلغان. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئابدۇقادىر داموللا سۈيىقەستكە ئۇچرىغان، ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە قەشقەردە ھەر خىل قىياسلار ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇنىڭ بىرىدە دېيىلىشىچە، قولغا ئېلىنغان نەق جىنايەتچى ئۆمەربايىنىڭ ئۆزىنى ياللىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى چاپان يېپىپ ئەرزىنى باستۇرۇپ قويغان[1]. يەنە شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇكېرىمخان قاتارلىق ئەخمەت كامالنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشقان بىرمۇنچە ياشلار قولغا ئېلىنىپ ئاقسۇ تۈرمىسىگە قامالغان[2]. مۇسابايلار جەمەتىدىكى ھۈسەيىنباي بىلەن باۋۇدۇنباي 1926 ـ يىلى ۋە 1928 ـ يىلى ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاپات بولغان[3].

ھاجى ئەلى قاتارلىق كىشىلەر ئىلگىرى يېڭىچە مائارىپ ئارقىلىق ئاقارتىش ھەرىكىتىگە كۈچىنىڭ بارىچە كۈچىگەن. ئەمما ئۇلارغا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى سۈپۈرۈپ تاشلاش يولىلا قالغانىدى، ھاجى ئەلى مۇساپە ئەمدى يېرىملاشقاندا تاشكەنتتە ۋاپات بولغان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭغا قاراپ ئاتلانغان[4].

## خاتىمە

ئەمگەك كۈچىنىڭ يېتىشتۈرىدىغىنى ئەمەلىي مەنپەئەتتۇر. مۇسابايلار جەمەتى ۋە ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىقلار ساپ مەرىپەتپەرۋەرلىكنى چىقىش قىلغان ئاساستا يېڭىچە مائارىپنى ئەكىرىشكە تۈتۈش قىلغان، دەپ قارايمەن. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى مۇ-

---

① «ئۆمۈر داستانى» 40 ـ، 45 ـ بەتلەر؛ «ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە» 354 ـ بەت.

② قەمەرجان: «مىللىي ئىنقىلابىي دېموكراتىك زات ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم توغرىسىدا» («قەشقەر شەھىرى تارىخ ماتېرىياللىرى»، قەشقەر، 1988 ـ يىلى نەشرى، 95 ـ، 96 ـ بەتلەر.

③ «مەشئەل»، 10 ـ بەت. باۋۇدۇنباي غۇلجىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇسابايلار جەمەتى قەشقەردە ئوقۇيدىغانلارغا ياردەم قىلىشنى توختاتقان. «مەشئەل»، 58 ـ بەت.

④ يۇقىرىقى كىتاب 106 ـ، 113 ـ بەتلەر.

سۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قارشىلىقتىن كۆ-ڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەركىتى «پانتۇركىزم» ۋە «پانئىسلامىزم»نىڭ خەتىرى بار دەپ قارىغان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىتىلغان. لېكىن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ باستۇرۇشى ئۇيغۇرلارغا مىللىي ھەرىكەتكە يۈزلىنىش پۇرسىتىنى ئاتا قىلغان. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قارشى-لىشىشنىڭ ئاشكارا مەۋجۇت بولۇشى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ باستۇرۇشىغا باھانە بولۇپ بەرگەن، ئەخمەت كامالنىڭ مائارىپ پائالىيىتى شۇنىڭدىن كېيىنكى شىنجاڭدىكى مىللىي ھەرىكەت-لەرگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن.

1931 ـ يىلى يىراق شەرقتىكى قومۇلدا پارتلىغان خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئۇرۇش ئوتى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغىچە كېڭىيىپ 1933 ـ يىلى ما شاۋۇ ھاكى-مىيەت تۇتۇۋاتقان قەشقەرگىچە يېتىپ بارغان. شۇ يىلى 3 ـ ئاي-نىڭ ئاخىرىدا غەلىيانچى كۇچلەرنىڭ بىرى بولغان ئوسمان باش-چىلىقىدىكى نەچچە يۈز قىرغىز ئەسكەر قەشقەر شەھىرىگە ھۇ-جۇم قىلىش تەييارلىقى بىلەن ئاستىنئاتۇشتا پەيدا بولغان. ئاس-تىنئاتۇشتىن باشقا يەنە ئۇستۇنئاتۇشتىنمۇ ياشلار يىغىلىپ 350 تىن ئارتۇق پىدائىي تەشكىللىنىپ قوشۇننىڭ بىر قانىتى بولغان. بۇ قوشۇننىڭ ھەربىي مەشقىگە ئۇستۇنئاتۇشنىڭ يېڭىچە مەكتىپىنى پۈتتۈرگەنلەردىن قويۇلغان[①].

ئوسماننىڭ قوشۇنى شەھەرگە كىرىپ قەشقەرنى ئازاد قىل-غاندا، ئاقسۇدىكى تەقىپتىن ئازاد بولۇپ يۇرتىغا قايتقان ئابدۇ-كېرىمخاننى مەركەز قىلغان مائارىپ ئورگىنىنى قۇرۇش تېزلى-تىلىپ، تۇرسۇن ئەپەندىمۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ كىرىپ ئوقۇت-

① ئابدۇقادىر ھاجى: «1933 — 1937 ـ يىللىرىغىچە قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇلاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر» («شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»)، ئۈرۈمچى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 6 ـ، 9 ـ بەتلەر.

ﻗﯘﭼﻰ تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولغان[1]. شۇنداق قىلىپ مۇساباي جەمەتى ۋە ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىقلار ئۇرۇق سالغان قەشقەر ـ دىكى يېڭىچە مائارىپ ھاجى ئەلى قاتارلىقلار تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، بىر مەزگىل شىڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، 1933 ـ يىلىدىن باشلاپ مىللەتچىلىك كەيپىياتى تېخىمۇ روشەن بولغان بىردەملىك باھارنى كۈتۈۋالىدۇ.

قوشۇمچە بۇ ماقالىنى يېزىشتا كوماسى خىسائو ئەپەندى بىلەن خورى سۇخائو ئەپەندى مېنى قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى، بۇ يەردە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

(ياپونچە «شەرقىيەت» (تويو) ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 78 ـ توپلام 1 ـ سان، 1996 ـ يىل 6 ـ ئايدىكى نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلغۇچى: **ئۆمەرجان نۇرى**)

---

① «مەشئەل»، 19 ـ بەت، «قەشقەر شەھىرى تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 96 ـ، 97 ـ بەتلەر.

# «ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

## سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ

«شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىللىق 1 ـ سانىغا شاكەرىم ئەكرەمىينىڭ «ماجۇڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ماقالىسى بېسىلدى. بۇ ـ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار يېزىلغان، ھەممە كىشى قىزىقىدىغان ماقالە بولغاچقا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئۆرۈش مالىمانچىلىقى بىلەن تولغان 30 ـ يىللار شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئاجايىپ يىللاردۇر. خەلقىمىز ئىچىدە «گاسىلىڭ» دەپ ئاتالغان ما جۇڭيىڭ ئەنە شۇ يىللاردا بىر قىسىم پۇقرالارنى قىرغىنچىلىققا سېلىپ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى قالايمىقان قىلغان، ئاخىرىدا ھېچ بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ خەلقنىڭ نەپرىتىگە قالغان بىر شەخس بولغاچقا، 60 ياشتىن ئاشقان بوۋايلاردىن ئۇنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغانلار ئاز بولسا كېرەك. يېقىنقى يىللاردا مەتبۇئاتلاردا ما جۇڭيىڭ ھەققىدە بىر مۇنچە ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. مەن بۇ ماقالەمدە يولداش شاكەرىم ئەكرەمىينىڭ «ما جۇڭيىڭنىڭ ئۆلۈمى» ناملىق ماقالىسىدە يول قويۇلغان، ئوقۇرمەنلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان بەزى خاتالىقلار ئۈستىدە ئۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋاقىتلىق تۈزىتىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىم.

ماقالىنىڭ بېشىدا «قومۇلدا جىن شۇرېننىڭ بىر لۇ ئەسكىرى تۇرغانلىقتىن، ما جۇڭيىڭ قومۇلغا بارماي، ئاۋۋال باركۆلگە

بېرىپ، قازاقلاردىن ئات، ئۇيغۇر، تۇڭگانلاردىن ئەسكەر ئېلىپ، 36 ـ شىنىڭ كەم ـ كۇتىسىنى تولۇقلىۋېلىپ، ئاندىن كېيىن قومۇلنى ئالماقچى بولغان. ئۇنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تاپقان خوجانىياز هاجى، مەخمۇت شىجاڭلار ما جۇڭيىڭنى قارشى ئېلىشقا قومۇلدىن يولۋاسنى ئەۋەتكەن»، دېيىلگەن. ئاپتور بۇ يەردە بىرنەچچە خاتالىققا يول قويغان.

1. ما جۇڭيىڭ 1 ـ قېتىم قومۇلغا چىققاندا، يەرلىك قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرلىكتە قومۇل شەھىرىگە هۇجۇم قىلغان، هەتتا شەھەر سېپىلى ئاستىدىن يەر ئاستى يولى ئېچىپ شەھەرگە (لوچېڭغا) هۇجۇم قىلغان بولسىمۇ غەلىبە قىلالمىغان. بۇ ئارىدا جىن شۇرېننىڭ باركۆلدە بىر ئاتلىق پولك ئەسكىرى بولغانلىقتىن، ما جۇڭيىڭ ئۇرۇش بولۇۋاتقان كۈنلەردە ئۆزىدىكى بىر قىسىم كۈچنى باركۆلگە ئەۋەتىپ باركۆلنى ئالغان. باركۆلدە ئەسىرگە ئېلىنغان جىن شۇرېن ئەسكەرلىرىدىن بىر قىسمىنى (خەنزۇلاردىن) ئۆزىگە قوشۇۋالغان. ما جۇڭيىڭ باركۆلدە ئۇيغۇرلاردىن ئەسكەر ئالغىنى يوق، قازاقلاردىن ئات ئالغان ئىشمۇ بولمىغان.

2. قوزغىلاڭ باشلىقلىرىدىن ئابدۇنىياز مىراپ (ئاراتۇرۇكلۇك) ۋە سالى دورغا (شوپۇللۇق) لار ماجۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىشقا يولۋاسنى ئەمەس، شاقورمال ۋە ئابدۇرېھىم روزى دېگەن ئىككى كىشىنى بىر تەرجىمان بىلەن ئەۋەتكەن. بۇ 1932 ـ يىلىنىڭ بېشىدىكى ئىش بولۇپ، بۇ كۈنلەردە خوجانىياز هاجى تېخى قوزغىلاڭ رەھبىرى ئەمەس، مەخمۇت مۇھىتىمۇ تۇرپاندا ئائىلىسىدىكى (بۇ چاغدا تۇرپاندا قوزغىلاڭ باشلانمىغان) كۈنلەر ئىدى. بۇلار قانداقسىگە ما جۇڭيىڭنى قارشى ئالسۇن؟ ما جۇڭيىڭ 1 ـ قېتىم 1932 ـ يىل 5 ـ ئايدا قومۇلغا كېلىپ قومۇل، باركۆل، يەتتە قۇدۇق، لياۋدۇڭ ئارىلىقىدا جىن شۇرېنغا قارشى جەڭ قىلغان بولسىمۇ، پۈتى يارىلانغانلىقىنى باھانە قىلىپ پۈتۈن ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، غەنىيمەت ئالغان قورال ـ ياراقلارنى ئې-

لىپ گەنسۇغا قايتىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن جىن شۇرېن قو-
مۇلغا كۆپلەپ ئەسكەر ئەۋەتىپ، قوزغىلاڭچىلارنى باستۇرۇشقا
كىرىشكەن. قوزغىلاڭچىلار قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. شۇ
كۈنلەردە يولۋاس بىلەن خوجانىيازھاجى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت
كۈچەيگەنلىكتىن، خوجانىياز ھاجى ھەتتا يولۋاسنى تۇتۇپ ئېلىپ
قاماپ قويغاندا، يولۋاس قېچىپ قۇتۇلغان ئەھۋاللارمۇ يۈز بەر-
گەن. شۇڭا بۇ چاغ يولۋاس بىلەن خوجانىيازھاجىنىڭ مۇناسىۋى-
تى يۇتۇنلەي ئۈزۈلگەن ۋاقىت ئىدى. شۇڭا يولۋاس ما جۇڭيىڭ 1 ـ
قېتىم قومۇلغا چىققاندا خوجانىياز ھاجىنىڭ ئۆزىگە قىلغان مۇ-
ئامىلىسىنى ئەسلەپ گەنسۇغا ما جۇڭيىڭنىڭ قېشىغا كەتكەن.
1933 ـ يىل 5 ـ ئايدا ما جۇڭيىڭ 2 ـ قېتىم قومۇلغا چىققاندا
يولۋاسمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قومۇلغا قايتىپ چىققان.

ئاپتور ما جۇڭيىڭنىڭ 2 ـ قېتىم قومۇلغا چىقىشى ھەققىد-
ە توختىلىپ «1933 ـ يىلى ئەتىيازدا ما جۇڭيىڭ 300 چە كى-
شى بىلەن باركۆلگە كەلگەن، قومۇل، باركۆل، تۇرپان باشلىقلى-
رىدىن خوجانىيازھاجى، مەھمۇت شىجاڭ، ئايەمبەت، نۇرغالى ئۆ-
كىردايلار ئۇلارنى سىمىز تاي، قويلىرىنى سويۇپ قارشى ئالغان-
دى»، دەيدۇ.

ئەمەلىي ئەھۋال مۇنداق: 1. 1933 ـ يىلى باھار ما جۇڭيىڭ
2 ـ قېتىم شىنجاڭغا چىقتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ شىنجاڭغا چى-
قىشىنىڭ جەريانى مۇنداق:

يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك يولۋاس گەنسۇغا قېچىپ بېرىپ ما
جۇڭيىڭنى تاپىدۇ. كېيىنكى يىللاردا يولۋاس تەيۋەنگە قېچىپ
بارغاندىن كېيىن «ئەسلىمە يېزىش» ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ قو-
مۇلدىن «ئەھۋال يەتكۈزۈش ئۈچۈن نەنجىڭگە ماڭغانلىقىنى، ئەن-
شىگە كەلگەندە ما جۇڭيىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ما جۇڭ-
يىڭنىڭ تەكلىپى بىلەن نەنجىڭگە بارماي، ما جۇڭيىڭ بىلەن
بىرلىشىپ شىنجاڭغا بېرىپ، ئەكسىيەتچى جىن شۇرېن ھاكىمى-
يىتىگە قارشى كۈرەشكە قاتنىشىدىغان بولغان» لىقىنى يازغان.

يولۋاس قومۇلدىن ئەنشىگە (ما جۇڭيىڭنىڭ قېشىغا) قېچىپ بارغانلىقىنى قانداقتۇر ئۆزىنىڭ گومىنداڭغا سادىق ئىكەنلىكىگە پاكىت قىلماقچى بولغان.

2. 1932 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى تۇرپاندا ما شىمىڭ بىر پەي ئەسكەر بىلەن پىچانغا چىقىپ «خوجانىيازهاجى كېلىۋا ـ تىدۇ... قوزغىلايلى» دەپ خەلقنى قوزغىلاڭغا باشلايدۇ. نەتىجىدە ما شىمىڭ (ما شىمىڭ ما جۇڭيىڭنىڭ قومۇلدا قالدۇرغان ئادىمى ئىدى) مەھمۇت مۇھىتىلار باشچىلىقىدا ئۈچ ناھىيىدە قوزغىلاڭ بولۇپ، چوڭ غەلىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلىدۇ. بىراق چوڭ كۈچ بىلەن قومۇلغا بېرىپ قوزغىلاڭنى ئوخشىمىزلىقا ئۇچراتماق بولغان شېڭ شىسەي ئەسكەرلىرى 1933 ـ يىل 3 ـ ئايدا تۇر ـ پانغا كېلىدۇ. ما شىمىڭ، مەھمۇت مۇھىتىلار قاراشەھەرگە چې ـ كىنىدۇ. تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى تۇرپاندىن مەخسۇت مۇھىتى باشلىق بىر تۇركۇم ئادەمنى خوجانىياز هاجىنى باشلاپ چىقىشقا قومۇلغا ئەۋەتىدۇ. قارا شەھەرگە چېكىنىپ بارغانلار ما شىمىڭ ـ نىڭ تەكلىپى بىلەن موسۇلباي، تاھىربەك، ۋاڭ نىياز (تۇرپانلىق خۇيزۇ) قاتارلىقلارنى چۆل يولى ئارقىلىق ما جۇڭيىڭنى تەكلىپ قىلىپ شىنجاڭغا ئېلىپ چىقىشقا ئەنشىگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋە ـ تىدۇ. موسۇلباي قاتارلىقلار 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئەنشى ئەتراپىغا يېتىپ بارىدۇ. ما جۇڭيىڭ شۇ كۈنلەردە شىنجاڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىشنى پىلانلاپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى (ئاسا ـ سەن ما شىمىڭنىڭ ئەھۋالىنى) بىلىپ كېلىشكە 30 ئەسكەر بىـ ـ لەن يولۋاسنى چۆل ئارقىلىق شىنجاڭغا يولغا سالغانىدى. يولۋاس يولغا چىقىپ 2 ـ كۈنىلا يولدا موسۇلبايلار ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى قال ـ مايدۇ. يولۋاس موسۇلباي قاتارلىقلارنى باشلاپ، ما جۇڭيىڭنىڭ يېنىغا قايتىدۇ. ما جۇڭيىڭ شىنجاڭنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئىگىلى ـ گەندىن كېيىن، تېزدىن 2 ـ قېتىم شىنجاڭغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. ما شىمىڭ بۇ كۈنلەردە خوجانىياز هاجى، مەھمۇت شىجاڭلار بىـ ـ

لەن تۇرپان تەرەپتە ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ قومۇلدا ما جۇڭيىڭنى قارشى ئېلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا ھېچكىممۇ ما جۇڭ-يىڭنى قارشى ئېلىپ مېھمان قىلمايدۇ.
ماقالىدە يەنە «كامال، خوۋاڭ نىڭشۇيىن ئەپەندىلەر خەلق ئارد-سىدا كەڭ تەشۋىقات ئېلىپ بارغان... شەرىپقان باشلىق ئالتاي، تارباغاتاي قازاقلىرىغا مۇراجىئەتنامە ئەۋەتكەن. مۇراجىئەتنامىدە ياپونىيە بىلەن تۈركىيە قوللاۋاتقان ما جۇڭيىڭنىڭ 36 ـ شىسى-نىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكى، 36 ـ شى شىنجاڭدا ‹شەرقىي تۈر-كىستان ھۆكۈمىتى› نى قۇرماقچى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا ياشاۋاتقان بارلىق تۈركىي قېرىنداشلار بۇ ئىشنى قىزغىن قوللاپ، يېقىندىن يار ـ يۆلەكتە بولۇشقا چاقى-رىلغاندى»، دېيىلگەن.
1933 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا مەتبەئە ئەمەس، شا-پىگراپمۇ يوق ئىدى. «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ-مۇ كۆرمىگەن. ما جۇڭيىڭنىڭ شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» قۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆزىنى «ياپونىيە بىلەن تۈركىيە قوللىغان» دېيىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. خوۋاڭ نىڭشۇيىن بىلەن كامال ئەپەندىنىڭ بىرلىكتە مۇشۇنداق بىر مۇراجىئەتنامىنى يېزىشى ئەقىلغە سىغمايدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار كىشىلەر بۇنداق گەپلەرگە ئىشەن-مىسە كېرەك.
ماقالىدە «ئايەمبەت رەھبەرلىكىدە باركۆل قازاقلىرىنىڭ بىر ئاتلىق تۈەنى قۇرۇلغان، ما جۇڭيىڭ تۈەنى، خوجانىيازھاجى تۈە-نى، ئايەمبەت تۈەنى بىرلىكتە باركۆل ناھىيە بازىرىنى مۇھاسى-رىگە ئالغان... باركۆل ئەسكەرلىرىدىن ئېلىنغان غەنىيمەتلەر كېلىشىم بويىچە تەڭ تەقسىم قىلىنمىغانلىقى...، باركۆل ئېلىن-غاندىن كېيىن ياخشى تەييارلىق كۆرۈلۈپ، قومۇلغا يۈرۈش قىد-لىنغان»، دېيىلگەن.
بۇ گەپلەر توغرا ئەمەس، باركۆلدە بولغان جەڭ ما جۇڭيىڭ

1 ـ قېتىم قومۇلغا چىققاندا بولغان، بۇ يەردە قازاقلاردىن تەشـ ـكىللەنگەن تۈەن، خوجانىيازھاجىنىڭ تۈەنى دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس، بۇنداق گەپ يوق. ما جۇڭيىڭنىڭ بىر قىسىم ئەسكەرلىـ ـرى ما خەيىڭنىڭ باشچىلىقىدا باركۆلگە بارغان. باركۆلنى ئالغانـ ـدىن كېيىن، باركۆلدە ئازراق ئەسكىرىنى قالدۇرۇپ، قومۇلغا قايتقان. باركۆلدە غەنىيمەت ئېلىنغان ھەممە قورالنى ماجۇڭيىڭ ئالغان. باشقىلارغا بىر تالمۇ مىلتىق بېرىلمىگەن.

ماقالىدە يەنە «قومۇل گازارمىسىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان 500 چە مىلتىق ئۇيغۇر، قازاق، تۇڭگان ئەسكەرلىرى ئارىسىدا تەڭ تەقسىم قىلىنغان»، دېيىلگەن.

يەنە شۇ يەردە خوجانىياز ھاجى بىلەن ئايەمبەتنىڭ تۈەنلىـ ـرىدە 500 دىن ئەسكەر بولغانلىقى، كېيىن ما جۇڭيىڭ ئىككى تۈەن، خوجانىيازھاجى بىر تۈەن، ئايەمبەت بىر تۈەن بولۇپ جەمـ ـئىي تۆت تۈەن ئەسكەر مورىغا يۈرۈش قىلغانلىقى بايان قىلىنـ ـغان. بۇ يەردە تۈزىتىشكە تېگىشلىك مۇنداق نۇقتىلار بار:

1. قومۇل گازارمىسىدا 500 دانە قورال قولغا چۈشۈپ، ئۇيـ ـغۇر، قازاق ئەسكەرلىرىگە تەقسىم قىلىنغان ئىش مەۋجۇت ئەـ ـمەس. خوجانىيازھاجى ۋە ئايەمبەتلەرنىڭ 500 دىن ئەسكىرىمۇ بولغان ئەمەس.

2. باركۆلدىن مورىغا ماڭغان پەقەت ما جۇڭيىڭنىڭ ئەسـ ـكەرلىرىدىن ئىبارەت. ما جۇڭيىڭ قومۇلدىن مورىغا ماڭغاندا خوجانىيازھاجى تۇرپان تەرەپتە بولۇپ، قومۇلدىن مورىغا ماجۇڭـ ـيىڭ بىلەن بىللە ماڭغان ئىش يوق. ئايەمبەتنىڭ ئاتالمىش 500 قازاق ئەسكىرىمۇ ما جۇڭيىڭ بىلەن بىرگە مورىغا يۈرۈش قىلغان ئەمەس.

ما جۇڭيىڭ 2 ـ قېتىم شىنجاڭغا چىققاندا، ئەنشىدە تۇـ ـرۇۋاتقان يولۋاس ما جۇڭيىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن. يولۋاستا بىرنەچچە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلا بولغان. يولۋاس تۇرپاندا تۇرۇپ، ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۈچۈن ئارقا

سەپ خىزمىتىنى ئىشلەپ، خەلقتىن يېمەك - ئىچمەك ۋە يەم - خەشەك يىغىش بىلەن دېھقان ياشلىرىنى ما جۇڭيىڭغا ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بېرىش ئىشلىرىنى قىلغان. تۇرپاندا بىشىرۋاڭ قومۇلدىن ئالغان بىر لىيەن ئاتلىق ئەسكەر بىلەن «جىڭ فاڭ سىلىڭ» نامىدا تۇرۇپ، يولۋاسنىڭ خەلقتىن سېلىق يىغىش ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. كېيىن ما جۇڭيىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقاندا، يولۋاس جەنۇبقا بارماي قومۇلغا قېچىپ بېرىۋالغان.

ئاپتور يەنە «مالىك ئەپەندى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجانىيازھاجىغا يازغان خەتلىرىنى بۇرھان ئەپەندى بىلەن ھۇسەيىن باي ئېلىپ كەلگەنىدى»، دەپ يازغان.

شېڭ شىسەي بىلەن مالىك ئەپەندىنىڭ ما جۇڭيىڭ ۋە خوجانىيازھاجىغا خەت يېزىپ ئادەم ئەۋەتىشى 1933 - يىل 5 - ئايدىكى ئىش. سوۋېتلىك مالىك ئەپەندى ئۇ كۈنلەردە شىنجاڭغا تېخى كەلمىگەن دەپ بىلىمەن.

بۇرھان ئەپەندى بىلەن ھۇسەيىن باي كونا گۇچۇڭدىكى ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجانىيازھاجى ئۆتكۈزۈۋاتقان مەرىكىگە قاتناشقاندا، بۇ يەرگە يىغىلغان تۇڭگان زىيالىيلىرى بىلەن ئاقساقاللىرى ما جۇڭيىڭغا xxx پىكىر بەرگەنلىكى يېزىلغان.

خوجانىيازھاجى تۇرپان تەرەپتىن مورىغا كېلىپ، قومۇل تەرەپتىن مورىغا كەلگەن ما جۇڭيىڭ بىلەن 1 - قېتىم كۆرۈشكەن، شۇ يەردە ما جۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى، خوجانىيازھاجىنىڭ جىمسارغا ھۇجۇم قىلىشىنى ئېيتقان. خوجانىيازھاجى جىمسارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ، جىمساردىكى دۈشمەنلەرنى قورال تاپشۇرۇشقا قىستىغاندا، ما جۇڭيىڭنىڭ ئادەملىرى كېچىدە مەخپىي كېلىپ جىمساردىكى قوراللارنى ئېلىپ كەتكەچكە، خوجانىيازھاجى ما جۇڭيىڭدىن رەنجىپ ما جۇڭيىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن. دېمەك، مورىدىن چىققاندىن كېيىن، خوجانىيازھاجى ما جۇڭيىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ئەمەس. بۇ يەردە ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجانىيازھاجى

قانداقسىگە مەرىكە ئۆتكۈزىدۇ؟

ماقالىدە يېزىلىشىچە، ما جۇڭيىڭنىڭ يېنىدىكى خۇاڭ نىڭ-ۋېن (ياپونىيىلىك) بىلەن كامال ئەپەندى (تۈركىيىلىك) ئىككى دۆلەتنىڭ شىنجاڭدا «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇش پىلانى بويىچە ئەۋەتىلگەن ئادەملەر. ما جۇڭيىڭ «شەرقىي تۈركىستان» ئەمەس «ئىسلام دۆلىتى» قۇرماقچى بولغاندا، بۇ ئىككى ئەپەندى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ مۇناسىۋىتى ناچارلاشقان.

ھازىرغىچە «شەرقىي تۈركىستان» قۇرماقچى دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانمىز. ئەمما ما جۇڭيىڭ مورىدا (1933 - يىل 5 - ئايدا) خوجانىياز ھاجى بىلەن 1 - قېتىم كۆرۈشكەندىلا «شىنجاڭنى ئازاد قىلىپ، 500 مىڭ ئەسكەر ئېلىپ، قوشنا مۇسۇلمان ئەللىرىنىمۇ ئازاد قىلىمەن»، دەپ سۆزلىگەنلىكى ئەمەلىيەت. مەن ياش ۋاقتىلىرىمدا تۇرپاندا ما جۇڭيىڭ يېڭى شەھەردىكى زەپەر ھاجى مەسچىتىدە بىر جۈمە نامىزىغا كېلىپ، نامازدىن كېيىن خەلققە «ھىندىستاندىكى، روسىيىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئازاد قىلىمەن»، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم.

ماقالىدە «خوجانىيازھاجى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر، قازاق قوشۇنلىرى مالىكىنىڭ تەكلىپى بويىچە بوغدىنىڭ تېرەكلىك داۋىنى ئارقىلىق تۇرپانغا چۈشكەن. خۇاڭ نىڭۋېن ۋە كامال ئەپەندىلەر خوجانىيازھاجىغا ئەگىشىپ تۇرپانغا بارغان، مەھمۇت شىجاڭ ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئۆز قوشۇنىغا قوشۇۋالغان. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىدە راتسىيە بولغاچقا، بۇ ياقتا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز دۆلەتلىرىگە مەلۇم قىلىپ تۇرغان»، دېيىلىدۇ.

ئەھۋالنىڭ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

1. خوجانىياز ھاجى 1933 - يىلى 6 - ئايدا شېڭ شىسەي بىلەن تۈزۈلگەن «فۇكاڭ ئەھدىنامىسى» بويىچە «يوغان تېرەك» ئارقىلىق تەڭرىتاغنى كېسىپ ئۆتۈپ توقسۇن ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭغان.

2. خوجانىيازھاجى، مەھمۇت شىجاڭلارنىڭ يېنىدا قازاق ئەسكەر يوق. خوجانىيازھاجى جەنۇبقا ماڭغاندا ما جۇڭيىڭ بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن، تۇرپاندا ما جۇڭيىڭ قىسىملىرى بولغاچلىقتىن، ئۇنىڭ تۇرپانغا بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

3. خۇاڭ نىڭۋېن بىلەن كامال ئەپەندىنىڭ خوجانىيازھاجى قىسىملىرى ئارقىسىدىن تۇرپانغا بېرىشى ھەمدە راتسىيە توغرىسىدىكى گەپلەر پۈتۈنلەي ئويدۇرما. شۇنداقلا «مەھمۇت مۇھىتى ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ ئۆزىگە قوشۇۋالدى» دېگەنمۇ يوق گەپ. 1933 ـ يىل 6 ـ ئايدا خوجانىياز ھاجى، مەھمۇت مۇھىتلار جەنۇبقا ماڭغاندىن كېيىن، ما جۇڭيىڭ تۇرپان قاتارلىق ئۈچ ناھىيىنى ئۆزىگە ئارقا سەپ قىلىپ، ئۇرۇمچى تەرەپ بىلەن (شېڭ شىسەي بىلەن) جەڭ قىلغانىدى. ئەنە شۇ كۈنلەردە كامال ئەپەندىنىڭ تۇرپاندا ما جۇڭيىڭنىڭ ھەربىي شتابىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. ما جۇڭيىڭ ياپونىيىلىك خۇاڭ نىڭۋېننى شېڭ شىسەيگە ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدە قالغانلىقى مەلۇم. ئېنىقكى، خۇاڭ نىڭۋېن بىلەن كامال ئەپەندىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەتكەنلىكى ئەمەلىيەتتە بولمىغان بىر توقۇلمىدىنلا ئىبارەت.

يەنە «خوجانىيازھاجى قوشۇنلىرى تۇرپانغا كەلگەندە، مالىك ئەپەندى ئۇلارنى يېڭىدىن تۇرپانغا ھاكىم بولۇپ كەلگەن بۇرھان شەھىدى بىلەن بىرلىكتە قارشى ئالغان. مالىك ئەپەندى ھاكىم بۇرھان شەھىدى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەنسۇر ئەپەندى، خوجانىيازھاجى، مەھمۇت شىجاڭ، ئايەمبەت تۇەنجاڭلارنى ئۆز ئىشخانىسىدا قوبۇل قىلغان...»، دېيىلگەن. بۇ يەردە ئاپتور بىرنەچچە خاتالىققا يول قويغان:

1. يۇقىرىدا ئېيتىلغان 1933 ـ يىلى 6 ـ ئايدا خوجانىياز ھاجى جەنۇبقا ماڭغاندا تۇرپانغا بارمىغان. تۇرپاندا ما جۇڭيىڭ تۇرسا، ئۇ يەردە مالىك ئەپەندى نېمە قىلسۇن؟ شۇنداقلا ما جۇڭيىڭنىڭ قولىدىكى تۇرپانغا بۇرھان شەھىدى قانداقسىگە ھاكىم

بولالايدۇ؟ بۇرھان شەھىدىنىڭ بىرەر قېتىم «تۇرپانغا ھاكىم بول-دۇم»، دەپ يازغىنىنىمۇ بىلمەيمىز. 1934 ـ يىلى ما جۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي تۇرپانغا ئەكبەر جەلىلوفنى (ئۈرۈمچىدە خەنزۇچە ئوقۇ-غان) 1 ـ قېتىم ھاكىم قىلغان.

2. مالىك ئەپەندى ۋە مەنسۇر ئەپەندىلەر ئۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن تېخى كەلمىگەن.

«ئايەمبەت خوجانىيازھاجىدىن رۇخسەت ئېلىپ باركۆلگە كەتكەن. ئۇلارغا ئەگىشىپ كەلگەن يولۋاسمۇ ئۆز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ قومۇلغا قايتقان»، دېگەن گەپكە كەلسەك:

گوچۇڭ ئەتراپىدا خوجانىيازھاجى قىسىملىرى بىلەن قانداقتۇر قازاق قىسىملىرىنىڭ بولغانلىقىنى ھېچكىم يازمىغان. يولۋاسنى قومۇلغا قايتتى دېگەن توغرا ئەمەس. خوجانىياز-ھاجى جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭغاندا، يولۋاس ما جۇڭيىڭ قىسىم-لىرى بىلەن تۇرپانغا كېلىپ، ما جۇڭيىڭنىڭ ئارقا سەپ خىزمى-تىنى ئىشلىگەن. ما جۇڭيىڭ 1934 ـ يىلى باھاردا جەنۇبىي شىنجاڭغا قاچقاندا، يولۋاس جەنۇبقا قاچماي، تۇرپاندىن قومۇلغا قاچقان، يولۋاستا بىرنەچچە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلا بار. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك قومۇلدىن ئەسكەرلىككە ئېلىنغان 100 ئۇيغۇر بىشىرۋاڭ باشچىلىقىدا تۇرپاندا تۇرغان ھەمدە يولۋاسقا ئوخشاش قومۇلغا قاچقان.

ئاپتور مالىك ئەپەندىنىڭ موسكۋادا ما جۇڭيىڭنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ: «... ئۇنىڭ ياپونىيە ۋە تۈركىيە ئىشپىيونلىرىنى شىنجاڭغا باشلاپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شىنجاڭدا شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرماقچى بولغانلى-قى... قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن بولسا سابىت داموللا، خوجا-نىيازھاجى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاشكارا قارشى چىققان-لىقى... شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن

خۇاڭ نىڭشۇن، كامال ئەپەندىلەرنىڭ مەھمۇت شىجاڭ بىلەن بىر - لىكتە ياپونىيىگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاساس قىلغانىدى...» دەيدۇ. بۇ يەردە مەن مالىك ئەپەندى ما جۇڭيىڭ بىلەن سۆزلەش - كەنمۇ ـ يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىمەكچى ئەمەس. بۇ يەردە مۇنۇ ئىككى نۇقتىنىڭ پۈتۈنلەي ئويدۇرما ئىكەنلىكىنىلا ئېيتىپ ئۆتەي. بىرى، ما جۇڭيىڭ قەشقەرگە قېچىپ بېرىپ، سابىت داموللا، خوجانىيازھاجى بىلەن بىرلىشىپ «شەرقىي تۈر - كىستان ھۆكۈمىتى» قۇردى دېگەن ئەمەلىيەت ئەمەس. ما جۇڭ - يىڭ قەشقەرگە بارغاندا (1933 ـ يىلى 7 ـ ئاي) «شەرقىي تۈر - كىستان ھۆكۈمىتى» ئاللىقاچان ئاغدۇرۇلغان. 1933 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ما فۇيۈەن قىسىملىرى قەشقەرگە بارغاندا خوجانىياز ھاجى قىسىملىرى، سابىت داموللا ھۆكۈمىتى قەش - قەرنى تاشلاپ چىققان. خوجانىياز ھاجى 1933 ـ يىلى 4 ـ ئايدا سوۋېت چېگراسىغا (ئەركەشتامغا) قورال ئېلىشقا بېرىپ قايت - قاندىن كېيىن، يەكەندە سابىت داموللا ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە مى - نىستىرىنى قولغا ئالغان. بىرنەچچە مىنىستىرى قېچىپ كەتكەن.

يەنە بىرى، «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» ئاغدۇرۇلغان - دىن كېيىن خۇاڭ نىڭشۇن، كامال ئەپەندىلەر مەھمۇت شىجاڭ بى - لەن بىرلىكتە ياپونىيىگە قېچىپ كەتكەن... دېگەن گەپلەرمۇ پە - رەزدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈ - مىتى» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن 1933 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە مەھمۇت مۇھىتى جەنۇبىي شىنجاڭ - نىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، 6 ـ دىۋىزىيە كوماندىرى بولۇپ قەش - قەردە تۇردى. 1937 ـ يىلى 4 ـ ئايدا خۇاڭ نىڭشۇن، كامال ئە - پەندىلەر قەشقەردە نېمە قىلسۇن؟ مەھمۇت مۇھىتى بىر ياپونىيە - لىك، بىر تۈرك ئىشپىيونىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ تۆت يىل ساقلىغانمۇ؟ بۇ بىر بىمەنە گەپ. ئاپتور يۇقىرىدا «خۇاڭ نىڭشۇن بىلەن كامال ئەپەندىنى ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ مەھمۇت مۇھىتى ئەسكەرلىرىگە قوشۇلۇپ جەنۇبىي شىنجاڭغا كەتتى» دېگەنلىكى

ئۇچۇن، بۇ يەردە ئۇنى ئىسپاتلاش ئۇچۇنلا ئۇلارنى «مەھمۇت مۇھىتى بىلەن ياپونىيىگە قاچتى»، دېگەن بولسا كېرەك.

ئاپتور ما خۇسەننىڭ قېچىپ كېتىشىنى بايان قىلغاندا «... ئالدىنقى سەپكە بارماي... پىلانى بويىچە قولىدىكى 400 نەچچە ئەسكەرنىڭ 350 ىنى تارقىتىۋېتىپ، قالغان 50 ئادەمنى ئۆزى بىلەن 40 قېچىرنى قوغداپ مېڭىشقا قالدۇرغان. قولىدىكى قورال – ياراقلارنى يەرلىك تۇڭگان، خەنزۇلارغا سېتىۋەتتى»، دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە ما خۇسەن جەنۇبىي شىنجاڭدا 1937 – يىلى 4 – ئايدا ئابدۇنىياز بىلەن (ئەسلى مەھمۇت شىجاڭنىڭ قالدۇق قىسمى) بىرلىكتە شېڭ شىسەيگە قارشى كەڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ياردىمىدە قوزغىلاڭنى پۈتۈنلەي تارمار قىلغان. ما خۇسەن قىسىملىرىدىن ئاز بىر قىسمىلا چەرچەن يولى بىلەن دۇنخۇاڭ تەرەپكە قېچىپ كېتەلىگەن. قالغان ئەسكىرى يوقىتىلغان. ماخۇسەن ئۆزى 40 قېچىر ئالتۇن – كۈمۈش ۋە قىممەتلىك ماللار بىلەن ئۆز يېقىنلىرىنى ئېلىپ ھىندىستان تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. بۇنداق شارائىتتا ما خۇسەن نەدىكى خەنزۇ، خۇيزۇلارغا قورال ساتالىسۇن؟ ياكى قايسى پۇقرا قورال سېتىۋالسۇن؟

يۇقىرىقىلار مېنىڭ بىلگەنلىرىم ياكى قاراشلىرىم، توغرا بولمىغان جايلىرى بولسا، تۈزىتىپ قويۇشۇڭلارنى سورايمەن.

# ئۇسۇن تارىخىغا ئائىت بىرقانچە مەسىلە

## يۇنۇسجان ئېلى

مەملىكىتىمىزنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تارىخچىسى سىماچيەن ئۆزىنىڭ «تارىخنامە» دېگەن ئەسىرىدە ئۇسۇنلار توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەندى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇسۇنلارنىڭ تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە ئۆتكەن تارىخچىلارمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇسۇنلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆپ بايان قىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، روسىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى كۆپلىگەن ئالىملارمۇ ئۇسۇنلار توغرىسىدا ئىزدىنىپ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. بۇ جەھەتتە ياپون ئالىملىرىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەمگىكى ھەممىدىن كۆپ بولدى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخ تەتقىقات ساھەسىدە ئۇسۇنلارنىڭ تارىخىقا دائىر پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسەر ۋە ماقالىلەرنىڭ كۆپلەپ ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئۇسۇن تارىخى تەتقىقاتىدا يېڭى بىر بۆسۈش ۋۇجۇدقا كەلدى.

لېكىن ئۇسۇن تارىخىي تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاپتورلارنىڭ بەزىلىرى ئۇسۇنلارتارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئالدىن رامكا بەلگىلىۋېلىپ، بىر تەرەپلىمە قاراش بىلەن تەتقىق قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇسۇن تارىخىغا ئائىت بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا تارىخىي پاكىتلارغا ئانچە ئۇيغۇن بولمىغان بەزى يەكۈنلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ ماقالىدە مەن ئۇسۇن تارىخـ

غا ئائىت ئاشۇ خىلدىكى يەكۈنلەرگە دائىر پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

**1. «كۆرخارا ئۇسۇ» دېگەن نام ئۇسۇن سۆزىدىن كېلىپ چىققانمۇ؟**

يېقىندا سۇ بىيخەينىڭ شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە، هازىرقى شىخۇ ناهىيىسىنىڭ بۇرۇنقى نامى بولغان «كۆرخارا ئۇسۇ» «ئۇسۇن» سۆزىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەن بۇ قاراشنى تازا ئىلمىي بولمىغان قاراش دەپ هېسابلايمەن. چۈنكى هازىرقى شىخۇ ناهىيىسىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، شىخۇ ناهىيىسى غەربىي خەن دەۋرىدىن تاكى شەرقىي خەن دەۋرىگىچە ئىزچىل تۇردە هۇنلارنىڭ غەرب تەرەپتىكى چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ كەلگەن. شەرقىي خەن دەۋرىدىن كېيىن سىيانپىلارنىڭ تەسىر دائىرىسىدە بولغان. جىن دەۋرىدىن كېيىن تېلې قەبىلىلىرى ئولتۇراقلاشقان زېمىن دائىرىسى①، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئاۋۋال رورانلەرنىڭ، كېيىن تۈركلەرنىڭ تەۋەسىدە بولغان؛ سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ يەرگە غەربىي تۈركلەرنىڭ چۇمۇكۇن قەبىلىسى جايلاشقان؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى غەربىي تۈركلەرنى تىزگىنلەش ئۈچۈن بۇ جايدا بەشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە قاراشلىق يابغۇ دەريا قاراۋۇللۇقى بىلەن قاراسۇ قاراۋۇللۇقى (黑水守提)نى تەسىس قىلغان؛ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان؛ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىدىن كېيىن غەربىي لياۋ (قاراقىتان) هاكىمىيىتىگە تەۋە بولغان؛ يۈەن سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇش هارپىسىدا چىڭگىزخان بۇ جاينى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بەرگەن؛ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، بەزىدە سەئىدىيە خاز-

① لى گۇاڭنىڭ: «خەننامىدىكى غەربىي يۇرت جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، قوشۇمچە «كۆرخارا ئۇسۇ»نىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ئۈستىدە تەتقىقات، 3 ـ جىلد، خەنزۇچە ئەسلىي نۇسخا.

لىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولسا، بەزىدە ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ پا-
ئالىيەت مەيدانى بولغان.
شىخۇ ناھىيىسىدە يۇقىرىقىدەك بىر خەلقنىڭ كەينىدىن يە-
نە بىر خەلق ياشاش، بىر ھاكىمىيەتنىڭ ئورنىنى يەنە بىر ھاكى-
مىيەت ئىلىشتەك ھالەت چىڭ سۇلالىسى ئويرات موڭغۇللىرىنى
تىنچىتقاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزگىرىشكە باشلىغان. چىڭ
سۇلالىسى بۇ جايدا 1763 ـ يىلى دەسلەپكى قەدەمدە چىڭسۈي
قەلئەسى (庆绥城) نى سېلىپ، لەشكەر باشقۇرغۇچى ئامبال
تۇرغۇزغان. 1783 ـ يىلىغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى يەنە ئەس-
لىدىكى چىڭسۈي قەلئەسىنىڭ يان تەرىپىگە يېڭىدىن بىر قەلئە
سالغان، بۇ قەلئە «كۆرخارا ئۇسۇ» (库尔喀喇乌苏) دەپ ئاتال-
غان. ھازىرقى شىخۇناھىيىسىنىڭ تەكتى ئەنە شۇنداق ئىدى. بۇ-
نىڭدىن ئۇسۇنلارنىڭ قەدىمكى دەۋرىدە ھازىرقى شىخۇناھىيىسى
تەۋەسىدە ياشىغانلىقىنىڭمۇ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى
بولىدۇ.
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەردە «كۆرخارا ئۇسۇ» دېگەن
نامنىڭ ئۇسۇن سۆزىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان
بىر پارچە يازما ماتېرىيال ياكى ئاساس كۆرسىتىلمىگەن.
يېقىندا مەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن خۇخېڭ قاتار-
لىقلار 1763 ـ يىلى تۈزۈپ چىققان «غەربىي يۇرتتىكى يەر ـ جاي
ناملىرىنىڭ بەش تىللىق تەپسىراتى» ناملىق ئەسەر بىلەن «جۇڭ-
گونىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ـ جاي ناملىرى قامۇسى»نى كۆ-
رۈش جەريانىدا تۆۋەندىكىدەك مۇھىم بىر تارىخىي باياننى
ئۇچراتتىم. «غەربىي يۇرتتىكى يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ بەش تىل-
لىق تەپسىراتى»دا: «كۆر سۆزى قار دېگەن مەنىنى، خارا سۆزى
قارا دېگەن مەنىنى، ئۇسۇ سۆزى سۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ»[1]،
دەپ كۆرسىتىلگەن. «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ـ جاي
ناملىرى قامۇسى»دا «كۆرخارا ئۇسۇ» دەرياسى شىنجاڭنىڭ شىخۇ

---

[1] خۇخېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن «غەربىي يۇرتتىكى يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ بەش تىللىق تەپسىراتى»، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى يەر ـ جاي ناملىرى، 1 ـ جىلد.

ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ، ناھىيىنىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى ئېرەنقابىرغا تېغىدىن باشلىنىدۇ، دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمنى زارگون دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ دەريا غەربىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، ناھىيىنىڭ شەرقىگە كەلگەندە كۆيتۈن دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. شىمالغا بۇرۇلۇپ، غەربتە جىرغىلاڭ دەرياسىغا قوشۇلغاندا كۆرخارا ئۇسۇ دەرياسى دەپ، بۇ يەر كۆرخارا ئۇسۇ ناھىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ئويراتچە سۆز بولۇپ، «كۆر» سۆزى قار دېگەن مەنىنى، خارا سۆزى قارا دېگەن مەنىنى، ئۇسۇ سۆزى سۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ»[1] دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك، «كۆرخارا ئۇسۇ» دېگەن نام ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ تىلىدا «قار سۇيىدىن پەيدا بولغان قارا سۇ» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، بۇ نامنى شىخۇ ناھىيىسىنىڭ قەدىمكى نامى، يەنى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «قارا سۇ قاراۋۇللۇقى» دېگەن نامدىن كېلىپ چىققانلىقى مەلۇم.

تىل نۇقتىسى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇسۇن دېگەن سۆزنى «كۆرخارا ئۇسۇ»دىكى «ئۇسۇ» دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن سۆز دېگىلى بولمايدۇ. شىخۇ ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى خەنزۇچە نامى «库尔喀喇乌苏» (كۆر ـ قارا ـ ئۇسۇ) دىن قىسقارتىلىپ، «乌苏» (ئۇسۇ) دەپ قوللىنىلغان. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇسۇن سۆزىنىڭ «كۆرخارا ئۇسۇ»غا ئۆزگىرىش جەريانىنى ھەرگىز ئىسپاتلاپ كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، «كۆرخارا ئۇسۇ» دېگەن نام ھېچبولمىغاندا، «قارا ئۇسۇن» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، بىز يازما مەنبەلەردىن تا ھازىرغىچە ئۇسۇنلارنىڭ ئارىسىدا «قارا ئۇسۇن»، «سېرىق ئۇسۇن» دېگەنگە ئوخشاش بىرەر ئۇرۇق ياكى قەۋمنىڭ نامىنى تېخى ئۇچراتقىنىمىز يوق.

دېمەك، يۇقىرىدىكى تارىخىي بايانلاردىن مەلۇمكى، «كۆرخارا ئۇسۇ» دېگەن نام ئۇسۇن سۆزىدىن كېلىپ چىققان ئەمەس. ئۇ، بۈگۈنكى جۇڭغار ئويمانلىقىدا ياشىغان ئويرات موڭغۇللىرىدىن

[1] «جۇڭگونىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى يەر ـ جاي ناملىرى قامۇسى»، سودا نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 696 ـ بەت.

بىزگىچە يېتىپ كەلگەن جۇغراپىيىۋى نام بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا قىسقارتىلىپ، «乌苏» (ئۇسۇ) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. هازىرمۇ موڭغۇل تىلىدىكى بۇنداق يەر ـ جايناملىرى شىنجاڭنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىدا بار. مەسىلەن، ئۇلان ئۇسۇ (مەنىسى: قىزىل سۇ)، چاغان ئۇسۇ (مەنىسى: ئاق سۇ)، نام ئۇسۇ (مەنىسى: سەك-كىز سۇ) قاتارلىقلار.

**2. ئۇسۇنلارنىڭ ئىلى رايونىدىكى پائالىيىتى قاچان ئاخىرلاشقان؟**

ئۇسۇنلارنىڭ ئىلى رايونىدىكى پائالىيىتى ئۇسۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى تارىخىدىكى مۇھىم هالقا. ئىلگىرى بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ كىشىلەر ئىزدەنگەن بولسىمۇ، ئۇسۇنلارنىڭ ئىلى رايونىدىكى پائالىيىتىنىڭ قاچان ئاخىرلاش-قانلىقى ئانچە كۆپ تىلغا ئېلىنمىغان. دەرۋەقە ئۇسۇنلار مىلاددى-يىدىن ئىلگىرىكى 160 ـ ۋە 161 ـ يىللاردا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي ماكانى خېشى (خۇاڭخېنىڭ يۇقىرى ئېقىنى) رايونىدىن ئىلى رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ، ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى بۇ يەرگە كېلىپ جايلاشقان توخرىلارنى قوغلاپ چىقارغان، ئۇلار ئىزچىل تۈردە غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ مۇناسىۋىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 71 ـ يىلى ئۇسۇنلار هۇنلارغا غەربىي تەرەپتىن هۇجۇم قىلىپ، «تەڭرىقۇتنىڭ تاغىسى ۋە ھەدد-سى، داڭلىق خانلىرى، مىڭبېگى، چەۋانداز ئەسكەرلىرىدىن تۆۋەن تۆت تۈمەن كىشىنى، 70 تۈمەندىن ئارتۇق ئات، كالا، قوي، ئې-شەك، تۆگىنى قولغا چۈشۈرۈپ»[①]، هۇنلارنى ئىنتايىن زور چى-قىمغا ئۇچرىتقان. ئۇسۇنلار هۇنلار تاكى غەربكە كەتكۈچە ئۇلارغا هۇجۇم قىلىپ تۇرغان. بۇ هال ئۇسۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىرىنى تېخىمۇ زورايتقان، ئۇسۇنلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى شەھەر تۇرمۇشىدا ياشاۋاتقان باشقا دۆلەتلەرگە بولغان قىزىقى-شىنى قوزغىغان. غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇسۇن كۈنبې-

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» 96 ـ جىلد، خەنزۇچە نەشرى، 8 ـ كى-تاب، 3905 ـ بەت.

يى كۇسەن دۆلىتى بىلەن قۇدىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقان. ئىككىنچى ئوغلى ۋاننان (万年)نىڭ يەكەن پادىشاھىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشىغا قوشۇلغان. دېمەك، بۇنىڭدىن ئۇسۇنلار ۋە ئۇسۇن دۆلىتىنىڭ ھۇنلارنىڭ غەرب تامان كېڭىيىشىگە سەۋەبچى بولغانلاردىن بىرى بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر ئارىلاشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

لېكىن ئۇسۇنلارنىڭ ئىلى رايونىدىكى بۇنداق گۈللىنىش دەۋرى ئانچە ئۇزاق داۋام قىلالمىغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ھۇنلار غەربكە كېتىشى بىلەنلا، سىيانپىلار ھۇنلارنىڭ بۇرۇنقى زېمىنلىرىنى ئىگىلەپ تېز كۈچىيىشكە باشلىغان. بۇ ۋاقىت دەل شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولۇپ، سىيانپىلار ئۆزلىرىنىڭ تالانتلىق سەركەردىسى تان شىخۇينىڭ رەھبەرلىكىدە 2 - ئەسىرنىڭ يېرىمىدا شەرقتە تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن غەربتە يەتتىسۇغىچە سوزۇلغان قۇدرەتلىك سىيانپىلار ئىمپېرىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇ توغرىلىق «كېيىنكى خەننامە»دە تان شىخۇي موڭغۇل چۆللۈكىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، «شىمالدا دىڭلىڭلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، شەرقتە خۇيۆلارنى مەغلۇپ قىلدى، غەربتە ئۇسۇنلارغا ھۇجۇم قىلدى»[①]، دېيىلگەن. دېمەك، بۇ ھال بىزگە ئۇسۇنلارنىڭ ھۇنلاردىن كېيىن سىيانپىلاردەك يېڭى بىر كۈچنىڭ بىۋاستە تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدەك ئالاھىدە بىر خىل تارىخىي شارائىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ياپون ئالىملىرىدىن سۇڭ تيەن شۇنەن ئۇسۇنلارنىڭ كېيىنكى تارىخىدا يۈز بەرگەن ئالاھىدە تارىخىي شارائىتنى ئۇسۇنلارنىڭ ئىلى رايونىدىكى پائالىيىتىنىڭ ئاخىرقى چېكى دەپ قارىغان، ئۇ: «مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھۇنلاردىن كېيىن باش كۆتۈرۈپ چىققان سىيانپىلارنىڭ تەسىر كۈچىنىڭ پەيدىنپەي

① «كېيىنكى خەننامە»، 120 - جىلد، خەنزۇچە نەشرى 5 - كىتاب 2989 - بەت.

غەربكە سىلجىشى ئۇسۇنلارنى غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر قىلغان ھەقىقىي سەۋەب ئىدى. قىسقىسى، دۆلەت ۋەن ئەلچىلىككە بارغان ۋاقىتتا ئۇسۇنلار ئاللىقاچان «خەننامە»دە كۆرۈلىدىغان پايتەختى قىزىل قورغان شەھىرىدىن، يەنى قەدىمكى سودا مەركىزى بولۇپ كەلگەن رايونلاردىن تامامەن مەھرۇم قالغانىدى. مېنىڭچە بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ»[1]، دەپ يازىدۇ. ئەگەر جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە رورانلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىپ، غەربتە ئىلى ۋادىسىنى ئىگىلەپ تۇرغان ياپبانلار چېگرىسىغىچە يېتىپ بارغانلىقىدىن ئىبارەت يەنە بىر تارىخىي ئومۇملۇقنى نەزەرگە ئالغاندا، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى دۆلەت ۋەننىڭ 436 ـ يىلى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە بارغان سەپىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتتى بولغان. «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكى «ئۇسۇنلار غەربكە كۆچۈپ، پامىر تاغلىرى ئارىسىغا باردى، ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى يوق بولۇپ، ئوت ۋە سۇ قوغلىشىپ تۇرمۇش كەچۈردى»، دېيىلگەن. مانا مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇسۇنلارنىڭ ئىلى رايونىدىكى ئەڭ ئاخىرقى پائالىيىتى رورانلارنىڭ تەسىر كۈچى غەربىي يۇرتقا سىڭىپ كىرىپ، غەربىي يۇرت ياپبان، روران، قاڭقىل، ئېپتالىت قاتارلىق يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان خەلقلەرنىڭ بۆلۈشۈۋېلىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ئىلگىرىلا، يەنى سىيانپىلار دەۋرىدىلا ئاخىرلاشقانلىقى ئېھتىمالدىن ئانچە يىراق ئەمەس.

ئۇسۇنلار ئىلى رايونىدىكى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن نەگە كەتتى؟ بۇنىڭغا ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار كەمچىل بولغاچقا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ۋېينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دىكى «غەربكە كۆچۈپ پامىر تاغلىرى ئارىسىغا باردى»، دېگەن ئايرىم مەزمۇندىن ۋە «ۋېي پادىشاھلىقى تارىخىنىڭ بايانى.

---

[1] سۈكتىيەن شۈنەن: «قەدىمكى تەڭرىتاغنىڭ تارىخ ـ جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى 234 ـ بەت.

غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى»دە ئۇسۇنلارنىڭ مۇنداقچە ئىبغىزغا ئېلىنىپ ئۆتۈلگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇسۇنلارنىڭ غەربكە كۆ- چۈپ پامىر تاغلىرى ئارىسىغا كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولى- دۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇسۇنلار تارىخىي مەنبەلەردە ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. پەقەت «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» بىلەن جۇرجىتلارنىڭ «جىن سۇلالىسى تارىخى»نىڭ بىرقانچە يېرىدىلا «ئۇسۇنلارنىڭ سوۋغات ئەۋەتكەن»لىكى، لياۋ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۇسۇن خان مەھكىمىسى تەسىس قىلغان»لىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ساقلىنىپ قالغان. لېكىن بەزىلەر «بۇ يەردىكى ئۇسۇنلار لياۋ سۇلالىسى بىلەن جۇرجىتلارنىڭ جىن سۇلالىسىنىڭ چېگرىسىغا يېقىن بولغان موڭغۇلىيىدىكى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئې- قىنىدىكى «كەم دەرياسى بويىدىكى «Ourossoutes» قەبىلىسىنى كۆرسىتىدۇ»[1]، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەشھۇر خەلق داستا- نى «ماناس»تا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇسۇنلار «قىرغىزلارنىڭ ئارى- سىدىمۇ بار»[2] دەپ يازىدۇ، شۇنىڭدەك قازاق خەلقىنىڭ «چوڭ يۈ- زىدىكى قازاقلارنى بولسا قەدىمكى موڭغۇل «Uisun» لارنىڭ ئەۋلادلىرى»[3]، دەپ قارايدۇ.

دېمەك، يۇقىرىدىكى تارىخىي پاكىتلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇ- كى، ئۇسۇنلارنىڭ ئىلى رايونىدىكى پائالىيىتى ئۈچ ئەسىردىن ئارتۇق داۋاملاشقان. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا غەربكە كۆچكەندە تۇخ- رىلارنى ئىلى رايونىدىن قانداق قوغلاپ چىقارغان بولسا، ئۆزلى- رىمۇ كېيىن، يەنى 2 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سيانپىلار تە- رىپىدىن شۇنداق تارىخىي قىسمەتكە دۇچار بولۇپ، ئىلى رايونى-

① سېن جۇڭمىەن: «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسىدىكى جۇغراپىيە ئاتالغۇ- لىرىغا ئىزاھات»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى خەنزۇچە نەشرى، 2 ـ كىتاب 365 ـ بەت.

② ئەنۋەر بايتۇر: «قىرغىز تارىخىدىن لېكسىيىلەر» قىزىلسۇ نەشرىياتى، قىر- غىزچە نەشرى، 55 ـ، 56 ـ بەتلەر.

③ چوقان ۋەلىخانوف: «قىرغىز، قازاق چوڭ يۈزىنىڭ رىۋايەتلىرى»، ساگۇچى تو- رو: «قازاق چوڭ يۈزىدىكى قەبىلە ـ ئۇرۇقلار»، «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ماتېرىيال- لىرى»، خەنزۇچە 1985 ـ يىللىق تۇنجى سان.

ـدىكى پائالىيىتىنى مەڭگۈگە ئاياغلاشتۇرۇپ، پامىر تاغلىرى ئا-
رىسىغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بىزنىڭ ھازىر ئىلى رايونىدا
كۆرۈۋاتقىنىمىز بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان
قەدىمكى ئۇسۇنلار بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ يەر ئاستىدا قېپ-
قالغان ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلىرىدىنلا ئىبارەت،
خالاس.

**3. ئۇسۇنلارنى قەدىمكى ئىلى دۆلتى دەپ قاراشقا بولامدۇ؟**

يېقىندىن بۇيان بەزى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىن-
ـنىۋاتقان شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىغا ئائىت ماقالىلەردە
بەزىلەر ئۇسۇنلارنى قەدىمكى ئىلى دۆلتى دەپ جەزىملەشتۈرۈش
بىلەن بىللە، ئۇسۇن دېگەن نامنى ھېچبولمىغاندا «ئىلى» دەپ
ئۆتتۈرىغا چىقارماقتا. مېنىڭچە بۇ تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن
بولمىسا كېرەك.

بىزگە مەلۇم، ئۇسۇنلار غەربكە كۆچۈپ ئىلى رايونىغا كې-
لىشتىن بۇرۇن ئىلى رايونىدا خۇددى ئۇسۇنلارنىڭ تەقدىرىگە
ئوخشاش بىر قاتار كومېدىيىلىك ئەھۋاللار يۈز بەرگەنىدى. بۇ
توغرىلىق «خەننامە. جاڭ چيەن، لى گۇاڭلى تەرجىمىھالى»دا:
«شۇ يىلى توخرىلار ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. توخ-
ـرىلار غەربتە ساك پادىشاھىغا زەربە بەردى. ساك پادىشاھى جەنۇبقا
قاراپ يىراق تامان كۆچتى. توخرىلار ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ما-
كانلاشتى»[1]، دېيىلگەن. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە
«ئۇسۇن دۆلتى شەرقتە ھۇن بىلەن، غەربىي شىمالدا كانگا بى-
لەن، غەربتە پەرغانە بىلەن، جەنۇبتا شەھەر دۆلەتلىرى بىلەن تۇ-
تىشىدۇ. بۇ يەر ئەسلىدە ساكلارنىڭ زېمىنى ئىدى. توخرىلار
غەربتە ساك پادىشاھىنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى قېچىشقا مەجبۇر
قىلدى. ساك پادىشاھى جەنۇبتا پامىردىن ئۆتۈپ كەتتى، ياۋچىلار
ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ماكانلاشتى. كېيىن ئۇسۇن كۈنبېيى توخ-
ـرىلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى، توخرىلار يۆتكىلىپ،

---

① «خەننامە. جاڭ چيەن، لى گۇاڭلى تەرجىمىھالى» 61 - جىلد، خەنزۇچە نەشرى
6 - كىتاب، 2692 - بەت.

باكتىرىيىگە بەيئەت قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇسۇن كۆز-بېيى ئۇلارنىڭ زېمىنىدا ماكان تۇتتى. شۇڭا ئۇسۇن دۆلىتىدە ساكلارمۇ، توخرىلارمۇ ساقلىنىپ قالدى»[1]، دېيىلگەن. بىز بۇ ئىككى تارىخىي باياندىن تۆۋەندىكىدەك ئىككى مۇھىم يىپ ئۇ-چىغا ئىگە بولىمىز: بىرى، ئىلى رايونىنىڭ بۇرۇنقى ئاھالىسى ساكلار بولۇپ، كېيىن ئۇلارنى توخرىلار قوغلىۋەتكەن. يەنە بى-رى، توخرىلارنىڭ ئىلى رايونىدىكى پائالىيىتى ئانچە ئۇزاق داۋاملاشمىغان، ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇلارنىمۇ ھۇنلارنىڭ بىۋاسىتە ياردىمىنى ئالغان ئۇسۇنلار قوغلىۋەتكەن. ھالبۇكى، «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە ئىلى رايونىدا چوڭ كۆ-چۈشتە قېپقالغان بىر تۈركۈم ساكلار بىلەن توخرىلارنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئۇسۇنلار ئىلى رايونىنىڭ يېڭى خوجايىنىغا ئايلان-غاندا، ئىلى رايونىنىڭ ۋەزىيىتىنىڭ خېلىلا مۇرەككەپ ئىكەنلى-كىدىن دېرەك بېرىدۇ. گەرچە ئىلى رايونىدا قېپقالغان بۇ بىر تۈركۈم ساكلار بىلەن توخرىلار ئۇسۇنلار دەۋرىدە ئۆز ھاكىمىيەت-لىرىنى تىكلىيەلمىگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي بازى-سى ئارقىلىق ئۇسۇنلارغا كەڭ - كۆلەمدە تەسىر كۆرسەتكەن-دى. بۇنى تۆۋەندە تېپىلىۋاتقان ئۇسۇنلارغا دائىر مەدەنىيەت يادى-كارلىقلىرىدىكى ساكلارغا دائىر ئوخشاشلىقلاردىن كۆرۈشكە بو-لىدۇ. لېكىن بۇ يەردە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇ-ھىم بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۇسۇنلار ئىلى رايونىدا تازا دەۋران سۈرگەن مەزگىلدە، ئىلى رايونىدا «ئىلى دۆلىتى» (伊列国) دېگەن يەنە بىر دۆلەتنىڭ ئۇسۇنلار بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولغان-لىقىدىن ئىبارەت.

ئىلى دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى توغرىلىق تارىخىي مەنبە-لەر ئىنتايىن كەمچىل، ھازىرغىچە كىشىلەر ئۇسۇنلارنىڭ غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنكى ياشىغان دائىرىسىنى تەتقىق قىل-غاندا ئوخشاشلا تۆۋەندىكىدەك ئىككى مۇھىم تارىخىي بایاندىن

① «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ئۇسۇنلار بابى، 96 - جىلد، خەنزۇچە نەشرى، 8 - كىتاب، 3901 - بەت.

نەقىل كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر ئالىم لى گۇاڭنىڭ يازغان «خەننامىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا «خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدا ئىلى دۆلە- تى بار بولۇپ، ئۇ ھۇنلارغا قارايتتى. دەريانىڭ جەنۇبى تامامەن ئۇسۇنلارنىڭ يېرى ئىدى»[1]، دېيىلگەن؛ يەنە بىرى، 1908 - يىلى يېزىلغان «سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى» دېگەن ئە- سەر بولۇپ، ئۇنىڭدا «ناھىيىنىڭ ئورنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلى دۆلىتى دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ ھۇنلارغا قارايتتى، جەنۇبتا ئۇ- سۇنلار بىلەن چېگرىلىناتتى»[2]، دېيىلگەن. بۇ، بىزگە ئۇسۇنلار ئىلى رايونىغا كۆچۈپ كەلگەندە، ئىلى رايونىدا ئىلى دۆلىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىلى دۆلىتى تارى- خىي مەنبەلەردە كۆرۈلگەندىن تارتىپ، باشتىن - ئاخىر ھۇنلار- نىڭ غەربىي يۇرتتىكى پائالىيىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان دۆلەت سۈپىتىدە قەيت قىلىنىپ كەلدى. غەربىي خەن سۇلالىسى- نىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە كانگانى مەركەز قىلىپ، غەربىي يۇرتتا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان مەشھۇر ھۇن تەڭرىقۇتى قۇت- ئۇشنىڭ زامانىسىدا ئىلى دۆلىتى يەنە بىر قېتىم ھۇنلار بىلەن بىرگە تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ھەقتە «خەننامە. چېنتاڭ، تاڭ تەزكىرى- سى»دە «غەربىي يۇرت ئەزەلدىن ھۇنلارغا قارايتتى. بۈگۈنكى كۇنگە كەلگەندە قۇتئۇش تەڭرىقۇتنىڭ نامى ھەرقايسى جايلارغا تارقالماقتا. قۇتئۇش تەڭرىقۇت كانگانى ئىشغال قىلىۋالغان بو- لۇپ، ئۇسۇن بىلەن پەرغانىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى دۆلەتنى تەسلىم بولۇشقا قىزىقتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. مۇبادا قۇتئۇش تەڭرى- قۇت ئۇسۇن بىلەن پەرغانىگە شىمالدا ئىلى دۆلىتىدىن ھۇجۇم

---

① لى گۇاڭنىڭ: 《خەننامە》دىكى غەربىي يۇرت جۇغراپىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات»، 3 - جىلد، ئۇسۇنلار بابى، 3 - كىتاب، خەنزۇچە ئەسلىي نۇسخا.

② «سۈيدۈڭ ناھىيىسىنىڭ يۇرت تەزكىرىسى»، «ئىلى مەھكىمىسى تەزكىرىسى- نىڭ يەشمىسى»، ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كۇتۇپخانىسى تۈزگەن، خەنزۇچە نەشرى 30 - بەت.

قىلسا، غەربتە ئارساك (ئىران)، جەنۇبتا ياۋچىلار بىلەن كەش-مىرگە تەھدىت سالسا، ئون نەچچە يىل ئىچىدە ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرى قورقۇپ، دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالىدۇ»[①]، دې-يىلگەن. دېمەك يۇقىرىدىكى تارىخىي بايانلاردىن ناھايىتى ئېنىق-كى، قەدىمكى ئىلى دۆلىتى ئۇسۇنلار بىلەن جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتە مەلۇم ئوخشاشلىقلا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇسۇنلارغا تەۋە بولمىغان دۆلەت سۈپىتىدە خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە ھۇنلارغا قارىغان. قىسقىسى ئىلى دۆلىتى تارىخىي مەنبەلەردە «伊委国»[②] ۋە «伊列国» دېگەن ناملار بىلەن تاكى جىن دەۋرى[③] (مىلادى 265 ـ، 317 ـ يىللار)گىچە تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىن-نىپ كەلگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇسۇنلار ئالىلىقاچان سىيانپىلارنىڭ ھۇجۇملىرى تۈپەيلىدىن پامىر تاغلىرى ئارىسىغا كۆچۈپ كەت-كەن. شۇڭا ئۇسۇنلارنى قەدىمكى ئىلى دۆلىتى دەپ قاراش تارى-خىي پاكىتلارغا ئانچە ئۇيغۇن بولمىسا كېرەك.

---

① «خەننامە. چىلى، تالى تەزكىرىسى»، 72 ـ جىلد، خەنزۇچە نەشرى، 6 ـ كىتاب 3010 ـ بەت.

② «خەن خاتىرىلىرى»نىڭ 33 ـ جىلدىدا «ئىلى دۆلىتى» «伊委国» دەپ خاتىرىلەنگەن.

③ «شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، خەنزۇچە 1985 ـ يىللىق 2 ـ سان.

# 1864 ـ يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا دائىر ئىككى مۇھىم ۋەقە

يۇنۇسجان ئېلى

1857 ـ يىلى كۇچادا كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلىڭى 1864 ـ يىلىغا كەلگەندە تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ، ئاخىرى شىنجاڭ بويىچە كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ دولقۇنىنى پەيدا قىلدى. ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى بۇ قېتىمقى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ كۈچلۈك بىر تارمىقى بولۇپ، ئىچكى ـ تاشقى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى كۆرەشتە تىللاردا داستان بولغۇدەك ئىش ـ ئىزلارنى قالدۇرغان. لېكىن ھازىرغا قەدەر بۇ قوزغىلاڭغا دائىر بەزى مۇھىم ۋەقەلەر ئانچە كۆپ تىلغا ئېلىنماي كەلدى. مەن بۇ ماقالەمدە ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا دائىر ئىككى مەسىلە ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

**1. ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ تازابېكنى ئۆز پاناھىغا ئېلىشىنىڭ باش ـ ئاخىرى**

روسىيە يەتتىسۇ رايونىنى ئىستىلا قىلغاندا يەتتىسۇ رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. بۇ جەرياندا يەتتىسۇ خەلقى ئارىسىدىن نۇرغۇنلىغان مىللىي قەھرىمانلار يېتىشىپ چىققانىدى. قازاق چوڭ يۈزگە قاراشلىق ئالبان قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان تازابېك ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تىپىك شەخس ئىدى. 1864 ـ يىلدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلغاندا، يەتتىسۇ رايونىدا ياشايدىغان قازاقلار ئۇنىڭغا زور قىزىقىش ئىچىدە دىققەت قىلدى. نەتىجىدە ئىلى سۇلتانلىقى بىلەن يەتتىسۇدىكى قازاقلار ئوتتۇرىسىدا پەيدىنپەي

چۈشىنىش ھاسىل بولۇپ، چارروسىيىنىڭ زۇلمىغا چىدىماي قېچىپ چىققان قازاقلارغا «ئۆز دىنداشلىرى»① قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدىغان ھالەت شەكىللەندى.

بىراق چارروسىيە ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىلى سۇلتانلىقى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئور- ناتقانلىقىدىن قاتتىق خەۋپسىرىگەچكە، قازاقلاردىن ئالبان قە- بىلىسىنىڭ ئاقساقىلى تازابېككە پاروچىكلىك ھەربىي ئۇنۋانى- نى بېرىپ، قازاقلارنى ئۆزىگە تارتماقچى بولدى. 1871 - يى- لىنىڭ باھار پەسلىدە، يەتتىسۇ رايونىنىڭ شەرقىدىكى قازاقلار چارروسىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تۈركۈم - تۈركۈملەپ جۇڭگو چېگرىسىغا كۆچكەنلىكتىن چار- روسىيە چونجا رايونىدا يېڭىدىن بىر قاراۋۇلخانا قۇرۇشقا مەج- بۇر بولدى.

1871 - يىلىنىڭ 3 - ئېيىغا كەلگەندە يەتتىسۇ رايونىنىڭ ۋېرنىي (ئالمۇتا) ئۇيېزدى (ناھىيىسى)دىكى قازاقلار ئىلى سۇل- تانلىقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، چارروسىيە دائىرىلىرى ئۇلارنى سېزىپ قالدى. بۇخىل ۋەزىيەتتە تازابېكمۇ «ئەلاخانغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ قەبىلىسىنى باشلاپ، ئىلىغا كۆچۈپ بېرىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈر- دى، ئەلاخان جاۋاب خەت يېزىپ ماقۇللۇق بىلدۈردى»②. تازابېك ئىلى سۇلتانلىقى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشكە ھەدەپ تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، چارروسىيە دائىرىلىرى بۇنىڭدىن يوشۇرۇن خەۋەر تېپىپ، گراسىموفنىڭ باشچىلىقىدا 500 كىشىلىك بىر قوشۇن ئەۋەتىپ، 1871 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تازابېكنىڭ ئاۋۇلىنى قورشىۋالدى. يېرىم كېچىدە تازابېك قول ئاستىدىكى- لەر بىلەن بىللە قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ تاڭ سۈزۈلۈشتىن

---

① م. ئا. تېرېنتىيېف: «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى»، II كىتاب خەنزۇچە نەشرى 27 -، 29 -، 30 - بەتلەر.

② «شىنجاڭ تارىخىدىكى مەشھۇر شەخسلەر» 2 - كىتاب خەنزۇچە نەشرى 38 - بەت.

بۇرۇن چارروسىيىنىڭ باستۇرۇشقا كەلگەن قوشۇنلىرىدىن يىراقلىشىۋالدى. ئۇلار تېزلىك بىلەن جۇڭگو چېگرىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، بىرنەچچە كۈن جاپالىق يول يۈرۈپ، 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى زېمىنلارغا يېتىپ باردى. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، تازابېك ئىلى سۇلتانلىقى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ بىللە «چونجا ئاۋۇلى ۋە تېمىرلىك ـ قورۇقتاۋ ئاۋۇلىدىن بولۇپ جەمئىي 1000 ئۆيلۈك كىشى ئۆتكەن»[1]. ئەينى ۋاقىتتا چار ـ روسىيە تەرەپنىڭ تىلغا ئېلىشىچە «ئىلى سۇلتانلىقى 200 كى ـ شىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ تازابېكنى كۈتۈۋالغان»[2] ھەم ئۇلارنى ھازىرقى توققۇزتارا ناھىيىسىدە چارۋىچىلىق قىلىشقا ئو ـ رۇنلاشتۇرغان.

تازابېك ۋەقەسى چارروسىيىنىڭ يەتتىسۇدىكى ھۆكۈمرانلى ـ قىنى تەۋرىتىۋەتكەچكە، چارروسىيە بىر تەرەپتىن ئىلى سۇلتان ـ لىقىغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تازابېكنى قاتتىق جازالاپ، يەتتىسۇ خەلقىگە ئىبرەت ئالدۇرۇش ئۈچۈن، ئەلاخان پالۋانغا تەھدىت سېلىپ، «ھازىر بىزدىن بىر قاراقچى سىلەر تەرەپكە قېچىپ باردى... سەن ئۇنى تېزدىن تۇتۇپ ئەۋە ـ تىپ بەر، ئەگەر ئەۋەتىپ بېرىشنى خالىمىساڭ، ئۇ ھالدا بۇ ساڭا ۋە سېنىڭ خەلقىڭگە پۈتۈنلەي پايدىسىز، بىز بۇنىڭ ئو ـ چۈن ساڭا چوقۇم ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بېرىش بىلەن بىللە، يۇرتۇڭلارنىمۇ ئىشغال قىلىۋالىمىز»[3]، دەپ خەت يازدى. لېكىن چارروسىيىنىڭ بۇ يولسىز تەلىپى ئەلاخان سۇلتان تەرىپىدىن قەتئىي رەت قىلىندى.

---

① م. ئا. تېرېنتىيېۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى» II كىتاب خەنزۇچە نەشرى 27 ـ، 29 ـ، 30 ـ بەتلەر.

② م. ئا. تېرېنتىيېۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى» II كىتاب خەنزۇچە نەشرى 27 ـ، 29 ـ، 30 ـ بەتلەر.

③ «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللاردىن تاللانما»، خەنزۇچە نەشرى 461 ـ بەت.

1871 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنگە كەلگەندە چارروـ سىيە تازابېكنى تاپشۇرۇشنىڭ بىر ھەپتىلىك مۆھلىتى توشتى دېگەننى باھانە قىلىپ، ئىلى رايونىغا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىپ، 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئىلى رايونىنى ئىشغال قىلـ ـدى. ئەلاخان پالۋان گەرچە تازابېكنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئىلى رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تەشكىللەپ، چارروسىـ ـيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەتئىي قارشى تۇرغان بولسىمۇ، قورال ـ ياراقنىڭ ناچارلىقى ۋە ئىچكى جەھەتتە خائىنلارنىڭ تەسلىمچىـ ـلىك قىلىشى تۈپەيلىدىن نائىلاج چارروسىيە دائىرىلىرىگە تازاـ بېكنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئەلاخان پالۋاننىڭ چارروسىيە دائىرىلىرىگە تازابېكنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزىنىڭ ئورنىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنۇشىدىن ئىبارەت نامەرتلىك ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى بولماستىن، بەلكى ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى تاجاـ ۋۇزچىلارنىڭ تۆمۈر تاپىنىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەڭ مۈشكۈل شارائىتتا، ئۆزىنىڭ ۋىجدانىغا خىلاپ ھالدا ئېلىپ بارغان ئاخىرقى بىر قېتىملىق ھەرىكىتىدىن باشقا نەرسە ئەـ ـمەس ئىدى. بۇنى ئۇنىڭ دەسلەپتىلا تازابېكنى قوللىغان سۆز ـ ھەرىكىتىدىنمۇ تامامەن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**2. ئەلاخان پالۋاننىڭ سۇلتان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ھاـ ياتى**

ئەلاخان پالۋان خەنزۇچە مەنبەلەردە ــ «换婆鲁屋拉» دەپ، رۇسچە مەنبەلەردە «А б и л ь – о г л я» (ئەبۇل ئەلا) دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ «مىڭ بېگى ئىبراھىمنىڭ بالىـ ـسى»[①] بولۇپ، تولۇق ئىسمى ئەبۇلئەلا ئىبراھىم ئىدى. ئۇ 1864 ـ يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا قىزغىن ئىشـ ـتىراك قىلدى ۋە قوزغىلاڭ جەريانىدا زور جاسارەت كۆرسىـ ـتىپ، ئىلى سۇلتانلىقىنىڭ ئوردا مۇھاپىزەتچىلىكىگە تاللاندى.

① «شىنجاڭ تارىخى تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، 1985 ـ يىللىق خەنزۇچە 2 ـ سان.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا باياندىاي قەلئەسى قوزغىلاڭچىلار تەرد-ىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بولۇپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باياندىاي قەلئەسىنى ئىشغال قىلىش ئۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلغان ئە-مىر ئابدۇرسۇل باياندىاي ئۇرۇشىدىن كېيىن مەزەمزات ۋە ئەخمەت خوجىلارنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. مۇشۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، يەنى 1866 - يىلىنىڭ قىش پەسلىدە چەتتىن كېلىپ ئۆزىنى «ئۇلۇغ خوجاملار نەس-لىدىن» دەپ ئاتىۋالغان مەخمۇت ئىسىملىك قېرى خوجا تو-پىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەزەمزاتنى ئۆلتۈردى ھەمدە ئۆزىنى توغرىدىن - توغرىلا «ئىلى سۇلتانى» دەپ ئاتىدى. مەخمۇت خوجا سۇلتان بولغاندىن كېيىن ئۆز ئورنىنىڭ مۇقىم ئەمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزىگە قارشى تۇرغان بارلىق كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلىپ ئۆلتۈرۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. مۇشۇ قېتىمقى تۇتقۇندا ئەلاخان پالۋانمۇ بار ئىدى. لېكىن مەخمۇت خوجىنىڭ ئەلاخان پالۋاننى تۇتقۇن قىلىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشى قوزغىلاڭچىلار بىلەن كەڭ ئاممىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقار-غاچقا، ئۇ نائىلاج ئەسلىدىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەلاخان پالۋاننى تۈرمىگە سولاشقا مەجبۇر بولدى.

مەخمۇت خوجىنىڭ قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشى قوزغىلاڭ ۋەزىيىتىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەچكە، بىر قىسىم كىشىلەر ئىنقىلابنى قۇت-قۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن، ماخمۇت خوجىنى يوقىتىش ئىشىغا جىددىي كىرىشتى ھەمدە 1866 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى ئارائۆستەڭ يېزىسىدا قۇتلۇق مىراپنىڭ باشچىلىقىدا يوشۇرۇن بىر يىغىن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا «قېرى خوجىنى ئۆلتۈرۈپ، مەھبۇس ئەلاخان پالۋاننى سۇلتان كۆتۈرۈشكە قارار قىلىندى»[1] ۋە ئۇزاق ئۆتمەي مەخمۇت خوجا قۇتلۇق مىراپ تە-

① «تارانچى تارىخى»، 1975 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى كۆپەيتىپ باستۇرغان نۇسخا.

يىنىلگەن كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

مەخمۇت خوجا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئارائۆستەڭدە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىننىڭ قارارى بويىچە ئەلاخان پالۋان سۇلتان بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن سۇلتان بولغۇچىلار سايلام ئارقىلىق بەلگىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ نۆۋەت ئەلاخان پالۋان سايلانماي، چوڭ دىنىي زات موللا شاۋكەت سايلاندى. موللا شاۋكەت سۇلتان بولغاندىن كېيىن ئەلاخان پالۋاننى تۈرمىگە سولىماسىمۇ، ئۇنى بىرەر مۇھىم ۋەزىپىگە تەيىنلىمىدى. كېيىن توققۇزتارادىكى ئۇيرات كاتتىباشلىرىنىڭ ئىلى جياڭجۈننىڭ قۇترىتىشى بىلەن پەيدا قىلغان قانلىق پاجىئەسى خەلق ئاممىسىنى قاتتىق ئەندىشىگە سالغانلىقتىن، ئۇ نائىلاج ئەلاخان پالۋاننى كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بويىچە ئەمىرلىككە تەيىنلىدى. ئەلاخان پالۋان ئەمىرلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن توققۇزتارا ۋەقەسىنى تىنچىتىپ، ئارقىدىنلا كۇرە قورغىنىغا يۈرۈش قىلىپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئالدىدىكى بۇ تەبىئىي توساقنى يوق قىلدى. ئەلاخان پالۋاننىڭ ئەمىرلىككە تەيىنلىنىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە يۇقىرىقىدەك ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشى، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى تەسىرىنى تېخىمۇ زورايتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆندىن ـ كۈنگە يېتىم قېلىۋاتقان موللاشاۋكەتنى قاتتىق ئىزتىراپقا سالدى. نەتىجىدە موللاشاۋكەت كۇرە فەتىھ بولغاندىن كېيىن، خەلقنىڭ رايىغا باقماي، ئەلاخان پالۋاننى ئەمىرلىكتىن ئېلىپ تاشلىدى، ئاقىۋەتتە كۆپچىلىكنىڭ بېسىمى بىلەن ئۆزىمۇ سۇلتانلىقنى ئەلاخان پالۋانغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. 1867 ـ يىلى ئەلاخان پالۋان سۇلتان بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى «سۇلتان باھادىرغازى ئەلاخان» ئۇنۋانى بىلەن ئاتاپ، ئىچكى جەھەتتە سۇلتانلىقنىڭ تەركىبىدىكى بارلىق ئىتتىپاقسىزلىقلارغا خاتىمە بەردى. تاشقى جەھەتتە، ئەينى ۋاقىتتا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن چارروسىيىنىڭ ئىلى رايونىنى ئىشغال قىلىۋېلىش ھەرىكىتىگە قەتئىي قارشى كۇرەش قىلدى.

شۇڭا ئەلاخان پالۋاننىڭ سۇلتان بولغاندىن كېيىنكى ئۆتمۈشىـ
ـنى مۇنداق ئىككى باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ:

(1) ئەلاخان پالۋان سۇلتان بولغاندىن كېيىن ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خەلقنى ئەمىن تاپقۇزدى، مۇداپىئەگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلى سۇلتانلىقى ئۇچۇن تەھدىت بولۇپ تۇرۇۋاتقان چارروسىيە بىلەن ياقۇپبەگ ھاكىمىيەتلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇردى، ياقۇپبەگنىڭ «ئەلچىلەر ھەيئىتىـ
ـنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ»[①] ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋەتتى، غۇلـ
ـجا شەھىرىنىڭ شەھەر قورۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، «قەمبەر ـ شاڭبېگىنى باش قىلىپ، شەھەر سېپىلىنىڭ چالا قالغان (تېـ
ـرەك مازاردىن سۇ دەرۋازىغىچە بولغان) قىسمىنى ياساتقۇزۇپ پۈتتۈردى»[②]. ئەخمەتخان خوجا بىلەن موللا شاۋكەتنىڭ ياگور ۋە ئۇرۇمچىدىكى داۋۇت خەلىپىلەر بىلەن بىرلىشىپ قوزغىغان تو ـ پىلىڭىنى تىنچىتىپ، «ئەخمەتخان خوجىنى چېپىپ ئۆلتۈردى، موللا شاۋكەت ئاخۇننى تاغارغا سېلىپ، تىرىك پېتىچە ئىلى دەرياسىغا تاشلاتتى»[③]،ئۇ تاكى 1871 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگىچە ئۆزى مۇستەقىل تۆت يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

(2) ئەلاخان پالۋان سۇلتان بولغان ۋاقىت دەل چارروسىـ
ـيىنىڭ ئىلى رايونىنى يۇتۇۋېلىشقا جىددىي تەييارلىنىۋاتقان ۋاقتى بولۇپ، ئۇ دەسلەپتىلا چارروسىيە دائىرىلىرىنىڭ «رو ـ سىيە سودىگەرلىرىنىڭ ئىلى رايونىغا ئەركىن كىرىپ ـ چىـ
ـقىشىغا رۇخسەت قىلىش، روسىيە كېمىلىرىنىڭ ئىلى دەرياـ
ـسىدا قاتنىشىغا رۇخسەت قىلىش قاتارلىق تەلەپلىرى»[④]نى قەتـ

---

① «تارانچى تارىخى»، 1975 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى كۆپەيتىپ باستۇرغان نۇسخا.

② تېيىپجان ھادى: «غۇلجا ئاتالغۇسى ۋە غۇلجا شەھىرى»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 1986 ـ يىللىق ئۇيغۇرچە 6 ـ سان.

③ «تارانچى تارىخى»، 1975 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى كۆپەيتىپ باستۇرغان نۇسخا.

④ جاڭ خېيىڭ: «جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا ئائىت خەرىتىلەر توپلىـ
ـمى»، خەرىتە نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى 52 ـ بەت.

ئـىي رەت قىلىنغانىدى. 1871 ـ يىلى 5 ـ ئايىنىڭ 3 ـ كۈنى چارروسىيە تازابېك ۋەقەسىنى باھانە قىلىپ، ئىلى رايونىغا كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ ئىلى رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ، چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قەتئىي قارشى كۈرەش قىلدى، ئۇرۇش جىددىي باسقۇچقا بېرىپ قالغاندىمۇ، ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويمىدى، دائىم ئاياللار بىلەن بالىلارنىڭ غېمىنى يېدى، ئەڭ ئەقەللىسى، چارروسىيە ئىلى رايونىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى تۇتقۇن قىلغاندا، ئۇ ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرغان جاللات كولپاكوۋسكىيغا مەردانىلىق بىلەن «سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغان مەن بىرەيلەننىڭلا جىنايىتى بار، پۇقرالىرىمىزنىڭ بۇ ئىشتا ھېچقانداق گۇناھى يوق، سىلەر جازالىساڭلار مېنىلا جازالاپ، پۇقرالىرىمغا كەڭچىلىك قىلىڭلار»[1]، دەپ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي خەلقپەرۋەر ئىنسان ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. چارروسىيە دائىرىلىرى ئەلاخان پالۋاننىڭ ئىلى رايونىدا داۋاملىق تۇرۇۋېرىشىنى خەۋپلىك دەپ قاراپ، ئۇنى 1871 ـ يىلى 9 ـ ئايىنىڭ 17 ـ كۈنى ۋېرنىيغا نازارەت ئاستىدا ئېلىپ كەتمەكچى بولغاندا، ئىلى رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقى «ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ ئۇزىتىپ قويدى»[2]. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ۋېرنىدىكى تۇتقۇنلۇق ھاياتىنى ئىلى خەلقىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت ـ ماكانىنى سېغىنىش ئىچىدە ئاخىرلاشتۇردى.

دېمەك، يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلاردىن ئېنىقكى، ئەلاخان پالۋاننىڭ ھاياتى پۈتۈنلەي خەلقچىللىق روھى بىلەن سۇغىرىلغان. شۇڭا ئەلاخان پالۋانغا باھا بەرگەندە، ئۇنىڭ سۇلتان بولۇشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ھاياتىدىكى ئىش ئىزلىرىغا تولۇق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئەلاخان

---

① م. ئا. تېرېنتىيېۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى»، II كىتاب خەنزۇچە نەشرى 27 ـ، 29 ـ، 30 ـ بەتلەر.
② م. ئا. تېرېنتىيېۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى»، II كىتاب خەنزۇچە نەشرى 27 ـ، 29 ـ، 30 ـ بەتلەر.

پالۋاننىڭ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىپتىدائىي قوراللار بىلەن قوراللانغان ھەر مىللەت خەلقىنى باشلاپ، زامانىۋى زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تىغمۇ تىغ كۈرەش قىلىش روھى، تۇتقۇنلۇققا چۈشۈپ قالغان شارائىتتىمۇ بارلىق مەسئۇلىيەتنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىش روھى، شۇنىڭدەك تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئالدىدا تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە تىز پۈكمەسلىك روھى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، مانا بۇ ئەلاخان پالۋان ھەققىدىكى خاتا قاراشلارنى ئېنىقلىۋېلىشتىكى مۇھىم ئامىل.

بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، چارروسىيە قوشۇنلىرى بايانداي قەلئەسىگە يېقىنلاشقاندا، ئەلاخان پالۋاننىڭ مىرئەزىمباي قاتارلىقلارنى چارروسىيە دائىرىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەۋەتىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ تۇتقۇنغا ئايلىنىش ھارپىسىدا ئۆزىگە پايدىلىق شارائىت ھازىرلاش ھەرىكىتى بولماستىن، بەلكى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق چارروسىيە قوشۇنلىرىنىڭ «باياندايدىن ئۆتمەسلىكىنى تەلەپ قىلىش»[1] ئىدى. بۇ نۇقتا ئەينى ۋاقىتتا ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلمىگەن چارروسىيە تەرەپ خادىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ تامامەن شۇنداق قەيت قىلىنغانىدى.

① م. ئا. تېرېنتيېۋ: «ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش تارىخى»، II كىتاب، خەنزۇچە نەشرى 27 ـ، 29 ـ، 30 ـ بەتلەر.

# لوپنورلۇقلارنىڭ ئەجدادى كىملەر؟

## مىرسۇلتان ئوسمانوف

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** مىرسۇلتان ئوسمانوفنىڭ بۇ ماقالىسى ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنور دىئالېكتى» ناملىق ئەسىرىگە يېزىلغان كىرىش سۆزىنىڭ بىرقىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ ساھەدە مەخسۇس ئىزدەنگەن س. يې. مالوف ۋە ئە. ر. تېنىشېۋ قاتارلىقلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئوخشىمايدىغان كۆز قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كىتابخانلارنىڭ لوپنور ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا ياردىمى تېگەر دېگەن ئۈمىدتە مەزكۇر كىرىش سۆزنىڭ بىر قىسمىنى ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلدۇق.

پۈتكۈل ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەر خىل ئېتنىك قاتلاملاردىن تەركىب تاپقىنىغا ئوخشاش، لوپنور ئۇيغۇرلىرىدىمۇ ھەر خىل ئۇششاق تەركىپلەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەك. بۇ ھەقتە تۈرلۈك قاراش ۋە پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ لېكىن تا ھازىرغا قەدەر بىرەر ئىلمىي يەكۈن مەيدانغا چىقمىدى.

ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس س. يې. مالوف لوپنورلۇقلارنىڭ تىل ماتېرىيالىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، لوپنورلۇقلار ۋە لوپنور دىئالېكتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى «... مېنىڭچە، لوپنور تىلى قىرغىز تىلىنىڭ قالدۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئورتاق قىرغىز ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان»[①].

س. يې. مالوف يەنە مۇنداق دەيدۇ: «لوپنور تىلى جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇ، ئېتنىك جەھەتتىن قىرغىز تىلىدۇر»[②]. س. يې. مالوف ئۆزىنىڭ ھۆكۈملىرى ئۈچۈن لوپنور دىئالېكتىدا سۆز بېشىدا «ي» كېلىدىغانلىقىنى، مۇنداق خۇسۇسىيەتنىڭ قىرغىز تىلى دىئالېكتلىرىدىمۇ بارلىقىنى، قەدىمكى قىرغىزلار كۆچمەن-

چىلىك قىلىپ يۇرگەن ياكى هايات كەچۈرگەن جايلاردىكى هاـ زىرقى توفا ـ قاراغاسلارنىڭ تىلىدىمۇ سۆز بېشىدا «ي» كېلىدىـ غانلىقىنى،... مۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاساسەن سىبىرىيە تۈركىي تىللىرىغا خاسلىقىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ.

ئە. ر. تېنىشېۋ بولسا پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندىنىڭ مۇنداق بىر پەرىزىنى نەقىل قىلىپ كەلتۈرىدۇ: «خەن دەۋرىدىن ئىلگىرىكى دەۋردە لوپنور ئاھالىسىنىڭ هۇنلار بىلەن ئالاقىسى زىچ بولغان. جۇڭگونىڭ قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلىرىدە لوپنور رايونىدا بىرەر تۈركىي ئەلنىڭ بولغانلىقى ھەققىدە گەپ يوق. بەلكىم هۇنلار غەربكە يۆتكەلگەندە ئۆزلىرى بىلەن قەدىمكى قىرـ غىز (坚昆)لارنىمۇ لوپنور رايونىغا ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن»[③].

بىرقىسىم سەيياھلار لوپنور تىلىنىڭ ئۆزلىرىگە ئۇقۇشسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدا موڭغۇلچە سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكى، ئۇنىڭ ئاقسۇ، تۇرپان شېۋىلىرىگە ئوخشايدىغانلىقىنى هېس قىلغانلىقىنى يازغان.

بىز بۇ قاراشلار ھەققىدە توختىلىشتىن بۇرۇن لوپنورـ لۇقلارنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەندۈرۈشلىرىنى ۋە رىۋايەتلىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

لوپنورلۇقلارنىڭ ھەممىسى بىر پۈتۈن لوپنور دىئالېكتىدا سۆزلەشسىمۇ لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قارا قوشۇنلۇق، يالىلا، جوداقتا (جوداقتار؟)، قالماقتا (قالماقتار؟)، قالۇچى (قاچۇلى؟)، قىرغىزلار، سارتتار دېگەندەك ئېتنىك تەركىبلەر ياكى شۇ لەـ قەمدىكى جەمەتلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. ھەمدە بۇ ناملارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

قارا قوشۇن ـــ لوپنور كۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىـ دىكى قەدىمكى بىر جاي نامى، قارا قوشۇنلۇقلار بۇرۇن مۇشۇ جايدا ياشىغان. كېيىن (ئېھتىمال بۇندىن بىرقانچە يۈز يىللار بۇرۇن) مەلۇم بىر يۇقۇملۇق كېسەل سەۋەبىدىن بۇ شەھەرنى

تاشلاپ، تارىم دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرىلاپ قېچىپ، ھازىرقى دۆڭقوتانغىچە كېلىپ جايلىشىپ قالغان.

شەمسىددىن سامىنىڭ «قامۇسۇل ئەئلام» 6 ـ جىلد 4005 ـ بېتىدە «لوپنور كۆلىنىڭ شەرقىي قىسمى قارا قورچىن دېيىلىدۇ» دەپ يېزىلغىنىغا قارىغاندا، «قارا قوشۇن» سۆزىنى مۇشۇ نام بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

مىرەنلىكلەر ۋە چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمال يېزىلىرىدىكى ئاھالىلەرمۇ ئۆزلىرىنى «قارا قوشۇنلۇق» دەپ ئاتايدۇ. «قارا قوشۇنلۇقلار» تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىن يەنى مىرەن، ئارغان، يېڭىسۇ، تىكەنلىكلەردىن تارتىپ، ئوتتۇرا ئېقىمدىكى دۆڭقوتانغىچە بولغان ھەممە ئاھالە پونكىتلىرىغا تارالغان بولۇپ، لوپنورلۇقلارنىڭ غول قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ رىۋايەتنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دېيىشكە بولىدۇ.

يالىلا ــ بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي «يانلار» بولۇپ، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن قىسقىراپ كەتكەن. يان تەرەپتىن يەنى تورپان، پىچان، قومۇلدىن كەلگەنلەر، دېگەن مەنىدە. بۇلار لوپنورنىڭ شىمالىغا، كۆپرەك قومۇل، تورپان، پىچانلارغا چېگرىداش رايونلارغا تارقالغان. مىرەندە گ/ۋ نۆۋەتلىشىشىنىڭ يوقلۇقى ياكى ناھايىتى ئاز كۆرۈلۈشى، ئەكسىچە، تىكەنلىك، كۇزلەك، چارا، ئاقسۇيۇ قاتارلىق جايلاردا مۇنداق فونېتىكىلىق ھادىسىنىڭ كۆپلۈكى، شۇنىڭدەك بۇ جايلاردا كۆرستىش ئالمىشى ئۇچۇن تورپان، قومۇللاردىكىدەك «تا»نىڭ قوللىنىلىشى بۇ رىۋايەتنىڭمۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇقىنى تەستىقلايدۇ.

قالماقتا ــ قالماقلار يەنى موڭغۇل نەسلىدىن بولغانلار.

ماڭا تاۋۇش بېرىشكە قاتناشقان ئاتاۋۇللا قاسىم مۇشۇ «قالماقتا» دېيىلىدىغان ئېتىنىڭ تەركىبىتىن. ئۇ ئۆزىنىڭ 7 ـ ئاتىسى تۇغلۇق تۆمۈر ئىكەنلىكىنى، تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ چۇلۇم ۋە ئەلىقۇلى دېگەن ئىككى ئوغلىنىڭ لوپلۇققا سىيتىلغانلىقىنى، شۇڭا «قالماقتا» ئاتالغانلىقى، قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يۇر-

تى ئىلىدىكى «خان يايلاق» دېگەن جاي ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەر-گەنىدى.

ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن قارىغاندا تۇغلۇق تۆمۈردىن ئاتاۋۇللا قاسىمغىچە ئاران يەتتە - سەككىز ئاتىنىڭ ئۆتكەنلىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. شۇنىڭدەك تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ چۇلۇم ۋە ئەلىقۇلى دېگەن بالىلىرىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدىمۇ ھېچقانداق يازما پاكىت يوق. «تارىخى رەشىدى»دە تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجاخاننىڭ ئىنى ئەمچەكتىكى چېغىدا ئاتىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقى، خىزىر خوجىنىڭ ئەمىر قەمەردىننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن خوتەن تاغلىرى، سىرىق ئۇيغۇر، چەرچەن، لوپ ۋە كېتەك تەرەپلىرىدە 12 يىل قاچۇرۇپ يۇرۇلگەنلىكى يېزىلغان④. ئەمىر قەمەردىن تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خىزىر خوجىدىن باشقا ھەممە بالىسىنى ئۆلتۈرگەن تۇرسا، «لوپلۇقتا بالا ساتقان» دېگەن رىۋايەت ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. بەلكىم بۇ شەخسلەر تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خېلى كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن ئانچە مەشھۇر بولمىغانلىرىدىن بىرەرسىگە چې-تىلسا كېرەك.

لوپنورلۇقلاردا باشقا ئۇيغۇر رايونلىرىدا بولغىنىدەك يازما خاتىرىلەر يوق. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ساۋاتسىز. ئۇلار ئۆز نەسەبلىرىنى باشقا كۆچمەن خەلقلەرگە ئوخشاش يەتتە ئاتى-سىنى يادقا بىلىش يولى بىلەن ساقلاپ كەلگەنلىكىگە ۋە لوپنور دىئالېكتىدا بىرقىسىم موڭغۇل تىلى سۆزلىرىنىڭ قوللىنىلغان-لىقىغا قارىغاندا، بىرقىسىم لوپنورلۇقلارنىڭ «قالماقتا» دەپ ئا-تىلىشىنىڭ سەۋەبسىز ئەمەسلىكىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. «قا-مۇسۇل ئەئلام»دا «... ئەتراپىدىكى خەلقلەر تۈركىي ۋە موڭغۇلدىن تەركىب تاپقان»⑤ دەپ كۆرسىتىلىشى مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

لوپنورلۇقلار بىلەن موڭغۇللار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم مۇناسى-ۋەت بار بولسىمۇ لېكىن قولىمىزدا بۇنىڭغا دائىر ماتېرىيال

يوق. موڭغۇل تىلى ئىلىمىنتلىرى ئاساسەن لوپنور دىئالېكتىـ-نىڭ لېكسىكا قىسمىدىلا كۆرۈلىدۇ. لوپنور تىلىنىڭ فونېتىكىـ-لىق قۇرۇلۇشى ۋە گراماتىكا قىسمىدا موڭغۇل تىلى تەسىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ.

قىرغىزلار ــــ ئەسلىي قىرغىز نەسلىدىن بولغانلار.

لوپنورنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىرقىسىم ئاھالە ئۆزلىرىنى «قىرغىزلار» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار بۇ جايغا يېقىنقى دەۋرلەردە غەربتىن (ئېھتىمال باي ناھىيىسى تەرەپتىن) كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئۇلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، ئۇلار لوپنور دىئالېكتىدا يېڭى قىرغىز تىلىنىڭ (قەـ-دىمكى قىرغىز تىلىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا) سۆز بېشىدىكى «ج»لىشىش ھادىسىسىنى سىڭدۈرەلىگەن ئەمەس. مەن لوپنور دىـ-ئالېكتىدا «ي» ئورنىغا «ج» ئىشلىتىدىغان «جوسۇن» (يوسۇن، قائىدە ـ يوسۇن)، «جىرگەن» (يىرگەن، يىرگىنىش) دېگەن ئىكـ-كى سۆزدىن باشقا بىرمۇ سۆز ئۇچراتمىدىم.

جوداقتا ــــ جو (召) تەرەپتىن يەنى چىڭخەي ـ شىزاڭ تەـ-رەپتىن كەلگەنلەر. بۇ ھەقتە ئانچە تەپسىلىي مەلۇمات يوق.

يۇقىرىقى ئېتنىك تەركىبلەر ئىچىدە سان جەھەتتىن ئاساـ-سىي ئورۇندا تۇرىدىغىنى قارا قوشۇنلۇق، ئاندىن قالسا ياللادۇر.

دۆڭقوتان بىلەن مىرەندە ياشىغۇچى ئاھالە ئارىلىقىنىڭ شۇنچە يىراق بولۇشىغا ۋە ئۆزئارا ئالاقىنىڭ بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا بولۇشىغا قارىماي، بىرلا لوپنور دىئالېكتىدا سۆزلىـ-شىدۇ. دېمەك، لوپنور دىئالېكتى ئەمەلىيەتتە مىرەندىن دوڭقوـ-تانغىچە تارالغان ۋە بۇ رايوندىكى ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىـ-نى تەشكىل قىلىدىغان قارا قوشۇنلۇقلارنىڭ تىلىدۇر.

لوپنورلۇقلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىنىدىغان مۇشۇ «قارا قوشۇنلۇق»لارنىڭ نامى ئەمەلىيەتتە ئېتنىك نام ئەمەس. بۇمۇ خۇددى «قەشقەرلىك»، «خوتەنلىك» دېگەنگە ئوخشاش يەر ناـ-مىدىن تۈزۈلگەن ئاتالغۇ.

لوپنوردىن تاكى يۇغۇر (سېرىق ئۇيغۇر)لار زېمىنىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا تارىختا سوغدىلار، بىرقىسىم تۈركىي قەبىلىلەر، كېيىنچە بىرقىسىم موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆزدە تۇتىدىغان بولساق، بۇ ئېتنىك تەركىبنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئارىلىشىش جەريانىدىمۇ بەزى لېكسىكىلىق تەركىبلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا يەنىلا ئۆز تىلىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالغان بىر ئىجتىمائىي توپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. گەرچە بۇ تىل ھازىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر دىئالېكتى بولۇپ قالغان بولسىمۇ لېكىن بۇ تىل ئۆز دەۋرىدە ئاشۇ ئېتنىك تەركىبنىڭ ئالاقە قورالى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

بىراق، بۇ تىل لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى ۋە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى جەھەتتە ئۇيغۇر تىلىدىنمۇ شۇنىڭدەك سېرىق ئۇيغۇر تىلى ۋە قىرغىز تىلىدىنمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇ ز/ ل ئاسسىمىلاتسىيىسى (م: k̡ izzar قىزلار)، l/n ئاسسىمىلاتسىيىسى (مەسىلەن: — K ɵ llü كۆلنى، كۆلنىڭ)، ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىشنىڭ بىرلا قوشۇمچە ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۆزبېك تىلىنىڭ تاشكەنت شېۋىسىگە يېقىنلىشىدۇ.

شۇڭا بىز . يې. مالوفنىڭ لوپنور دىئالېكتىنى قەدىمكى قىرغىز تىلىغا مەنسۇپ قىلىشىغا قوشۇلالمايمىز. لېكىن، ئۇنىڭ «لوپنور تىلىنى بىر دىئالېكت دېگەندىن كۆرە بىر خىل تىل دېيىش لازىم، ئەمما لوپنور تىلى كەلگۈسىدە ئورتاق ئۇيغۇر تىلى بىلەن تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ ۋە ئاخىرى ئۇنىڭ بىر دىئالېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ»[6] دېگەن پىكىرلىرى ئاساسسىز ئەمەس.

ئەمما، قەدىمدە بۇ تىلنى قوللانغان خەلقنىڭ قايسى قەبىلە ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى ھەققىدە يېتەرلىك مەلۇمات يوق.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «ھۇدۇدۇل ئالەم» دىمۇ بۇ زې-

ـمىندا ياشىغان تۈركىي خەلقلەر ھەققىدە مەلۇمات يوق.

ۋاڭ يەندىنىڭ «قوچوغا ئەلچىلىك خاتىرىسى»دە قوچو ئۇيـ-غۇر خانلىقى تەۋەسىدە چوڭ جۇڭيۈن (大仲云)، كىچىك جۇڭـ-يۈن (小仲云) دېگەن قەبىلىلەرنىڭ بارلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ ئورنى كۆرسىتىلمىگەن.

كېيىن، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، بولۇپمۇ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قوليازما، ھۆججەتلەرنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىنىشى نەتىجىسىدە ۋاڭ يەندې تىلغا ئالغان جۇڭيۈنـ-لەرنىڭ لوپنوردا ياشىغانلىقى مۇئەييەنلەشتى.

ئەنگلىيىلىك ئالىم ھ. ۋ. بېيلى[7]، فرانسىيىلىك ئالىم ج. ر. خامىلتون[8]، چيەن بوچۈەن[9]، گاۋزىخۇ[10]، گوپېڭلياڭ[11] قاتار-لىقلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ۋە ئۇچۇرلىرى بىزنى قىممەتـ-لىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

لېكىن بۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ ھېچقايسىسى لوپنور رايونىدا «قىرغىز ـــ 坚昆»لارنىڭ بولغانلىقىنى تىلغا ئالمىغان. لېكىن خەنزۇچە مەنبەلەردىكى «仲云» (ياكى 种榅،众熨) دېگەن بۇ قەبىلىنىڭ زادى قايسى تۈركىي قەبىلە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھازىرمۇ بەس ـ مۇنازىرىلەر بار. بېيلى ئەپەندى 仲云 نىڭ ئۇدۇن يېزىقىدا ʕunuda دەپ يېزىلىشىغا قاراپ ئۇنى chumul (چۇـ-مۇل) دەپ تونۇيدۇ. پ. پېللىئوت، ج. ر. خامىلتون ئەپەندىلەر ئۇنى ʕigil (چىگىل) دەپ قارايدۇ. كېيىنكىلەرنىڭ مۇنداق تو-نۇشقا كېلىشىگە 10 ـ ئەسىر خەنزۇ يېزىقىدا تاماق ـ دىماغ تا-ۋۇشى «ڭ» بىلەن تاۋۇش قاپقىسى پارتلىغۇچى تاۋۇش ʕ ئادەتتە تۈركىي تىلدىكى «غ» بىلەن «گ» نى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئاساس بولغان. لېكىن خامىلتون ئەپەندى «چىگىل»دىكى «ئى»نىڭ قانداق قىلىپ «ئۇ»غا ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ھەققىدە بىر نېمە دېمىگەن.

فرانسىيە پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان P. ouigour. 5 نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتتە «چۇڭۇلـ-

تاقى ساۋ (چۈگۈلدىكى خەۋەر)»، P. ouigour. 15 [12] نومۇرلۇق هۆججەتتە «چور بىرلە چۈگۈلتىن ياڭى ئايقا تەگى قامچۇقا كەل-گەيبىز» (چور بىلەن چۈگۈلدىن يېڭى ئايغىچە ‹كېلەر ئايغىچە› گەنجۇغا كېلىمىز) [13]، P. ouigour. 9 نومۇرلۇق هۆججەتتە «چۇ-مۇللار كىچىگ تويۇنچىن، يېگەن سىلىگ قامىغقا...» (چۇمۇللار-دىن: كىچىگ تويۇنچىن، يېگەن سىلىگ ھەممىسىگە) [14] دېگەن مەزمۇنلار بار. خەتتە ئىپتىلىۋاتقان «چۇمۇل» ۋە «چۈگۈل» سۆز-لىرى خەنزۇچە جۇڭيۇن دېگەن قەبىلە نامىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقى ئېنىق. ئەگەر بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئالدىنقى ئىككىسىدىكى ʕungul ۋە كېيىنكىسىدىكى ʕumul سۆزلىرى ئۇدۇن يېزىقىدىكى ʕimuda — ʕunguda بىلەن بىرلا سۆز، ئۇ ʕigil دېمەك بولى-دۇ، دېيىلسە، يۇقىرىدىكى ئۈچ سۆزدە ئوخشاش يېزىلغان لەۋ-لەشكەن سوزۇق تاۋۇش «u» نىڭ قانداقسىگە «چىگىل»دىكى لەۋ-لەشمىگەن سوزۇق تاۋۇش «i»نىڭ ئورنىدا كەلگەنلىكىنى چۈشەن-دۈرۈشكە مۇمكىن بولمايدۇ. چىگىل دېگەن بۇ قەبىلىنىڭ نامى خەنزۇچىدە ھەر خىل يېزىلغان بولسىمۇ لېكىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا چىگىل بىلەن چۇمۇلنى ئارىلاشتۇرۇپ يېزىپ قويۇش ھادىسىسى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

تۈركىي تىللاردا جۇملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا «م. ڭ. ن» قاتار-لىق دىماق تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆز ئارا نۆۋەتلىشىشى نورمال ھادىسە. مەسىلەن: قولۇم ـ قوشنا / قولۇڭ ـ قوشنا، شۇڭقار / شۇمقار، قوڭارماق ـ توڭۇرماق / قومۇرماق ـ تومۇرماق، چۈمكەش / چۈڭكەش، زۇنۇن / زۇمۇن، مانان / مانام، ئەندى / ئەمدى، ناۋادا / مۇبادا قاتارلىقلار. لېكىن «چىگىل»دىكى «گ»نىڭ بۇ تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەتلىشىشى مۇمكىن ئەمەس.

«گ» تاۋۇشى چۈشۈپ قالماي باشقا تاۋۇشلار بىلەن نۆۋەت-لەشسە، كۆپىنچە ئوغۇز ـ قىپچاق تىللىرىدا بولغىنىدەك «ي» بىلەن نۆۋەتلىشىدۇ.

مۇشۇ ئەمەلىيەت بىزنىڭ خەنزۇچە 仲云 دەپ ئاتالغان بۇ

قەبىلىنى umul؟ دەپ تونۇشقا بولغان مايىللىقىمىزنى كۈچەيـ-
تىدۇ. ئەمدى ئۇنىڭ خەنزۇچە جۇڭيۈن دەپ يېزىلىشى ئالدىنقى
ئىككى سالام خەتتىكى ungul؟ ۋارىيانتىدىن ئېلىنغان بولۇشى
ئېھتىمالغا يېقىن. شۇنىڭدىمۇ ئەسلىدىكى سۆزنىڭ بوغۇم قۇ-
رۇلمىسى بۇزۇلغان، يەنى 1 ـ ئوچۇق بوغۇم zhong شەكلىدە يې-
پىق بوغۇم قىلىپ ئېلىنغان.

مەھمۇت قەشقەرى تۈركىي قەبىلىلەرنى غەربتىن شەرققە
قاراپ سانىغاندا، چۇمۇللارنى ئۇيغۇرلاردىن ئاۋۋال ئېغىزغا ئالغان.
مۇنداقتا، 11 ـ ئەسىردە مەھمۇت قەشقەرى تىلغا ئالغان چۇ-
مۇللار ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىدە يەنى بۈگۈنكى ماناس دەرياسى بويى-
لىرىغا جايلاشقان بولىدۇ. لېكىن تېرىم مەدەنىيىتىگە تامامەن
ئۆتمىگەن ئەھۋالدا بۇ قەبىلىلەرنى بىرلا جايدا مۇقىم ئول-
تۇراقلاشقان دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. خۇددى مەھمۇت قەشقەرىيـ-
نىڭ ئېيتقىنىدەك، ياغما، توخسى، چىگىل قەبىلىلىرىنىڭ قۇ-
ياس شەھىرىدە، ئىلى دەريا بويلىرىدا ياشىغانلىقى ۋە قەشقەر
ئەتراپىدىمۇ ياغمىلارنىڭ بولغىنىدەك، ھەتتا بۈگۈنكى سېرىق
ئۇيغۇرلار تەركىبىدىمۇ بىر قىسىم ياغما ۋە توخسىلارنىڭ بولغى-
نىدەك، چۇمۇللارنىڭمۇ تۈز سىزىق بويىچە 700 ـ 800 كىلو-
مېتىر ئارىلىقتىكى لوپنور رايونىدىمۇ ياشىغانلىقىنى چەتكە قاق-
قىلى بولمايدۇ.

«گەنجۇ تۈركلىرىگە دائىر ئۇدۇن يېزىقىدىكى بىر پارچە
ھۆججەت» تە بۇ قەبىلىنىڭ 2000 كىشىلىك قوشۇن چىقىرالـ-
غانلىقى ئېيتىلغان. بۇنىڭدىن بۇ كەڭ زېمىندا ياشىغان چۇ-
مۇللارنىڭ نوپۇسىنىڭ خېلى كۆپلۈكىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ.
گەرچە بۇ زېمىندا چۇمۇللار بىلەن باشقا قەبىلىلەر بىللە ياشىغان
بولسىمۇ لېكىن ئۇلار ئۇزاق تارىخىي جەرياندا ئارىلىشىپ، سىڭـ-
ىشىپ كەتكەن. لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى نوپۇس مۆلچەرى بو-
يىچە بولغاندا چۇمۇللارنىڭ يەنىلا لوپنورلۇقلارنىڭ يادروسىنى
تەشكىل قىلغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز.

لوپنور دىئالېكتىدا ئېگىز سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا ي / ج

نۆۋەتلىششىنىڭ يوقلۇقى، سوزۇق تاۋۇشلاردىكى ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئۇزۇك تاۋۇشلاردىكى ئوڭ ئاسسىمىلاتسىيىنىڭ قىرغىز تىلىدىنمۇ كۈچلۈكلۈكى، پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامانى ئۈچۈن «ر»، «ـىر» بىلەن بىللە ئۇر / ئۇر قوشۇمچىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى ئۇنى قىرغىز تىلىدىن كەسكىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدۇ.

پايدىلانمىلار


① س. يې. مالوف: «سېرىق ئۇيغۇر تىلى» كىرىش سۆز قىسمى 7 ـ بەت.

② س. يې. مالوف: «لوپنور دىئالېكتى» كىرىش سۆز قىسمى 4 ـ بەت.

③ ئە. ر. تېنىشېۋ «شىنجاڭ ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» لوپنور دىئالېكتى قىسمى. 1963 ـ يىللىق «تۈركولوگىيە تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، رۇسچە.

④ «تارىخىي رەشىدى»، «خىزىرخوجاخاننىڭ زىكرىدە» بابى.

⑤ «قامۇسۇل ئەئلام» 6 ـ جىلد، 40006 ـ بەت.

⑥ س. يې. مالوف: «لوپنور دىئالېكتى» كىرىش سۆز قىسمى.

⑦ ۋ. ھ. بېيلى «گەنجۇ تۈركلىرىگە دائىر ئۇدۇن يېزىقىدىكى بىر پارچە ھۆججەت» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1993 ـ يىللىق خەنزۇچە 2 ـ سان.

⑧ ج. ر. خامىلتون: «جۇڭيۈن ھەققىدە مۇلاھىزە»، «غەربىي يۇرت تارىخىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» 1985 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە.

⑨ چيەن بوچۈەن: «سېرىق ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات» «شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىل 3 ـ سان، خەنزۇچە.

⑩ گاۋ زىخۇ: «سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شەرققە كۆچۈشى ۋە يۇغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى» — «غەربىي شىمال مىللەتلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1986 ـ يىل 1 ـ سان، خەنزۇچە).

⑪ گوپىڭلىياڭ «خې خۇر، خۇيخې (ئۇيغۇر) توغرىسىدا» «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىل 1 ـ سان، خەنزۇچە.

⑫⑬⑭ ياڭ فۇشۆ، نيۇرۇجى: «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى» گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى، 1995 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى 90 ـ، 92 ـ، 107 ـ بەتلەر.

# خوتەن دىئالېكتىنىڭ ئاق ھۇن قاتلىمى توغرىسىدا

مىرسۇلتان ئوسمانوف

## 1. خوتەن دىئالېكتىغا ئومۇمىي بىر قاراش

تەكلىماكاننى چۆرىدەپ جايلاشقان بوستانلىقلارنىڭ تارىختا بىرقانچە خىل دىن ۋە بىرقانچە خىل مەدەنىيەتنىڭ ئۆچرىشىش نۇقتىلىرى بولغىنىدەك، بىرقانچە خىل تىل ۋە يېزىقلارنىڭ ئۆچرىشىش ۋە ئارىلىشىش نۇقتىلىرى بولغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. مۇنداق ئارىلىشىشلارنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى (بۇ يېزىق ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەشتىكى يېتىشسىزلىكلىرىنى تەدرىجىي تولۇقلاپ كەلگەن) ئاستا ـ ئاستا باشقا يېزىقلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. بىرقانچە ئەسىر داۋام قىلغان ئارىلىشىش جەريانىدا ئۇيغۇر تىلى ئۆزىگە خاس بىرمۇنچىلىغان تىل تەركىبلىرىنى يوقىتىش ۋە مەغلۇپ بولغان تىللارنىڭ بىرمۇنچىلىغان تىل تەركىبلىرىنى قوبۇل قىلىش ھېسابىغا باشقا تىللار ئۈستىدىن غەلىبە قازاندى. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى نوقۇل دىنىي مەزمۇندىكى يېزىق تىللىرىلا ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە بۇ جايلاردىكى ئولتۇراق ئاھالە قوللانغان تىللار بولۇپ، ئالىملار بۇ جايلاردىن تېپىلغان يېزىق يادىكارلىقلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكىگە قاراپ بۇ تىللارنىڭ شەرقىي ئىران تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان سوغدى، توخرى ۋە ساق تىللىرى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان. بۇ تىللار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىدا يالغۇز لېكسىكا ساھەسىدىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتمەي، ھەتتا گراماتىكىلىق تەركىبلەردىنمۇ بەزى ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

خوتەن بوستانلىقلىرى مانا شۇنداق ئارىلىشىش قاتلامىمۇ قاتلام بولغان جايلارنىڭ گەۋدىلىك مىسالى. بۈگۈنكى كۈندە خوتەن دىئالېكتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ لېكسىكا قىسمىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەرنى مانا شۇنداق ئارىلىشىشلارنىڭ ئىزلىرى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. بۇلاردىن قارۇشتى يېزىقى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن بىر قەدىمكى تىلنى گېرمانىيىلىك ئالىم لۇدېرس ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ «ساق» تىلى دەپ ئاتىغان ۋە بۇنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مىي سۇن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «قەدىمكى ئۇدۇن مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابىلىشىشى» دېگەن ماقالىسىدە، ساقلارنىڭ خوتەننى ئىدارە قىلغانلىقىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ يوقلۇقىغا قاراپ، ئۇنى «ئۇدۇن» تىلى دەپ ئاتاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ[1]. قارىغاندا، مىي سۇن ئەپەندىنىڭ پىكرى تىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنى قانداق ئاتاش ئۈستىدە بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ. يۇتيەنخېڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇدۇنلۇقلارنىڭ ئىران ئىرقىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە سوغدى تىلىغا سېلىشتۇرغاندا ئۇلار قوللانغان تىلنىڭ ئىپتىدائىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بۇزۇلۇشى تېخىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ[2].

قولىمىزدا ساق تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار بولمىغانلىقتىن، خوتەن دىئالېكتى بىلەن ساق تىلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە توختىلالمايمىز، لېكىن خوتەن دىئالېكتىدىكى بەزى فونېتىكىلىق ھادىسىلەر ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ساق تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، دەپ قارايمىز.

ھازىرقى خوتەن دىئالېكتى تەتقىقاتىدا بەكرەك مۇھىم بولۇۋاتقىنى ئۇنىڭدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدە كۆرۈلمەيدىغان بەزى ئەرەب ـ پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ

قوللىنىلىۋاتقانلىقى ۋە بۇ ئەھۋالنىڭ تارىختىكى ئاق ھۇنلار بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ بار ياكى يوقلۇقى. چۈنكى، ھازىر خوتەن ۋىلايىتىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىغىمۇ قوبۇل قىلىنمىغان، ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدىمۇ قوللىنىلمايدىغان بىر قىسىم ئەرەب ـ پارس تىلى سۆزلىرىنى ئالاقە ئېھتىياجىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئاھالە بار. ئۇلار خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسى تامئېغىل رايونىدا، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قاچۇن رايونىدا، چىرا ناھىيىسىنىڭ ئوقىرى يېزىسىدا، خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئاقتاش رايونىغا قاراشلىق گازۇن يېزىسىدا ئولتۇراقلاشقان. مۇندىن باشقا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسى خانئېرىق بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەيخلەر كەنتى (بۇ كەنت كۆسەي قىشلاق، شىللەن تېرىكى، شەيخلەر، دۆڭچاقا دېگەن تۆت مەھەللىدىن تەركىب تاپقان)دە ئولتۇراقلاشقان. بۇلاردىن خوتەن ناھىيىسىنىڭ ئاقتاش رايونى ۋە لوپ ناھىيىسىنىڭ تامئېغىل رايونى ھەم قەشقەر خانئېرىق بازىرىغا قاراشلىق شەيخلەر كەنتىدىكىلىرى بىرقەدەر يىغىنچاق، قالغان جايلاردىكىلىرى تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

خوتەن دىئالېكتى ئۈستىدە توختالغاندا بۇ مەسىلىگە ئالاقىدار بىرقانچە نۇقتا ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

1) بۇ كىشىلەرنى ئاتاش مەسىلىسى

«ئابدال» دېگەن بۇ نام ئەسلىدە بۇ خەلقنىڭ تارىخىي نامى بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ سەلبىي مەنىسى يوق ئىدى.

بۇ ھەقتە دۆەن ليەنچىن ئەپەندى پ. سەيكىس (ئەنگلىيە) ۋە م. مىككوۋېن (ئامېرىكا)لاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ خەلقنىڭ ئەسلىدە بىر كۆچمەن چارۋىچى خەلق ئىكەنلىكىنى، شىمالىي سۇلالىدىكىلەر ئۇلارنى «ئابدال 哌哒 (ئېفتالىت)» دەپ، جەنۇبىي سۇلالىدىكىلەر، خارەزملىكلەر خۋا (滑) دەپ، پېرسىيىلىكلەر بىلەن ئەرەبلەر ئۇلارنى خايتال (Hajtal) دەپ ئاتىغانلىقى، شەر-

قىي رىملىقلارنىڭ «ئاق ھۇنلار» دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بايان قىلىدۇ[3].

ئۇلارنىڭ تارىختا بىر مەزگىل تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىنى چۆرىدەپ ياشىغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن ھازىرقى چاقىلىق ناھىيەسىگە قاراشلىق مىرەن يېزىسىنىڭ شىمالىدا «ئابدال» دېگەن جاي (ھازىر ۋەيران بولغان) ئىسمىنىڭ گۇۋاھ تەرىقىسىدە قالغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

كېيىنچە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئايرىم ئالاھىدىلىكلەر، مەسىلەن، خەتنىچىلىك، تىلەمچىلىك قاتارلىقلار «ئابدال» دېگەن بۇ سۆزگە سەلبىي بىر مەنە ئۇستىلەپ قويغان.

«ئەينو» دېگەن ئاتالمىغا كەلسەك، بۇ ئاتالغۇمۇ يۇقىرىدىكى «滑» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

لېكىن، بۈگۈن بۇ ئاھالە مەنە دائىرىسى ئۆزگىرىپ كەتكەن بۇ سەلبىي مەنىلىك ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغىنى يوق. ئۇلار ئېتنىك ئاڭ جەھەتتىن ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» ھېسابلايدۇ. بۇ توغرىدا ئابلەت ئابباس شۇنداق دەيدۇ: «شەيخلەر چىراي ـ قىياپەت، تىل ـ يېزىق، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت، قائىدە ـ يوسۇن ۋاھاكازالارنىڭ ھەممىسىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ قالماستىن، ئۆي ـ ئىمارەت ۋە ئۇنى تۈزەش ـ بېزەش، كىيىنىش ـ تارىنىش، زىبۇ زىننەت، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتلەردىمۇ پەرقلەنمەيدۇ»[4].

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بىزنىڭ ھەقدارلارنىڭ ئېتنىك ئاڭ مەسىلىسىنى ھېسابقا ئالماي، ئۇلارنى دەۋرىمىزدە سەلبىي مەنىگە ئىگە بولۇپ قالغان ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاپ قويۇشىمىز مۇۋاپىق بولمىغان.

## 2. تىل مەسىلىسى

دەۋرىمىزدە بىرقىسىم تۈركولوگلارنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان بۇ «تىل»نىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ف. گرېنارد، گ. راكۋېتتى، پ. پېللىئوت قاتارلىق ئا-

لىملار تەرىپىدىن بايقالغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە بەزى ماتې-
رىياللارنى ئېلان قىلغانلىقىدىن 1956 ـ يىلى خوتەن دىئالېك-
تىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش مەزگىلىدە خەۋەرسىز ئىدۇق.
شۇڭا ئۇ ۋاقىتتا خوتەن زىيالىيلىرى بۇ «تىل» توغرىلىق بىزنى
بەزى يىپ ئۇچلىرى بىلەن تەمىنلىگەن بولسىمۇ، دىققىتىمىزنى
ئارتۇق تارتىپ كەتمىگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن 1956 ـ يى-
لى خوتەن دىئالېكتىنى تەكشۈرۈش مەزگىلىدە بۇ «تىل»نىڭ
ئالاھىدىلىكى توغرىلىق شۇ چاغدىكى ئىلچى ناھىيىلىك ھۆكۈ-
مەتنىڭ خەت توشۇغۇچىسى (ئىسمى ئۇنتۇلۇپتۇ، بۇ كىشى ئىلچى
ناھىيىسى ئاقتاش رايونى گاژۇن يېزىسى گېۋۇز كەنتىدىن ئىد-
دى) بىلەن سۆزلەشكىنىمدە ئۇ كىشى ماڭا:
«بىزنىڭ ئەسلى تىلىمىز پايسى ـ يا» دېگەنىدى. بىز كېيىن
لوپ ناھىيىسىنىڭ تامئېغىل رايونىدىكى گېۋوزغىمۇ بىرقانچە
كىشىنى ئەۋەتىپ بۇ «تىل»نى مەخسۇس تەكشۈرگەنىدۇق. نەتى-
جىدە بىرقانچە يۈزلىگەن پارسىي تىل لېكسىكىسىدىن باشقا
ئالاھىدىلىك بولمىغانلىقتىن، بۇ «تىل»غا ئارتۇق ئېتىبار بې-
رىلمىگەنىدى. كېيىن 80 ـ يىللاردا بەزى تىلچىلىرىمىز خو-
تەن، قەشقەرلەردە بۇ توغرۇلۇق مەخسۇس تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ
بېرىپ، بىرقانچىلىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.
بۇلاردىن مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەر:
هاشىم تۇردى، جاۋ شياڭرۇ: «شىنجاڭ ئەينۇلىرىنىڭ تىلى»
(«语言研究» ژۇرنىلى، 1982 ـ يىل 1 ـ سان).
هاشىم تۇردى، جاۋ شياڭرۇ: «ئەينۇ تىلى ۋە ئەينۇ تىلىدىكى
سانلار» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىجتىما-
ئىي پەن قىسمى، 1985 ـ يىل 1 ـ سان)
مۇتەللىپ سىدىق: «ئېفتالىتلار قەۋمى ۋە ئۇلار قوللىنىۋاتـ-
قان تىل توغرىسىدا» («تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى، 1985 ـ يىل
2 ـ سان)
شېرىپجان قاسىم: «گېرىبوز ۋە تامئېغىل تىلى توغرىسىدا

مۇلاھىزە» («ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خەۋەرلىرى»، خوتەن، 1981)

ئابلەت ئابباس: «شەيخلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1997 ـ يىل 3 ـ سان)

بۇلاردىن ئالدىنقى ئىككى ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، خۇددى بىر كۆمۈلۈپ قالغان دۇنيا تېپىلىپ قالغاندەك ۋەزىيەت پەيدا بولدى ـ دە، خەلقئارادا بۇ «تىل»غا قىزىقىش پەيدا بولدى. ئالايلى، 1994 ـ يىلى Otto Ladstattr بىلەن Andreas Tietze ئىككىيلەن 1983 ـ 1986 ـ يىللىرىكى تىل تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا «شىنجاڭدىكى ئابداللار» (Die Abdal (Å ynu) in Xinjiang) دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىشتى. كېيىن 1997 ـ يىل 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا ياپونىيىدىن خاياشى تورو باشلىق بىرقانچە تۈركىي تىل مۇتەخەسسىسلىرى كېلىپ قەشقەر ۋە خوتەنلەردە بىرنەچچە كۈن تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

بۇ ماقالىلەرنىڭ بەزىلىرى مەخسۇس ئاق ھۇن تىلى ئۈستىدە توختالغان، بەزىلىرى ئۇلارنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشى ۋە تىلى ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك توختالغان. ئاق ھۇن تىلىغا تېگىشلىك بولغانلىرىدا بۇ تىلنى قانداق ئاتاش (مەسىلەن، ئارىلاشما تىل، قوش تىللىق ھادىسە، بىر يېرىم تىللىق ھادىسە...) لازىملىقى ئۈستىدە مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈلگەن. ھەتتا بەزىلىرى بۇ ئاھالىنى «ئابدال» دېگەن نام بىلەن ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆرۈش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئالاھىدە بىر جامائە ھېسابلىنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ياسىۋالغان مەخپىي سۆزلىرى (ژارگونلىرى) ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كېتىشكە تاقابىل تۇرىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن[5].

بىز خوتەن دىئالېكتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن بۇ «تىل» توغرىسىدا بىزدىن بۇرۇنقى ئاپتورلارنىڭ ئېلان قىلغان تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدا بىر قۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كۆرۈشنى مۇۋاپىق تاپتۇق.

فونېتىكىلىق جەھەتتە:

بۇ «تىل»دا سەككىز سوزۇق تاۋۇش فونېمىسى ۋە 22 ئۈزۈك تاۋۇش فونېمىسى بولۇپ، فونېمىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېمىلار بىلەن ئوخشاش. پارس تىلىدا يوق «ئۆ»، «ئۈ» فونېمىلىرىنىڭ بۇ «تىل»دا بولغانلىقى، پارس تىلىدا بار «ڤ»، «ژ» فونېمىلىرىنىڭ بۇ «تىل»دا يوقلۇقى، ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدىكى «ئا»، «ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ كەينىدىن قوشۇمچىلار ئۇلانغاندا، بۇ تاۋۇشلارنىڭ ئىران گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغان تىللاردا، جۈملىدىن پارس تىلىدا ئاجىزلاشماي، بۇ «تىل»دا خۇددى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك ئاجىزلىشىدىغانلىقى ئۇنىڭ مۇھىم فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

گرامماتىكىلىق جەھەتتە:

ئىسىملاردا شەخس، كېلىش، سان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە تامامەن ئوخشاش. سۈپەتلەردە ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك «راق، رەك» قوشۇمچىلىرى ۋە كىچىكلىتىش قوشۇمچىسى «غىنە، قىنە، كىنە، گىنە» قوللىنىلىدۇ. سانلاردا دەرىجە سان ئۈچۈن «چى» قوللىنىلىدۇ، ئۇندىن كېيىنكى ساناق سانلار پارس تىلىدىكىدەك ئەمەس، بەلكى چوڭ سان ئالدىدا، كىچىك سان كەينىدە كېلىش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سانلاردىن كېيىن «چە» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ مۆلچەرسان ياسىلىدۇ، كەسىر سانلار ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى «دىن»نىڭ ياردىمى بىلەن ياسىلىدۇ.

ئالماشلاردىن «ھەر، ھېچ ئان (پارسچە كۆرسىتىش ئالمىشى)»لاردىن باشقىلىرى ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك قوللىنىلىدۇ (دىققەت: ھاشىم تۇردى ۋە جاۋ شياڭرۇ ئەپەندىلەر مەن، ئۇ ئالماشلىرىنى پارسچە قىلىپ كۆرسەتكەن، تارىخىي جەھەتتىن ئېنىقلانماي تۇرۇپ، ھازىرقى ئوخشاشلىقىغا قاراپ بۇ ئىككى ئالماشنى پارسچە دېگىلى بولماس).

پېئىللارنىڭ تۈسلىرى، رايلىرى، دەرىجىلىرى، زامان، شەخس، بولۇشلۇق، بولۇشسىز فورمىلىرى، سۈپەتداشلار، رە-

ۋىشداشلار، ئىسىمداشلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىلەن ئوخشاش.

ياردەمچى سۆزلەرگە كەلسەك، «كېيىن، ئۈچۈن، تېخىمۇ، قېتىم، مۇ (ئۇلانما)» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك قوللىنىلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا پېئىل ياساش ئۈچۈن «لا، لە، لاش، لەش» قوشۇمچىلىرى، «بول»، «قىل» ياردەمچى پېئىللىرى، تۇرغۇن سۆزلەردىن تۇرغۇن سۆز ياساش ئۈچۈن «لىق، لۇق، لىك، لۈك» قوشۇمچىلىرى كەڭ قوللىنىلىدۇ.

جۈملە قۇرۇلمىسىمۇ تامامەن ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك. بۇ «تىل»دا پارس تىلى ئۈچۈن گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىك بولغان ئىزافەت قۇرۇلمىسى قوللىنىلماي، ئورنىغا ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك ئىگىلىك كېلىش ياردىمى ئارقىلىق ئېنىقلىغۇچى ـ ئېنىقلانغۇچىلىق مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدۇ.

مۇشۇ ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، بۇ «تىل»نىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبىدە باشقا ئۇيغۇر دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىدە كۆرۈلمەيدىغان بىرقانچە يۈز ئەرەب ـ پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ بولغانلىقىدىلا. ھاشىم تۇردى ۋە جاۋ شياڭرۇ ئەپەندىلەر كۆرسەتكەن B گۇرۇپپىسىدىكى سۆزلەرنى بۇ «تىل»نىڭلا لېكسىكىلىق تەركىبىگە خاس دېگىلى بولمايدۇ، بەلكى، بۇ B گۇرۇپپىدىكى سۆزلەر ھەممە ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىغا ئورتاق[6].

«ئابدالچە تىل»لىق ھادىسىگە كەلسەك، «ئابدالچە تىل» بولۇش ئۈچۈن يالغۇز ھەر ئىككى تىلنىڭ لېكسىكىسىنىڭ ئارىلاش قوللىنىلىشى كۇپايە قىلمايدۇ، ئۇنىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى ۋە گىراماتىكىلىق سىستېمىسىنىڭمۇ ئارىلاش قوللىنىلىدىغان بولۇشى لازىم. لېكىن، يۇقىرىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ «تىل»نىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى ۋە گىراماتىكىلىق سىستېمىسى ئۇيغۇر تىلى بىلەن تامامەن ئوخشاش.

«قوش تىللىق ھادىسە» مەسىلىسىگە كەلسەك، قوش تىللىق

بولۇش ئۇچۇن مەلۇم بىر جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەر ئىككى تىلنى ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى (فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا) بويىچە سىستېمىلىق ھالدا تەڭ قوللىنالايدىغان بولۇشى كېرەك. لېكىن بۇ «تىل»دا پارس تىلىغا خاس بولغان بىرقانچە يۈزلىگەن سۆز خۇددى ژارگونلار ياكى كەسپىي ئاتالغۇلارغا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ، پارس تىلىنىڭ فونېتىكىسى ۋە گراماتىكىسىغا رىئايە قىلىنمايدۇ.

«بىر يېرىم تىللىق» دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، تىلشۇناسلىقتا تېخى مۇنداق ئاتالغۇنىڭ مەزمۇنى ئوتتۇرىغا چىقىپ باقمىدى. بەلكىم، يۇقىرىدىكى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، شۇنداق دېيىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

لېكسىكا — تىلدا پەقەت بىر قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، ئۇ تىلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىرى. لېكسىكا (يەنى تىلدىكى نەچچە ئونمىڭلىغان سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى) گراماتىكىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكەندىن كېيىنلا (يەنى مەلۇم گراماتىكىلىق قائىدىلەر ئاساسىدا ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەندىلا) ئاندىن ئالاقە ئېھتىياجىدىن چىقالايدۇ. ۋەھالەنكى بىرىكمىنىڭ تەركىبىگە كىرگەن سۆزلەر شۇ تىلدا قوللىنىلىدىغان فونېمىلارنىڭ مەلۇم قائىدىلەر ئاساسىدا بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، يالغۇز بەزى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسلىنىپلا «تىل» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك.

شۇنى قوشۇمچە قىلىپ ئۆتەيلى، ھاشىم تۇردى ۋە جاۋشياڭرۇ ئەپەندىلەرنىڭ تەكشۈرۈشى بويىچە، بۇ ئاھالە دائىم دېگۈدەك قوللىنىۋاتقان 1000 ئەتراپىدىكى پارسچە سۆز ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياسىغان سۆزلەر (مەسىلەن: زېمىن دەخلەيدىغان چىز — تراكتور)نى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئالاقىلىشىشقا يېتىدۇ، ھەرقانداق مەۋھۇم ۋە ئىنچىكە چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەشكە يېتىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. بۇ 1000 ئەتراپىدىكى سۆز ھەتتا ئائىلىۋى ئالاقە ئېھتىياجىدىن چىقىشقىمۇ كەملىك

قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ھاشىم تۇردى ۋە جاۋ شياڭرۇ ئەپەندىلەرنىڭ بۇ «تىل» توغرىسىدا تۆۋەندىكى كۆزقاراشلىرىنى ئالاھىدە تەكىتلەشكە توغرا كېلىدۇ.

«ئەينۇلار ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئارىلىشىپ ياشىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىر قىلىشى بىلەن... بۇ تىلدىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئەسلى ئۆزىدە بار سۆزلەردىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن»⑦.

بۇ «تىل»نىڭ تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالى توغرىسىدا يەنە شۇ نۇقتىنى قوشۇمچە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇ تەكشۈرۈشلەردە بۇ ئاھالىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى ھېسابلانغان مۇشۇ بىرقانچە يۈز (ياكى 1000 ئەتراپىدا) سۆزنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى، شارائىتى، ئۇنۇملۇك ياكى ئۇنۇمسىزلىكى ئېنىق بايان قىلىنمىغان، يەنى ئۇلار ئۆزئارا، ئائىلىدە نوقۇل ھالدا مۇشۇ سۆزلەرنىلا قوللىنالامدۇ؟ ياكى بۇ سۆزلەرنى شۇ مەنىدىكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى بىلەن تەڭ قوللىنامدۇ؟ شۇنىڭدەك ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلاردىن ئېھتىيات تەرىقىسىدە قوللىنامدۇ، ياكى ھەرقانداق شارائىتتا قوللىنامدۇ؟ قوللىنىش ئۇنۇمى، سۆز ياساش ئۇنۇمى قانداق؟ دېگەن مەسىلىلەر روشەنلەشتۈرۈلمىگەن.

لېكىن، بۇ بىر ئەمەلىي مەسىلە، بۇ «تىل»نى قانداق ئاتاش، ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرىش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تىلشۇناسلىقى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ، شۇنىڭدەك بۇ «تىل»نى قوللىنىپ كېلىۋاتقان ھەقدارلار ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

بىزچە بۇ «تىل»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى جەنۇبىي دىئالېكت ۋە شېۋىلىرىنىڭ «ئاق ھۇن قاتلىمى» دەپ قارىغان مۇۋاپىق. مۇنداق ئاتاش بۇ ئاھالىنىڭ ئېتنىك ئاڭ جەھەتتىن «ئابدال»، «ئەينو» دېگەن سەلبىي مەنىگە ئىگە بولۇپ قالغان نامىلارنى قوبۇل قىلماي، ئۆزلىرىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتاۋاتقانلىقىغا، تىل جەھەتتىن تارىختىكى «ئاق ھۇن»لار قوللانغان گرامماتىكىلىق سىستېمىسى تۈركىي، لېكسىكىسىدا ئەرەب ـ پارس

تىلى سۆزلىرى ئارىلاش قوللىنىلغان تىلنىڭ قالدۇقى ئىكەنلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئەمدى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ «ئاق ھۇن» قاتلىمىنىڭ قاچان ۋە قايسى دەۋرلەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ قاتلىمى بولۇپ قالغانلىقى بىز بايان قىلىۋاتقان خوتەن دىئالېكتىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ توغرىدا بىرئاز توختىلىپ ئۆتەيلى:

**3. قەشقەر پايناپتىكى «شەيخلەر» بىلەن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ خوتەن، لوپ، كېرىيە، چىرا ناھىيىلىرىدىكى بۇ ئاھالىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مەسىلىسى**

بۇ توغرىلىق ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئېلىنغان ھەزرىتى ئەلىگە چېتىشلىق رىۋايەتلەر ئەمەلىيەتتىن يىراق. ئۇلارنىڭ بۇ جايلاردىكى پائالىيەت ئېلىپ بارغان دەۋرى تېخى تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغىنى يوق. تارىختىكى ئاق ھۇنلارنىڭ بۇ ئورۇنلاردىكى پائالىيىتى بولسا 6 ـ ئەسىردىن بۇياققا ئۆتمەيدۇ. بىز بۇ ئاھالىنى ئاق ھۇنلارنىڭ غەربكە كۆچمەي بۇ ئورۇنلاردا قېلىپ قالغانلىرى دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ 14 ئەسىرلىك ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە كۆپ سانلىق ئۇيغۇر ئاھالىسى ئارىسىدا تىل جەھەتتىن ئاللىقاچان ئۇيغۇرلىشىپ كېتىشى، بەزى لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى بۈگۈنكى دەرىجىدە ساقلاپ قالالماسلىقى تۇرغان گەپ.

10 ـ ئەسىرگە ئائىت سەئىدبەتتال غازىغا چېتىشلىق رىۋايەتلەر (بۇ مەلۇمات ئابلەت ئابباسنىڭ يۇقىرىقى ماقالىسىدە بېرىلگەن)گە كەلسەك، بۇ رىۋايەتلەر تېخى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلانغىنى يوق. ناۋادا قەشقەر پايناپتا «شەيخلەر كەنتى»نى، شۇنىڭدەك خوتەن ۋىلايىتىدە ئىككى «گېۋۇز»نى ئۇلار 10 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن تەدرىجىي تەشكىل قىلغان دېگەندىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 10 ئەسىر داۋامىدا (ئۇلارنىڭ باشقا ناھىيىلەرگە تارقىلىپ كەتكەنلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ) يۇقىرىقى ئۈچ ئاساسىي نۇقتىدا ئاران 4000 ـ 5000 نوپۇسقا ئىگە ئىكەنلىكى [8] نوپۇس كۆپىيىش نىسبىتى بىلەن قارىغاندا بەك ئازلىق قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك، مۇنچىلىك ئاز نوپۇسقا ئىگە خەلقنىڭ ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە ئۇيغۇر ئاھالىسى قورشاۋىدا تۇرۇپمۇ 10 ئەسىر داۋامىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تىل ئالاھىدىلىكىنى بۈگۈنكى دەرىجىدە ساقلاپ قالالىشى ئېخىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ.

ئېخى 11 ـ ئەسىردە خوتەن ئاھالىسى پۈتۈنلەي تۈركىيلىشىپ كەتمىگەنىدى. بۇ توغرىلىق مەھمۇت قەشقەرى مۇنداق دېگەن: «خوتەنلىكلەر بىلەن كەنچەكلەر سۆز بېشىدىكى ‹ئەلىف ــ ا›نى ‹ھ ــ h›غا ئالماشتۇرىدۇ، تۈركىي تىللاردا يوق بىر تاۋۇشنى كىرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن بىز ئۇلارنى تۈركلەردىن ھېسابلىمايمىز[9].

10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردىكى خوتەن تىلىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېرىياللار، مەسىلەن: ھ. ۋ. بېيلى ئېلان قىلغان تۈركچە ـ خوتەنچە سۆزلۈك (بۇ سۆزلۈك دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بولۇپ، ھازىرقى فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا پېللىئوت يىغىپ ساقلىغان ماتېرىياللار تىزىملىكىدە P. 2892 نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. براخما يېزىقىدا، يازما شەكىلدە يېزىلغان) قاتارلىقلاردىنمۇ 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردە خوتەن تىلىنىڭ ئېخى پۈتۈنلەي تۈركىيلىشىپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ[10].

بىز بۈگۈنكى خوتەن دىئالېكتىنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتسەك، سۆز بېشىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا بىر «ھ» تاۋۇشىنى كۆپەيتىدىغان، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۆز دەۋرىدە ساپ تۈركلەردىن ھېسابلانمايدىغان بۇ خوتەن ئاھالىسىنىڭ ھازىر سۆز بېشىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئالدىدا بىر «ھ» تاۋۇشىنى كۆپەيتىدىشىنى قەشقەر ئاھالىسىنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

11 ـ ئەسىردە يەنى خوتەننىڭ تۈركىيلىشىش دەۋرىدە خوتەن تىلىدا كۆرۈلگەن بۇ فونېتىكىلىق خۇسۇسىيەتنىڭ ھازىرقى خوتەن دىئالېكتىدا ئومۇمىيۈزلۈك خۇسۇسىيەت بولماي قېلىشى

مۇشۇ 9 ـ 10 ئەسىرلىك تىل ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسى. تىلـ ـنىڭ لېكسىكا قىسمىدىكى ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسى. تىلنىڭ لېكسىكا قىسمىدىكى ئۆزگىرىشىنىڭ باشقا تەركىبىي قىسىملارغا قارىغاندا تېز بولىدىغانلىقى مەيلى 6 ـ ئەسىردىكى ئاق هۇنلار بولسۇن، مەيلى رىۋايەتتىكى سەئىد بەتتال غازى بىلەن مۇناسىـ ـۋەتلىك بولغان 10 ـ ئەسىردىكى كىشىلەر بولسۇن، ئاز ساندىكى جامائەنىڭ مۇنداق ئۇزاق دەۋردە ئۆز تىل ئالاھىدىلىكىنى بۇگۇنـ ـكى دەرىجىدە ساقلاپ قېلىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئاق هۇنلارنىڭ ئىرقى مەسىلىسىدە دۆن لېەنچىن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۇرالار» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئاق هۇنلارنىڭ ئىرقى توغرىسىدا «لياڭنامە: بەدەۋىلەر ھەققىدە قىسسە»دە: «ئۇلار قوس (车师) لۇقلارنىڭ بىر قەۋمى» دېـ ـيىلگەن. «ۋېينامە: غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «ئۇلار توخار (大月氏) لارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقىدۇر» دەپمۇ كۆرسىتىلەن. بۇ مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى ئېھتىمال هۇن، توخار، دىڭلىڭ (غەرـ ـبىي دىڭلىڭ) قوس قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك قوشۇلۇشىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن[11].

ئاق هۇنلارنىڭ ئىرقى مەسىلىسىنى چۈشىنىشىمىزگە يارـ ـدىمى بولۇش ئۈچۈن ئاق هۇنلارنىڭ ئىرانلىقلار بىلەن ئارىلاشـ ـقانلىقى (4 ـ، 5 ـ ئەسىرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) توغرىسىدا ر. ن. فرايې (R.N.Frye) ئەپەندىنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«... لېكىن، بىزنىڭ چياڭلار بىلەن ئېفتالىتلار توغرىسىدىـ ـكى ماتېرىياللارغا بولغان كەمبەغەللىكىمىز ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان قالايمىقانچىـ ـلىقلارنى پەيدا قىلدى. كېيىنكى چارۋىچى ئىمپېرىيىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىز دەسلەپكى قەدەمدە بۇ تاجاۋۇز قىلىپ

كىرگەن ھۆكۈمران گۇرۇھ شەرقتىن ۋە شىمالدىن كەلگەن تۈر-كىي تىللىق قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان، ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئۇلارنىڭ تەركىبىدە تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر بار دەپ بىلەلەي-مىز. گەرچە چىياڭلار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئېفتالىتلار ئىتتى-پاقىدىكى كۆچمەن ئاھالىنىڭ ئىران تىلىدا سۆزلەيدىغانلاردىن بولۇش ئېھتىمالى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، خۇددى ئادەتتىكىدەك كۆچمەن چارۋىچىلار ئولتۇراق ئاھالىنىڭ تىل - يېزىقىنى، تۇرمۇشىنى ھەم مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. ر. گوبلىنىڭ ئۇلارنى «ئىران ھۇنلىرى» دەپ ئاتىغىنى ھەرگىز نامۇۋاپىق بولمىغان. چۈنكى چىياڭلار ۋە ئېفتالىتلار ھۆكۈمرانلى-قىدىكى ئاھالىنىڭ كۆپچىلىكى ئىرانلىقلار ئىكەنلىكى ئېنىق»[12].

ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ «ئاق ھۇن» قاتلىمىنىڭ فونېما سىستې-مىسى ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىسىنىڭ تۈركىي، لېكسىكا تەركىبىنىڭ تۈركىي ۋە پارسىي ئارىلاش كېلىشى دۇەن لىيەنچىن ئەپەندى بىلەن ر. ن. فرايې ئەپەندىلەرنىڭ بايانلىرىغا ئۇيغۇنلى-شىدۇ. ئالايلى، بۇ قاتلام تىلدىكى داغا (ياقا، چەت)، داغاغىن (ياقا يۇرتلۇق، چەت يۇرتلۇق)[13] دېگەن سۆزدە ئالتاي تىللىرىغا خاس بولغان د / ي - ئى نۆۋەتلىشىشىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىمۇ بۇ تىلنىڭ ئەسلى تۈركىي، كېيىن ئىران تىلى بىلەن ئارىلاشقانلى-قىغا دەلىل بولالايدۇ.

بۈگۈنكى كۇنىدىمۇ قەشقەر ۋە خوتەن ئۇيغۇرلىرى «چەت» دې-گەن سۆزنى «ياقا»، «چەت يۇرتلۇق، يات» دېگەن سۆزنى «ياقا يۇرتلۇق» دەيدۇ.

مانا بۇ ئەمەلىيەتمۇ بۇ تىل قاتلىمىنىڭ ساپ پارسىي ياكى ساماني تاجىكلىرى تىلى قاتلىمى بولماي، يۇقىرىدا ئېيتىلغى-نىدەك بىر ئارىلاش قاتلام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئاق ھۇنلار غەربكە كۆچكەندىن كې-يىن، بۇ كېيىنكى ئولتۇراق جايلىرىدا ئۇلار بىرقانچە خىل تىل ۋە دىئالېكتلارنىڭ تەسىرىگە يولۇققان بولۇشى تۇرغان گەپ. شۇ-

نى مۆلچەرلەش مۇمكىنكى، ئاق ھۇنلارنىڭ ئەسلىدە مۇشۇنداق پەقەت لېكسىكىسىلا ئارىلاشما ھالەتتە بولغان بىر تىلنى قوللى-نىشى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردىكى تۇر-مۇش ئۇسۇللىرىدا بەزى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى (مەسىلەن: بەزىلىرىنىڭ ئادەتتىكى نورمال دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە يا-كى سودا - سېتىق، ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش-تىن مەلۇم تارىخىي شارائىتلار ئاستىدا تىلەمچىلىك، خەتنى-چىلىك، پالچىلىق قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ بىرقەدەر نورمال سە-ۋىيىسىدىن تۆۋەنرەك بولغان تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقا يۈزلىنىش) ئۇلارنىڭ ئۇزاق دەۋرلەر قورۇنۇش ھالىتىدە تۇرۇپ كېلىشىگە سەۋەب بولغان بولسا كېرەك.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ قاتلىمى ئەڭ ئۇستۇنكى بىر قاتلام بولۇپ، ئۇنىڭ خوتەن دىئالېكتىغا شۇنىڭدەك قەشقەر شېۋىسىگە تەسىرى بار، دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەب-لىرىنى ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدىن ئىزلەش مۇمكىن:

بىرىنچىسى: ئاق ھۇنلارنىڭ بۇ جايلاردىكى نوپۇسى ئاز بو-لۇپ، ئۇلار كۆپچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ قامالى ئىچىدە قالغان. مە-سىلەن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا، 1911 - يىلى ئېلىنغان ستاتىستىكىلىق مەلۇمات بويىچە قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، پوس-كام، قاغىلىق، گۇما، خوتەن قاتارلىق جايلارغا غەربتىن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلار 1295 ئائىلە (جەمئىي 3015 نوپۇس) بولغان. مانا مۇشۇ كىشىلەرنى ھازىر بىز تەتقىق قىلىۋاتقان ئا-ھالىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى دەپ مۆلچەرلەشكە بولىدۇ.

ئىككىنچىسى: ئۇلارنىڭ بۇ جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىش تارىخى ئۇزۇن ئەمەس. بەلكىم 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىش ئاستىدا ئافغانىستان، پاكىستان، كەشمىر، ھىندىستان قاتارلىق مەملىكەت ۋە جايلار-دىن ئىلگىرى - كېيىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇشى ئېھتى-مالغا يېقىن. شۇڭا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالا-

ھىدە ستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ خوتەن ناھىيىسى ئاقتاش رايونىدىكى ئولتۇراق يېزىسىنىڭ «گېۋوز» دەپ ئاتىلىشى، خوتەن لوپ ناھىيىسى تامئېغىل رايونىدىكى ئولتۇراق يېزىسىنىڭمۇ «گېۋوز» دەپ ئاتىلىشى ئاساسەن بىر ئورۇندىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇچىنچىدىن، بۇ «تىل»نىڭ فونېتىكىلىق سىستېمىسى ۋە گراماتىكىلىق سىستېمىسى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشاش. ئىجتىمائىي ئالاقىدە ئۇلاردىن سۆز قوبۇل قىلىش ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولمىغان. شۇڭا ئۇلارغا يانداش بولغان ئۇيغۇر يەرلىك شېۋىسىدە ئۇلارنىڭ دوڭگاي ~ سەپچى (قوغۇن)، haphap (تاۋۇز). چىلبە ــ شىلۋە (چاي)، hasa (نەشپۈت)، بۇق (كەپتەر)، غۇياڭ (يىپ) قاتارلىق سۆزلىرى زادىلا كۆرۈلمەيدۇ. ئەكسىچە، دەۋرىمىزدە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىدىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى، پۈتۈن ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرۇشى سەۋەبىدىن يۇقىرىدىكى تىل ئالاھىدىلىكلىرى پەقەت ياشانغانلىرىدىلا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كېتىشكە تاقابىل تۇرۇش مۇمكىنچىلىكىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، ياشلىرىدا بولسا، ئىجتىمائىي ئالاقە پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

شۇڭا، بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ تىل قاتلىمىنىڭ خوتەن دىئالېكتىنى شېۋىلەرگە بۆلۈشتىمۇ تىلغا ئالغۇچىلىك ئەھمىيىتى يوق.

خوتەن دىئالېكتىنىڭ لېكسىكىلىق تەركىبىگە بىر قىسىم ئەرەب ـ پارس تىلى سۆزلىرىنىڭ كىرىپ قېلىشى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 11 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا خوتەننى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئىشىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن (ئوش، كاسان، خارەزم، باغداد قاتارلىق جايلاردىن) كەلگەن نەچچە ئونمىڭلىغان [14] پىدائىيلار قوشۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن

بولسا كېرەك. چۈنكى بۇ پەدائىيلارنىڭ هايات قالغانلىرىنىڭ خوتەن ئىسلاملاشقاندىن كېيىن قايتىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا دېرەك يوق. ئۇلار ئەينى دەۋردىكى خوتەن ئاهالىسى بىلەن سىڭىشىپ، بۈگۈنكى خوتەن دىئالېكتىنىڭ شەكىللىنىشىدە رول ئوينىغان، خالاس.

ئىزاهلار:

① «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 1992 ـ يىللىق 2 ـ سان، 36 ـ، 37 ـ بەتلەر.

② يۈتيەنخېڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 1984 ـ يىل، 94 ـ بەت.

⑪③ دۇەن ليەنچىن: «دىڭلىڭلار، قاڭقىللار ۋە تۈرالار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل، ئۇيغۇرچە 1 ـ توم 480 ـ، 481 ـ بەتلەر.

④ ئابلەت ئابباس «شەيخلەر»نىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم» ـــ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1997 ـ يىللىق 3 ـ سان، ئۇيغۇرچە، 77 ـ بەت.

⑤ بۇ هەقتە Andreas Tietze ۋە Otto Ladstattr لارنىڭ «Die Abdal(Å ynu)in Xinjiang» («شىنجاڭدىكى ئابداللار») دېگەن ئەسىرىنىڭ 87 ـ بېتىگە قاراڭ.

⑥ هاشىم تۇردى، جاۋ شياڭرۇ: «شىنجاڭ ئەينۇلىرىنىڭ تىلى» خەنزۇچە «تىل تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان، 264 ـ، 266 ـ بەتلىرىگە قاراڭ.

⑦⑧ هاشىم تۇردى، جاۋ شياڭرۇ: «ئەينۇ تىلى ۋە ئەينۇ تىلىدىكى سانلار توغرىسىدا» «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان، 123 ـ بەت.

⑨ مەهمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 44 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑩ ه. ۋ. بېيلى: «تۈركچە ـ خوتەنچە سۆزلۈك» BSOAS .11 290 ـ، 296 ـ بەتلەر، 1943 ـ 1947 ـ يىللىرى.

⑫ ن. فرايې: «بۈيۈك ئاسىيا رايونىدىكى مەدەنىيەت ئارىلىشىشى»، «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى خەنزۇچە، 1990 ـ يىل 1 ـ

سان 245 ـ بەت.

⑬ بۇ سۆزنى A.T ۋە O.L لار «بىزنى نېمە دەيسىلەر» دەپ سورىغان بولسا كېرەك، ئۇلار «داغاغىن ـــ ياقا يۇرتلۇق دەيمىز» دېسە، «ھە، ياۋروپالىق دېدى» دەپ خاتا چۈشەنگەن ۋە مەنىسىنى «ياۋروپالىق» دەپ خاتا ئىزاھلىغان. (قاراڭ A.T ۋە O.L مەزكۇر ئەسەر، 93 ـ بەت)

⑭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ تەخمىنىي سانى موللانىياز يازغان نەزمىي «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» گە قاراڭ: Bodleian Library. Oxford, Ms. Ind, Inst, Turk. 24

图书在版编目(CIP)数据

新疆历史上的未解之谜 ：维吾尔文 / 努尔穆罕默德·多莱特选编. — 北京 ：民族出版社，2013.5

ISBN 978-7-105-12719-1

Ⅰ. ①新… Ⅱ. ①努… Ⅲ. ①新疆—地方史—通俗读物—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①K294.5-49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 077124 号

责任编辑：阿布力孜·鄂尔浑
责任校对：贾米拉·阿布拉
出版发行：民族出版社 http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京画中画印刷有限公司
版　　次：2014 年 1 月第 1 版 2014 年 1 月北京第 1 次印刷
开　　本：850×1168 毫米 1/32
印　　张：16.375
定　　价：40.00 元

ISBN 978-7-105-12719-1/K·2213 维 （107）

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئورخۇن
مەسئۇل كوررېكتور: جەمىلە ئابلا

ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدىن تاللانغان ماقالىلەر

# تارىختىكى سىرلار

### تۆتىنچى توم

## نەشرگە تەييارلىغۇچى: نۇرمۇھەممەد دۆلەتى


| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ<br>پوچتا نومۇرى: 100013 تېلېفون: 64290862—010 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ خۋاجۇڭخۋا باسما چەكلىك شىركىتى |
| نەشرى | : | 2014 ـ يىل 1 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2014 ـ يىل 1 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 850×1168 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 16.375 |
| باھاسى | : | 40.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-12719-1/K・2213 维 (107)



مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خېتىنى يازغۇچى: ساتتارجان ئەركىن روھلانى

ISBN 978-7-105-12719-1
9 787105 127191 >

定价：40.00 元